

ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## قول ھۈنەر - سەنئىتى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

16

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىيالېكتى
كىتابلار ئۈچۈرى
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار
ئۆرپ - ئادەتلەر
قول ھۈنەر - سەنئىتى
ئاۋام تېبابىتى
نەزىرىمىزدىكى خوتەن
تېپىلمىلار، تەزكىرە - رىسالىلەر (تاللانما)
ئۆچمەس ئىزلار

ISBN 978-7-5469-1700-9
9 787546 917009
定价：55.00 元



本书由和田师范专科学校 2009 年立项校级课题：
《和田民间手工艺》（批准号码：1076509055）的成果。
和田师范专科学校学术著作出版基金计划项目资助。

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## * قول ھۈنەر سەنئىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
كىتاب نامى: قول ھۈنەر ـ سەنئىتى
تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى كېخىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1700-9
باھاسى: 55.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب
## ئۈۋچىلىق، چارۋىچىلىق بۇيۇم - سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

§1. ئۈۋچىلىق بۇيۇملىرى ھۈنەر-سەنئىتى ........................... 1
1. پاۋان مىلتىق.............................................. 1
2. قىسماق.............................................. 2
3. رۆچاق (ياچاق).............................................. 4
4. نەيزە.............................................. 4
5. تۇزاق (جىلە).............................................. 5
6. كامالەك.............................................. 6
7. تور.............................................. 7
§2. بىر قىسىم چارۋىچىلىق بۇيۇم - سايمانلىرى ۋە ھارۋا ياساش ھۈنەر - سەنئىتى 8
1. ئېگەرچىلىك.............................................. 8
2. يۈگەن.............................................. 10
3. نوختا.............................................. 12
4. ھارۋا ياساش ھۈنەر - سەنئىتى.............................................. 12
§3. قەدىمىي قورال-ياراغلار ھۈنەر-سەنئىتى ........................... 26
1. بىرقىسىم قەدىمكى قورال - ياراغلار.............................................. 27

## ئىككىنچى باب
## ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇم-سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

§1. تاشچىلىق ۋە تاشتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-كەسپ سايمانلىرى 39

1. تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ........................................39
2. تاشتىن ياسالغان ئەمگەك قوراللىرى .................................41
3. تاشتىن ياسالغان ھۈنەر ـ كەسىپ سايمانلىرى........................44
§2. ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇم سايمانلىرى ...............45
1. بوغۇس (بۇقۇسا)..................................................45
2. بويانلاق...........................................................46
3. سەكسەنپۇت........................................................46
4. سۆرەم..............................................................47
5. تۇلۇق..............................................................47
6. تىرنا...............................................................48
7. ئارا (ئارى).........................................................48
8. تاماق...............................................................49
9. زەمبىل..............................................................49
10. كاجۇۋا.............................................................50
11. كانتا...............................................................50
12. توقۇناق............................................................51
13. شامال ساندۇقى.....................................................51
14. كۈيگەك (گۈرجەك)..................................................53
15. غەلۋىر.............................................................53
16. تەڭكەش............................................................54
17. ئۆتكەمە............................................................54
18. ئەلگەك............................................................54
§3. تۆمۈردىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇم ـ سايمانلىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى 55
1. تۆمۈرچىلىك ۋە تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى.................................56
2. تۆمۈردىن ياسالغان ئەمگەك سايمانلىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى...60
§4. چۆرۈق ـ چۆپلەردىن توقۇلغان (ياسالغان) ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سايمانلىرى.............................................................65
1. چىغ توقۇلما بۇيۇملىرى..............................................65
2. سېۋەتچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى.........................................67

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3. قەغەزچىلىك........................................73
4. بورچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى..............................82

ئۈچىنچى باب

## بىناكارلىق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى

§1. بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ..........................89
1. ياغاچچىلىق (خارەتچىلىك)...............................90
2. تۈرلۈكلەرگە ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەر ...........91
3. ئايۋان سارايلىق ئۆيلەر ۋە ئاسماق ئۆي بىناكارلىقى.......92
§2. تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى.........97
1. تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى...........................97
§3. ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى.........................99
1. ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى .......................................101
§4. ياغاچ قىرمىچىلىقى ۋە ئويمىچىلىق بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى........ 117
1. قىرمىچىلىق ۋە ئويمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ..............117
2. ياغاچتىن ياسالغان بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى ...........................................120
§5. قاپاق نەقىش سەنئىتى ..........................................124
1. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ شەكىل تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى 127
2. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى 129
3. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ......................132
4. قاپاق نەقىشچىلىكى........................................ 133
§6. تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللاردىن ياسالغان، قۇيۇلغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى ..........................................137
1. تۆمۈردىن ياسالغان ياغاچچىلىق سايمانلىرى .................137
2. تۆمۈردىن ياسالغان تىككۈچىلىك سايمانلىرى ...........140
3. تۆمۈردىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا بۇيۇملار

ھۈنەر ـ سەنئىتى........................................ 142
4. قۇيمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە مەھسۇلاتلىرى ..........145
5. تاقىچىلىق .........................................147
§7. ھەر خىل يىپلاردىن توقۇلغان، رەختتىن تىكىلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى
ھۈنەر ـ سەنئىتى ...........................................150
1. داستىخان ..........................................150
2. سۇپرا ..............................................151
3. يەڭلىك ..............................................151
4. گەزنە ..............................................151
5. توكۇچ (توكچە)........................................152

تۆتىنچى باب

## پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە سايمانلىرى

§1. ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ياغ تارتىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە سايمانلىرى 153
1. يارغۇنچاق ..........................................153
2. توگمەن.............................................156
3. سوقا ................................................166
4. جۇۋاز...............................................172
§2. ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى..............180
1. ئاش ـ تاماق خورۇجلىرى ..................................181
2. ئاشپەزلىك ۋە قازان تاماقلىرى ..........................188
3. ناۋايلىق .............................................209
4. گۇلخان تاماقلىرى ......................................219
5. كاۋاپچىلىق ...........................................225
§3. قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ
سەنئىتى ...................................................238
1. تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ............................239
2. ئىچىستقۇلۇق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر .....................267

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


3. سوغۇق ئىچىملىكلەر ........................................290
§4. يېمىشلەر ۋە ئۇلارنى قۇرۇتۇش، ساقلاش ........................295
1. قاق قۇرۇتۇش ۋە ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەرنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھە - سايمانلار......................295
2. مېۋىلەردىن قاق قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى ........................296
3. مېۋە، قاقلارنى ساقلاش ئۇسۇلى..............................300
§5. يىپ ئېگىرىش، ئارغامچە تالاش ھۈنەر - سەنئىتى..............305
1. چىغرىق ۋە پاختا چۇرۇش.....................................307
2. ئاتقۇچىلىق ۋە پاختا ئېتىش.................................313
3. چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى .........323
§6. توقۇمچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى.....................................343
1. بۆز توقۇمىچىلىق...............................................344
2. يۇڭ توقۇمىچىلىق..............................................366
§7. بوياقچىلىق ۋە بۆز گۈللۈك بويالمىلار.........................390
1. بۆز گۈللۈك بويالما ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى................390
2. چىغرىق باسما بوياقچىلىقى ......................................405
3. قېلىپ باسما بوياقچىلىقى.........................................412
4. تامغا باسما بوياقچىلىقى.........................................418
5. سىدام رەخت بوياقچىلىقى.........................................427
§8. تىكىمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى.....................................428
1. تەلپەكسازلىق ھۈنەر-سەنئىتى....................................428
2. موزدۇزلۇق ھۈنەر-سەنئىتى........................................449
3. كەشتىچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى.......................................456
§9. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى.........473
1. كىگىزچىلىك......................................................473
2. پىيمىچىلىق.......................................................501
3. كۆنچىلىك..........................................................511
4. تېرە ئاشلاش ۋە ئەيلەش............................................521

5. يارىپىلىمچىلىق..........525
6. زەيچىلىك..........528

بەشىنچى باب

## كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى

§1. يەللىك چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى..........531
1. بالىمان..........531
2. نەي..........532
3. بۇرغا..........533
4. كاناي..........533
5. سۇناي..........534
6. قوۋزاق نەي..........535
7. بوت بوت..........536
8. يالغۇزەك..........536
§2. سوقما چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى..........537
1. ناغرا..........537
2. قوشۇق..........538
3. تاش..........538
4. ساپايى..........539
5. داپ..........539
§3. تارلىق ۋە قىللىق چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى..........540
1. غېجەك..........541
2. ساتار..........542
3. خۇشتار..........543
§4. چەكمە چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى..........544
1. قالۇن..........544
2. چاڭ..........545
3. تەمبۇر..........546

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4. دۇتار.........................................547
5. راۋاب.........................................548
§5. قەدىمكى ئۈدۈن چالغۇلىرى..............................551
1. بۇرغا.........................................551
2. دۇدۇك.........................................551
3. چوراڭ.........................................552
4. بەرباب.........................................553
5. غوڭقا.........................................554
6. بورىيا.........................................555
7. نەي.........................................555
8. جاللا.........................................556
9. بالىمان.........................................557
10. تەبلىۋاز.........................................557
11. بەشتار.........................................558
12. ئۈرۈقچە پۈشتەك.........................................559

## ئالتىنچى باب
## زىننەت بۇيۇملىرى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى

§1. زەرگەرلىك ھۈنەر-سەنئىتى.........................561
1. زەرگەرلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ تەرتىپلىرى.................561
2. بىر قىسىم زەرگەرلىك مەھسۇلاتلىرى.....................565
پايدىلانمىلار.........................................

# 目 录

## 第一章 打猎、放牧用具及艺术


第一节 打猎用具制作术 ……/1
第二节 放牧、鞍套具制作术 ……/8
第三节 军器制作术 ……/26


## 第二章 生产用具制作工艺


第一节 石匠业及石制生产工具、手工用具 ……/39
第二节 木制生产用具、工具 ……/45
第三节 铁制生产用具、工具 ……/55
第四节 藤袄、草制工具 ……/65


## 第三章 建筑工艺及生活用品手工艺


第一节 建筑业及其工艺 ……/89
第二节 石制用品及工艺 ……/97
第三节 木器制作工艺 ……/99
第四节 旋制业及旋木产品 ……/117
第五节 葫芦雕花工艺 ……/124
第六节 金属用品制作、铸造工艺 ……/137
第七节 各种袄制、缝制用品生产工艺 ……/150


## 第四章 加工工艺及设施、用具


第一节 粮油加工及设施 ……/153
第二节 主食加工及工艺 ……/180
第三节 副食品、饮料加工及工艺 ……/238
第四节 果品烘干及储存 ……/295
第五节 纺线、捻绳 ……/305
第六节 纺织工艺 ……/343
第七节 印染术及印花棉布 ……/390
第八节 缝纫工艺 ……/428
第九节 畜产品加工工艺 ……/473


## 第五章 乐器制作工艺


第一节 维吾尔乐器制作手工艺 ……/531
第二节 部分古代乐器 ……/551

www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى باب

# ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بۇيۇم-سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

## §1. ئوۋچىلىق بۇيۇملىرى ھۈنەر-سەنئىتى

### 1. پاۋان مىلتىق

قەدىمىي خوتەندە مىلتىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ــ سۆگەت نوتىسىنىڭ ياغىچىنى سۇغۇرۇۋېتىپ، قوۋزىقىنى ئىستوۋۇلى قىلىپ ياساشتىن، ياغاچىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياساشقا تەرەققىي قىلىپ، ئويۇنچۇق شەكلىدىن ئوۋ مىلتىقىغا تەرەققىي قىلغان. بۇ خىل مىلتىق قەدىمىي تۈرك تىلىدا «تۈۋەك»، «تۈۋەكلىك» دەپ ئاتالغان. (مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1- جىلد 504-، 661- بەتلەرگە قاراڭ) پاۋان مىلتىق ــ ئەنە شۇ پاختىۋەن مىلتىق ئاساسىدا يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسالغان يەرلىك (پاۋان) مىلتىق بولۇپ، ئۆز ئىچىدىن پىستانلىق مىلتىق ۋە كۆسەي مىلتىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كۆسەي مىلتىق نىسبەتەن قەدىمىيرەك ھالەتتىكى مىلتىق بولۇپ، قوغۇشۇندىن ياسالغان ئوق مىلتىق نوكىچىسىغا سېلىنىپ، كەينىگە مىلتىق دورىسى قۇيۇپ چىڭداپ، تەپكە بىلەن دورىنى سوقۇپ پارتلىتىش ئارقىلىق ئوق ئېتىلىدۇ. پىستانلىق مىلتىق مىشەكلىك ئوق سېلىپ ئېتىلىدۇ. پاۋان مىلتىق هازىرقى زاماندىكى زامانىۋى مىلتىقلارغا قارىغاندا دەللىك دەرىجىسى تۆۋەن، زەربە بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز بولسىمۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ئادەملەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش، زەربە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئېھتىياجـ-

دىن چىقالايدۇ. پاۋان مىلتىق كۆپىنچە قوتاز، بۆرە، توڭگۇز قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ(ھازىر بۇ خىل مىلتىقنى ياسىيالايدىغانلار قالمىدى).

## 2. قىسماق

قىسماق ئوۋچىلىقتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلاتى ئاسان بولغاچقا، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئوۋچىلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قاپقان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ خوتەن شېۋىسىدىكى «قىسماق» نامى قەدىمىي تۈرك تىلى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غىمۇ «قىسماق» دەپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ قىسىش مەنىسىدىكى «قىس» پېئىلىغا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «ماق»نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. قىسماق «تۆمۈر قىسماق» ۋە «ياغاچ قىسماق» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

تۆمۈر قىسماق چەمبەر شەكىللىك ياسالغان ياپىلاق تۆمۈر (بۇ «كۆتەك» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇلاق بېكىتىپ، قۇلاقتا كۆتەكنىڭ ئايلانمىسى بىلەن باراۋەر ئىككى يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۆمۈر ھەرىكەتچان قىلىپ بېكىتىلىدۇ، بۇ «قىسقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر قۇلاقنىڭ تېگىگە v شەكىللىك ئېلاستىكلىقى يۇقىرى تۆمۈرنىڭ بىر ئۇچى مۇنتىزىم بېكىتىلىدۇ، يەنە بىر ئۇچىغا ھالقا چىقىرىلىپ، قىسقۇ بۇ ھالقا ئىچىگە ئېلىنىدۇ. v شەكىللىك بۇ تۆمۈر «پەرەك» دەپ ئاتىلىدۇ. پەرەكنىڭ قىسىشى ۋە كۆتۈرۈشى بىلەن ئىككى قىسقۇ ئۈستىگە چىڭ ھىملىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. چوڭ قىسماقلار قىسقۇسىنىڭ ئۈستى (ھىملىشىدىغان تەرىپى) ھەرە چىشى شەكىللىك ياسىلىدۇ. كىچىكلىرى تۈز ھالەتتە بولىدۇ.

قىسماق ئوۋ ئوبيېكتىغا ئاساسەن چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمىغان شەكىللەردە ياسىلىدۇ. كىچىك قىسماقلار ياۋا توشقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا، چوڭ قىسماق تۈلكە، جەرەنگە ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ياغاچ قىسماق كەپتەرگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك قۇشلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇۋۇلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۈزۈم تېلى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەۋرىشىمچانلىقى يۇقىرى ياغاچتىن ياسالغان تاقا شەكىللىك ياغاچ «كۆتەك» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆتەك بىلەن تەڭ قىلىپ توم سىمدىن تاقا شەكىللىك ياسالغان باسقۇنىڭ ئىككى ئۇچىدىن ھالقا چىقىرىلىپ، كۆتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا ھەرىكەتچان قىلىپ چىگىلىدۇ. كۆتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا زەي ياكى رېزىنكە ئالماپ باغلىنىپ، ئوتتۇرىسىدىن بىر تال ئوق ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ تولغاپ، بىر ئۇچى باسقۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا باغلىنىدۇ، يەنە بىر ئۇچى قىسقىراق چىقىرىلىپ، ئىلچۇق ۋە دانچۇق باغلىنىدۇ. تولغانغان زەي ياكى رېزىنكىنىڭ ئەكسىگە تولغىنىش كۈچى بىلەن كۆتەك بىلەن باسقۇ ھىملىشىپ تۇرىدۇ. ئىلچۇق يېرىم يايى ئۇزۇنلۇقى كۆتەكنىڭ رادىئۇسىدىن قىسقىراق قىلىپ، ئىنچىكە يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان تۈز ياغاچ بولۇپ، بىر ئۇچى يىپ بىلەن ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا باغلىنىدۇ، يەنە بىر ئۇچى ياپلاق ئۇچلىنىدۇ. دانچۇق بىر ئۇچىدىن ئىلمەك چىقىرىلغان ياغاچ بولۇپ، تۈز ئۇچى يىپ بىلەن ئوق ياغاچقا باغلىنىدۇ، ئىلمەك بار ئۇچىغا بىر تال قوناق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش دان بېكىتىلىدۇ (دان بېكىتىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، دانچۇقنى جىگدە چىۋىقىدىن ياساپ، ئوتتۇرىسىدىكى پور قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىپ يىپ ئۆتكۈزۈپ، داننى تېشىپ يىپقا باغلاپ چىگىتىپ بېكىتىدۇ، يەنە بىرى ئىلچۇقنىڭ ئۇچىغا مومنى ئېرىتىپ تېمىتىپ، داننى مومغا پاتۇرۇپ چاپلاپ بېكىتىدۇ)، كۆتەك بىلەن باسقۇنى كېرىپ، ئىلچۇقنى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە بېسىپ تۇرۇپ، دانچۇقنىڭ ئىلمىكىگە ئىلچۇقنىڭ ياپلاقلانغان ئۇچى ئىلىپ تۇرغۇزۇلسا، قىسماق قۇرۇلغان بولىدۇ. قىسماق قۇشلار كۆپ چۈشىدىغان يەرگە (كۆپىنچە خامانغا) قۇرۇلىدۇ. قۇرۇق توپىلىق يەرنى قىسماق سىغقۇدەك كولاپ، قۇرۇلغان قىسماقنى قويۇپ، ئۈستى قۇرۇق بوزاڭ توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ، ئىلچۇققا بېكىتىلگەن دان يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قۇش داننى چوقۇلىغان ھامان ئىلچۇق دانچۇقتىن ئاجراپ، باسقۇ بىلەن كۆتەك ھىملىشىدۇ- دە، داننى چوقۇلىغان قۇشنىڭ بوينىدىن قىسىۋالىدۇ. چوڭ قىسماققا كىچىك قۇش

چۈشسە، نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ياغاچ قىسماق بىلەن قۇش ئۇۋلاش ياشلار ۋە باللار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

## 3. رۇچاق (ياچاق)

خوتەن شىۋىسىدە رەسمىي جەڭلەردە ئىشلىتىدىغان ياكى چوڭ ھايۋانلارنى ئۇۋلاشقا ئىشلىتىدىغان، دەللىك دەرىجىسى ۋە زەربە بېرىش دەرىجىسى كۈچلۈك ئوقيالار «ئوقيا» دەپ، كىچىك ھايۋانلارنى ئۇۋلاشقا ۋە ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىشقا ئىشلىتىدىغان كىچىك تىپتىكى ئوقيالار «رۇچاق» ياكى «ياچاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

يا بىرقەدەر توم يۇلغۇن ياغىچىنى ياپىسمان ئېگىپ، ئىككى ئۇچىنى زەي بىلەن باغلاپ تارتىپ ياسىلىدۇ. ئوق ئىنچىكە ۋە تۈز يۇلغۇن شېخىنىڭ تۈۋى (تومراق تەرىپى)نى ئۇچلاپ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان ئوق ئۇچى بېكىتىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئازىراق يېرىپ، يېرىققا توخۇ ياكى ئۆردەك پېيى بېكىتىپ ياسىلىدۇ.

## 4. نەيزە

نەيزە — قەدىمىي دەۋردىن باشلاپلا كەڭ ئىشلىتىلگەن ۋە كەڭ ئومۇملاشقان قورال بولۇپ، قەدىمىي تۈرك تىلىدا نەيزە «سۈنگۈ» دەپ ئاتالغان. تۆمۈردىن باشاق بېكىتىلگەن نەيزە «باشاقلىغ سۈنگۈ» دەپ ئاتالغان. نەيزە مەيلى جەڭدە ياكى ئوۋ ئۇۋلاشتا بولسۇن يەكمۇ-يەك ئېلىشىشتا ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن ۋادىسىدىكى ھەرقايسى قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان قاشتېشى نەيزە (نەيزىنىڭ بېشى) — بۇ رايون تاش قوراللار دەۋرىدە تۇرىۋاتقان مەزگىللەردىلا نەيزىنىڭ بارلىققا كېلىپ بولغانلىقىنى، شۇنداقلا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ قاشتېشىدىن نەيزە ياساپ، قوماندان ياكى قەبىلە ئاق ساقاللىرىنىڭ ھاكىمىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەيزىنىڭ ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، مۇۋاپىق توملۇقتىكى ياغاچ بالداقنىڭ بىر ئۇچىغا ئۇچلۇق ياسالغان تۆمۈر باش بېكىتىپ ياسىلىدۇ. كۆركەملىكى ئۈچۈن بالداققا باشنى بېكىتكەندە قىزىل پۆپۈك قىستۇرۇپ بېكىتىلىدۇ. خوتەن رايونىدىكى ئۇۋچىلار

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىدىغان نەيزىلەرگە ئادەتتە پۆپۈك بېكىتىلمەيدۇ.

خوتەن رايونىدا نەيزە قوتاز، توڭگۇز قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 5. تۇزاق (جىلە)

تۇزاق — ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدا كەڭ قوللانغان ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئوۋ قورالى بولۇپ، ئاتنىڭ قىلىدا قۇرۇلىدىغىنى «قىلتاق» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەننىڭ بەزى رايونلىرىدا يەنە «جىلە» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇزاق قەدىمىي تۈرك تىلى بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن يوشۇرۇن قۇرۇلغان بارلىق قورال ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئورتاق نامىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇچلۇچ» سۆزىگە "توشقان توزىقى. ئۇچلىرى بىر تۈمۈرگە بېكىتىلگەن ئۈچتال چىۋىقتىن قۇرۇلىدۇ" دەپ تەبىر بەرگەن بولسا، يەنە بىر مىسالدا «كەيىك توزاققا ئىلىندى» دېيىلگەن؛ «چانقا» سۆزىگە "بىر خىل تۇزاق" دەپ چۈشەنچە بەرگەن. دېمەك ئەجداتلىرىمىز توشقاندەك كىچىك ھايۋانلاردىن باشلاپ، كىيىكتەك چوڭ ھايۋانلارغا قەدەر ھەر خىل تۇزاق قۇرۇپ ئىشلەتكەن. تۇزاق ئەڭ ئاددىي ئوۋ قورالى بولۇپ، سۇ قۇشلىرى ۋە ياۋا توشقانغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قىلتاق ئات قۇيرۇقىدىن ئېلىنغان قىلدا قۇرۇلاتتى(بۈگۈنكى دەۋردە سۇلياۋ تاناپتا قۇرۇلىدىغان بولدى).

قىل ياكى سۇلياۋ تاناپنىڭ بىر ئۇچىدىن ھالقا چىقىرىپ چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى بۇ ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ ھالقا چىقىرىلىدۇ. كىچىك ھالقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچىنى تارتسا چوڭ ھالقا يىغىلىپ بوغۇلىدۇ. ھالقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچىغا تانا چىگىلىدۇ. قىلتاق كۆللەردىكى قومۇشلۇق، يېكەنلىك ئارىسىدىكى سۇ قۇشلىرى ئۈزۈپ ئۆتىدىغان چىغىرغا ۋە ياۋا توشقان قاتارلىق كىچىك ياۋايى ھايۋانلار يۈرىدىغان چىغىر يولغا قۇرۇلىدۇ. قىلتاقنىڭ چوڭ ھالقىسى مۇۋاپىق چوڭلۇقتا كېرىلىپ، قومۇش، يېكەنلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا سۇ يۈزى ياكى يول يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈپ تارتىلىپ، تانا چىگىلگەن ئۇچى قومۇش، يېكەنلەرگە باغلاپ قويۇلىدۇ. قۇش ياكى

توشقان بۇ يەردىن ئۆتكەندە، قىلتاق بوينىغا سىرىلىپ، تارتقانچە يىغىلىپ قالىدۇ- دە، ئولجا بۇ يەرگە باغلىنىپ قالىدۇ. قىلتاق قۇرغۇچى جىلىنى كۆپىنچە كەچ تەرەپلەردە قۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى يوقلايدۇ. ئولجا چۈشكەن بولسا، ئولجىنى ئېلىۋېلىپ، يەنە قۇرۇپ قويىدۇ. چۈشمىگەن بولسا، تاكى ئولجا جىلىغا چۈشكىچە ھەركۈنى يوقلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مەخسۇس ياۋا ئۆردەك ئوۋلايدىغان كەسپى ئوۋچىلار ھېلىھەم مەۋجۇت.

### 6. كامالەك

كامالەك — ھازىرقى زامان ئورتاق تىلىدا «رەگەتكە» دەپ ئاتىلىدۇ. «كامالەك» سۆزى «ئوقيا» مەنىسىدىكى «كامان» سۆزىگە كىچىكلەتمە سۆز قوشۇمچىسى «ئەك»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «كامانەك» شەكلىدە ياسىلىپ، كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «كامالەك» بولۇپ قالغان. چۈنكى كامالەكنىڭ قانۇنىيىتى ئوقيانىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئوخشاش.

كامالەك — بىر تال ئاچا ياغاچنىڭ ئاچا ئۇچىغا رەزىنكە باغلاپ (بۇرۇنقى دەۋرلەردە زەي باغلىناتتى)، رەزىنكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كۆن ياكى خىرومدىن ئوقدان بېكىتىپ ياسىلىدۇ. ئاچىنىڭ ئوق قىسمىنى بىر قولدا تۇتۇپ، ئوقدانغا تاش سېلىپ، رەزىنكىنى يەنە بىر قول بىلەن تارتىپ تۇرۇپ قارىغا ئېلىپ تاش ئېتىلىدۇ. كامالەك ئىشلىتىدىغان ئادەمنىڭ بەستىگە ۋە كۈچىگە ئاساسەن چوڭ ھەم كىچىك ياسىلىدۇ. كىچىكلىرى قۇشقاچقا ئوخشاش كىچىك قۇشلارنى ئوۋلاشقا، چوڭلىرى كەپتەر، پاختەككە ئوخشاش چوڭراق قۇشلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى كاماندازلار كامالەك بىلەن ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز دېگەندەك چوڭ قۇشلارنىمۇ ئوۋلايدۇ. كامالەك تارىختا چوڭ قىلىپ، تۈۋى يوغان كۆتەككە ئوخشاش نەرسىلەرگە مۇنتىزىم ئورنىتىلىپ، بىر ئادەم ئىككى قوللاپ تارتىپ ئاتىدىغان قىلىپ ياسىلىپ، جەڭلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل كامالەك بىلەن تۇخۇمدەك، مۇشتۇمدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ تاشلارنى ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان كىچىك بومبىلارنى ئېتىشقا ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 7. تور

تور بىلىق تۇتۇش ۋە ياۋا تۇشقانغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلار، ياۋا ئۆدەككە ئوخشاش كىچىك قۇشلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىدىغان قورال بولۇپ، ئىنچىكە يىپتىن توقۇلىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە تور كەندىر، سېرىق چىگە (لوپنۇر كەندىرى) قاتارلىقلارنىڭ چىگىسىدىن ۋە مەشۇت (يىپەك يىپ)تىن توقۇلاتتى. ھازىر زاۋۇتلاردا توقۇلغان سولىيو يىپلىق تور ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. تور ئوۋ ئوبيېكتىغا ئاساسەن تۆشۈكلىرى كىچىك ۋە چوڭ چىقىرىپ توقۇلىدۇ.

بىلىق ئوۋلاش خوتەن شىۋىسىدە «بىلىق تۇتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ، بىلىق تۇتۇپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار «بىلىقچى» دەپ ئاتىلىدۇ. كەسپى بىلىقچىلارغا «بىلىق» سۆزى لەقەم قىلىنغان. بىلىق تۇتۇشتا تور بىلەن تۇتۇش ئاساس، قاماق بىلەن تۇتۇش قوشۇمچە قىلىنىدۇ. بىلىقچىلار دەريالارنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان ۋادىلار ۋە تەبىئىي كۆللەردىن بىلىق تۇتىدۇ. ئالدى بىلەن كۆل ياكى دەرياغا تور تارتىلىپ، ئىككى ئۇچى دەرەخ، يۇلغۇن، قومۇش، يېكەن غوللىرىغا باغلاپ قويىلىدۇ. ئاندىن قاماق بىلەن بىلىق تۇتۇشقا تۇتىنىدۇ. قايتىش ۋاقتىدا تورنى يىغىپ، تورغا چۈشكەن بىلىقلارنى ئېلىپ قايتىدۇ. كۆپ سانلىق بىلىقچىلار تورنى ئاخشىمى سېلىپ قويۇپ، ئەتىگىنى يىغىدۇ. كەلكۈن پەسلىدە، ئىككى ئادەم تورنى دەرياغا توغرىسىغا تارتىپ، سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە سۆرەپ ماڭىدۇ. بىلىق كەلكۈن پەسلىدە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ يۆتكەلگەچكە، تور دەل بىلىقنىڭ ئۈزۈش يۆنىلىشىگە قارشى سۆرەپ مېڭىلىدۇ.

خوتەننىڭ دەريا- ئېقىنلىرىنىڭ ئوكلۇنى يوقۇرى، ئېقىش سۈرئىتى تېز، بىلىق توپلىشىپ ياشايدىغان تەبىئى كۆلمەكلەر بوستانلىق رايۇنىدىن يىراق، تەبىئى كۆللەر چوڭقۇر بولغاچقا، خوتەنلىكلەر سايىغاق بىلەن بىلىق ئوۋلاشقا ئادەتلەنمىگەن. تور ۋە قاماقتىن باشقا بىلىق تۇتۇش قورالى ئىشلىتىلمەيدۇ. لوپنۇر رايۇنىدا دەريا ئېقىنى تېيىز يەرلەر كۆپ، بىلىقلار توپلىشىپ ياشايدىغان تەبىئىي

كۆلمەنلەر كۆپ بولغاچقا، سايغاق بىلەن بېلىق ئوۋلاش كەڭ ئومۇملاشقان.

خوتەن رايونىدا ياۋايى بېلىق كۆپ، يەرلىك كىشىلەر بېلىق يېيىشكە ئانچە ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، بېلىق بېقىش كەسپلەشمىگەن. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن بېلىق بېقىش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ، بېلىق بېقىش كەسپى تەدرىجى تەرەققىي قىلغان. شۇڭا بېلىق تۇتۇش - كەسپى بېلىقچىلارنىڭ تۇرمۇش يولى بولۇپلا قالماي، ھەۋەسكارلارنىڭ دەم ئېلىش پائالىيىتى بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

كۆز، ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىرىدە بېلىق تۇتىدىغان تور بىلەن ياۋا توشقان، ياۋا ئۆردەك تۇتۇشمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ يەردە تور - قىلتاقلىق رول ئوينايدۇ. يەنى قىلتاق ئورنىدا تور تارتىلىپ ئوۋ ئوۋلىنىدۇ.

(ئابدۇرىشات مۇساجان تۇغرۇل)

## §2. بىر قىسىم چارۋىچىلىق بۇيۇم-سايمانلىرى ۋە هارۋا ياساش ھۈنەر-سەنئىتى①

### 1. ئېگەرچىلىك

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتنى كۆندۈرۈپ مىنىشى ۋە لەشكىرىي ئىشلارغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن، ئېگەر ھەم ئۈزەڭگىنى كەشىپ قىلىشى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇرۇلۇش بولۇپ، مول سەنئەت قىممىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. بۇ جابدۇق زامانلاردىن بۇيان ئۈزۈكسىز تولۇقلىنىپ، مۇقىملىققا ئىگە بولغان ھۈنەرگە ئايلانغان.

#### 1) ئېگەرنىڭ ياسىلىشى

ئېگەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئولتۇرۇش توقۇمى، ئېگەر جازد-

① بۇ پاراگىراب «ئۇيغۇر قول-ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى — سەرراچىلىق» (مۇھەممەت راخمان تۈزگەن) ناملىق كىتابچە (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى)ئاساسىدا تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



سى، ئاستىنقى توقۇمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئېگەر-نىڭ ئالدى تەرىپى ئېگىزرەك بولۇپ، 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەينى تەرىپى پاكارراق بولۇپ، 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا (بۇ ئې-گىزلىكلەر ئېگەرنىڭ ئالدى، ئارقا قېشىنىڭ ئۈستىگىچە بولغان ئا-رىلىقىنى كۆرسىتىدۇ) كېلىدۇ. ئېگەرنىڭ ئالدى، ئارقا تەرەپلىرى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پاكار، ئولتۇرۇشقا قولاي ياسىلىدۇ.

ئولتۇرۇش توقۇمى ئېگەر جازىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇ-لىدىغان، مەخسۇس ئولتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسىم-دۇر. ئولتۇرۇش توقۇمى ئېگەر جازىسىنى تولۇق ياپقۇدەك چوڭلۇق-تا، بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياسىلىدۇ. خۇرۇم، تېرە بىلەن قاپلىنىپ، ئىچىگە پاختا، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىنىدۇ. ئولتۇرۇش توقۇمىنىڭ چىرايلىق بولۇشى ئۈچۈن قاپ سىرتى گۈل-لۈك رەخت، گىلەم بىلەن ئورىلىدۇ.

ئېگەر جازىسى ئېگەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغاچقا، ئېگەرنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنى ئورۇندايدىغان بارلىق جابدۇقلىرى مۇشۇ قى-سىمغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئېگەر جازىسى ياساشقا ياڭاق، ئۆرۈك، ئا-مۇت دېگەندەك چىڭ ياغاچلار تاللىنىدۇ. ئېگەر جازىسىنى ياساشتا، ياغاچ نېپىز، پارچە-پارچە تىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن ياغاچلار ئەپچىللىك بىلەن بىربىرىگە كىرەلەشتۈرۈلۈپ، توقۇلما شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاخىرىدا يېلىم بىلەن بىر بىرىگە مۇستەھكەم چېپ-سىلاشتۇرۇلۇپ، شەكىل چىقىرىلىدۇ. ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپى، ئىككى يان تەرىپى، كەينى يۆلەنچۈك تەرىپلىرىنىڭ ھەممىسىگە پارچە تاختايلارنى يېلىم بىلەن چاپلاپ قاتۇرۇپ، ئۈستى تەرىپىگە قوي ياكى ئۆچكىنىڭ يېڭى سويۇلغان تېرىسىنى قاپلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتقاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ھالقا تۆشۈكى چىقىرىلىدۇ. تۆشۈكلەر چىرايلىق قىلىپ ئۆرۈمە شەكلىدە ياسىلىپ، ئوتتۇرا ھالقىغا ئۇ-زەڭگە ئېسىلىدۇ، ئۈزەڭگە تاسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دەسسەشكە قولايلىق ياسىلىدۇ. ئارقا ھالقىغا بەلۋاغ ئور-نىتىلىدۇ. بەلۋاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ،

بەلۋاغنىڭ رولى ئېگەرنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بولغاچقا، ئېگەرنىڭ ئولتۇرۇش توقۇمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بويلاپ، ئاتنىڭ قاپ بېلىدىن تارتىپ، چىڭ توقۇلىدۇ. نەتىجىدە، ئېگەرنىڭ ئات ئۇستىدىكى مۇقىملىقى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

توقۇم ئېگەر جازىسىغا ئىككى بۆلەك قىلىپ، ئېگەردىن ئاجرىمايدىغان ھالەتتە ياسىلىدۇ. ئۇ، ئاتنى يارىلىنىشتىن ساقلاش، ئېگەرنى كۆركەملەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. ئاستىنقى توقۇمنىڭ كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككى قات ياكى ئۈچ قات كىگىز خۇرۇم بىلەن قاپلىنىدۇ (توقۇمنىڭ ئات ئۈچىسىغا يېپىشىپ تۇرىدىغان يۈزى خۇرۇم بىلەن قاپلانمايدۇ ھەمدە ئات ئۈچىسىغا تەلىك سېلىنغاندىن كېيىن، ئېگەرلىك توقۇم ئارتىلىدۇ). توقۇمنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىغا ئۇدۇل كەلتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى گۈل كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن قاپلىما ئورنىتىلىدۇ.

ئات داۋانغا ياكى پەسكە چاپقاندا ئېگەر مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قۇشقۇنى ئات قۇيرۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تاسمىدىن ياسىلىدۇ. كەمەلدۇرۇك ئاتنىڭ كۆكسىدىن تارتىلىدىغان بولغاچقا، ئات تۆپىلىك ياكى داۋانغا چىققاندا ئېگەرنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. قۇشقۇن بىلەن كەمەلدۇرۇككە يۈلتۈزسىمان، گۈلسىمان مىس زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كىچىك قوڭغۇراقلار ئورنىتىلىپ، كۆركەم ياسىلىدۇ.

## 2. يۈگەن

ئەجدادلىرىمىز ئۇلاغلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ياۋاش ھايۋانلارغا نوقتا، بويۇنتۇرۇق دېگەندەك ئاددىي باشقۇرۇش جابدۇقلىرىنى، شاش، باشقۇرماق تەس ھايۋانلارغا يۈگەن ئىشلەتكەن. يۈگەن ئاساسلىقى ئىككى تۆمۈر ياكى مىس ھالقىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ھالقا ئۇلاغ جاۋغىيىنىڭ (يۈز تارغىقىنىڭ) بەش سانتىمېتىر ئۈستى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئىككى ھالقىغا ئېغىزدۇرۇق (جۆجەي) ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىپ، ئۇلاغنىڭ ئېغىزىغا سېلىنىدۇ (ئېغىزدۇرۇق تۆمۈردىن يا-سىلىدۇ). ئۇلاغنى يەنىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش ئۈچۈن يەنە چىشلىق ياسىلىدۇ. چىشلىقنىڭ ئىككى ئۇچى ئىككى ھالقىغا چىگىلىپ، ئۇلاغنىڭ چىشى بىلەن كالپۇكى ئوتتۇرىسىغا، يەنى چىش مىلىكى قىسمىغا سېلىپ قويۇلىدۇ. بەزى شاش ئۇلاغلار ئېغىزدۇرۇقنى چىشلىۋېلىپ يۈگەننىڭ رولى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، چىشلىق تارتىلسا ئۇلاغنىڭ چىش مىلىكى قاتتىق ئاغرىيدۇ-دە، بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇلاغ دەرھال باشقۇرۇشقا كىرىدۇ.

بۇرۇنلۇقنىڭ ئىككى ئۇچىمۇ ئىككى ھالقىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇرۇنلۇقنىڭ يۈگەننىڭ مۇقىملىقىغا ۋە يۈگەننىڭ ئاستىغا سىيرىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش رولى بار.

تاماقلىق ــ يۈگەننىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئومۇمي كۆرۈنۈشى بۇرۇنلۇققا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تاماقلىق ئۇلاغنىڭ بويـ-نىنى بويلاپ تارتىلىپ ئىككى ئۇچى ئىككى ھالقىغا چىگىلىدۇ، شەكلى يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، يۈگەننىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈ-لۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شىلىلىق ــ يۈگەننىڭ ئات تۇمشۇقىدىن سىيرىلىپ كەتمەس-لىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى. شىلىلىقنىڭ ئىككى ئۇچى ئىككى ھالقىغا چىگىلىپ، ئىككى قۇلاقنىڭ كەينىدىن تارتى-لىدۇ. شىلىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تاسما، ئىنچىكە ئارغامچا ئىشلىتىلىدۇ.

يۈگەننىڭ يەنە ياندۇرۇق (قاڭتۇرۇق) دەپ ئاتىلىدىغان بۆلىكى بو-لۇپ، ئىككى ئۇچى يەنە ئىككى ھالقىغا چىگىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇلاغنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوڭ-سول تەرە-پىگە مەخسۇس ياندۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان ئىككى كىچىك ھالقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بوغىنىڭ ئۈچىغا ئىلىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇلاغنىڭ بېشىنىڭ ساڭگىلاپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

دېمەك، يۈگەن ئۇلاغ جاۋغىيىنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان ئىككى ھالقىغا ئېغىزدۇرۇق، چىشلىق، بۇرۇنلۇق، تاماقلىق، ياندۇ-رۇق قاتارلىقلار چىتىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

### 3. نوختا

ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنىڭ ياۋاش، شاشلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، نوختىنى ياسىغان. كالا، ئېشەك دېگەندەك ياۋاش ھايۋانلارغا نوختا سېلىنىدۇ. نوختىغا يۈگەنگە ئوخشاش ئىككى تۆمۈر ھالقا كېتىدۇ، ئىككى ھالقىدىن يۈگەننىڭكىگە ئوخشاش بۇرۇنلۇق، تاماقلىق تارتىلىدۇ، ئۈستىگە شىللىق چىگىلىدۇ. نوختىنىڭ بۇرۇنلۇق، تاماقلىق، شىللىلىقلىرىنىڭ رولى يۈگەننىڭ شۇ خىل جابدۇقلىرىغا ئوخشايدۇ.

ئاددىي نوختىلار، ئارغامچىنى ئۆلاغنىڭ بېشىغا دەل كەلگۈدەك مۆلچەرلەپ، ئۆلاغ جاۋغىيىنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان ئىككى ھالقا ئورنىدا تۈگۈنچەك پەيدا قىلىپ، بۇرۇنلۇق، تاماقلىق، شىللىقلارنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدۇ.

### 4. ھارۋا ياساش ھۈنەر-سەنئىتى

ھارۋا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئىشلىتىشتىكى قولايلىقلىقى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىگە باب كېلىدىغان قاتناش قورالى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھېلىھەم ئەڭ كەڭ تارقالغان، كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان قاتناش قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

گۇما ناھىيە سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سانجۇ دەرياسى جىلغىسىنىڭ ئۆلاچى دېگەن جايىدىكى قىيا تاشلارغا جىجاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئارقار، جەرەن، قوي، تاغ تېكىسى، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار، مال بېقىۋاتقان پادىچىلار، نەيزە كۆتۈرۈۋالغان، ئوقيا ئېتىۋاتقان ئادەملەر، ئاتلىق چەۋەندازلار ئوبرازى، شۇنداقلا قورشاۋ تاملار، ھارۋىلار، كۈن، ئاي شەكىللىك قەدىمكى يېزىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلەر چېكىلگەن بولۇپ، يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھارۋا ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئىساك ئاسىموپ «قاتناش ئىنقىلابى» دېگەن كىتابىدا: «ئات-ئۆلاغدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىلادىيە 2000 يىل بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلگەن»، دەپ يازىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھارۋىدىن ئىبارەت مۇكەممەل بولغان تۇنجى قاتناش قورالىنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ھەربىي يۇرۇشلىرىدە ئىشلىتىشتەك ئاجايىپ سۆلكىتى نۇرغۇن ئەل خەلقلىرىنى قايىل قىلغان. شۇڭا 2500 يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار «ھارۋا ئۇستىكارلىرى» (车师)، «ئېگىز ھارۋىلىقلار»(高车) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

**1) ھارۋىنىڭ تۈرلىرى**

ھارۋا ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن كۆپ خىل شەكىل، پاسوندا ياسالغان. ھارۋىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن ياغاچ ھارۋا، تۆمۈر ھارۋا، كۆتەك ھارۋا دېگەندەك، ئۇلاغ تۈرىگە قاراپ ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى، كالا ھارۋىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن.

(1) ئىپتىدائىي ھارۋا (ئېگىز چاقلىق ھارۋا). بۇ، دەسلەپتە كەشىپ قىلىنغان يوغان چاقلىق ھارۋا بولۇپ، ھازىر كىشىلەر ئاتايدىغان «يار-يار ھارۋا»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھارۋىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن.

ئېگىز چاقلىق ھارۋىنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق بايانلار بار: «ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىلىگ ئىدى. بۇ چېۋەر ئادەم ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توشۇشقا بىر ئېگىز ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى، نۆكەرلەر، ئەل-جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا ‹قاڭغا-قاڭغا›دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ‹قاڭغا›دەپ ئات قويدى».[①]

«يار-يار ھارۋا» غا ئاساسلىق ياغاچ ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بۇ خىل-

① «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 56-بەت

دىكى ھارۋىنىڭ چاقى يوغان، ئېگىز، دىئامېتىرى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھۆل سۆگەتنى ئېگىپ قاسقان شەكىلگە كەلتۈرۈش ياكى ئايرىم چەمبەر بۆلەكلىرىنى تۇرۇملۇق چېتىپ مىخلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھارۋىنىڭ جازىسى شۇ ئوق ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. بۇ ھارۋا توپىلىق يوللارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

(2) ئېشەك ھارۋىسى. بۇرۇنقى ھارۋا تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر كەڭ ئىشلىتىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ بىرىدۇر.

(3) ئات ھارۋىسى. ھازىرمۇ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان ھارۋا تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھارۋىنىڭ شەكلى ئېشەك ھارۋىسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئاتنىڭ تارتىش كۈچى ۋە بەدەن قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن يوغان ياسالغان. ھارۋىلارغا قاچىلانغان يۈكنىڭ مىقدارى، مۇساپە، ۋاقىت قاتارلىق تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، گاھىدا بىر ئات قوشۇلىدۇ. ئېھتىياجىغا قاراپ بىردىن بەشكىچە ئات قوشۇلىدۇ.

(4) مەپە. مەخسۇس ئادەم توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھارۋا تۈرى بولۇپ، ئىككى چاقلىق (ياكى تۆت چاقلىق)، چاقىنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۈستى ياي شەكلىدە يېپىقلىق كېلىدۇ. ئىككى يانغا كىچىك دېرىزە قويۇلىدۇ، ئالدىغا پەردىلىك ئىشكاپ قويۇلىدۇ. كەينى تەرىپى ئېتىك بولىدۇ.

(5) كالا ھارۋىسى. كالا ھارۋىسىغىمۇ يۈك مىقدارىغا قاراپ بىردىن تۆتكىچە كالا قوشۇلىدۇ.

(6) غالتەك ھارۋا. «توغراقنىڭ يوغان بېشىنى ھەرىدەپ غالتەك قىلىش ياكى قېلىن ئۈچ تال شالنى جىپسىلاشتۇرۇپ، قاسقان شەكىلدە چۆرۈلدۈرۈپ ھەرىدەپ غالتەك قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غالتەك ھارۋا ئاساسەن ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت توشۇش، تۈگمەنگە ئۈگۈت ئاپىرىش قاتارلىق يېقىن ئارىلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە كالا ياكى ئېشەك قوشۇلىدۇ».①

غالتەك ھارۋىنىڭ بىر چاقلىق، ئىككى چاقلىق، ئادەم كۈچى بىد-

① ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى نەشرى 210-بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەن ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىمۇ بار.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى جايلاردا تۆگە ھارۋىسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۆگە ھارۋىسىنىڭ شوتىسى ئادەتتە ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ شوتىسىدىن ئۇزۇنراق، شۇنداقلا تۆگىگە ئارتىلىدىغان ئۇچى تەرىپى ئېگىزرەك ياسىلىدۇ، بۇ خىل ھارۋا ئاساسەن تاغلىق رايونلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چەت-ياقا جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

2) ھارۋىغا قوشۇلىدىغان ھايۋانلار

ھارۋىغا قوشۇلىدىغان ھايۋانلار ئاساسەن كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ھايۋانلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق قاتناش-ترانسپورتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى. كېيىنچە ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلار كۆندۈرۈلدى. ھازىرغىچە بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرىدە قولغا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. قىيا تاش رەسىملىرىدە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلاردىن باشقا، كېيىك، بۇغا، ئارقار، جەرەن، قوي، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ. گەرچە ھازىر بۇ ھايۋانلار قاتناش قورالى ئورنىدا ئىشلىتىلمىسىمۇ (بەزى ھايۋانلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئىستېمالدىن قالدى)، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ ھايۋانلارنى كۆندۈرەلىگەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭدىن قاتناش قورالى ئورنىدا پايدىلىنىشنى بىلىشىدىن ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق ھېس قىلالايمىز.
ئات، ئېشەك، قېچىر ھارۋىغا قوشۇلىدىغان ئاساسلىق ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ.

3) ھارۋا بۆلەكلىرىنىڭ ياسىلىشى

(1) ھارۋا شوتىسى ــــ ھارۋىنىڭ ئەڭ مۇھىم جابدۇقى بولۇپ، ئادەتتە كۆك تېرەكتىن ياسىلىدۇ. ئوخشاش ئۇزۇنلۇق، ئوخشاش تومۇلۇقتىكى ئىككى تال ياغاچتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. كىچىك ھارۋا شوتىسى يەنى ئېشەك ھارۋىسى شوتىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، ئات ھارۋىسىنىڭ ئۈچ يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ تاق ئۇلاغلىق ھارۋىلارنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۈچ ئۇلاغلىق ياكى بەش

ئۇلاغلىق ھارۋىلارنىڭ شوتىسى ماس ھالدا سەل ئۇزۇنراق كېلىدۇ. ئادەتتە تۆت مېتىردىن تۆت يېرىم مېتىرغىچە بولسا بولىدۇ.

شوتىنىڭ ئۇچىدىن ئالدى ياستۇق ياغاچقىچە بولغان قىسمى، يەنى ئۇلاغ قوشۇلىدىغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.30 مېتىردىن 1.40 مېتىرغىچە، ئالدى ياستۇق ياغاچتىن ئارقا ياستۇق ياغاچقىچە بولغان بۆلىكى، يەنى ھارۋا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بۆلىكىنىڭ ئۇ-زۇنلۇقى 1.30 مېتىردىن 1.50 مېتىرغىچە تۇپتۇز بولىدۇ. ئارقا ياستۇق ياغاچتىن ئارقا ياستۇق ئۇچىغىچە بولغان بۆلىكى نىسبەتەن قىسقا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 35~30 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

ھارۋىنىڭ ئىككى شوتىسىنىڭ ئارىلىقى ھارۋىنىڭ چوڭ-كىچىك-لىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. شوتىنىڭ ئارقا ياستۇق ياغاچتىن ئارقا ئۇچىغىچە بولغان بۆلىكىنىڭ ھارۋىغا سۈپەت كىرگۈزۈش ئۆز-گىچىلىكى بولغاچقا، چىرايلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

(2) شوتا قوزۇقى — ھارۋىنىڭ ئەڭ ئاددىي، ياسىلىشى ئاسان، ئەمما مۇھىم جابدۇقلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھارۋا ھەرىكە-تىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى قوزۇق ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

شوتا قوزۇقى ھارۋا شوتىسىنىڭ ئالدى ئۇچى تەرىپىگە ئورنىتى-لىدۇ. شوتىنىڭ ئۇچىدىن 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئارىلىق قالدۇ-رۇلۇپ، شوتىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن قوزۇق ئورنىتىلىدۇ. بىر تەرەپتىكى ئىككى قوزۇق ئارىلىقى 15 سانتىمې-تىر ئەتراپىدا بولۇپ، قوزۇقلار بارماق قول توملۇقىدا تەييارلىنىدۇ. قوزۇقتا ئادەتتە لوم تۆمۈر، پور تۆمۈر ياكى جىگدە، ياڭاقتا ئوخشاش مۇستەھكەم ياغاچلار ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

(3) چوقۇ (چوقال) — ئادەتتە كۆپ خىل بولىدۇ. كۆپىرەك ئۇچرايدىغىنى يېرىم چەمبەر شەكىللىك ياكى قايچا شەكىللىك چو-قۇدۇر. قايچا شەكىللىك چوقۇ بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. چوقۇ يوق ھارۋىلارمۇ بولىدۇ. چوقۇنىڭ ئىككى ياغىچىنىڭ تۇتاشقان قىسمىنىڭ ئاستى تەرىپى ئۇزۇن ھەم بويۇنتۇرۇق شەكىلدە بولىدۇ. تۇتاشقان قىسمىنىڭ ئۈستى قىسقا ئورغاق شەكىلدىكى بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئايغا ئوخشايدۇ. چوقۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېتىر، كېسىشكەن نۇقتىسىنىڭ ئاستى قىسىم ئۇزۇنلۇقى 85 سانتىمېتىر، كېسىشكەن نۇقتىسىنىڭ ئۈستى قىسىم ئۇزۇنلۇقى 12~10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

چوقۇ كۆپ خىل رولغا ئىگە بولۇپ، ھارۇنغا چىققىشقا قولايلىق يارىتىدۇ، ھارۇنغا ھۆسىن قوشىدۇ، نۇقتىباغ چىتىش، ھارۇنغا شاخ-شۇمبا باسقاندا ئۇلاغنىڭ دۈمبىسىنى بېسىۋېلىشتىن ساقلاش، ھارۇا كۆمتۈرۈلۈپ كەتسە تىرەك بولۇپ، ئادەمنى ھارۇا ئاستىدا قېلىشتىن ساقلاش، ھارۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

(4) ئولتۇرۇش شىلى ـــ ھارۇنىڭ ئاددىي، مۇھىم جابدۇقى بولۇپ، چوقۇ بىلەن ئالدى ياستۇق ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلىدۇ. ھارۇنىڭ بۇ جابدۇقى مەخسۇس ھارۇا ھەيدىگۈچى ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، ھارۇكەش مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ھارۇا ھەيدەيدۇ.

ئولتۇرۇش شىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.40 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ياستۇق ياغاچتىن 2~1 سانتىمېتىرغىچە ئۇزۇن بولىدۇ. شالنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئىككى ئۈچىنىڭ ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن قىسمىنىڭ كەڭلىكى 25~15 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. ئولتۇرۇش شىلىنىڭ ئىككى شوتا ئۈستىگە كەلگەن قىسمىغا ئىككىدىن تۆت تۆشۈك ئېچىلىپ، سىم بىلەن شوتىغا مەھكەم چىگىلىپ، شالنىڭ مۇقىم بولۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

(5) ياستۇق ياغاچ ـــ ھارۇنىڭ مۇھىم جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشاش ئىككى دانە بولىدۇ.بىرى ھارۇنىڭ كەينىگە ئورنىتىلىدۇ، يەنە بىرى ئولتۇرۇش شىلىنىڭ كەينىگە ئورنىتىلىدۇ. ئىككى ياستۇق ياغاچ ئارىلىقى ھارۇا گەۋدىسى بولۇپ، يۈك قاچىلىنىدىغان ئورۇندۇر. ياستۇق ياغاچ ھارۇنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان، ھارۇا بېسىمى مەركەزلەشكەن جابدۇق بولغاچقا، مۇستەھكەم ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ.

(6) يانپەنجىر ـــ ياسىلىشى ۋە شەكلى بىر قەدەر مۇرەككەپ ھارۇا جابدۇقىدۇر. ھارۇنغا يۈك قاچىلاش، ھارۇدا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ يۆلىنىپ تۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىش، ھارۇنغا ھۆسىن قو-

شۇش، ھارۋا كۆمتۈرۈلۈپ كەتسە مۇداپىئە تىرىكى بولۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

يانپەنجىر بوز قوزۇق، چىتىق، شال قاتارلىق ئۈچ جابدۇقتىن تەركىب تاپىدۇ. يانپەنجىر ئىككى بولۇپ، ئىككى ئۇچىغا ئىككىدىن تۆت بوز قوزۇق تەييارلىنىدۇ. بوز قوزۇق يانپەنجىر جاھازىسىدىن ئېگىز ياسىلىدۇ. چۈنكى، بوز قوزۇق ھارۋىغا چىقىپ - چۈشۈشكە، ئارغامچا قاتارلىقلارنى چىگىشكە، ھارۋىغا سايىۋەن ئورنىتىشقا، ھارۋا كۆمتۈرۈلۈپ كەتسە تىرەك بولۇشقا قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېگىز ياسىلىدۇ.

(7) ئالدى ۋە ئارقا شال — ھارۋىنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە قويۇلسا، ئىككى يانپەنجىر بىلەن قوشۇلۇپ، گوياكى كىچىكلىتىلگەن ماشىنا كوزۇپى شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھارۋىنىڭ يۈك مىقدارى ئاشىدۇ. ئالدى ۋە ئارقا شال ھارۋىغا يۈك قاچىلاشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ، ئىشلىتىلسە بەزى قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

(8) شال — ھارۋىنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ماتېرىيالدۇر. شالنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھارۋىنىڭ ئالدى ياستۇق ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كەينى ياستۇق ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە تەييارلىنىدۇ. ھارۋىنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك شال تەييارلىنىدۇ. شالنىڭ ئۇچى ياستۇق ياغاچ بىلەن باستۇرۇلىدۇ، ئوتتۇرىسى مىخلىنىدۇ.

(9) چىتىق — كۆرۈنۈشى، ياسىلىشى ئاددىي ھارۋا جابدۇقى بولسىمۇ، ھارۋىنىڭ بىر پۈتۈن ھەرىكىتىدە رولى مۇھىم بولغان بىر تۈردۇر. چىتىق تۆت قىرلىق ئىككى توقماقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھارۋىنىڭ بىر جۈپ شوتىسىنىڭ ئارقا ياستۇق ياغاچ بىلەن ئارقا ئۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلىدۇ.

چىتىق ھارۋىنىڭ ئارقا قىسمىنىڭ پۇختىلىقىنى ساقلاش، ئىككى شوتىنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھارۋىغا سۇپەت كىرگۈزۈش، ئادەملەرنىڭ ھارۋىغا چىقىپ-چۈشۈشىگە قولايلىق يارىتىش، ھارۋا يېتىپ قالغاندا، تارچۇق جايلارغا كىرىپ قې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لىپ بۇرۇلۇشقا قولايسىزلىق كۆرۈلگەندە، هارۋا كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندە ئوڭشاش، تۇرلۇك ئۆي هايۋانلىرىنى باغلاپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش، هارۋىدىكى توپا قاتارلىق نەرسىلەرنى سىيرىگەندە هارۋىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. چېتىقنىڭ ئوتتۇرىسى توم، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ شوتىدىن ئاجراپ كەتمەيدۇ. يېلىم، شىنانىڭ ياردىمىدە مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ. ئىككى چېتىقنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

(10) ئاستى چېتىق ــــ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، ئەمما مۇھىم هارۋا جابدۇقىدۇر. ئاستى چېتىق هارۋا گەۋدىسىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى ئىككى شوتىنى تۇتاشتۇرۇش شەكلىدە ئورنىتىلىدۇ. ئاستى چېتىق يۇك كۆتۈرۈشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، مۇستەھكەم ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. ئاستى چېتىقنىڭ سانىنى هارۋىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە كىچىك هارۋىلارغا تۆت ئەتراپىدا، چوڭراق هارۋىلارغا تۆتتىن كۆپرەك ئورنىتىلىدۇ.

ئاستى چېتىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن 1.15 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تۆت قىرلىق ياسىلىدۇ، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چېتىق ئىككى شوتىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئوتتۇرىسى توم بولىدۇ، ئۇچى چېتىق ئورنىتىشقا قويۇلغان تۆشۈككە ئۇيغۇن بولغان چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ.

(11) چاق ــــ هارۋىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، چاقسىز هارۋىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دەسلەپكى چاق تۇرلىرى ئاساسەن ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق هۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلىنىشى ئاساسىدا ياسالغان. هازىر هارۋا چاقلىرىنىڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ، سىمچاق، داپ چاق، چويۈندىن قۇيۇلغان قۇيما چاق، يەتتە گۈگسۈنلۈك چاق دېگەندەك كۆپ خىل شەكىللىرى بار.

(12) شوتا تىرىكى ـ هارۋا شوتىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە خىزمەت قىلىدىغان، هارۋا بىلەن چاق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ ماسلىشىشىغا خىزمەت قىلىدىغان جابدۇقتۇر.

ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان هارۋىلاردىكى شوتا تىرىكىنىڭ

شەكلى تراپېتسىيە شەكىلدە بولۇپ، كۆرۈنۈشى بىر قەدەر ئاددىي بولىدۇ. شوتا تىرىكى قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە مۇستەھكەملىككە ئىگە بولىدۇ. ئادەتتە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان شوتا تىرىكىنىڭ ئۈستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 15~10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى ھارۋا شوتىسى بىلەن دەل كەڭلىكتە بولىدىغان بولغاچقا، يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا ياسالسا بولىدۇ.

شوتا تىرىكى شوتا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، شوتىغا چۆتكا ئۈچۈن قويۇلىدىغان ئىككى تۆشۈككە دەلمۇ دەل كېلىدىغان ئىككى تۆشۈك ئويۇلىدۇ، چۆتكا مۇشۇ تۆشۈكتىن ھارۋا ئاستىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

(13) ھارۋا تەڭشىكى — ھارۋا گەۋدىسى بىلەن چاق ئوتتۇرىسىدا نورمال ئارىلىق قالدۇرۇپ، چاقنىڭ ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم جابدۇق بولۇپ، ئەگەر تەڭشەك بولمىسا ھارۋا گەۋدىسى چاققا تېگىپ قالىدۇ. ھارۋا گەۋدىسى بىلەن چاقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقنى مۇۋاپىق تەڭشەش مۇمكىن بولمايدۇ.

تەڭشەك ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى ئۈستۈنكى تەڭشەك، ئاستىنقى تەڭشەك ۋە ئۈستى-ئاستى تەڭشەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلىدىغان «يېتىمچە»دىن ئىبارەت. ئۈستۈنكى تەڭشەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90~80 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئىككى شوتىسىنىڭ چاق تەرەپتىكى يۈزى بىلەن تەڭ كېلىدۇ، قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، شەكلى پاراللېل تۆت تەرەپلىككە ئوخشايدۇ. ئاستىنقى تەڭشەكنىڭ قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، شەكلى پاراللېل تۆت تەرەپلىككە ئوخشايدۇ.

يېتىمچە ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى تەڭشەكنىڭ چۆتكىغا توغرا كېلىدىغان قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇش ئۈچۈن، 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كۋادرات شەكلىدە تەييارلىنىدۇ. بۇ ئۈچ جابدۇق چۆتكىنىڭ قىسىپ مۇقىم تۇرغۇزۇشى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ھارۋىنىڭ ئاستىنقى تەڭشىكىنىڭ تۆۋەنكى يۈزىگە ئوققا مۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەلگۈدەك ئېرىقچە قويۇلىدۇ. ئېرىقچە مەخسۇس ئېرىقچە چىقىرىش رەندىسى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، بۇ ئېرىقچە بولمىسا، چۆتكا دەل كەلمەيلا قالماي، ئاستىنقى، ئۈستۈنكى تەخشەك ۋە يېتىمچىنىڭ ھارۋىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىگە سۈرۈلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

(14) چۆتكا ــ ھارۋا گەۋدىسى بىلەن چاقنى بىرىكتۈرۈپ، چاقنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم تەركىبىتۇر. چۆتكا ئىلگىرى ياغاچتىن ياسالغان، ھازىر تۆمۈردىن ياسالماقتا.

(15) ئىلمەك ــ ھارۋا جابدۇقلىرى ئىچىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان، ئەمما يوك قاچىلاشتا رولى ئۆزگىچە بولغان ھارۋا جابدۇقىدۇر. ئادەتتە شوتا، چوقۇ، يانپەنجىرىنىڭ ئاستى ئۇچى، ئارقا چېتىق قاتارلىقلار ھارۋىدا شاخ-شۇمبا، بوغداي بېغى دېگەندەك ھەجمى چوڭ نەرسىلەرنى توشۇش توغرا كەلگەندە، ئىلمەكنىڭ رولىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، ئارغامچا مەزكۇر جابدۇقلارغا چېگىلىدۇ. ئەمما، ئىلمەك مەخسۇسلۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى يوك بېسىشتا ئارغامچا چېگىشتىن باشقا ئىشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

### 4) ئىككىلەمچى ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە ياسىلىشى

(1) بوغا (جۇمبۇ، يۇگبۇ) ــ مۇھىم ھارۋا جابدۇقى بولۇپ، ئۇلاغ تورى، ئۇلاغنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن چوڭ-كىچىك ياسىلىدۇ، بوغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتنىڭ تەخمىنەن 1.3 مېتىر، ئېشەكنىڭ 1.1 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بوغا شەكىل جەھەتتىن ئىككى ئۇچىنىڭ چېگىلىدىغان قىسمىنىڭ ئۈستى ناس قاپىقسىمان، ئاستى ئېللىپىس شەكلىدە بولىدۇ، بوغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى توم، ئاستى قىسمى ئىنچىكە كېلىدۇ. ئات بوغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 35 سانتىمېتىر، ئىنچىكە يېرىنىڭ ئايلانمىسى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئېشەك بوغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 25 سانتىمېتىر، ئىنچىكە يېرىنىڭ ئايلانمىسى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

بوغا تىكىش ئۈچۈن ئاق تانا يېپ ئىشلىتىلىدۇ. بوغىنىڭ ياسىلىش جەريانى: ئالدى بىلەن بىرىنچى قېتىمغا يېڭى، ياخشى پۇشۇرۇلغان كىگىز، ئىنچىكە كونىراق كىگىز قويۇلۇپ (ئىچىگە يۇمشال

چىغ، شال پاخلى سامان قاتارلىقنى ئېلىپ)، سىرتىنى تېرە، رەخت بىلەن قوشۇپ ئوراپ، بولىقا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ چىڭداپ، ياسىلىدۇ. بوغىنىڭ ئاستى قىسمىنى ئىنچىكىرەك ياساش تەلەپ قىلىنغاچقا، تىكىلىشتىن بۇرۇن ئۆلچەمگە كەلگۈدەك قىسمىنى ساقلاپ قېلىپ، ئوشۇقچە قىسمى ئويۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇچى تەرىپىدىكى شوينا چىگىش قىسمى سىم، تاسما دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن چىڭ چىگىلىپ، بويۇن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بوغا ئۇچى ناس قاپىقىسىمان ھالەتكە كېلىدۇ.

(2) جەگە (جەۋەن) — ئۇلاغ بويىنىغا كەيدۈرۈلگەن بوغا ئۈستىدە تۇرىدىغان ۋە ئۇلاغ جەگە ئارقىلىق ھارۋىنى سۆرەيدىغان جابدۇقتۇر.

جەگە ئوڭ-سول ئىككى قاناتتىن تۈزۈلىدۇ، 40~50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. جەگە قانىتىنىڭ ئىككى ئۇچى ئىنچىكىرەك، ئوتتۇرىسى تومىراق كېلىدۇ، جەگىنىڭ ئۈستى ئۇچىدىن تۆت سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ، ئىككى تۆشۈك تېشىلىدۇ، تۆشۈك تۆت قىرلىق ياكى يۇمىلاق تېشىلىشمۇ بولىدۇ. تۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى 3.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 1.7~2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، جەگىنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى ئۇچى مۇشۇ تۆشۈككە تاسما، رېزىنكە ، ئارغامچا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن چېتىلىدۇ.

جەگىنىڭ ئۈستىنكى چېتىقىدىن ئاستىغا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ھارۋا سۆرىگۈچ ئۈچۈن يەنە تۆشۈك تېشىلىدۇ. ئىككى تۆشۈك ئارىلىقىدىن 1.7~2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، چوڭقۇرلۇقى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئويۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ھارۋا سۆرىگۈچىنىڭ مۇشۇ دەزسىمان ئارىلىققا كىرىپ، جەگىنىڭ سىپتا بولۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

جەگىنىڭ ئۈستى ئۇچىدىن ئۈچ سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ ئوڭ قول ئۇچىغا بىر تۆشۈك تېشىلىدۇ، بۇ تۆشۈككە تاماقلىق ئورنىتىلىدۇ. تاماقلىقنىڭ يەنە بىر ئۇچى جەگىنىڭ سول قول تەرەپتىكى ئۇچىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇ يۇمىلاق بولۇشى كېرەك. تاماقلىقنىڭ جەگە ئۇچىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنچىكە تاسما بىلەن جەگىنىڭ ھارۋا سۆرىگۈچ ئۇ-

www.uyghurkitap.com



چۈن تېشىلگەن تۆشۈكچىگە چىگىلىدۇ.

(3) لىڭگىرچاق (نىغىنچاق) ــ ئۇلاغنىڭ ھارۋىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى ۋاستىلىق جابدۇق. ئۇ ھەم ئۇلاغنى ئاسراش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھەم ھارۋىغا ھۆسن قوشىدۇ. شۇڭا، كۆركەم، چىرايلىق ياسىلىدۇ. لىڭگىرچاقنىڭ تۆمۈردىن ياسىلىدىغان قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسى يېرىم ئاي شەكلىدە، بەلۋاغنىڭ كەڭلىكىگە ئۇيغۇن ھالەتتە، يەنى ئەگمە كۆۋرۈك شەكلىدە ياسىلىپ، چىرايلىق شەكىللەر چىقىرىلىپلا قالماي سىپتا گۈل نۇسخىلىرى ئويۇلىدۇ، پۆپۈكلەر ئورنىتىلىدۇ. توقۇم قىسمىغىمۇ ئۇلاغنى ئاسراش ۋە چىرايلىق بولۇش مەقسەت قىلىنغان كۆپ خىل ھۈنەرلەر مۇجەسسەملىنىدۇ.

(4) چۈلۋۈر ــ چۈلۋۈرنى «رول»غا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، چۈلۋۈر ئۇلاغنىڭ توختاش، ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇش، تېز-ئاستىلىقىنى تەڭشەش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدۇ.

چۈلۋۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئىلگىرى چۈلۋۈرغا تاسمىدىن ئارغامچا قىلاتتى. ھازىر چۈلۋۈرغا چىگە ئارغامچا، زاۋۇت ئارغامچىسى ئىشلىتىلمەكتە. چۈلۋۈر ئاساسەن تاق بولىدۇ. شاش ئۇلاغلارغا ئىككى چۈلۋۈر ئىشلىتىلىدۇ. چۈلۋۈرنى نوقتىغا چېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھالقىنىڭ شەكلىنى سەككىزگە ئوخشىتىش مۇمكىن. نوقتىغا ئورنىتىلغان ھالقا (ئەرگۈل) سەل چوڭراق، ئارغامچىغا تەييارلانغان ھالقا سەل كىچىكرەك بولۇپ، ھەرىكەتچانلىققا ئىگە.

(5) پۆپۈك ــ ھارۋا بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ھارۋىنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبتۇر. پۆپۈككە ئات يايلى، قۇيرۇق قىلى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پۆپۈك دومبىلىك، بوغا، لىڭگىرچاق قاتارلىق ھارۋا جابدۇقلىرىغا ئورنىتىلىدۇ. پۆپۈك قىزىل ۋە باشقا قېنىق رەڭلەر بىلەن بويىلىدىغان بولغاچقا، ھارۋا سۆرەۋاتقان ئۇلاغنىڭ جابدۇقلىرىغا ئورنىتىلسا، ئۇلاغ ئۈستىدە ئېچىلغان گۈلدەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ھارۋىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.

(6) بەلۋاغ ــ ھارۋا ھەرىكىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان

ھارۋا جابدۇقى بولۇپ، بەلۋاغ بولغاچقا ئۇلاغ ھارۋىنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. بەلۋاغنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنىمۇ ئۇلاغنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بەلگىلەيدۇ. بەلۋاغنىڭ ئىككى ئۇچىغا تاسمىنىڭ كەڭلىكىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك يېرىم ئايسىمان ياكى بۇلۇڭلىرى تازا روشەن بولمىغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلىدۇ. بۇ ھالقىلارغا تاسمىدىن يانباغ ئۆتكۈزۈلۈپ، شوتىنىڭ ئىككى قۇزۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇستەھكەم چىگىلىدۇ.

(7) دۇمبىلىك — ھارۋىنىڭ تۇرمۇزى بولغان قۇشقۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا خىزمەت قىلىدىغان ئىككىلەمچى ھارۋا جابدۇقى. دۇمبىلىك بولمىسا ئۇلاغنىڭ دۇمبىسىدە سىداملىق ھالىتى كۆرۈلىدۇ-دە، سۇپەتكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا دۇمبىلىك پۆپۈك، قوڭغۇراق ئورنىتىش، توقۇلما شەكىل چىقىرىش، رەڭ ئۆزگىچىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن كۆركەم ياسىلىدۇ.

دۇمبىلىكنىڭ مەركىزى گەۋدىسى يەنى، ئۇلاغ دۇمبىسىگە توغرا كېلىدىغان قىسمى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە بولىدۇ، ھەر بىر بۇلۇڭغا ئۈچ تۆمۈر ھالقا تەييارلىنىپ، ھالقا بىلەن دۇمبىلىككە تەييارلانغان تاسما ئۈچ ھالقا ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ ھالەت شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئۇلاغنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىگە توغرا كەلگەن ھالقىغا تاسما، ئارغامچا ياكى زەنجىردىن تەييارلانغان بانباغ چىگىلىپ، يەنە بىر ئۇچى قۇشقۇنغا چېتىلىدۇ، نەتىجىدە قۇشقۇنىڭ چۇشۇپ كەتمەسلىكى ياكى پەسكە ساڭگىلاپ قالماسلىقى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. يانباغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. دۇمبىلىكنىڭ ئات بېشى تەرىپىدىكى ھالقىسىغا زەنجىر، تاسمىغا ئوخشاش چاتقۇلار چىگىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچىغا سىمدىن تەتۈر ئىلمەك ئورنىتىلىپ بۇ ئىلمەك لىڭگىرچاقنىڭ مەخسۇس دۇمبىلىككە چېتىش ئۈچۈن قويۇلغان ھالقىسىغا ئىلىپ قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۇمبىلىك، قۇشقۇن بىر پۈتۈنلۈككە، مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ.

(8) تۆشلۈك — ھارۋا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان ھارۋا جابدۇقىدۇر. تۆشلۈككە رېزىنكە ياكى ئىككى سانتىمېتىرچە كەڭلىكتىكى

www.uyghurkitap.com



تاسما ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۇلاغنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۇزۇن-قىسقا بولىدۇ. تۆشلۈكنىڭ ھارۋىنىڭ سول تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئۇچى شوتا قوزۇقىغا ئىلغىلى بولىدىغان ھالقىسىمان ھالەتتە ياسىلىدۇ. ئۇلاغنى ھاۋرىغا قاتقاندا سول تەرەپتىكى شوتىنىڭ ئارقا قوزۇقىغا كىيگۈزۈلۈپ، تۆشلۈكنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

(9) قۇشقۇن ـــ تورمۇز رولىنى ئوينايدۇ. چېپىپ كېتىۋاتقان ئۇلاغ قۇشقۇن ئارقىلىق ھارۋىنى توختىتىدۇ. قۇشقۇننىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۇلاغنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بەلگىلەيدۇ. تاسمىنىڭ ئۇچىغا تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلىدۇ. ھالقىغا تاسما ياكى ئارغامچىدىن يانباغ چىگىلىدۇ. يانباغنىڭ شوتا قوزۇقىغا ئىلىنىدىغان قىسمى يۇمىلاق بولىدۇ، قۇشقۇن ئۇلاغ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، يەرگە ساڭگىلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلاغنىڭ ئىككى تېقىمىنى بويلاپ ئىككى يانباغ ئورنىتىلىدۇ، يانباغنىڭ بىر ئۇچى دۈمبىلىككە، بىر ئۇچى قۇشقۇنغا چېتىلىدۇ.

(10) يەملىك ۋە تېزەكلىك ـ ئىككىلەمچى ھارۋا جابدۇقى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ھارۋىلىق سەپەرگە چىققاندا ئۇلاغنىڭ يېمىنىمۇ بىللە تەييارلاپ ئېلىۋالاتتى. يەملىك رەخت ياكى خۇرجۇن، تاغار ئۈچۈن تەييارلانغان پاختا يېپتىن توقۇلغان بۆزنى خالتىسىمان، يەنى ئۇلاغنىڭ تۇمشۇقىغا ماس كەلگۈدەك توقۇش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. يەملىكنىڭ ئىككى يېنىغا تاسمىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئاسما تەييارلىنىپ، ئىچىگە يەم قاچىلاپ، ئۇلاغنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويسا، ئۇلاغنىڭ يەمنى ئىسراپسىز، پاكىز يېيىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. كېيىنچە، يەملىك ئادەتتىكى خالتىلاردىنمۇ ئىشلىنىۋېرىدىغان بولغاندى.

تېزەكلىكنىڭ ماتېرىيالىمۇ يەملىككە ئوخشاش بولۇپ، ياسىلىشى ئوخشىمايدۇ. تېزەكلىك ماسكىغا بەكرەك ئوخشايدۇ، تۆت بۇلۇڭىغا تاسما ياكى ئىنچىكە ئارغامچە چىگىلىپ، ئۇلاغنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا ئۈدۈللىنىپ، ئىككى تەرەپتىن ھارۋا شوتىسىغا چىگىپ قويۇلاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ تېزەكلىسە يەرگە چۈشمەي تېزەكلىككە چۈشەتتى.

(11) قامچا — ئىلگىرى قامچا جەرەن تېرىسىدە ئىشلىنەتتى. دەستىسىگىمۇ ئىنتايىن كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغان مىس بۇيۇملار بىرلەشتۇرۇلۇپ، سەنئەت بويۇمى دەرىجىسىگە كۆتۇرۇلگەن قامچىلار بولغانىدى. كېيىنچە، كالا تېرىسىدىن ئىشلىنىدىغان بولغان. قامچىنىڭ دەستىسىگە تېۋىلغا، يۇلغۇن دېگەندەك مۇستەھكەم ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ. قامچىنىڭ دەستىگە ئۇلىنىدىغان 60~50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاق تاسما تەييارلىنىدۇ. قامچا چىگىلگەن دەستە ئۇچىغا تاسما پۆپۈكى ئورنىتىلىدۇ. هارۋا قامچىسى زەيلەرنى ئۇزۇپ قېتىش ئارقىلىق تەييارلىنىپ، دەستىسىمۇ ئەۋرىشىم يۇلغۇن شېخىدا ياسىلىدۇ. ئادەتتە ياۋاش ئۇلاغلارغا ئاددىي قامچىلار تەييارلىنىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

## §3. قەدىمكى قورال - ياراغلار هۈنەر-سەنئىتى

لەشكىرىي قورال - ياراغلار قەدىمكى ئىنسانلار ئۇرۇق، قەۋم - قەبىلە بولۇپ ئويۇشقاندىن كېيىن، ئوۋ قوراللىرىنى دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ئىشلىتىشتىن بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋرلەردىكى ئۇرۇشلار ئاساسەن يايلاق تالىشىش، زېمىن تالىشىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق، قەۋم بىلەن قەۋم، قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئاخىرى قەبىلە ئىتتىپاقى ۋە مىللەتلەر ئارىسىغىچە دۈشمەنلىشىشكە تەرەققى قىلغان. ئادەم سانى كۆپ قەبىلىنىڭ جەڭگە يارايدىغان ئەرلەر سانىمۇ كۆپ بولغاچقا، ئۇلار كۈچلۈك قەبىلە هېسابلىناتتى. ئات لەشكىرىي ئىشلاردىكى ئىككىنچى موهىم ئامىل. لەشكىرىي قورال - ياراغلار ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا ئۇرۇش يۈز بەرسە، قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغان، زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىنى قورال قىلىپ ئىشلىتەتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



مەخسۇس جەڭ قورال‌لىرى ياسايدىغان ئۇستىلار ۋە ئۇستىخانىلار بارلىققا كېلىپ، جەڭ قوراللىرى ياساش كەسىپلەشكەن. جەڭ قوراللىرىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانى ئالا ـ ھىدىلىكىگە ئاساسەن قورال ئىشلىتىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مەلۇم بىر خىل قورالنى ئىشلىتىشكە ماھىر جەڭچىلەر ئايرىم شەرەپ نامى بىلەن ئاتالغان، يەنى: قىلىچۋاز، نەيزىۋاز، كاماندار.. دې ـ گەندەك. ئەلۋەتتە جەڭ قوراللىرىمۇ شۇ مىللەت ياشىغان رايوننىڭ تەبئى شارائىتىدىن ئايرىلالمىغان.

خوتەن رايوندا ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە ئىپتىدائى جەڭ قورال ـ لىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. يېقىنقى زاماندىكى تۈر ـ لۈك ئۇرۇشلاردا بىر نەچچە تال پەرەڭ مىلتىق، بىر نەچچە تال تەيپو (زەمبىرەك)نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوقيا، نەيزە، قىلىچ ... دېگەندەك جەڭ قوراللىرى ئىشلىتىلگەن.

## 1. بىر قىسىم قەدىمكى قورال ـ ياراغلار

بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان لەشكىريي قورال ـ ياراغلار تۆۋەن ـ دىكىچە:

1) نەيزە: ئەڭ ئىپتىدائى ئوۋ قورالى بولۇپ، ئوقيا، يالمان، ئوغۇر، گۈرزە.. قاتارلىق قورال‌لار نەيزە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. نەيزە قەدى ـ مىي تۈرۈك تىلىدا «سۈنگۈ» دەپ ئاتالغان. ئەڭ ئىپتىدائى نەيزە تۈز ۋە قاتتىق دەستە ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇچلاپ ئىشلىتىشتىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە تاشتىن نەيزە باشىقى ئورنىتىشقا، ئاندىن مىستىن، ئاخىرىدا تۆمۈردىن نەيزە باشىقى بېكىتىشكە تەرەققىي قىل ـ غان. نەيزە باشىقى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى يۇمىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق ياسالغان. بۇ قەدىمىي تىلىمىزدا «باشاق» دەپ، باشاق ئورنۇتۇلغان نەيزە «باشاقلىغ سۈنگۈ»، باشاق ئورنىتىلمىغان نەيزە «باشاقسىز سۈنگۈ» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى ياپىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق، دەستىلەيدىغان جايى يۇ ـ مىلاق ياسالغان. بۇ خىل باشاق قەدىمىي تىلىمىزدا «كەسمە» دەپ ئاتال ـ غان. خوتەن ۋادىسىدىكى ھەرقايسى قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان تېپىل ـ مىلار ئارىسىدا تاش، مىس، تۆمۈر ۋە قاشتېشى نەيزە باشىقى بولۇپ، بۇ

خوتەن بوستانلىقىدا تاش قوراللار دەۋرىدىلا باشاقلىق نەيزىنىڭ بارلىقىقا
كېلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۆمۈر قۇراللار دەۋرىگە
كىرگەندىن كېيىنمۇ قاشتېشىدىن نەيزە ياساپ، قەبىلە ئاقساقاللىرى
ھاكىمىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە، پېرىخونلار دىنىي مۇراسىم بۇيۇمى
سۈپىتىدە، قوماندان- سەركەردىلەر جەڭگە قوماندانلىق قىلىش قورالى
سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ئاددى ئۇسۇلدا ياكى نەقىشلەپ كۆركەم ياسالغان
قاشتېشى نەيزە باشاقلىرىنىڭ ئاساسلىقى ئاق سۆڭەكلەر دەپىن قىلىن-
غان قەبرىلەردىكى ھەمدەپنە بويۇملىرى قاتارىدىن تېپىلغانلىقى بۇ نوق-
تىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) ئوقيا: ئوقيا قەدىمدىن قالغان ئوۋ قۇرالى ھەم جەڭ قۇرالى بو-
لۇپ، ئوقيانىڭ قايسى رايۇندا كىملەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى
مەلۇم ئەمەس. لېكىن، ئوقيا قەدىمىي ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ ئو-
مۇملاشقان، قەدىمىي ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئورتاق بولغان قورال ھې-
سابلىنىدۇ. ئوقيا سۆزى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «ئوق» ۋە «يا» دىن ئىبارەت
ئىككى سۆزدىن بىرىكىپ ياسالغان. «ئوق» ئاتىدىغان ئوقنى، «يا» ئوقنى
ئاتىدىغان كىرىچنى كۆرسىتىدۇ. يا ياي شەكىللىك ياسالغاچقا، «قەددىنى
يادەك ئېگىپ..»، «يادەك ئېگىلىپ» دېگەندەك ئوخشۇتۇشلار شۇنىڭدىن
كەلگەن. «يا» يەنە «كىرىچ»، «كامان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «كىرىچ» سۆزى
قەدىمىي تۈرك تىلى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي «كىرىش» سۆزىگە: «كىـ-
رىچ، ئوقيا كىرىچى» دەپ تەبىر بەرگەن (مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركى تىللار دىۋا-
نى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- جىلد، 479- بەت.)
سىرنىملىق سازلارنى چېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان كامانچە يانىڭ ياسىلىش
شەكلىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ياسالغان ۋە شەكلىمۇ ياغا ئوخشاش بولغاچقا
«كامانچە» دەپ ئاتالغان. قەدىمىي دەۋردىكى ئوقيا ماھىرلىرى «كاماندار»
دەپ ئاتالغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال نەيزىنى كەشىپ قىـ-
لىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قېچىپ كېتىۋاتقان ھايۋانلارغا نەيزىنى ئې-
تىپ سانچىپ ئۆۋلاشنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، نەيزىنى تېخى-
مۇ زەرپ بىلەن ئاتقىلى بولىدىغان قورال ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يانى كە-
شىپ قىلغان. لېكىن نەيزە بەك چوڭ، يا بىلەن نەيزە ئېتىش قولايسىز
بولغاچقا، نەيزىنى كىچىكلىتىپ، ئاخىر ئوقنى كەشىپ قىلغان ۋە بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئوقيا» دەپ ئاتالغان. «ئوق» قەدىمىي تىل بولۇپ، ئىنچىكە، تۈز ۋە قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان. قەدىمكى دەۋردە ئوق تۆت خىل بولۇپ:

بىرى، باشاقسىز ئوق. بۇ خىل ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچى ئۇچلىنىپ ياسالغان. كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا، زورۇر تېپىلغاندا ئۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن بۇ خىل ئوق قەدىمىي تىلىمىزدا «ئۇلۇن» دەپ ئاتالغان.

ئىككىنچىسى، باشاقلىق ئوق. باشاقلىق ئوق ئۇچىغا ئوق بېشى ئورنىتىلغان ئوق بولۇپ، تاش قوراللار دەۋرىدە تاشتىن ئوق ئۇچى ياسىلىپ بېكىتىلگەن بولسا، مىس قوراللار دەۋرىدە مىستىن ئوق ئۇچى ياساپ بېكىتىلگەن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە تۆمۈردىن ئوق ئۇچى ياساپ بېكىتىلگەن. بۇ خىل ئوق قەدىمىي تىلىمىزدا «باشاقلىغ ئوق» دەپ، تۆمۈر باشاق «تەمۈركەن» دەپ ئاتالغان. ئوق باشقى بىرى يۇمۇلاق ئۇچلۇق، يەنە بىرى ياپىلاق ئۇچلۇق بولۇپ، تۇۋى ئۇشكە بىلەن تېشىلىپ، ئوق ئۇچىغا بېكىتىلگەن. قەدىمىي تىلىمىزدا ئۇچلۇق ئوق بېشى «باشاق» دەپ، ياپىلاق ئوق بېشى «كەسمە» دەپ ئاتالغان. باشاقنىڭ تۇۋىدىن تۆشۈك ئېچىشنى «ئۇشدى» دەپ ئاتىغان.

ئۈچىنچىسى، مەشىق ئوقى بولۇپ، باشاق ئورنىغا يۇمىلاق ياغاچ بېكىتىپ ياسالغان. بۇ قەدىمىي تىلىمىزدا «قالۋا» دەپ ئاتالغان.

تۆتىنچىسى، ئاۋازلىق ئوق. بىر پارچە ياغاچ ئۇچى ئۇچلۇق، تۇۋى توم قىلىپ يونىلىپ، ئىچى كاۋاك قىلىنىپ، ئۈچ تەرىپىدىن تېشىلىپ، ئوقنىڭ قۇيرۇقىغا كىيدۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوق ۋىڭىلداپ ئۇچقان. بۇ خىل قۇيرۇق قەدىمىي تىلىمىزدا «سوقىم» دەپ ئاتالغان. ئوقنى سىلىقلاش ۋە تەكشەش (بىر خىل ئۆلچەمگە كەلتۈرۈش) ئۈچۈن مەخسۇس ئەسۋاپ ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ياغاچچىلىرى ۋاسا سىلىقلاشقا ئىشلىتىدىغان «نورەندە»نىڭ كىچىكى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسۋاپ قەدىمىي تىلىمىزدا «قوغۇش» دەپ ئاتالغان. ئوق راستلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇيرۇق تەرىپىنى يېرىپ، قۇش پېيى ئورنىتىلىپ، ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلانغان. شۇنداق بولغاندا ئېتىلغان ئوق قىيىپ كەتمەي ئۇچقان. خوتەن رايونىدا ئاساسلىقى يۇلغۇندا ياسالغان. قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان ئوقلار ئارىسىدا يۇلغۇندىن ياسالغانلىرىمۇ،

باشقا ياغاچلاردىن ياسالغانلىرىمۇ بار بولۇپ، ئەلۋەتتە باشقا ياغاچتا يا-سالغان ئوقلار باشقا رايوندىن خوتەنگە بېسىپ كىرگەن قوشۇنلار بىر-گە ئېلىپ كەلگەن ئوقلاردۇر.

ئوق، يا ئارقىلىق ئېتىلغان. يا ئېلاستىكىلىقى يوقىرى ياغاچنى يايسىمان ئېگىپ، ئىككى ئۇچى زەي بىلەن باغلىنىپ ياسالغان. يا قەدىمىي تىلىمىزدا «يا»، «كىرىچ» دەپ، ئوقيا ئېتىش ماھىرلىرى «مەرگەن»، «كاماندار» نامىلىرى بىلەن ئاتالغان.

3) ئوقدان: كۆن- خىرومدىن ياسالغان ئوق سېلىنىدىغان قاچا بولۇپ، «ساداق» دەپمۇ ئاتىلىپ كۆن ياكى خىرومدىن ئۇزۇن ۋە كەڭ غىلاپ شەكىللىك ياسىلىپ، ئاستى ۋە ئۈستىگە تاسما بېكىتىپ، دۈمبىسىگە تېڭىۋالىدىغان قىلىنغان. ئۇزۇنلۇقى ئوقتىن قىسقا ، ئوقنىڭ بىر ئۇچى چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ تىكىلىگەن. ئوقدانغا ئوق ئۇچى ئاستىغا، قۇيرۇقى ئۈستىگە قىلىپ سېلىنغان. سىغىم-چانلىقى چوڭ-كىچىك بولغان. ئوقدان قەدىمىي تىلىمىزدا «ئوق-لۇق»، «كىش»، «قۇرمان»، «قۇرۇغلۇق» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن، ھەم ئوقنى، ھەم كىرىچنى سالىدىغان قاپلار «كىش قۇرمان»، «كىش قۇرۇغلۇق» دەپ ئاتالغان.

4) قىلىچ: قىلىچنىڭ پەيدا بولۇشى نەيزە ۋە ئوقياغا قارىغاندا نىسبەتەن كېيىنرەك بولۇپ، مىستىن ياسالغان پىچاقلار ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ، مىس قىلىچ بارلىققا كەلگەن. تۆمۈر قوراللار دەۋ-رىدە تېخىمۇ تەرەققى قىلىپ، تۆمۈر ، پولات قىلىچلار بارلىققا كەل-گەن. قىلىچ يانغا ئېسىپ ياكى بەلباغقا قىستۇرۇپ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغاچقا، تېز ئومۇملاشقان. تىلىمىزدا پىچاقتىن چوڭ، قوش بىسلىق، ئۇچلۇق سوقۇلغانلىرى «خەنجەر»؛ خەنجەردىن چوڭ ۋە ئۇزۇن، قوش بىسلىق، ئۇچلۇق سوقۇلغىنى «شەمشەر»دەپ ئاتال-غان («زۇلپىقار» ئاتالغۇسى شەمشەرنىڭ ئەرەبچە ئاتالغۇسىدۇر). تې-غى كەڭ، تاق بىسلىق، ئۇچى ئەگمەچ (يايسىمان)، شەمشەردىن چوڭ قىلىپ سوقۇلغىنى قىلىچ دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سېپى بىر قوللۇق (قىسقا) سوقۇلغان. قىلىچنىڭ ئۇزۇن ساپلىق قىلىپ، ئىككى قول بىلەن ئىشلىتىدىغىنى «يالمان» دەپ، قەدىمىي

تىلىمىزدا خەنجەر «بۆگدە» دەپ ئاتالغان. قەدىمكى دەۋرلەردە ئىچكە قىلىچ ئورنىتىلغان قامچا بارلىققا كەلگەن ۋە بۇ «قىلىچ قامچى» دەپ ئاتالغان. خەنجەر، شەمشەر ۋە قىلىچلارغا غىلاپ تىكىلىپ، غىلاپقا سېلىپ يېنىغا ئېسىپ يۈرۈش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، غىلاپ قەدىمىي تىلىمىزدا «قىن» دەپ ئاتالغان. «قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس» دېگەن تەمسىل قەدىمىي دەۋرلەردىن قالغان. قەدىمدا لەشكەرلەرنىڭ قىلىچىنىڭ قانداق بولۇشى، شۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ۋە جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان. شۇڭا «قىلىچ» ئاتالغۇسى قەدىمكى دەۋردىن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئەرلەرنىڭ ئىسمى قىلىپمۇ ئىشلىتىلگەن. بەزى قەبىلىلەر جەڭ بايراقلىرى، توغ- ئەلەملىرىگە كېسىشكەن قوش قىلىچنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ شەرەپ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.

5) مەنچاناق: بۇ ياغاچنىڭ ئىلاستىكلىقىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان تاش ئېتىش قورالى بولۇپ، كۆپىنچە سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەنچاناق چوڭ كۆتەكنىڭ بىر بېشىغا ئىلاستىكلىقى يوقۇرى ياغاچ ياكى شاپىنى تىك بېكىتىپ، ئۇچىغا تاش قويىدىغان چۆمۈچ شەكىللىك قۇرۇلما ئورنىتىپ، شالنى تارتىپ ئېگىپ تورۇپ، تاش سېلىپ قويۇپ بىرىش ئارقىلىق ئېتىلىدۇ. مەنچاناقنىڭ كىچىكلىرىنى بىر ئادەم، چوڭلىرىنى بەش-ئالتە ئادەم قايرىپ ئاتىدۇ. چوڭلىرى ئۇچىغا باغلانغان ئاغامچىنى تارتىپ ئېگىپ باغلىۋېلىپ، ئېتىلىدىغان تاشنى قويۇپ بولۇپ، ئاغامچىنى تېز سۈرئەتتە يېشىۋېتىش ئارقىلىق ئېتىلىدۇ. خوتەن ۋادىسىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن چاسلاپ تەييارلانغان، كىچىكلىرى توخۇمدەك، چوڭلىرى مۇشتۇمدەك تاشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل تاش يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسىدا بىر قەدەر كۆپ. بۇ تاشلار دەل مەنچاناقتا ئېتىلغان تاش ئوقلار بولۇپ، مەنچاناقنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئوقلارمۇ چوڭ- كىچىك ياسالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە مەنچاناق ئارقىلىق پارتلاتقۇچ بومبىلار ئېتىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەنچاناق زەمبىرەكنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدۇر.

www.uyghurkitap.com

خەلق ئارىسىدا مەنچاناقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش تەييارلىقىدا، لەشكەرلەر باشلىقى بارلىق ياغاچچىلارنى يىغىپ، "قايىسىڭلار تاشنى يىراققا ئاتالايدىغان ھەم زەربە كۈچى يۇقىرى قورال ياسىيالايسىلەر؟" دەپ سورىغان ئىكەن، «چاناق» لەقەملىك بىر ئاياقچى ئوتتۇرىغا چىقىپ "مەن ياسايمەن" دەپتۇ ۋە مەنچاناقنى ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ دەۋرلەردە ئاياق «چاناق» دەپ، ئاياقچىلىق «چاناقچىلىق» دەپ، ئاياق قىرىش «چاناقلاش» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاياقچى «مەن ياساي» دېگەن سۆزنى «مەن چاناقلاي» دېگەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ قورال «مەنچاناق» دەپ ئاتالغان ئىكەن. ئاياقچى مەنچاناق ياساپ دۇئايىبەند بولۇپ كەتكەچكە، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەن روناق تاپمايدىكەن.

**6)** قالقان: ئۇرۇش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىيە قورالى بولۇپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيالارنىڭ تېگىپ يارىلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ. «قالقان» قەدىمي تىل بولۇپ، توسىغۇچ، مۇداپىيەلەنگۈچ دېگەن مەنىدە. قالقان ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ھەر خىل، قالقاننىڭ ياسىلىش شەكلىمۇ ھەر خىل بولغاچقا، قالقاننى تۈرگە ئايرىش قىيىن. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن، ياغاچ قالقان ۋە مېتال قالقان دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ياغاچ قالقان ئەڭ ئىپتىدائىسى بولۇپ، تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. مېتال قالقان مىس قۇراللار دەۋرىدە مىستىن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە تۆمۈردىن ياسالغان. ياغاچ قالقان يەنە ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ياغاچ شال(تاختاي)دىن ياسالغان. چوڭ كۆتەكتىن شال تىلىپ، بىر شالدا بىرنى ياسىغانلىرىمۇ، بىر نەچچە شالنى جۈپلەپ ياسالغانلىرىمۇ، يەنە چىۋىق — ئاساسلىقى يۇلغۇن، توغراق چىۋىقلىرىدا توقۇلغانلىرىمۇ بار (بۇ توقۇما قالقان دېيىلىدۇ).

قالقاننىڭ ياسىلىش شەكلى ھەر خىل بولۇپ، كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللىرى: دۈگىلەك (تۇۋاق شەكىللىك)، سوزۇنچاق، چاسا، يۈرەك شەكىللىك، تومۇزغا شەكىللىك. بۇلارنىڭ چوڭ كىچىكلىكىمۇ ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خىل. قايسى خىل ماتېرىيالدىن ياسىلىشىنى شۇ قوشۇن تۈرىۋاتقان تەبىئى مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي شارائىت بەلگىلىگەن. قۇدرەتلىك قوشۇنلار مېتالدىن ياسالغان بىر خىل قالقان ئىشلەتسە، ئاجىز، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇنلارنىڭ سەركەردە- سەرۋازلىرى مېتال قالقان، لەشكەرلىرى ياغاچ ۋە چۆپ قالقان ئىشلەتكەن. مەيلى قانداق ماتېرىيالدىن ياسالغىنى بولسۇن، شەكلى ۋە چوڭ- كىچىك-لىكى قوشۇنلار بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. قالقاننى ئاساسلىقى نەيزە ۋە قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىدىغانلار ئىشلەتكەن بولۇپ، ئوڭ قولىغا ياراغ، سول قولىغا قالقان ئېلىپ جەڭگە كىرگەن.

7) دۇبۇلغا: باشقا كىيىلىدىغان مۇداپىيە كىيىمى بولۇپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيالارنىڭ تېگىپ يارىلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا كىيىلىدۇ. دۇبۇلغا كۆن- خىرومدىن ۋە مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. تۆمۈردە ياسالغان دۇبۇلغا قەدىمىي تىلىمىزدا «ئاشۇق» دەپ ئاتالغان. مېتال دۇبۇلغىلار باشنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن، ئىچىگە كىگىزدىن تىكىلگەن ياكى يۇڭدىن توقۇلغان ئىچلىك كىيىلىدۇ. بۇ خىل ئىچلىك قەدىمىي تىلىمىزدا «كەدۈك» دەپ ئاتالغان.

دۇبۇلغىنىڭ كۆن- خىرومدىن تىكىلگىنىنىڭ ئارىسىغا مېتالدىن ياكى ياغاچتىن قات ئېلىنىپ، قاتتىق قىلىپ تىكىلىدۇ. يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان بىر خىروم دۇبۇلغا قەدىمىي دەۋردىكى دۇبۇلغىلارنىڭ بىر قەدەر ئاددىسى بولۇپ، ئىچى ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك تۆت پارچە كۆندىن ئەستەرلىنىپ، ئۈستىگە نىپىز ۋە چوكىدەك ئۈزۈن تارىغا قارات تىزىلىپ قات قىلىنىپ، تېشى خورما رەڭ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك تۆت تالا خىرومدا قاپلانغان بولۇپ، ئومۇمىي گەۋدىسى يېرىم كاسا تاۋۇزغا ئوخشاش تىكىلگەن. ئالدى تەرىپىگە كىچىك چېكىلىك، كەينىگە پۆپۈچ قادالغان، چوققىسىغا كىرىس شەكىللىك نەقىش تىكىلگەن. باشقا قەدىمكى ئىزلاردىن كەينى ئادەمنىڭ گەجگىسىگە كېلىدىغان، قۇلاقنى تولۇق ئورايدىغان، ئالدى تەرىپى ئادەمنىڭ چىرايىلا ئوچۇق تۇرىدىغان ئويما شەكىللىك تىكىلگەن دۇبۇلغىلار تېپىلغان.

مېتالدىن ياسالغان دۇبۇلغىلار ئاساسلىقى مىستىن ۋە تۆمۈردىن

ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئەڭ ئاددىلىرى قالپاق شەكىللىك (بۇنى لەشكەرلەر كىيىدۇ)، ئەڭ ئېسىللىرىگە تۈرلۈك نەقىشلەر ئىشلىنىپ، چېكىسىگە ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان، چوققىسىغا پۆپۈچ قادالغان. بۇ خىلدىكىلىرىنى سەركەردە، سانغۇنلار كىيىگەن.

8) ساۋۇت: مۇداپىيە كىيىمى بولۇپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيالار تېگىپ يارىلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا كىيىلىدۇ. ساۋۇتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىيلىرى يۇلغۇن ياكى توغراق چىۋىقىدىن ئىككى پارچە قىلىپ توقۇلۇپ، كۆكرەك ۋە دۈمبىگە تېڭىۋېلىش شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. مىس قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە مىستىن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە تۆمۈردىن ياسالغان ۋە تەرەققىي قىلىپ، كىيىم ھالىتىگە كىرگەن. مېتالدىن ياسىلىدىغان ساۋۇتنىڭ ئەڭ ئاددىسى مېتالنى كۆكرەك ۋە دۈمبىگە ماسلاشتۇرۇپ ياپىلاقلاپ سوقۇپ، بەدەنگە تېڭىۋالىدىغان شەكلى بولۇپ، بۇ خىلدىكىلىرىنى كۆپىنچە لەشكەرلەر كىيىگەن. بۇ خىلدىكىلىرىنىڭ رەختكە قاراپ، يەڭ چىقىرىپ تەييارلانغانلىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا تىكىپ تەييارلانغان چاپانغا چاسا ۋە تەڭگەسىمان تۆمۈر ياپراقچىلارنى قاداپ تەييارلانغانلىرى، زەنجىر قاداپ تەييارلانغانلىرىمۇ بار. مۇكەممەللىرى تۆمۈردىن بوي، يەڭ، مۆرىلىك چىقىرىپ، بىر بىرىگە ھەرىكەتچان چېتىپ تەييارلىنىدۇ. تون ۋە ئىشتان شەكىللىك تەييارلانغانلىرى ئەڭ پۇختىلىرى ھېسابلىنىدۇ. دۇبۇلغا بىلەن ساۋۇت بىرلەشتۈرۈپ كىيىلىدۇ.

9) زەمبىرەك: مىلتىق دورىسى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن، قەدىمىي تىلىمىزدا «تۇۋەكلىك» دەپ ئاتالغان تۇپەكلىك (پاختۇرمەك، پاختىۋەن مىلتىق) قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ بارلىققا كەلگەن قورال بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، تۇرپاندىن مەخسۇس ئۇيغۇر ئۇستىلار چاڭئەنگە تەكلىپ قىلىنىپ، زەمبىرەك ياساتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. «پو» زەمبىرەكنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولۇپ، يېقىنقى دەۋردە خەنزۇچە «پاۋ炮» سۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان. زەمبىرەكنىڭ كۆتىرىپ يۈرۈپ يۆتكەيدىغىنى «تەيپو» دەپ ئاتالغان. چاق ئورنىتىلغانلىرى «چاقلىق پو» ياكى «چاقلىق زەمبىرەك» دەپ ئاتالغان. ئەڭ دەسلەپكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زەمبىرەكلەردە تاش ئىتىلغان بولسا، كېيىنچە بومبا ئىتىشقا تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى سىلكىنىشتىن پارتلايدىغان مەخسۇس زەمبىرەك ئوقى كەشىپ قىلىنىپ ئىتىلغان. زەمبىرەك بۇرۇنقى دەۋرلەردە زەربە بېرىش كۈچى زور قورال بولغاچقا، بىر قوشۇننىڭ زەربىدارلىق كۈچىنى نامايەن قىلىشتىكى موھىم قورال بولۇپ قالغان.

**10) ئاتلىق لەشكەرلەر لازىمەتلىكلىرى:** قەدىمكى دەۋرلەردە لەشكىري ئىشلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، سۇ لەشكەرلىرى، ئاتلىق لەشكەرلەر ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇلغان ۋە شۇ تۈرلەر بويىچە جەڭگە سېلىنغان. شىنجاڭ، جۈملىدىن خوتەن رايونى دېڭىز- ئوكيانلاردىن يىراق، قىيىق- قولۋاقلار بىلەن جەڭ قىلغىدەك چوڭ دەريا- ئېقىنلىرى يوق رايون بولغاچقا، ئاتلىق لەشكەرلەر قىسمىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇڭا ئاتلىق لەشكەرلەر قىسمىدا مەخسۇس ئات تاقىلاش، ئاتقا كېرەكلىك جابدۇقلارنى ياساش ۋە رېمونت قىلىشنى كەسىپ قىلغان كەسپى گۇرۇپپىلار تۈرغۈزۇلغاندىن باشقا مەخسۇس ئات كۆندۈرىدىغان ۋە باقىدىغان مىراخورلار (ئات باقارلار)مۇ تۈرغۈزۇلغان. «ئات» قەدىمىي تىلىمىز بولۇپ، مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئەل» سۆزىگە تەبىر بېرىپ: «ئەل، ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ‹ئاتباقار›نى ‹ئەل باشى› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ ‹ۋىلايەت باشلىقى› دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ‹ئاتباقار› دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ» («دىۋان» 1- جىلد 67- بەت)، دەپ يازغان. قەدىمكى دەۋرلەردە جەڭ ئاتلىرى خانلىق تەرىپىدىن مەخسۇس بېقىلىپ، جەڭ ۋاقتىدا لەشكەرلەرگە بېرىپ، جەڭدىن كېيىن يەنە يىغىۋېلىنىغان. بۇنداق ئاتلار قەدىمىي تىلىمىزدا «تۇغزاغ» دەپ ئاتالغان. ئاساسلىق ئاتلىق لەشكەرلەر لازىمەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تۆمۈر بۇيۇملار: تۆمۈر بۇيۇملار ئاساسلىقى تاقا، ئۈزەڭگە، يۈگەن، ھالقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تاقا — ئات تۇيىقىغا ماسلاشتۇرۇپ، يېرىم چەمبەر شەكىللىك سوقۇلۇپ، ئاتنىڭ تۇيىقىغا مىقلىنىدىغان تۆمۈر بولۇپ، ئات تۇيىقىنىڭ ئۇپراپ كېتىپ، يول يۇ-

رۇشىگە تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئاتتىن باشقا يەنە ئې-
شەكمۇ تاقىلىدۇ. تاقا بەزى رايونلاردا «ئۈزەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئۈزەڭگە بىر پارچە ئۇزۇن تۆمۈرنىڭ ئىككى ئۇچىغا يېرىم چەم-
بەر شەكىللىك ئەگمە تۆمۈرنى بېكىتىپ، ئۈستىگە تاسما باغلىنىد-
غان ھالقا چىقىرىپ سوقۇلغان بۇيۇم بولۇپ، ئېگەرنىڭ ئىككى تەرد-
ىپىدىن تاسما ياكى ئاغامچا بىلەن مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا ساڭگىلىتىپ
قويۇپ، ئاتقا مىنگۈچى پۇتىنى سېپىپ دەسسەپ ئولتۇرۇشقا ئىشلىد-
ىدۇ. كونىلارنىڭ «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دې-
گەن تەمسىلىدىكى «ئۈزەڭگە» دەل مۇشۇ قورۇلمىنى كۆرسىتىدۇ.
يۇگەن ياي شەكىللىك سوقۇلغان تۆمۈرنىڭ ئىككى ئۇچىدىن
تاسما ياكى ئاغامچا ئۆتكۈزىدىغان ھالقا چىقىرىپ سوقۇلغان بۇيۇم
بولۇپ، ئاتنىڭ نوقتىسىغا چىگىپ ئېغىزىغا سېلىپ، ھالقىسىغا
تاسما ياكى تانا باغلاپ، ئاتنىڭ بېشىنى ئوڭ ـ سولغا بۇراش، ئاتنى
توختىتىش قاتارلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. تاسما
باغلانغان يۇگەن «تىزگىن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خۇددى ھازىرقى زامان
ماشىنىلىرىدىكى رول ۋە تورمۇزنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان بۇيۇمدۇر.
قەدىمىي تىلىمىزدا يۇگەن «تىن» دەپ، تىزگىن «تىزگىن» ۋە «چەت-
كەن» دەپ، يۇگەن ـ تىزگىن «تين ـ تىزگىن» دەپ ئاتالغان.
ھالقا ــ ئېگەر، تىزگىن، ئۈزەڭگى، نوقتا (باشباغ) قاتارلىق
جابدۇقلارنى بىر بىرىگە چېتىش، باغلاش ئۈچۈن تاسما ۋە ئاغامچا
باغلىنىدىغان جايلارغا بېكىتىلىدىغان چوڭ ـ كىچىك ھالقىلاردۇر.
(2) ئېگەر: ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ مىنىشكە ئىشلىتىدىغان
جابدۇق بولۇپ، ئۇچىلىق، نېغىچاق ۋە ئۈزەڭگىدىن تەركىب تاپىدۇ.
جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئېگەرلىرىگە نەيزە، يالمان، ئۇمۇت قاتارلىق
قوراللارنى ۋاقىتلىق ئېلىپ قويىدىغان ھالقىلار بېكىتىلىدۇ. ئات-
نىڭ تەرلەپ ھۆل بولۇپ، ئۇچىسى يېغىر بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن، ئېگەرنىڭ تېگىگە يۇمشاق كىگىزدىن تەرلىك تەي-
يارلىنىپ، ئېگەرلەشتىن بۇرۇن ئېگەرنىڭ تېگىگە سالىدۇ. بۇ قەدى-
مىي تىلىمىزدا ۋە ھازىرقى زامان تىلىمىزدا «ئىچلىك» ياكى «تەر-
لىك» دەپ ئاتالغان. ئۈزەڭگە باغلىنىدىغان تاسما قەدىمىي تىلىمىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«قىسماق» دەپ ئاتالغان.

(3) نوقتا: «باشباغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نوقتا تاسمىدا ئاتنىڭ چېـ-
كىسى، قوۋزى ۋە قۇلاق كەينىدىن باغلىنىدىغان قىلىپ، سوغۇرۇپ
ئېلىشقا بولىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. يوگەن نوقتىغا ھەم بېـ-
كىتكىلى، ھەم ئېلىۋەتكىلى بولىدىغان قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئادەتـ-
تىكى ۋاقىتلاردا ئاتقا يوگەن سېلىنمايدۇ، مىنگەن چاغدا سېلىپ
مىنىدۇ. نوقتىنى ئاتنىڭ بېشىغا سېلىپ، تاسمىسىنى باغلىۋەتسە،
چىقارغىلى بولمايدۇ. يوگەننىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن تاسما ياكى
تانا باغلىنىپ، ئاتنى باشقۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. يۇقارقى قۇرۇلمىلار-
نىڭ ھەممىسى بىرلەشتۇرۇلگەندە نوقتا ياكى باشۋاغ ھاسىل بولىـ-
دۇ. نوقتا قەدىمىي تىلىمىزدا «ئۆرك» دەپ ئاتالغان.

**11) جەك ھارۋىلىرى:** جەك ھارۋىلىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى
قەدىمكى ئۇرۇشلارغا شۇنداقلا لەشكىرىي يۇرۇشلەرگە زور بۇرۇلۇش
ۋە ئوڭايلىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ياسىلىشىدا چاقنىڭ رولى ئالا-
ھىدە چوڭ بولۇپ، ھارۋا چاقى ــــ قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇ-
لى ئىدى. ئىنسانلار ئېڭىدا تۆت تەرەپ (شەرق، شىمال، غەرب، جەنۇب)
ئۇقۇمى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەرنىڭ تۆت تەرىپىنى كىرىس
(+) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىگەن. كېيىن قوياشنىڭ يەر ئەتراپىنى
ئايلىنىش قانۇنىيىتى (قەدىمىي ئىنسانلار شۇنداق دەپ قارىغان ۋە
شۇنداق چۈشەنگەن)گە ئاساسەن، ئىمەكلىك كىرىس 卐 (گامماديون)
بەلگىسى شەكىللىنىپ، يەرنىڭ ۋە قوياشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.
كىشىلەر ئېڭىدا «يەر يۈزىدە يەرنىڭ تۆت تەرىپى بار، يەرنىڭ تېگىدىـ-
مۇ يەرنىڭ تۆت تەرىپى بار، قۇياش كۈندۈزى يەر ئۈستىدىكى تۆت تەـ-
رەپنى يورۇتۇپ، غەربتىن پاتسا، كېچىسى يەرنىڭ تېگىدىكى تۆت تەـ-
رەپنى يورۇتۇپ، شەرقتىن تۇغۇلىدۇ» دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ،
يەرنىڭ سىمۋولى قىلىنغان كىرىس بەلگىسى ئۈستىگە يەرنىڭ تېگىـ-
نى ئىپادىلەپ يەنە بىر كىرىس بەلگىسى قوشۇپ، سەككىز تەرەپنى
كۆرسىتىدىغان كىرىس بەلگىسى شەكىللىنىپ، «تۆت تەرەپ، سەكـ-
كىز ياق» ئەقىدىسىگە سىمۋول قىلىنغان. قۇياشنىڭ سىمۋولى قىـ-
لىنغان گامماديون (ئىلمەكلىك كىرىس)مۇ ئوخشاشلا سەككىز تەـ-

رەپنى كۆرسىتىدىغان شەكىلگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئەتراپىدىكى ئىلمەكلەر دۈگىلەكلىشىپ، ھارۋا چاقىنىڭ شەكلى كېلىپ چىققان. ئىنسانلار قوياشنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ، ئىلمەكلىك كىرىس شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ھارۋا چاقىنى ئىجاد قىلغان. ھەم قوياش ئىلاھىي توغرىسىدا: «قوياش ئىلاھىي ئوت ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، كۈندۈزى ئاسماننى كېزىپ، يەرنىڭ ئۈستىنى يورۇتىدۇ، كېچىسى يەرنىڭ تېگىدىن شەرققە ئۆتىدۇ، بۇ جەرياندا يەرنىڭ تېگىدىكى جىن-ئالۋاستىلار قوياش ئىلاھىينى يەر يۈزىگە چىقارماسلىق ئۈچۈن تۇتىۋېلىش كويىدا بولىدۇ، قۇياش ئىلاھىي جىن-ئالۋاستىلار بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئەتىسى شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ، ئەتىگەنكى شەپەق ئۇرۇش جەريانىدا چېچىلغان قاندۇر. بىزگە كۆرۈنىدىغىنى قوياش ئىلاھىي ئولتۇرغان ئوت ھارۋىسىنىڭ چاقىسىدۇر» دېگەن ئەپسانە مەيدانغا كەلگەن. چاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوق بېكىتىلىدىغان تۆشۈك بولمىسا بولمىغاچقا، تەسۋىرى يېزىقتا «قۇياش» سۆزى، قۇياشنىڭ سىمۋولى بولغان دۈگىلەك (چەمبەر) ئىچىگە چېكىت قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ھارۋا چاقى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ھارۋا كەشىپ قىلىنغان. ھارۋا ئاساسىدا جەڭ ھارۋىسى كەشىپ قىلىنغان. جەڭ ھارۋىسى — ئىككى چاقنى ئوق بىلەن چېتىپ، بىر ئات قېتىلىدىغانلىرىغا ئىككى ياغاچنى شوتا قىلىپ ئورنىتىپ، ئىككى ئات قېتىلىدىغىنىغا بىر ياغاچنى تارتقۇ قىلىپ ئورنىتىپ سۆرەتكەن. ئوق ئۈستىگە تاختاپەر بېكىتىلىپ، بىردىن ئۈچكىچە ئادەمنى سۆرىگەن. ئادەملەر ھارۋا ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، بىر ئادەم ھارۋىنى ھەيدەشكە مەسئۇل بولسا، باشقىلىرى ھارۋا ئۈستىدە جەڭ قىلغان. گوما قاتارلىق جايلاردا بايقالغان قىياتاش سۈرەتلىرى ئارىسىدا بۇ خىل ھارۋىنىڭ تەسۋىرى بار. بۇلار قەدىمىي دەۋردە رايونىمىزدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى كەڭ تۈردە ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# ئىككىنچى باب
# ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇم-سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

## §1. تاشچىلىق ۋە تاشتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر-كەسىپ سايمانلىرى

### 1. تاشچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى

تاشچىلىق ـــ ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپلا مەيدانغا كەلگەن كەسىپ بولۇپ، ئىنسانلار كونا تاش قوراللار دەۋرى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىس قوراللار (برونزا) دەۋرىگە قەدەم قويغان. تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمىي ئىنسانلارمۇ بۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇرۇنقى بەزى تاش قوراللارنىڭ ئورنىنى مىس قوراللار ۋە تۆمۈر قوراللار ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى تاش قوراللارنى مېتالدىن ياساپ ئىشلىتىش ئىمكانىيى بولمىغاچقا، يەنە بىر جەھەتتىن تاۋلانغان مېتاللار ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاچقا، تاش قورال ئىشلىتىش خېلى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان. بەزى تاش قورال- ئۈسكۈنىلەرنى تاشتىن ياساپ ئىشلىتىش بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

تاشچىلىق «تاشگەرلىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاشتىن ياسالغان، ئويۇلغان بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تاشچىلىق كەسپىنى چوڭ جەھەتتىن ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى سەنئەت بويۇمى تاشچىلىقى، يەنە بىرى قورال-بۇيۇم تاشچىلىقى. سەنئەت بويۇمى تاشچىلىقى ئاساسلىقى قاشتېشى، ھېقىق، كەھرىۋا، ياقۇت، مەرمەر،

خرۇستال، كاۋاش ... قاتارلىق ئاز تېپىلىدىغان قىممەت باھالىق تاشلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، تۇرلۇك زىننەت بويۇملىرى، بېزەك بويۇملىرى، دىنىي مۇراسىم بۇيۇملىرى، ئوردا بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئويۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بۇيۇملار يەنە ئادەتتىكى تاشلاردىنمۇ ياسالغان. بايلار، ئەمەلدارلار قىممەت باھالىق تاشلاردىن ئويۇلغانلىرىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئاۋام پۇقرا ئادەتتىكى تاشلاردىن ئويۇلغانلىرىنى ئىشلەتكەن. بۇ نوقتىنى قەدىمي قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاق سۆڭەكلەرنىڭ قەبرىسى چوڭ، دەپنە قىلىنىشى ئالاھىدە، كېپەنلىرىمۇ ئىسىل، ھەمدەپنە بۇيۇملىرى كۆپ بولۇپ، تاش بۇيۇملار كۆپىنچە قىممەت باھالىق تاشلاردىن ياسالغان. پۇقرالارنىڭ قەبرىسى، كېپەنلىرىمۇ ئاددى، ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئاز ۋە ئادەتتىكى تاشلاردىن ياسالغان. بۇ خىل ئەھۋال ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە تارىم مەدەنىيىتىگە ئورتاق ھادىسە. قورال بۇيۇم تاشچىلىقى ئادەتتىكى تاشلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، تاش تۇرى ياسىلىدىغان بۇيۇمنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللانغان.

قەدىمكى دەۋرلەردە، خوتەن بوستانلىقى ئۆزىدىن چىقىدىغان ئېسىل قاشتېشى ئەۋزەللىكىنى مەركەز قىلىپ، سەنئەت بويۇمى ئويۇش يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى يازما يادىكارلىق ۋە يازما مەنبەلەر، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قاشتېشى تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، قاشتېشىدىن سەنئەت بويۇمى ئويۇش — دىنىي ئېتىقاد نوقتىسىدىن ھالقىپ ، تۇرلۇك سەنئەت بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، جەڭ قوراللىرى، ئەمگەك قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەتتا كىيىم- كېچەك ئويۇشلارغىچە تەرەققىي قىلغان (ئەلۋەتتە بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى يەنىلا سەنئەت نوقتىسىنى چىقىش قىلغان). شۇ ئاساستا ئادەتتىكى تاشلاردىن بۇيۇم ئويۇشمۇ ماس قەدەمدە تەرەققىي تاپقان. چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221- يىلدىن بۇرۇنقى 206- يىلغىچە) دەۋرىدىن باشلاپ، تاڭ دەۋرىگە قەدەر خوتەن رايونىدىن يېتىشىپ چىققان تاشچى، ھەيكەلتاراچ ئۇستىلار ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە خان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈردىسىغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلغان ۋە شاگىرت يېتىشتۈرگەن. خوتەن ئاھالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەيكەل، بۇت ئويۇش دىنىي چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، ئويمىچىلىق سەنئىتى تەدرىجى خاراپلىشىپ، زىننەت بويۇمى، ئەمگەك قوراللىرى، ھۈنەر- سەنئەت قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بويۇمى ئويۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. زىننەت بۇيۇملىرى ئاساسلىقى قاشتېشى ۋە ھېقىق قاتارلىق قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن چەكلەنگەن. بۇ خىل تاشتا بۇيۇم ئويىدىغان ئۇستىلار «ئويمىچى» دەپ، ئادەتتىكى تاشلاردىن تۈرلۈك بۇيۇم ئويۇدىغان ئۇستىلار «تاشچى» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە قاشتېشى قازغۇچىلار ۋە ئېلىپ ساتقۇچىلارمۇ «تاشچى» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان.

## 2. تاشتىن ياسالغان ئەمگەك قوراللىرى

قەدىمكى دەۋرلەردە ئاساسلىق ئەمگەك قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى زامانغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئاساسلىقى سوقا، سۈرمەل، ياغۇنچاق، بۇغۇس چىشى، قاڭ، ياغىچاق، بولەي قاتارلىقلار.

1) سوقا: يوغان تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ كاتەك ئويۇپ، ئىچىگە شال قۇيۇپ، سوزۇنچاق تاش بىلەن سوقۇپ شال ئاقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال. ئويۇلغان كاتىكى چوڭقۇر، ئىچى قىسمى كەڭ، تىگى ئويمان، سىلىق ئويۇلىدۇ. كىچىك سوقلارغا سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سوزۇنچاق تاشقا كۆپىنچە تەبىئىي سوزۇنچاق تاش ئىشلىتىلىدۇ. كىچىك سوقا ئادەتتە ھاۋانچا ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ سوقىلارنىڭ سوقمىسى مەخسۇس ياسىلىدۇ. ياسالغان تاشنىڭ بىر ئۇچىدىن چوڭقۇر كاتەك ئويۇپ، تىك ھالەتتە ياغاچ دەستە ئورنۇتۇپ ئۆرە تۇرۇپ سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. سوقمىنىڭ يەنە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغانلىرى بار.

«سوقا» ئاتالغۇسى ئەسلى سوقما تاشقا قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، «سوقما» سۆزىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ھاسىل بولغان. سوقما تاش سوزۇنچاق بولغاچقا، ھەرقانداق سوزۇنچاق نەرسىنىڭ شەك-

لىنى «سوقا»، «سوقىچاق» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. كىشىلەرنىڭ كەينى تەرىپى ئۇزۇن بېشىمۇ «سوقا باش» دېيىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى «سوقا» لەقەملىكلەر بىرى ئەجدادلىرى سوقا ماڭدۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلار بولسا، يەنە بىرى سوقا باش كىشىلەردۇر.

2) سۇرمەل: بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئىشلىتىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن يۇمشىتىش قورالى بولۇپ، ئائىلىلەردە يىرىك ئاشلىقلارنى ئېزىپ ئۇن قىلىشقا، قورۇپ پىشۇرۇلغان يىرىك ئاشلىقلارنى ئېزىپ تالقان قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ سوزۇنچاق تاشنىڭ بىر يۈزى ياي شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يىرىك ئاشلىقنى ئۈستىگە يېيىلتىپ، نوغۇچسىمان تاش بىلەن سۈرۈپ يۇمشىتىلىدۇ. سۇرمەل تەبىئىي سوزۇنچاق تاشتىن ياسالغاچقا، چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى بولمايدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 30 ~ 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. سۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان نوغۇچ تاشقىمۇ تەبىئىي سوزۇنچاق تاش ئىشلىتىلىدۇ.

تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە قەدىمىي ئىزلاردىن بۇ خىل سۇرمەل تاشلار كۆپ تېپىلغان. بولۇپمۇ يۇمۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى ۋە سەتمەت قەدىمىي ئىزىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان سۇرمەل تاشلار خېلى كۆپ ۋە نىسبەتەن گەۋدىلىك. بۇ خىل سۇرمەل خەلق ئارىسىدا تاكى 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن.

3) ياغۇنچاق: ياغۇنچاق ـــ ئائىلىلەردە قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تېپتىكى تۈگمەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئارپا، قوناقتىن ياما يېرىش، نوقۇت، ماش، پۇرچاق قاتارلىقلاردىن تالقان چىقىرىش، زۇرۇر تېپىلغاندا بۇغداي، ئارپىدىن ئۇن تارتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ياغۇنچاق دۈگىلەك ياسالغان ئىككى تاشتىن تۈزۈلىدۇ.

4) بۇغۇس چىشى: تاشتىن ياسالغىنىنىڭ شەكلىمۇ تۆمۈردىن ياسالغىنى بىلەن ئوخشاش. بۇ خىل چىش نىسبەتەن ياغلاش ۋە سىلىق تاشتىن ياسىلىدۇ. لېكىن تۆمۈر چىشقا قارىغاندا قوپالراق، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5) قالىڭ: يوغان تاشنى چاسا شەكىللىك ياكى سىلىندىر شەكىللىك ياساپ، ئۈزىدىن تۈتقۇچ چىقىرىپ ياكى ياغاچتىن تۈتقۇچ ئورنىتىپ ياسالغان قورال بولۇپ، يەر چىڭداشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە قۇرۇلۇش ھولى، دەريا، كۆل توسمىسى، ئېرىق- ئۆستەڭ قېشى قاتارلىقلارنى چىڭداشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى ياكى تۆت ئادەم تۈتقۇچىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ تاشلاپ ياكى يەرگە ئۇرۇپ مەشغۇلات قىلىدۇ.

6) بىلەي: ئەڭ ئىپتىدائى تاش قوراللارنىڭ بىرى بولۇپ، تاش قوراللار دەۋرىدە بىلەيدىن پايدىلىنىپ، باشقا تاشلارنى بىلەش ئارقىلىق تۈرلۈك تاش قوراللار ياسالغان بولسا، مىس قوراللار دەۋرى ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە مېتال بۇيۇملارنى بىلەش ئارقىلىق بىس چىقىرىش، سىلىقلاش، پارقىرىتىش مەقسىتىگە يەتكەن. بىلەي ئاساسەن قومچاق بارلىققا كېلىپ، تىغلىق ئەسۋاپلارنى چاقلاشقا ئىشلىتىلىپ ئومۇملاشقان. چاقلانغان تىغلىق ئەسۋابلارنى بىلەيگە بىلەپ، قىلاتىنى ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بىلەي ئەلمىساقتىن ھازىرغا قەدەر تۇرمۇشىمىزدىن ئايرىلماي كېلىۋاتىدۇ. بىلەي بۈگۈنكى كۈندىمۇ تىغلىق ئەسۋاپ ئىشلىتىدىغان ھۈنەرۋەنلەردە ۋە ھەممە ئائىلىلەردە بار. بىلەي قەدىمي تۈرۈك تىلىدا «بىلەگۈ» دەپ، بىلەيتاش «ىنژداغ» دەپ ئاتالغان.

بىلەي تاغ جىنىسلىرى ئارىسىدىكى بىلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان تاشلاردىن ياسىلىدۇ. بۇ خىل تاشلار «بىلەيتاش» دەپ ئاتىلىدۇ. بىلەينىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق چاسا بولىدۇ. يىرىك- يۇمشاقلىقى ئوخشاشمايدىغان بىر نەچچە خىل بولىدۇ. ئەڭ يىرىكلىرىنى گال تىغلارنى بىلەشكە، سەل يۇمشاقلىرىنى پىچاق قاتارلىق كىچىك تىغلىق بۇيۇملارنى بىلەشكە، ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاقلىرىنى تىغ بىسىنىڭ قىلاتىنى ئېلىشقا، ئەڭ يۇمشاقلىرىنى ئۇستىرىغا ئوخشاش ئۆتكۈر تىغلىق ئەسۋاپلارنىڭ قىلاتىنى ئېلىشقا ئىشلىتىدۇ.

ھازىر قومدىن ياسالغان قومچاقتىن باشقا، سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسالغان قوم بىلەي ئومۇملاشقان بولسىمۇ، يەرلىك ئۇستىرا ئىشلىتىدىغان ساتىراچلار يەنىلا تاش بىلەي ئىشلىتىدۇ. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاتچان يېزىسى ئەچكىبۇلۇڭ كەنتىنىڭ شەرقىدىكى ساي (ئېقىن)دىن بىلەي تاش چىققاچقا، بۇ ساي «بىلەيلىك ساي» دەپ ئاتالغان.

### 3. تاشتىن ياسالغان ھۈنەر- كەسىپ سايمانلىرى

بۇرۇنقى دەۋرلەردە، ھۈنەر- كەسىپلەردە ئىشلىتىلىدىغان قۇ- رۇلمىلارنىڭ مەلۇم زاپچىسى تاشتىن ياسىلاتتى. تىز سۈرئەتتە ئايلاندۇرۇپ مەشغۇلات قىلىدىغان قۇرۇلمىلارغا تاشتىن ياسالغان چاق ئورنىتىپ، قۇرۇلمىنىڭ نورمال ۋە كۈچلۈك ئايلىنىشىغا كاپالەت- لىك قىلىنغان. بۇ خىل چاقلار خوتەن شېۋىسىدە «تو چاقا» دەپ ئا- تالغان. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن تاش زاپچاس ئىشلە- تىدىغان قۇرۇلمىلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) تۈگمەن تېشى: تۈگمەن — ئۇن تارتىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، ياغۇنچاق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تۈگمەن قەدى- مىي تۈرۈك تىلىدا «تەگۈرمەن» دەپ ئاتالغان.

ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلغان ئاستىن تاش ياغاچ قۇرۇلمىغا مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۈستىن تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرلا تۆشۈك ئېچىلىپ، تۆشۈكنىڭ تىگى تەرىپى چىشلىق چۈشىدىغان قىلىپ قىنىلىدۇ. ئۈستۈن تاش چاق پىلەك ئوقىنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈلۈپ، چىشلىق قىناققا پاتۇرۇلىدۇ.

2) جۇۋاز تېشى: جۇۋاز ئۆكۈز ئارقىلىق ئايلاندۇرۇپ ماي تارتىدى- غان قۇرۇلما بولۇپ، ماي ئىزىش قاچىسى تاشتىن ياسىلىدۇ. يوغان ئۇزۇنچاق تاش سىلىندىر شەكلىدە ياسالغاندىن كېيىن، ئۈستى تە- رەپتىن چوڭ كاتەك ئويۇلىدۇ. كاتەك تىگىدىن بىر يانغا كىچىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ «جۇۋاز تېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. جۇۋاز تېشى يا- غاچتىن سوغا شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما ئىچىگە مۇۋاپىق ئىگىز- لىكتە مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كاتەك ئىچىگە چىلان ياغىچىدىن ياسالغان ئوق سېلىنىدۇ. ئوق بىلەن تاش ئارىسىدا مۇئەييەن بوش- لۇق قالىدۇ. ئوقنىڭ كاتەككە سېلىنىدىغان بېشى كاپاۋاش (يوغان موللەك) بولىدۇ. يەنە بىر ئۇچى ئۇچلىنىپ، ئۇچىغا كاتەك ئېچىلغان ئۇزۇن ياغاچ سېلىنىدۇ.

3) ياغىچاق: بورا توقۇش كەسپىدە قۇمۇش ئىزىشكە ئىشلىتى- لىدىغان سايمان بولۇپ، بىرى، سىلىندىر شەكىللىك ياسالغان تاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـنىڭ ئىككى بېشىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ياغاچتىن دەستە ئورنىتىپ، ئاچا ياغاچ ياكى ئىككى تال ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۆشۈك ئې-چىپ، دەستىگە ئۆتكۈزۈپ، تاشنى ئىتتىرىش، تارتىش ئارقىلىق دومىلىتىپ ئېزىلىدۇ؛ يەنە بىرى يارغۇنچاق تېشىغا ئوخشاش دۈگ-لەك ياسالغان تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ياغاچتىن ئۇزۇن دەستە بېكىتىپ، دەستە ئارقىلىق تاشنى كۆتىرىپ قويۇپ بىرىش ئارقىلىق ئېزىلىدۇ.

(ئابدۇرىشات مۇساجان تۇغرۇل)

## §2. ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇم-سايمانلىرى

خوتەن رايونىدا قول ھۈنەر-سەنئىتى ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بىر قەدەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساش، ئىشلىتىش تارىخى، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن دېھقانچىلىق تۇرمۇ-شىغا ئۆتۈشلۈك ئۆتۈش تارىخى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچى-قىرىش سايمانلىرىنى ياساش ۋە ئىشلىتىش ئەنە ئۇ ئۇزاق تارىخى دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلى-رىنىڭ تۈرى كۆپ، ياساش مەشغۇلات تەرتىپى بىر قەدەر ئاددى، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، شەكلى چىرايلىق. خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇكسىز ئىزدىنىشى جەريانىدا بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى يې-ڭىلانغان، بىر قىسىملىرى ئىشلىتىلىشتىن قالغان بولىسىمۇ، لې-كىن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق جەريانىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

### 1. بۇغۇس (بۇقۇسا)

بۇغۇس يەر ئاغدۇرۇش، يەرگە ئۇرۇق سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى. بوغۇسنى مەخسۇس ياغاچچى ئۇستىلار كۆكۈل قويۇپ ياسايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى ئۇ-

رۈك ياغىچى بولۇپ، تەبىئىي تىك بۇلۇڭ شەكلىدىكى توم ئۈرۈك ياغىچى سىلىقلىنىپ تاپىنىنى يەرگە تەكشى تېگىدىغان، ئۈچى تەرىپى يەرگە چۆكۈشكە ماس ھالدا تەييارلىنىدۇ. ئۈستى تەرىپىگە ئايرىم تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. بوغۇسنىڭ يەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ياندۇ قىسمى بىلەن تىك قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھايۋان بىلەن بوغۇسنى بىرلەشتۈرىدىغان ئارغامچا چىگىش ئۈچۈن تۆشۈك تېشىلىدۇ. بوغۇسنىڭ تىك ياغىچىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇزۇنلۇقى 1.20سانتىمېتىر، ئاستى تاپانلىق تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ يەرگە چۆكىدىغان قىسمىغا تۆمۈردىن چىش سېلىنىدۇ. ئەمما بوغۇسنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى يەنىلا ياغاچ ئىگىلەيدۇ. ئۆرۈك ياغىچى بىلەن چىلان ياغىچىدىن باشقا ياغاچلاردا بوغۇس ياساشقا بولمايدۇ. چۈنكى بوغۇستا مەلۇم تەكشۈرۈلۈقنى ساقلايدىغان ئېغىرلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2. بويانلاق

بويانلاق ــ ياي شەكىللىك ئەگمە ياغاچ بولۇپ، قوشقا قاتقان ھايۋاننىڭ بويىنىغا سېلىنىدۇ. بويانلاقنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىپ (كەشكۈن) ئىككى تال ياغاچ ئورنىتىلىپ، ئىككى ئۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ چىگىش ئارقىلىق ئۆكۈز (ئۈي) نىڭ بويىنىغا ئورناشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بوغۇسغا چىگىلگەن ئاغامچىنىڭ ئىككى ئۈچى بويانلاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىگىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەر ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بويانلاقنى يۇمشاق تېرەك ياغىدىن ياساش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھايۋانلارنىڭ بويىنىنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بويانلاقنىڭ يەنە ھايۋانلارغا چۈشىدىغان كۈچ تەكشۈرۈلىقىنى ساقلاش رولىمۇ بار.

## 3. سەكسەنپۈت

سەكسەنپۈت ــ بۇغداي، شال ئەنجۇرلىرىنى يۇمشىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ياخشى يانچىش، يۇمشىتىش قورالى. سەكسەن پۇتنى مەخسۇس ياغاچچى ئۇستىلار ياسايدۇ. 50سانتىمېتىردىن

www.uyghurkitap.com



80سانتىمېتىرگىچە تومۇلۇقتىكى ئۆرۈك ياغىچىنى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەتراپىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئۆرۈك ياغىچىدىن چىش سېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىر تەرىپى خامادىكى موما ياغاچقا ئورنىتىلىدۇ. يەنە بىر تەرىپىگە ئارغامچا ئورنىتىپ ھايۋانغا (كالا-توپاق ياكى ئات-خېچىرغا)سۆرىتىدىغان قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ھايۋاننى ھەيدىگەندە سەكسەنپۇت خاماندا موما ياغىچنى چۆرىدەپ چەمبەرسىمان ئايلىنىش نەتىجىسىدە خامانغا تاشلانغان بۇغداي، شال ئەنجۈرلىرىنى يەنچىيدۇ، يۇمشىتىدۇ. سەكسەنپۇت ئىشلەتكەندە ھايۋان ھەم ئادەم كۈچىنى تېجىگىلى بولىدۇ.

### 4. سۆرەم

ئاغدۇرۇلغان، ئۇرۇق سېلىنغان يەرنى تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆرەم ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يوغان، توم ئۆرۈك ياغىچىنى ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، قېلىنلىقى 10سانتىمېتىر ئەتراپىدا ھەرىدەپ تەكشىلەپ، ئوتتۇرىسىغا ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئەپلىك قىلىپ ئوق ياغاچ بېكىتىلىدۇ. ئاندىن ئوق ياغاچىنىڭ ئۈچى تەرىپىگە ئارغامچا ئورنىتىلىدۇ. ھايۋاننى ئېتىز ئۈستىدە ماڭدۇرغاندا سۆرەمنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاغدۇرۇلغان يەر تەكشى تۈزلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇق سېلىنغان يەرگىمۇ سۆرەم ئىشلىتىلىدۇ.

### 5. تۇلۇق

تۇلۇق ــ بۇغداي، شال ئەنجۈرلىرىنى يانچىشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. تۇلۇق سەكسەنپۇتنىڭ چىش ئورنىتىلغان شەكلى بولۇپ ئىشلىتىلىشى، ياسىلىشى سەكسەنپۇت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

تۇلۇق، تاش تۇلۇق ۋە ياغاچ تۇلۇق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاش تۇلۇقنى تاشچى ئۇستىلار چوڭ قورام تاشلارنى يونۇش ئارقىلىق ياسايدۇ. تاش تۇلۇقنىڭ چىشى بولمايدۇ. لېكىن، ياساش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا قىر چىقىرىلىدۇ. تۇلۇقتا خامان يۇمشاتقاندا ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، بۇنداق تۇلۇقنى ياساشقا زور

كۆچ سەرپ قىلىنىشقا توغرا كەلگەچكە ئاز ساندا ياسىلىدۇ. ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ياغاچ تولۇقمۇ تاش تولۇقمۇ ھەر ئىككىسى ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## 6. تىرنا

تىرنا — باش باھار مەزگىلىدىكى كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى يۇمشىتىش، توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىپ كۆكلىيەلمەي قالغان مايسىلارنى توپا سىرتىغا چىقىرىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم دېھقانچىلىق سايمىنى.

تىرنا ياساشتا ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 30سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆرۈك ياغىچىنى سىلىقلاپ تەييارلاپ ئۇنىڭ بىر يۈزىگە تەكشى قىلىپ تۆشۈك ئېچىپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن چىش سېلىنىدۇ. ئىككى باش تەرىپىدىن ئارغامچا ئورنىتىشقا ماس قىلىپ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. ئۇ ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىياز كۈنلىرىدە كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىغا تىرنا سالمىغاندا بۇغداي تەكشى ئۆسمەيدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن تىرنا تۆمۈردىن ياسالغان، ھازىر ياغاچ تىرنا ئىشلىتىش ئىستېمالدىن قالدى.

## 7. ئارا

ئارا — بۇغداي دېنىنى ساماندىن ئايرىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى. يەنى يۇمشىتىلغان بۇلىنى شامال چىققان كۈنلىرى ئارا ئارقىلىق ئاسمانغا ئېتىپ سورۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئارا شەكىل جەھەتتىن ئادەمنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ. ئارىنىڭ باش قىسمى چىشلىرى باغجانلاپ ئۆسكەن يۇلغۇن نوتىسىدىن ياسىلىدۇ. ياغاچچى ئۇستىلار مەخسۇس تەييارلانغان يۇلغۇن شېخىنىڭ بىر تەرىپىنى كەڭ ئېچىلغان بارماق شەكلىدە تىزىپ بىر تەرىپىنى دەستىلىككە ئورنىتىدۇ. ئارا چىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تال توغرا ياغاچ قويۇپ، بۇقا چۈيىسى ياكى يۇمشۇتۇلغان ھايۋان تېرىسىنى تىلىپ دەستىلىك ۋە چىشلارنى مەھكەم چىگىپ چىگىتىدۇ. بىرەر ھەپتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ئارا ناھايىتى مۇستەھكەم قۇرۇيدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇغداي خامىنى ئېلىشتا ئۇنىڭ رولىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان.

## 8. تاماق

تاماق — ئېتىز، ئورمانلىق ۋە ھويلا ـ ئارانلاردىكى ھەر خىل ئەخلەت، چاۋا، غازاڭ، شاخ ـ شۇمبىلارنى بىر يەرگە يىغىشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. تاماقنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددى ئەمما ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، دېھقانچىلىقتا كەم بولسا بولمايدۇ. تاماق ياساستا ئادەمنىڭ بېلىكىدىن تومراق بولغان ئۇزۇن ـ لۇقى 70سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تېرەك ياغىچىنى تەكشىلەپ، ئاستى تەرىپىدىن تەكشى قىلىپ تۆشۈك تېشىلىپ،10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قىلىپ چىش سېلىنىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرىسىغا دەستە ــ ساپ بېكىتىلىدۇ. تاماققا ئادەتتە 15 ئەتراپىدا چىش سېلىنسا مۇۋا ـ پىق بولىدۇ (زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى مەيدانغا كەلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ تاماق يەنىلا ئۆز رولىنى يوقاتماي ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە).

## 9. زەمبىل

زەمبىل — مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى، بىر ئادەم كۆتۈرۈشكە ئەپسىز بولغان نەرسىلەرنى يۆتكەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەمنىڭ بىلىكىدەك تومۇلۇقتىكى ئىككى تال تېرەك ياغىچىنى ئاقلاپ ئىككى يەردىن چې ـ تىشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئادەم كۆتىرىشكە ئەپلىك قىلىپ قوراشتۇرۇلىدۇ. ئاستى تەرىپىگە تاختاي مىخلىنىپ يېرىم ساندۇق ھالىتىدە تەييارلىنىدۇ. ئۈستىنىڭ تۆت ئەتراپ گىرۋىكى 10سانتى ـ مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز قىلىنىپ توسۇلىدۇ. مەھەللىۋى ئوغۇتنى زەمبىلدە يۆتكىگەندە مەينەتچىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىر ئادەم ـ نىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى زەمبىلدە يۆتكىگەندە كۈچنى تې ـ جەپ قالغىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقى ـ رىش داۋامىدا زەمبىلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

غالتەك زەمبىل: غالتەك زەمبىل شەكلى ئۆزگىچە، ئىشلىتىش ـ

كە، قولايلىق بولغان بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى. غالتەك زەم-بىلنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى زەمبىلگە ئوخشاش. بىراق، غالتەك زەم-بىلنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشى بىلەن ئەمەس بەلكى چاق ئارقىلىق ئىتتىرىلىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. غالتەك زەمبىل-نىڭ ئالدى تەرىپى، ئالدىغا سەل ئېگىلىدىغان قىلىپ ئىككى تال يانتۇ ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. ئاندىن ئىككى ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاق بېكىتىلىدۇ. غالتەك زەمبىلنىڭ كەينى تەرەپتىكى ئىككى تال تۇت-قۇچتىن ئىتتىرگەندە چاقنىڭ ئايلىنىشى بىلەن غالتەك زەمبىل يېر-نىك ھەرىكەتلىنىدۇ. غالتەك زەمبىل ئىشلەتكەندە ئىككى ئادەم قى-لىدىغان ئىشنى بىر ئادەم قىلالايدۇ. غالتەك زەمبىل يەر تۈزلەشتە، توپا يۆتكەش، ئوغۇت يۆتكەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن (تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق يۆتكەش ـ توشۇش قورالىغا ئايلاندى).

## 10. كاجۇۋا

كاجۇۋا ـــ ھايۋان كۆچىدىن پايدىلىنىپ نەرسە ـ كېرەك يۆت-كەشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

كاجۇۋانىڭ شەكلى تۆت بۇرجەك ساندۇقسىمان بولىدۇ. كاجۇۋى-نىڭ ئاستى ھەم ئۈچ تەرىپى تاختاي بىلەن تۇسۇلىدۇ. ئىككى دانە كاجۇۋانى ئارغامچا بىلەن چېتىپ ھايۋان ئۈستىگە ئارتىپ ئىشلەت-كەندە، بىرى ئېغىر نەرسىلەرنى ھايۋان كۆچىدىن پايدىلىنىپ يۆت-كەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، يەنە بىرى ئادەم كۈچىنى تېجەپ قالغىلى، ئىش ئۈنۈمىنىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، كاجۇۋا ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالدى.

## 11. كانتا

كانتا— ئادەم ۋە ھايۋان كۆچىدىن پايدىلىنىپ ئېغىر نەرسىلەر-نى يۆتكەشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلىك سايماندۇر. كانتىنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ئادەمنىڭ بىلىكىدەك توملۇقتىكى تۆت تال ياغاچنى 60سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەك-لىدە قوراشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنى تىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ يەنە 50 ساذ-

www.uyghurkitap.com



تىمبىتىر ئۈزۈنلۈقتا ئىككى تال ياغاچ بېكىتىلىدۇ. بۇ ئىككى تال ياغاچنىڭ ئاستى تەرىپىگە يانتۇ شەكىلدە ئىككى تال دېيەك سېلىنىدۇ. بۇ ئىككى تال دېيەك خاس كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. كانتىنىڭ ئىككى باش تەرىپىگە ئارغامچا ئورنىتىلىدۇ. كانتىنى ئادەم دۈمبىسىگە تېڭىپ ئارغامچىسىنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ، قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگىپ ئۈستىگە تاش، خىش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يۆتكەيدۇ. كانتىدا قولدا يۆتكەش مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرنى ئاسان يۆتكىگىلى بولىدۇ. كانتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ــ، 70 ـ يىللىرى سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا قورام تاشلارنى توشۇشتا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن (ماتورلۇق يۆتكەش، توشۇش قوراللىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، كانتا ئۆز رولىنى تامامەن يوقاتتى).

## 12. تۇقۇناق

توقوناق ــ ياغاچتىن ياسالغان ئىلمەك بولۇپ، ئارغامچا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى توقوناققا چىگىلىدۇ. توقوناق ئۆرۈك ياغىچىنىڭ تەبىئىي ئېگىلگەن قىسمىدىن تەييارلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ جاڭگالدىن ئوتۇن يۆتكەپ كېلىش، ئېتىزدىن چىققان شاخ شۇمبىلارنى يۆتكەش قاتارلىقلاردا توقوناقنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

ئارغامچىنى توقۇناقتىن ئۆتكۈزۈپ تارتقاندا تولۇق چىگىلىدۇ، ئاسان بوشاپ كەتمەيدۇ (ئارغامچىغا تۆمۈر ئىلمەك ئورناتقاندا ئۇنداق چىگىتىش مۇمكىن بولمايدۇ). ئۆرۈك ياغىچى مۇستەھكەم، قاتتىق ھەم سىلىق بولغاچقا ئارغامچا ئاسان يۈرىشىدۇ. توقوناقنىڭ ئورنىنى تۆمۈر ئىلمەك ئالغان ھەم ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كىچىكىيتىلگەن بولسىمۇ، ياغاچ توقوناق ئىشلىتىش دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا ھېلىمۇ كەڭ دائىرىدە ساقلىنىپ قالغان.

## 13. شامال ساندۇقى

شامال ساندۇقى ــ بۇغداينى ساماندىن ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان

ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى. بوغداي خامىنى ئاساسەن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىنىدۇ. شامال چىقمىسا بوغداي خامىنىنى ئالغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياغاچچى ئۇستىلار قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى شامال ساندۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان.

شامال ساندۇقىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، ياسىلىش جەريانى مۇرەككەپ. ئايلانمىسى 35سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئىككى تال تېرەك ياغىچىنى رەندىلەپ سىلىقلاپ، ئارىلىقىنى بىر مېتىر ئەتراپىدا قىلىپ ياغاچنى ئىككى ئورۇندىن چېتىپ، ئاستى تەرىپىگە 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تۆت تال پۇت سېلىنىدۇ. ئاندىن تاختاي بىلەن دۇمباق شەكلىدە چوڭ ساندۇق ياسىلىپ ئىككى تال چوڭ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلىدۇ. ساندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا لىم شەكىللىك تۆمۈر ئوق بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ تۇتقۇچى ساندۇقنىڭ سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. دۇمباق شەكىللىك ساندۇقنىڭ ئاستى تەرىپىگە بىرسى ئوڭ، بىرسى سول تەرەپكە قارىتىلىپ گۈرجەك شەكىللىك ئىككى تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ساندۇقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئاستى تەرىپى تار، ئۈستى تەرىپى كەڭ قىلىپ يەنە بىر ساندۇق ئورنىتىلىدۇ. بىر ئادەم قولى ئارقىلىق تۆمۈر ئوقنى ئايلاندۇرىدۇ. ئوقنىڭ ئەتراپىغا تەكشى قىلىپ قانات بېكىتىلگەن بولغاچقا، ئوقنى ئايلاندۇرغاندا قاناتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كۈچلۈك شامال ھاسىل بولىدۇ. ئۈستى تەرەپكە ئورنىتىلغان ساندۇققا بوغداينى تۆكسە شامالنىڭ تەسىرىدىن ئاستى تەرەپكە ئورنىتىلغان ئىككى تۆشۈكچىنىڭ بىرىدىن ساپ بوغداي، بىرىدىن سامان ئايرىلىپ چۈشىدۇ. ساندۇقنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورنىتىلغان ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچ شامال ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ شامال ساندۇقنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ھەم شامال ساندۇقىنى يۆتكەشتە ئىشلىتىلىدىغان قىسمى. شامال ساندۇقى ئىشلىتىشكە ئەپلىك. ئەمگەك ۋاقتى ھەم ئەمگەك كۈچىنى زور دەرىجىدە تېجەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان، ئۇ ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ زور ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 14. كۆيگەك (ياغاچ گۈرجەك)

كۆيگەك — بۇغداي، قوناق شامال ۋە مايلىقدان خامانلىرىدىكى پاكىزلانغان چەشلەرنى سۈرۈش، يۆتكەش، قاچىلاشقا ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى. ئۇنىڭ شەكلى ھازىرقى تۆمۈر گۈرجەككە سەل ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن شەكلى بىر ئاز ئۆزگىچە. گۈرجەكنىڭ گىرۋىكى بولمايدۇ. بىراق كۆيگەكنىڭ ئۈچ تەرىپىدە گىرۋىكى بولىدۇ. كۆيگەك ئىككى ـ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىر خىلى خاس چەشلەرنى سۈرۈش، يۆتكەشكە ئىشلىتىدىغىنى. ئۇنىڭ سېپى بولىدۇ. سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر گۈرجەككە ئوخشاش. يەنە بىر خىلى مەخسۇس چەشلەرنى قاپلارغا قاچىلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سېپى بولمايدۇ. بىر خىل كۆيگەكنىڭ ئۈچ تەرىپىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۇتقۇچى بولىدۇ. بۇ خىل كۆيگەك ئون زاۋۇتلىرىدا، ئاشلىق ئامبارلىرىدا، تۈگمەنلەردە ھېلى ھەم ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئەڭ بۇرۇن كۆيگەكنى دېھقانلىرىمىز خامان ئېلىشتا ئىشلەتكەن، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن.

## 15. غەلۋىر

غەلۋىر — ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قەدەم قويغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان دان ئايرىش قورالى.

غەلۋىر دانلىق ئاشلىقنى پاكىزلاش، داننى پاخالدىن، توپىدىن ئايرىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، غەلۋىر ياساشقا خاس تېرەك ياغىچىنى 15سانتىمېتىر كەڭلىكتە، بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تىلىپ چەمبەر شەكلىدە ئېگىلىدۇ. قاسقاننىڭ ئاستى تەرىپىدىن قاتار ئارىلىقنى يېقىن قىلىپ تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاندىن ئۆچكە تېرىسىنىڭ توكىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ ئىنچىكە تىلىپ ئىشىپ، ئىككى تەرەپتىن توقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھازىرقى سىم تور شەكلىدە توقۇلىدۇ. ئارقىدىن يەنە ئىنچىكە تىلىنغان ياغاچتا كىرپىكسىمان زەيلىك مىخلىنىدۇ. غەلۋىر ياسىلىپ بولغاندىن كې-

يىن، ئاپتاپقا سېلىپ قويسا تىرە قۇرۇپ مۇستەھكەم چىڭىيدۇ. ئۇ-نى تۆت بەش يىل يېڭى ھالەتتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. غەلۋىرنىڭ تۆشۈكچىسى كىچىك بولىدۇ (غەلۋىر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پاكىزلاشتا ھازىرمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە).

## 16.تەڭكەش

تەڭكەشنىڭ ئىشلىتىلىشى، ياسىلىشى، خام ماتېرىيالى، شەكىل جەھەتلەردىن غەلۋىر، ئۆتكەمە بىلەن ئوخشاش. بىراق، تەڭكەشنىڭ تۆشۈكچىسى غەلۋىرنىڭكىدىن چوڭراق، ئۆتكەمىنىڭكىدىن كىچىك-رەك بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ غەلۋىر ھەم ئۆتكەمىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ بۇغداي، قۇناق قاتارلىقلار دېنىنىڭ دانلىق ھەم ئۇششاقلىرىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇغداي خامىنى ئېلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ (تەڭكەش ھازىرمۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقى-رىشتا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە).

## 17. ئۆتكەمە

ئىشلىتىلىش، ياساش، خام ماتېرىيال شەكىل جەھەتتىن غەل-ۋىرگە ئوخشايدۇ. بىراق ئۆتكەمىنىڭ تۆشۈكچىسى چوڭ بولىدۇ. ئۆتكەمە بۇغداي، قۇناق، زىغىر، زاغۇن، كەندىر قاتارلىقلارنى پاخال-دىن ئايرىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ (ئۇ ھازىرمۇ دېھقانچىلىقتا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە).

## 18. ئەلگەك

ئەلگەك — غەلۋىر، تەڭكەش، ئۆتكەمىنىڭ نەفىسلەشتۈرۈلگەن، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تۈرمۇش بۇيۇمى. ئەلگەكنىڭ خام ماتېرىيالى، ياسىلىش ئۇسۇلى، شەكلى غەلۋىرگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئەلگەك خاس ئۇن تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۆ-شۈكچىسى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇن تاسقايدىغان تىغى خاس يىپەكتىن توقۇلغان رەختتىن تەييارلىناتتى. ئەجدادلىرىمىز بۇغداي، قۇناقنى تۈگمەندە تارتقاندىن كېيىن، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېپىكىنى ئايرىۋېتىپ ساپ ئۇن قىسمىنى ئىستېمال قىلىغان. ھازىرقى ئۇن تارتىش زاۋۇتلىرىغا ئورنىتۇلغان ئەلگەكلەر ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئەلگەكنىڭ ئۆزگەرتىلگەن بىر خىلى (ياغاچتىن ياسىلىدىغان ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەلگەك ھازىرمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئائىلىلىرىدە ئاز ساندا ئىشلىتىلمەكتە).

(مەتتۇرسۇن ھەسەن)

## §3. تۆمۈردىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش بويۇم- سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

تۆمۈر- ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ماددا بولۇپ، ئىنسانلار تۆمۈرنى بايقاپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، مىس قوراللار دەۋرى (ياكى بىرونزا دەۋرى)دىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. تۆمۈرنىڭ بايقىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنە بىر پەللە يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. تۆمۈر تاۋلاش ئاساسىدا قۇيمىچىلىق ۋە تۆمۈرچىلىك كەسپى بارلىققا كېلىپ، تۆمۈر قوراللار مىس ۋە تاش قوراللارنىڭ ئورنىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، مىس ۋە تاشتىن ياساش ئىمكانىيىتى بولمىغان باشقا قوراللارنىڭ ياسىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

خوتەن بوستانلىقىدىكى ھەرقايسى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان تېپىلمىلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆپ قىسىم مەدەنىيەت ئىزلىرىدا تاش، مىس ۋە تۆمۈر قورال-سايمانلار بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ۋادىدا بۇ ئۈچ خىل بۇيۇم-سايمانلارنى بىرلىكتە ئىشلىتىش دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆمۈرنىڭ بايقىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى، تاش قورال ۋە مىس قوراللارنى چەتكە قاقمىغان. ھەممىسى ئۆز لايىقىدا داۋاملىق ئىشلىتىلگەن ۋە ئىشلىتىلمەكتە.

## 1. تۆمۈرچىلىك ۋە تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى

دۇنيا ئالىملىرى «تۆمۈر بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن مىسىردا بايقىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان»،دەپ قارايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «لىيېزى. تاڭنىڭ سوئالى» (列子汤问) دېگەن كىتابتا: «جۇۋاڭ غەربىتىكى تۇرالار (روڭلار) ئىلگە بارغاندا، تۇرالار قاراقۇرۇم شەمشىرى ھەدىيە قىلغان بولۇپ، بۇ شەمشەر قاشتېشىنى خۇددى لاينى كەسكەندەك كېسەتتى»، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى قاراقۇرۇم ۋادىسىدا قاشتېشىنى «لاينى كەسكەندەك كېسىدىغان» ئۆتكۈر شەمشەر بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۇ شەمشەر ياسالغان ماتېرىيالنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇنى پەقەت پولاتتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقىلا بولىدۇ. چۈنكى قاتتىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى پولاتلا قاشتېشىنى كېسەلەيدۇ. خوتەن رايونىدىكى نىيا خارابىسى، يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۆمۈر قورال پارچىلىرى، تۆمۈر ئوقبېشى، تۆمۈر نەيزە قاتارلىق قوراللار تېپىلغاندىن باشقا، تۆمۈر تاۋلاش پېچىنىڭ ئىزى، تۆمۈر تاۋلاشقا ئىشلىتىلگەن چۆمۈچ، تۆمۈر پوقى قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشى، بۇ ۋادىدا تۆمۈر تاۋلاش، ئىشلىتىش تېخنىكىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خوتەن ۋادىسىدا تۆمۈر باشقا ۋادىلاردىكىگە ئوخشاشلا پولات، تۆمۈر، چويۇن قاتارلىق ئۈچ تۈرگە ئايرىلىسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاتالغۇسى باشقا رايونلاردىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. يەنى پولات «قويۇچ» دەپ، چويۇن «ئەبجۇش» دەپ ئاتالغان. تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قاڭالتىر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى تۆمۈر — «قارا تۆمۈر»، قاڭالتىر «ئاق تۆمۈر» دەپ ئاتالغان، ھەم تۆمۈرچىلىك كەسپىمۇ تۆمۈرچىلىك ۋە تۇنكاسازلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. تۆمۈرچىلىك — ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىكنى، تۇنكاسازلىق — قاڭالتىردىن تۈرلۈك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇيۇم ياساشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنكاسازلىقنىڭ تارىخىي قىسقا، مىللىي خاسلىقى ئاز .

ئاساسلىق تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1)ئوچاق: تۆمۈرچى ئوچىقى مىسكە ئوچىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۆت تەرىپى ئوچۇق، ئويمان شەكىللىك، ئاستىدىن كۆرەك بىلەن پۈۋلەيدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ، ئوچاقنىڭ مەركىزىگە شالا ئورنىتىپ، ئەتراپى شور ياكى سېغىز بىلەن چاپلاپ ياسىلىدۇ. كۆرەك ئېغىزى نوكاچ ئارقىلىق ئوچاقنىڭ تىگىگە تۇتاشتۇرىلىدۇ. ئوچاققا ئوت يېقىپ، دەرەخ كۆمۈرى سېلىپ، كۆرەك بىلەن پۈۋلەش ئارقىلىق كۆيدۈرۈپ، تۆمۈر شۇ ئوتتا قىزدۇرۇلۇپ، قىزارغاندىن كېيىن ئېلىپ سوقۇش ئارقىلىق تۈرلۈك قورال- سايمانلار ياسىلىدۇ.

2)كۆرەك: كۆرەك ـــ يەل چىقىرىش ئارقىلىق ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەشكە ئىشلىتىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، قەدىمىي تۈرك تىلىدا «كۆرۈك» دېيىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، باسما كۆرەك، يەنە بىرى چۆرۈمە كۆرەك. باسما كۆرەك تۇلۇمدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. قوي، ئۆچكە تېرىسى تۇلۇمچىلاپ سويۇلغاندىن كېيىن ئاشلاپ، پۈتى تۇلۇم شەكىللىك بوغۇلىدۇ، قوساق قىسمىغا تاسما بېكىتىلگەن ئىككى تال ياغاچ ئورنىتىپ، ئېغىز قىلىنىدۇ. ياغاچ ھەم قىسقۇچ، ھەم تۇتقۇچلۇق رولىنى ئوينايدۇ. بويۇن قىسمىغا نوكەچ بېكىتىلىدۇ. كۆرەكنىڭ قوساق قىسمىغا بېكىتىلگەن ئىككى ياغاچتىكى تاسمىنى قولغا ئۆتكۈزۈپ، ياغاچلارنى كېرىپ تۇرۇپ كۆتۈرگەندە كۆرەك ئىچىگە ھاۋا كىرىدۇ. ياغاچنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ كۆرەكنى باسقاندا، كۆرەك ئىچىدىكى ھاۋا سىقىلىپ، نوكەچ ئارقىلىق سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ، ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەيدۇ. چۆرۈمە كۆرەك پۈشتەك شەكىللىك بولىدۇ. كاسا شەكىللىك ياسالغان ياغاچ ياكى مېتال قۇرۇلمىنىڭ ئىككى يېنىدىن بەلگىلىك جاينى ئوچۇق قويۇپ، ئوتتۇرا قىسمىغا توغرىسىغا ھەركەتچان ئوق بېكىتىلىپ، ئوق گەۋدىسىگە ئۈچتىن بەشكە قەدەر پالاق (يەلپۈگۈچ) ئورنىتىپ، ئايلانما گەۋدىسىنىڭ مەلۇم جايىدىن تۆشۈك ئېچىپ، شامال ئۆرۈش يۆنىلىشىدە نوكەچ بېكىتىپ ياسىلىدۇ. ئايلانما ئوق-

ىنىڭ بىر ئۇچىنى سىرتقا ئۇزۇنراق چىقىرىپ، بۇ ئۇچىغا كىچىك چاق بېكىتىلىدۇ. كۆرەكتىن بەلگىلىك يىراقلىقتا ئىككى قوزۇق ئورنىتىپ، ئوزۇققا چوڭ چاقتىن بىرنى ئورنىتىپ، چوڭ چاق ئوقىنىڭ بىر تەرىپىگە ئايلاندۇرغۇچ دەستە بېكىتىپ، كۆرەكنىڭ كىچىك چاقىغا تاناپ تارتىپ، چوڭ چاقنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كۆرەكنى ئايلاندۇرۇپ شامال ھاسىل قىلىنىدۇ. شامال قويۇلغان نوكەچ ئارقىلىق ئوچاقتىكى ئوتنى پۈلەيدۇ. خوتەن شېۋىسىدە ئوچاق ۋە كۆرەكنى بىرلەشتۈرۈپ «دۇكان» دەپ ئاتايدۇ.

3)سەندەل: بۇ تۆمۈرنى سوقۇشتا قىزدۇرۇلغان تۆمۈرنى قويىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، چوڭ سەندەل كۆتەك شەكىللىك ، ئۈستى تەرىپى كەڭرەك، يۈزى دۆمبەلرەك قىلىپ ياسىلىدۇ. ئاستى تەرىپى كىچىك ۋە چاسا ياسىلىپ، چوڭ دەرەخ كۆتىكىنى يەرگە يېرىم كۆمۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆتەك ئۈستىدىن سەندەلنىڭ ئاستى قىسمى پاتقۇدەك كاتەك ئويۇلۇپ، شۇ كاتەككە بېكىتىلىدۇ. ئوچاق بىلەن سەندەل يېقىن ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. سەندەلنىڭ ئوچاققا ئوڭ كېلىدىغان تەرىپىگە كاتەك كولىنىپ، تۆمۈرچى پۇتىنى كاتەككە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلىدۇ. كىچىك سەندەل T شەكىللىك بولۇپ، ئۈستىنىڭ بىر تەرىپى ئۇچلۇق، بىر تەرىپى ياپىلاق، تېگى تەرىپى ئۇچلۇق ياسىلىپ، كۆتەككە قېقىپ ئورنىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈر چوڭ سەندەلدە سوقۇلۇپ، ياسىلىدىغان بۇيۇمنىڭ ئاساسى گەۋدىسى شەكىلگە كىرگەندىن كېيىن، كىچىك، نازۇك تەرەپلىرى كىچىك سەندەلدە سوقۇلىدۇ.

(4)بازغان: تۆمۈر سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈرچى بازغىنىنىڭ شەكلى تۆمۈرچى بولقىسى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى بولقىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ۋە ئېغىر بولىدۇ. ھازىرقى تۆمۈرچىلەر ئىشلىتىۋاتقان بازغان باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان بازغان بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى بازغانلار ئىستېمالدىن قالدى.

5)بولقا: چوڭ- كىچىك بىرنەچچە خىل بولىدۇ. چوڭلىرى ۋە ئوتتۇرانچىلىرى بىر پارچە توم ۋە ئۇزۇنچاق تۆمۈر چاسا شەكىللىك

www.uyghurkitap.com



سوقۇلۇپ، بىر ئۇچىدىن چوڭ تۆشۈك ئېچىلىپ، ياغاچتىن دەستە بېكىتىپ ياسىلىدۇ. كىچىكلىرى بىر تەرىپى ياپىلاق ۋە ئۇچلۇق، يەنە بىر تەرىپى توم ھالەتتە سوقۇلغان تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ ياغاچ دەستە بېكىتىپ ياسىلىدۇ. بازغان ۋە چوڭ بولقا بىلەن سوقۇلۇپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن تۆمۈر، كىچىك سەندەلدە ئارا بولقىلار بىلەن تېخىمۇ شەكىلگە كىرگۈزۈلىدۇ، كىچىك بولقىلاردا نازۇك ۋە ئىنچىكە يەرلىرى سوقۇلىدۇ.

6)قىسقاچ: بۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمىي تۈرك تىلىدىكى «قىسغاچ» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشىدىن ھاسىل بولغان. قىسقاچ باشقا رايونلاردا «لاخشىگىر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پارس تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «لاخشا» چوغ دېگەن مەنىدە، «گىر» تۇتقۇچ دېگەن مەنىدە. قىسقاچ ئاساسلىقى قىزدۇرۇلغان تۆمۈرنى ئوچاقتىن ئېلىش، سوقۇش جەريانىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈرچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قىسقاچ ئائىلىلەردە، ناۋايلىق، ئاشپەزلىكتە ئىشلىتىدىغان قىسقاچتىن پەرقلىق بولىدۇ. تۆمۈرچىلىككە ئىشلىتىدىغىنىنىڭ ئۇچى ئەگمە شەكىللىك، ياپىلاق قىلىپ، چوڭ- كىچىك تۆمۈرلەرنى قىسىش ۋە تۇتۇشقا ماسلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. ھەم سوقۇلىدىغان بۇيۇمغا ماس كېلىدىغان باشقا شەكىللىرىمۇ بولىدۇ.

(7)قەلەم: تۆمۈر كېسىش ۋە تۆشۈك ئېچىشقا ئىشلىتىدىغان چوڭ- كىچىك ھەر خىل بولىدۇ. ئۇزۇن، توم تۆمۈرنىڭ بىر تەرىپى ياپىلاق ئۇچلىنىپ ياسالغىنى تۆمۈر كېسىشكە، ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغىنى تۆشۈك تېشىشكە ئىشلىتىلىدۇ. كىچىك تۆمۈرلەرنى كېسىشكە بىر تەرىپىنى ياپىلاق، بىر تەرىپىنى ئۇچلۇق قىلىپ ياساپ، ئۇچلۇق تەرىپىنى سەندەل كۆتىكىگە قېقىپ قويۇپ، تۆمۈرنى قويۇپ ئۈستىدىن بولقا بىلەن ئۇرۇپ كېسىشكە ئىشلىتىدۇ. ئەڭ چوڭ قەلەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ. تۆشۈك ئاچىدىغان قەلەممۇ ئېچىلىدىغان تۆشۈكنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت توملۇقى ۋە ئۇچىنىڭ ئۇچلىنىش دەرىجىسى پەرقلىنىدۇ. تۆشۈك ئېچىش مەشغۇلا-

تىمۇ تۆمۈر كېسىش مەشغۇلاتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

8) **زىخ:** بۇ بىر ئۇچىدىن تۇتقۇچ چىقىرىلغان، بىر ئۇچىدىن ئىلمەك چىقىرىلغان ئۇزۇن، ئىنچىكە تۆمۈر بولۇپ، ئاساسەن ئوچاقتىكى ئوتنى چوخچىلاش ۋە چوغلارنى يىغىش، تۆمۈرنى چوغ بىلەن كۆمۈش مەشغۇلاتىغا ئىشلىتىلىدۇ.

9) **تەگلە:** خوتەن شېۋىسىدە «تەگلە» دېيىلىدۇ. بۇ ئىچىگە سۇ چىگقاپ ، قىزىق تۆمۈرلەرنى چۆكۈرۈپ سۇۋۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىزىق تۆمۈرنى سۇغا چۆكۈرۈشتىن مەقسەت بىرى، پۈتكەن بۇيۇملارنى سۇۋۇتۇش، يەنە بىرى تۆمۈرنىڭ چىڭلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش بولۇپ، بۇنداق سۇغا چىلاش «سۇغىرىش» دېيىلىدۇ. بۇيۇم ئاساسەن پۈتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن سۇغىرىپ، بىر تەرەپتىن سوقۇپ پۈتكۈزىدۇ. سۇغىرىش پىچاقچىلىقتا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## 2. تۆمۈردىن ياسالغان ئەمگەك سايمانلىرى ھۈنەر-سەنئىتى

تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇم- سايمانلار، كۈندىلىك تۇرمۇشتىن باشلاپ تۈرلۈك ھۈنەر- كەسىپلەرگىچە ھەممە ساھەدە ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈردىن ياسالغان ئەمگەك قوراللىرى دېھقانچىلىقتا نىسبەتەن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قوراللار «دېھقانچىلىق قوراللىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قوراللار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) كەتمەن: كەتمەن پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئەمگەك قورالى. «كەتمەن» سۆزى قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «كەس+ مان» سۆزلىرىدىن بىرىكىپ ياسالغان. «كەس» سۆزى «كېسىش، توغراش، چېپىش» دېگەن مەنىدە، «مان» سۆزى «يەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «يەر چېپىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»غا «كەتمەن» دەپ كىرگۈزۈلگەن. كەتمەن ھەممە رايونلاردا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن كەتمەننىڭ ياسىلىش شەكلىدە رايونلار ئارا ئازراق پەرق بار. خوتەن رايونىدا ئىشلىتىلىدىغان كەتمەن نىسبەتەن دۈگىلەك ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ جىسمانى كۈچ- قۇۋۋىتىگە ئاساسەن چوڭ- كىچىك بولىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە كەتمەننىڭ چوڭ كىچىكلىكى سەر ھىساۋىدا ئايرىلغان. دېھقانلار ئىشلىتىدىغان كەتمەننىڭ ئەڭ چوڭلىرى 85

www.uyghurkitap.com



سىر، ئالاھىدە كۆچتۈگۈر كىشىلەر ئىشلىتىدىغىنى 100 سىر ئەترا-
پىدا بولغان. شۇڭا دېھقانلار ئارىسىدا «85 سەرلىك كەتمەننى چېپ-
پىش» سۆزى جاپالىق ئەمگەككە قارىتىلغان ئىدىيوم بولۇپ قالغان.

تۆمۈرچىلىكتە كەتمەن سوقۇش كەسپلەشكەن بولۇپ، مەخسۇس كەتمەن سوقىدىغان داڭدار ئۇستىلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار مەلۇم بەلگىنى ئۆزلىرىنىڭ تاۋار ماركىسى قىلىپ، كەتمەن قۇلىقى (دەستىلىنىدىغان تۆشۈك)نىڭ تۆۋەن قىسمىغا بېسىپ ئىشلەتكەن. بۇ خىل تامغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ قالغان. كىشىلەر تامغىغا قاراپ «پالانچى ئۇستام سوققان كەتمەن» دەپ تونىغان. ئۇستىلار يات ئۇرۇقتىن شاگىرت قوبۇل قىلىپ ھۈنەر ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا تامغىسىنى بەرمىگەن، تامغا پەقەت ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتلىرىگە مىراس بولۇپ قالغان. يېقىندىن يېتىشىپ چىققان ئۇستىلار ئۆز ئالدىغا تامغا شەكىللەندۈرۈپ ياكى ئۇستىلىرىنىڭ تامغىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قوللانغان.

كەتمەن ھەرقانداق ئادەم ئىشلىتەلەيدىغان، كەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ ئاددى ۋە نۇرغۇن ئىشقا ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئەمگەك قورالى بولغاچقا، كەتمەنگە مۇناسىۋەتلىك ئاز بولمىغان ماقال- تەمسىل ۋە قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: «زاغرىدىن تۆۋەن غىزا يوق، كەتمەندىن تۆۋەن جازا يوق»، «ئىش بىلمىگەن دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ۋاي». قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

*چېقىل ئاقىسقا ئۆتكەندە،*
*ئاتا بىلەن ئانا يوقكەن.*
*بۇغداي- قوناق بەش تەڭگە،*
*كەتمەندە ھونە يوقكەن.*

*كەتمەننى ئالاي يارىم،*
*ئۆشنەمگە سالاي يارىم.*
*توشقان زەدىكى كولاپ،*
*ساڭا تويلۇق ئالاي يارىم.*

*ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ،*
*ئۆشنەڭدىكى كەتمەنمۇ.*
*ناخشا ئېيتسام يىغلايسەن،*
*سەنمۇ مەندەك دەرتمەنمۇ؟*

*كەتمىنىم ياغاچ دەستە،*
*چاپىمەن ئىگىز- پەستە.*
*يارىم ھەزەر ئەيلىسۇن،*
*دۈشمەن يۈرىدۇ قەستە.*

**2) گۆرجەك:** قەدىمىي دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئەمگەك قورالى بولۇپ، ئۇ «گۆرزە» دەپ ئاتالغان جەڭ قورالىنىڭ شەكلىدە ياسالغان ئەمگەك قورالى بولغاچقا، «گۆرزە» سۆزىگە كىچىكلىتىش- ئەركىلىتىش قوشۇمچىسى «زەك»نىڭ ئۇلۇنۇشى بىلەن «گۆرزەك» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «گۆرجەك» بولۇپ قالغان. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇم تۇپراق بولۇپ، كەتمەن ئىشلىتىشكە ئەڭ قولاي بولغاچقا گۆرجەك كەتمەندەك كەڭ ئومۇملىشالمىغان. ھەتتا بەزى رايونلاردا بىر دەۋر ئىشلىتىشتىن قېلىپ، 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن ۋە خەنزۇچە ئاتالغۇ بويىچە «تىشاڭ» دەپ ئومۇملاشقان.

**3) ئوغاق:** سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى ئوروش- يىغىشتا ئىشلىتىدىغان سايمان بولۇپ، تاشتىن، مىستىن، تۆمۈردىن ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن. خوتەن رايونىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قاشتېشى ئوغاق ۋە تاش ئوغاقلار بىر جەھەتتىن ئەجدادلىرىمىز ئوغاقنى خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ رايوندا دېھقانچىلىقنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئوغاق قەدىمىي تۈرك تىلىدا «ئورغاق» دەپ، قەدىمىي ئارغۇ تىلىدا «باشتار» دەپ ئاتالغان.

خوتەن رايونىدا ئوغاق ھىلال ئاي شەكىللىك سوقۇلۇپ، ئۈجمە ياغىچى ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن تۇتۇشقا ئەپلىك، قولدىن سېرىلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان قىلىپ دەستە ئورنىتىلىپ ياسىلىدۇ. ئوغاق بۇغداي، زاغۇن، قىچا، ئارپا ... قاتارلىق دانلىق زىرائەت ۋە مايلىقدانلارنى ئوروشتىن باشقا، بېدە، قومۇش ۋەباشقا ئوت- چۆپلەرنى ئوروشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئوغاقنى كەتمەن سوقىدىغان ئۇستىلار ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، چوڭ- كىچىك قىلىپ ھەر خىل سوقىدۇ. خوتەن ئوغىقىنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولغاچقا، گۈزەل قىزلارنىڭ ئەگىم- ئەگىم قاشلىرىنى ئوغاققا ئوخشىتىپ «ئوغاقتەك ئەگمە قاشلىق» دەپ تەسۋىرلەش ئومۇملاشقان. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇلاردىن نەپ ئېلىشقا ماھىر كىشىلەر «ئوغاقتەك ئادەم» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇشامەت قىلىپ ئىگىلىشلىرى ئوغاق-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



نىڭ ئەگمىسىگە ئوخشىتىلغان بولسا، نەپ ئىلىشقا ماھىرلىقى ئو-غاقنىڭ زىرائەت ئورۇشىغا ئوخشىتىلغان.

4) ئوتىغۇچ: زىرائەتلەرنى ئوتاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بو-لۇپ، قەدىمدە تاشتىن، مىستىن، تۆمۈردىن ياساپ ئىشلىتىلگەن. خوتەن رايۇنىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قاش-تېشى ئوتىغۇچ ۋە تاش ئوتىغۇچلار، ئوتىغۇچنىڭ ئىجاد قىلىپ ئىشلىتىلگەن دەۋرىنىڭ ئوغاق بىلەن ئاساسەن تەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئوتىغۇچ كىچىك ئوتىغۇچ، ئوغاق شەكىللىك ئوتىغۇچ ۋە دەس-تىلىك ئوتىغۇچ دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. كىچىك ئوتىغۇچ چاسا شەكىللىك تۆمۈرنىڭ بىر تەرپىنىڭ بىسى چىقىرىلىپ، بىسىنىڭ قارشى تەرپىگە دەستە (ساپ) چىقىرىپ، دەستىنىڭ ئۇچىغا ياغاچ-تىن توغرىسىغا تۇتقۇچ ئورنىتىپ ياسىلىدۇ. بۇ ئوتىغۇچنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىسى بولۇپ، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قاشتېشى ۋە تاشتىن ياسالغان ئوتىغۇچلار مۇشۇ شەكىلدە ياسالغان. ئوغاق شەكىللىك ئوتىغۇچ، ئوغاق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە شەكلى ئوغاققا ئوخشىسىمۇ، ئوغاقتىن خېلىلا كىچىك بولىدۇ. ئال-دى- كەينى ئىككىلا تەرپىگە بىس چىقىرىلىپ، ئىتتىرىش ۋە تار-تىش ھەركىتى ئارقىلىق ئوت ئېلىنىدۇ. دەستىلىك ئوتىغۇچ كەتمەن ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شەكلى كەتمەن بىلەن ئوخشاشلىد-رىمۇ، تىغ قىسمى كىچىك ئوتىغۇچ شەكلىدە ياسىلىپ، دەستىسى ئۈستىگە ئېگىلىپ، ياغاچتىن ساپ ئورنىتىلغانلىرىمۇ بولىدۇ. تىغى كەتمەندىن خېلىلا كىچىك بولۇپ، زىچ تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تاپ ئارىسىغا سىلىپ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ خىل ئوتىد-غۇچ بىلەن كەتمەن ئىشلەتكەندەك ئۆرە تۇرۇپ مەشغۇلات قىلىپ، يەرنى قىرىش ئارقىلىق ئوت- چۆپلەر يىلتىزىدىن كېسىپ ئوتىلىد-دۇ. ئالدىنقى ئىككى خىل ئوتىغۇچتا ئوتاش بىلەن ئوت- چۆپلەرنى يىغىۋېلىش بىرلەشتۈرۈلىدۇ. كېيىنكى ئوتىغۇچتا ئوتنى قىرىپ يوقىتىش ۋە يەرنى بوشىتىش ئاساس قىلىنىدۇ.

5) **تىرنا:** خوتەن شىۋىسىدە «تاماق» («تا» بوغۇمى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دېيىلىدۇ. ئۇ ئاغدۇرۇلغان يەرلارنى تاتىلاپ، بىر جەھەتتىن يەرنى تۈزلەش، يەنە بىر جەھەتتىن ئوت- چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يىغىپ ئېلىۋېتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سايمان. خوتەن رايونىدا تىرنىنى ياغاچتىن ياساش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، يېقىنقى دەۋرلەردە تۆمۈردىن ياسالغان تىرنىلارمۇ بارلىققا كەلدى. تىرنا — ئادەم بارمىقىنىڭ يېرىم يىغىلغان ھالىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىر پارچە ئۇزۇن چاسا تۆمۈرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە دەستە بېكىتىپ، ئاستى تەرىپىگە 15 ~ 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر نەچچە تال چىش بېكىتىپ ياسىلىدۇ. تىرنا يەنە چېچىلىپ كەتكەن ئوت- چۆپ، ئەخلەت- چاۋالارنى يىغىش ۋە يوپۇرماق يىغىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

6) **بۇغۇس چىشى:** ئېتىزدا تاپ يېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۆرۈمە سايمان بولۇپ، ئاساسى گەۋدىسى تەبىئىي ئەگرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. چىشى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. بۇغۇس چىشى بىلىقنىڭ بېشىغا ئوخشاش ئۇچى ئۇچلۇق، گەۋدىسى ياپىلاق بولۇپ، كەينى تەرىپىدىن چوڭ تۆشۈك قويۇلۇپ، بۇغۇس بېشىغا بېكىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇغۇسمۇ قەدىمىي دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمىي تۈرك تىلىدا بۇغۇس «ئاماچ» دېيىلىدۇ. ھازىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى تۆمۈردىن ياسالغان بۇغۇسلار بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشتى.

7) **ساپان:** ئومۇمى گەۋدىسى بۇغۇس بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ساپان چىشى بۇغۇسنىڭكىگە ئوخشاش بېشىغا ئورنىتىلماي، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلىدۇ، كەينىگە ھەركەتچان غالتەك ئورنىتىلىدۇ. ساپان چىشى بۇغۇسنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ (ئۆپكە تالاسىغا ئوخشاش) نېپىز بولىدۇ. ساپان ئاساسلىقى يەر ئاغدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە ساپاننىڭ ئاساسى گەۋدىسى ياغاچتىن، چىشى تۆمۈردىن ياسالغان، ھازىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى تۆمۈردىن ياسالغان ساپانلار بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشتى.

**(ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل)**

www.uyghurkitap.com



## §4. چىۋىق-چۆپلەردىن توقۇلغان (ياسالغان) ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سايمانلىرى①

### 1. چىغ توقۇلما بۇيۇملىرى

1) كۆشۈك. قوغۇن، تاۋۇز، كۆممىقوناق باشقى ۋە يەرلىك ئوغۇتلارنى ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ يۆتكەشتە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم توشۇش قورالىدۇر.

كۆشۈكنى توقۇش ئۇسۇلى مۇنداق: قۇياش نۇرىدا پىشقان چىغ ئۈرۈۋېلىنىپ، نەم توپىغا بىر نەچچە سائەت كۆمۈپ قويۇلىدۇ. چىغ نەملىنىشىپ تازا يۇمشىغاندىن كېيىن يۇمشاق پوستى سويۇۋېتىلىپ، ياغاچ توقماق بىلەن يېنىك ئۇرۇپ يۇمشىتىلىدۇ. ئاندىن بىر نەچچە تالنى بىر قىلىپ قول بىلەن ئېشىپ پىشقاندىن كېيىن مەلۇم ئارلىق قالدۇرۇلۇپ، تۆشۈكچە چىقىرىپ، خۇددى ئارغامچا ئەشكەندەك ئېشىش ئارقىلىق شەكىل چىقىرىلىدۇ. ئاندىن ئىككى كۆشۈكنى چېتىشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇ كۈنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن شۇ كۈنى نەم توپىغا كۆمۈپ قويۇلسا، بىر نەچچە ئاي ئىشلىتىشكە بولىدۇ (ھازىر بۇ خىل كۆشۈك ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلىتىلىشتىن قالدى).

2) كۆلا. چىغدىن ئىشلەنگەن ئارغامچىنى كۆرسىتىدۇ. كۆلا تەييارلاش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، چىغ نەم توپىغا كۆمۈلۈپ، ئاندىن ياغاچ توقماقتا سوقۇپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، قول بىلەن ئېشىپ، ئارغامچا شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

كۆلا ئاساسەن شاخ-شۇمبىلارنى يۆتكەش، باغ، ھويلا-ئارام چىتلاقلىرىنى چېتىشتۇرۇش، قوشاملىق ئۆيلەرنى ۋادەكلەشتە قوشام بىلەن يۇلغۇن، قومۇش، يېكەن قاتارلىقلارنى باغلاشقا ئىشلىتى-

① بۇ پاراگرافتىكى ئىككى تېما «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ــ سېۋەتچىلىك، بورىچىلىق» (تۈزگۈچى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 1-ئاي 1-نەشرى) ناملىق كىتابچە ئاساسىدا تەييارلاندى.

لىدۇ. دېھقانچىلىقتا چىغدىن قىلىنغان كۇلا ھازىر پۈتۈنلەي ئىس-
تېمالدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما زاۋۇتلاردا بىر قىسىم مەھ-
سۇلاتلارنى ئوراش ۋە قاچىلاشتا باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىدىن
قىلىنغان كۇلا يەنىلا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە.

3) چىغ سېۋەت. مېۋە، كۆكتات، يەرلىك ئاشلىق دانلىرىنى يۆت-
كەش، ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم تۇرمۇش قورالى.

چىغ سېۋەتنى توقۇش ئۇسۇلى مۇنداق: چىغنىڭ پوستى سويۇلۇپ
نەم توپىغا كۆمۈپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، ئارقاق ۋە ئۆرۈش شەك-
لىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ شەكىل چىقىرىش ئارقىلىق، خۇددى چىۋىق
سېۋەت توقۇغانغا ئوخشاش توقۇلىدۇ. گىرۋىكى كەيىنگە ياندۇرۇش
ئۇسۇلى ئارقىلىق شەكىل چىقىرىلىدۇ. چىغ سېۋەت كۆپىنچە ئۇ-
زۇنچاق ھالەتتە توقۇلىدۇ. ئىككى تەرىپىگە ئۆزىدىن تۇتقۇچ چىقى-
رىلىدۇ. چىغ سېۋەت مېۋە يۆتكەش، ساقلاشقا ئەپلىك بولۇپ، شامال
ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مېۋە ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. بۇ
خىل سېۋەتلەر ھازىرمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە.

4) چىغ سۈپۈرگە. ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم تۇرمۇش
بۇيۇملىرىنىڭ بىرى.

چىغ سۈپۈرگىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي. مەلۇم
مىقداردىكى سۈپەتلىك رەتلەنگەن چىغ بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇق-
تىكى ياغاچ كالتەككە ئورنىتىلسىلا چىغ سۈپۈرگە ياسالغان بولىدۇ.

5) چىغ توقۇلما. بۇ خىل چىغ ئىش قوشۇپ ئىشلەنگەندىن كېي-
يىنكى، كىگىزچى ئۇستىلار مەخسۇس كىگىز ئېتىشتە ئىشلىتىلى-
دىغان چىغنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل چىغنى توقۇش ئۇسۇلى مۇنداق:
كۈزدە پىشقان چىغ تاللىرىنىڭ ئۇزۇن، سۈپەتلىكلىرى تاللىنىپ،
تاشقى پوستى سويۇۋېتىلىپ سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ مېتىر ئۇزۇن-
لۇقتىكى بىر تال تاياق (ياغاچ) نى نىشان قىلىپ ھەر بىر نىشان
قىلىنغان بەلگىگە ئىنچىكە شوينا-تانا ئورنىتىپ، ئاندىن چىغنىڭ
باش تەرىپى ئىككى يانغا چىقىرىلىپ، شوينىلارنى ئالماشتۇرۇش
ئارقىلىق چىغ توقۇلما شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق چىغنىڭ
كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



6) چىغ زەمبىل. چىغ زەمبىل ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چىغ زەمبىلنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال توم ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ توقۇلۇپ، ئىككى تال توم ياغاچقا ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ئويمان چىقىرىپ توقۇلىدۇ. بۇ ئاساسەن ئوغۇت يۆتكەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل زەمبىل ھازىرمۇ يېزىلاردا ئىشلىتىلمەكتە.

## 2. سېۋەتچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى

### 1) سېۋەت توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئەسۋابلار

(1) چىۋىق. خوتەن رايونىدا سېۋەت توقۇلىدىغان چىۋىق — توغراق، يۇلغۇن، تال (سۆگەتنىڭ بىر خىلى) ۋە ئۈجمىدىن ئېلىنىدۇ. يۇقىرىقى دەرەخلەرنىڭ چىۋىقلىرى ئادەتتە كەچكۈز ئايلىرىدا پىشىدۇ. چىۋىقلار مۇشۇ ۋاقىتتا كېسىلىپ، باغلاپ تەييار قىلىنىدۇ.

دېھقانچىلىقتا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سېۋەتلەر، چىۋىق كۈزدە پىشقان ھامان كېسىپ ئېلىنىپ توقۇلىدۇ. يەنە بىر خىلى، يېمەكلىكلەرنى قاچىلايدىغان سېۋەتلەر ئەتىيازدا دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرگەندىن كېيىن، چىۋىق كېسىپ كېلىنىپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا پوستى سويۇۋېتىلىپ، قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن قايتا سۇغا چىلىنىپ زەھەرلىك ماددىلىرى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن توقۇلىدۇ. مەسىلەن، جىمبىل، چويلا، نان سېۋىتى ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى قاچىلايدىغان بۇيۇم قاتارلىقلار.

(2) سېۋەت بېغى. سېۋەت بېغى سېۋەتنىڭ تۇتقۇچى بولۇپ، ئادەتتە توقۇلىدىغان سېۋەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن تومىلۇقى ئوخشاش بولمىغان ئۈجمە، سۆگەت، توغراق ياكى يۇلغۇننىڭ ئۈچى بىلەن تۈۋىنىڭ تومىلۇقى تەكشى بولغان توم شېخىدىن كېسىپ ئېلىنىپ، ئېگىپ ئىككى ئۈچى سىم ياكى تانا بىلەن تارتىپ تۇتاشتۇرۇلۇپ مەھكەم باغلىنىپ ياسىلىدۇ.

(3) سىم. سېۋەت بېغىنىڭ ئىككى ئۈچىنى چېتىپ مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدۇ. سىمنىڭ تومىلۇقى توقۇلىدىغان سېۋەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىـ

كىگە ۋە سېۋەت بېغىنىڭ تومۇلۇقىغا باغلىق بولىدۇ.

(4) تانا. بۇ بىز ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان تانىنى كۆرسىتىدۇ. تانا سېۋەتنى توقۇغاندا غول ھاسىل قىلىدىغان چىۋىقلارنى باغلاشتا ياكى چوڭراق سېۋەت توقۇغاندا پوغان غوللارنى ئېگىپ بىر بىرىگە چېتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە سېۋەت شەكلىنى ھاسىل قىلدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

(5) بىگىز. بۇرۇن سېۋەت ئۇستىلىرى مۇگگۈز قاتارلىق نەرسىلەرنى سېۋەت بىگىزى قىلىپ ئىشلەتكەن. ھازىر تۆمۈردىن مەخسۇس ياسايدۇ ياكى تومراق سىملاردىن ئۆزىگە لايىق قىلىپ ئاددىي شەكىلدىكى بىگىزلەرنى ياساپ ئىشلىتىدۇ.

بىگىز بەزىدە ناھايىتى زىچ ۋە چىڭ توقۇلغان سېۋەتلەرگە چىۋىق سانجىشتا ئىشلىتىلىدۇ. سېۋەت توقۇش جەريانىدا، چىۋىقلارنى غولغا سانجىشتىن بۇرۇن، بىگىزنى سانجىپ مۇۋاپىق بوشلۇق ھاسىل قىلىۋالىمىز. ھاسىل بولغان بوشلۇققا چىۋىقنى سانجىيمىز. بۇنىڭدا توقۇشقا قولايلىق بولىدۇ، شۇنداقلا سېۋەتنىڭ چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم توقۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(6) بولقا. بۇ ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان بولقا بولۇپ، چوڭ تىپتىكى چىۋىق توقۇلمىلارنى توقۇغاندا ئىشلىتىمىز. توم چىۋىقلاردا توقۇلىدىغان چوڭراق سېۋەتلەرنى توقۇشتا ياكى زەمبىل قاتارلىق ئېغىرراق نەرسىلەر توشۇلىدىغان بىر قاتار چوڭ تىپتىكى توقۇلمىلارنى توقۇغاندا، بىر نەچچە قۇر توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بولقا بىلەن ئۇرۇپ چىڭداپ تۇرۇپ توقۇساق، چىۋىقلارنىڭ زىچلىقى ئېشىپ، توقۇلما پۇختا بولىدۇ.

(7) ئامبۇر. سېۋەت توقۇشتا ئىشلىتىلگەن تۇرلۇك تومۇلۇقتىكى سىملارنىڭ ئۇچىنى كېسىشتە، ئىشلىتىلگەن سىمنى ئۆز جايىغا مۇقىم ۋە پۇختا قىلىپ بېكىتىشتە ئامبۇر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قايچا كېرەك بولىدۇ.

2) سېۋەتنىڭ توقۇلۇش جەريانى

ئالدى بىلەن توغراق تال، ئۇجمە ياكى يۇلغۇن قاتارلىقلاردىن چىۋىق كېسىپ كېلىنىدۇ. ئېلىپ كېلىنگەن چىۋىقلار ئۇزۇن-قىس-

www.uyghurkitap.com



قىلىقى، توم-ئىنچىكىلىكى بويىچە تاللىنىپ ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرھال چىۋىقنى تاللاپ توقۇماقچى بولغان سېۋەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئالدىن پىلان قىلىۋېلىپ، شۇنىڭغا قارىتا سېۋەتنىڭ تۈۋىنى سالىمىز (توقۇماقچى بولغان سېۋەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن تۈۋىنى سېلىشقا كېتىدىغان چىۋىقنىڭ سانى ئوخشمايدۇ. ئادەتتە 16تال، 20تال، 24تال چىۋىق ئىشلىتىلىدىغان سېۋەت تۈۋى بولىدۇ). بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئالتە تال چىۋىقنى ئېلىپ، بىرىنىڭ بېشىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈچىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ رەتلەيمىز، يەنى ئالتە تال چىۋىقنىڭ باش-ئۈچلىرى كىرىشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە ئالتە تال چىۋىق ئېلىنىپ شۇ بويىچە رەتلىنىپ، ئاۋۋالقى رەتلەنگەن ئالتە تال چىۋىقنىڭ ئۈستىگە يەنى «+» شەكلىدە قويۇلىدۇ.

چىۋىقلار مۇشۇ تەرتىپتە رەتلىنىپ، تۆت گۇرۇپپا چىۋىق ئۈستى-ئۈستىگە قويۇلۇپ «*» شەكلىدىكى سېۋەت تۈۋى ھاسىل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدا سېۋەت تۈۋىنى سېلىشقا جەمئىي 24تال چىۋىق كېتىدۇ. ھەر بىر چىۋىقنىڭ ئىككىدىن جەمئىي 48تال ئۈچى بولىدۇ. «*» شەكلىدىكى ھەر بىر ئۈچ ئادەتتە «غول» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا جەمئىي سەككىز غول بولىدۇ.

ئېلىپ كېلىنگەن چىۋىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ ئۇزۇن ئۈچ تال چىۋىقنى ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، سېۋەت تۈۋىدىكى ئاساسىي غول قىلىنغان چىۋىقلارنى ئالماپ ئىككى ياكى ئۈچ ئايلاندۇرۇپ چىقىرىمىز. بۇنىڭ بىلەن غول قىلىنغان چىۋىقلار بىر بىرى بىلەن مەھكەم چىرمىشىدۇ-دە، سېۋەت تۈۋىدىكى چىۋىقلار مۇستەھكەم تۇرالايدۇ.

سېۋەت تۈۋىنى كېڭەيتىشتە، بىرىنچى قەدەمدە، ئۈچ تال چىۋىق ئېلىپ، دەسلەپتە سانجىغان ئۈچ تال چىۋىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قارىمۇ قارشى ھالدا سانجىيمىز. ئاندىن ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى ھالدا بىر غولنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر غولنىڭ كەينىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر ئايلاندۇرىمىز. ئۈچىنچى قەدەمدە ئىككى تال چىۋىقنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئايلاندۇرۇپ چىقىمىز. شۇنىڭ بىلەن سەككىز غول مۇستەھكەملىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە سېۋەت تۈۋىنى ھاسىل قىلىـ

دۇ. ئاندىن تەرتىپ بويىچە چىۋىق سانجىلىپ، توقۇپ كەلگەن جايدىن باشلاپ قوشنا ئىككى غولنىڭ ئارىسىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى تال چىۋىق سانجىلىپ، بىرى ھەر بىر غولنىڭ ئالدىدىن، يەنە بىرى غولنىڭ كەينىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى چىۋىق ھەر بىر غولنى بىر قېتىم يۆگەپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت غوللارنى كۆپەيتىش جەريانىدا ئارىلىقلىرىنىڭ كەڭ، تار بولۇپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە توقۇپ، سېۋەتنىڭ تۈۋىنى ئۆزىمىز توقۇشنى پىلان قىلغان سېۋەتنىڭ چوڭلۇقىغا يەتكۈزىمىز.

سېۋەت تۈۋى پۈتكەندىن كېيىن، سېۋەت تۈۋىدىكى چىقىپ قالغان چىۋىق ئۇچلىرىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، سېۋەت تۈۋىنى تەكشىلەيمىز. ئاندىن ئىككى تال چىۋىقنى غوللارغا ئالماشتۇرۇپ توقۇپ، غوللارنى قايتا بىر مۇستەھكەملەيمىز. سېۋەت بېغىنى مۇۋاپىق ئورنىتىمىز. باغنى ئورنىتىشتا ئەگەر كىچىك سېۋەت بولسا، ئىككى ئۇچى سىم ياكى تانا بىلەن باغلانغان سېۋەت بېغىنى سېۋەتنىڭ غوللىرىنى ئاۋايلاپ قايرىپ تۇرۇپ كىيگۈزۈپ قويىمىز. ئەگەر توقۇۋاتقان سېۋىتىمىز چوڭراق سېۋەت بولسا، باغنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئاندىن سىم ياكى تانا بىلەن باغنىڭ ئىككى ئۇچىنى بىر بىرىگە چېتىپ باغلايمىز.

سېۋەت بېغىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، توقۇش باشتىكى تەرتىپ بويىچە داۋام قىلىنىدۇ، يەنى ئىككى تال چىۋىق ئېلىنىپ، بىرى غولنىڭ كەينىدىن تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈپ توقۇلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى چىۋىق ھەر بىر غولنى ھەمدە باغنى بىر قېتىم يۆگەپ چىقىدۇ، يەنى سېۋەت بېغى غولنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ توقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باغ سېۋەت تۈۋىگە مۇستەھكەم باغلىنىدۇ. ئاندىن بىر تال چىۋىق ئېلىنىپ، تەرتىپ بويىچە توقۇلۇپ كەلگەن غولغا سانجىلىپ توقۇش باشلىنىدۇ. شۇ بويىچە ئىزچىل توقۇپ، ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق سېۋەت ئېگىزلىكىگە بەش-ئالتە سانتىمېتىر قالغاندا توختايمىز.

سېۋەتنىڭ ئاغزىنى يىغىشتا، ئالدى بىلەن 48تال ئۇچىنىڭ چى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋىق تۆۋى بولغان 24تال يوغان ئۆچنى بىر تەرەپ قىلىمىز. بۇنىڭدا سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ تۇرغانلىرى شۇ بويىچە قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر، بەزى يوغان ئۆچلار سېۋەت ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ قالدۇرىمىز. شۇنىڭدا سېۋەت ئاغزىدا 24تال ئىنچىكە ئۆچ قالدۇرۇلىدۇ.

3) كۆپ ئۇچرايدىغان سېۋەت تۈرلىرى

(1) نان سېۋىتى. ئادەتتە يۇمىلاق ۋە زىچراق قىلىپ توقۇلىدۇ. بەزىلەر كۆركەم بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ نەقىشلىك ۋە تۈتقۇچلۇق قىلىپمۇ توقۇيدۇ.

(2) ئۈزۈم سېۋىتى (باققال سېۋىتى).

(3) ئۆجمە سېۋىتى.

(4) باداڭ سېۋەت. بۇ خىل سېۋەتنى توقۇش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىيالى باشقا سېۋەتلەر بىلەن ئوخشاش. بىراق، شەكلى ئوخشىمايدۇ. باداڭ سېۋەتنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئايلانمىسىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇنداق سېۋەتنى بىر يەرگە مۇقىم ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا باش قوناق دېگەندەك ئاشلىقلارنىڭ پوستىدىن ئاجرىتىلمايدىغانلىرى ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋە قاتارلىقلارنى قاچىلاپ ساقلاشقا بولىدۇ.

(5) ئاياق ـ قوشۇق سېۋىتى. بۇ خىل سېۋەتنىڭ شەكلى يۇمىلاق، ئايلانمىسى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر قىلىپ توقۇلىدۇ. تۆت ئەتراپىغا تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇنداق سېۋەتكە قاچا ـ قۇچا، زاغرا، تومنان، كۆمەچ قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئاندىن ئېگىزگە ئېسىپ قويۇپ ئىشلەتكەن. قاچا ـ قۇچىلار ۋە يېمەكلىكلەرنى بۇنداق سېۋەتكە سېلىپ قويغاندا پاكىز ساقلىغىلى بولىدۇ. چاشقان، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ مەينەت قىلىۋېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(6) پۇلۇق سېۋەت. پۇلۇق سېۋەتنىڭ توقۇلىشى ۋە خام ماتېرىيالى باشقا سېۋەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق شەكلى ئوخشىمايدۇ. پۇلۇق سېۋەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، تۆت چاسا

شەكلىدە بولۇپ، تۆت تەرىپىگە ئۆزىدىن تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. ئىسكەنچى خېلى سوزۇنچاق بولىدۇ، ئىككى باش تەرىپىگە ئۆزىدىن تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ.

بۇنداق سېۋەتلەر ئاساسەن مېۋە يۆتكەشكە ئىشلىتىلىدۇ. پۇلۇق سېۋەتنىڭ تۆت تەرىپىگە تۇتقۇچ چىقارغىلى بولىدىغان بولغاچقا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم كۆتۈرۈشكە ئەپلىك. بۇ خىل سېۋەتلەرنى باغۋەنلەر كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

**(7) كۇۋۇك سېۋەت.** كۇۋۇك سېۋەت مەخسۇس كەپتەرگە ئۇۋا ياساپ بېرىش ئۈچۈن توقۇلىدىغان سېۋەتنى كۆرسىتىدۇ. كۇۋۇك سېۋەتنى ئۇجمە، تېرەك، ئانار، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىقلارنىڭ شېخىدىن توقۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق، كىچىك بولۇپ، توقۇشقا ئاسان، توقۇش ئۇسۇلى ئاددەتتىكى سېۋەتنىڭ توقۇلۇش قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ.

**(8) كۇشۇك سېۋەت.** بۇ مەخسۇس ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىغا كىيگۈزۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ توقۇلىدىغان ئۆزگىچە سېۋەتتۇر. ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق، ئىچى چوڭقۇر بولىدۇ، خوتەندە 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا قەدەر خامان ئېلىشتا ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان. ئەمما ئۇلاغلارنى مومۇنغا(مومىغا) چېتىپ خامان قوشقاندا، ئۇلاغلار ھە دېسە بۇغداي ئۇنچىلىرىنى يەپ ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ توختىماي پۇشقۇرىشىدىن چىققان چاچراندىلار، شۆلگەيلەر بۇغداي ئۇنچىلىرىنى بۇلغىۋەتكەن. شۇڭا، كىشىلەر بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەكلى ئۆزگىچە بولغان كۇشۇك سېۋەتنى توقۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئاغزىغا كىيگۈزۈپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

**(9) نەقىشلىق سېۋەت.** نەقىشلىك سېۋەتلەرنى توقۇشتا، ئالدى بىلەن توقۇلىدىغان بۇيۇمنىڭ چىقىرىلىدىغان شەكلىنى كەلتۈرۈۋالىمىز. ئىچى ۋە سىرتىغا تارماق غول قىلىپ توقۇۋالغان چىۋىقلارنى قولىمىز بىلەن باستۇرۇش ياكى تارتىش ئارقىلىق كۆزلىگەن شەكىلنى چىقارغىلى بولىدۇ.

**(ئابدۇللا سۇلايمان)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 3. قەغەزچىلىك

قەدىمكى يىپەك يولىنى مەركەز قىلغان سودا-تىجارەتتە «خوتەن قەغىزى» يۇقىرى تاۋار قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كۆلەملىشىشكە ۋە كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. قەغەزچىلىك خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1933-يىلى تارىم ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىرگە بىر نەچچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. جاڭ ۋېنلىڭنىڭ «ئېلىمىز قەغەز پۇتۈكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خۇاڭ ۋېنبى تاپقان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 46-يىلدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان سەيلۇن قەغىزىدىن 150 يىل ئىلگىرىكى قەغەز ھېسابلىنىدىكەن.①

### 1) خوتەن قەغىزى قويۇشنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى

(1) قوۋزاق تەييارلاش: ئاۋال بىلەپ ئىتتىكلىتىلگەن تۆۋەزىن ياكى كەكە بىلەن قارا ئۈجمە دەرىخىنىڭ (قىرىپ كەتمىگەن ئاق ئۈژمە، چىقىر ئۈجمىلەرمۇ بولىۋېرىدۇ) بىر ياكى ئىككى يىللىق نوتا ـ شاخلىرىنى تۆۋىدىن كېسىۋالىمىز. يوپۇرماقلىرىنى تولۇق پۇتىغاندىن كېيىن، نوتىنىڭ توم تەرىپىدىن قوۋزىقىنى پىچاق بىلەن 10 ~ 8 سانتىمېتىر يارىمىز. بىر قولىمىز بىلەن نوتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قولىمىز بىلەن قوزاقنىڭ يېرىلغان يېرىدىن چىڭ تارتىمىز. قوۋزاق نوتىنىڭ ئاخىرىغىچە سويۇلىدۇ. چالا قالغان قوۋزاقنى نوتا يالىڭاچلانغىچە سويىمىز.

5-، 6-، 7- ئايلار نوتا كېسىپ قوۋزاق تەييارلاشنىڭ ياخشى

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 1996-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈندىكى سانى

پەيتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا قوۋزاق خام، چىدامسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا قوۋزاقنىڭ سۈيى قېچىپ، سويماق تەسلىشىپ كېتىدۇ (نوتا كېسىلگەن كۈنى ھېچبولمىسا ئەتىسى قوۋزاقنى سويۇۋېلىش لازىم). مۆلچەرىمىزدە سويۇۋالىدىغان قوۋزاق كېلەر يىل 5 ـ ئايغىچە يېتىدۇ دەپ مۆلچەرلىسەك،قوۋزاق تەييارلاشنى توختىتىمىز. تەييارلانغان قوۋزاقلارنى كۈن چۈشىدىغان جايدا قۇرۇتقاندىن كېيىن، يامغۇر، قارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈستى يېپىلغان جايدا ساقلايمىز.

(2) قوۋزاقنى تازىلاش: تەييارلىغان قوۋزاقنىڭ قارا پوستىغا ئاق قوزاق چاپلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىزگە ئاق قوۋزاق لازىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇرۇپ قالغان قوزاقتىن بىر قېتىملىق ئېھتىياجغا يارىشا بۆلىۋېلىپ، چوڭ قازانغا سېلىپ قوۋزاق چىلاشقىچە سۇ قويۇپ، ئوت ياقىمىز. ئىككى سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، قوۋزاق يۇمشاپ ئەۋرىشىملىشىدۇ. ئاندىن قوۋزاقنى قول بىلەن سۇزۇۋېلىپ توپا يوقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بورا ياكى ئەدىيال (سۇلياۋ يوپۇقمۇ بولىۋېرىدۇ) ئۈستىگە قويۇپ، بىر تال ئۇزۇن قوۋزاقنىڭ ئاق تەرىپىنى سول قولىمىزنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۇچىغا تىرەپ، پىچاق بىلەن قوزاقنىڭ پوستىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىمىز. پىچاق ئىتتىك بولۇشى كېرەك (قولىنى كېسىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشى زۆرۈر). قىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن قوۋزاق پوستى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ياخشى يەم ـ خەشىكى بولىدۇ.

(3) مايى (ناياپ) تەييارلاش: پاكىزە داش قازانغا بەش چىلەك سۇ قويۇپ ئۇچاققا ئوت ياقىمىز. سۇ ئىسسىغاندا تارازىدا تارتىپ سەككىز جىڭ شاخار سالىمىز (شاخار دېگىنىمىز تەكلىماكاندا نەچچە يۈز يىل قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان توغراق ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ پەيدا قىلغان كۈلدۇر). شاخار قازانغا چۈشكەندىن كېيىن سۇنىڭ رەڭگى قارىغا ئۆزگىرىدۇ. قازان قايناشقا باشلىغاندا، ئالدىقاچان تازىلىنىپ قۇرۇپ بولغان قوۋزاقتىن مۆلچەرىمىزدە 20 جىڭنى قازانغا سالىمىز. قازان ئىككى سائەتچە قاينىغاندىن كېيىن، قوۋزاقنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان قىسمى پىشىدۇ (قوۋزاقنى ئىككى بارمىقىمىزدا قىسىپ تۇرۇپ يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر ئۈچىنى ئىككى بارمىقىمىزدا قىسىپ تارتساق قوزاق ئۈزۈلۈپ كەتسە پىشقان ھېسابلىنىدۇ). ئىككى نوغۇچتا قازاندىكى قوۋزاقنى ئىدەلەشتۈرۈپ، ئاستىدىكى پىشقان قىسمىنى ئۈستىگە چىقىرىمىز. ئاندىن ئىككى نوغۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىپ داسقا (چىلەكمۇ بولىدۇ) سالىمىز. داسقا بىر چىلەك سۇ قۇيۇپ قىزىق قوزاقنى سوۋۇتىمىز. ئاندىن قوزاقنى ئىككى ئالقىنىمىزدا كۆچەپ سىقىپ سۈيىنى داسقا تامدۇرۇمىز، داستىكى سۇنى قازانغا تۆكۈمىز. چۈنكى بۇ سۇدا شاخارنىڭ قۇۋۋىتى تۆكمىگەن بولىدۇ. ئالقىنىمىزدا كاللەكلەنگەن خورۇچنى مايى (نايىپ) دەيمىز. بىر كاللەك مايىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتە ئىككى جىڭدىن تۆۋەن جىڭغىچە بولىدۇ. قازاندا قالغان قوۋزاقلار پىشقاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى مەشغۇلات بويىچە مايى ياسايمىز (بۇ مەشغۇلاتلار ئۈستى يېپىلغان دالدا جايدا ئىشلىنىدۇ). قازاندىكى سۇنى يالاقتا تۆكۈۋېتىمىز (دىققەت: شاخار ئورنىدا سۇدا ـ توغرىغا قاتارلىق ئېچىتقۇلارنى ئىشلەتسە ئۈنۈمى بولمايدۇ. داستىكى مايىنى بىر نەچچە كۈن ساقلاش توغرا كەلسە، سۇلىياۋ يوپۇق ياكى ئەديال بىلەن يېپىپ قويۇش كېرەك).

(4) مايىنى سوقۇش: مايىنى سوقۇش ئۈچۈن تاش ۋە توقماقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سايمان لازىم بولىدۇ. قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر، توغرىسى 50 سانتىمېتىر، بويى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان، يۈزى سىلىق تەكشىلەنگەن تاشنى يەرگە يېرىم كۆمىمىز (تاش بىر تەرەپ پەسرەك، بىر تەرەپ ئېگىزرەك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يۇقىرىدىكى ئۆلچەمدىن تار، قىسقا ياكى يۇپقا بولماسلىقى كېرەك). توقماقنى جىگدە، ئۆرۈك، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ قورۇپ كەتكەن كۆتىكىدىن ياسىتىمىز. توقماقنىڭ بويى 30سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ ئايلانمىسى 60سانتىمېتىر، بېلىنىڭ ئايلانمىسى 50سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. توقماق يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالتە م م لىق سىم بىلەن چىڭ چەمبەرلەيمىز. توقماقنىڭ يۈزى ئۆپىراپ، قوتۇرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن 4 ~3 سانتىمېتىرلىق مىخنى زىچ ( 80 ~ 100 گىچە) قېقىۋېتىمىز. توقماقنىڭ دەستىسى (تۇتقۇچى) سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، سىلىق بولۇشى، ئۇزۇنلۇقى 35سانتىمېتىر بولۇشى، بۇنىڭدىن 15سانتىمېتىرچە قىسمى

توقماقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ، ھەم ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم.

سايمان تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تاشنى پاكىزە سۈرتۈپ 4 ~ 3 كاللەك مايىنى (نايانى) تاشتا قويىمىز. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مايىنى سوقىمىز. ئوڭ قولىمىز توقماق تۇتسا، سول قولىمىز يېيىلىپ كەتكەن مايىنى توقماق ئاستىغا يىغىپ بېرىدۇ. سوقۇشنى مايىدا زىغىرچە يىرىك قوۋزاق قالمىغان، مايى راسا ئۆزلەشكەن لەغمەن خېمىرى ھالىتىگە كەلگەنگە قەدەر (تەخمىنەن يېرىم سائەتچە) سوقىمىز.

(5) مايىنى (نايانى) قەغەزگە ئايلاندۇرۇش: ماتالغا بىر كەمچە (ئىككى چىنە) مايىنى سالغاندىن كېيىن، بىر چېلەك سۇ قۇيۇپ پىشكوك بىلەن تېگىدىن ئۈستىگە، ئۈستىدىن تېگىگە قوچۇپ مالتىلايمىز. بۇ ئىش مايى بىلەن سۇ بىر بىرىگە سىڭىشىپ سۈيۈقراق ئۇماچ ھالىتىگە كەلگىچە داۋاملىشىدۇ. 2 ـ قېتىم ماتالغا بىر چېلەك سۇ قويىمىز، پىشكوك بىلەن ئاستىدىن ئۈستىگە، ئۈستىدىن ئاستىغا قوچۇپ مالتىلاپ مايى بىلەن سۇنى بىر بىرىگە سىڭىشتۈرىمىز. بۇ چاغدا ماتالدىكى خۇرۇچ بەك سۇيۇق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم بىر چېلەك سۇ قۇيغاندىن كېيىن، بايقىدەك قوچۇپ مالتىلايمىز. تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق سۇنى ئايرىم ـ ئايرىم قۇيغاندىن كېيىنكى قوچۇپ مالتىلىشىمىزمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. بەش چېلەك سۇ بىلەن ماتال توشىدۇ. ماتالغا بەش چېلەك ئەمەس، ئىككى چېلەك سۇنىمۇ بىراقلا قۇيۇشقا بولمايدۇ. بىر كەمچە مايىنى بەش چېلەك سۇغا سىڭىشتۈرگىنىمىز ئۈچۈن ماتالدىكى خۇرۇچ سۇيۇقتىن سۇيۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر كەمچە ئېلىپ كۆلچەككە چىلاپ قويۇلغان قېلىپقا قويىمىز. سۇغا سانتىمېتىر4 ~3 چىلىنىپ تۇرغان قېلىپنىڭ سۈزگۈچ رەختى قېلىن بولغاچقا، سۇ ئۆتكىنى بىلەن مايى ئۆتمەيدۇ. قېلىپنىڭ ئىچىدىكى خۇرۇچنى كىچىك پىشكوك بىلەن مالتىلاپ بىر يېرى قويۇق، بىر يېرى سۇيۇق ئەمەس قىلىپ تەڭشەيمىز. ئاندىن قېلىپنى ئىككى تەرىپىدىن (بىر تەرىپى پەسرەك بولۇپ قالمىسۇن) كۆتىرىپ تۇرىمىز. سۇ ئاساسەن چۈشۈپ بولۇپ مايى سۈزۈلۈپ قالغاندا، قېلىپقا سىنچىلاپ قاراپ، قېلىپنى يانتۇلاپ مايىنىڭ قويۇق يېرىنى سۇيۇق يېرىگە ئاقتۇرىمىز، مايىنىڭ قېلىپقا تەكشى يېيىلغىنىغا ئىشەنگىنىمىزدىن كېيىن قېلىپنى تۈز، تەكشى جايغا قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىمىز، سۈيى تولۇق ساقىپ بولغاندىن كېيىن، قېلىپلارنى ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئۇزۇن ياغاچقا يانتۇ يۆلەپ قويىمىز. ئىككى قېلىپنى بىر بە-رىگە يانتۇ گەدەنلەشتۈرۈپ قويساقمۇ بولىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپ ياخ-شى بولسا ئۈچ ـ تۆت سائەتتە؛ ھاۋا تۇتۇق، سالقىن بولسا ئالتە ـ يەتتە سائەتتە قۇرۇپ بولىدۇ. ئاندىن قەغەزنى قېلىپتىن سويۇۋالىمىز. 50 ياكى 100 تاختا قەغەزنى بىر توپ قىلىپ، بىر قاتلاپ يىپ بىلەن ئوت-تۇرىسىدىن چېگىپ قويىمىز.

**مايىنى قەغەزگە ئايلاندۇرۇش داۋامىدا كېرەك بولىدىغان سايمانلار:**

كەمچە — خۇرۇچنىڭ بىر قېتىم ئازراق، بىر قېتىم جىقراق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق ئالماشتۇرۇلماي ئىشلىتىلى-دىغان ئۆلچەملىك قاچا. بۇ قاچا ياغاچ، ئۈرۈك، ئالما قاتارلىق دە-رەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ياغاچلىرىدىن قىيىلغانلىقتىن ئاپتاپتىن-مۇ، سۇدىمۇ چاك كەتمەيدۇ. بۇ قاچىنىڭ ئايلانمىسى 47سانتىمې-تىر، چوڭقۇرلۇقى يەتتە سانتىمېتىر بولىدۇ.

ماتال — ئىلگىرى توغراق ياغىچىنىڭ ئىچى ئويۇۋېتىلىپ يا-سىلاتتى. ھازىر تۆمۈر تاختاي بىلەنمۇ ياسىلىدۇ (ئۆلچەمگە چۈشە-دىغان سۇلياۋ باكلارمۇ بولۇۋېرىدۇ). ماتالنىڭ ئايلانمىسى بىر مې-تىر 20سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 60سانتىمېتىر بولۇپ، تەۋرەپ ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كۆلچەككە يېقىن قىلىپ 50سانتى-مېتىر كولاپ كۆمىمىز. توپا، تاش قاتارلىق نەرسىلەر چۈشۈپ قال-ماسلىقى ئۈچۈن ماتالنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق قويمايمىز.

چوڭ پىشكوك — ياغاچتىن ياسىلىدۇ، دەستىسىنىڭ تومۇلىقى سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، ئۇزۇنلۇقى 85سانتىمېتىر+ شەكىللىك تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. كىچىك پىش-كوكنىڭ دەستىسىنىڭ تومۇلۇقى سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، ئۇزۇن-لۇقى 60سانتىمېتىر بولۇشى، + شەكىللىك تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. قېلىپ ياغاچتىن ياسالغان ▭ شە-كىللىك رامدۇر. بويى 26سانتىمېتىر، توغرىسى 55سانتىمېتىر، رامنىڭ قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر بولىدۇ. قىل سىم ياكى ئىن-چىكە نىلۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان سۈزگۈچ رەخت قېلىپقا تولۇق

تىكىلىدۇ. كۆلچەك چوڭقۇرلىقى 25سانتىمېتىر، بويى 80سانتىمې-تىر، توغرىسى 60سانتىمېتىر بولىدۇ. تېگى ۋە تۆت تېمى سېمونت بىلەن سۇۋالسا سۇنى ساقلاش ئاسان بولىدۇ.

3) خوتەن قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى ۋە تۈرلىرى

خوتەن قەغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى توغرى-سىدا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم شەكىللەنمىگەن. ھەر قايسى جايلار-دىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلىتىۋاتقان قەغەز قېلىپلىرىنىڭ ئۆلچەم-لىرى ھەر خىل بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغانلىرى 37×35 سانتى-مېتىر، 40×36 سانتىمېتىر، 66×48 سانتىمېتىر، 64×42 سانتىمېتىر قاتارلىق بىر قانچە خىل. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەنە باشقا ئۆلچەمدىكى قېلىپلارمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان قەغەزلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان ئىكەن.

قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ۋە قەغەز تىجارىتىدە، ئومۇمەن خې-رىدارلار ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ سېتىۋېلىش ياكى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھاۋالە قىلىپ ئىشلەپچىقارغۇزۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. قەغەز تۈرلىرى ئىچىدە نېپىز قەغەز، خەت قەغىزى، پىلتا قەغىزى، قاتۇرما قەغىزى، جىيەك قەغىزى قاتارلىقلار ھەر خىل ئۆلچەمدە ئىشلەپچىقىرىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل قەغەزلەر ئومۇملاشتۇرۇپ «بازارلىق قە-غەز» دەپ ئاتالغان. لېپاپ قەغىزى، ئىش قەغىزى، جى قەغىزى قا-تارلىق قەغەز تۈرلىرى ئاساسەن كاسىپخانا، مەھكىمىلەرنىڭ ھاۋا-لىسى بويىچە، تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەمدە ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇ خىل قەغەزلەر «بۇيرۇتما قەغەز» ياكى «كاسىنا قەغەز» دەپ ئاتالغان.

تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن قەغىزىنىڭ تۈرى 15 خىلغا يېقىن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قېلىن-نېپىزلىكى ۋە ئىش-لىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى جەھەتتىن پەرقلەنگەن. بۇلار-دىن ھازىرغىچە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سپتا قەغەز: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن بىر جام ناياب (مايى) ئارقىلىق، بىر تاختىا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ قەغەز بەك نې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پىز بولغاچقا، خەت يېزىشقا بولمايدۇ (سىياھ كېيىنكى بەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ). پەقەت تازىلىق ئىشلىرىغا ۋە يىرىك دورىلارنى ئوراشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قەغەز «يۇپقا قەغەز»، «نېپىز قەغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(2) خەت قەغىزى: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن بىر يېرىم جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەز ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر تىكىپ، خەت يېزىشىغا ۋە دېرىزە يەملەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قەغەز «ئارا قەغەز» دەپمۇ ئاتالغان.

(3) قېلىن قەغەز: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن ئىككى جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەزمۇ خەت قەغىزىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قاتلىما بەتلىك دەپتەر تىكىپ، ھەر خىل ئەسەر، رىسالىلەرنى پۈتۈش، كۆچۈرۈش ۋە ئۇزاقراق ساقلىنىدىغان ھۆججەت-ماتېرىياللارنى پۈتۈش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلگەن. خەت قەغىزى بىلەن قېلىن قەغەزنىڭ سىپتىلىشى ياخشى بولۇپ، قەغەز مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بۇ ئىككى خىل قەغەزنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن.

(4) پىلتا قەغىزى: ناچار سۈپەتلىك ئاقلاندىدىن ئىشلەنگەن ئۈچ جام ناياب ئارقىلىق بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. ئۇ، دوپپىچىلارنىڭ تار، ئۇزۇن قېيىقچە كېسىپ پىلتا ئېشىپ، ئەستەر-تەگ ئارىسىغا ئۆتكۈزۈپ، دوپپا قاتۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

(5) لېپاپ قەغىزى: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان تۆت جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى چاپارچىخانا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى پوچتىخانىلار، شۇنداقلا بەزى مەھكىمىلەر لېپاپ (كونۋېرت) ئۈچۈن ھاۋالە قىلىپ ئىشلەپچىقارغۇزاتتى.

(6) ئىش قەغىزى: ناھايىتى سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان يەتتە جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەز يامۇن، مەھكىمە قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بۇيرۇتمىسىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ئۆلچىمى بازارلىق قەغەزلەرنىڭ ئۆلچىمىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. قېلىنلىقى خەت قەغىزى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ خىل قەغەز يامۇل-مەھكىمىلەرنىڭ ھۆججەت-ئالاقىلىرى، ئۇزاق ساقلىنىدىغان

ماتېرىياللارنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن.

**(7) قاتۇرما قەغىزى:** كېرەكسىز ۋە سۈپەتسىز قەغەزلەردىن قايتا بوتقىلانغان ماتېرىيالدىن تەييارلانغان سەككىز جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، قېلىنلىقى ئىككى مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قېلىن ئىدى. ئوڭ-تەتۈر يۈزىنى رەخت بىلەن قاپلاپ، كىتاب، دەپتەرلەرنى مۇقاۋىلاش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان.

**(8) جى قەغىزى:** «جى» ئىستېمالدىن قالغان كونا ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «ھۆججەت، ئارخىپ، ئىسپات» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. بۇ، سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان 10 جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، قېلىنلىقى ۋە سۈپىتى قېلىن خەت قەغىزىدىن ياخشى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىردىن چوڭ (كونكرېت ئۆلچىمى مەلۇم ئەمەس) بولۇپ، مەھكىمە شەرئىي (دىنىي سوت) قاتارلىق دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ بۇيرۇتمىسىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان. تىكىپ تۈپلىمەي، يۆگەپ ساقلىنىدىغان ھۆججەت، ھۆكۈمنامە، ئىسپات قاتارلىق ماتېرىياللارنى يېزىشقا، شۇنىڭدەك ئېلان يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. خەلق ئىچىدە چوڭ ھەجىملىك تۇمار پۈتۈش قاتارلىقلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن.

**(9) تىيزا قەغىزى:** «تىيزا» ئىستېمالدىن قالغان ئاتالغۇ بولۇپ، «قەغەز پۇل» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئېيتىلىشىچە، بۇ خىل قەغەز ئالاھىدە خىللانغان سۈپەتلىك خام ئەشيادىن تەييارلانغان تۆت جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز بولۇپ، ئالدى-كەينى پاتلىنىپ سىلىقلانغاندىن كېيىن، پۇل بېسىشقا ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، بۇ خىل قەغەز «تىيزا قەغىزى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان بەزى پۇللار مۇشۇنداق قەغەزگە بېسىلغان. بۇنداق پۇللارنى كونا پۇل بازىرىدا ئاندا-ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**(10) جىيەك قەغىزى:** سۈپەتسىز ماتېرىيالدىن ياكى كونا قەغەزلەردىن تەييارلانغان 12~15 جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز. بۇ خىل قەغەزنىڭ قېلىنلىقى ئىككى-ئۈچ مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئىلگىرى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىل قەغەزلەرنى قېيمقچە كېسىپ، شىلىم بىلەن ئەستەر-تەگ ئارد-ىسىغا ئېلىنىپ، دوپپا، شەپكە قاتارلىقلارنىڭ جىيىكىنى قاتۇرۇش ئۇ-چۈن ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، «جىيەك قەغىزى» دەپ ئاتالغان.

(11) پاتلىق قەغەز: مەخسۇس خىللانغان سۈپەتلىك خام ئەشيانى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، سۈيۈلدۈرۈپ تەييارلانغان بەش-ئالتە جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز بولۇپ، قۇيۇلۇپ بولغاندىن كې-يىن قايتا پاتلىنىدۇ. پاتلىق قەغەز خوتەن قەغىزىنىڭ تۈرلىرى ئى-چىدىكى ھەر ئىككى يۈزىگە خەت يېزىشقا يارايدىغان بىردىنبىر قە-غەز تۈرى بولۇپ، ئالاھىدە چىڭ، چىدامىلىق، سىلىق، پارقىراق بو-لىدۇ. تىلىمىزدىكى «پېتى بار»، «پېتى يوق»، «پېتىدىن چۈشمەس-لىك»، «پېتىنى بۇزماي»، «پېتىنى يوقاتماق» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر مۇشۇ مەندىن كېلىپ چىققان.

پاتلىق قەغەز ھەر خىل ئەدەبىي، تارىخىي، ئىلمىي ئەسەرلەر، دىنىي ئەسەرلەر، تەزكىرە-رىسالە قاتارلىقلارنى پۈتۈپ ياكى كۆچۈ-رۈپ كۆپەيتىپ، تۈپلەپ كىتاب قىلىشتا كەڭ ئىشلىتىلگەن. ئۇ خوتەن قەغەزلىرى ئىچىدىكى خەت قەغىزىدىن قالسىلا، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سەرپىياتى كۆپ بولغان بىر خىل تۈر ھېسابلىنىدۇ.

(12) ياشارتما قەغەز: يىغىۋېلىنغان كونا قەغەزدىن تەييارلانغان نا-ياب ئارقىلىق قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، سۈپىتى ناچارراق بولىدۇ. پەقەت پىلتا قەغىزى، جىيەك قەغىزى ياكى قاتۇرما قەغىزى قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇجمە (خوتەن) قەغىزى يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، دېرىزە كۆزنەكلىرىنى يەملەش، دورا، بوياق ماتېرىياللى-رىنى تۈگۈش، بەزى ناۋارلارنى ئوراش، پۇل باغلاش، كىيىم-كېچەك، ئۆتۈك ـ كەش، دوپپا-تۇماق نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەك (ئەندىزە) قال-دۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تارىخشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇننىڭ كۆرسىتىشىچە، شەرقىي جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلى-رىغىچە بولغان ۋاقىتلاردا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆسۈم-

لۈك يىلىمى قوشۇلغان سۇپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، ئەتىقە قە-غەز؛ كىراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزى قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغان. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى بىر خىلى دىنىي ئەقىدە تۇپەيلى ياكى كۈيدىن ساقلاش ئۈچۈن سېرىق بۇيالغان. ئەپسۇسكى، ھازىر يۇقى-رىدىكى ئۈچ خىل قەغەز تۈرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەپسىلاتىغا دائىر ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

ئالىملارنىڭ تەتقىقات، ئانالىز نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى لاتا-پۇرۇچ قېتىلغان ئۈجمە قوۋزىقى-دىن، بىر قىسمى پاختىدىن، كۆپ قىسمى كەندىر تالاسىدىن ياسالغان. يې-قىندا بىر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، توغراق قوۋزىقىنىڭ ئىچ پوستىدىن-مۇ قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان. لېكىن يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى خوتەن قەغىزىنىڭ بارلىق تۈرلىرى بىردەك ئۈجمە قوۋزىقىنى خام ئەشيا قىلغان. لاتا-پۇرۇچ، پاختا، كەندىر تالاسى، توغراق قوۋزىقى قاتارلىقلارنى خام ئەش-يا قىلىپ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەچكە، ئۇلار-نى خام ئەشيا قىلىپ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس.

(مەمتىمىن قۇربان، مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## 4. بورىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى

بورا — خوتەن خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان مۇھىم لازىمەتلىكلەرنىڭ بىرى. ئەمگەكچان خوتەن خەلقى قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا قومۇشتىن پايدىلىنىپ بورا توقۇشنى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگەن. بورىنىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1) بورا قومۇشى

بورا قومۇشى سۇ يىغىلىپ تۇرغىنىغا ئۇزۇن بولغان سازلىق كۆللەردە، دەريا - ئېقىن بويلىرىدا توختام سۇ جۇغلىشىپ قالغان

يەرلەردە كۆپرەك ئۆسىدۇ. بەزىدە چۆل - جەزىرىلەردىكى قۇملۇقلاردىمۇ ئۆسىدۇ (قۇملۇقلاردا ئۆسكەن بورا قۇمۇشىنىڭ بويى پاكارراق، غولى قاتتىق، ئىللاستىنكىلىقى بىر قەدەر تۆۋەنرەك بولۇپ، سۇدا ئۆسكەن قۇمۇشقا قارىغاندا ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەنرەك بولىدۇ). بورا قۇمۇشىنىڭ ئۆسۈش جەھەتتىكى روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بورا قومۇشى باش باھار كېلىشى بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىپ بىر، ئىككى ئاي ئىچىدە ئۆسۈشى ۋايىغا يېتىدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆسۈملۈك ئىچىدىكى ھەممىدىن بۇرۇن ئۈنۈپ چىقىدىغىنى بورا قۇمۇشى بولۇشى مۇمكىن. بورا قۇمۇشىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت قىسقا، ئۆسۈشى توختىغاندىن كېيىن پىشىپ ۋايىغا يېتىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن بولىدۇ. بورا قومۇشى رەسمى سارغىيىپ پىشمىغان ئەھۋالدا ئالدىراپ ئورىۋېلىنغان بورا قومۇشى تەييارلاش جەريانىدا پارچە - پارچە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قومۇشنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن 12 - ئايلارنىڭ ئاخىرىغىچە سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا: ھەر قانداق ھۈنەر - كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس پىرى بولىدۇ. بورىچىنىڭ پىرى نەخشىۋەن پىرىمدۇر، دەيدىغان رىۋايەت بار. شۇڭا بورىچى ئۇستىلار قۇمۇش ئوراشقا قەدەم قويغاندىمۇ، قومۇش تەييارلاشنىڭ ھەر بىر ئىش ھالقىسىدىمۇ، ئەڭ ئاخىرى بورا توقۇشقا تۇتۇش قىلغاندىمۇ «يانەخشىۋەن پىرىم» دەپ ئىشقا كىرىشىدۇ. «نەخشىۋەن پىرىم» دېگەن ئىسمىنىڭ بورا بىلەن باغلىنىشى توغرىسىدا بورىچى ئۇستىلار تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت سۆزلەيدۇ: بۇرۇنقى زاماندا خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر دۆڭلۈكتە كېتىۋاتسا قومۇش «مېنىڭ بويۇم ھەممىدىن ئېگىز، بېشىمدا شاھلىق تاجىم بار. توققۇز يەردىن بېلىم باغلاغلىق، ماڭا ھېچنەرسە تەڭلىشەلمەيدۇ» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ، شامالغا ئۇسۇل ئويناۋاتقۇدەك. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ھەي رەزگى ئۆسۈملۈك، ئۇنداق كۆرەڭلىمىگىن. دۇنيادا يارىماس نەرسىلەر بەك كۆرەڭلەيدۇ. سەن مۇشۇ ھالىڭ بىلەن بىر

پەشۋاغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسەن، ــ دەپتۇ.

— تولا كەيپىمنى ئۇچۇرما، دەپتۇ قومۇش، ــ سەن ئوبدان قاراپ باققىن، مۇشۇ بىپايان چۆلدە قايسى ئۆسۈملۈكنىڭ سۈپىتى مېنىڭچىلىك قەددى ــ قامەتلىك ئىكەن. مۇشۇ تۇرقۇمدا ماڭا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام قومۇشنى بىر پەشۋا بىلەن چەيلەپ تاشلىماقچىمۇ بولۇپتۇ ــ يۇ «ياراتقۇچى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۆسۈملۈكنى مېنىڭ يوق قىلىۋېتىش ھوقۇقۇم يوق» دەپ ئويلاپ،قومۇشنىڭ زىيادە كۆرەڭلىكىدىن ياراتقۇچىغا دادلاپتۇ. ياراتقۇچىمۇ قومۇشنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى نەخشىۋەن پىرىمنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەخشىۋەن پىرىم قومۇشنى ئورغاقتا ئۇراپ، قارنىنى يارغۇدا يېرىپ، توقماقتا سوقۇپ چۆپتەك يۇمشىتىپ، ئاقلىغۇچتا ئاقلاپ قاسىرىقىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، چوڭ بىر دەريانىڭ كۆۋرۈكىگە ئەكىلىپ ئولتۇرۇپ بورا توقۇپتۇ. قومۇشنىڭ باش ئايىغىدىن كېسىپ تاشلانغان چۇپۇرەندىلىرىنى دەريانىڭ سۈيىگە قويىۋېتىپتۇ. بورىنى بولسا كىگىزنىڭ، گىلەمنىڭمۇ، ھەتتا ھەممە نەرسىنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇپتۇ. قومۇشنىڭ كېسىكلىرى دەريا يامزاللىرىدا قايتا ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بورىنىڭ ھەممىنىڭ تېگىگە مەھكۇم بولىشىمۇ شۇ ئىشتىن قالغانىكەن. خەلقىمىز ئىچىدىمۇ: «تەكەببۇر ئەيلىگەنلەر نىمىلەر بولدى، كىگىزنىڭ ئاستىدا بورىيا بولدى»، دېگەن ناخشا بار.

خوتەن بورىچىلىرىنىڭ قومۇش ئۇراش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، كۈز پەسلى سۇدىن ئۇرۇش؛ يەنە بىرى قىش كۈنى مۇز ئۈستىدىن ئۇرىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كېيىنكى ئۇسۇل بىر قەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق. كۈز كۈنى سۇدىن ئۇرۇغاندا ئادەم بىر قەدەر كۆپرەك سەرپ قىلىنغاندىن سىرت، كېيىنكى يىلى بىخ سۈرىدىغان كۆتەكنى دەسسەپ بۇزىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. قىش كۈنى مۇز ئۈستىدىن ئورىۋالغاندا ئاز ۋاقىتتا كۆپ ئىشنى تاماملىغىلى بولىدۇ. ھەمدە كېلەرىيىللىق تۆرەلمىگە ھامىلدار بولىدىغان كۆتەك، يىلتىزلارنىڭ زەخىملىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا بورىچىلار پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت يۈز بەرمىسە قومۇشنى سۇدىن ئەمەس، قىش كۈنى مۇز ئۈستىدىن ئۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



### 2) قومۇشنى تەييارلاش ئۇسۇلى

قومۇشنى بورا توقۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سورتلاش، يېرىش، سوقۇش، ئاقلاش ۋە تەكشىلەپ خىلغا ئايرىشتىن ئىبارەت تېخنىكىلىق قەدەم باسقۇچلارنى تولۇق تاماملاشقا توغرا كېلىدۇ.

سورتلاش — بورىچىلار قومۇشنى ئورۇپ كەلگەندىن كېيىن، تۈنجى قەدەمدە تەجرىبىلىك بورىچىدىن بىرسى مەخسۇس سوتلاپ بورا توقۇشقا يارايدىغانلىرىنى ئىلغاپ ئالىدۇ. ھۈنەر - كەسىپتە پىشقان كونا بورىچىلار ھەر بىر تال قومۇشنى قولىغا ئېلىپلا بورا توقۇشقا يارايدىغان، يارىمايدىغانلىقىنى ئايرىپ چىقالايدۇ. مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتمەي تۇرۇپ قومۇشنى تەييارلاشقا بولمايدۇ. مانا بۇ جەريان قومۇشنى سورتلاش دېيىلىدۇ.

قومۇشنى يېرىش — قومۇش يېرىش بورىچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا. بورىچى ئۇستىلار قومۇش يارىدىغان يارغۇنى ئۆزلىرى تەييارلايدۇ. تەخمىنەن ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يارغۇنىڭ بىر تەرىپىنى نو شەكلىدە ئويۇۋېتىپ، ئىچىگە بىر تال قومۇش بىمالال پاتقۇدەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ - دە، ئوتتۇرىسىغا ساتىراچ ئۇستۇرىسىنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر تىغدىن بىرىنى يانتۇ شەكىلدە مەزمۇت بېكىتىدۇ. ئاندىن سورتلىنىپ بولغان قومۇشنىڭ كۆتەك تەرىپىدىن باشلاپ يارغۇنىڭ تىغىغا ئىلدۇرۇپ باشتىن - ئاخىر تىلىپ چىقىدۇ. بۇ جەرياندا يارغۇچى ئۇستام قومۇشنىڭ ئۇستىدىن بېسىپ تۇرىدىغان باش بارمىقىغا رىزىنكە، ياكى تېرىدىن مەخسۇس تەييارلانغان قاپچۇقلارنى كىرگۈزىدۇ. قومۇش يېرىشتا ئازراق بىخەستىلىك قىلىنسا، تولۇق تېلىنماي قالىدۇ - دە، بورا توقۇشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بورىچىلار قومۇش يېرىش مەشغۇلاتىنى ئالاھىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيدۇ.

قومۇش سوقۇش — بورىچىلار ئادەتتە قومۇشنى يۇمشىتىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «قومۇش سوقۇش» دەپلا ئاتايدۇ. قومۇش سوقۇش ئادەتتە ئانچە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلمايدۇ، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. باغرىنى تېلىپ بولغان قومۇشنى تەكشى ھەم قاتتىق يەرگە (بۇنداق يەرلەر ئادەتتە بورىچى

ئۇستىلارنىڭ داۋاملىق قومۇش سوقۇشى ئۈچۈن مۇقىم تەييارلىغىلىق تۇرىدۇ) ئاز ئازدىن بېسىپ توقماق بىلەن ئۇرۇپ يانچىيدۇ. قومۇش سوقىدىغان توقماقمۇ بورىچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ياڭاق، ئۈجمە، جىگدە ياكى ھاڭگا تېرەك قاتارلىق ئاسان يېرىلىپ كەتمەيدىغان ياغاچتىن ئۇزۇنلۇقى سانتىمېتىر40 دىن سانتىمېتىر60 گىچە تاللاپ، بىر تەرىپىنىڭ يۈزىنى تەكشى يونۇپ، يەنە بىر تەرەپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەتمەن سىپىدەك ئۇزۇنلۇقتا ساپلىق ئورنىتىلىدۇ.

قومۇش ئاقلاش — يۇمشىتىپ بولغان قومۇشنى شۇ پېتى بورا توقۇشقا بولمىغانلىقتىن قاسراقلىرىنى تولۇق ئادالاشقا توغرا كېلىدۇ. بورىچى ئۇستىلار بۇ جەرياننى «قومۇش ئاقلاش» دەپ ئاتايدۇ. قومۇش ئاقلاش جەريانىمۇ خۇددى قومۇش يېرىش جەريانىغا ئوخشاش تېخنىكىلىق جەرياندىن ئىبارەت. قومۇشنى پەم بىلەن تېخنىكا تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئاقلىمىغاندا، بورا توقۇش قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. قومۇشنى ئادەتتە چوكىدەك تومۇلۇقتىكى ئىككى تال يۇلغۇندىن تەييارلانغان «ئاقلىغۇچ» بىلەن ئاقلايدۇ. قومۇش ئاقلاش قومۇش يېرىش بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، قومۇش يارغاندا كۆتەك تەرىپىدىن ئۈچى تەرەپكە قارىتىپ يارسا، ئاقلىغاندا ئۈچى تەرەپتىن كۆتەك تەرەپكە قارىتىپ ئاقلايدۇ. قومۇشنى ئاقلاشتىكى مەقسەت بىر تەرەپتىن قومۇشنىڭ ئىچىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاسراقلىرىنى چۈشۈرىۋېتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېلغان چاغدىكى يېرىقتىن قارنىنى ئېچىپ تاسما شەكىلگە كەلتۈرىدۇ.

تەكشىلەش - خىلغا ئايرىش — توقۇلىۋاتقان بورىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئەھۋالغا قاراپ ئۇزارتىشقا، قىسقارتىشقا بولىدۇ. بۇنى بورىچى ئۇستىلار ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. ئەمما كەڭلىكىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت تەييارلىغان قومۇشنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بەلگىلەيدۇ. تەبىئىي ھالدا بۇيى ئۇزۇن توقۇلىدۇ. قومۇشنىڭ بۇيى ھەرگىز تەكشى بولمايدۇ. بەلگىلىك بىر گۇرۇپپا قومۇشنى بىر تەكشىلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچى تەرىپىنى ئازراق كېسىپ، تەكشىلەپ بىر تۇردىكى بورا ئۈچۈن ئىلغاپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى يەنە كېسىپ، تەكشىلەپ باشتىكىگە قارىغاندا نىسبەتەن ئىنى

www.uyghurkitap.com



تارراق بورا ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەڭ قىسقا قومۇشلارنى گۇرۇپپىلاپ ئىنى تېخىمۇ تار بورا توقۇشقا ياكى تام بورىسى (زەدىۋال) توقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەيلى ئىنى تار بورا بولسۇن، ياكى ئىنى كەڭ بورا بولسۇن شۇ خىلدىكى بورىنىڭ قومۇشىنى تەپ تەكشى قىلمىغاندا بورىنىڭ قىرغىقىنى پۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بورىچى ئۇستىلار قو-مۇشنى تەكشىلەپ خىلغا ئايرىشقىمۇ ھەرگىز سەل قارىمايدۇ.

3) بورا توقۇش ئۇسۇلى

بورا توقۇش بورا قومۇشنى تۈرگە ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئې-لىپ بېرىلىدىغان ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەڭ مەركىزى خىزمەت. بورىچى ئۇستىلار تېگى تەكشى، قاتتىق يەرگە بورا، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەر-سىلەرنى يېيىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە يەكتىز بولۇپ ئولتۇرىدۇ ـ دە، تاپىنى ئاستىغا ئالتە دانە قومۇشنى تىزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يان تەرە-پىگە سەل قىيپاش ھالەتتە گىرەلەشتۈرۈپ قوموش سېلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار بورىنى باشلاپ مەلۇم چەككە يەتكۈزۈپ بولغىچە، ئەتراپىدا باش-قىلارنىڭ قالايمىقان مېڭىپ يۈرۈشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەرھىزى بويىچە بورا باشلىغاندا ئىزىلەڭگۈ، سۆرەلمە، ھورۇن ئادەملەر ئەتراپىدا مېڭىشقا باشلىسا، بورا خۇددى ئاشۇ ئادەمگە ئوخشاش سۆرىلىپ قېلىپ پۈتكىلى ئۇنىماسمىش. بورىنى باشلاپ دەسلەپتە كەڭلىكى بىلەن ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش توقۇلىدۇ. كەڭلىكى چەككە يەتكەندىن كېيىن، كەڭلىكىنى توختىتىپ ئۇزۇنلۇقىغا توقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇزۇنلۇ-قىنى ئېھتىياجىغا قاراپ قانچە ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

بورا ئادەتتە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئادەتتىكى ئاق بورا. ئادەت-تىكى ئاق بورا ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى كۆمۈشكە ۋە تېگى جابدۇلغان ئۆيلەردە كىگىز، گىلەملەرنىڭ ئاستىغا سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە بىرى زەدىۋال (تام بورىسى.) زەدىۋال بۈگۈنكى زامانىۋى ئۆي-لەردە ئانچە ئېھتىياجلىق بولمىغىنى بىلەن، بۇرۇنقى توپا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر ۋە ۋەدىك (شاختا قوشاملانغان) ئۆيلەرگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئادەتتىكى ئاق بورىنى توقۇشنى بىل-گەنلەرنىڭ ھەممىسى زەدىۋال بورىسىنى توقۇۋەرمەيدۇ. زەدىۋال بورىسى بورىچىلىق كەسپىنىڭ كامالەتكە يەتكەن بىر تۈرى بولۇپ، زېھنى پەۋ-

قۇلئاددە ئۆتكۈر بورىچىلارنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىقىدۇ. شۇڭا خوتەن بورىچىلىق تارىخىدا پەرزەنتلىرىنى بورىچىلىققا شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولغانلار، زەدىۋال بورىسىنى بىمالال توقۇيالايدىغان ھۈنەرۋەنگە بېرىدۇ. بىرەر پارچە زەدىۋالنى مۇستەقىل پۈتتۈرۈپ بازارغا سالالمىغان بورىچىنىڭ ئادەتتە شاگىرت تەربىيىلەش سالاھىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداقلار باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ھامان شاگىرت ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن رايونىدا قەدىمدىن تارتىپ توقۇلۇپ كەلگەن زەدىۋال بورىسىنىڭ نۇسخىلىرى ئاساسەن چىغىرتماقگۈل، ئايگۈل، پەتنۇس گۈل ۋە سىدامدىن ئىبارەت تۆت خىل نۇسخا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. زەدىۋال بورىسىنى توقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قومۇشنىڭ توم - ئىنچىكىلىكىمۇ ئوخشاش سىلىق، ئىسلاستېكىلىقى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ھەمدە قايسى نۇسخىدىكى زەدىۋال بورىسى توقۇلماقچى بولسا شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇپ كۆك، يېشىل، سېرىق (كاۋا چېچەكى)، توق قىزىل، ئاچ قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بويىلىدۇ. قومۇشنىڭ رېڭى سىرتىغا قارىغاندا ئىچى تەرىپىگە قېنىق ئىچىدۇ ۋە ئىچى تەرىپىنىڭ رېڭى ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا زەدىۋال توقۇغاندا بوياق بېرىلگەن قومۇشنى تەتۈر، ئاق قومۇشنى ئوڭ سېلىپ توقۇيدۇ. ئايگۈل، پەتنۇس گۈل نۇسخىسىدىكى زەدىۋاللار بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا بۇ خىل زەدىۋال توقۇلغاندا يۇقىرقى بوياقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. چىغىرگۈل نۇسخىدىكى زەدىۋال توقۇلغاندا بولسا يېشىل رەڭ بىلەن ئاچ قىزىل رەڭدە بويالغان قومۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. بەزىدە ھېچقانداق بوياق ئىشلەتمەي ئاق پېتى توقۇلغان زەدىۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. زەدىۋال بورىسىنىڭ كەڭلىكى 80 سانتىمېتىردىن 100 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقىنى زەدىۋال تۇتىدىغان تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەلگىلەيدۇ.

قىسقىسى، زەدىۋال بورىسىنىڭ توقۇلۇشى يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر سەنئەت. ئۇ بورىچىنىڭ بارلىق ماھارىتىنى نامايان قىلغاندىن باشقا، شۇ جاينىڭ بورىچىلىق تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

(داۋۇت مەتنىياز)

www.uyghurkitap.com



# ئۈچىنچى باب

# بىناكارلىق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر-سەنئىتى

## §1. بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى

بىناكارلىقنى ياغاچسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن، چارۋىچىلىق دەۋرلىرىدىكى دالدىلىنىش مەقسەت قىلىنغان ساتما، ئۆڭكۈر، گەمە-سوۋۇقلاردىن تەدرىجىي قۇشاملىق(ۋەدىك) ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا ئۆتكەندە بىناكارلىق ئۇقۇمى شەكىللىنىپ، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى، ئىشىك-تۈڭلۈكلىرىنى مەخسۇس ياسايدىغان ئۇستىلار بارلىققا كەلگەن ۋە بۇ ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «خارەت» (ياغاچچى) دەپ ئاتالغان.

ياغاچچىلىق، ئېكولوگىيەسى ئورماننى — ياغاچنى تەقەززا قىلىدىغان خوتەن بوستانلىقىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى كىچىكىدىن باشلاپلا قويۇق ياغاچ ئەسۋابلار مۇھىتىدا چوڭ بولىدۇ، ياغاچچىلىقنىڭ ئاددىي ساۋاتلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىشىك، دېرىزە، تەڭنە، ساندۇق، بۆشۈك، كارىۋات، كات، ئورۇندۇق، ئىشكاپ، شىرە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان هارۋا، كۈرە، ئارا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ئىش ھالقىمىز ياغاچ ئەسۋابلار بىلەن، ياغاچچىلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ياغاچسىز تۇرمۇشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر

بىر ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن كەكە، بولقا، ھەرە قاتارلىق سايمانلار بولىدۇ. كىشىلەر كەتمەن- گۈرجەكلەرنى ساپلاش، ئاددىي ئورۇندۇق، جاھازلارنى ياساش قاتارلىق دەسلەپكى مەشغۇلاتلارنى ئۆزى ئورۇندايدۇ. بالىلارمۇ قىش كۈنلىرى نۇر، چانا، ۋاللەي كالتىكى ياساش؛ ياز كۈنلىرى شال پارچىلىرىدىن كىچىك ئويۇنچۇق، ئورۇندۇقلارنى ياساش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ ئۆگىنىدۇ. دېمەك، ياغاچچىلىق خەلقىمىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ، ئەڭ تونۇشلۇق، ئەڭ ئاددىي ھۈنەر-كەسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ياغاچچىلىق (خارەتچىلىك)

### 1) ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرى

ئۆي-ئىمارەت، ئۈستەل-ئورۇندۇق، ئىشكاپ، كارىۋات قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىنى ياسايدىغان ياغاچچىلىق — بىناكارلىق ۋە ئۆي جاھاز ياغاچچىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بىناكارلىق ۋە ئۆي جاھاز ياغاچچىلىقىمۇ چوڭ ياغاچچىلىق ۋە ئۇششاق ياغاچچىلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىناكارلىق ياغاچچىلىقى چوڭ ياغاچچىلىق، ئۆي جاھازلىرى ياغاچچىلىقى ئۇششاق ياغاچچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ياغاچچىتىن مەلۇم شەكىل ياكى نىسبەتتىكى قۇرۇلما ياكى بۇيۇملارنى ياساشتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆلچەش، يەنى سىزىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. سىزىش ياغاچچىلىقنىڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم مەشغۇلاتى بولۇپ، بۇ ياغاچچىدىن مول تەجرىبە، ئۇچۇق زېھنى قۇۋۋەت، ئۆتكۈر كۆز بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان سىزىش ئەسۋابلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە: تۈز مېتىر، قاتلىما مېتىر، قارىلىق، ئەگرى سىزغۇچ، قىيپاش سىزغۇچ، سېركول، خەتكۈچ قاتارلىقلار؛ باشقا زۆرۈر ئەسۋابلاردىن: ھەرىلەر، كەكە، چوت، توقماق، يانپۇچۇق، ئىسكىنە، ھەر خىل رەندىلەر، ئاسما، تەڭشەك (شىپىلىڭ)، ئۇشكە، بولقا، تانا، شىنا، قىسقۇچ، يەللىك (چىباڭ)، مىخ تاپانچىسى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

### 2) جاھاز بۆلەكلىرىنى چېتىش ئۇسۇلى

ياغاچچىلىقتا جاھاز بۆلەكلىرىنى چېتىش — ياغاچ بۆلەكلىرىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قوراشتۇرۇپ پۈتتۈرۈش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان. ياغاچ جاھازلاردىن ئادەتتە بىر نەچچە ياكى نەچچە ئون پارچە بۆلەكلەرنى مىخلاش (يۇلغۇن مىخ بىلەن مىخلاپ چېتىش، بۇرمىلىق مىخ بىلەن چېتىش، تۈز مىخ بىلەن چېتىش، بولت بىلەن چېتىش)، كىرىشتۇرۇپ چېتىش (ئەركەك تۇرۇم ۋە كور تۇرۇم بىلەن چېتىش، تاك تۇرۇملۇق چېتىش، ئەركەك-چىشى تۇرۇملۇق چېتىش)، يەملەش (يار يېلىم بىلەن ۋە يېپىشقاقلىقى زور بولغان يەملىگۈچلەر ئارقىلىق ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ بۆلەكلىرىنى مەھكەم جۈپلەپ، جاھازنى مەلۇم تەلەپكە لايىقلاشتۇرۇش) قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چېتىلىدۇ. چېتىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ چېتىش ئۇسۇلى ــ ساندۇق تىپىدىكىلەرنى چېتىش، رامكا تىپىدىكىلەرنى چېتىش، شالنى چېتىپ كېڭەيتىش، يۇمىلاق ياغاچقا چاسا ياغاچنى چېتىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

## §2. ئولتۇراق ئۆيلەر بىناكارلىقى ھۈنەر-سەنئىتى

### 1. تۇرالغۇلارغا يانداشتۇرۇپ سېلىنىدىغان ئۆيلەر

1) يازلىق ئاشقۇن. بۇ بىر خىل ئۆي بولۇپ، خوتەنلىكلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىدۇ. ياتاق ياكى مېھمانخانا ئۆيلەرنىڭ يېنىغا جايلاشتۇرۇلىدۇ. كۆلىمى ئادەتتە 30 كۋادرات مېتىردىن چوڭ بولۇپ، ئايۋان شەكلىدە ياسىلىدۇ. تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىپاڭ چىقىرىلىدۇ. شىپاڭ رۇجەكلىرىدىن ئۆيگە نۇر چۈشەلەيدۇ. ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. يازلىق ئاشقۇن ھەم ئاش ـ تاماق ئېتىدىغان، نان ياقىدىغان ئۆي ھەم ئاشلىق، ئۇن، كۆكتات، يېمىش ساقلىنىدىغان، قازان ـ قومۇچ ۋە بەزى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قويۇلىدىغان سورۇن قىلىنىدۇ (بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تومۇرى «يازلىق ئاشخانا» بولسا كېرەك).

2) قازناق. بۇمۇ بىر خىل ئۆي بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆينىڭ يېنىغا جايلاشتۇرۇلىدۇ. كۆلىمى يازلىق ئاشقۇندىن كىچىكرەك بولىدۇ. شىپاڭ، دېرىزە چىقىرىلماي، تورۇستىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ ۋە قاپقاق

ئورنىتىلىدۇ. ئاشلىق ۋە يېمىشلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى قازناقلارنىڭ ئىچىگە چوڭ ۋە چوڭقۇر كاتەك كولىنىپ، تېگى ۋە ئىچكى دىۋارى قېلىن سامانلىق لايدا چىڭداپ سۇۋىلىدۇ. بەزىلىرى پىششىق خىش بىلەن ياسىلىپ سۇۋىلىدۇ. بۇنداق كاتەكلەر «ئورا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورىغا ئاشلىق قاچىلانغاندىن كېيىن ئۈستى ياغاچ تاختاي، بورىدا يېپىلىپ، ئاندىن كۆمۈلىدۇ. بۇنداق ئورىلاردا ئاشلىقنى بىر-ئىككى يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاقراق بىخەتەر ساقلىغىلى بولىدۇ، يېمىش ساقلاشقىمۇ بولىدۇ.

3) **گەمە.** بۇ، يەرنى ئويۇپ ياسىلىدىغان ئۆي بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ كۆلىمى 70~80 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. گەمە قۇرۇلما پەرقى سەۋەبلىك «تۈز گەمە» ۋە «كۆتۈرمە گەمە» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۈز گەمە (چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تاغ يايلاقلىرىدا بۇ خىلدىكى گەمە ياساپ، قونالغۇ - ئولتۇراق قىلىش ئادەت بولغان). پۈتۈنلەي يەر ئاستىغا ياسىلىدۇ، ئۆگزىسى يەر يۈزى بىلەن بىر تەكشىلىكتە بولىدۇ. ئۆگزىسىگە قاپقاقلىق تۈڭلۈك چىقىرىلىدۇ. بەزىلىرىگە يان تەرەپتىن قازما يول چىقىرىلىپ ئىشىك بېكىتىلىدۇ. گەمە ئىچىگە ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك جەن (ھەر بىر قەۋەتكە بادرا - تارتمىلاردىن لىم، بالا قويۇلۇپ، ۋاسا ۋە بورا سېلىپ ئۈستىدىن نېپىز توپا كۆمۈلىدىغان قەۋەتلىك سۇپا) ياسىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تېگىگە يەنە ئويۇقچە ياسىلىدۇ. بۇ خىل گەمىلەر قوغۇن - تاۋۇز، ئالما، ئامۇت، نەشپۈت، ئانار، كۆكتات قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆتۈرمە گەمە يېرىمى يەر ئاستىغا، يېرىمى يەر ئۈستىگە ياسىلىدىغان گەمە بولۇپ، يان تەرەپتىن ئىشىك ۋە كىچىك رۇجەكلەر چىقىرىلىدۇ. ئىچىگە جەن ياسالمايدۇ. كۆتۈرمە گەمىلەر ھۆل ئۈزۈم ساقلاشقا، شۇنداقلا بەزى ھۆل، قۇرۇق يېمىشلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**(ئابدۇللا سۇلايمان)**

## 2. ئايۋان-سارايلىق ئۆيلەر ۋە ئاسماق ئۆي بىناكارلىقى

ئەڭ ئاددىي ئۆي يېپىش ئۇسۇلى — تام ئۈستىگە سىنجا قويۇپ، سىنجا ئۈستىگە بالا مىندۇرۇپ، ۋاسىسىنى ئالا سېلىپ، ۋاسا ئۈس-

www.uyghurkitap.com



تىگە بورا يېيىپ، پالال قاتارلىقلارنى تەكشى يېيىتىپ، سىغىزلىق
توپا ياكى توپا بىلەن يېپىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىلدا يېپىلغان ئۆيـ
لەر «ۋاسا دەميان» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاسىسىنى جۈپلەپ ياپقانلىرى «ۋاسا
جۈپ» دەپ ئاتىلىدۇ. «ۋاسا جۈپ» ئۆينىڭ دەميان ۋە بالالىرىنىڭ
جايلىشىشى خۇددى مۇئەللەقتە ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر
خىلى بولۇپ، بۇ خوتەندە «ئاسماق ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاسماق ئۆي كېرىيەلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي ئېتىش ئۇسۇلى
بولۇپ، تۈرۈستىڭ يېپىلىش نۇسقىسىغا قارىتىلغان. بۇ خىل ئالا-
ھىدە ئۆي يېپىش شەكلىنىڭ تارىختا قاچان، قەيەردە مەيدانغا كەلگەن-
لىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، بۇ خىل شەكىلدىكى
ئۆي يېپىش شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى سەل ئوخشاپراق كې-
تىدىغان ئۆي يېپىش شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شەھەرلىرى ھەمدە قەشقەرگە
ئوخشاش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىمارچىلىق- بىناكارلىقىنىڭ بۆشۈكى
بولغان قەدىمىي مەركەزلەردىمۇ بولماسلىقى بۇ خىل شەكىلنىڭ كې-
رىيەگە ۋە كېيىنرەك خوتەن ۋە باشقا جايلارغا تەئەللۇق ئىختىرادۇر.

ئاسماق ئۆي ئاتالغۇسىدىكى «ئاسماق» سۆزى «ئاسماق» ئىسمىدى-
شىنىڭ سۆپەت رولىدا كېلىشى بولۇپ، ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك
شەكىلدە يېپىلغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچ تام دىۋار سىنجىسىنى بويلاپ تۇ-
لۇق ئايلانما ۋاسىلارنىڭ رەتلىك تىزىلىشى بىلەن، بالانىڭ تام دىۋار
سىنجى ياغىچىغا تېگىشمەيۋاتقاندەك كۆرۈنۈشى ۋە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ
ئاستىدىن قارىماققا خۇددى تورۇسنى تام دىۋارى ياكى سىنجى ياغاچ
كۆتۈرۈپ تۇرماستىن بەلكى مۇئەللەققە ئېسىپ قويۇلغاندەك كۆرۈ-
نىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان. ئاسماق ئۆي ئادەتتىكى تۇرال-
غۇلىرىمىزغا ئوخشاش تۈز ئۆگزىلىك بولماستىن ئۇنىڭدىن سەل ئې-
گىزرەك يېپىلىدىغان بولۇپ، كىشىگە ئاسماقلىق تۇيغۇسىنى بېرىدى-
غان پۈتۈن ئايلانما ۋاسا تىزمىسى يەرلىك تىلدا «چىغ ۋاسا» دېيىلى-
دۇ. چىغ ۋاسا سېلىشتا تام دىۋارىغا پاراللېل ھالدا 40 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ بالاغا ئالدىن تەييارلانغان پەۋاز ياغىچى
توغرىسىغا مىخلىنىدۇ ۋە بۇ ياغاچ بىلەن تام سىنجى ياغىچى ئارىلى-
قىغا چىغ ۋاسا رەتلىك تىزىلىدۇ ھەمدە ھەر بىر بالا ئارىلىقىغا تەقىش

ئويۇلغان پەرمان تاختىسى بەللىنىدۇ. شۇنداقلا بالانىڭ ئاستى تەرىپى ۋە تام سىنجى ياغىچىنىڭ تۇلۇق ئايلانما يان يۈزىگە ئۆتۈشمە ھالەتتە نەقىش ئويۇلىدۇ. تۆت چاسا شەكىللىك ئۇزۇن سىپتا تاختاي ئاستىغا رەڭلىك رەخت چاپلىنىپ ئۈستىدىن مىخلىنىدۇ، بۇ «شاۋكا» دېيىلىدۇ. بۇ بالا ۋە تام سىنجى ياغاچلىرىغا ئالاھىدە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ئۇندىن باشقا بالانىڭ ئارىلىقلىرىدىكى نەقىشلىك پەرمال تاختىلىرىنىڭ ئۈستى گىرۋەكلىرى، بالانىڭ تۆۋەنكى ئىككى قىرى ۋە تام سىنجى ياغىچى ئۈستىگە ئىككى سانتىمېتىر ئاشۇرۇپ مىخلانغان گۈللۈك پەۋاز ياغىچىنىڭ ئاشۇرۇلغان قىسمىنىڭ ئاستى تەرىپى قاتارلىقلارغا تىلىنغان گۈللۈك غوزا قېقىلىپ پۈتكۈل ياغاچنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆركەم ئاسماق ئۆينىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى ھاسىل بولىدۇ، ھەمدە چىغ ۋاسىنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قاتلاممۇ قاتلام تىزىلىشى ۋە ئۇنىڭ تام دىۋارىنى بويلىغان تۇلۇق ئايلانمىسىنىڭ تۈرلۈك گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىشى بىلەن، ئاسماق ئۆينىڭ ھەر خىل تۈرلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

ئاسماق ئۆينىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئۇ شەكلىگە ئاساسەن: پەنتۇس ئاسماق، تۈز ئاسماق، سەككىز بۇرجەكلىك ئاسماق، يۇمىلاق ئاسماق، خە (چوڭ لىم) لىق ئاسماق ۋە تەتۈر ئاسماق دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇنى ئاسماقلىنىش قاتلام سانىغا قاراپ بىر ئاسماق، قوش ئاسماق ۋە كۆپ ئاسماق دىگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

پەتنۇس ئاسماق — چىغ ۋاسا ئايلانمىسى ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە يايسىمان ئەگمە ھاسىل قىلىپ تۆۋەندىن قارىماققا پەتنۇس شەكلىدە كۆرۈنىدىغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تۈز ئاسماق — تىك بۇلۇڭ شەكلىدە ئېسىلىپ يېپىلىدىغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

سەككىز بۇرجەكلىك ئاسماق — چىغ ۋاسا ئايلانمىسى ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۈز سىزىق ئەگمىسى ھاسىل قىلىپ، سەككىز بۇرجەك ھاسىل قىلىدىغان ئاسماقنى كۆرسىتىدۇ.

يۇمىلاق ئاسماق — چىغ ۋاسا ئايلانمىسى تۈرۈسنىڭ تۆت بۇرجە-

كىدە ياي شەكلىدە چوڭراق ئەگمە ھاسىل قىلىپ، كۇۋادرات شە-كىللىك ئۆيلەردە چەمبەرسىمان، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك ئۆيلەردە ئېللىپسسىمان قۇرۇلما ھاسىل قىلىدىغان شەكىلنى كۆرسىتىدۇ.

خە (چوڭ لىم) لىق ئاسماق ــ كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ ئۆيلەرنى خە ئارقىلىق ئىككى بۆلەككە ئايرىپ بۆلەكلىرىنى خالىغان ئاسماق شەكلىدە ياپىدىغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تەتۈر ئاسماق ــ بۇ خىل ئاسماقنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئاسماق-لىق تۇيغۇسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئاسماق ئۆيلەرنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن تارىخىي راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىل-غا ئېلىنغان ئاسماق ئۆيلەر پىرامىدا شەكلىدە پەلەمپەيسىمان ھالەت-تە ئۈستىگە قاراپ چوقچايسا، تەتۈر ئاسماقتا يۆنىلىش بويىچە پەس-كە قاراپ چوقچىيىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەتۈر ئاسماقنىمۇ يۇمىلاق، تۈز، پەتنۇس ۋە سەككىز بۇرجەك شەكلى بىلەن تۆۋەن يۆنىلىشكە قاراپ ئېسىلىدىغان بولۇپ، تەتۈر ئاسماقنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات نۇق-تىسىدىن ئېيتقاندا، ئاسماق ئۆيلەرنى ئالدى بىلەن ئاسماقلىنىش-تىكى يۇقىرى-تۆۋەن يۆنىلىشكە قاراپ ئوڭ ئاسماق، تەتۈر ئاسماق دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىر ئاسماق، قوش ئاسماق ۋە كۆپ ئاسماقلار چىغ ۋاسا ئايلانمى-سىنىڭ سانى ئاسماقلىنىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بۆلىنىدىغان تۈر-لەر بولۇپ، چىغ ۋاسا بىر ئايلانما قىلىپ يېپىلسا بىر ئاسماق، ئىككى ئايلانما قىلىپ يېپىلسا قوش ئاسماق، ئىككىدىن ئارتۇق ئايلانما قىلىپ يېپىلسا كۆپ ئاسماق بولىدۇ. كۆپ ئاسماق ئادەتتە ئەڭ كۆپ بولغاندا يەتتە-سەككىز قات ئاسماقلىنىدۇ، ھەر بىر ئاس-ماقلار ئوتتۇرىسىدا پەلەمپەيسىمان قۇرۇلما شەكىللىنىدۇ. ئاسماق-لىنىش سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئاسماق ئۆيلەرنىڭ ئاددىي-مۇرەك-كەپلىكى بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق بولۇپ، ئاسماق سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، تۈرۈسنى گېئومېترىيەلىك شەكىللەردىن ئېسترونومې-تىرىيەلىك شەكىللەرگە قاراپ يۈزلەندۈرىدۇ.

بۇ خىل ئۆي يېپىش شەكلى قەدىمدىن بۇيان كېرىيەدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر قىسىم ئاسماق ئۆيلەر ھازىرمۇ ساقلانماقتا . مەسىلەن: كۆكيار يېزىلىق قوتاز ئېرىق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 65 ياشلىق بوۋاي مەتسىدىق چولۇكنىڭ ھازىرغىچە بېجىرىم ساقلىنىۋاتقان دىرەۋزىن ئاسماقلىق ئايۋان ئۆيى بۇنىڭ تىپىك مىسالى . بۇ بوۋاينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ئۆي بوۋىسى سامساق چولۇكتىن دادىسى يەھيا چولۇككە مىراس قالغان ئىكەن. بۇ كۆركەم ۋە مەزمۇت ئۆي تەخمىنەن 150 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بىر تالمۇ مىخ ئىشلىتىلمىگەن ئىكەن.

تۇرالغۇ ئۆيلەر بىناكارلىقى ئەنئەنىسى بويىچە داۋاملىشىپ ۋە بارغانسىرى بېيىپ كەلگەن بۇ ئولتۇراق ئۆي بىناكارلىق شەكلى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۇنتۇلۇش ھەتتا يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشتەك قىسمەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئىشنى ئالاھىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ: 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېرىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق قۇربانىنىياز خارەت مەھەللىسىدىكى مەتسىدىق روزىنىڭ ئۆي سېلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «بۇ ياغاچلاردا ئادەتتىكى شەكىل بىلەن ئۆي ياپساق بەك ئارتۇق كەتكۈدەك، ناۋادا ماقۇل كۆرسىڭىز مەن بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىل مۇقەددەم ئۇستازلىرىم بىلەن بىر خىل ئۆي يېپىش شەكلىدە ئۆي ياپقان ئىدۇق. ھازىر بۇ خىل ئۆي يېپىش شەكلىنى بىلىدىغانلار قالمىدى، مېنىڭمۇ بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ھازىرقى خاتىرلىرىم ئاساسىدا بۇ ئۆيىنى شۇ خىل شەكىل بىلەن يېپىپ باقسام، ھاياتلىقىمدا بۇ ھۈنەر مېنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتمىسە»، دىگەن سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتىلغان تەكلىپىگە مەتسىدىق روزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىشى ئارقىلىق، باللىرى ۋە شاگىرتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاسماق شەكلىدە يېپىپ چىققان ۋە ئۇنتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىقكۆن كەنتىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئەمەت راشىدىن قاتارلىق بىرقانچە كىشىمۇ شۇ خىل شەكىلدە سالماقچى بولغاندا مەتتۇرسۇن چاتا قاتارلىق مەشھۇر خارەتلەر مەتسىدىق رۇزىنىڭ ئۆيىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇنداق ئۆي ياپقان ۋە بۇ خىل ئۆيلەرنى يېپىشقا ماھىر 17 نەپەر شاگىرت تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيەدە ئاسماق ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ۋە تەدرىجى تەرەققى قىلىپ، نەپىس، كۆركەم ۋە ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۇگۈنكى تەرەققىياتىنى روياپقا كەلتۈرگەن. بۇ يەردە قۇربانىياز خارەتنىڭ بۇ مەدەنىيەت خاسلىقىنى قوغداپ قېلىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى رولى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن)

## §3. تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى

### 1. تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى

بۇرۇنقى دەۋرلەردە نۇرغۇن تۇرمۇش بۇيۇملىرى تاشتىن ياساپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، زاماننىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل تاش بۇيۇملار تەدرىجى ئازلاپ كەتكەن. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) تاش ھاۋانچا: چوڭ تاش سىلىندىر شەكىللىك، چاسا ياكى ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق شەكىللەردە ياسىلىپ، ئۈستى يۈزىدىن كاتەك ئويۇپ ياسىلىدۇ. سوقما تاشقا تەبىئى سوزۇنچاق تاش ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن رايونىدا تاش ھاۋانچا تىبابەتچىلىكتە دورا ـ دەرمەكلەرنى سوقۇشقا ئىشلىتىلىپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشتا چايلىق، قىيمىلىق دورا ـ دەرمەك سوقۇش، ياڭاق مېغىزى، بادام مېغىزى سوقۇپ، چاي سۇتلەپ ئىچىش، بوۋاقلارغا نان سوقۇش، قۇرۇق ئۇ ـ

زۇم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ سوقماق ياساپ يېيىش... قاتار-لىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

2) جىنچىراق: كىچىك سوزۇنچاق تاشنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ماي قۇيۇلىدىغان كاتەك ئويۇلۇپ، كاتەكنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۇچلۇق يا-كى ئۇچلانغان ئۇچىغا قارتىپ كىچىك ئېرىقچە ئويۇلىدۇ. تېگى تەكشىلىنىپ، مۇنتىزىم تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. كاتەككە زىرائەت مېيى قۇيۇپ، پاختىدىن پىلىك ئېشىپ سېلىپ، پىلىكنىڭ بىر ئۇچى ئويۇلغان ئېرىقچا ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىپ ئوت يې-قىلىدۇ. بۇ جىن چىراقنىڭ ئەڭ ئاددىسى ھېسابلىنىدۇ. قاشتېشى-دىن سىپتا ئىشلەنگەنلىرىگە ئالدىغا تۇمشۇق (پىلىك چىقىرىش ئې-غىزى)، كەينىگە تۇتقۇچ چىقىرىپ، ئەتراپى نەقىشلەپ ياسىلىدۇ.

3) **كاتەك تېشى:** كاتەك تېشى مۇزا، بوزۇغا، ئېگىر قاتارلىق دورىلارنى سۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان سايمان بولۇپ، يىرىك تاشتىن ياسىلىدۇ. كىچىكرەك تاش دۈگىلەك ياكى چاسا شەكىللىك ياسى-لىپ، ئۈستىگە كاتەك ئويۇلىدۇ. سۈرۈلىدىغان دورىغا ئاساسەن، بىرقانچە ئارا قىلىپ ئويۇلغانلىرىمۇ بولىدۇ. دورا سۈرۈشتە كاتەك-كە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، دورا تاشقا سۈرۈلىدۇ. ئادەتتىكى ئائىلىلەر كۆپىنچە تەبىئى كاتىكى بار تاشلارنى تېپىپ ئىشلىتىدۇ. بوۋاقلارنى ئۈۋىلاش خوتەن رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت بولغاچ-قا، ھەممە ئائىلىدە ئاساسەن بىردىن كاتەك تېشى بولىدۇ.

4) قۇرۇلۇش ماتېرىيالى: يوقارقىلاردىن باشقا يەنە ۋادەكلەپ ئۆي سېلىشتا، بولۇپمۇ زەيكەش يەرلەرگە ئۆي سالغاندا، تۈۋرۈك تېگىنىڭ چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاشنى سىلىندىر شەكىللىك ياساپ، ئۈستى تەرىپىدىن چوڭ كاتەك ئويۇپ، تۈۋرۈك ئورنىتىلىدىغان جاي-غا يەر يۈزى بىلەن تەڭ ياكى ئېگىزرەك كۆمۈپ، كاتىكىگە تۈۋرۈك-نىڭ تېگىنى كەپلەپ بېكىتىپ سالىدۇ. بۇ خىل تاش «كۆتەك تاش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تاشتىن زىندىپاي ياساپ قويۇلىدۇ، تاش چاسا شەكىللىك ياسىلىپ، پەلەمپەي ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ (سېمونتنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن بۇ خىل ماتېرىياللار ئىش-لىتىلمەيدىغان بولدى).

www.uyghurkitap.com



# §4. ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش ھۈنەر-سەنئىتى[1]

ئالىملارنىڭ پەرزىگە قارىغاندا، ياغاچ قوراللار مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدىكى كونا تاش-قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى بۈنىڭدىن 50 مىڭ يىلدىن 350 مىڭ يىلغىچە بولغان ۋاقىتلاردا پەيدا بولغانىكەن. بۇ پەرەز ئاساسسىز بولمىسا كېرەك.[2]

خوتەندە ياغاچ قاچا -قۇچا ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى. نىيا قەدىمىي خارابىسىدىن ياغاچ نوگاي، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ ئاياق، ياغاچ تەخسە، ياغاچ جام، قۇلاقلىق ياغاچ قەدەھ قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. 1984 - يىلى لوپ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ رومكا، چۆچەك، جام، چوڭقۇر قورساقلىق كىچىك ئاياق، ئارا ئاياق، چوڭ ئاياق، ياغاچ تەخسە، ياغاچ لېگەن، ياغاچ پەتنۇس، قۇلاقلىق جام، قۇلاقلىق كورا،كىچىك كاسا، ئارا كاسا، چوڭ كاسا، تەڭنە، ياغاچ نوگاي، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ تارغاق، سىرغا، ياپقۇلۇق قۇتا، ياغاچ قىسقۇچ قاتارلىلار قېزىۋېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خوتەنلىكلەرنىڭ ياغاچ قاچا - قۇچا ياساش سەنئىتىگە تەۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق، كۆركەم ياسالغان. بۇلارنىڭ يىل دەۋرى ئىككى مىڭ يىلدىن ئۈچ مىڭ  يىلغىچە دەپ بېكىتىلگەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈنىڭدىن بىر نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ياراتقان مول پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرىدۇر.

① بۇ پاراگرافنىڭ مەزمۇنى «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش» (تۈزگۈچى: مەتتۇرسۇن ھەسەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 7-ئاي 1-نەشرى) ناملىق كىتابچە ئاساسىدا تۈزۈلدى.

② «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە، 714-بەت

ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى يونۇش ـ ئويۇش ۋە قىرمىچىلىق ئۆز ئارا گىرەلەشكەن قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، تەبىئىي، ساپ زىيانسىز مەھسۇلاتلىقى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش سەنئىتىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، خەلق تۇرمۇشىدىكى تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى، بازار رىقابىتىدىكى ئورنى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى. مەيلى ھازىر قىدىرىپ ياسىلىۋاتقان تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولسۇن ياكى بۈنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەدەنىيەتكە تەۋە قېزىۋېلىنغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ھەر خىل سىزىق، شەكىل، نەقىشلەر ئويۇلغان. بۇ نەقىشلەر شەكىل جەھەتتىن مۈڭگۈزسىمان ئەگمە نەقىشلەر، ئاي ـ قۇياشسىمان چەمبەر، يۇلتۇزسىمان نەقىشلەر، غىش شەكىللىك ھالقىسىمان نەقىشلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا خوتەنلىكلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش، ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن.

بۇ خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك. بولۇپمۇ، ئىچكىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال بازارنى خېلىلا جانلاندۇرۇۋەتتى. خوتەننىڭ مەلۇم بىر يېزا ـ بازىرىدىكى بىر قىرمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، ئۆزىنىڭ دۇكىنىدىن ئاياق، قوشۇق تۇرىدىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىر ھەپتە ئىچىدە تەخمىنەن ئۈچ يۈز دانە ئاياق، كاسا قاتارلىقلار چوڭ شەھەرلەرگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلىدىكەن. بازار ئېھتىياجىنىمۇ تەستە قامدايدىكەن. قىرىپ ئۈلگۈرتەلمىسىلا خېرىدارلار كۈندە ـ كۈندە كېلىپ تۇرىدىكەن.

ھازىر كىشىلەر تەبىئىي، زىيانسىز مەھسۇلاتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن، خوتەنلىكلەرنىڭ ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش سەنئىتى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تېپىۋاتىدۇ. ياغاچ قاچا ـ قۇچا بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى شۇ تۇردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىگانە
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئادەتتىكى فار - فۇر قاچىلارنىڭ باھاسىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولۇۋاتىدۇ.

## 1. ياغاچ قاچا - قۇچا ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تۈر - لىرى ۋە ياساش ئۇسۇلى

ياغاچ قاچا - قۇچا ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە خاس ئالا - ھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان، ئىنچىكە تېخنىكا بولۇپ، ھەر بىر تۈرى مۇرەككەپ ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن سەنئەتلىك شە - كىلگە كىرىدۇ.

تۆۋەندە ياغاچ قاچا - قۇچا ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئەنئە - نىۋى تۈرىدىن بىر نەچچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1) ئاياق: ھاڭگا تېرەك ، ياڭاق ، قارا سۆگەت ۋە باشقا چىداملىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ياغاچ تېرىكى تەركىبلىرىنىڭ قەۋزد - يەتنى بوشىتىش، ئۇچەي توسالغۇسىنى ئېچىش، يەل تارقىتىش رولى بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئاياقتاتاماق ئىستىمال قىلغاندا، تاماقنى ئاسان سۈۋۈتقىلى بولۇپلا قالماي، يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولى - دۇ. سۆگەت تەركىبلىرىنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش تەسىرى بول - غاچقا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئاياقتا تاماق ئىستېمال قىلغاندا، يۇقىرى قىزىتما، ئاشقازان ياللۇغى، باش ئاغرىقى، يۈرەك رىتىمسىز - لىقى، يۇقىرى قان بېسىم، كۆپ ئۇسساش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ياغاچ كېسىلىپ قوۋزىقىنى سويمىغان ھالەتتە بىر ئاي ئەتراپىدا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورۇندا تۇرغۇزۇ - لىدۇ. ئاندىن تومۇلۇقىغا باراۋەر ئۇزۇنلۇقتا ھەرە بىلەن كېسىلىدۇ، يەنى ياغاچنىڭ توغرا كەسمە يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر بولسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 40 سانتىمېتىر قىلىپ كېسىلىپ ئوت - تۇرىدىن ئىككى پارچە يېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ياغاچنىڭ يېرىلغان يۇ - زى دەل تۆت چاسا شەكىلگە كېلىدۇ. ئاندىن ياغاچنىڭ ئوتتۇرىدىن

يارغاندىكى يۈزى سىلىقلىنىدۇ. بۈرجەكلىرى كەكە بىلەن يونۇپ ئېلىۋېتىلىپ، يۇملاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. سىلىقلانغان يۈزنىڭ ئوتتۇرىسىنى كەكە بىلەن يونۇپ ئىچى تەرىپى ئازراق ئويۇلىدۇ. ئوتتۇردىن يېرىلغان ياغاچنىڭ يۈزى ئاياقنىڭ يۈزى بولىدۇ. سىرتقى تەرىپى يەنى قوۋزاق چاپلىشىپ تۇرغان تەرىپى ئاياقنىڭ ئاستى تەرىپى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ توغرا كەسمە يۈزىنى ئاياقنىڭ يۈزى قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىنسا، ئاياق ئاساسەن يېرىلىپ چاك كېتىدۇ.

**ئاياق قىرىش جەريانى:** بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئورەك كولىنىپ، ئورەكنىڭ يەر يۈزى تەكشىلىكىدىكى ئىككى تەرىپىگە ھارۋا شوتىسى شەكلىدە ئىككى تال ياغاچ مەھكەم ئورنىتىلىدۇ. ئاندىن ئادەمنىڭ بېلىكىدەك توملۇقتا چىلان ياغىچىدىن بىر تال ئوق تەييارلىنىدۇ. ئوق يان تەرەپتىكى ئىككى ياغاچقا ئورنىتىلىدۇ. يەنى ئوقنىڭ ئىككى ئۇچى ياغاچتىكى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قىلىپ ئېچىلغان تۆشۈكچىگە سېلىنىدۇ. ئوق ياغاچنىڭ بىر تەرىپىدىكى توغرا كەسمە يۈزىگە تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆت تال ئۇچلۇق مىخ قېقىلىدۇ. ئاياق ياساشقا تەييارلانغان ياغاچنىڭ كەينى تەرىپى بۇ مىخلارغا قارىتىپ قېقىپ چىڭىتىلىدۇ. ئوق ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارغامچا يۆگەپ، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەتمەن سېپىدەك توملۇقتىكى ئىككى تال تەپكە ياغاچنىڭ بىر تەرىپىگە چېگىلىدۇ. بۇ ئىككى تال تەپكە ياغاچنىڭ بىر تەرىپى يەرگە تېگىدۇ. ئارغامچا چېگىلگەن تەرىپى بوشلۇقتا تۇرىدۇ. كولانغان ئورەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ياغاچ توغرا قويۇلىدۇ. بىر ئادەم بالداق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئارغامچا بېكىتىلگەن ئىككى تال ياغاچ تەپكىگە ئىككى پۇتىنى قويۇپ بىردە بىرنى، بىردە يەنە بىرنى كۈچ بىلەن دەسسىگەندە ئارغامچىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئوق تېز سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ. ئوقنىڭ ئايلىنىش بىلەن ئاياقمۇ تەڭ ئايلىنىدۇ. قىرمىچى ئۇستا ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇ ئارقىلىق، ئاياقنىڭ ئىچىنى ئويىدۇ. ئاياقنىڭ گىرۋەكلىرى چىقىرىلىدۇ. ئاياقنىڭ سىرتقى تەرىپى سىلىقلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئاياقنىڭ ئاستى تەرىپى سىلىقلىنىپ، نېپىز ئويۇقچە ئارقىلىق شەكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىرىلىدۇ. ئاياق قىرىشنىڭ جەريانى مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

ئاياق قىرىدىغان ئۇسكۇنىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى ياغاچتىن ياسالغان، ھەتتا ئوقىمۇ ياغاچتىن قىرىلغان. ئوقنىڭ تېز ئايلىنىشى ئۈچۈن شاپتۇل مېغىزىنى سوقۇپ، ئوق ئويۇقچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويىسا، سىلىقلاش مېيىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

ئاياق مەخسۇس ئاش ـ تاماق يېيىش، ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا تاماق يېگەندە، تاماق ئاسان سوۋۇيدۇ، قولنى كۆيدۈرمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق تەرىپى يوق. ئۇ چىدامىلىقلىقى يۇقىرى مەھسۇلات بولۇپ، نەچچە ئون يىل، نەچچە ئەۋلادقىچە بىمالال ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئاياق ھەم تاماق قاچىسى، ھەم سەنئەت بۇيۇمى. چۈنكى، ئۇنىڭغا قىرمىچى ئۇستىلار كۆڭۈل قويۇپ ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىدۇ، گۈل نۇسخىلىرىنى چېكىدۇ. ئاياق ئويغان ياغاچنىڭ ئۆزىدىنمۇ نۇرغۇن تەبىئىي گۈل نۇسخىلىرى شەكىللىنىدۇ. بۇنداق نەقىشلەر ۋە گۈل نۇسخىلىرى ئاياق نەچچە ئون يىل ئىشلەتسىمۇ ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئاياق يىغىپ ساقلاش قىممىتىگە ئىگە. قىرمىچى ئۇستىلار ئاياقنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئۈسسۈملۈك يېغىدا ئاياقنىڭ ئىچى ـ تېشىنى تەكشى ياغلايدۇ. ئاندىن كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورۇندا تۈز ھالەتتە قويۇپ قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لەڭمەن سالغان ئاشنىڭ سۈيىگە ئاياقنى سېلىپ، بىر نەچچە مىنۇت قايناتقاندىن كېيىن قۇرۇق قۇمغا كۆمۈپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئۇن ياكى كېپەكنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قويسىمۇ ئاياق ياخشى قۇرۇيدۇ. ئاياق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قانداق ئۇسۇلدا ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ.

ئادەتتە ئاياق ياساشقا قىرىش ئەسۋابىدىن باشقا، يەنە چوڭ قىيدام كەكە، كىچىك قىيدام كەكە، قىرغۇ، ھەرە، تاش بىلەي قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.ئاياق قىرىدىغان ياغاچنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن چوڭ گىرۋەكلىك ئاياق، ئارا گىرۋەكلىك ئاياق، كىچىك گىرۋەكلىك ئاياق دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2) دۆشە ئاياق: قارا سۆگەت ياكى ياڭاق ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

سۆگەتنىڭ ئۆپكە، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش رولى بولغاچقا، بۇنىڭدىن ياسالغان دۆشىدە چانالغان گۆشنى داۋاملىق ئىستېمال قىلغاندا، يۈرەك رېتىمسىزلىقى، يۈقىرى قىزىتما، ئۆپكە راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ئاياقنى قىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. بىراق، دۆشە ئاياقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر يۇمىلاق شەكىللىك دومبەلچەك دۆشە قىسمى بولغاچقا، ئۇ مۇرەككەپرەك تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. دۆشە ئاياقنى قىرىشتا، ئاۋۋال توم قارا سۆگەت ياغىچىنى توغراپ ئوتتۇرىدىن يېرىپ، يېرىلغان يۈزى تەكشى سىلىقلىنىدۇ ۋە يۇمىلاقلاپ چەمبەر شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. كەسمە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر چەمبەر شەكىللىك دۆشە دومبەلچە قىسمى بەلگە قىلىنىۋېلىپ، دومبەلچەكنىڭ ئەتراپى ئويۇلىدۇ. ئاياقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆشە قىسمىنىڭ كەسمە يۈزى سەل كەڭرەك، ئاستى تەرىپى سەل ئىنچىكىرەك بولىدۇ، دۆشە ئاياقتا، ئاياقنىڭ گىرۋىكىدەك گۈل چىقىرىلمايدۇ، تۈز بولىدۇ. دۆشە ئاياقنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسىنىڭ سىرتقى قىسمى، ئاستى تەرىپى ئاياقنىڭ ئايلانمىسى ۋە ئاستىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئىچكى قىسمى ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە بولىدۇ.

دۆشە ئاياق گۆش، پىياز توغراشقا، قىيما قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىيما قىلىدىغان گۆش، پىياز قاتارلىقلارنى توغرىغاندا بىۋاستە ئاياقنىڭ ئىچىگە چۈشىدۇ. ئۇنى ھەم ئاياق، ھەم دۆشە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شەكلى كۆركەم، نەپىس، چىرايلىق ئىشلىتىشكە ئەپلىك.

3) ياپقۇچلۇق كورا: ئاساسەن ياڭاق، چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ئاياق قىرىش، ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشايدۇ. ياڭاقنىڭ پورلاشمىغان ياغىچىنى ئۆلچەملىك قىلىپ توغراپ، توغرالغان ياغاچ ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يېرىلغان يۈزى تەكشىلىنىپ ئاۋۋال قىيدام كەكە ئارقىلىق ئىچى ئويۇلىدۇ. تاشقى قىسمى يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاياق قىرىدىغان ئەسۋابقا مىخلىنىپ قىرغۇ بىلەن ئىچى - تېشى سىلىقلىنىدۇ، ئاغزى سەل كىچىك، تار، قورساق قىسمى كەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ. گىرۋىكى تۈز بولىدۇ. كورىنىڭ ئىچى ئويۇلۇپ تې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



شى سىلىقلىنىپ، ئاستى تەرىپىدىن ئويۇقچە ئارقىلىق تاپانلىق چىقىرىلىدۇ، كورىنىڭ ياپقۇچى يەنە ئايرىم ياسىلىدۇ، ياپقۇنىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق، كىچىك قىلىپ تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. ياپقۇچنى ياپقاندا ئاساسەن پۈتۈن شار شەكلىدە بولىدۇ.

كورا خېمىر پىلە قىلىشقا، ھەر خىل گۈلقەنتلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ياپقۇچلۇق كورا ئىشلىتىلىش ئوبيېكتلىرى، خام ماتېرىيال ۋە ھەجمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ھەر خىل شەكىلدە ـــ يەنى: تۈز تاپانلىق ياپقۇچلۇق كورا، كەڭ تاپانلىق ياپقۇچلۇق كورا، تاق قۇلاقلىق ياپقۇچلۇق كورا،قوش قۇلاقلىق ياپقۇچلۇق كورا، چوڭ ياپ ـ قۇچلۇق كورا، ئارا ياپقۇچلۇق كورا، كىچىك ياپقۇچلۇق كورا، دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

4) جام: ھاڭگا تېرەك ، قارا سۆگەت ، ياڭاق ياغىچى قاتارلىقلار ـ دىن ياسىلىدۇ. جام شەكىل جەھەتتىن ئاياققا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ گىرۋىكى بولمايدۇ. ئۇزۇنچاق، تىك ھالەتتە بولىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ھۆل ھالەتتىكى توم ياغاچنى 25 سانتىمېتىر ئۇزۇن ـ لۇقتا توغراپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ، يېرىلغان يۈزىنى قىيدام كەكە بىلەن تەكشىلەپ، بۇرجەكلىرىنى يونۇلۇپ، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قىيدام كەكىدە ئىچىنى ئازراق ئويۇپ كاۋاك ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاياق قىرىدىغان قىرمىچىلىق ئۈسكۈنىسىنىڭ ئوقىنىڭ توغرا كەسمە يۈزىگە ئورنىتىلغان مىخقا بېكىتىلىدۇ. ئوقنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تەڭ قىرمىچى ئۇستىلار ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇ بىلەن جامنىڭ ئىچىنى تىك ھالەتتە ئويىدۇ. ئاياق، ياپقۇچلۇق كورا، دۆشە ئا ـ ياق قاتارلىقلارنىڭ قورساق قىسمى ئىچكىرىلەپ ئويۇلىدۇ. بىراق، جامنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستى ئوخشاش قىلىپ تىك ھالەتتە ئويۇلىدۇ. تېگىدىن نېپىز ئويۇقچە ئارقىلىق تاپانلىق چىقىرىلىدۇ.

جام مەخسۇس تاماق يېيىشكە ئىشلىتىلىدۇ. سۇ ياكى سۈيۇق نەرسىلەرنى ئىچىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تاماق ساقلاشقىمۇ ئىشلىتى ـ لىدۇ. جام چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر خىل ھەجىم، بىر خىل شەكىلدە قىرىلىدۇ.

**5) چۆچەك:** ھاڭگا تېرەك ، ياڭاق ، قارا سۆگەت ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. چۆچەك ياپقۇچلۇق كورىنىڭ كىچىكىگە سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. ھازىرقى چاي چىنىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇ مەخسۇس كىچىك بالىلارنىڭ تاماق يېيىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

چۆچەك ئاياق، جام، كورا قىرىشقا چىقىشمايدىغان ياغاچنىڭ ئىنچىكە تەرىپىدە ياسىلىدىغان بولغاچقا، ھەجمى كىچىك، چۆچەك قىرىش مەشغۇلاتى ئاياق قىرىش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

چۆچەكتە تاماق ئاسان سوۋۇيدۇ. بولۇپمۇ ئەمدىلەتتىن ئۆزى تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىچىك بالىلارغا چۆچەكتە تاماق بەرگەندە، بالىلارنىڭ بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**6) يىلىم چالغۇ:** ھاڭگا تېرەك ، ئۈجمە ، ياڭاق ، جىگدە ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**ياساش ئۇسۇلى:** توم ياغاچنى 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ ئوتتۇرىدىن يېرىپ، تۆت بۇرجىكى كەكە بىلەن يونىلىپ يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ياغاچنىڭ يېرىلغان يۈزى سىلىقلىنىپ، ئاستى تەرىپى، يەنى ياغاچنىڭ سول يۈزى قىرمىچىلىق ئۇسكۇنىسىدىكى ئوق ياغاچنىڭ كەسمە يۈزىگە ئورنىتىلغان مىخقا مىخلىنىپ، ئاياقنى قىرىش ئۇسۇلى بويىچە قىرىلىدۇ. ئاۋۋال يىلىم چالغۇنىڭ ئىچى قىرغۇ بىلەن قىرىپ ئويۇلىدۇ. يىلىم چالغۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن تاپانلىق قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇپ چىقىرىۋېتىلىپ شەكىل چىقىرىلىدۇ. يىلىم چالغۇنىڭ يۇقىرى قىسمى بىلەن تاپانلىق قىسمىنىڭ كەسمە يۈزى ئوخشاش ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق قىرىشتىن مەقسەت، يىلىم چالغۇنىڭ تىك ھالەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئوتتۇرا بەل قىسمىنىڭ ئىنچىكە قىلىپ قىرىلىشى ئۇنى كۆتۈرۈشكە ئەپلىك ھەم شەكىل گۈزەللىكى ئۈچۈندۇر.

يىلىم چالغۇ قىز - ئاياللارنىڭ تەبىئىي تارىنىش بۇيۇمى بولغان جىگدە يىلىمىنى چىلاپ، سۇيۇق ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

يىلىم چالغۇ كۆركەم، نەپىس، چىرايلىق بولۇپ ھەم تۇرمۇش بۇيۇمى، ھەم سەنئەت بۇيۇمى. ئۇنىڭ شەكلى بويۇنلۇق ئەينەك رومكى-

www.uyghurkitap.com



غا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر، تاپانلىقىنىڭ كەسمە يۈزى بەش سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر، ئېغىزى يەنى كەسمە يۈزىنىڭ دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئېغىزىغا ئايرىم ياپقۇ قىرىلىدۇ.

7) ياغاچ رومكا: ياڭاق، چىلان ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: يىلىم چالغۇنى قىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشايدۇ. شەكىل جەھەتتىن يىلىم چالغۇغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما يىلىم چالغۇدىن پەرقلىنىدۇ. يىلىم چالغۇنىڭ كەسمە يۈزى بىلەن قورساق قىسمى ئوخشاشلا تۈز، تىك ھالەتتە بولىدۇ. رومكىنىڭ ئېغىز تەرىپى كەڭ، ئاستى تەرىپى تار، سەل ياپپاڭراق شەكىلدە بولىدۇ. تاپانلىق قىسمى بىلەن رومكا قىسمىنىڭ ئوتتۇرىدا ئادەم تۇتقىلى بولىدىغان بەل ئويۇقچە ئارىلىقى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ ئويۇقچە رومكىنى كۆتۈرۈشكە ماسلاشتۇرۇلغان. رومكا مەي ـ شاراپ، شەربەت ياكى شەربەت دورىلارنى ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇ چىرايلىق، نەپىس بولغاچقا، مەخسۇس سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارىدا كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇنغا تىزىپ قويۇلىدۇ.

8) ياغاچ چىنە: ياڭاق، چىلان ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياغاچ چىنىنى قىرىش ئۇسۇلى چۆچەكنى قىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. ئاۋۋال ئايلانمىسى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ياغاچنى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا توغراپ، ئۇنى ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئىككى قىلىنىۋالىدۇ. يېرىلغان يۈزى تەكشىلىنىپ، تۆت بۇرجەكى قىيدام كەكە بىلەن ئېلىۋېتىلىپ يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قىرمىچىلىق دۈكىنى ئوقىغا مىخلىنىپ، ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇ بىلەن ئىچى ئويۇلىدۇ. ئۈستى تەرىپى كەڭ ئاستى تەرىپى تار قىلىپ، تېگىدىن نېپىز تاپانلىق چىقىرىلىپ، ھازىرقى چىنە شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ياغاچ چىنىگە گىرۋەك چىقىرىلمايدۇ. لېۋى تۈز بولىدۇ. ياغاچ چىنىنىڭ ئاستى تاپانلىقى چىنىنىڭ ئۈستى كەسمە يۈزىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولىدۇ. يەنى ئاستا تاپىنى كىچىك، قورساق قىسمى كەڭ بولىدۇ. بۇ خىل چىنە ئاسان سۇنۇپ، چېقىلىپ

كەتمەيدۇ. ئۆسۈملۈك مېيىدا مايلاپ، لەگمەن سالغان ئاش سۈيىدە قاينىتىپ پىشۇرۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن ئىشلەتسە، نەچچە ئون يىل ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

چىنە قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان چىلان ياغىچى ناھايىتى قاتتىق، ئاساسەن چىرىمەيدىغان، ئاسان سۇنمايدىغان، غول قىسمى توق سې-رىق، تاشقى پوستى قىسمى ئاق رەڭلىك بولغاچقا، بەكمۇ چىرايلىق بولىدۇ.

9) ياغاچ تەخسە: ھاڭگا تېرەك، قارا سۆگەت ۋە ياڭاق ياغىچى قا-تارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ئايلانمىسى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ياغاچ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا توغرىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئىككى تال قىلىنىدۇ، يېرىلغان يۈزى تەكشىلىنىپ، تۆت بۇرجىكى كەكە بىلەن يونۇپ ئېلىۋېتىلىپ، يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈ-رۈلىدۇ. ياغاچنىڭ قوۋزاق تۇرغان سول يۈزى تەكشىلىنىپ، قىرمى-چىلىق ئۇسكۈنىسى ئوقىنىڭ كەسمە يۈزىگە بېكىتىلگەن مىخقا مەھ-كەم مىخلىنىدۇ. ئوق ئايلىنىشى بىلەن قىرمىچى ئۇستىلار ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇ بىلەن تەخسىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ چىقىرىدۇ، سى-لىقلايدۇ. ئاخىرىدا تەخسىنىڭ سىرتقى قىسمىنى سىلىقلاپ، ئاستى تەرىپىدىن ئىنچىكە ئويۇقچە ئارقىلىق تاپانلىق چىقىرىدۇ.

ياغاچ تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسى سەل چوڭقۇر، لېۋى تۈز، نېپىز، كەڭ ھالەتتە قىرىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ھازىرقى فار - فۇر تەخسى-لەرگە سەل ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يۈزى كەڭ ياپىلاڭ بولىدۇ. ياغاچ تەخسە ھۆل، قۇرۇق مېۋىلەرنى تىزىش ھەر خىل قورۇمىلارنى ئېلىش قا-تارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا قىزىق قورۇمىلارنى ئالغاندىمۇ قولنى كۆيدۈرمەيدۇ. قورۇمىلارنىڭ سۈپىتىگە، تەمىگە تەسىر يەت-كۈزمەيدۇ.

ياغاچ تەخسە چوڭ، ئارا ھەم كىچىك قىلىپ ئۈچ خىل شەكىلدە قىرىلىدۇ. قىرمىچى ئۇستىلار بەزىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، شەكىل چىقىرىپ كەڭ گىرۋەكلىك تەخسىلەرنى قىرىپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



10) ياغاچ لېگەن: ياڭاق، سۆگەت، ھاڭگا تېرەك ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ئايلانمىسى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان ياغاچ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەرىدىلىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى تال قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يېرىلغان يۈزى تەكشىلىنىپ، تۆت بۇرجىكى ئېلىۋېتىلىپ، يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. يەنە ياغاچنىڭ سول يۈزى ئازراق تەكشىلەنگەندىن كېيىن، قىرمىچىلىق ئۈسكۈنىسىنىڭ ئوق بېشىدىكى مىخقا مىخلىنىدۇ. ئوقنىڭ چۆرگىلىشى بىلەن قىرمىچى ئۇستىلار ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇ بىلەن لېگەننىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى قىرىپ شەكىلگە كەلتۈرىدۇ. گىرۋەكلىرى چىقىرىلىدۇ. ئاستى تەرىپىدىن نېپىز ئويۇقچە ئارقىلىق تاپانلىق چىقىرىلىپ، ئىچى ـ تېشى سىلىقلىنىدۇ؛ گىرۋەكلىرىگە پىچاق ئارقىلىق نەقىش ئويۇلىدۇ. ياغاچ لېگەننىڭ ئىچى تۈز ئويۇلىدۇ. لېگەننىڭ ئىچىنى ئويۇش ئۇسۇلى تەخسىنى ئويۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ، تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسى سەل چوڭقۇر قىلىپ ئويۇلىدۇ، لېگەننىڭ بولسا تەكشى قىلىپ ئويۇلىدۇ. لېگەننىڭ گىرۋىكىنى تۈز، نېپىز قىلىپ قىرسا لېگەن چىرايلىق، نەپىس چىقىدۇ. ياغاچ لېگەننىڭ شەكلى ھازىرقى چاقچۇق لېگەننىڭ شەكلىگە ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ھازىرقى چاقچۇق لېگەنلەر دەل ياغاچ لېگەننىڭ تەقلىدىي شەكلىدۇر.

ياغاچ لېگەن چىدامىلىق، كۆركەم بولۇپ، ئاسان سۇنۇپ كەتمەيدۇ، سۇيۇقتىن قالمايدۇ، رەڭگى ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. ياغاچ لېگەن ياساش، قىرىشقا كېتىدىغان سايمانلار ئاساسەن باشقا قىرمىچىلىق سەنئىتىدە ئىشلىنىلىدىغان سايمانلار ــ يەنى ھەرە، قىرغۇ، قىيدام كەكە، تاش بىلەي قاتارلىقلار.

11) ياغاچ پەتنۇس: ياڭاق، قارا سۆگەت، جىگدە ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: پورلاشمىغان، تۈز ئۆسكەن ياغاچ تاللىنىلىدۇ. تاللانغان ياغاچنىڭ ئايلانمىسى 100 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ 45 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ

ئىككى تال قىلىنىپ، يېرىلغان تەرىپى پەتنۇسنىڭ يۈزى قىلىنىدۇ. يۈز تەرىپى ھەم ياغاچنىڭ ئارقا تەرىپى تەكشىلىنىپ تۆت بۇرجىكى ئاز مىقداردا ئېلىۋېتىلىپ، قىرمىچىلىق ئۇسكۈنىسىنىڭ ئوقىنىڭ كەسمە يۈزىدىكى مىخقا مىخلىنىدۇ. ئوقنىڭ تېز سۈرئەتتە ئايلىنىشى بىلەن پەتنۇس ياسىلىدىغان ياغاچمۇ تېز ئايلىنىدۇ. ئاندىن قىرغۇچ بىلەن پەتنۇسنىڭ ئىچى تەكشى قىرىپ چىقىرىلىدۇ.

پەتنۇسنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچكى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسى تۈز، گىرۋەك قىسمى سەل ئېگىز، بىلىنەر - بىلىنمەس پەلەمپەيسىمان، بۇ خىل ئويۇقچە پەتنۇسنىڭ شەكلىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشىدۇ. پەتنۇسنىڭ تاپانلىقى پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ماسلاشتۇرۇلغان. پەتنۇسنىڭ ئىككى يان تەرەپكە يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئايرىم تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ، بۇ خىل شەكىل پەتنۇسنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈشكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

12) **ياپقۇچلۇق قۇتا:** ئالما، ھاڭگا تېرەك، قارا سۆگەت ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ئالمىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۈرەك ھەرىكىتىنى تۇرقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، تۇزنى ئالما ياغىچىدىن ياسالغان قۇتىلاردا ساقلاپ ئىشلەتكەندە، تۇزنىڭ يۈرەككە بولغان ئارتۇقچە تەسىرىنى پەسەيتىپ، يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ. بۇ خىل ياغاچ قۇتىدا ماي ساقلاپ ئىشلەتكەندە، ئالمىنىڭ ياغ پارچىلاش تەسىرى بولغاچقا، مايىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆت-جىگەر ياللۇغى، قان مېيى يۇقىرىلاش، قان تومۇر توسۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**ياساش ئۇسۇلى:** پورلاشمىغان، بىجىرىم ئۆسكەن توم ياغاچ 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى قىلىنىپ، يېرىلغان يۈزى سىلىقلىنىپ، بۇرجەكلىرى ئېلىۋېتىلىپ، قىرمىچىلىق ئۇسكۈنىسى ئوق ياغىچىنىڭ كەسمە يۈزىدىكى مىخقا مىخلىنىپ، قىرغۇ بىلەن قىرىلىپ ياغاچ يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈ-

لۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىچى ئويۇلىدۇ. ئاستى تەرىپىدىن تاپانلىق چىقىرىلمايدۇ. ئەسلىدىكى كەسمە يۈزى قۇتىنىڭ تاپانلىقى قىلىنىدۇ. قۇتىنىڭ ياپقۇچى ئايرىم ئويۇلىدۇ. ياپقۇچنىڭ ئۈستى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كىچىك تۇتقۇچى بولىدۇ. ياپقۇچنىڭ گىرۋىكى پىچاقنىڭ بىسىدەك نېپىز قىلىپ قىرىپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، قۇتىنىڭ گىرۋىكى بىلەن ياپقۇچنىڭ گىرۋىكى مەھكەم جىپسىلىشىپ قۇتا ئېغىزى ھەم ئېتىلىدۇ.

ياپقۇچلۇق قۇتىنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى چوڭ. ئۇ چۇچۇتۇلگەن سۇ ماي، مۇچ، شوخلا قىيامى، ھايۋانلارنىڭ ئېرىتىلگەن مايلىرىنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

13) كاسا: توغراق، ياڭاق، جىگدە، قارا سۆگەت ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. كاسىدا يۇغۇرۇلغان خېمىردا تاماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلغاندا، چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، سۆلۈق ئىششىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. توغراقنىڭ قان تازىلاش، ئىممونىت كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، بۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان كاسىدا يۇغۇرۇلغان خېمىردا تاماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلغاندا، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: كاسا قىرىشتا، ئايلانمىسى ئىككى مېتىر ئەتىراپىدا كېلىدىغان، ئىچى پورلاشمىغان، تۈز ئۆسكەن ياغاچ ماتېرىيالى تاللىنىدۇ.

توم ياغاچ بىرمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى تال قىلىنىپ، يېرىلغان يۈزى كاسىنىڭ يۈزى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يۈز قىسمى تەكشى سىلىقلىنىپ، تۆت بۇرجىكىنى قىيدام كەكە بىلەن ئېلىۋېتىپ، يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن كاسىنىڭ سىرتقى يۈزى تەكشىلىنىپ، يېرىم شار شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قىيدام كەكە بىلەن كاسىنىڭ ئىچى ئويۇلىدۇ. ئىچى، تېشى قىيدام كەكە بىلەن نېپىزلىتىلىپ يېنىكلەشتۈرۈلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كاسىنىڭ ئاساسىي ئەمگىكى قىيدام كەكەدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاخىرى كاسىنىڭ ئىچىنى سىلىقلاش، گىرۋەكىنى چىقىرىش، سىرتقى قىسمىنى سىلىقلاش تەرتىپلىرى قىرمى-

www.uyghurkitap.com

چىلىق ئۇسكۇنىسىدە ئورۇنلىنىدۇ. كاسىنىڭ ھەجمى چوڭ، ياغاچنىڭ ئېغىرلىقى كۆپ، ئايلانمىسى ئۇزۇن بولغاچقا، يەنە كېلىپ قىرمىچىلىقتىكى ئاساسىي ئوق ھەم ياغاچ، شۇنداقلا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلىدىغان بولغاچقا،بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى ياغاچنى تېز سۈرئەتتە ئايلاندۇرۇش تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، كاسىنىڭ ئاساسىي قىسمى قول ئارقىلىق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. كاسىنىڭ ئىچى ئويۇلۇپ يېنىكلىتىلگەندىن كېيىن، ئوق ياغاچنىڭ كەسمە يۈزىدىكى مىخقا مىخلىنىپ قىرغۇ ئارقىلىق كاسىنىڭ ئىچى سىلىقلىنىدۇ. گىرۋەكلىرى چىقىرىلىدۇ. سىرتقى قىسمى تەكشىلىنىپ ئاخىرىدا تاپانلىق چىقىرىلىدۇ. كاسىغا كۆپ ھاللاردا ئايرىم تاپانلىق چىقىرىلمايدۇ. بەلكى كاسىنىڭ ئۆزىنىڭ سول يۈزى تاپانلىق قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا كاسىنىڭ ئىچى، گىرۋىكى، سىرتقى يۈزلىرى تاش بىلەي ئارقىلىق تېخىمۇ سىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

كاسا ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئىشلىتىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئېھتىياجى، كاسا قىرىش ئۇستىلىرىنىڭ ماھارىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن چوڭ كاسا، ئارا كاسا، كىچىك كاسا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**14) تەڭنە:** تەڭنە كۆپىنچە قارا سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

**ياساش ئۇسۇلى:** تەڭنىنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق، يەنى ئېللىپىس شەكلىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى قىيدام كەكىدە قىرىپ ياساشقا توغرا كېلىدۇ.

تەڭنە قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توم ياغاچ تەخمىنەن 120 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئوتتۇرىدىن يېرىپ، يېرىلغان يۈزى تەڭنىنىڭ يۈز تەرىپى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ تۆت بۇرجىكى ئېلىۋېتىلىپ بۇرجەكسىز ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن چوڭ قىيدام كەكە بىلەن تەڭنىنىڭ ئىچى بىر بىرلەپ يونۇپ كاۋاك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. تەڭنىنىڭ ئىچى چوڭقۇرلاشقانسېرى كىچىك قىيدام كەكە ئارقىلىق سىلىقلىنىدۇ. گىرۋىكى ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇدا نېپىزلەشتۈرۈلىدۇ. سىرتى يەنە قىيدام كەكە ئارقىلىق سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا تاش بىلەي بىلەن تەڭنىنىڭ ئىچى - سىرتى سىلىق-

www.uyghurkitap.com



لىنىدۇ. تەڭنىنى يۆتكەش، كۆتۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىككى ئۇزۇن بېشى تەرىپىگە تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. تاش بىلەيىنى قۇم قەغىزى ئورنىدا يېنىك ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بىراق كۆچ بىلەن سۈركىگەندە ياغاچنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

تەڭنە كۆپىنچە كىر يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

15) ھاۋانچا: پەقەت ھاڭگا تېرەك ياغىچىدىنلا قىرىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: ياغاچنىڭ پورلاشمىغان باش تەرىپى تاللاپ كېسىلىپ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ھەرىدەپ تەييارلىنىدۇ (ھاۋانچا قىرىشقا تەييارلانغان ياغاچنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىككى تال قىلىشقا بولمايدۇ). ياغاچنىڭ ئەسلى ئۆسۈش ھالىتىدىكى تومراق تەرىپى ھاۋانچىنىڭ تاپانلىق تەرىپى قىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ ئىنچىكە كەسمە يۈزى ھاۋانچىنىڭ ئۈستى تەرىپى قىلىنىدۇ. ھاۋانچىنىڭ ئىچى ئاۋۋال كىچىك قىيدام كەكە بىلەن ئازراق ئويۇپ ئېلىۋېتىلىپ، ئاندىن ھاۋانچىنىڭ تاپانلىق تەرىپى قىرمىچىلىق ئوقىنىڭ كەسمە يۈزىدىكى مىخقا مىخلىنىدۇ. ئوقىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئايلىنىشى بىلەن ئۆتكۈر تىغلىق قىرغۇدا ھاۋانچىنىڭ ئىچى قىرىلىدۇ. تاپانلىققا ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا قالغاندا ئىچىنى ئويۇش توختىتىلىدۇ. ھاۋانچىنىڭ باش قىسمى تىك، تېگىگە يەتكەندە يانتۇ ھالەتتە قىرىلىدۇ. بۇنداق قىرغاندا ھاۋانچا تۈۋىنىڭ چىداش مۇددىتىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ھاۋانچىنىڭ ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

ھاۋانچا مەخسۇس چاي، دورا ـ دەرمەكلەرنى سوقۇش، يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ھاۋانچا ساپ، تەبىئىي زىيانسىز تۇرمۇش بۇيۇمى. ئادەتتە تۆمۈر ۋە تاش ھاۋانچىلارمۇ تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بىراق تاش ھاۋانچىدا دورا سوققاندا بەزىدە تاش پارچىلىرى ئۆۋۈلۈپ دورىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. تۆمۈر ھاۋانچىدا دورا سوققاندا تۆمۈردىكى بەزى دات ـ قاسىراقلار ئاجراپ چىقىپ دورىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ماددىلار ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولۇپ، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. لېكىن، ياغاچ ھاۋانچىنىڭ بۇ خىل زىيانلىق تەرىپى يوق.

16) نوگاي: ھاڭگا تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.
17) موشت: ( موشتەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.
ياساش ئۇسۇلى: ئايلانمىسى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان چىلان ياغىچى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ تەييارلىنىدۇ. قوۋزاقلىرى پاكىز قىرىۋېتىلىپ، يەنە 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىنىڭ ئايلانمىسىنى بويلاپ كېسىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندە ئەتراپلىرى ئېلىۋېتىلىپ تۇتقا چىقىرىلىدۇ. بىر تەرىپى يۇمىلاق شار شەكىللىك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. باش كەسمە يۈزىدىن ئويۇقچە ئويۇپ گىرۋەك چىقىرىلىدۇ. باش كەسمە يۈزى قىرمىچىلىق ماشىنىسىنىڭ ئوق كەسمە يۈزىدىكى مىخقا مىخلىنىپ ئوقنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تەڭ قىرغۇ بىلەن ئاۋۋال يۇمىلاق شار شەكىللىك قىسمى، ئۇنىڭدىن كېيىن تاپانلىق تەرەپتىكى ئويۇقچە گىرۋىكى، ئاندىن تۇتقۇچى ئەتراپى سىلىقلىنىدۇ. تۇتقۇچى تەرەپنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە يەنە يۇمىلاق شار شەكىللىك ئويۇقچە بولىدۇ. بۇ موشتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن قىرىلىدىغان شەكىلدۇر. موشتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئويۇلغان ئويۇقچە گىرۋەك يېرىم غول قىسمى بولىدۇ. موشتنى قىرىش خېلىلا يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. گىرۋىكى سەللا چوڭقۇر ياكى نېپىز ئويۇلۇپ قالسا، تۇتقۇچى سەللا قىيسىق كېتىپ قالسا، ئىشلىتىش مۇمكىن بولمايدۇ.
موشتنى مەخسۇس كىگىزچى ئۇستىلار ئىشلىتىدۇ. كىگىزچى ئۇستىلار كىگىز ياسايدىغان يۇڭنى يۇمشىتىدىغان مەخسۇس دۇكان ئىشلىتىدۇ، موشت بىلەن دۇكانغا تارتىلغان زەينى ئۇرىدۇ، موشتنىڭ باش قىسمىدىكى ئويۇقچە گىرۋەك زەيگە تەككەندە، زەينىڭ كۈچى ئارقىلىق يۇڭ يۇمشايدۇ، موشت ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە.
18) قوشۇق: چىلان، ئۆرۈك، شاپتۇل ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە چىلاننىڭ قان تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆكرەكنى تازىلاش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان قوشۇق بىلەن تاماق ئىستېمال قىلغاندا، ياغاچنىڭ تەمى تاماققا سىڭىپ، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىچى سۈرۈش، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىل يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى، قان بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان دانىخورەك، چىقان قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: توم، تۈز ئۆسكەن ياغاچ (ھۆل بولسىمۇ، قۇرۇق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ) 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغرىلىدۇ. ئاندىن قوۋزاق ـ قاسىراقلىرى ئېلىۋېتىلىپ سىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ياغاچنىڭ كەسمە يۈزى ئۈستىگە قارىتىلىپ تىك قويۇلۇپ، ھەر بەش سانتىمېتىرنى بىرلىك قىلىپ يېرىلىدۇ. ياغاچ مەيلى قانچە توم بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇلدا يېرىلىدۇ. ياغاچنى توك ھەرىسىگە تۇتۇپ پارچىلاشقا ياكى يانتۇ قويۇپ پالتا بىلەن بېرىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ياغاچنى تىك قويۇپ ھەر بەش سانتىمېتىر يەرگە پانا قويۇپ يېرىلىدۇ. بۇنداق يېرىپ چىققاندا ياغاچ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىچكى توقۇلمىلىرىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بېرىلىدۇ، قوشۇق قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ مۇشۇ ئۇسۇلدا تال ـ تال قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن قىيدام كەكىدە ئويۇك، سول يۈزى سىلىقلىنىپ ساپ چىقىرىلىدۇ. ھەمدە تەكشىلىنىدۇ. ئاندىن قوشۇقنىڭ ئىچى ئويۇلىدۇ. لېكىن تەكشى ئويۇلمايدۇ، شۇڭا كاشكات بىلەن قوشۇقنىڭ ئىچى سىلىقلىنىدۇ. ئاخىرىدا پىچاق ئارقىلىق قوشۇق كاسىسىنىڭ گىرۋەكلىرى، سېپى قىرىلىپ، نېپىزلىتىلىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. قوشۇقنىڭ سېپىنىڭ ئۇچىغا گۈل شەكىللىك نۇسخا چىقىرىلىدۇ. قوشۇقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، قوشۇق كاسىسىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا نورمال بولىدۇ. بۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك قىرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئادەتتە كىچىك بالىلارغا تاماق يېگۈزىدىغان قوشۇقنىڭ كاسىسى ئېللىپس شەكىلدە قىرىلىدۇ.

قوشۇق كاسىسىنىڭ گىرۋەكلىرى ناھايىتى نېپىز، سېپى ئالدىغا سەل ئېگىلگەن ھالەتتە بولىدۇ. سېپىنىڭ ئۇچ يۈزىگە پىچاق ئارقىلىق سىزىقچە چىقىرىپ نەقىش ئويۇلغان.

قوشۇق تاماق يېيىشكە، بولۇپمۇ سۇيۇق تاماقلارنى يېيىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

قوشۇق قىرىشقا ئىشلىتىلگەن خام ماتېرىيالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن: چىلان ياغىچى قوشۇقى، ئۆرۈك ياغىچى قوشۇقى، شاپتۇل ياغىچى قوشۇقى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

قوشۇق قىرىشتا چوڭ قىيدام كەكە، كىچىك قىيدام كەكە، پىچاق، ئاتالغۇ، كاشكات، ھەرە قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

19) چۆمۈچ: چىلان، ئۆرۈك ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

ياساش ئۇسۇلى: چۆمۈچنى مەخسۇس قوشۇق قىرىدىغان قىرمىچى ئۇستىلار قىرىدۇ. چۆمۈچ شەكىل جەھەتتىن قوشۇققا ئوخشايدۇ. ئۇ قوشۇقنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى بولۇپ، قىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن قوشۇق قىرىشقا ئوخشايدۇ.

تەكشى ئۆسكەن توم ياغاچ 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ كېسىپ تەييارلىنىدۇ. قوۋزاقلىرى ئېلىۋېتىلىپ، ياغاچ تىك قويۇلۇپ ئوتتۇرىدىن يېرىلىدۇ. ئەگەر، ياغاچ توم بولسا، ھەر 10 سانتىمېتىردا بىر پانا قويۇپ يېرىلىدۇ. ياغاچ يېرىپ تەييارلانغاندىن كېيىن چوڭ قىيدام كەكە بىلەن ياغاچ تەكشىلىنىدۇ. كىچىك قىيدام كەكىدە چۆمۈچ كاسىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇلىدۇ. پىچاق بىلەن چۆمۈچنىڭ سېپى (تۇتقۇچى) قىرىلىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاخىرىدا كاشكات بىلەن چۆمۈچ كاسىسىنىڭ ئىچى سىلىقلىنىپ گىرۋەكلىرى نېپىزلەشتۈرۈلىدۇ. پىچاق بىلەن چۆمۈچنىڭ سېپى سىدىلىقلىنىپ، گۈل ـ نەقىشلەر ئويۇلىدۇ.

چۆمۈچ قازاندىكى تاماقنى قاچىغا ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئائىلە، ئاشخانىلارنىڭ ھەرقاندىقىغا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## §5. ياغاچ قىرمىچىلىقى ۋە ئويمىچىلىق بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى

ياغاچتىن تۈرلۈك تۇرمۇش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش تاش قوراللارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ۋە كۆپ بولۇپ، خوتەنلىكلەر ئارىسىدا ياغاچ قىرمىچىلىقى ۋە ئويمىچىلىقى بىلەن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش 20ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بىر قەدەر كەڭ ساقلىنىپ داۋاملاشقان. بۇ ھۈنەر-سەنئەتنى چوڭ جەھەتتىن قىرمىچىلىق ۋە ئويمىچىلىق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1. قىرمىچىلىق ۋە ئويمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى

1) قىرمىچىلىق. ئۇ «يىكچىلىق»، «قىرمىچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىكچىلىق ئاساسلىقى يىك (يىپ ئىگىرىشتە چاقا ئۆرچۈق ئورنىدا سالىدىغان سايمان. كېرىيە شېۋىسىدە «شىك» دېيىلىدۇ)، چىغىرىق ئوقى قىرىش، چاق، چىغىرىق قولىقى ياساش؛ ئەمگەك قوراللىرىنىڭ دەستىسى (كەتمەن، پالتا، كەكە قاتارلىقلارنىڭ سېپى)، نوغۇچ قىرىش، ئارا، كۈيگەك ياساش؛ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن شومەك قىرىش، چالغۇچ، سىقماق سىققۇچ ياساشنى ئاساس قىلىدۇ. يىكچىلىكتە يىك، چىغىرىق ئوقى ۋە ئارا چىشى قاتارلىقلار يۇلغۇن ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. باشقا قورال-سايمانلار ھەر خىل ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

قىرمىچىلىقتا ئاساسلىقى ئاسماق ئۆي، دەرۋازا، ئۆي جاھازلىرى قاتارلىقلارنى زىننەتلەشتە ئىشلىتىدىغان تەسۋى، غوزا، لوڭقا، سالاسۇن... قاتارلىقلارنى قىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا ياغاچتىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى قىرىش قول ياكى پۇت بىلەن تاسما ئارقىلىق ئايلاندۇرىلىدىغان دۇكاندا ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىر توك بىلەن ئايلاندۇرىلىدىغان دۇكانلاردا قىرىلىدۇ. دۇكان — مۇنتىزىم بىر ئوقنىڭ ئۇچىغا ياغاچ ماتېرىيالنى بېكىتىپ، ئوقنى تاسما ئارقىلىق ئالدى-كەينىگە ئايلاندۇرۇپ، تىغ بىلەن قىرىش ئېلىپ بېرىلىدىغان «يەرلىك ستانوك»تۇر.

**2) بۆشۈكچىلىك.** خوتەنلىكلەرمۇ ياغاچنىڭ تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارغا سېلىشتۇرغاندا تەبىئىي مۆتىدىل بولۇپ، ئاسانلىقچە سوغۇق ئۆتكۈزمەسلىك، مەلۇم دەرىجىدە نەملىكنى تارتىش، سىلىق، يەڭگىل ھەم سۈركىلىشكە چىداملىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن بۆشۈكنى ياغاچتىن ياساپ ئىشلەتكەن.

بۆشۈك تۈزۈلۈشى ۋە رولىغا ئاساسەن، ياغاچلىق قىسمى، تاڭغۇچى ۋە قوشۇمچە قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىدۇ.

ياغاچلىق قىسمى كۆپىنچە پىششىق، چىداملىق، پۇرىقى ياخشى، رەڭگى كۆركەم، ئوڭايلىقچە قۇرت چۈشمەيدىغان ئۆرۈك، شاپتۇل، ياڭاق، ئۈجمە، ئارچا، قارا تېرەك قاتارلىقلارنىڭ ئوبدان قۇرۇغان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ياغاچلىق قىسمى بۆشۈكنىڭ خالۇسى (تۇتقۇسى)، تۇۋرۇكچىلىرى، يورغىسى، تەگ ئاستى لىمى قاتارلىق قۇرۇلمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭغۇچى مەزمۇت، يۇمشاق، ھاۋا ۋە نەملىك ئۆتكۈزۈشى ياخشى بولغان پاختا، يىپەك رەختلەردىن تەييارلانغان، باش قىسمى كەڭ، ئاخىرقى بۆلىكى تار قولتارتقۇنى؛ ئىچىگە يېكەن توزغىقى، بۇغداي سامىنى، شال پاخلى، پۇرچاق-ماشلارنىڭ قۇرۇق پوستى قاتارلىقلار سېلىنىپ تەييارلانغان تەكيىنى؛ يۇڭ ياكى پاختىدىن ئىشلەنگەن كۆرپە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۆشۈكنىڭ قوشۇمچە قۇرۇلمىلىرى ئۈۋۈدا، شۈمەك، جاك (كۆلتۈك)، كالەك، قولتارتقۇنىڭ بېشى باغلىنىدىغان تاياقچە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، ئاستى قۇرۇلمىسى مۇقىم تۇرىدىغان، ئۈستىدىكى ئاسما قۇرۇلمىسى تەۋرىتىشكە ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان قىلىپ ياسالغان ئىككى تەگلىك بۆشۈكلەر بازارلاردا سېتىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل بۆشۈكنى تەۋرەتمەك ئەنئەنىۋى بۆشۈكنى تەۋرەتكەنگە قارىغاندا ئاسان، يەڭگىل بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى بۆشۈككە يەتمەيدۇ.

**3) دېرەۋزۈنچىلىك.** دېرەۋزۈن — ياغاچنى بىر بىرىگە چېتىش ئارقىلىق گۈل چىقىرىپ ياسىلىدىغان دېرىزە توساقلىرى ۋە باشقا توساق بولۇپ، شەرقىي شىنجاڭدا «دېۋەزۈن» دېيىلىدۇ. دېرەۋزۈن

www.uyghurkitap.com



ــ ياغاچ بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، يېرىم سانتىمېتىر كەڭلىكتە تىلىنىپ، رەندىلەپ سىلىقلاپ ۋە ئىككى يۈزىگە ئويۇقچە تارتىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، چىقىرىلىدىغان گۈل نۇسخىسىغا ئاساسەن بەلگىلىك ئارىلىقتىن چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى يېرىم سانتىمېتىر قىلىپ ئوقۇرسىمان ئويۇقچە چىقىرىپ، گۈل، نەقىش نۇسخىسىغا ئاساسەن بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، ئويۇقچە ئارقىلىق بىر بىرىگە كىرىشتۈرۈپ توقۇلىدۇ ۋە چاسا شەكلىدە رامكىغا ئېلىنىدۇ. دېرەۋزىنىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. دەرىزە، ھاۋادانلارغا بېكىتىلىدىغىنى كىچىكرەك بولىدۇ. ئارا تام، توساق قىلىپ ئىشلىتىدىغىنى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ. ھەم ئاستى قىسمى تاختىلاپ ياسىلىدۇ.

دېرەۋزۈن ياساش يۇقىرى ماھارەت ۋە سەنئەت تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ بولۇپ، ئىلگىرى ھەر قايسى رايونلاردا ئولتۇراق ئۆيلەر ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىدى. زامانىۋى ئولتۇراق ئۆيلەر تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن دېرەۋزۈن ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىپ، بۇ خىل تېخنىكىنى بىلىدىغانلار تۈگەپ كەتتى (بۈگۈنكى دەۋردە دېرەۋزۈنچىلىك تېخنىكىسى يېڭىباشتىن بىخ سۈرۈۋاتىدۇ).

4) **كاتساندۇق.** خوتەن رايونىدىكى ئاھالىلار ئۇزاق تارىختىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئائىلە بويۇمى بولۇپ، قوش پايدىلىنىش رولىغا ئىگە (ئۈنىڭ يان تەرەپلىرى، كارۋات توسۇقلىرى، قىرمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئارقىلىق زىننەتلىنىدۇ، ئەلۋەتتە). «كاتساندۇق» ئاتالغۇسى «كارۋات ساندۇق» دېگەن قوش سۆزدىن فونېتىكىلىق ئۆزگۈرۈش ياساپ ھاسىل بولغان ئىسىم بولۇپ، كاتساندۇق ھەم كارۋاتلىق ھەم ساندۇقلۇق رولىنى ئۆتەيدۇ. شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى كارۋات بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۆت ئەتراپى، ئاستى ياغاچ تاختاي بىلەن تاختىلىنىپ، ئۈستى قىسمىدىن ئېچىلىدىغان ئېغىز چىقىرىپ ياسىلىدۇ. بۇزىسى ۋە تاختايلىرى چىرايلىق نەقىشلىنىدۇ.

ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.3 مېتىر، ئېگىزلىكى

60-70 سانتىمېتىر قىلىنىپ، ئاستى-ئۈستى ۋە تۆت تەرىپى شال بىلەن توسۇلغاندىن باشقا، ئىچىمۇ بىر قانچە بۆلەككە ئايرىلىپ، بۇغداي، قوناق، ياڭاق، گۈلە ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ساقلايدىغان ئورۇن چىقىرىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان كۆرپە يىغىپ قويسا، بەزى ئائىلىلەر چىرايلىق توقۇلغان خو-تەن گىلىمى، گۈللۈك كىگىز قاتارلىق ئەتىۋارلىق بىساتلىرىنى سېلىنچا قىلىپ ئۆزگىچە ئورنى قىلىدۇ. كاتساندۇقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قويۇلىدىغان ئورۇنغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان ياغاچنىڭ قېلىن، پۇختا ۋە قۇرۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كات ساندۇق ئاشلىق، مايلىقدان، يەرلىك قۇرۇق مەھسۇلات ۋە كىيىم-كېچەك ساقلاشقا ئەپلىك بولۇپ، بۇلارنى چاشقان ۋە ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ساقلاش؛ يوتقان كۆرپىلەرنى رەتلىك، كۆركەم يىغىپ قويۇش؛ ئۆي ئىچىگە زىننەت بېغىشلاپ، ئۆينىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەش-تۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

(ئابدۇرشات مۇساجان توغرۇل)

## 2. ياغاچتىن ياسالغان بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر-سەنئىتى

1) سوغا. ئۇ، ئۆستەڭ، قۇدۇق ۋە كۆللەردىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچىدىغان ھەم سۇ ساقلايدىغان بىر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى. ئەجداد-لىرىمىز ئىپتىدائىي تۇرمۇشى داۋامىدا قاپاقتا سۇ توشۇپ ئىچكەن بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگە-شىپ كىشىلەر بۇ بۇيۇمنى كەشىپ قىلغان. سوغا كەڭلىكى 3-5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىردىن بىر يېرىم سانتىمې-تىرغىچە بولغان شال رەندىلەپ سىلىقلىنىپ تىزىلىپ، ئاستى تار، ئۈستى كەڭرەك قىلىپ قوراشتۇرۇلۇش ھەمدە بېلىنى ئوخشاش ئىككى يەردىن سىم بىلەن باغلاش ئارقىلىق ياسالغان (تۇرۇبا سۈيى ئىستېمال قىلىش ئومۇملىشىپ سوغا ئىستېمالدىن قالغاندىن بۇ-يان، ئۇنىڭ شەكلىدە ياسالغان چوڭ-كىچىك سوغىلار «يامىلار» دا گۈل ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى).

سوغىدا ساقلانغان سۇ سالامەتلىككە پايدىلىق؛ ئۇنىڭدا ساقلانغان سۇ يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىمۇ خۇددى توڭلاتقۇدا ساقلانغاندەك سوغۇق تۇرىدۇ.

2) كىيىم ئاسقۇ. ئۇ، دىئامېتىرى 10ـ15 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15.ـ2 مېتىر كېلىدىغان بادرا ياغاچتىن ئىككى بېشىغا بوغماق شەكلىدە يول تارتىپ ياسىلىپ، ئىككى بېشى تېشىلىپ ياكى قىناپ شوينا بىلەن باغلىنىپ، ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تامغا يېقىن جەگىگە چېگىپ ئېسىپ قويۇلىدىغان ئائىلە بۇيۇمى. ئۇ ئاساسلىقى چاپان، تون، كەمزۇل، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىم-كېچەكلەر ئارتىلدۇرۇپ ئېسىپ قويۇشقا ئىشلىتىلگەن.

كىيىم ئاسقۇ ئىككى خىل بولۇپ، يەنە بىرى باش كىيىمنى ئىلىپ ئېسىپ قويىدىغان ئاسقۇ (قوزۇق)دۇر. دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30ـ40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچنى قىيغۇدا قىيىپ سىلىقلاپ، بىر بېشى كىيىم ئاسقۇغا ئوخشاش چىرايلىق يول تارتىپ ئىشلىنىپ، يەنە بىر بېشى ئۇچلىنىپ ياسىلىدۇ ھەمدە، كىيىم ئاسقۇ بار تەرەپتىكى تامنىڭ خا ياغاچ ئاستىغا بىر قانچە قېقىلىپ، ئۇنىڭغا تەلپەك، تۇماق، دوپپا، سەللە، رومال قاتارلىق باش كىيىملەر ئېسىپ قويۇلىدۇ.

3) تارىشا گۈڭگۈرت (گۇگۇت). خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئىخدىمۇ قەدىمىلىككە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئىنسانلار بارلىق ئامالىلار بىلەن ياندۇرۇۋالغان ئوتنىڭ چوغىنى ئۆچۈرمەي ساقلاپ، قايتا ئوت قالاش زۆرۈرىيىتى تېپىلغاندا، ئاشۇ چوغنى يالقۇنجىتىپ ياندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇڭا، ئۇ دەۋردە ئايالىلارنىڭ پەم ـ پاراستى چوغنى قانچىلىك ئۇزاق ساقلىيالىشى بىلەن ئۆلچەنگەن. بۇ ھەقتە شۇ دەۋردە ياشىغان بىر ئايالنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتىدا: «... تومۇزدا ئوت ساقلايتتىم، زىمىستاندا كۆك ساقلايتتىم...» دېيىلگەن.

تارىشا گۈڭگۈرت ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، تاغ تېرەكنىڭ ھۆل ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 35~30 سانتىمېتىر قىلىپ توغرىلىپ، قېلىنلىقى 0.5ـ0.8 سانتىمېتىر تىلىنىپ، بىر بېشى

گۈڭگۈرت يېغى (گۈڭگۈرت)غا چىلىنىپ، كۆنگەي جايدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلانغان. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ھەر قېتىم ئوت ياقىدىغان چاغدا كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر قىلىپ يېرىلىپ ياكى سۇندۇرۇلۇپ، گۈڭگۈرت يېغىغا چىلانغان تەرىپى چوغقا تەگكۈزۈلۈش بىلەن ئوت ياندۇرۇلغان ۋە ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان.

4) دەم. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى دەملەش ۋاستىسى قىلىنغان بۇيۇمدۇر. ئۇ ئۆي ئىشىكلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پاكارلىقىغا قاراپ ياغاچتىن ياسالىدىغان، كېچىلەردە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىشىك ئىچىدىن ئىشىك بىلەن ئاراچ ئارىلىقىدىكى قېقىلغان قوزۇققا ياكى سوكە گىرۋىكىگە تىرەپ قويۇش ئارقىلىق ئىشىكنىڭ خالىغان ئادەم ياكى بوران-چاپقۇننىڭ تەسىرىدە ئېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى ئىدى. دەم ئاساسلىقى ئۇجمە، ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە جىگدە ياغىچىدىن دىئامېتىرى 5 ~ 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1 ~ 1.5 مېتىر قىلىپ ياسىلاتتى.

دەم ياسىلىشى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان ، ئىشكلەرنىڭ تاقىلىشى ئىشەنچىلىك بولۇپ، دەم سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى سىرتىدىن ئېچىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

5) ئەپكەش. بىر جۈپ سوغا، بىر جۈپ چېلەكتە يىراق جايدىكى ئۆستەڭ-ئېرىق، قۇدۇق، كۆللەردىن سۇ توشۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تۇرمۇش بۇيۇمى.

ئەپكەش، قارا سۆگەت ياغىچىدىن قېلىنلىقى 3~5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.2~1.5 مېتىر ئەتراپىدا رەندىلەپ سىلىقلاپ تەييارلىنىپ، ئىككى بېشىغا بوغماق چىقىرىلىپ، بىر ئۇچىغا ئۇجمە، ئۆرۈك شېخىنىڭ ئاچىماقلىق يېرىدىن چىقىرىلغان ئىلمەك باغلىنىپ، كەندىرنىڭ قوۋزىقىدا ئېشىپ ياسالغان شوينىنىڭ ئۇچىنى باغلاپ ئىلمەكلەرگە سوغىنى ئېلىپ سۇ توشۇشقا ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىنچە سوغىنىڭ ئورنىغا چىلەك ئىشلىتىش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شۇنىڭ ئورنىغا سىمدىن چىرايلىق زەنجىر ياسىلىپ، بىر ئۇچى ئىلمەكلىك قىلىنىپ، يەنە بىر ئۇچى ياغىچىغا ھالقىسىمان ئېلىندۇرۇپ ئىشلىتىلگەن.

ئەپكەش كىشىلەرنى ئىككى پاي سوغا ياكى چىلەكنى ئىككى قولدا كۆتۈرۈش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىراقلا مۈرىدە كۆتۈرۈش قولايلىقىنى ياراتقان. ئۇنىڭ بىلەن خېلى يىراق جايلاردىن سۇ قاتارلىق نەرسىلەر يۆتكەپ كەلگەندىمۇ، ئادەمگە ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمىغان.

6) تاختا ـ نوغۇچ. ئۇ، خاس سۈيۈقئاش، چۆچۈرە قاتارلىقلارنىڭ خېمىرىنى يېيىشتا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى، خېمىرنى نوغۇچقا يۆگەپ، تاختا ئۈستىدە يېنىك ئايلاندۇرغاندا، خېمىر نېپىز يېيىلىدۇ. خېمىر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۈيۈقئاش ياكى چۆچۈرە خېمىرى قىلىپ كېسىلىدۇ.

تاختا ـ نوغۇچنىڭ ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ شىلىنى سىلىقلاپ، شۇنىڭغا تەڭ ئۇزۇنلۇقتىكى كەتمەن دەستىسىدەك بىر تال ياغاچ يانداپ ئىككى ئۇچى سەل ئىنچىكىرەك، ئوتتۇرىسى تومراق قىلىپ قىرىپ تەييارلىنىدۇ. تاختا ـ نوغۇچ ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن سۈپىرىغا يۆگەپ ئېلىپ قويۇلىدۇ. تاختا ـ نوغۇچ ھازىرمۇ كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

7) يايغۇ. ئادەتتە گۆشنان، مانتا خېمىرلىرىنىڭ يۈزىنى ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇمى. يايغۇنىڭ ئوتتۇرىسى توم، ئىككى تەرىپى ئىنچىكە قىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئۇنى مەخسۇس قىرمىچى ئۇستىلار قىرىپ تەييارلايدۇ. خېمىرنىڭ يۈزىنى يايغۇ بىلەن ئاچسا، تەكشى، نېپىز ئېچىلىدۇ. يايغۇ قول بىلەن دومىلىتىش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. ئۇ ھازىرمۇ ئائىلىلەردە كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

(مۇھەممەت كامال خۇشخۇي)

## §6. قاپاق نەقىش سەنئىتى

قاپاق بىر خىل سامان غوللۇق، بىر يىللىق سامان پېلەكلىك ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭ مېۋىسى ھەم «قاپاق» دېيىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ، قاپاق باش ئەتىيازدا تېرىلىدۇ، ياز پەسلىدە ئاق رەڭلىك گۈللەپ مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى 9-، 10-ئايلاردا قېتىپ پىشىدۇ ۋە يىغىۋېلىنىدۇ. پىشقان مېۋىسىنىڭ سىرتقى پوستى قاتتىق، پارقىراق، ئاق ياكى قايماق رەڭلىك بولىدۇ.

تارىم ۋادىسىدا قاپاق ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئىككى دانە قاپاق كورا تېپىلغان. بۇلار بوينىغا يېقىن جايىدىن كېسىۋېتىلىپ كورا شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن قاچا بولۇپ، شەكلى يېقىنقى دەۋرلەردىكى تۇزلۇق قاپاقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سامپۇل قەبرىستانلىقى بىلەن دەۋرداش بولغان نىيا قەدىمكى شەھىرىدىن قاپاق پارچىلىرى تېپىلغان. قاراقاش ناھىيەسىدىكى تۆمۈرچۈق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بوغما بويۇق ئارا قاپاق تېپىلغان. بۇ ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار تارىم ۋادىسىدا قاپاق ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىككى مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرغا قەدەر تارىم ۋادىسىدا ئۆستۈرۈلىۋاتقان قاپاقنىڭ تەبىئىي سورتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

**بوغما قاپاق.** بۇ، قاپاق سورتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان، مېۋىسى ئەڭ چوڭ بولىدىغان بىر تۈر بولۇپ، شوينا باغ باغلاپ ئىشلىتىشكە باب بولغانلىقتىن «بوغما قاپاق» دەپ ئاتالغان. كۆپىنچە سۇ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىرما قاپاق.** بۇ، قاپاقنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشى خۇددى قىرغۇدا قىرىپ چىقىرىلغاندەك چىرايلىق بولغاچقا «قىرما قاپاق» دەپ ئاتال-

www.uyghurkitap.com



غان. كۆپىنچە سۇ يېغى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

دومبا قاپاق. تەبىئىي كۆرۈنۈشى ئامۇت مېۋىسىگە، شۇنداقلا دومبا چۆگۈنىنىڭ گەۋدىسىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا «دومبا قاپاق» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل قاپاق كۆپىنچە تۇرلۇق قاپىقى قىلىشقا ۋە ئاز مىقداردىكى زىرائەت ئۇرۇقى، گۈل ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

نوگاي قاپاق. سېپى ئۇزۇن نوكەش، قورسىقى شارسىمان شەكىلدە بولۇپ، كۆپىنچە قورساق قىسمىنىڭ بىر تەرىپىدىن كىچىك يۇمىلاق ياكى تۇمارچە شەكىللىك تۆشۈك ئېچىپ سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۇسۇشقا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ (سۇ ئۇسۇيدىغان) نوگاي، ياغ نوگىيى، تۇزلۇق نوگىيى دەپ ئاتالغان. شۇڭا بۇ خىل قاپاق سورتىمۇ نوگاي قاپىقى دەپ ئاتالغان. ئىلگىرى تاماكا چېكىشكە ئىشلىتىلىدىغان چىلىملەرمۇ كۆپىنچە مۇشۇ خىل قاپاقتىن ياسالغان.

ناچا قاپاق. بۇ، قاپاقنىڭ چوڭراقلىرىدىن بەرگى تەرىپىدىن كىچىك ئېغىز ئېچىلىپ، سەپەرگە چىققان ياكى يىراقراق يەرگە ئېمگەككە بارغان ۋاقىتلاردا سۇ قاچىلىۋالىدىغان سۇدان ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. بويۇن دىئامېتىرى ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغانلىرىنىڭ قورساق ۋە باش قىسمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن سىرتقى ئىككى بېشى كېسىۋېتىلىپ كەڭ گىرۋەك، تار بوغۇزلۇق غالتەك ياسالغان ۋە ئۇنى ئاياللار ھەر خىل كەشتە يىپلىرى، ياماغ يىپلىرىنى تۇرۇپ قويىدىغان، شۇنداقلا سايانچ پىلە (تۆشۈك، شالتاق، يارامسىز پىلە غوزىكى) دىن مەشۇت يىپ سوزغاندا يىپ تۇردىغان غالتەك قىلىپ پايدىلانغان. بۇ خىل غالتەكلەر ئادەتتە «قاچاق ناچا» ياكى قىسقارتىلىپ «ناچا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقتىن قاپاقنىڭ بۇ خىل سورتىمۇ «ناچا قاپىقى» دەپ ئاتالغان. ناسۋال چېكىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل كىچىك قاپاقلارنى ناسۋال قاچىلايدىغان قۇتا ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقتىن، بۇ خىل سورت بەزىدە «ناسۋال قاپاق» دەپمۇ ئاتالغان.

ناچا قاپاقنىڭ توخۇ تۇخۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى ئەڭ كىچىك

بىر خىلى كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىدىغان ناچا ياساشقا ئىشلى-
تىلگەن. بۇ خىل قاپاقنىڭ قورسىقىنىڭ بىر تەرىپىگە كىچىك تۆ-
شۈك ئېچىلىپ، كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپ بېرىلسە، كەپ-
تەرنىڭ ئۇچۇشى داۋامىدا، ھاۋا ئېقىمىنىڭ ناچا تۆشۈكىگە ئۇرۇلۇ-
شى بىلەن ئۇنىڭدىن غوڭۇلدىغان ياكى چۇڭۇلدىغان ئاۋاز چىقىدىغان
بولغاچقا، بۇ خىل ناچا قاپاقلىرى «غۇڭ قاپاق» دەپ ئاتالغان.

**ئالماقاپاق:** بۇ خىل قاپاقنىڭ مېۋە شەكلى چىلگىنسىمان بولۇپ،
ئالما مېۋىسىگە ئوخشاپ كەتكەچكە «ئالما قاپاق» دەپ ئاتالغان. دىئا-
مېتىرى بەشتىن يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. خام ۋاقتىدا
توق يېشىل رەڭلىك، پىشقاندا ئاچ سېرىق رەڭلىك ياكى ئاپئېقىسىن
رەڭلىك بولىدۇ. بۇ، قاپاق ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر رەڭلىك قاپاق
سورتى بولۇپ، مېۋىلىرى كۆزدە ھويلىغا زىننەت بېرىدۇ. پىشقان
رەڭلىك مېۋىلىرى بالانىڭ ئاستىغا ئېسىپ ياكى تەكچىلەرگە تىزىپ
ئۆي زىننەتلەشكە، قىسمەن ھاللاردا ئېغىز ئېچىپ پاراشوك دورا قا-
تارلىق نەرسىلەرنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلگەن.

قاپاق ئىلگىرى خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە دورا ئەشياسى سۈپىتىدە
ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىدە قاپاقنىڭ تەبىئىيتى ھۆل
سوغۇق دەپ قارىلىدۇ. خام قاپاق ۋە پىشىق قاپاقنىڭ پوستى، لې-
شى، ئۇرۇقى ۋە مېغىزى دورا ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. قىزىتما
قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچنى يۇمشىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر كېسىلى،
مېڭە پەردە ياللۇغى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق كې-
سەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

قاپاق يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئىشلىتىلگەندىن باشقا يەنە ئاز سان-
دىكى نوقۇل قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىمۇ بايقالدى. مەشھۇر رەسسام
غازى ئەھمەد قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر قول ھۈنەر-
سەنئەت نەقىشلىرى توپلىمى»غا ئۈچ پارچە قاپاق نەقىش ئەسىرىنىڭ
سۈرىتى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى خوتەندە خەلق ئا-
رىسىدىن يىغىۋېلىنغان نەقىش قاپاق بولۇپ، ھازىر خوتەن مۇزېيىدا
ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر بالىمان شەكلىنىڭ نەقىشلەنگەنلىكى دىققەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كە سازاۋەر بولۇپ، بۇ نۇقتا مەزكۇر قاپاق نەقىش ئەسىرىنىڭ سىرتتىن كەلگەن بولماستىن، بالىمانىنىڭ قەدىمىي يۇرتى بولغان خوتەننىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەر ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ قاپاق نەقىش ئەسىرىنىڭ يىل دەۋرى ئىلمىي ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن ئۆلچەپ بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئارخېئولوگلار ئۇنى چىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان يادىكارلىق دەپ قارىدى. يىل دەۋرى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، يەنى 500 يىل ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

بۇرۇن بۇنداق نوقۇل نەقىش قاپاقلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم قاپاق چىلىملار ۋە ناسىۋال قاپاقلىرىغىمۇ نەقىش چېكىلگەن. لېكىن، بۇنداق قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى بولسۇن ياكى نەقىشلىك چېكىملىك قوراللىرى بولسۇن، پەقەت ئاز مىقداردىلا ئىشلەپچىقىرىلغان، مۇئەييەن كۆلەم شەكىللەنمىگەن. مەھسۇلات سورتى، مىقدارى جەھەتتە ئىجتىمائىي تاۋار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن. تارىم ۋادىسىدا ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قاپاق نەقىشگەرلىكىنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي كەسىپكە ئايلانغانلىقى، قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ تاۋار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ماددىي پاكىتلارمۇ، يازما مەلۇماتلارمۇ بايقالغىنى يوق.

## 1. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ شەكىل تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

### 1) تەبىئىي شەكىللىك قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى

بۇ، قاپاقنىڭ تەبىئىي شەكلىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئىي قاپاق سورتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىق، بۇ خىل ئەسەرلەرمۇ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. (1) بوغما بويۇن قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى، (2) نوگاي قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى، (3) ناچا قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى

### 2) چاتما نەقىش ئەسەرلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغا ئۈچ خىل قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى ۋە نەقىشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق، ئوخشاشلا تەبى-

ئمي قاپاق ئۆز ئەينى ماتېرىيال قىلىنىدۇ ۋە بىر قاپاقتىن بىر ئە-سەر ئىجاد قىلىنىدۇ. چاتما قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى بولسا، بىر نەچچە، ھەتتا 10-20 قاپاقنى مۇۋاپىق ئۆلچەملەر بويىچە كېسىپ يەملەش ياكى قوراشتۇرۇش ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلەنگەن سۈنئىي مۇرەككەپ شەكىللىك قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىد-نى كۆرسىتىدۇ. چاتما قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىمۇ چېتىش، تىزىش ئۇسۇلى ۋە ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**(1) تولۇق چاتما قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى.** بۇ، چوڭ-كىچىكلىد-كى ۋە شەكلى ھەر خىل بولغان بىر قانچە قاپاقنى كېسىپ يەملەپ چېتىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلەنگەن قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قاپاق چۆگۈن، قاپاق ئاپتۇۋا، قوشقۇلاق قاپاق ئاپتۇۋا، ئۇزۇن جوغىلىق قاپاق داڭقان، قاپاق ساما-ۋەر قاتارلىق قاپاق قاچا تەقلىدىي ئەسەرلەر، شۇنداقلا قاپاق تۇلپار، قاپاق قوچقار، قاپاق تۆگە، قاپاق بۈركۈت قاتارلىق قاپاق ھەيكەل ئەسەرلەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مەھسۇلات كەم دېگەندە تۆت دانە قاپاقنىڭ مۇۋاپىق قىسىملىرىنى كىسىۋېلىپ، بىر بىرىگە يەملەپ تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

**(2) تىزما چاتما قاپاق نەقىش ئەسەرلىرى.** بۇ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى ھەر خىل بولغان 10-20 قاپاقنى كېسىپ يەملەپ چېې-تىش، بىر بىرىگە كىرىشتۈرۈش، مېتال ئارقىلىق ئۆز ئارا تۇتاشتۇ-رۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ۋە مۇرەككەپ شە-كىلگە كەلتۈرۈپ ئىشلەنگەن قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خوتەن شەھەر شورباغ يېزىسىدىكى ياش دېھقان ئېلى ھو-شۇر ئىشلىگەن «قاپاق قەندەل» ناملىق ئەسەر جەمئىي 23 دانە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى قاپاقلارنى كېسىپ يەم-لەپ چېتىش، ھالقىلاپ چېتىش ئارقىلىق ئىنتايىن نەپىس قەندەلگە ئايلاندۇرۇلغان. ئۇنىڭغا بىر دانە چەمبىرەك شەكىللىك كۆپ نۇرلۇق لامپۇچكا، بىر دانە شارسىمان چوڭ لامپۇچكا، ئۇنىڭ ئوربېتېسىغا قاپاق كاسىسى يۇقىرىغا قارىتىلغان ئەگرى ساپلىق قاپاق ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چىقىپ تۇرىدىغان تۆت دانە سەپلىمە لامپۇچكا ئورنىتىلغان. قاپاقلار-نىڭ ھەممىسىگە نەقىش ئىشلەنگەن.

بۇ ئەسەر 2005-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 2-نۆۋەتلىك قاشتېشى ساياھەت بايرىمىدا يەرمەنكىگە قويۇلغان. ھەم گۈزەل سەنئەت قىممىتىگە، ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەر يەرمەنكە زالىغا ئېسىپ يورۇتۇپ قويۇلغاندا، ئەسەرنىڭ شەكىل ۋە سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى يەرمەنكە ئەھلىنىڭ بىردەك ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشكەن.

دېھقان سەنئەتكار ئېلى ھۇشۇر ھازىر ئىشلەۋاتقان «بىزنىڭ ھايات» ناملىق ئەسەر چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان 23 دانە بوغما بويۇن قاپاقنى بىرىنىڭ قورسىقىغا يەنە بىرىنى يېرىم كىرگۈزۈپ يەملەپ چېتىش، ياندىشتۇرۇپ چېتىش، چوڭ قاپاقلارنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا كىچىك قاپاقلارنى كىرگۈزۈپ چېتىش ئارقىلىق ئۆزگىچە شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئالتە دانە قاپاق گەۋدىسىگە ئايرىم-ئايرىم كۆرۈنۈشلەر نەقىشلەنگەن ھەمدە ئۇلارغا «قاشتېشى ئىزدەش»، «بىزنىڭ يايلاق»، «بازاردا»، «بەيگە سورۇنى»، «ئېتىزدا»، «مول ھوسۇل» دەپ ئايرىم نام ۋە «بىزنىڭ ھايات» دېگەن ئومۇمىي نام بېرىلگەن. بۇ تىزما قاپاقلارنىڭ ئۈستىگە قاپاق قالپاقچە ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چەمبىرەك شەكىللىك كۆپ نۇرلۇق لامپۇچكا ئورنىتىلغان. چىراق نۇرىدا قاپاق تىزمىدىكى نەقىشلەر ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. لامپۇچكا قالپاقچىسىنىڭ چېكىسىگە «ئادەم قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدە» دېگەن ئەقلىيە نەقىش قىلىنغان. تىزما قاپاقلاردىكى سۈرەتلىك نەقىشلەر «بىزنىڭ ھايات» دېگەن نامنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بەرسە، بۇ كونكرېت مەزمۇنلار ئومۇمىي نامنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭغا قاپاقلارنىڭ تىزىلىش-كىرىشتۈرۈلۈشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى قوشۇلۇپ، ئەسەرنى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە قىلغان.

## 2. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى ۋە نەقىش تۈرلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئۇلارنى نەقىش ئېلېمېنتلىرىنى گۇرۇپپىلاپ ئىشلىتىش

ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئەركىن نەقىش ئۇسلۇبى

بۇ خىل ئۇسلۇبتىكى قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ نەقىشلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى گۈل-نەقىش ئېلېمېنتلىرى قاپاق سىرتقى دىۋارىغا ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. نەقىش ئېلېمېنتلىرى ياكى نەقىش گۇرۇپپىلىرىنى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرغۇچى توغرا ۋە تىك يۆنىلىشلىك كانارا (نەقىشلىك رامكا) ئايرىمىلىرى بولمايدۇ. ئەسەردە ھەر قانچە كۆپ ئوبرازلار يارىتىلغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە بولغان بىرلا مەنزىرە ياكى بىرلا ئاساسىي تېمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

2) جۈپتەك نەقىش ئۇسلۇبى

بۇ خىل ئۇسلۇبتىكى قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ نەقىشلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي گۈل گۇرۇپپىلىرى، قاپاق سىرتقى دىۋارىغا مەلۇم ماسلىق مۇناسىۋىتى بويىچە بىر جۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسلۇپ قاپاق چۆگۈن، قاپاق ئاپتۇۋا، قوشقۇلاق قاپاق ئاپتۇۋا قاتارلىق قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ نەقىش سېتىمىسىدا ئاساسىي نەقىش قىلىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىممېتىرىك (قارىمۇ قارشى) ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئاساسىي نەقىش كۆپىنچە ئېللىپىس، چەمبەر، پاراللېل تۆت تەرەپلىك ياكى مېھراپ شەكىللىك لايىھىلىنىدۇ. قايسى خىل شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەكىل ئەتراپى گېئومېترىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن كانارا بىلەن قورشىلىدۇ.

جۈپتەك نەقىش ئۇسلۇبىدىكى قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىدىمۇ بىر جۈپ ئاساسىي نەقىش بولىدۇ. ئۇلار ئەسىر يۈزىدە گەۋدىلىك ۋە بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەكلى، كۆلىمى ئوخشاش بولىدۇ، بۇلار كائىناتتىكى تۇرلۇك-تۈمەن شەيئىلەرنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق، بىرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ (مەسىلەن كېچە بىلەن كۈندۈز، ئاسمان بىلەن زېمىن، ئوڭ بىلەن سول، قاتتىق بىلەن يۇمشاق قاتارلىقلار سۈپەت جەھەتتىن بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى نەرسىلەردۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرى بولمىسا، يەنە بىرى بولمايدۇ) قاپاق نەقىش سەنئى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىگە تەققاسلىنىشىدۇر. بۇ ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەر ئىككى ئاساسىي نەقىشنىڭ بىرسى ئوڭ تەرەپتە، بىرسى سول تەرەپتە تۇرغانلىقى بىلەن قارىمۇ-قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما، شەكىل ۋە ھەجىمىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى بىلەن مۇۋازىنەت (بىرلىك، ماسلىق) قا ئىگە بولىدۇ. بۇ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تۈرلۈك-تۈمەن زىددىيەت ۋە قارىمۇ-قارشىلىققا تولغان، ئەمما ئۆز ئارا چۈشىنىش، يول قويۇش، مۇرەسسە ئارقىلىق ئورتاقلىققا، تەڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن قاراشنىڭ قاپاق نەقىش سەنئىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. شۇڭا، جۈپتەك نەقىش ئۇسلۇبىنى «ماسلىق ئۇسلۇبى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

### 3) بۆلمە نەقىش ئۇسلۇبى

بۇ خىل ئۇسلۇبتا، قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ نەقىشلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي گۈل گۇرۇپپىلىرى قاپاقنىڭ سىرتقى دىۋارىغا ياكى سىممېترىك تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇسلۇب ئىش قوشۇلمىغان تەبىئىي قاپاقلارغا (بولۇپمۇ ئوتتۇرھال ۋە چوڭ قاپاقلارغا) نەقىش ئىشلەشتە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. يەنى قاپاقنىڭ قورساق قىسمىنىڭ تەگ ئۈستى ۋە بويۇن ئاستىدىكى نىسبىي تەكشىلىككە ئىگە بولغان چوڭراق بىر بۆلىكىنىڭ ئاستى-ئۈستىگە گېئومېترىيەلىك سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن توغرا يۆنىلىشلىك چەمبىرەك كانارا ئىشلىنىپ، ئاساسىي نەقىش ئورنى ئايرىۋېلىنىدۇ. ئاندىن، چەمبىرەك شەكىللىك بۇ ئاساسىي نەقىش ئورنى بىر قانچە تەڭ بۆلەكلەرگە ياكى سىممېترىك تەڭ بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ، بۆلەكلەر چېگراسىغا ئاستى-ئۈستىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك كانارىلارغا تۇتىشىدىغان تىك يۆنىلىشلىك بۆلمە كانارىلار نەقىشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي نەقىش رايونى بىر قانچە پاراللېل تۆت تەرەپلىك ياكى تراپېتسىيە شەكىللىك تەڭ ھەجىملىك ياكى سىممېترىك تەڭ ھەجىملىك بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ.

بۇ بۆلەكلەرگە ھەر خىل گۈل-گىياھ، گېئومېترىك شەكىل، ئادەم ياكى ھايۋانلار ئوبرازى، شېئىر، رۇبائىي قاتارلىقلار نەقىشلى-

نىدۇ. بىر بىرىگە يانداش بولغان تىك بۆلەكلەرنىڭ نەقىشلىرى توغرا ۋە تىك بۆلمە كانارا نەقىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاساسىي نەقىشكە ئايلىنىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بۆلمە نەقىش ئۇسلۇبىدىكى قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىدە بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئاساسىي نەقىش سىستېمىسى بولىدۇ. بۇ سىستېما ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ياكى سىممېترىك ئوخشاش چوڭلۇقتىكى بىر قانچە تىك بۆلەككە بۆلۈنگەن نەقىش گۈرۈپپىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى تەڭ بۆلەككە بۆلۈش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ تەڭلىك، باراۋەرلىككە ئىنتىلىدىغان پىسخىك ئېڭىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىسىدۇر.

**4) چاچما نەقىش ئۇسلۇبى**

بۇ ئۇسلۇبتا، ئەسەر تەگلىكى قىلىنغان قاپاقنىڭ سىرتقى دىۋارى توغرا يۆنىلىشلىك ئايلانما كانارا نەقىش، ئايلانما كەسمە كانارا نەقىش، تىك بۆلمە كانارا نەقىشلەر ئارقىلىق شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر بۆلەك بىر مۇستەقىل نەقىش رايونى قىلىنىپ، ھەر خىل ئۆسۈملۈك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى شەكىللىرى، گېئومېترىك نەقىش شەكىللىرى نەقىشلىنىدۇ.

## 3. قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى

قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەقىش، ئوبراز ۋە ھېسسىيات تۈسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

**1) قاپاق نەقىش ئىجتىمائىي ئەسەرلەر**

بۇ، قاپاق نەقىشلەردە مەلۇم مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ياكى ئىشلەنگەن ئەسەرنىڭ مەلۇم سىياسىي تەشكىلاتقا، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايرام، خاتىرە كۈنلىرىگە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق روشەن سىياسىي ھېسسىيات مايىللىقى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**2) قاپاق نەقىش بەدىئىي ئەسەرلىرى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ، ئەسەرنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشى، ئۇنىڭدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ۋە يارقىن نەقىشلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان قاپاق نەقىش ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇپ، تاغ-دەريا، يايلاق، ئورمان، قۇملۇق، مەنزىرىلىك جاي، مەشھۇر قۇرۇلۇش قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر؛ دەرەخ، ھەر خىل مېۋە، قاچا-قۇچا، گىلەم، ئەتلەس قاتارلىقلار ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر؛ نوقۇل گېئومېتىرىيەلىك نەقىشلەر ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر؛ ھەر خىل ھايۋان ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەر؛ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن كىشىلەرگە كۈچلۈك بەدىئىي لەززەت ۋە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

3) قاپاق نەقىش ھۆسنخەت ئەسەرلەر

بۇ، ئەسەرنىڭ نەقىش سىستېمىسىنىڭ مەركىزى قىسمىلىرىغا شېئىر، روبائىي، ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل قاتارلىقلار نەقىشلەنگەن، كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى مەلۇم تەربىيە، ئىلھام ياكى پەند-نەسىھەتكە ئىگە قىلىدىغان قاپاق نەقىش ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. قاپاق نەقىشگەرلىكى

قاپاق نەقىشگەرلىكى ئادەتتىكى قاپاققا نەقىش ئىشلەش ئارقىلىق ئۇنى بەدىئىي سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ.

1) قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى

گېئومېتىرىك نەقىش ئېلېمېنتلىرى ۋە ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

گېئومېتىرىك نەقىش ئېلېمېنتلىرى تاق سىزىق، قوش سىزىق، كۆپ قاتلام پاراللېل سىزىق، يىلان باغرى (دولقۇنسىمان) سىزىق، ھەرە چىشى سىزىق، مىنگەشمە ھەرە چىشى سىزىق، تىك تۆت تەرەپلىك، پاراللېل تۆت تەرەپلىك، تۇمارچە (ئۈچ بۇلۇڭ)، مۇنتىزىم ۋە غەيرىي مۇنتىزىم بەش تەرەپلىك، ئالتە تەرەپلىك، كىچىك چەمبەر،

چوڭ چەمبەر، نۇقتا مەركەزلىك چەمبەر، ئۇرۇنما چەمبەر، كېسىشمە چەمبەر، كۆپ قاتارلىق نۇرغۇن شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرى بولسا، تەبىئىي جانلىقلار ئوبرازى ۋە جىسىملار ئوبرازىغا تەقلىد قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان نەقىش ئېلېمېنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر ئوبرازى؛ ئات، كالا، ئىت، بېلىق قاتارلىق ھايۋانلار ئوبرازى؛ بۈركۈت، توز، كەپتەر، توخۇ قاتارلىق ئۇچار قاناتلار ئوبرازى؛ ھەر خىل گۈل-چېچەك، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، زىرائەت باشاقلىرى، ئالما-ئۆرۈك، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەر شەكىللىرى؛ ئوتياشلارنىڭ غول-پېلەك، يوپۇرماق-مېۋە شەكىللىرى؛ ئەتلەس، گۈلۋەرە قاتارلىق رەختلەر؛ گىلەم، چۆگۈن، ئاپتۇۋا، داڭقان قاتارلىق تۇرمۇش بىساتلىرىنىڭ نەقىش ياكى كۆرۈنۈش شەكىللىرى؛ مەشھۇر ئىمارەت، مۇنار، سېپىل قاتارلىق قۇرۇلۇش شەكىللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاپاق نەقىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە نەقىش ئېلېمېنتلىرى بولالايدۇ.

**2) قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىگە نەقىش چىقىرىش ئۇسۇللىرى**

**(1) ئاق سىزىق نەقىش ئۇسۇلى.** بۇ، توك ئۇشكىسى ئارقىلىق قاپاق يۈزىگە نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەسەر لايىھەسىگە ئاساسەن ئۇشكە تىغى ئارقىلىق قاپاق يۈزىگە رەڭسىز سىزىق چىقىرىلىدۇ. ئاندىن سىزىقلارغا ئېھتىياجلىق رەڭ بېرىلىدۇ.

**(2) داغلىما نەقىش ئۇسۇلى.** بۇ، ئىجادىيەت لايىھەسىگە ئاساسەن، توك داغمىلىنى ۋاستە قىلىپ، قاپاق يۈزىگە نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

**(3) ئويما نەقىش ئۇسۇلى.** بۇ، قاپاق نەقىش ئەسىرىنىڭ ئىجادىيەت لايىھەسىگە ئاساسەن، قەلەمتىراش ئارقىلىق قاپاقنىڭ سىرتقى پوستىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ ئويما نەقىش (پېتىنغۇ نەقىش) چىقىرىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلدا ئويما نەقىش چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئويۇپ تاشلانغان جايلارغا ئادەتتە قىزىل، قارا، سېرىق، يېشىل قاتارلىق توق رەڭلىك سىر بېرىلىدۇ.

**(4) كۇنگۈرە نەقىش ئۇسۇلى.** بۇ، ئىجادىيەت لايىھەسىگە ئاسا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



سەن، توك ئۈشكىسى ئارقىلىق، قاپاقنىڭ مەلۇم جايلىرىنى پۈتۈنلەي ئويۇپ ئېلىۋېتىش ئارقىلىق قاپاق يۈزىگە تۆشۈك نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلىدۇر.

(5) ماي بوياق نەقىش ئۇسۇلى. بۇ، ئىجادىيەت لايىھەسىگە ئاساسەن، ماي بوياق ئارقىلىق قاپاق يۈزىگە نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاساسەن، ئادەم ۋە ھايۋان، ئۇچار ـ قۇشلار ئوبرازى يارىتىشقا، شۇنىڭدەك گۈل ـ گىياھ ئۆرنەكلىك ئەسەرلەرنى يارىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(6) ئارىلاش نەقىش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) قاپاق نەقىشچىلىك ماتېرىيال ـ سايمانلىرى

قاپاق نەقىشچىلىكىدە ھەر خىل تەبىئىي قاپاقلار ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېلىم، قاپاق قوقىنى، سۈزۈك سىر، ھەر خىل رەڭلىك ئادەتتىكى سىر، ئېلان بويىقى، ماي بوياق، سۇ بېغى، ياغاچ مىخ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

قاپاق نەقىشچىلىكىدە يەنە ھەرە، سىركول، سىزغۇچ، سىياھ قەلەم، لوپا ئەينەك، توك داغمىلى، توك ئۈشكىسى، پىچاق، قەلەمتىراچ، چوپسا، موي قەلەم، چوتكا، ئۆچۈرگۈچ، قۇم قەغەز، بوياق قاچىسى، دەسمال قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

4) قاپاق نەقىشچىلىك مەشغۇلاتى

قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىق، لايىھەلەش، نەقىشلەش، بوياق بېرىش ـ پەدازلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا قاپاق نەقىش ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا زۆرۈر بولغان خام ئەشيا، ماتېرىيال ۋە سايمانلار تەييارلىنىدۇ.

لايىھەلەش باسقۇچى: خام ئەشيانىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۇبدان كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن قايسى ئۇسلۇبتىكى ئەسەر ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغانلىقى، قايسى خىل نەقىش، قانداق ئوبرازلارنى يارىتىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ئىدىتلىۋېلىنىدۇ. ئاۋال ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن شەكلى ، ئاندىن بۇ ئومۇمىي شەكىلنىڭ ھەر

قايسى بۆلەكلىرىنىڭ نەقىشلىرى لايىھەلىنىدۇ.

**نەقىشلەش باسقۇچى:** ئەركىن نەقىش ئەسەرلىرىدە كانارا نەقىش، بۆلمە نەقىش قاتارلىق «چېگرا سىزىق» لىرى بولمىغاچقا، بۇ خىل ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرگە تەييارلانغان ماتېرىيال (قاپاق)نىڭ بىر قەدەر تەكشى، ئۆلچەملىك بولغان ئۇدۇل يۈزى بېكىتىلىدۇ. ئاندىن لايىھەدىكى نەقىشنىڭ ئاساسىي قىسمى ماتېرىيالنىڭ ئۇدۇل يۈزىگە نەقىشلىنىدۇ. ئاندىن باشقا قىسىملىرى نەقىشلىنىدۇ.

رەسمىي نەقىش چىقىرىش — ئەسەر لايىھەسى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە توك ئۇشكىسىدە ئاق سىزىق نەقىش ئويۇش، كۆنگۈرە نەقىش ئويۇش، توك داغمىلى ئارقىلىق قارا سىزىق نەقىش ئويۇش، قەلەمتىراچ ئارقىلىق پېتىنغۇ نەقىش ئويۇش، موي قەلەم ئارقىلىق ماي بوياق نەقىش چىقىرىش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر بىرلەپ ئورۇنلىنىدۇ.

مۇرەككەپ چاتما نەقىش ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەرگە نەقىش چىقىرىشتا، «ئاۋال چېتىپ ئاندىن نەقىشلەش» ۋە «ئاۋال نەقىشلەپ ئاندىن چېتىش»دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. قاپاق ئاپتوۋا، قوشقولاق ئاپتوۋا، قاپاق چۆگۈن قاتارلىق مۇرەككەپلىك دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولغان چاتما نەقىش ئەسەرلىرى ئاۋۋال چېتىپ بىر پۈتۈن شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن نەقىشلىنىدۇ. قاپاق قەندەل قاتارلىق مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى ئومۇمىي لايىھەگە ئاساسەن ئاۋۋال ئايرىم - ئايرىم نەقىشلىنىپ ئاندىن چېتىپ بىر پۈتۈن ئەسەر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

**بوياق بېرىش، پەدازلاش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئاساسلىقى ئاق سىزىق نەقىش ۋە پېتىنغۇ ئويما نەقىش ئەسەرلىرىنىڭ نەقىشلىرىگە بوياق بېرىلىدۇ. ئاق سىزىق نەقىش ئەسەرلىرىگە بوياق بېرىشتە، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت لايىھەسىگە ئاساسەن، ھەر خىل رەڭدىكى ماي بوياقلار يەككە ھالدا، ياكى مەلۇم نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، سۇ يېغىدا ئېرىتىپ ئېھتىياجلىق بوياق تەييارلىنىدۇ. ئاندىن موي چوتكا ئارقىلىق نەقىش سىزىقلىرى ۋە باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېھتىياجلىق جايلارغا بوياق بېرىلىدۇ. بوياق ئاساسەن سىڭگۈپ بولغان ۋە تولۇق قۇرۇمىغان ۋاقىتتا سۈرتۈپ پەدازلىنىدۇ. كۆپىنچە، توق پور رەڭ، جىگەر رەڭ، چىلان رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە تەڭشەلگەن بوياقلار ئىشلىتىلىدۇ. پېتىنقى نەقىش ئەسەرلىرىگىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا بوياق بېرىشكە بولىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## §7. تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللاردىن ياسالغان، قۇيۇلغان تۆرمۆش بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى

### 1. تۆمۈردىن ياسالغان ياغاچچىلىق سايمانلىرى

ياغاچچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر سايمانلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەرە: خوتەن شېۋىسىدە «ھارى» ياكى «ھارا» دېيىلىدۇ. ھەرە چوڭ جەھەتتىن جادۇ ھەرە، تارتما ھەرە، قول ھەرىسى دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. جادۇ ھەرە خوتەن شېۋىسىدە «جادى ھارى» ياكى «جادارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ھەرىلەرنىڭ چوڭى بولۇپ، ھەرە تىغىنىڭ ئىككى بېشىغا قۇلاق چىقىرىپ، ياغاچتىن تۇتقۇچ ئورنىتىپ ياسىلىدۇ. ئىككى ئادەم تارتىپ ئىشلىتىدۇ. جادۇ ھەرە دەرەخ كېسىش، چوڭ ياغاچلارنى توغراش، شال تىلىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. تارتما ھەرە H شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلمىنىڭ ئاستى ئۇچىغا ھەرە تىغىنى ئورنىتىپ، ئۈستى ئۇچى پانا بىلەن چىگىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ ياغاچلارنى كېسىشتە ئىككى ئادەم، كىچىكلىرىنى كېسىشتە بىر ئادەم ئىشلىتىدۇ.

قول ھەرىسى ئۇچى تەرەپ تار، تۈۋى كەڭ ياسالغان ھەرە تىغىنىڭ تۈۋىگە ياغاچتىن تۇتقۇچ ئورنىتىپ ياسالغىنى بولۇپ، كىچىك ياغاچلارنى كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ. قول ھەرىسىنىڭ يەنە ئىنتايىن كىچىك ياسالغانلىرى بولۇپ، چوڭلۇقى يانچۇق پىچىقىچىلىك كېلىدۇ. شەكلى پىچاق بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، ئۇچى ئۇچلۇق بولىـ

دۇ. بۇ خىل ھەرە خوتەن شېۋىسىدە «شاۋىكا تىغ» دەپ ئاتىلىپ، مەخسۇس شاۋىكا (تاختايدىن ئويۇلغان تەشمە نەقىش) ئويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2) چوت: كەكىنىڭ چوڭ ياسالغان تۈرى بولۇپ، كەتمەن چاپقاندەك ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ياغاچلارنىڭ دۇمچاقلىرىنى ئېلىش، ئەگرى جايلىرىنى چېپىپ رۇسلاش، يۈزىنى چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچنى چوت بىلەن ياساش «چوتلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشۇتۇپ، ئۆرۈلگەن شال ئېتىزلىرىنى كەتمەن بىلەن تۈزلەشمۇ «چوتلاش» دېيىلىدۇ.

3) كەكە: چوتنىڭ كىچىكلىتىپ ياسالغان تۈرى بولۇپ، قەدىمي تۈرك تىلىدا «كەركى» دەپ ئاتالغان. ئۇ كىچىك ياغاچلارنى شىلىش، رۇسلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا يەنە ئوتۇن يېرىش، شاخ چاتاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەچكە، خوتەن رايونىدا ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن كەكە بولىدۇ.

4) رەندە: ياغاچنىڭ يۈزىنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئاساسى گەۋدىسى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇن چاسىلانغان ياغاچنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر تەرىپى قىيپاش، قالغان تەرىپى تۈز قىلىپ چاسا شەكىللىك تۆشۈك ئېچىلىپ، تۆمۈردىن ياسالغان تىغنى تۆشۈكنىڭ قىيپاچ قىسمىدىن سېلىپ، تىغ بىسىنى رەندە گەۋدىسىنىڭ ئاستىدىن بىلىنەر بىلىنمەس چىقىرىپ چىڭىتىپ تەييارلىنىدۇ. ئۈستى قىسمىغا ياغاچتىن توغرىسىغا تۇتقۇچ ئورنىتىلىدۇ.

رەندە شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ كالتا رەندە، ياپسا، زەرەندە دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. كالتا رەندىنىڭ گەۋدىسى قىسقا بولۇپ، تىغ تۆشۈكىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرىپىگە ئىككى تۇتقۇچ ئورنىتىلىدۇ. بۇ ياغاچنى يۈزىنى كۆپرەك قىرىپ سىلىقلايدىغان ئىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئىككى ئادەم تارتىپ مەشغۇلات قىلىدۇ. ياپسا گەۋدىسى بىر قەدەر ئۇزۇن رەندە بولۇپ، ياغاچ يۈزىنى تۈزلەش ۋە سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. زەرەندە «زەي رەندىسى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ياغاچلارنىڭ يۈزىگە ۋە لېۋىگە زەي تارتىش (كانارا

www.uyghurkitap.com



شەكىللىك ئويۇقچا چىقىرىش)قا ئىشلىتىلىدۇ. زەرەندىنىڭ تىغى ئالاھىدە بولۇپ، بىس قىسمى نەقىش چىقىرىشقا ماس ياسىلىدۇ. زەرەندىنىڭ ئاستى قىسمىغا تىغ بىسى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئويۇق-چە كانارا ئويۇلىدۇ.

5) ئىسكىنە: ياغاچتىن تۆشۈك ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، چاسىلانغان ئۇزۇن تۆمۈرنىڭ بىر ئۇچىنى ياپىلاقلاپ بىس چىقىرىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۇچلاپ ياغاچتىن دەستە بېكىتىپ يا-سىلىدۇ. تۆشۈك ئېچىشتا، سول قولدا ئىسكىنىنىڭ دەستىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇتۇپ، بىسىنى ياغاچ ئۈستىگە قويۇپ، ياغاچ توقماق بىلەن دەستىنىڭ ئۈستىدىن ئۇرۇپ مەشغۇلات قىلىنىدۇ. ئىسكىنىدە چاسا شەكىللىك تۆشۈكلەر ئېچىلىپ، چېتىق چېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

6) يانپۇچۇق: بەزى رايونلاردا «ياپۇچۇق» دېيىلىدۇ. بۇ ئىسكە-نىنىڭ نەقىش ئويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈرى بولۇپ، بىسى ئۇچلۇق گۈرجەكنىڭ بىسىدەك ھىلال ئاي شەكىللىك ھەم يېرىم نوكاچ بو-لىدۇ. تۈرلۈك نەقىشلەر ۋە گۈل نۇسخىلىرى يانپۇچۇقتا ئويۇلىدۇ. مەشغۇلات شەكلى ئىسكىنە بىلەن ئوخشاش.

7) ئۈشكە: ياغاچتىن تۆشۈك تېشىدىغان سايمان بولۇپ، قەدىمى تۈرك تىلىدا ئۈشكە بىلەن تېشىشنى «ئۈشدى» (ئول ئوق ئۈشدى — ئۇ ئوقنى ئۈشكىلىدى) دەيدۇ. ئۈشكىنىڭ تىغى قۇيۇچ (پولات)تىن تولغىما شەكىللىك ياسىلىدۇ. تولغىما ئۇچىدىن بىس چىقىرىلىدۇ. ئۈشكە ياسىلىش شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، تۈز ئۈشكە، ئەگرى ئۈشكە، تارتما ئۈشكە دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. تۈز ئۈشكىنىڭ بىر ئۇچىدىن ھالقا شەكىللىك قۇلاق چىقىرىلىپ، ياغاچ دەستە ئۆتكۈزۈپ، قول بىلەن تولغاپ تۆشۈك تېشىلىدۇ. ئەگرى ئۈشكە _┌┐_ شەكىللىك ياسىلىپ، بىر ئۇچىدىن تىغ چىقىرىلىدۇ، يەنە بىر ئۇچىغا ئەركىن ھەرىكەتچان دەستە بېكىتىلىپ، تۆشۈك تەشكەندە دەستىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، تىغ ئۇچىنى تۆشۈك تېشىلىدىغان جايغا قويۇپ بېسىپ تۇرۇپ، ئەگرى جايىدىن تۇتۇپ تولغاپ ئايلاندۇ-رۇپ مەشغۇلات قىلىنىدۇ.تارتما ئۈشكە تۈز، توم ياغاچنىڭ بىر ئۇ-

چىغا كىچىك تىغ بېكىتىپ، يەنە بىر ئۇچىغا ئەركىن ھەرىكەتچان دەستە بېكىتىلىپ، تۆشۈك تەشكەندە دەستىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، تىغ ئۇچىنى تۆشۈك تېشىلىدىغان جايغا قويۇپ بېسىپ تۇرۇپ، كامانچە شەكلىدە ياسالغان تارتقۇنىڭ تانىسىنى ئۇشكە گەۋدىسىگە يۆگەپ، تارتقۇنى تارتىش ئارقىلىق ئۇشكىنى ئوڭ- تەتۈر ئايلاندۇرۇپ مەشغۇلات قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇشكىنىڭ تىغى كىچىك، تىغ ئۇچى ياپىلاق ئۇچلۇق شەكلىدە بولۇپ، كىچىك تۆشۈكلەرنى تېشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. تۆمۈردىن ياسالغان تىككۈچىلىك سايمانلىرى

بۇ — مۇزدوزلۇق، جۇۋىچىلىق، تەلپەكسازلىق، كىيىم- كېچەك تىككۈچىلىكى قاتارلىق كەسىپلەردە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار بولۇپ، تىككۈچىلىكتە ئىشلىتىدىغان سايمانلار باشقا كەسىپلەردىكىگە قارىغاندا نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىك تۆمۈرچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسىلىدىغان ئاساسلىق سايمانلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1) قايچا:** خوتەن شېۋىسىدە «قاچا» («قا» بوغۇمى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دېيىلىدۇ(قەدىمىي تۈرك تىلىدا «پىچغۇچ»، چىگىلچە «قىفتۇ»، ئوغۇزچە «سىندۇ» دەپ ئاتالغان). كىيىم- كېچەك تىككۈچىلىكىدە رەخ پىچىشقا تىغى ئۇزۇن چوڭ قايچا ئىشلىتىدۇ، بۇ خوتەن شېۋىسىدە «سەيپۇڭ قاچىسى» دېيىلىدۇ. باشقا تىككۈچىلىكتە ئادەتتىكى قايچا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، تېرە، كۆن- خۇرۇم كېسىشكە ماس كېلىدىغان قوپالراق، پۇختا ياسالغان مەخسۇس قايچا ئىشلىتىلىدۇ. مۇزدوزلارنىڭ مەخسۇس قايچىسىنىڭ ئاستى تۇتقۇچى تولۇق ئېگىلمەي، ئۇچى ياپىلاق ياسىلىپ، كىچىك مىقلارنى قومۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. تەلپەكسازلىقتا مويلارنى قىرقىپ تەكشىلەشكە كىچىك قايچا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خوتەن شېۋىسىدە «مىخرازا» دەپ ئاتىلىدۇ. گىلەم توقۇشتا مەخسۇس ياسالغان ئالاھىدە چوڭ قايچا ئىشلىتىلىدۇ. ئوڭ قولدا تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ، سول قولدا تىغىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ قىسىپ مەشغۇلات قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2) بىرەندە: كېپىنەك قانىتى شەكلىدە ئاستى كەڭ، ئۈستى بارغانچە تار قىلىپ ياسىلىپ، ئۇچىنى ئۇچلاپ ياغاچ دەستە ئورنىتىپ ياسالغان پىچاق بولۇپ، ئاستى قىسمى ھىلال ئاي شەكلىدە ئەگىم سوقۇلۇپ، بىس چىقىرىلىدۇ. بىرەندىنىڭ بىسى ھىلال ئاي شەكىللىك ئەگرى قىلىپ سوقۇلغان پىچاق شەكلىدىكىلىرىمۇ بار بولۇپ، «ئەگرى پىچاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «ئەگدۈ» سۆزىگە: ”ئەگرى پىچاق، قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى پىچاق“ دەپ تەبىر بەرگەن. بىرەندە مەخسۇس تېرە، كۆن- خۇرۇملارنى قىيىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىرەندىنى مۇزدوز، تەلپەكساز، جۇۋىچىلار ئىشلىتىدۇ.

3) بىگىز: بىگىز خوتەن شېۋىسىدە «دىرەپشە» ، قەشقەر شېۋىسىدە «دىيەپشە» دېيىلىدۇ (توغرىسى شۇ). چۈنكى بۇ ئىسىم «دىيەپ تېشە» سۆزىدىن ياسالغان. ئۇچى ئۆتكۈر ئۇچلانغان مىقسىمان تۆمۈرنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ياغاچتىن دەستە بېكىتىپ ياسىلىدۇ. ئۇ تېرە، كۆن- خۇرۇم، چەم قاتارلىق يىڭنە ئىشلىتىش ئەپسىز نەرسىلەرنى تېشىپ، تۆشۈكتىن يىڭنىنى ئۆتكۈزۈپ تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بىگىز تۈز بىگىز ۋە ئىلمە بىگىز دەپ ئىككى خىل بولۇپ، تۈز بىگىز مەخسۇس تۆشۈك تېشىشكە، ئىلمە بىگىز ئۇچىدىن ئاستىغا قىيپاش قىلىپ يىرىق چىقىرىپ ياسىلىپ، ماتېرىيالنى تېشىپ ئۇچىنى قارشى تەرەپكە چىقىرىپ، يىرىققا يىپ سېلىپ، تارتىپ ئېلىپ تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

4) جۇۋالدۇرۇز: يىڭنىنىڭ چوڭى بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىمۇ 7~8 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇرۇشكە ئوخشاش توم يىپتا نەرسە تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. جۇۋالدۇرۇز جۇۋا تىكىشتە كۆپ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، توقۇم، مۆلە، ئېگەر تىكىشتە ئاساسلىق ئىشلىتىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا تاغارنىڭ ئېغىزىنى تىكىش، تاغار ياماش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قەدىمي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان «تاش يىڭنە»لەر دەل تاشتىن ياسالغان جۇۋالدۇرۇزدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن تىككۈچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ. تاش قوراللار دەۋرىدە يىڭنە سۆڭەك (ئۇستىخان)دىن ياساپ ئىشلىتىلگەن.

## 3. تۆمۈردىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا بۇيۇملار ھۈنەر-سەنئىتى

بەزى كەسىپلەر ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈردىن ياسالغان بىر قىسىم بۇيۇم-سايمانلار بولۇپ، بۇلاردىن يەرلىك تۆمۈرچىلەر سوقۇپ ئىشلىتىدىغان بۇيۇملار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1) پىچاق: ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يۈز چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تاشتىن، سۆڭەكتىن ياساپ ئىشلەتكەن، مىس قوراللار دەۋرىدە مىستىن، تۆمۈر قورالار دەۋرىدە تۆمۈردىن ياسالغان. قەدىمىي تۈرك تىلىدا پىچاق «پىچەك» دەپ ئاتالغان. قىلىچ، شەمشەر قاتارلىق جەڭ ۋە ئوۋ قۇراللىرى پىچاقتىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن.

پىچاق ئومۇمەن ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان پىچاق ۋە ياندا ساقلىنىدىغان پىچاق بولۇپ، ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان پىچاقلار ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئۆتكۈر بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، نەقىشلەش، كۆركەملەشتۈرۈش، زىننەتلەش شەرت قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئائىلە پىچاقلىرىنىڭ سوقۇلۇشى ئاددى، كۆرۈمسىز بولىدۇ. كۆپىنچە مۇڭگۈزدىن ساپ بېكىتىلىدۇ. ئائىلە پىچاقلىرىنىڭ چوڭراقلىرى «قىڭراق» دەپ ئاتىلىدۇ. ياندا ساقلايدىغان پىچاقلاردا كۆركەم، نەقىشلىك، زىننەتلىك بولۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا يانپىچاقلار ناھايىتى كۆركەم، بىسى پارقىراق بولىدۇ. يانپىچاقلار يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرى: غىلاپقا سېلىپ، ياندا ساقلىنىدىغان پىچاقلار، بۇ خىل پىچاقلار «غىلاپ پىچىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل پىچاقنىڭ چوڭراق، قوش بىسلىق قىلىنىپ سوقۇلغانلىرى «خەنجەر» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنجەر قەدىمىي تۈرك تىلىدا «بۆگدە» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى: قاتلاپ يانچۇقتا ياكى مەخسۇس غىلاپتا ساقلىنىدىغان كىچىك پىچاقلار. بۇ خىل پىچاقلار باشقا رايونلاردا «قەلەمتىراچ» دەپ ئاتىلىدۇ (بۇ پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «قەلەم ئۇچلىغۇچ» دېگەن مەنىدە). يەنە بەزى رايونلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ خىل پىچاق ۋە قاتلانمايدىغان كىچىك پىچاقلار «بەكە» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە «يانجۇق پىچىقى» (يانچۇق پىچىغى) دېيىلىدۇ. يانپىچاقلارنىڭ تىغىنى كۆپىنچە قوي‌يۇچتىن سوقىدۇ. دەستىسىنى تۇرلۇك نەقىشلەر بىلەن نەقىشلەپ، كۆز قويۇپ، ئىنتايىن نەپىس ئىشلەيدۇ. خوتەن رايونىدا پىچاق سوقىدىغان ئۇستىلار مەھسۇلاتلىرىغا تامغا بېسىپ تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىر داڭدار ئۇستىلار ئۆز ئىسمىنى ياكى يۇرتىنىڭ نامىنى تامغا قىلىپ بېسىپ، تاۋار ماركىسى قىلىپ ئىشلىتىش بارلىققا كەلدى.

2) قىسقاچ: شەكىل جەھەتتىن تۆمۈرچىنىڭ قىسقۇچى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، تۆمۈرچى قىسقۇچىدىن سىپتا، ئۇچى چوغ، چۇچۇلە قىسىشقا ماس قىلىپ سوقۇلىدۇ. خوتەن رايونىدا ئوتۇن، تاشكۆمۈر ئاساسى يېقىلغۇ قىلىنغاچقا، قىسقاچ ھەممە ئائىلىگە ئوموملاشقان.

3) بەل: نېپىز چاسا تۆمۈرنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن گىرۋەك چىقىرىلىپ، ئوچۇق تەرىپىنىڭ قارشىسىغا دەستە (ساپ) بېكىتىپ، تۆت قۇچ چىقىرىپ ياسالغان بۇيۇم بولۇپ، ئائىلىلەردە ۋە تۆمۈرچىلىكتە ئوچاق‌ـ مەشلەرگە كۆمۈرسېلىش، كۈل تارتىش، سۈپۈندە ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بەلنىڭ سىپتا سوقۇلغانلىرىنىڭ دەستە بېكىتىلىدىغان تەرىپى قول ئالىقىنىنىڭ بېغىشى شەكلىدە، ئېغىز تەرىپى كەڭ قىلىپ، كۆركۈم گۈلى شەكلىدە سوقۇلىدۇ.

4) چۆمۈچ: كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئاش‌ـ تاماق ئېتىش، ئۇسسۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. قەدىمىي تۈركىي تىلدا چۆمۈچ «قامىچ»، ئوغۇزچە «چۆمچە» دەپ ئاتالغان. بۇرۇنقى دەۋرلەردە خوتەن رايونىدا چۆمۈچ ياغاچتىن ۋە مىستىن ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن. ھازىرقى دەۋردە قارا تۆمۈردىن سوقۇلغان چۆمۈچ ئومۇملىشىپ كەتتى. چۆمۈچنىڭ بەل شەكلىدە ياسالغانلىرى «كەپكۈر» دېيىلىپ، قورۇما قورۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كەپكۈرنىڭ كىچىك تۆشۈكچىلەر ئېچىپ ياسالغانلىرىمۇ بولۇپ، بۇ ئايدا ھەر خىل نانلارنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

5) **پالتا:** خوتەن رايونىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تاشتىن ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان پالتىلارنىڭ تېپىلغانلىقى پالتىنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى دەۋردە پالتا قورال بولۇپلا قالماي يەنە ھاكىمىيەت بەلگىسى، دىنىي مۇراسىم بۇيۇملىرى قىلىپمۇ ئىشلىتىلگەن. تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان خوتەن قاشتېشىدا ئويۇلۇپ، نەپىس نەقىشلەنگەن پالتىلار بۇ نوقتىنى ماددى پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. پالتا قەدىمىي تۈرك تىلىدا «بالدۇ» دەپ ئاتالغان.

پالتا دەرەخ كېسىش، شاخ چاتاش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان بويۇم بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە جەڭ قورالى قىلىپمۇ ئىشلىتىلگەن. مەخسۇس جەڭ قورالى قىلىپ سوقۇلغانلىرىنىڭ بىسى ھىلال ئاي شەكلىدە كەڭ چىقىرىلغاچقا «ئايپالتا» دەپ ئاتالغان. خوتەن رايونىدا پاتىنىڭ چوڭلىرى «پالدا» دېيىلىپ، دەرەخ كېسىش، كۆتەك يېرىش ئىشلىرىغا؛ كىچىكلىرى «تىۋەزىن» دېيىلىپ، شاخ چاتاش، ئوتۇن يېرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. زۇرۇر تېپىلغاندا توڭغۇز ئوۋلاشتا ئوۋ قورالى قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. جاڭگال يايلاقلىرىدا توغراق شېخى چاتاشقا ئىشلىتىلىدىغان تىۋەزىنلەرنىڭ سېپى ئالاھىدە ئۇزۇن بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇنلىرى ئۈچ مېترغا يېتىدۇ.

6) **شۇشاڭ:** قايچىنىڭ ئەڭ چوڭى، گىلەم توقۇشقا ئىشلىتىدىغان قايچىدىنمۇ چوڭراق . تىغىنىڭ تۈۋىگە توم ۋە ئۇزۇن تۇتقۇچ چىقىرىپ، تۇتقۇچ ئۇچىغا توغرىسىغا قىسقا نوكاچ ئورنۇتۇپ، ياغاچ ئۆتكۈزۈپ ئىككى تىغنى چېتىپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇشاڭ ئاساسلىقى چارۋىچىلىقتا قوي، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭ- چۈپۈرلىرىنى قىرقىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

7) **ئەرگۈل:** ئىككى تۆمۈر ھالقىنىڭ بىرىدىن تۈز تۈرۈم چىقىرىلىپ، يەنە بىرىنىڭ مەلۇم جايىدىن تۆشۈك ئېچىپ تۈرۈمنى ئۆتكۈزۈپ، تۈرۈمنىڭ ئۇچىنى موللەكلەپ، ئىككى ھالقا ئەركىن ئايلىنىدىغان قىلىپ ياسالغان بۇيۇم بولۇپ، چارۋا ماللارنى باغلىغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى تارىيسى
www.uyghurkitap.com



تولا چۆگىلەپ ئاغامچىغا چىرمىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چارۋىلارنىڭ بوينىغا ئەرگۈلىنىڭ بىر ھالقىسى ئۆتكۈزۈلگەن تۆم ئاغامچا ياكى تاسما باغلىنىپ، ئاغامچا ياكى زەنجىر يەنە بىر ھالقىسىغا باغلىنىدۇ (بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياغاچتىن ياسالغان ئەرگۈلمۇ ئىشلىتىلەتتى).

8) قىغا: ئوغاق شەكىللىك ياسالغان، ئوغاقتىن كىچىك تىغ بولۇپ، ئۇزۇن بادرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ، دەرەخ شاخلىرىنى قىيىپ چاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە مۇشۇ خىل قىيغا شەكلىدە ياسالغان مەخسۇس پىچاقلارمۇ «قىغا» دەپ ئاتىلىپ، كۆن ـ خىرومچىلىقتا تېرىلەرنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## 4. قۇيمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە مەھسۇلاتلىرى

قۇيمىچىلىق تۆمۈرچىلىكتىن ئايرىلىپ چىققان، تۆمۈر تاۋلاش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كەسىپ بولۇپ، سوقۇپ بۇيۇم ياسىغىلى بولمايدىغان مېتالدىن بۇيۇم قۇيۇش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. قۇيمىچىلىقتا تاغدىن چىقىدىغان بىر خىل قۇمنى يارايلىم سۇيىدە نەمدەپ، قۇيۇلىدىغان بۇيۇمنىڭ قېلىپى ياسىلىدۇ، ئاندىن مەخسۇس چاناقتا ئېرىتىلگەن مېتال سۇيۇقلۇقى قېلىپقا قۇيۇلۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئېلىپ، چاقلاش ياكى ئېگەكدەش ئارقىلىق مۇھىم جايلىرى سىلىقلىنىپ تەييارلىنىدۇ. بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن قېلىپنى قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. خوتەن رايونىدا كۆپ ئىشلىنىدىغان قۇيما بۇيۇملار تۆۋەندىكىچە:

1) قازان: قەدىمىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ ساپالدىن ياساپ ئىشلىتىلگەن. مىس قوراللار دەۋرىدە مىستىن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە تۆمۈر(چويۇن)دىن قۇيۇلغان. خوتەن رايونىنىڭ قۇيمىچىلىقىدا قازان قۇيۇش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەچكە، قۇيمىچىلار ئاۋام تىلىدا «قازانچى» دەپ ئاتالغان. قۇيمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مەركەزلىك ئورۇنلاشقان مەھەللەر «قازانچى مەھەللىسى»، «قازان مەھەللىسى» ياكى «قازانچى كوچا»، «قازان كوچا» دەپ ئاتالغان. قۇيمىچى ئۇستىلارغا «قازان»

سۆزى لەقەم بولۇپ، ئەۋلاتلىرىغا مىراس قالغان. قەدىمىي تۈرك تىلىدا قازان «ئاشىچ» دېيىلگەن.

خوتەن رايونىدا توي - مەرىكىلەردە پولو ئېتىلىدىغان چوڭ قازانلار «داشقازان» دەپ ئاتىلىدۇ. تېگىگە ئۈچ ياكى تۆت پۇت چىقىرىلىپ، دالىدا ئوچاقسىز تاماق ئېتىشكە لايىقلاشتۇرۇپ قۇيۇلغانلىرى «داڭقان» دېيىلىدۇ. داڭقاننىڭ كىچىك، بىر- ئىككى قاچا تاماق ئەتكىلى بولىدىغانلىرى «دەكچەك» دېيىلىدۇ. خوتەن رايونىدا قۇيۇلىدىغان قازان ۋە داڭقانلارنىڭ شەكلى بىر قەدەر ئۆزگىچە بولۇپ، قوساق قىسمى كەڭ، ئاغزى كۇرىماچ، ئېغىزىنىڭ گىرۋىكى كەڭ بولىدۇ. ئوچاققا گىرۋىكىدىن ئېسىلماي، قوسقىدىن ئېسىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل مېتاللاردىن قۇيۇلغان، سوقۇلغان ياكى ياسالغان قازانلار كەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، خوتەن رايونىدا چۆيۈندىن قۇيۇلغان قازان يەنىلا ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. خوتەن شېۋىسىدە مىستىن سوقۇلغان قازان «مىس قازان»، چۆيۈندىن قۇيۇلغان قازان «ئەبجۇش قازان»، پاناستىن قۇيۇلغان قازان «پاناس قازان»، ئاليومىن قازان «رو قازان» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە تېبابەت دورىلىرىنى قاينىتىش، پىشۇرۇشقا قۇم قازان ئىشلىتىلىدۇ.

**2) دەزمال:** ئالدى تەرىپىنى ئۈچلۈق، ئىككى يېنى ۋە كەينىنى تۈز، تاپىنىنى (تېگىنى) سىلىق قىلىپ، ئەتراپىنىڭ تاپان گىرۋىكىدىن تۆشۈكچىلەر قويۇلۇپ، ئۈستىگە ھەرىكەتچان قاپقا ئورنىتىپ ياسالغان بۇيۇم بولۇپ، ئىچىگە چوغ ئېلىپ قىزدۇرۇپ، كىيىم-كېچەكلەردىكى پۈرۈملەرنى تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. دەزمال تىككۈچىلىكتە ئىشلىتىلىپلا قالماي، ئائىلىلەردىمۇ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە كەڭ ئومۇملاشقان توك دەزمىلى مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى دەزمال ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. كېرىيە ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان يۇمۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن بۇنىڭدىن 2700 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ مىستىن قۇيۇلغان دەزمال تېپىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دەزمال توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئۇتۇك — دەزمال. ھاندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆمۈر. كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ». بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەزمال ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

3) ھاۋانچا: تەشتەك شەكىللىك قىلىپ، قورسىقىنى كەڭ، ئېغىزىنى كۆرىماچ قىلىپ قۇيۇلغان بۇيۇم بولۇپ، ئۇزۇنچاق تاش ياكى بىر ئۇچى موللاڭ قىلىپ قۇيۇلغان مەخسۇس تاش بىلەن قاتتىق نەرسىلەرنى سوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن رايونىدا ھاۋانچا تىببابەتچىلىكتە دورا ـ دەرمەكلەرنى سوقۇشقا ئىشلىتىلىپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشقىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەردە ھاۋانچا بولىدۇ. ھاۋانچا ئائىلىلەردە چايلىق، قيىمىلىق دورا ـ دەرمەك سوقۇش، ياڭاق ، بادام مېغىزى سوقۇپ چاي سۈتلەپ ئىچىش، بوۋاقلارغا نان سوقۇش، قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ سوقماق ياساپ يېيىش ... قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە تاشتىن ئويۇلغان ھاۋانچا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولسا، ھازىر چويۇندىن قۇيۇلغان ھاۋانچىلار كەڭ ئومۇملاشتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قارا تۆمۈر تاختايدىن ياسىلىدىغان مەشنى ھازىر چويۇندىن قۇيۇش تېخنىكىسى بارلىققا كېلىپ، تېز ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە چۆگۈن، ئاپتۇۋا، چىلاپچا قاتارلىقلار مىستىن ياكى تۆچتىن سوقۇلاتتى. ھازىر پاناستىن قۇيۇش تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى.

(ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل )

## 5. تاقىچىلىق

تاقىچىلىق ـــ خوتەندە ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىكنىڭ بىر تۈرى. تاقىچىلار ـــ خۇددى بەتىنگە، ئۆتۈكلەرگە ناھال قاقىدىغان موزدوزلاردەك، ئات، قېچىر، ئېشەكلەر (ھاڭگا ئېشەكلەر) نىڭ تۇيىقىغا تاقا قاقىدىغان (مىخلايدىغان) ھۈنەرۋەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تاقىچىلاردا تۆمۈرچىلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان چوڭ ـ كىچىك

بولقا، سەندەل، قىسقۇچ، ئۇچاق، كۆرەك قاتارلىقلاردىن باشقا؛ دار، سىم تاراچ، سۇمبەل، دۇپپى، لەكتەم، تۇۋلۇ قاتارلىق مەخسۇس ئەسلىھە ۋە سايمانلار بولىدۇ.

**1) دار ياساش.** ئايلانمىسى 40 ~ 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر بولغان ئىككى ياغاچ بىر - بىرىدىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا تىكلىنىپ، يەرگە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلىدۇ. توملۇقى تۇۋرۇك بىلەن ئوخشاش، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتىرلىق بىر ياغاچ ئىككى تۇۋرۇكنىڭ يەردىن بىر مېتىر 80 سانتىمېتىر ئېگىز يېرىگە چېتىق قىلىپ پۇختىلىنىدۇ. مانابۇ قۇرۇلما دار دەپ ئاتىلىدۇ. دار مەزمۇت، مۇستەھكەم قۇراشتۇرۇلمىسا ئات سىلكىنگەندە قوزغىلىپ كېتىپ، خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىدۇ. دارنى تۇۋرۇكنىڭ يەرگە كۆمۈلگەن قىسمى سېسىپ كەتكەنگە قەدەر بىر نەچچە يىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**2) تاقا تەييارلاش.** ئۇزۇنلۇقى 18 ~ 24 سانتىمېتىر، توملۇقى 7 ~ 8 مېتىرلىق پولات چىۋىق، كۆرەكنىڭ پۈۋلىشى بىلەن يالقۇنچاپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. پولات چىۋىق قىزىپ ئوتقا ئايلانغاندىن كېيىن قىسقۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىپ سەندەل ئۈستىگە قويۇپ بازغان بىلەن ئۇرۇپ (U) شەكلىدە ئېگىلىدۇ (باشقا شەكىلدىكى پولات - تۆمۈرلەرمۇ قىزىتىپ ئوتقا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن پولات چىۋىق شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازغان ئۇرۇش بىلەن، كۆرەك بېسىش توك كۈچى بىلەن قىلىنىدىغان بولدى). يېرىم يۇمىلاقلانغان تۆمۈر (پولات) يەنە بىر قېتىم ئوتتا تاۋلانغاندىن كېيىن كەڭلىكى سەككىز م م دىن بىر س م غىچە، قېلىنلىقى 4 ~ 5 م م قىلىپ ياپىلاقلىنىدۇ. مانا بۇ تاقا دەپ ئاتىلىدۇ. تاقىچى ئۇستام سۇمبە، تۇۋلۇ، بولقا، دۇپپىلارنى ئىشلىتىپ، تاقىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۈچتىن ئىككى تەرىپىگە ئالتە تۆشۈك ئاچىدۇ (ئېشەكنىڭ تۇيىقى ئاتنىڭكىدىن كىچىك بولغاچقا، ئېشەك تاقىسىغا تۆت تۆشۈك ئاچىدۇ). تاقىچى ئۇستام تاقىلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئۇزۇنراق، قىسقىراق، كەڭرەك، تارراق قىلىپ زاپاس ياساپ، تۇياقتا ماس كېلىدىغانلىرىنى خىللاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىدۇ.

3) مىخ تەييارلاش. مىخلارنى تاقىچىلار 2 يېرىم س م دىن 3 يېرىم س م غىچە ئۇزۇنلۇقتا، باش تەرىپى 2 ~ 3 م م كەڭلىكتە، ئۇچلۇق تەرىپىنى سەل پەل ئىگىپ ياسايدۇ. مىخلارنىڭ ئۇزۇنراقلىرىنى ئات تاقىلاشقا، قىسقىلىرىنى ئېشەك تاقىلاشقا ئىشلىتىدۇ. مىخنىڭ ئىگىلگەن يېرى تۇياقنىڭ سىرتىغا ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن ئامبۇربىلەن قايرىپ سۇندۇرۇۋېتىلىدۇ. ئەگەر مىخ تۈز يا - سىلىپ ئۇدۇل قېقىلسا، تۇياقتىن ئۆتۈپ گوشقا سانجىلىپ دەرھال ئات ياكى ئېشەكنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ.

4) ئاتنى (ئېشەكنى) دارغا ئېسىش. بىررزىنت رەخت 3 ~ 4 قاتلىنىپ قېلىن سىيرىپ تىكىلگەن، كەڭلىكى 10سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرلىق تاسمىنىڭ بىر ئۇچىغا كەمەرنىڭكىگە ئوخشاش توقا ئورنىتىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچىغا 4 ~ 5 سانتىمېتىر ئارلىق قالدۇرۇلۇپ بىر نەچچە پىستانلىق تۆشۈك ئېچىلىدۇ. مۇشۇنداق چوڭ كەمەردىن ئىككىنى ئاتنىڭ تۆش ۋە پەشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئات چىتىق قىلىنغان ياغاچقا ئېسىلىدۇ. بۇ چاغدا ئاتنىڭ تۇيىقى يەرگە تېگە - تەگمەي تۇرىدۇ. تۇياقلار يەرگە تولۇق تېگىپ تۇرسا، ئات كۈچ - جاسارىتىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ باشقۇرماق قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. تۇيىقى پەقەت يەرگە تەگمەي قالسىمۇ ھەممە ئېغىرلىقى كەمەرگە چۈشۈپ ئاتنىڭ ئىچكى ئەزالىرى زەخىملىنىشى مۇمكىن. ئاتنىڭ ئىككى يانغا سىلكىنىشىنى چەكلەش ئۈچۈن توم، ئۇزۇن ئاغامچا قۇرساقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىككى تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇپ چىڭ چىگىلىدۇ. توسۇن ئاتلارنى جىم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئاتنىڭ كالپۇكىنى لەكتەم بىلەن ئولغاپ بىر ئادەم لەكتەمنى مەزمۇت تۇتۇپ تۇرىدۇ.

5) تۇياقنى تاقلاش. تاقىچى ئۇستام ئاتنىڭ تاقىلىماقچى بولغان بىر پاچىقىنى مىدىرلىيالمىغۇدەك قىلىپ ئاغامچا بىلەن تۈۋرۈككە چىڭ تاڭىدۇ. ئامبۇر بىلەن تۇياقتىكى كونا تاقا - مىخلارنى ئېلىۋېتكەندىن كېيىن، تۇياقنىڭ ئۆسۈپ قالغان قىسمىنى سىمتاراچ بىلەن قىرىپ، تۇياقنىڭ يۈزىنى تەكشىلەيدۇ (ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىمۇ

ئادەمنىڭ تىرنىقىدەك ئۆسۈپ ئۈزىراپ تۇرىدۇ). تويا قنىڭ كاتىگى-دىكى قېتىپ قالغان تۇپا، ئۇششاق تاشلارنى پاكىزە چىقىرىۋېتىدۇ. ئاندىن تاقىنى توياققا ئۇدۇللاپ تۈزەپ مىخلايدۇ. شۇ تەرتىپتە تۆت تۇياقنى بىر بىرلەپ تاقىلاپ چىقىدۇ. بىر ئاتنى تاقىلاشقا 20 ~30 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ (ئېشەك تاقىلاشمۇ يۇقىرىدىكى مەشغۇلات بو-يىچە بولىدۇ).

تاقىلاش توياقنى ئاسراشنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئات - ئېشەكلەرنى تاشلىق، قاتتىق يوللاردا تويىقى زەخىملىنىشتىن، مۇزلۇق يوللاردا تېيىلىپ كېتىشتەك خەۋپ - خەتەرلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر - يېزىلاردا تۆك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنى-دىغان ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتلار مەپە-هارۋىلارنىڭ ئورنىنى ئىگى-لىگەنلىكتىن، ئات، ئېشەك ئىشلىتىدىغانلار ئازىيىپ، تاقىچىلىق خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## §7. ھەر خىل يىپلاردىن توقۇلغان، رەختتىن تىكىلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھۈنەر-سەنئىتى

### 1. داستىخان

ئائىلىدە، توي، نەزىر ئىشلىرىدا ياكى باشقا مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا ھەر قانداق تائامنى داستىخان ئۈستىدە قويۇپ، ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن ئولتۇرۇپ يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان خەلقىمىز، داستىخان سالماي تاماق يېيىشنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆيىگە كەل-گەن مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئاندىن تاماق كەلتۈرىدۇ. قىز چوڭ قىلغانلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارغاندا ياكى هازىدارلار-نىڭ ئۆيىگە چاي ئىچكۈزگىلى بارغاندا، داستىخانغا ھەر خىل نەر-سىلەرنى يۆگەپ ئېلىپ بارىدۇ. داستىخان ناھايىتى پاكىز تۇتۇلغاچ-قا، ئائىلىدە نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر داستىخانغا يۆگەپ قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 2. سۈپرا

سۈيۈقئاش خېمىرىنى يېيىش، تونۇر بېشىدا نان خېمىرىنى تەييارلاش، پوخۇن، خېمىرتۇرۇچنى يۆگەپ ساقلاشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

سۈپرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەرلىك گىلەم پارچىسى ياكى ئادەتتىكى رەخت خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۇ مەيلى گىلەم پارچىسى ياكى رەخت بىلەن تىكىلسۇن، ئوخشاشلا ئەستەرلىنىدۇ.

ئانا تالالىق قىلغان قىزىغا سۈپرىغا ئازراق ئۇن ۋە خېمىر تۇرۇچنى قوشۇپ سوۋغا قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت شەكىللەنگەن. يەنە بەزى ئانىلارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قولىنى سۈپرىدىكى ئۇنغا تەككۈزىۋالىدىغان ئادەت ھازىرمۇ بىر قىسىم جايلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## 3. يەڭلىك

چاپاننىڭ يېڭىغە ئوخشاپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭغا «يەڭلىك» دەپ ئىسىم قويغان. يەڭلىك خاس زاغرا نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدۇ. يەڭلىكنىڭ شەكلى بىر خىل، ھەجمى ئوخشاش، تىكىلىشى ئاددىي بولۇپ، كۆپ ماتېرىيال كەتمەيدۇ.

يەڭلىك بۆز گىلەم پارچىسى ياكى رەختتە چاپاننىڭ يېڭى شەكلىدە جىيەككىچە قىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇ مەيلى گىلەم پارچىسى ياكى رەخت بىلەن تىكىلسۇن، ھەممىسى ئەستەرلىنىدۇ، يەڭلىكنىڭ ئالقان تەرەپىگە پاكىز رەخت چاپلىنىدۇ، ئەگەر ئادەتتىكى رەخت بىلەن يەڭلىك تىككەندە توغرا كەلگەندە، يەڭلىكنىڭ ئىچىگە نىپىز قىلىپ پاختا سېلىنىدۇ. يەڭلىك ھەر قېتىم نان يېقىلىپ بولغاندىن كېيىن قاتلاپ ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇ، ھېلىھەم كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە.

## 4. گەزنە

تونۇرغا نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بۇيۇمدۇر.

گەزنىنىڭ شەكلى، ماتېرىيالى، تىكىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن

ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن يېقىلىدىغان نان ھەجىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇلار ئادەتتە چوڭ نان (كاكچا) گەزنىسى، ئارا نان گەزنىسى، كىچىك نان (تومىنان) گەزنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. گەزنىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، تەتۈر يۈزى تۈز ھەم تەكشى، ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى قېلىن، گىرۋەك تەرىپى نېپىزرەك بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، نان تونۇر يۈزىگە تەكشى چاپلىنىدۇ.

گەزنىنىڭ ياسىلىشى مۇنداق: يۇلغۇن، سۆگەت ياكى توغراقنىڭ پىشقان چىۋىقىدىن يۇمىلاق شەكىلدە سېۋەت توقۇلىدۇ، سېۋەتنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېلىنرەك، گىرۋىكىگە نېپىزرەك قىلىپ پاختا سېلىنىپ، پاكىز رەخت ياكى بۆز گىلەم پارچىسى بىلەن باستۇرۇپ تىكىلىدۇ. گەزنىنىڭ تەتۈر يۈزىگە قول پاتقۇدەك قىلىپ ياندۇق تىكىلىدۇ.

گەزنىنىڭ يۈزى پاكىز ساقلىنىدۇ، ھەر قېتىم نان يېقىلىپ بولۇپلا گەزنە ئېگىز جايغا ئېلىپ قويۇلىدۇ ھەم ھەر قېتىم نان يېقىشنىڭ ئالدىدا گەزنىنىڭ يۈزى پاكىز قىرىپ تازىلىنىپ، ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. گەزنە ھېلىھەم كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## 5. تۇكۇچ

ئىلگىرى توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر ۋە غاز قاتارلىقلارنىڭ قانات پەيلىرىدە ياسىلاتتى. ھازىر يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مىخ ۋە سىم قاتارلىقلاردىنمۇ ياسىلىدىغان بولدى.

نانغا تۇكۇچ سېلىپ ياققاندا، نان ناھايىتى چىرايلىق پىشىپ چىقىدۇ. تۇكۇچ سېلىنمىسا ناننىڭ يۈزى گۈللىمەيدۇ. ئۇ ھازىر قىرمىچى ئۇستىلار ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلار تەرىپىدىن تەييارلىنىدىغان بولدى، شەكلىمۇ كۆپخىللاشتى. ھازىرقى تۇكۇچلەر ئەنئەنىۋى تۇكۇچلەرنىڭ راۋاجىدۇر.

(مەتتۇرسۇن ھەسەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تۆتىنچى باب

# پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سايمانلىرى

## §1. ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ياغ تارتىش ھۈنەر-سەنئىتى ۋە سايمانلىرى

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردىلا يىرىك ئاشلىق ۋە ياغلىق داننى پىششىقلاش ھۈنەر - تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان.

خوتەنلىكلەرنىڭ يىرىك ۋە ياغلىق دان پىششىقلاش قول ھۈنەر - سەنئىتىنى پىششىقلىنىدىغان خام ئەشيا، پىششىقلاش تەلىپى ۋە پىششىقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش ۋە شال ئاقلاشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1. يارغۇنچاق

يارغۇنچاق يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز كېيىنچە سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرۈپ، ئاشلىق پىششىقلىغان بولسىمۇ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ يادنامىسى بولغان يارغۇنچاق تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇنى خوتەن رايونىدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ دىگىدەك پەسىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى، قىش - ئەتىيازدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدە ئوبيېكتىپ شارائىت بەلگىلىگەن. دەريا - ئېقىنلاردا سۇ توختاپ، تۈگمەنلەرنى چۆرۈشكە ئىمكان بولمىغان پەسىللەردە ئاشلىق پىششىقلاشتا يارغۇنچاق قوشۇمچە ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

**1) يارغۇنچاقنىڭ تۈزۈلۈشى**

يارغۇنچاق تاشچىلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، قورام تاشتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى ئېگەرسىمان يارغۇنچاق، يەنە بىر خىلى تۇتقۇچلۇق يارغۇنچاق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېگەرسىمان يارغۇنچاق يارغۇنچاقنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ھازىر بايقالغان ئېگەرسىمان يارغۇنچاقلارنىڭ ئاستى تېشىنىڭ ئىككى بېشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان، كۆرۈنۈشى ئېگەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئېگەرسىمان يارغۇنچاق» دېگەن ئىسىم بۇ خىل يارغۇنچاقنىڭ مۇشۇنداق شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان.

ئېگەرسىمان يارغۇنچاق ئىككى پارچە تەبىئىي قورام تاشتىن تەركىب تاپىدۇ. ئاستى تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4~0.6 مېتىر، كەڭلىكى 0.2 ~ 0.3 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قېلىنلىقى ۋە شەكلىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم بولمايدۇ. پەقەت ئۈستى يۈزىنىڭ تەكشى بولۇشى بىردىنبىر شەرت قىلىنىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچىمى قانداق بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئېھتىمال سىرتقى يۈزى تەكشى بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى تەبىئىي تاشلار ئۈستى تاش قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

يارغۇنچاق شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «ئۆتمە تۈرۈملۈق يارغۇنچاق» ۋە «كور تۈرۈملۈق يارغۇنچاق» دەپ ئايرىلىدۇ.

ئۆتمە تۈرۈملۈق يارغۇنچاقنىڭ ئاستى تاش مەركىزىدىن دىئامېتىرى تۆت ـ بەش سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ ياغاچ ئوق بېكىتىلىدۇ، ئۈستى تاش مەركىزىدىن 6 ~ 10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىدۇ. يارغۇنچاق ئوقى مۇشۇ تۆشۈككە چۈشىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ بىر چېتىدىن دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ.

كور تۈرۈملۈق يارغۇنچاقنىڭ ئاستى تاش مەركىزىگىمۇ يۇقىرىدىغا ئوخشاش چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ، قىسقا ياغاچ ئوق بېكىتىلىدۇ. ئۈستى تاش مەركىزىدىن ئوخشاش چوڭلۇق ۋە ئۈچ ـ تۆت سانـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تېمىتىر چوڭقۇرلۇقتا چىشى كور تۇرۇم (ئوق تۆشۈكى) ئېچىلىدۇ، ئوق ئۇچى مۇشۇ چىشى كور تۇرۇمغا چۈشىدۇ. ئۈستى تاش مەركىزىدىنىڭ 10 سانتىمېتىر نېرىسىدىكى ئىككى نۇقتىغا دىئامېتىرى بەش ـ ئالتە سانتىمېتىرلىق بىردىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرسىگە ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ، يەنە بىرسى ئۇگۇت تۆشۈكى بولۇپ، بۇ تۆشۈكتىن ئىككى پاي تاش ئارىسىغا ئۇگۇت سېلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل يارغۇنچاقنىڭ ئىش پرىنسىپى ئوخشاش، پەرقى: يارغۇنچاق ئىش ھالىتىدە تۇرغاندا، ئۆتمە تۇرۇملۇق يارغۇنچاقنىڭ ئوقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كور تۇرۇملۇق يارغۇنچاقنىڭ ئوقى كۆرۈنمەيدۇ. يارغۇنچاقنىڭ ھەر ئىككى پاي تېشىنىڭ ئىچكى يۈزى بىر بىرىگە ئوبدان جىپسىلىشىشى، شۇنداقلا تاش يۈزى مېتىندا چوقۇپ مۇدۇر ـ چوقۇر قىلىنغان بولۇشى كېرەك. بەزى يارغۇنچاق تاشلىرىدىنىڭ ئىچكى يۈزىگە قىيپاش يۆنىلىشلىك سىزىقچىلار چىقىرىلىدۇ.

2) يارغۇنچاقنىڭ ئىشلىتىلىشى

يارغۇنچاق سۇپىرا، داستىخان ياكى پاكىز رەختنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. بىر قولدا تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئىتتىرىپ ئايلاندۇرۇلىدۇ، يەنە بىر قولدا يىرىك ئاشلىق ئۈستى تاش تۆشۈكى بىلەن ئوق ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتىن ئىككى تاش ئارىسىغا ئاز ـ ئازدىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئۈستى تاشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن يىرىك ئاشلىق يانجىلىپ، تاش گىرۋىكىدىن تەگلىك ئۈستىگە چۈشىدۇ. تاشنىڭ ۋەزنى چوڭ ئەمەس، ئايلىنىشى ئاستا بولغانلىقتىن يارغۇنچاقتا يىرىك ئاشلىقنى بىر قېتىمدىلا تولۇق يۇمشاتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يىرىك ئاشلىق يارغۇنچاققا بىر قانچە قېتىم سېلىنىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەلگەكتىن ئۆتمىگەن يارما داۋاملىق يۇمشىتىلىدۇ. يارغۇنچاقتا بۇغداي، قوناق، ئارپا، پۇرچاق قاتارلىق يىرىك ئاشلىقلاردىن ئۇن ۋە يارما تارتىشقا، ئۇجمە تالقىنى تارتىشقا بولىدۇ.

ياغىچاققا [1] ئاپىرىپ دارقىلغايلا،
نوغۇچقا كىرگەندە شاراقلىغايلا.

[1] ياغىچاق — يارغۇنچاق دېگەن مەنىدىكى يەرلىك شېۋە.

قازانغا كىرگەندە ۋاراقلىغايلا،
ئۈنى ئاغىچام ئاياقلىغايلا.

بۇ قوشاقتا يارغۇنچاقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى رولى روشەن ئىپچىپ بېرىلگەن.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئېپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان يارغۇنچاق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى رولىنى يوقىتىپ، تارىخىي مۇزېيغا تەئەللۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 2. تۈگمەن

تۈگمەن سۇ ئېنېرگىيەسى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى يارغۇنچاقنىڭ راۋاجى ۋە مۇكەممەللىشىشى دېيىشكە بولىدۇ. يارغۇنچاقتا ئادەم كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنسا، تۈگمەندە سۇ كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. يېرىك ئاشلىقنى تاش ئارىسىغا چۈشۈرۈش، يۇمشىتىش ئۇسۇلى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىش قائىدىسىگە ئاساسەن ئوخشاش.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ تۈگمەندىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار بار:

كېرىيە دەرياسى بوغۇزىغا جايلاشقان مارجانلىق خارابىسىدىن «يەنە تۆت پاي تۈگمەن تېشى تېپىلغان، بۇلار ئاقۇچ قۇرام تاشلارنى يونۇش، چوقۇش بىلەن ياسالغان. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈگمەن چۆرۈپ، ئۇن تارتىپ يېگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ». «مىلادىيە 4 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە بۇ ئاۋات يۇرت پۈتۈنلەي قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان».بۇ جايلاردا تاشچىلىق، چاقپەلەك ئوقى قىرىدىغان قىرمىچىلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپلەر بارلىققا كەلگەن.

### 1) تۈگمەننىڭ تۈزۈلۈشى

تۈگمەن، تۈگمەن ئۆيىدىن باشقا، كويلا، نور، غۇلۋا، ئاقتا، چاق-

www.uyghurkitap.com



پەلەك، تاش، خامپا، سۈكەن قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەر ۋە تاقىلدى-
غۇچ قاتارلىق ئۇششاق بۆلەكچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.
(1) كويلا. بۇ، تۈگمەنگە سۇ باشلاش ئېرىقى بولۇپ، ئېھتىياج
ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ چوڭ بولۇشىمۇ، كىچىك بولۇشىمۇ مۇمكىن.
كىچىكلىرىدە بىر تاش تۈگمەن، چوڭلىرىدا بىر نەچچە تاش تۈگمەن
چۆرۈشكە بولىدۇ. كويلا يەر يۈزىدە نور ئورنىتىشقا باب كەلگۈدەك
دەرىجىدە چۈشۈش پەرقى (ئوكلان) بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا،
ئەجدادلىرىمىز يەر تۈزۈلۈشىدىكى تەبىئىي چۈشۈش پەرقىدىن پايدى-
لىنىپ تۈگمەن چۆرگەندىن تاشقىرى، يەر يۈزى يانتۇلۇقى چوڭراق
بولغان يەرلەردە يەر يۈزىنى ئويۇش، قاش كۆتۈرۈش چارىسى بىلەن
بىر نەچچە ياكى نەچچە ئون يەردە سۈنئىي چۈشۈش پەرقى ھاسىل
قىلىش ئارقىلىق، سۇ ئېنېرگىيەسىدىن تەكرار پايدىلىنىپ تۈگمەن
چۆرگەن. بۇنداق تۈگمەنلەر «قاتار تۈگمەن» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن
ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيەسىدە چىرا دەريا ئېقىنىنىڭ «ئاۋاپ» دېگەن
يېرىدىن باشلىنىپ، چىرا بازىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە سوزۇلغان
بىر كويلا لىنىيەسىنىڭ 34 يېرىدە 45 تاش تۈگمەن چۆرۈلگەن. ئا-
دەتتە، تۈگمەن ئۆيىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە چۈشۈرگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلىدۇ. چۈشۈرگە سۇ تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچە ئېرىق
بولۇپ، سۇ كۆپ بولسا ئارتۇق سۇ چۈشۈرگىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە
تۈگمەننى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كويلىغا قوشۇلۇپ كې-
تىدۇ. سۇ ئازايغاندا چۈشۈرگە بوغۇپ قويۇلىدۇ.
(2) نور (قوغاچ). بۇ، كويلا بىلەن چاقپەلەك ئوتتۇرىسىدىكى
چۈشۈش پەرقى چوڭراق بولغان ئورۇنغا بېكىتىلىدىغان، سۇ ئې-
نېرگىيەسىنى چاقپەلەككە ئۆزىتىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، تېرەك يا-
غىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۈستى تەرىپى ئوچۇق بولىدۇ (نور «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا «قىغىش — قوغۇش»[1] دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەت-
تىمۇ نورنىڭ ياغاچنى ئويۇپ ئولاق شەكلىدە ياسالغىنى «قوغاچ»،
ياغاچنىڭ سىرتىنى ساق قويۇپ، مەركىزىي قىسمىنى ئويۇپ ئېلىن-
ۋېتىپ تۈۋىسىز كۆپ شەكلىدە ياسالغىنى «نور» دەپ ئاتاپ پەرقلەن-

---

① مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3- توم، 874- بەت.

دۇرۇلىدۇ. لېكىن، ھازىر ھەممىسى «نور» دەپ ئاتىلىپ قالدى).
نورنىڭ چوڭ باش ئىچكى چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى 35 × 35 سانـ
تىمېتىر، كىچىك باش ئىچكى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكى 16 × 20
سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ مىقدارىنى
«تۇگمەنلىك»، «تاشلىق» دەپ ئاتىشى (سۇ مىقدارىنىڭ ئۆلچەم بىرـ
لىكى قىلىشى) شۇنىڭدىن كەلگەن. نورنىڭ 35×35 سانتىمېتىرـ
لىق ئېغىزىغا لىق كەلگەن سۇ «بىر تۇگمەنلىك» ياكى «بىر تاشـ
لىق» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھازىرقى ئىلمىي ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 4/1
كۇبمېتىر/سېكۇنتقا تەڭ. نورنىڭ ئۇزۇنلۇقى چۈشۈش پەرقىنىڭ
چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. چۈشۈش پەرقى بىلەن نور
ئۇزۇنلۇقىنىڭ نىسبىتى 2:1 بولۇپ، چۈشۈش پەرقى ئىككى مېتىر
بولسا، تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نور ئىشلىتىلىدۇ.

**(3) غۇلۋا.** بۇ، تۈگمەن ئۆينىڭ ئاستىغا جايلاشقان ئېرىق بولۇپ،
نوردىن چۈشۈپ چاقپەلەكنى ئايلاندۇرغان سۇ مۇشۇ ئېرىقتىن ئېقىپ
چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى يان تەرەپنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە بىردىن زەـ
گۇندە ئورنىتىلىپ زىچ ۋە قاتار ياغاچلار ئارقىلىق چېتىلىدۇ. تۈۋرۈك
ياغاچلارنىڭ كەينى شاخ ـ شۇمبىلاردا توشتۇرۇپ كۆمۈلىدۇ. ئۈستى
تەرىپى تاختايلار بىلەن يېپىلىپ خامپا ئورنىتىلىدۇ. غۇلۋا ئىچىگە
ئاقتا، چاقپەلەك قاتارلىق بۆلەكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**(4) ئاقتا.** بۇ، غۇلۋا ئىچىگە ئۇزۇنىغا جايلاشقان، چاقپەلەكنى
كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياغاچ بولۇپ، ئاسما ھالەتتە بېكىتىلىدىغانلىقى
ئۈچۈن «لەيلەڭگۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاقتىنىڭ نور تەرەپتىكى باش
ئۇچى غۇلۋىنىڭ ئىككى يان تەرەپ تۈۋرۈكىگە بېكىتىلگەن باشياتقۇ
(توغرا تەگلىك ياغاچ) ئۈستىگە قويۇلۇپ مىختا چېتىلىدۇ. ئاقتىـ
نىڭ قۇيرۇق يان تەرەپلىرى ئىككى تال دەم ياغاچتا غۇلۋا يان تۈۋـ
رۈكىگە تىرىلىدۇ. ئاقتىنىڭ باش تەرىپىدىكى چاقپەلەك ئوقى ئورـ
نىتىلىدىغان جايغا تۆشۈك ئېچىلىپ، چۈيۈندىن قويۇلغان 3.5× 3،
5 × 6.5 سانتىمېتىرلىق چىشى تۇرۇم چىقىرىلىدۇ. چىشى تۇرۇم
يۈزىدە كىچىك ئويمانچە بولۇپ، چاقپەلەك ئوقى ئاستىغا بېكىتىلـ
گەن ئەركەك تۇرۇم مۇشۇ ئويمانچىغا چۈشىدۇ. ئاقتىنىڭ قۇيرۇقىغا

www.uyghurkitap.com



تېك يۆنىلىشلىك بىر تال ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. بۇ ياغاچ «قولاق» دەپ ئاتىلىدۇ. قولاقنىڭ ئاستى ئۇچى ئاقتىغا بويۇنتۇرۇقلاپ بېكىتىلىدۇ. ئۈستى ئۇچى خامپىنىڭ كەينىدىكى قولاق شەكلى تۆشۈكىدىن تۈگمەن ئىچىگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئېچىلغان تۆشۈككە ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچ شىنىلار «ئۈستى چولۇك» دېيىلىدۇ. ئۈستى چولۇك قولاقنى ۋە قولاق ئارقىلىق ئاقتىنىڭ كىچىك ئۇچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش، ئىككى پاي تاشنىڭ چاپلىشىش ئارىلىقىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. قولاقنى قوپۇرغىدا كۆتۈرۈپ شىنىلارنى كۆپەيتكەن ياكى ئازايتقاندا، ئاقتا شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېگىزلەيدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ. ئاقتا ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاقپەلەك ئوقىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېگىزلەپ ياكى تۆۋەنلەپ، ئىككى پاي تاش ئارىسىدىكى بوشلۇقنى چوڭايتىدۇ ياكى تارايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇننىڭ يۇمشاق ـ يىرىكلىك دەرىجىسى تىزگىنلىنىدۇ.

(5) چاقپەلەك. بۇ، ئوق، ئەركەك تۇرۇم، قانات، بوي، كان قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن. بۇ نوردىن چۈشكەن سۇ كۈچى تەسىرىدە ئايلانما ھەرىكەت ھاسىل قىلىدىغان ۋە بۇ ھەرىكەتنى ئۈستى تاشقا ئۆزىتىپ بېرىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، تۈگمەندىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چاقپەلەك ئوقى ئۆرۈك ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ، ئاستى توم، ئۈستى كىچىك بولىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئاستى تەرەپتىكى توم قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر بولۇپ، «يۈرەكچە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاستى ـ ئۈستى يان سىرتىغا بىر نەچچە رەت تۆمۈر چەمبەر قېقىلىدۇ. يۈرەكچىنىڭ سىرتقى ئايلانما يۈزىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ 21~17 تال قانات قېقىلىدۇ. ئەركەك تۇرۇم چاقپەلەك ئوقىنىڭ ئاستى يۈز مەركىزىگە بېكىتىلىدىغان چۆيۈن قۇيما بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى چاسا بولۇپ، ئوق مەركىزىگە بېكىتىلىدۇ. ئاستى تەرىپى يېرىم چەمبەر شەكىلدە بولىدۇ، ئاستىغا ئورنىتىلغان چىشى تۇرۇم ئويۇقچىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

قانات نوردىن چۈشكەن سۈدىن ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوبۇل قىلىپ ئوقنى ئايلاندۇرىدىغان، بىر ئۇچى ياپىلاق، بىر ئۇچى ئۈچ بۇرجەك شادا بولۇپ، ئومۇمەن ئۆرۈك، سېدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. قاناتنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 42~46 سانتىمېتىر، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، توملۇقى ئىككى سانتىمېتىر بولغان تۇرۇم چىقىرىلىپ، يۈرەكچە تۆشۈككە قېقىپ كىرگۈزۈلىدۇ. قاناتنىڭ ئۈچ بۇرجەك ئۇچىنىڭ تىك دىۋارى قانات ئىتتىرمىسى، كۈندىلەڭ دىۋارى قانات پەرىسى دېيىلىدۇ. ئىتتىرمە بىلەن پەرىنىڭ كەڭلىكى ئوخشاشلا تۆت سانتىمېتىر بولۇپ، ئارىلىقتا ھاسىل بولغان تىك بۇلۇڭ ئېرىقچىسى قانات قوغىچى دېيىلىدۇ. نوردىن چۈشكەن سۇ دەل قانات قوغىچىغا ئۇرۇلىدۇ - دە، ئىتتىرمە بىلەن پەرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراش نەتىجىسىدە قاناتلارنى ئايلاندۇرىدۇ.

بوي — ئاستى ياپىلاق، ئوتتۇرىسى سىلىندىرسىمان، ئۈستى پاراللېلېپىپېد شەكلىدە تۆمۈر دېتال بولۇپ، ئوقنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنى كان ئارقىلىق ئۈستى تاشقا ئۆزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاستى تەرەپتىكى ياپىلاق قىسمىنىڭ كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، توملۇقى بىر سانتىمېتىر بولۇپ، بوي كەكسى دەپ ئاتىلىدۇ. بوي كەكسى چاقپەلەك ئوقىنىڭ ئۈستى توغرا كەسمە يۈزى مەركىزىگە 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇپ كىرگۈزۈلىدۇ. بوينىڭ ئۈستى ئۇچىدىكى پاراللېلېپىپېد شەكىللىك قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، توملۇقى بىر سانتىمېتىر بولۇپ، بوي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. بوي تىلىنىڭ ئاستىدا چەمبەر شەكىللىك توسۇقچە بولىدۇ. كان بوي بىلەن ئۈستى تاشنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، ئىككى ئۇچىنىڭ كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ سانتېمىتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ. كاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بوي تىلى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تۆشۈك بولۇپ، بوي تىلى كان تۆشۈككە چۈشۈرۈلىدۇ. كاننىڭ ئىككى ئۇچى «كان قانىتى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ھەر ئىككى ئۇچىدىن تۆت سانتېمىتىر قىسمى ئۈستى تاش ئويۇقچىسىغا كىرىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



(6) تاش. بۇ، ئۆگۈتنى ئېزىپ يۇمشىتىدىغان چەمبەرسىمان ياپىلاق تاش بولۇپ، تۈگمەندىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دىئامېتىرى 80~120 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8~20 سانتىمېتىر، مەركىزىي قىسمى قېلىنراق، گىرۋەكلىرى نېپىزرەك بولىدۇ. ھەر ئىككى پاي تاشنىڭ مەركىزىدە دىئامېتىرى 8~15 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆشۈك بولۇپ، ئاستى تاش تۆشۈكىدىن بوي ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۆشۈك «بوغۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بوغۇز بوشلۇقىدىن بوي ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كاۋاك قالغان قىسمى ياغاچ شىنىدا چىڭداپ ئېتىلىدۇ، بوغۇز بوشاپ كەتسە، ئۆگۈت سۇغا ئېقىپ كېتىدۇ.

ئىككى پاي تاشنىڭ شەكلى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، سۈپىتى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئاستى تاش قورام تاشلاردىن يونۇپ ياسىلىدۇ ۋە زىچلىقى يۇقىرى، قاتتىق، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. تاش تەركىبىدىكى ئۇششاق شېغىللارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاستى - ئۈستى تاشلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۈستى تاش ئاستى تاش قىلىپ ئىشلىتىلسە، غولۋىدىن چاچرىغان سۇ تاش ئۈستىگە سىزىپ چىقىپ، ئۇننى خېمىر قىلىۋېتىدۇ. ئاستى تاش ئۈستى تاش ئورنىغا سېلىنسا، ئاسانلا قىزىپ كېتىپ، ئۇن تارتقىلى بولمايدۇ.

(7) خامپا. بۇ غولۋىنىڭ باش ئۈستى تەرىپىگە ئورنىتىلىدىغان، ئاستى ۋە تۆت ئەتراپى قېلىن شال بىلەن ھىم ئېتىلگەن، ئۈستى ئوچۇق ساندۇقچە بولۇپ، ئۇنىڭ تەڭ يېرىمىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا تاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. قالغان قىسمى بوش بولۇپ، تاش ئارىسىدىن تارتىلىپ چىققان ئۇن دۆۋىلىنىدۇ.

(8) سۆكەن. بۇ، ئۈچ ياكى تۆت تەرەپلىك ۋارونكىسىمان ياغاچ ساندۇق بولۇپ، تۈگمەن ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئىچىگە يېرىك ئۆگۈت قاچىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تۈگمەن تېشى ئېغىزىغا ئۇدۇل تۇرىدىغان كىچىك ئېغىزىغا ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چاناق بېكىتىلىدۇ. چاناقنىڭ شەكلى جوغىسى بار جامغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، سۆكەندىن چاناققا چۈشكەن ئۆگۈت تاقىلدىغۇچنىڭ

ياردىمىدە ئىككى تاش ئارىسىغا ئۆزلۈكسىز ئېقىپ چۈشىدۇ.

تاقىلدىغۇچ پەغەز «T» شەكلىدە بولىدۇ. ئۇزۇن ئۇچى چاناق جوغىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ. قىسقا ئۇچى شۇينىدا سوكەنگە ئېسىپ قويۇلىدۇ. بوش قالغان ئۇچى ئۈستى تاشقا تېگىپ تۇرىدۇ. تاش ئايلانغاندا تاقىلدىغۇچنىڭ تاشقا تېگىپ تۇرغان ئۇچى ئۈزلۈكسىز مىدىرلاپ، چاناق ئىچىدىكى ئۇچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۈگۈتنى ئېقىتىپ چۈشۈرىدۇ.

**(9) باشقا سايمانلار.** مېتىن: بۇ، ياپىلاق ئۇچلۇق، بولقىغا ئوخشاش سايمان بولۇپ، پولاتتىن ياسىلىدۇ، تاش چوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قوپۇرغۇ (قۇپاغۇ): بىر ئۇچى ياپىلاقلانغان ياغاچ كالتەك بولۇپ، قۇلاق تەڭشەش، تاش قوزغاش قاتارلىق ئىشلاردا پىشاڭ قىلىنىدۇ.

بالداق: ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان سىلىندىر شەكىللىك ياغاچ بولۇپ، تاش چۈشۈرۈش ۋە تاش سېلىشتا پىشاڭ قىلىنىدۇ.

غالتەك: ئىككى بېشى چاقسىمان، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، چاق دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تاش چۈشۈرۈش، سېلىش ۋە يۆتكەشتە تاش تېگىگە قويۇپ، تاش دومىلىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**2) تۈگمەننىڭ ئىش پرىنسىپى ۋە تۈگمەن بۆلەكلىرىنى قۇراشتۇرۇش**

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن مەلۇمكى، تۈگمەن مېتال قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قىرمىچىلىق، تاشچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئۇمۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىپ، فىزىكا ۋە گېئومېتىرىيە قانۇنىيەتلىرىنى قوللىنىپ سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىدىغان قۇرۇلما. ئۇنىڭ ئىش پرىنسىپى نوردىن شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشكەن سۇ ئېنېرگىيەسىنى چاقپەلەك ياردىمىدە ئايلانما ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە، ئاندىن سۈركەلمە ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۈگۈتنى يانچىپ يۇمشىتىشتىن ئىبارەت. تۈگمەن ئارقىلىق سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلانماقچى بولغاندا، تۈگمەن بۆلەكلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەرتىپ ۋە ئۆلچەملەر بويىچە قۇراشتۇرۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



يەنە نور ئۆچى بىلەن قانات ئارىلىقىنى تەڭشەش، ئاستى تاشنى تەڭشەش، چاقپەلەكنى تەڭشەش، ئۈستى تاشنى تەڭشەشتىن ئىبارەت تۆت ھالقىنى ئوبدان ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) **نور ئۆچى بىلەن قانات ئارىلىقىنى تەڭشەش:** تۈگمەن نورىنىڭ قۇيرۇقى چاقپەلەكنىڭ بىر تەرەپ قانىتى ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇللاپ ئورنىتىلىدۇ. نورنىڭ كىچىك ئېغىز گىرۋىكىدىن قانات قىرغىچە بولغان تىك ئېگىزلىك بەش-ئالتە سانتىمېتىر قالدۇرۇلسا، يەنى نورنىڭ تۆۋەنكى ئۆچىدىن كۆزنى قىسىپ قارىغاندا 3.5~4.5 قانات كۆرۈنسە، نور بىلەن قانات ئارىلىقى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا سۇ ئېنېرگىيەسىدىن تولۇق پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى ھازىرلىنىدۇ.

(2) **ئاستى تاشنى تەڭشەش:** ئاستى تاشنى تەڭشەشتە، تاشنى ئەڭ مۇۋاپىق گورىزونتال تەكشىلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئاستى تاشنى تەڭشەشتە سۇ پەركا[①] ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنى تاش بەلگىلەنگەن جايغا قويۇلغاندىن كېيىن گىرۋەكلىرى تۇرۇپىدا توسۇلۇپ، تاش ئۈستىگە سۇ توشتۇرۇلىدۇ ۋە سۇ جىمىغان تەرىپى پەسلىتىلىپ تەكشىلىنىدۇ.

(3) **چاقپەلەكنى تەڭشەش:** چاقپەلەكنى تەڭشەشتە چاقپەلەك ئوقى ئاقتا بىلەن تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا چاقپەلەك ئايلانغاندا سىلكىنىش - سوقۇلۇشتىن خالىي بولۇپ، تۈگمەننىڭ تاش تاشلىۋېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چاقپەلەكنى تەڭشەشتە ياغاچ پەركا ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، يەنى ئاستى تاش تەكشى جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتكەن بوي تىلغا تەكشى رەندىلەنگەن تۈز تاختايغا ئۈستى تاش ئورنىدا بېكىتىلىدۇ، ئاندىن چاقپەلەك ئاستا - ئاستا ئايلاندۇرۇلىدۇ. چاقپەلەككە ئەگىشىپ ئايلانغان ياغاچ پەركا قانىتى ئاستى تاشنىڭ قايسى تەرىپىگە تەگسە، چاقپەلەك ئوقىنىڭ شۇ تەرەپكە قىيسىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ

①پەركا — ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكشىلىكنى ئۆلچەش، بېكىتىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ۋە ئاقتا شۇ تەرەپكە سۈرۈلىدۇ. پەركا قانىتى ئاستى تاشنىڭ شەرق تەرىپىگە تېگىپ قالسا، ئاقتا بېشى شەرققە سۈرۈلىدۇ. ئاقتىنىڭ سۈرۈلۈشى ۋە بوغۇزنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا ئوق تۈزلىنىپ، پەركا قاناتلىرى تۈسالغۇسىز ئايلىنىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئاندىن بوغۇز بوشلۇقىغا شىنا قېقىپ چىڭىتىلىدۇ.

(4) ئۈستى تاشنى تەڭشەش: ئۈستى تاشنى تەڭشەشتە، تاشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەل چاقپەلەك ئوقى ئۈستىدە بولۇشى، يەنى تاش سالپا بولۇپ قېلىپ، دەۋرىيلىك سىلكىنىش ياكى ئاستى تاشقا سوقۇلۇش نەتىجىسىدە ھادىسە كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۈستى تاشنى تەڭشەشتە، تاش كان قانىتى ئۈستىگە سېلىنغاندىن كېيىن، چاقپەلەك يېنىك ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۈستى تاش كاننىڭ بىر قانات ياكى بىر يان تەرىپىگە بېسىپ كەتسە، تاش قارشى يۆنىلىشكە سۈرۈلىدۇ. شۇ تەرىقىدە تاش ھېچقايسى تەرەپكە بېسىپ كەتمەي، يېنىك ئايلىنىدىغان بولغۇچە تەڭشىلىپ بەلگە قىلىنىدۇ، ئاندىن تاش چۈشۈرۈلۈپ، كان قانىتى تاش ئويۇقچىسىغا تۆمۈر مىخ قېقىپ قىستاپ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، بوي تىلغا قايتا سېلىنىدۇ. تۈگمەننى يۇقىرىقى تەرتىپ ۋە پرىنسىپ بويىچە قۇراشتۇرغان ۋە تەڭشىگەندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3) تۈگمەننىڭ تۈرى

خوتەنلىكلەرنىڭ تۈگمەنچىلىك ئەنئەنىسىدە، تۈگمەن نورىنىڭ تۆۋەندىكى ئېغىزى چاقپەلەكنىڭ ئوڭ قانات ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تۈگمەن ئايلىنىشقا باشىغاندا، ئۈستى تاش سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى ئايلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە تۈگمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇنداق ياسىلىدۇ، بۇ ئوڭ تۈگمەن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە تۈگمەننىڭ يەنە باشقا خىللىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن.

(1) تەتۈر تۈگمەن. بۇ، ئوڭ تۈگمەنگە قارشى يۆنىلىشتە، يەنى سائەت ئىستېرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىدە ئايلىنىدىغان تۈگمەندۇر. ئۇنىڭ ئوڭ تۈگمەندىن پەرقى: بىرىنچى، چاقپەلەكنىڭ قانات قوغىچى ئوڭ تۈگمەننىڭكىگە قارشى يۆنىلىشتە ئويۇپ ياسىلىدۇ؛ ئىككىنچى، نور ئېغىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چاقپەلەكنىڭ سول تەرەپ قانات ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇللاپ ئورنىتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۈگمەننىڭ ئايلىنىشى بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇن تارتىش ئىقتىدارى ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ.

(2) ئاستى تېشى ئايلىنىدىغان تۈگمەن. ئادەتتە تۈگمەنلەرنىڭ ئاستى تېشى مۇقىم، ئۈستى تېشى ئايلىنىدىغان بولىدۇ. لېكىن ئاستى تېشى ئايلىنىدىغان تۈگمەن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۈستى تاش تورۇسقا زەنجىردە ئېسىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. كان ئاستى تاش ئاستىغا چۈشىدۇ. بوغۇز بوشلۇقى خامپا شىلىدىن تېشىلىدۇ. چاقپەلەك ئايلانغاندا ئاستى تاش بىللە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تۈگمەندە تاقىلدىغۇچ بولمىغاچقا، چاتاق تىكرەك ئورنىتىلىدۇ. بۇ تۈگمەن تەڭشەش قىيىن ۋە تولا چاتاق كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن كەم ئۇچرايدۇ.

(3) جۇۋاز تۈگمەن. يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل تۈگمەندە سۇ كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. جۇۋاز تۈگمەندە ھايۋان كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىش پرىنسىپى جۇۋازنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە جۇۋاز تۈگمەن دەپ ئاتىلىدۇ. جۇۋاز تۈگمەن تۆمۈر ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈچ دانە چىشلىق چاق، بىر ئوق، ئىككى ياغاچ غالتەك، بىر دانە چىڭگە تاسما ۋە ئىككى پارچە تاشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھايۋان كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. بىرىنچى چىشلىق چاق باشقا چىشلىق چاق، غالتەك ۋە چىڭگە تاسما ئارقىلىق ئۈستى تاشنى ھايۋاننىڭ ھەر بىر ئايلىنىشىدا 90~100 قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خىل تۈگمەن قۇرغاقچىلىق بولۇپ، سۇ تۈگمەنلىرى توختاپ قالغان مەزگىللەردە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، ئۇن تارتىش ئىقتىدارى سۇ تۈگمىنىنىڭ 6/1 ىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا چاتاق كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق تۈگمەنلەرمۇ ئانچە راۋاج تاپالمىغان.

4) تۈگمەندە يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەر

تۈگمەن ئەڭ دەسلەپتە بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق يېرىك ئاشلىقلاردىن ئۇن تارتىشقا ئىشلىتىلگەن. لېكىن ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرمۇ ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا بۇنىڭ بىلەنلا

چەكلىنىپ قالماي، تۈگمەندىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلانغان. مەسىلەن، جۇۋازدا بىۋاسىتە ياغ تارتىش قىيىن بولغان چىگىت، زاراڭزا قاتار-لىق قاتتىق قاسراقلىق ياغلىق دانلارنى تۈگمەندە يېرىك يۇمشى-تىش؛ ئۈجمە تالقىنى تارتىش، قۇرۇق كۆكتات پىششقلاش ئۇسۇلى-نى قوللانغان، يەنى لازا ئۇنى تارتىش، باشقا خام ئەشيالارنى يا-مداش، شور تارتىش قاتارلىقلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۈگمەننىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، تاشنىڭ ئۆمرىنى ئۇزار-تىش ئۈچۈن، پىششقلاپ ئىشلىنىدىغان خام ئەشيالارنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، نەملىكى يۇقىرى بولغانلىرىنى بىۋاسىتە پىششقلاپ ئىشلەشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش، ئالدى بىلەن ئاپتاپقا سېلىش، سورۇپ ئوبدان قۇرۇتۇش ۋە پاكىز ئادالاش لازىم.

ھازىر، توك تۈگمەنلىرىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئومۇملىشى-شىغا ئەگىشىپ، سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ رولى ئاجىزلاپ، ئەمەلدىن قې-لىشقا باشلىدى.

## 3. سوقا

ئەجدادلىرىمىز شال ئاقلاشتا ئاساسەن سوقىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. سوقا قول سوقىسى، تەپمە سوقا ۋە سۇ سوقىسىدىن ئىبا-رەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى ئىككى خىلى ئادەم كۈچى بى-لەن، كېيىنكىسى بولسا سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. روشەن-كى، سۇ سوقىسى تەپمە سوقىنىڭ راۋاجىدۇر.

### 1) قول سوقىسى

قول سوقىسى تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، سوقا كۆتىكى ۋە توق-ماقتىن تەشكىل تاپىدۇ. سوقا كۆتىكى ئۆرۈك، چىلان، ئۈجمە يا-غاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1.50. مېتىر، دىئامېتىرى 0.50 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆتەك توغرا كەسمە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى-دىن 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆشۈك تېگى يېرىم شار شەكلى-دە، ئۈستى سىلىندىر شەكلىدە، دىئامېتىرى 25~30 سانتىمېتىر بولىدۇ. كۆتەك تۆشۈكى ئۈستىگە قارىتىلىدۇ، ئاستى يەرگە كۆمۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. توقماق دەستە ۋە تومشۇقتىن تۈزۈلگەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەكلى بازغانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئۇزۇنراق بولۇپ، تۇمشۇق دېيىلىدۇ. تۇمشۇق بېشى يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ.

قول سوقىسىدا شال ئاقلاشتا، پاكىز تاسقاپ سورۇلغان شال كۆتەك كاتىكىگە قويۇلىدۇ، ئاندىن توقماقنىڭ تۇمشۇق ئۇچىدا قايتا ـ قايتا سوقۇپ ئاقلىنىدۇ. شالنىڭ كۆپ قىسمى ئاقلىنىپ بولغاندا كاتەكتىن چىقىرىلىپ، گۈرۈچ ئايرىۋېلىنىدۇ. ئاقلانمىغان قىسمى داۋاملىق سوقۇپ ئاقلىنىدۇ. قول سوقىسى ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاچقا، ئائىلىلەردە ئىشلىتىشكىلا باب كېلىدۇ.

2) تەپمە سوقا

تەپمە سوقا بوي، زەگۈندە ۋە چاناق قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

بوي: بوي ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، چوڭ باش دىئامېتىرى 18 سانتىمېتىر، كىچىك باش دىئامېتىرى 12سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ بېشى چاناققا توغرىلىنىدۇ، كىچىك بېشى زەگۈندىدىكى تىزلىققا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، تىزلىق سىرتىدىكى قىسمى تاپانلىق (دەسسىلىدىغان يەلكە) قىلىنىدۇ. بوينىڭ چاناققا توغرىلانغان چوڭ بېشىغا تۇمشۇق ئورنىتىلىدۇ. تۇمشۇق ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان ئۇجمە، جىگدە قاتارلىق قاتتىق، قۇرۇق ياغاچتىن ياسىلىدۇ ھەمدە بوي ئىچىگە سەل ـ پەل قىيپاش بېكىتىلىدۇ. تۇمشۇق ئۇچىنىڭ سىرتى سەل ـ پەل يونۇلىدۇ. مەركىزىي قىسمىدا كىچىك دۈگىلەك تاپانلىق قالدۇرۇلىدۇ.

زەگۈندە: زەگۈندە تىزلىق تەگلىكى بولۇپ، بوينى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ چوڭراق ۋە ئېغىر ياغاچتىن ياسىلىپ، قوزۇقتا يەرگە مەھكەم بېكىتىلىدۇ. زەگۈندىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېلىن تاختايدىن ياسالغان ئىككى تال ئۆرە پاچاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇچ «تىزلىق» دېيىلىدۇ. تىزلىقنىڭ ئۈستىدىن بىر بىرىگە ئۇدۇل تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بوي ئىنچىكە ئۇچىنىڭ بىر مېتىرلىق جايىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئوقنىڭ ئىككى بېشى

تىزلىق تۆشۈكىگە جايلاشتۇرۇلىدۇ. بويىنى تىزلىققا مۇقىملاشتۇرغۇچى بۇ ئوق «شۇمەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەشغۇلات قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بوي تاپانلىقىنىڭ يان تەرىپىگە ياكى تىزلىقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىككى تال تۈۋرۈككە تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ.

چاناق: چاناق چوڭ ياغاچنى ئويۇپ ياكى ياغاچ ئويۇقچە سىرتىغا تاختاي قېقىپ ئىشلەنگەن، بىر بېشى تار ھەم چوڭقۇر، يەنە بىر بېشى كەڭ ھەم تېيىز بولغان قىسىم بولۇپ، شال قاچىلاپ ئاقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. چاناق ئويۇقچىسى كىچىك بېشىنىڭ كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 50 سانتىمېتىر، چوڭ باش ئويۇقچىسىنىڭ كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى نۆل سانتىمېتىر بولىدۇ، يەنى چاناق ئويۇقچىسى چوڭ باشتىن كىچىك باشقا قاراپ چوڭقۇرلاپ، تارىيىپ بارىدۇ.

**تەپمە سوقىدا شال ئاقلاش مەشغۇلاتى.** تەپمە سوقىنىڭ چاناق سىغىمچانلىقى كىچىكرەك بولۇپ، ئادەتتە 100~150 جىڭ شال سىغىدۇ. پاكىز سورۇلغان شال چاناققا قاچىلانغاندىن كېيىن، مەشغۇلات قىلغۇچى كىشى تۇتقۇچنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بەدەن ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىغا چۈشۈرۈپ بوي تاپانلىقىغا دەسسەيدۇ. بويىنىڭ تاپانلىق بېشى ئېغىرلىق كۈچى تەسىرىدە تۆۋەنلەپ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكەندە، مەشغۇلات قىلغۇچى كىشى بەدەن ئېغىرلىق مەركىزىنى يەرگە دەسسەپ تۇرغان يەنە بىر پۇتىغا يۆتكەپ، تاپانلىقنى تېز قويۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا تاپانلىقنىڭ بېسىلىشى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرقى چەككە يەتكەن تۇمشۇق بويىنىڭ ئېغىرلىق كۈچى تەسىرىدە دەرھال تۆۋەنلەپ چاناقتىكى شالنى يانجىيدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە توختاۋسىز سوقۇش نەتىجىسىدە، چاناقتىكى شال تۇمشۇققا ئەگىشىپ تۆۋەنلەش، چاناق ئاستى دىۋارىنى بويلاپ تېيىز تەرەپكە سۈرۈلۈش، ئاندىن چاناقنىڭ تېيىز بېشىدىن تۇمشۇق تەرەپكە سىلجىشتىن ئىبارەت ئايلانما ئېقىمنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۆگۈتنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئۈزلۈكسىز سوقۇلۇشى ئارقىسىدا، شال قاسراقلىرى ئاجراپ تەدرىجىي ئاقلىنىدۇ. شال 50% ئاقلىنىپ بولغاندا چاناقتىن چىقىرىپ بىر قېتىم سورۇپ توپا ـ ئەخلەتلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ۋاقىتتا ئايرىلىپ چىققان قوقان «قىلتىرىق قوقان»[1] دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئۇغۇت قىلىشقىلا بولىدۇ، ئاندىن سورۇپ پاكىزلانغان شال قايتىدىن چاناققا تۆكۈلۈپ، داۋاملىق ئاقلىنىدۇ. شال تولۇق ئاقلىنىپ بولغاندا قايتا تاسقاپ سورۇپ، گۈرۈچ ئايرىۋېلىنىدۇ. كېيىنكى قېتىمدا ئايرىلىپ چىققان قوقان — «ئاق قوقان» چارۋا بېقىشتا يەم - خەشەك قىلىنىدۇ. تەپمە سوقا مەشغۇلاتىدا ئادەتتە بىر سائەتتە 20 ~ 18 جىڭ شال ئاقلىغىلى بولىدۇ.

3) سۇ سوقىسى

سۇ سوقىسى تەپمە سوقىنىڭ راۋاجى بولۇپ، شال سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئاقلىنىدۇ.

سۇ سوقىسى كويلا، تاناي (نور)، غۇلۋا، چاقپەلەك، زەگۈندە، بوي، چاناق قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. كويلا بىلەن غۇلۋىنىڭ تۈزۈلۈشى تۈگمەننىڭكىگە، زەگۈندە بىلەن بوي تەپمە سوقىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە باشقا بىر قانچە بۆلەكنىلا بايان قىلىمىز.

تاناي: تاناي «نور»، «قوغاچ» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئاتالغۇ بولسىمۇ، تۈزۈلۈشى نوردىن قىسمەن پەرقلىق بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ پەرقنى ھېسابقا ئېلىپ «تاناي» دەپ ئاتىغان. تاناي توغرا تاناي ۋە ئۆرە تاناي دەپ ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سۇ ئېنېرگىيەسىنى چاقپەلەككە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ.

توغرا تاناي تېرەك ياغىچىدىن ئويۇپ ياكى قېلىن تاختايدىن چېتىپ ياسىلىدۇ. چوڭ ئېغىز كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىر، كىچىك ئېغىز كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى 20×30 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10~12 مېتىر بولىدۇ، كويلا يانباغرىغا يانتۇ ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. چوڭ ئېغىزى كويلا تېگىگە، كىچىك ئېغىزى ئۆرە تاناي چوڭ ئېغىزىغا ئۇدۇللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۆرە تاناي تېرەك ياغىچىنىڭ غولىنى ئويۇپ، يېپىق ھالەتتە يا-

[1] بەزى جايلاردا «يېرىك توپان» دەيمۇ، بەزى جايلاردا «ئۇن توپان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىلىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى سىلىندىر شەكلىدە، ئىچكى ئويمىسى تۆت قىرلىق نور شەكلىدە بولىدۇ. چوڭ ئېغىزىنىڭ ئۆلچىمى 20× 30سانتىمېتىر، كىچىك ئېغىزىنىڭ ئۆلچىمى 20× 30 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، چوڭ ئېغىزى توغرا تاناي كىچىك ئېغىزىغا ئۇدۇللىنىدۇ. قۇيرۇق تەرىپى غۇلۋا تېگىدىكى تەگلىك تاشقا تىرىلىدۇ. ئۆرە تاناي يېپىق قىسمىنىڭ چاقپەلەك قانىتىغا ئۇدۇل تەرىپىدىكى 1.50 مېتىر قىسمى ئوچۇق ھالەتتە بولىدۇ. چاقپەلەك قانىتىنىڭ 40 سانتىمېتىر قىسمى دەل مۇشۇ ئوچۇق جايدىن ئۆرە تاناي ئىچىگە كىرىپ تۇرىدۇ ۋە سۇ بېسىمى تەسىرىدە ئېنېرگىيەگە ئىگە بولۇپ، چاقپەلەك ئوقىنى ئايلاندۇرىدۇ، قاناتنى ئايلاندۇرۇپ ئۆتكەن سۇ، سوقا ئۆيى ئاستىدىكى غۇلۋا ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

**چاقپەلەك:** چاقپەلەك قاناتتىن ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىپ ئايلىنىش ئارقىلىق بويىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، تەكىيە (ئوق تەگلىكى)، ئوق، قانات، پەشپا قاتارلىق دېتاللاردىن تۈزۈلىدۇ. تەكىيە قاتتىق ياغاچتىن پاراللېلېپىپېد شەكلىدە ياسالغان، ئۈستۈنكى ئوتتۇرا قىسمىدا يېرىم سىلىندىر شەكىللىك ئويمانچىسى بولغان تەگلىك ياغاچ بولۇپ، ئويمانچىغا جايلاشقان ئوق بېشى ئارقىلىق ئوق گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئوق تېرەك ياغىچىدىن پاراللېلېپىپېد شەكلىدە ياسالغان دېتال بولۇپ، كەڭلىكى ۋە تومىلۇقى 25×25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش-ئالتە مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىككى بېشىدىن چىقىرىلغان سىلىندىر شەكىللىك ئوق بېشى تەكىيە ئويمانچىسىغا چۈشىدۇ. ئوق قاناتتىن ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىپ، پەشپا ئارقىلىق بويىغا ھەرىكەت ئۆزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. قانات ئوق گەۋدىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆز ئارا سىممېترىك ھالدا ئورنىتىلغان، سۇ ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئوقنى ئايلاندۇرىدىغان قۇرۇلمىدۇر. قانات تاختايلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر بولىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەمدىكى بىر جۈپ تاختاي ئوق يۈزىنىڭ ھەر بىر تەرىپىگە تىك بۆلۈڭ ھاسىل قىلىغان ۋە بىر بى-

www.uyghurkitap.com



رىگە پاراللېل ھالدا ئورنىتىلىدۇ ھەمدە ئۆز ئارا پاراللېل بولغان ھەر بىر جۈپ تاختاي ئارىلىقىدا 20×25 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىممېتىرىك تۆت قانات تۆت پاراللېل گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سەككىز پارچە تاختايدىن تۈزۈلىدۇ. پەشپا ئوقنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئايلىنىدىغان ھەمدە بوي تاپانلىقنى بېسىپ ھەرىكەتلىنىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى12 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر بولغان تاختايدىن ياسىلىدۇ. تۆت گۇرۇپپا قىلىنىپ قاناتنىڭ سول تەرىپىگە ھەر گۇرۇپپىغا بىر تالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

چاناق: سۇ سوقىسىنىڭ چاناق تۈزۈلۈشى تەپمە سوقا چانىقىدىنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ئەمما، سىغىمى چوڭراق بولۇپ، بىر نۆۋەتتە 220~180 جىڭ شال سىغىدۇ.

سۇ سوقىسىدا شال ئاقلاش مەشغۇلاتى. تانايغا سۇ باشلانغاندىن كېيىن، ئۆرە تانايدىن كۈچلۈك بېسىم بىلەن چۈشكەن سۇ ئېقىمى ئۆرە تانايىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا تاناي قارنىغا كىرىپ تۇرغان چاقپەلەك قانىتىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇنى تۆۋەنگە باسىدۇ. قاناتنىڭ بېسىلىشى ئارقىسىدا چاقپەلەك ئوقى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. چاقپەلەك ئوقى بىلەن بىللە ئايلانغان پەشپا قاناتلىرى ئۆزلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقان بوي تاپانلىقنى نۆۋەت بىلەن باسىدۇ. پەشپا تاپانلىقنى بېسىپ مەلۇم نۇقتىغا يەتكەندە، تاپانلىق ئۇچىدىن سىيرىلىپ ئۆتىدۇ ـ دە، پەشپا بىلەن بوي ئايرىلىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە تاپانلىقنىڭ بېسىلىشى بىلەن ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا كۆتۈرۈلگەن بوي بېشى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ تومشۇقىدا چاناقتىكى شالنى سوقىدۇ.

سۇ سوقىسىنىڭ چاقپەلىكىگە ئادەتتە تۆت تال پەشپا جايلاشتۇرۇلغان ھەمدە تۆت بوي، تۆت چاناق سەپلەنگەن بولۇپ، ئوقنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشىدا ھەر بىر بوي بىر قېتىم ھەرىكەتلىنىدۇ. بەزىدە چاقپەلەككە ئىككى تال پەشپا، ئىككى بوي، ئىككى چاناق ئورنىتىلىدۇ. سۇ سوقىسىنىڭ ئىش ئۈنۈمى تەپمە سوقىنىڭكىگە قارىغاندا 10 ھەسسە دېگۈدەك يۇقىرى بولۇپ، بىر سائەتتە 200~180 جىڭ

شال ئاقلاشقا بولىدۇ.

سوقىدا ئاقلىنىدىغان شال ئوبدان قۇرۇتۇلغان بولۇشى كېرەك. شالنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولسا، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپلا قالـ ماي، گۈرۈچ ئېزىلىپ كېتىپ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

سوقىدا شال ئاقلانغاندىن سىرت، يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان مەدەكنى ئۇششاقلاشقا، كۈنجۈرە تالقانلاشقىمۇ بولىدۇ.

شال ئاقلاشتا ھازىر سوقا ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

## 4. جوۋاز

خوتەندىمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكىگە ئوخشاش تېرىلىدىغان ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ: قىچا، زاغۇن، زىغىر، كۈنجۈت، كەندىر، مونۇسكا، سىيادان، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، ئابدىمىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر خىل ياغلىق دانلار ۋە ياغلار توغرىسىدىـ كى بىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ بېـ يىپ كەلگەن. ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ياغ تارتـ قاندىن سىرت پاختا، قوغۇن قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەت ئۇرۇقـ لىرى؛ ياڭاق، شاپتۇل، ئۆرۈك، بادام قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېغىزى؛ تۇرۇپ، چامغۇر، يېسىۋىلەك قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئۇـ رۇقلىرىدىن ياغ تارتىپ پايدىلانغان. ياغ تۈرىنىڭ كۆپىيىشىگە، ياغلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەسىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ جۇغلىـ نىشىغا ئەگىشىپ، ياغلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. بىر قىسىم ياغلار ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلگەن. بىر قىسىم ياغلار چارۋا ماللارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا، بەزى ياغلار مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن. بەزىلىرى باشقا قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى خام ئەشيا قىلىنغان بولسا، بەزىلىرى دۇكان ـ قۇرۇلمىلارنىڭ ھەرىكەتچان قىسىملىرىنى سىـ لىقلاش مېيى قىلىنغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۈنجۈت، زاراڭزا، زىغىر قاتارلىق ياغلىق دانلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادـ

www.uyghurkitap.com



لىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ياغلىق داندىن قانداق پايدىلانغانلىـ
قى نامەلۇم. ئەمما، خەلقىمىز ئارىسىدا كەندىر ئۇرۇقىدىن قوماچ
قورۇپ يېيىش، كەندىر بىلەن جىگدىدە مىزىملاق ئېتىش، بەزى ياغ-
لىق دانلارنى سوقۇپ مېۋە قاقلىرىدىن چىقىرىلغان شەربەتلەرگە قو-
يۇپ ئىستېمال قىلىش، كۆجە ئاشلارغا ياغلىق دان ياكى مېۋە مې-
غىزلىرىنى سوقۇپ سېلىش، نان يۈزىگە كۈنجۈت، سىيادان سېپىش
قاتارلىق ئىستېمال ئادەتلىرىنىڭ يېقىنقى يىللارغىچە، بەزىلىرىنىڭ
تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا ئاساسەن، بۇنداق ئىستېمال ئا-
دەتلىرىنىڭ ياغلىق دانلاردىن ياغ تارتىش ئۇسۇلى كەشىپ قىلىن-
ىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئەجدادلىرىمىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇۋازدىن پايدىلىنىپ ياغ
تارتقان. گەرچە جۇۋازنىڭ زادى قايسى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەنلى-
كى ھەققىدە مەلۇماتلار كەمچىل بولسىمۇ، «تۈركىي تىللار دىۋا-
نى»دىكى بەزى بايانلار بىزنى بۇ ھەقتىكى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن-
لەيدۇ. « ‹يىم›، زىغىر ئۇرۇقى، بۇ كۈنجۈتكە ئوخشىشىدۇ، لېكىن
ئۇنىڭدىن قىزىلراق بولىدۇ. يېغى چىراغقا ئىشلىتىلىدۇ»، « ‹كۈج›
كۈنجۈت يېغى ‹كۈج ياغى› دېيىلىدۇ. ئىنەكپىتىننىڭ ئۇرۇقىمۇ چوڭ
بولغانلىقى ئۈچۈن ‹ئىنىكاڭ كۈجى دېيىلىدۇ› ». بۇ بايانلار بىزگە
شۇ دەۋردە جۇۋازدا ياغ تارتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 3 ـ توم، 418 ـ بېتىدە «چاۋا ياغ سۇ
يىغىننىڭ ئورنىنى باسالماس» دېگەن ماقال بېرىلگەن. ماقال ـ تەم-
سىللەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كې-
لىدىغانلىقى، شۇنداقلا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ماقال ـ تەمسىل
سۈپىتىدە يەكۈنلىنىشى ۋە ئومۇمىي خەلق تىلىغا ئۆزلىشىشى ئۈ-
چۈن ناھايىتى ئۇزاق جەريان كېتىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغىنى-
مىزدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جۇۋازنى كەشىپ قىلىشى ۋە ئىشلەپچى-
قىرىشتا قوللىنىشى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن كۆپ زامانلار
بۇرۇن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

### 1) جۇۋازنىڭ قۇرۇلمىسى

جۇۋاز، جۇۋاز كۆسىكى، ئوق، ئوق بۆكى، قىلىچ، قايچا، بويۇن-

تۇرۇق قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

**جۇۋاز كۆتىكى:** جۇۋاز كۆتىكى دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.80~3.00 مېتىر بولغان ئۆرۈك ياكى چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە كۆتەك گەۋدىسىنىڭ 80 سانتىمېتىر قىسمى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى يەرگە كۆمۈلىدۇ. جۇۋاز كۆتىكىنىڭ ئۈستى يۈزى مەركىزىي قىسمىدىن ئۇگۇت كاتىكى ئويۇلىدۇ. ئۇگۇت كاتىكى سىرتقى كاتەك ۋە ئىچ كاتەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. سىرتقى كاتەكنىڭ ئۈستى دىئامېتىرى 28 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 18 سانتىمېتىر بولۇپ، شەكلى كۆمتۈرۈلگەن كېسەك كونۇسقا ئوخشىشىدۇ. ئىچ كاتەك كېسەك يۈزى ئۈستىگە قارىغان تەقرىبىي كېسەك شار شەكلىدە بولۇپ، دىئامېتىرى 22 سانتىمېتىر، كېسەك يۈز مەركىزىدىن كاتەك ئاستىغىچە بولغان چوڭقۇرلۇقى 13 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. شار كېسەك يۈزى بىلەن كېسەك كونۇس ئاستى يۈزىنىڭ تۇتاشقان جايىدا دىئامېتىرى 18 سانتىمېتىرلىق بىر بوغۇم بولۇپ، ئۇ «بوغۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىچ كاتەك تېگىدىن جۇۋاز كۆتىكىنىڭ سىرتىغا تۇتىشىدىغان، دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر تۆشۈك بولۇپ، ئۇ «ياغ تۆشۈكى» دېيىلىدۇ. جۇۋاز كۆتىكىنىڭ سىرتقى يۈزى بىر قەۋەت تاختاي بىلەن قاپلىنىپ، تۆمۈر چەمبەردە كۆتەككە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ (ياغ تۆشۈكىنىڭ ئۇدۇلى ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ). ئۇنىڭ ئۈستى گىرۋىكى كۆتەك يۈزىدىن 13~10 سانتىمېتىر ئېگىز بولۇپ، كۆتەك يۈزى سىرتىدا سېلىندىر شەكىللىك توسۇقچە ھاسىل قىلىدۇ. چۆرىمە تاختاينىڭ ئىككى تۈرلۈك رولى بار. بىرى، ئۇنىڭ كۆتەك يۈزى سىرتىدا ھاسىل قىلىغان چەمبىرەك توسۇقچىسى ئۇگۇتنى چېچىلىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. يەنە بىرى، ئۇنىڭ كۆتەكنى ئوراپ تۇرغان سىرتقى دىۋارى جۇۋاز قايچىسىنىڭ كۆتەكنى ئۇپرىتىشىدىن ساقلايدۇ.

**جۇۋاز ئوقى:** ئوق جۇۋازدا ئۇگۇت يانجىش ۋە ياغ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغۇچى ئەڭ مۇھىم بۆلەك بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1.50مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۆرۈك ياكى چىلان ياغىچىدىن يا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلىدۇ. يانجىش ئوقى ۋە ياغ ئوقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوق بېشى، ئوق بويىنى، ئوق گەۋدىسى ۋە ئوق تۈرۈمىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ.

ياغ ئوقىنىڭ ئوق بېشى ئۇزۇنلۇقى 11 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 42 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوق تاپىنى كۆپۈنكى شەكلىدە ياسىلىدۇ. ئوق بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 28 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئوق گەۋدىسى تومراق بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئوق تۈرۈمى 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، تۈرۈم ئۇچى دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. يانجىش ئوقى ياغ ئوقىدىن سەل تومراق ۋە ئۇزۇنراق بولىدۇ.

يانجىش ئوقى ياغ تارتىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا ئۆگۈتنى ياندىجىپ يۇمشىتىشقا، ياغ ئوقى بولسا، ياغ تارتىشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا يانجىپ يۇمشىتىلغان ئۆگۈتنى تېخىمۇ ئېزىپ ياغ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. جۇۋاز ئىشلەۋاتقاندا ئوق بېشى ئىچ كاتەك دىۋارىنى، ئوق بويىنى سىرتقى كاتەك دىۋارىنى بويلاپ ھەركەت قىلىدۇ. ئوق تۈرۈمى ئوق بۆكى ئارقىلىق قايچىدىن كەلگەن بېسىمنى قوبۇل قىلىپ ئوق بېشىغا يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە، قايچىنىڭ سىرتقى ئايلانما ھەركىتىنى ئوق بېشىنىڭ ئىچكى ئايلانما ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوق بۆكى: ئۇزۇن تەرىپى 50 سانتىمېتىر، قىسقا تەرىپى 40 سانتىمېتىر، توملۇقى يەتتە سانتىمېتىر بولغان كەڭ بولۇڭلۇق ئەگرى ياغاچ بولۇپ، ئۇزۇن تەرىپى قىلىچقا بويۇنتۇرۇقلىنىپ قايىچىغا تۇتىشىدۇ. قىسقا تەرىپىنىڭ تۆۋەن يۈزىدە يېرىم شارسىمان تۆشۈك بولۇپ، ئوق تۈرۈمى مۇشۇ تۆشۈككە چۈشىدۇ (بۇ قۇرۇلما دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئوق بۆكى دەپ ئاتالغان). ئوق بۆكى ئوققا بېسىم ۋە ھەركەت ئۆزىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

قىلىچ: بۇ، كامالەك (رەگەتكە) سىپىغا ئوخشاش ئاچا ياغاچ بولۇپ، ئاچا قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، دەستە قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 10سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاچا تەرىپى ئوق بۆكىنىڭ ئۇزۇن بويىنىغا ياغاچ تاياقچە ئار-

قىلىق بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ. دەستە قىسمىنىڭ ئاستى تەرىپى قايچا بويۇن تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاستى ـ ئۈستىدىن ياغاچ تاياقچىدە بويۇنتۇرۇقلىنىپ، قايچىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەستە قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسى بويۇنتۇرۇق ئاچىسىغا بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ. دېمەك، قىلىچ تۆۋەن تەرەپتىن قايچا ئارقىلىق بېسىم كۈچ، يان تەرەپتىن بويۇنتۇرۇق ئارقىلىق ئالغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئوق بۆكى ئارقىلىق ئوققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

قايچا: قايچا ئاچا شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، بېسىم سۈپىسى ۋە ئىككى پاچاقتىن تۈزۈلىدۇ (تەبىئىي ئاچىسى بولغان ياغاچتىن يونۇپ ياسىلىدۇ). ئاچا دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 35 سانتېمىتىر، توملۇقى 12 سانتىمېتىر بولۇپ، بېسىم سۈپىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئالدى ـ كەينى پاچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىردىن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دىۋارىدا ھاسىل بولغان تۇتاش ياي يېرىم ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، جۇۋاز ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغاندا، ئېللىپس ياي جۇۋاز كۆتىكىنىڭ قاپلىما تاختاي دىۋارىنى بويلاپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ. بېسىم سۈپىسىنىڭ چوڭ بېشىدىن 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان جايدا 12×12 سانتىمېتىرلىق تۆشۈك بولۇپ، قىلىچ بېشى مۇشۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاستى ـ ئۈستىدىن بويۇنتۇرۇقلىنىپ بېكىتىلىدۇ.

بويۇنتۇرۇق: بويۇنتۇرۇق 1.50 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاچا ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما بولۇپ، ئاچا قىسمى بېسىم سۈپىسى ئۈستىدىن قىلىچ بويىنىغا سېلىنىدۇ. بويۇنتۇرۇق دەستە قىسمىنىڭ چوڭ بېشىدا ئارىلىقى 25 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى دانە ھاڭغۇق تۆشۈكى بولىدۇ. بويۇنتۇرۇقنىڭ چوڭ باش ئۇچى ئارغامچىدا قايچىنىڭ كەينى پاچىقىدىكى چاتقۇ تۆشۈككە چېتىلىدۇ. جۇۋاز ئىشلەۋاتقاندا بويۇنتۇرۇق بېشى ئۆكۈز بويىنىغا قويۇلۇپ، ھاڭغۇق تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ھاڭغۇق (ھاڭغۇق — بويۇنتۇرۇقنى ھايۋان بويىنىغا مۇقىملاشتۇرغۇچى ئەگرى تاياق) ئۇچى ئۆكۈزنىڭ بويىنى ئاستىدىن قوشۇپ باغلىنىدۇ. ئۆكۈز ماڭغاندا بويۇنتۇرۇق ئاچىسـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ قىلىچ بويىنى ئېتتىرىشى ۋە چاتما ئارغامچىنىڭ قايچا پاچـ-
قىنى تارتىشى نەتىجىسىدە، جۇۋازنىڭ ھەرىكەتچان قىسىملىرى ئو-
يۇميۇزلۇك ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

ياغ تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا سايمانلار

جۇۋازدا ياغ تارتىشتا خىپچا، ياغ قاپىقى، تاش، تالتۇز قاتارلىق سايمانلار ۋە قايچىلار ئىشلىتىلىدۇ.

خىپچا: ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى ئىككى سانتىـ-مېتىر كېلىدىغان تۈز ياغاچ بولۇپ، ئۈگۈت يانجىش باسقۇچىدا ياغ تۆشۈكىنى توسۇپ قويۇش، ياغ چىقىرىش باسقۇچىدا ياغ تۆشۈكىنى خىپچىداپ ئىچ كاتەكتىكى ياغنى ئېقىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشـ-لىتىلىدۇ.

يوك تاش: ئېغىرلىقى 70~60 جىڭچە بولغان تۆت پارچە تەبىـ-ئىي قورام تاش بولۇپ، بىرسىنى سۆرىسىغا بىرسىنى بىرىشكە ئىشلىتىـ-لىدۇ.

تالتۇز: تۆمۈردىن ياسالغان، بەلچە شەكىللىك، ياغاچ ساپلىق سايـ-مان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۈگۈت كاتەكىدىن كۈنجۈرە ئاجرىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تاش جۇۋاز دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل جۇۋاز بو-لۇپ، بۇ خىل جۇۋازنىڭ جۇۋاز كۆتىكى بىر پۈتۈن قورام تاشتىن ياسىلىدۇ. قالغان بۆلەكلىرى ياغاچ جۇۋازنىڭكىگە ئوخشاش، ئىش پرىنسىپىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2) جۇۋازنىڭ ئىش پرىنسىپى

جۇۋازدا ياغ تارتىش مەشغۇلاتىدا ھايۋان كۈچى (ئۆكۈز ياكى ئېـ-شەك) ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. ئۆكۈز جۇۋازغا قېتىلغاندىن كېيىن، تەييارلانغان ئۈگۈت جۇۋاز كاتىكىگە تولدۇرۇلىدۇ (جۇۋاز كاتىكىنىڭ سىغىمچانلىقى ئومۇمەن بىر چارەك، يەنى 18 جىڭ بو-لىدۇ). ئۆكۈزنىڭ بويۇنتۇرۇقنى ئېتتىرىپ مېڭىشى ئارقىسىدا قايـ-چا ئاچىسى جۇۋاز شېلىنىڭ دىۋارىنى بويلاپ ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىـ-

لەن بىر ۋاقىتتا قىلىچ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئوق بۆكمۇ ئايلىنىدۇ. بۆك ئويۇقچىسىغا جايلاشتۇرۇلغان ئوق تۇرۇمى بۆكنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى ۋە بېسىم كۈچى تەسىرىدە ئۆز ئوقىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە ئوق بېشى بىلەن ئوق بوينى ئىچ كاتەك ۋە سىرتقى كاتەك دىۋارىغا بېسىم چۈشۈرۈپ، ئۇگۈتنى يانجىپ يۇمشىتىدۇ.

### 3) جوۋازدا ياغ تارتىش مەشغۇلاتى

جوۋازدا ياغ تارتىش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، ئۇگۈت يانجىش باسقۇچى، ياغ چىقىرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

(1) تەييارلىق باسقۇچى: مەيلى قايسى خىلدىكى خام ئەشيا بولسۇن پىششىقلاپ ئىشلەشتىن بۇرۇن، بىردەك تاسقاپ، سورۇپ پاكىز ئۇگۈت ئېتىلىدۇ. زاغۇن، زىغىر، قىچا،مۇنۇسكا قاتارلىق قاتتىق قاسراقلىق خام ئەشيالار ئىسسىق سۇدا نەمدەپ، ئۈچ سائەت دۇملەپ ئېسىلدۇرۇلىدۇ، زاراڭزا بىلەن چىگىت جوۋازدا بىۋاستە پىششىقلانسا، ياغ چىقىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۈگمەندە يىرىك تارتىپ، مېغىزى ئايرىۋېلىنىدۇ؛ زىغىرنىڭ قاسىرىقى بەك سىلىق بولۇپ، جوۋازدا يانجىش قىيىن بولغاچقا، بىر چارەك زىغىرغا تۆت جىڭ سامان (مۇۋاپىق مىقداردا چىغ) ئارىلاشتۇرۇپ تارتىلىدۇ، ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سامان (چىغ) پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياڭاق مېغىزىدىن ياغ چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ياغنى تولۇق ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، بىر چارەك ياڭاق مېغىزىغا سەككىز جىڭ پاكىز كۈنجۈرە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(2) ئۇگۈت يانجىش باسقۇچى: ياغ تۆشۈكى خېپچىدا توسۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يانجىش ئوقى سېلىنىپ، تەييارلانغان ئۇگۈت جوۋاز كاتىكىگە تولدۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئەڭ كىچىك (60 جىڭلىق) بېسىم تېشى بېسىم سۇپىسىغا قويۇلۇپ، ئۆكۈز ھەيدىلىدۇ. جوۋاز ھەردە كەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال يېنىكىنى، ئاندىن ئېغىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇش تەرتىپى بويىچە قالغان بىسىم تاشلىرى ھەر 10 مىنۇتتا بىردىن بىسىم سۈپىسىغا قويۇلۇپ، ئۇققا بولغان بىسىم تەدرىجىي ئاشۇرۇلىدۇ. يېرىم سائەت توشقاندا، تاشلار بىسىم سۈپىسىغا تولۇق قويۇلۇپ، بىسىم يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈلىدۇ ۋە شۇ بىسىم بىلەن بىر سائەت ھەيدىلىدۇ. بۇ جەرياندا جۇۋازچى ئۆكۈزنى ھەيدەپ جۇۋاز كۆتىكىنى ئايلانغاچ جۇۋاز كۆتىكىنىڭ سۈپىسىغا قىچىپ چىقىۋالغان خام ئەشيانى قولىدا جۇۋاز كاتىكىگە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە جەمئىي بىر يېرىم سائەت ھەيدەلگەندىن كېيىن، يانجىش باسقۇچى تاماملىنىدۇ.

(3) ياغ چىقىرىش باسقۇچى: يانجىش باسقۇچى تاماملانغاندىن كېيىن، جۇۋاز ھەرىكەتتىن توختىلىپ، يانجىش ئۇقى چىقىرىلىدۇ ۋە ياغ چىقىرىش ئۇقى ئالماشتۇرۇلىدۇ. خىپچا چىقىرىۋېلىنىپ، ياغ تۆشۈكى ئېچىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن ئەڭ كىچىك تاش بىسىم سۈپىسىغا قويۇلۇپ جۇۋاز ھەيدىلىدۇ ھەمدە بىر ياقتىن ھەيدەپ، بىر ياقتىن يانجىلغان ئۇگۇتكە ئاز ـ ئازدىن ئىلمان سۇ چېچىپ نەمدەپ تۇرۇلىدۇ. ئادەتتە كەندىر، زاغۇن قاتارلىق قاتتىق قاسىراقلىق ئۇگۇتلەرنىڭ بىر چارىكىگە 2.5 جىڭ، مېغىز تېپىدىكى ئۇگۇتلەرنىڭ بىر چارىكىگە 1.5 جىڭ ئىلمان سۇ چېچىپ نەمدىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىسىم تاشلىرى يانجىش باسقۇچىدىكى تەرتىپ بويىچە ھەر 15 مىنۇتتا بىردىن بىسىم سۈپىسىغا قويۇلۇپ بىسىم ئاشۇرۇلىدۇ. ياغ يولى خىپچىداپ راۋانلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ياغ چىقىرىش باسقۇچى باشلىنىپ بىر سائەت توشقاندا ياغ چىقىپ بولىدۇ. دېمەك، بىر چارەك ئۇگۇتنى جۇۋازدا پىششىقلاپ ئىشلەشكە جەمئىي ئىككى يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

ھازىر ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان، ياغ ئارتىش سۈرئىتى تېز، ياغ چىقىرىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان ياغ ئارتىش ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملىشىغا ئەگىشىپ، جۇۋاز تەدرىجىي ھالدا ئەمەلىي ئىستېمالدىن قالماقتا.

## §2. ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى

يېمەك-ئىچمەك ئېھتىياجىنى قامداش — ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئەڭ ئالدىنقى زۆرۈرىيەت بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك ھۈنەرۋەنچىلىكى ئەڭ بالدۇر — ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن مۇھىتتا ئۆستۈرۈلىدىغان بۇغداي، شال، قوناق، ئارپا، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق يېرىك ئاشلىقلار، ئۇلاردىن پىششىقلانغان يارمىلار ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كۆپ خىل قازان تاماق تۈرلىرىنى، نۇرغۇن تونۇر تاماقلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. چارۋا مال بېقىش، گۆش ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرۈشتەك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن، كاۋاپ تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش تېخنىكىسىنى؛ كۆچەت سېلىشقا خۇشتار بولۇش، مېۋە - چېۋىنى ياخشى كۆرۈش ھەمدە قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغان مېۋە - چېۋىلەرنى ئۇزاق زامان ئىستېمال قىلىش ئارقىسىدا شەكىللەنگەن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ياخشى كۆرۈش ئادىتىگە ئاساسەن، ھالۋا تۈرىدىكى تاماقلارنى، مۇراببا ۋە شەربەت تۈرىدىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئاساسىي يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ھۈنىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەخسۇسلىشىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئاشپەز، لەڭمەنچى، مانتىپەز، گۆشگىردىچى، سامسىپەز، كاۋاپچى، كاللىپەز، زاسۇيپەز دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن، ئاش - تاماق تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقى ۋە تەييارلاش ۋاستىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدەك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاشپەزلىك، ناۋايلىق ۋە كاۋاپچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە؛ ئاش - تاماق تۈرىنى بولسا قازان تاماقلىرى، تونۇر تاماقلىرى، گۈلخان تاماقلىرى ۋە كاۋاپتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 1. ئاش ـ تاماق خۇرۇچلىرى

ھەر قانداق تاماق مەلۇم خۇرۇچتىن تەييارلىنىدۇ. بەزى تاماقلاردا ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنغان ماتېرىيال باشقا بەزى تاماقلاردا قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاش ـ تاماق خۇرۇچلىرىنى تۈرگە ئايرىش بىر قەدەر قىيىن. شۇنداقتىمۇ خۇرۇچلارنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان ـ ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى ۋە كەم بولسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر ئاش ـ تاماق خۇرۇچلىرىنى ئاساسىي خۇرۇچلار ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ (سۇ ھەر قانداق تاماققا ئورتاق خۇرۇچ بولغاچقا، تۈرگە ئايرىشتا نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ).

### 1) ئاساسىي خۇرۇچلار

ئاساسىي خۇرۇچلار مىللەت ئومۇمىيلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دائىملىق ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاش ـ تاماقلارنى تەييارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچلاردۇر. ئاساسىي خۇرۇچلارنى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئاشلىقلار، گۆشلەر، تۇخۇملار، ياغلار، كۆكتاتلار ۋە تۇزدىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئاشلىق. ئاشلىق ئاش ـ تاماق تەييارلاشتا ھەممىدىن مۇھىم خۇرۇچ بولۇپ، سۈپەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يىرىك ئاشلىقلار: بۇ، ئاشلىق دانلىرىدىن بىۋاسىتە تاماق ئېتىپ ئىستېمال قىلىنىدىغان خۇرۇچلار بولۇپ، بۇغداي، گۈرۈچ، ئارپا، تېرىق، قوناق، پۇرچاق، لوبيا، ماش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇغداي، تېرىق، قوناقلاردىن كۆجە ئاش ئېتىلىدۇ؛ گۈرۈچتىن پولۇ، شويلا قاتارلىق تاماقلار تەييارلىنىدۇ؛ پۇرچاق، لوبيا، ماشلار قايناتىلىپ، پىشۇرۇلۇپ ئوزۇقلۇق ئۈچۈن، بەزىدە كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ؛ ئارپىدىن چۈرۈچ ياسىلىدۇ.

ئۇنلار: بۇ، يىرىك ئاشلىق ئۇنغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇچ بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قوناق، پۇرچاق ئۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئۇنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

يارمىلار: بۇ، يىرىك ئاشلىقتىن يارما تارتىپ ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇچ بولۇپ، ئىستېمال دائىرىسى تار، مىقدارى ئاز، پەقەت كۆممىقۇناق دانلىرى يارما قىلىنىپ يارما پولۇ ۋە يارما ئېشى ئېتىشكە ئىشلىتىلەتتى. ھازىر بۇ خىل تاماق تۈرى ئاساسەن يوقالدى.

**(2) گۆشلەر.** خوتەنلىكلەر ئىستېمال قىلىدىغان گۆشلەر بىر قىسىم ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، ئۆي قۇشلىرى، ئۇچار قاناتلار ۋە بېلىق گۆشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە، ئات، قوتاز، توشقان؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن كېيىك، جەرەن، بۇغا، ياۋا قوتاز، ياۋا توشقان؛ ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر؛ ئۇچار قاناتلاردىن ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، ياۋا كەپتەر، ئۇلا، قىرغاۋۇل، تورۇلغا، جىگدىچى، ئاق قۇشقاچ قاتارلىقلار (ھالال ھېسابلىنىدۇ ھەمدە بوغۇزلىنىش ياكى ئوۋ داۋامىدا ئوق، يا ئوقى تېگىپ قېنى ئېقىپ كەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلارنىڭ قان، بەز، شەررەك، قارىغۇ ئۈچەي، مېڭە، بېجىدان، چۇيە قاتارلىق ئەزالىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ پەقەت گۆشىلا ئىستېمال قىلىنىپ، بارلىق ئىچكى ئەزالىرى (توخۇنىڭ يۈرەك، جىگەر، تاشلىقى بۇنىڭ سىرتىدا)، بېشى ۋە پاچىقىنىڭ تىزىدىن تۆۋەنكى قىسمى ئىستېمال قىلىنمايدۇ. سۇ مەھسۇلاتلىرى ھالال ھېسابلانسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز بېلىقتىن ئۆزگە سۇ ھايۋانلىرىنىڭ گۆشلىرىنى ئىستېمال قىلىپ ئادەتلەنمىگەن، شۇنداقلا بېلىقنى بوغۇزلاش شەرت قىلىنمايدۇ، ئىچكى ئەزالىرى ۋە قاسراقلىرى پاكىز تازىلانسىلا بولىدۇ.

**(3) تۇخۇملار.** گۆشى ھالال ھېسابلىنىدىغان ئۆي قۇشلىرى ۋە ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، ياۋا كەپتەر، ئۇلا، قىرغاۋۇل تۇخۇملىرى ھالال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، تۇخۇم شاكىلى، ئېقى سېرىقىغا ئارىلىشىپ كەتكەن تۇخۇم، شۇنداقلا ئېلىپ قالغان تۇخۇمنى يېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

**(4) ياغلار.** بۇ، ھالال ھېسابلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ياغلىرى، سۇ ياغلىرى ۋە ئەبجەش ياغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھايۋانات ياغلىرى

www.uyghurkitap.com



يەنە بىۋاستە ياغلار ۋە ۋاستىلىك ياغلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىۋاستە ياغلار ھايۋاناتلارنىڭ چاۋا يېغى ۋە قۇيرۇق يېغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ياغلارنى ئۈدۈللۈق ئىشلىتىشكىمۇ، دەرھال ئىشلىتىپ بولالمىغاندا ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا توغراپ قازاندا ئېرىتكەندىن كېيىن ياغاچ، فارفور ياكى سىرلىق تۇڭكە قاچىلارغا ئېلىپ ئۇيۇتۇپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ياغ «توڭ ياغ» دەپ ئاتىلىدۇ. توڭ ياغنى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا بولىدۇ. ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا ياندا ئېلىپ يۇرۇشكە بەكمۇ باب كېلىدۇ. ۋاستىلىك ياغلار ھايۋانات سۈت - قېتىقلىرىدىن ئېلىنىدىغان ماسكا ياغ ۋە سېرىقمايىنى كۆرسىتىدۇ. ماسكا ياغ ئۈدۈللۈق پىشلىپ ئىستېمال قىلىننىدۇ. سېرىقمايىنى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا بولىدۇ.

سۈيياغلىرى — ياغلىق دان ياغلىرى، مېۋە مېغىزى ياغلىرى ۋە چىگىت، قوغۇن ئۇرۇقى ياغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇۋازدا ياغ تارتىشتا، ئۆگۈت ئالدىنئالا قورۇلمايدۇ. شۇڭا، سۈيياغلىرى ئىشلىتىلىش ۋاقتىدا قىزدۇرۇپ تاۋلىنىدۇ.

ئەبجەش (قادىي) ياغ — توڭ ياغ بىلەن سۈيياغنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇيۇلغان ياغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېتىلگەن تاماقلار باشقىچە تەملىك، مەززىلىك بولىدۇ.

(5) كۆكتاتلار. خوتەنلىكلەرنىڭ ئاش - تاماق ئىستېمالىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى كۆكتاتلىرىنى دائىملىق (رەسمىي) كۆكتاتلار ۋە سەپلىمە (غەيرىي رەسمىي) كۆكتاتلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. يېسىۋىلەك، تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە، كۈدە، پىياز، سامساق، مۇچ، كەرەپشە، تەرخەمەك قاتارلىقلار دائىملىق كۆكتاتلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلار مەخسۇس تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بىدە، كاۋا، يۇمران زاغۇن، خام قاپاق، يۇمران لاله قاتارلىقلار سەپلىمە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، غورا، گۈلە، جىگدە، ماش، پۇرچاق قاتارلىقلارمۇ بەزىدە سەپلىمە كۆكتات ئورنىدا ئاشقا سېلىنىدۇ. دائىملىق كۆكتاتلار ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولسا، سەپلىمە كۆكتاتلار قىسمەن جاي ۋە قىسمەن ۋاقىتلاردا قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى بىلەن چەكلىنىدۇ.

يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان كاپوستا، ياڭيۇ، شوخلا، سەي كا-ۋىسى قاتارلىق بىر قىسىم كۆكتات تۈرلىرى باشقا رايونلار ياكى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈپ، كۆكتات تۈرى تېخىمۇ بېيىدى.

(6) تۇز. تۇز ئاش تاماقتا كەم بولسا بولمايدىغان تەم تەڭشىگۈچ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاش تاماق ئىستېمالىدا قىسمەن ھورنانلار ۋە ھالۋا تۈرىدىكى تاتلىق تائاملارغا تۇز ئىشلىتىلمىگەندىن تاشقىرى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاش ـ تاماقلار تۇزدىن ئايرىلالمايدۇ.

تۇز چىقىش ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ چۆل تۇزى ۋە كۆل تۇزى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. چۆل تۇزى تاش ـ توپا ئا-رىلاش قاتقان تۇز بولۇپ، تاغ ـ تاشلاردىن، شورلۇق جاڭگاللاردىن كولاپ ئېلىنىدۇ. بۇنداق تۇز ئادەتتە «تاشتۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆل تۇزى تۇزلۇق، داشلاردا تىندۇرۇلۇپ، كرىستاللاشتۇرۇلغان تۇز بو-لۇپ، ئادەتتە «ئاق تۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. تاشتۇز كۆپىنچە ئېرىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ھازىر يود قوشۇپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پاراشوك تۇز ئىشلى-تىش ئومۇملىشىۋاتىدۇ.

2) قوشۇمچە خۇرۇچلار

قوشۇمچە خۇرۇچلار ئاش ـ تاماققا رەڭ بېرىش، تەم بېرىش، خۇش پۇراق بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار قو-شۇلمىسا، ئاش ـ تاماق تەييارلاشقا تەسىر يەتمەيدۇ، قوشۇلسا، ئاش ـ تاماققا ئۆزگىچە رەڭ، تەم، خۇش پۇراق كىرىپ، داستىخانغا ھۆسن قوشۇلىدۇ. كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ئاش ـ تاماقلارنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە خۇ-رۇجلارنى خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن رەڭ خۇرۇچلىرى، تەم خۇرۇچلىرى، خۇش پۇراق خۇرۇچلىرى، مۇرەككەپ خۇرۇجلار دەپ تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

(1) رەڭ خۇرۇچلىرى: بۇ، ئاش ـ تاماققا رەڭ بېرىپ، كۆركەملى-كىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇجلاردۇر. خەلقى-مىز ئاش ـ تاماق مەدەنىيىتىدە رەڭ خۇرۇجى ئىشلىتىش ئۇزاق تا-رىخقا ئىگە. «يەۋا — ئاق تىكەن. بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۈيىنى تۇتماچقا قۇيسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ»[①]«ئىـنجـىغان قاتتىق — قارىقات ياكى قىزىلقات. ئۇنى سىقىپ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن رەڭ بېرىش ئۈچۈن تۇتماچقا قوشۇلىدۇ».[②]

ئاش ـ تاماق رەڭ خۇرۇچلىرىنى رەڭ پەرقىگە قاراپ ئالتە خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

① قىزىل رەڭ خۇرۇچلىرى: شوخلا (توغراپ ياكى كونسېرۋا قايناتىپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەر خىل قورۇمىلار ۋە ئاشلارغا رەڭ بېرىدۇ). قىزىلمۇچ (توغراپ ياكى پاراشوك قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەر خىل قورۇمىلار، زىخ كاۋاپلىرىغا رەڭ بېرىدۇ). جىگدە (پۈتۈن سېلىنىدۇ، سۈيۈقئاش ۋە ئۇماچقا رەڭ بېرىدۇ).

② سېرىق رەڭ خۇرۇچلىرى: ھەسەل (بەزى دۇخوپكا مەھسۇلاتلىرىغا رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئۈستىگە سۈركىلىدۇ). زاراڭزا چېچىكى (قۇرۇتۇلغان چېچەك سوقۇپ ياكى ئۇۋۇلاپ نان خېمىرى ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. نان يۈزىگە رەڭ بېرىدۇ). كاۋا (قەلەمچە قىلىپ توغراپ خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. زاغرا نانغا رەڭ بېرىدۇ). ئالغورا (پۈتۈن سېلىنىدۇ. سۈيۈقئاش، ئۇماچلارغا رەڭ بېرىدۇ).

③ كۆك، يېشىل رەڭ خۇرۇچلىرى: كۆكپىياز، كۆدە (قىيما قىلىپ سۈركىلىدۇ. نان يۈزىگە رەڭ بېرىدۇ. بەزى قاتلىما ۋە قازان نانلىرىنىڭ خېمىرىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ). كۆك ئۈتياشلار (توغراپ سېلىنىدۇ. سۈيۈقئاش ۋە ئۇماچلارغا رەڭ بېرىدۇ).

④ قارا رەڭ خۇرۇچلىرى: سىيادان (بۇ، ئوخشاشلا خوتەن رايونىدىمۇ چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى كۇنجۇتنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، پوست رەڭگى قارا، مېغىزى ئاق. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا ھېسابلىنىدۇ. بەدەنگە جۇلا بېرىش، سۈت كۆپەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ قارايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە (ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا گىردە، كاكچا، توقاچ نانلارنىڭ يۈزىگە پۈتۈن ھالەتتە سېپىلىدۇ. نان يۈزىگە قارا توچكا رەڭ بېرىدۇ). ئەينۇلا ۋە قارىئۆرۈك قېقى (پۈتۈن سېلىنىدۇ.

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2ـ توم، 33 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2ـ توم، 102 ـ بەت.

ـنىدۇ. سۈيۈقئاشقا توچكا رەڭ بېرىدۇ. بۇنداق ئاشلار كۆپىنچە قىـ
ـزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ).

⑤ ئاق رەڭ خۇرۇچلىرى: قايماق، شېكەر (خېمىر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. بىر قىسىم دۇخوپكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۈزىگە رەڭ بېـ
ـرىدۇ). قېتىق (پولۇ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ).

**(2)تەم خۇرۇچلىرى:** بۇ، ئاش ـ تاماقتا ھەر خىل تەم بېغىشلايدىغان خۇرۇچلار بولۇپ، تەم پەرقلىرىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

① تاتلىق تەم خۇرۇچلىرى: ھەسەل (بەزى دۇخوپكا مەھسۇلاتلىـ
ـرىنىڭ خېمىرىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى قىيمىسىغا سېلىنىدۇ). شېكەر (بەزى تاماقلارغا قىيما قىلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە سۈركىلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ خېمىرىغا قويۇلىدۇ). ھەر خىل مۇراببا، گۈلقەنت، شىرىنىلەر (بەزى تاماقلارغا قىيما قىلىنىدۇ، بەزىسىنىڭ ئۈستىگە سۈركىلىدۇ).

② ئاچچىق تەم خۇرۇچلىرى: ئاقمۇچ، قارىمۇچ (كۆپ قىسىم قىيما، قورۇمىلارغا سوقۇپ سېلىنىدۇ. زىخ كاۋىپىغا سېپىلىدۇ). قىزىلمۇچ، كۆكمۇچ (كۆپ قىسىم قورۇمىلارغا توغراپ سېلىنىدۇ. زىخ كاۋىپىغا پاراشوكى سېپىلىدۇ).

③ چۈچۈك تەم خۇرۇچلىرى: ئاچچىقسۇ، سىركە (سۈيۈقئاش ۋە بەزى قورۇمىلىق ئاشلارغا قويۇلىدۇ). توڭ غورا (بۇغداي ۋە قوناق ئۇنىدىن ئىشلىگەن سۈيۈقئاش ۋە ئۇماچلارغا سېلىنىدۇ).

**(3) خۇش پۇراق خۇرۇچلىرى:** بۇ، ئاش ـ تاماقتا خۇش پۇراق بېـ
ـغىشلايدىغان خۇرۇچلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئاش ـ تاماقلىرىنى تەيـ
ـيارلاشتا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاش ـ تاماقلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنىڭ بىـ
ـرى ھېسابلىنىدۇ.

① پىننە (بۇ، ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق، كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ. كۆك ھالەتتە ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلسا، خۇش پۇرىقىنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قالىدۇ. ھەر خىل شورپىلار ۋە سۈيۈقئاشلار ئۇسۇلۇش ۋاقتىدا سېلىنىدۇ. پىننىنىڭ دورىلىق ئۈنۈمىمۇ ياخشى. ئۇيغۇر تېبا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتىسى
www.uyghurkitap.com



بىتىدە پىننە مۇراىباسى، پىننە گۈلقەنتى ياسىلىپ، ئاشقازان كې-سەللىكلىرىنى داۋالاشقا بىرىلىدۇ).

② زىرە (بۇ، ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق، بىر يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ قىسىم قىيمىلارغا قوشۇلىدۇ، پولۇغا سېلىنىدۇ، زىخ كاۋىپىغا سېپىلىدۇ).

③ شۇمشە (بىر يىللىق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى بىدە يوپۇرمىقىد-غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى تورۇپ ئۇرۇقىدەك چوڭلۇقتا بولى-دۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەمى ئاچچىققا مايىل. يوپۇرمىقى خۇش پۇراقلىق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا شۇمشە ئىككى جايدا سۆزلەم قىلىپ بې-رىلگەن. 3ـ توم، 581 ـ بەتتە: «شۇمشە — يىگىلى بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراق ئوت»، دەپ ئىزاھلانغان. شۇمشە ئۇرۇقى تىبابەتتە دورا ھېسابلىنىدۇ. ئاش ـ تاماققا خۇش پۇراق بېرىشتە يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ. ھور قاتلىمىلارنىڭ ئارىلىرىغا سېلىنىدۇ. سوغا چىلاپ تىپتىقى چىقىرىلىپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يۇغۇرۇلغان خې-مىردىن توقاچ نان يېقىلسا ئالاھىدە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ).

④ سىيادان، كۈنجۈت (بۇلار نان يۈزىگە سۈركەلسە، نانغا رەڭ بېرىپلا قالماي، يەنە خۇش پۇراققا ئىگە قىلىدۇ).

⑤ يۇمغاتسۇت (ئۆتكۈر پۇراقلىق بىر يىللىق ئۆسۈملۈك، ياش يوپۇرماقلىرى ئۇششاق توغراپ شورپا، سۇيۇقئاش، سىقماق ئاش ۋە بىر قىسىم قورۇمىلارغا ئۇسۇلغاندىن كېيىن سېلىنىدۇ. تاماققا پۇراق بېرىپلا قالماي، ئىسسىقتىن بولغان بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ).

⑥ سۈت (بىر قىسىم نانلار ۋە دۇخوپكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ خې-مىرىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق پىشۇرۇلغان نانلار سۈت تەمىگە ئىگە بو-لۇپلا قالماي، يۇمشاق، مەززىلىك بولىدۇ).

(4) مۇرەككەپ تەسىرلىك خۇرۇچلار: بۇ، ئىككىدىن ئارتۇق خۇ-سۇسىيەتكە ئىگە خۇرۇچلاردۇر.

① كاۋاۋىچىن، تاشاك، زەنجىۋىل (بۇلار شورپىغا، قورۇمىلارغا سېلىنىدۇ، خۇرۇچلارنى تېز، يۇمشاق پىشۇرۇش ھەم مەززىلىك قى-لىش رولىنى ئوينايدۇ).

② سامساق (بۇ، ئاچچىق ـ چۇچۇك، ئۆتكۈر پۇراقلىق كۆكتات، بەزىلەر ئۇنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرسا، بەزىلەر ياقتۇرمايدۇ، ھەر خىل قورۇمىلارغا سېلىنىدۇ. تەم بېرىش، پۇراق بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە).

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، قوشۇمچە خورۇجلار ئىچىدە گۈلقەنت، ھەسەل، سۈت، زىرە، شۇمشە، ئەينۇلا، كۇدە، يۇمغاقسۈت قاتارلىق خېلى كۆپ خورۇجلار ماھىيەتتە، مۇرەككەپ تەسىرلىك خورۇجلارغا كىرىدۇ. بۇ يەردە تۈرگە ئايرىشتا، ئۇلارنىڭ ئاش ـ تاماق جەھەتتىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئاساس قىلىنىدى.

## 2. ئاشپەزلىك ۋە قازان تاماقلىرى

«ئاشپەز» دېگەن سۆز «ئاش ـ تاماق ئەتكۈچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن، ھازىرقى ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسى كېڭەيگەن بولۇپ، قازاندا پىشۇرۇلىدىغان بارلىق تاماق ـ قورۇمىلار، شۇنداقلا سوغۇق سەي تەييارلىغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئاشپەزلىك» بولسا، قازان تاماقلىرىنى تەييارلاش كەسپىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشپەزلىكتە يېرىك ئاشلىق، ئۇن ۋە كۆكتاتلار ئاساسىي خورۇج، قازان قاتارلىق سايمانلار ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدۇ.

### 1) ئاشپەزلىك سايمانلىرى

ئاشپەزلىكتە خېلى كۆپ سايمان ئىشلىتىلىدۇ، بۇ يەردە ھەر قايسى مىللەتلەردە ئورتاق بولغانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، بەزى ئالاھىدىرەك سايمانلار ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

**چوڭ قازان:** بۇ، ئادەتتىكى چوڭ چويۈن قازان بولۇپ، بىر قېتىمدا بىر نەچچە يۈز مېھمان كۈتۈلىدىغان چوڭ مۇراسىم تاماقلىرىنى (پولۇ، لەڭمەن قاتارلىقلارنى) ئېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**داڭقان:** بۇ، چويۈن قۇيما قازان بولۇپ، ئۈچ ياكى تۆت پاچىقى بولىدۇ. دالادا تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل قازان ھازىر ئاسان تېپىلمايدۇ.

**مانتا قازىنى:** بۇ، مىستىن سوقۇپ ياسىلىدىغان قازان بولۇپ، ئاستى يېرىم شار شەكلىدە، ئۈستى كۆمتۈرۈلگەن كېسىك كونۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



شەكلىدە بولىدۇ. ئىككى-ئۈچكىچە جىمبىلى بولۇپ، ھەر تاماقلىرىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر بۇنداق قازانلار ئاز ئۇچرايدۇ.

تاۋا: تۈز تەگلىك، تۆۋاقلىق چويۇن ياكى ئاليۇمىن قۇيما قازان بولۇپ، داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

چەينەك: مىس، ئاليۇمىن ۋە باشقا مېتاللاردىن ياسىلىدۇ، چەينەك شورپىسى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ (ھازىر بۇ خىل چەينەكلەر ئورنىغا تۇنكە كورۇشكىلار ئىشلىتىلمەكتە).

ياغاچ لېگەن: بۇ، ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان لېگەن بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى تىزىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

جاۋۇر: بۇ ياغاچتىن ياسىلىدىغان قاچا بولۇپ، شەكلى ياغاچ لېگەنگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن گىرۋىكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. لەڭمەن پىلتىلىرىنى تىزىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

دۆشە ئاياق: بۇ، ياغاچتىن قىرىپ ياسىلىدىغان قىيما قاچىسى بولۇپ، كىچىكرەك كاساڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى كاساڭ گىرۋىكىدىن ئېگىزرەك بولغان دۇمبەلچىسى بولىدۇ. بۇ دۇمبەلچە گۆش، پىياز قاتارلىقلارنى توغراپ قىيما قىلىشقا، كاساڭ قىسمى بولسا قىيمىنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر ئايرىم ئائىلىلەردىلا تېپىلىدۇ.

چويلا: بۇ، سۆگەت چىۋىقلىرىدىن توقۇلىدىغان چويلا بولۇپ، لەڭمەن- چۆپلەرنى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ (ھازىر بۇ خىل چويلىلار ئورنىغا سىم چويلا ئىشلىتىلمەكتە).

كەپكۈر: بۇ، ئۇششاق تۆشۈكچىلىرى بولغان ياپىلاق چۆمۈچ بولۇپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

پۇزا: ئوتتۇرىسى توم، ئىككى بېشىدا ئىنچىكە تۇتقۇچى بار ياغاچ قىرما سايمان بولۇپ، خېمىردىن جىلىت ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

گۈرجەك: تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، چوڭ قازاندا پولۇ ئەتكەندە خورۇجلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ياغاچ چۆمۈچ: ئىچى قىرىپ، سىرتى يونۇپ ياسىلىدۇ، ھازىر ئاز ئۇچرايدۇ.

2) ئاشپەزلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

خوتەندە ئاشپەزلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسىي خورۇچىنىڭ ۋە

ئىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى، ئۇن تاماقلىرى، شورپا ۋە قورۇما دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) **يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى.** ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرىنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ تەييارلىنىدىغان تاماقلارنى كۆرسىتىدۇ.

يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى خەلقىمىزنىڭ قەدىمىي تاماق تۈرلىرىدىنىڭ بىرىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «بۇخسىي — بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قايىنىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ. سۈيى ئىچىلىدۇ». «چۇرۇش — بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ ئوتتا پۇچىلاپ يانجىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك». بۇ خىل يېمەكلىك قارا قۇرۇم باغرىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئاندا - ساندا ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما، بۇغداي باشقى ئورنىغا ئارپا باشقى ئىشلىتىلىدىكەن. «چۇرۇش» دېيىلمەي، «چۇرۇچ» دېيىلىدىكەن.

يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي تاماق تۈرى بولۇشى، يەنى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك بارلىققا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. كېيىنچە ئۇن تارتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇن تاماقلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالمىغان. بەزى تاماق تۈرلىرى يوقىلىپ كەتسە، بەزى يېڭى تۈرلەر بارلىققا كېلىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭدا بۇنداق ئىككى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: بىرى، يىرىك ئاشلىق تاماقلىرىنىڭ (بولۇپمۇ پولۇدىن باشقىلىرىنىڭ) خۇرۇچلىرى بىر قەدەر ئاز، ئېتىش ئۇسۇلى ئاددىي، تېجەشلىك؛ يەنە بىرى، يىرىك ئاشلىق تاماقلىرىنى كۆپرەك چايناشقا توغرا كېلىدۇ. تالالىرى يىرىك بولغاچقا، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىدە سالامەتلىككە پايدىلىق. ئەجدادلىرىمىز ئەمەلىي تۇرمۇش داۋامىدا بۇ قائىدىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

ھازىر، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان يېرىك ئاشلىق تاماقلىرىنى خورۇج ۋە ئېتىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، پولۇ، شويلا، كۆجە ئاش، ماش - پۇرچاق ئېشى، قايناتما كۆكۋاش قاتارلىق بەش ئاساسىي تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

پولۇ: گۈرۈچ ئاساسىي خورۇج قىلىنىدىغان تاماق بولۇپ، پىياز پالپاقچىسى بىلەن سەۋزە قەلەمچىسى ياغدا قورۇلىدۇ (گۆش سېلىنىدىغان ماقچى بولسا، ئاۋۋال گۆش سېلىنىپ قورۇلغاندىن كېيىن سەۋزە قەلەمچىسى سېلىنىدۇ)، ئاندىن ئۆلچەم بويىچە سۇ ۋە تۇز قۇيۇلىدۇ. قازان قاينىغاندا گۈرۈچ سېلىنىدۇ. گۈرۈچ سۈنى ئاساسەن سۈمۈرۈپ بولغاندا دۈملىنىدۇ.

پولۇ خەلقىمىز ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل تاماق بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىشتىن تاشقىرى، ھېيت - بايرام، مېھماندارچىلىق، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا مېھمان كۈتۈشتىكى ئاساسىي تاماق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر پولۇنى «داستىخان پادىشاھى» دەپ تەرىپلەيدۇ. پولۇنى بوغداي دېنى ياكى قوناق يارمىسىنى ئاساسىي خورۇج قىلىپ ئېتىشكىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە «پولۇ» دېيىلا ئاتالسا، گۈرۈچتە ئېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بوغداي ياكى قوناق يارمىسى ئاساسىي خورۇج قىلىنغان بولسا، ئاساسىي گۈرۈچ نامى قوشۇلۇپ «بوغداي پولۇسى»، «يارما پولۇسى» دېيىلىدۇ. پولۇنىڭ كېيىنكى ئىككى تۈرى پەقەت ئائىلىدە ئىستېمال قىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ، مېھمان كۈتۈشكە ئىشلىتىلمەيدۇ. پولۇغا يەنە گۆش، تۇخۇم، مېۋە، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە خورۇجلار ۋە زىرە تالقىنى، ئاقمۇچ تالقىنى، زەنجىۋىل تالقىنى قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچى ۋە رەڭ بەرگۈچى خورۇجلارنى ئىشلىتىدىغانلارمۇ بار. ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە خورۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ پولۇ يەنە نۇرغۇن تۈرگە بۆلۈنىدۇ ۋە ئاساس قىلىنغان قوشۇمچە خورۇچنىڭ نامى قوشۇلۇپ گۆشلۈك پولۇ، قىيمىلىق پولۇ،

تۇخۇم پولۇسى، ئۈزۈم پولۇسى، بېھى پولۇسى، غورا پولۇسى، چامغۇر پولۇسى دېگەندەك خاسناملار بىلەن ئاتىلىپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. پولۇنىڭ يەنە باشقىچە ئالاھىدە تۈرىمۇ بولىدۇ. تۈگۈپ تەييارلانغان مانتا بىلەن بىللە دۈملەپ پىشۇرۇلغان پولۇ «ئاشمانتا»، ئۈستىگە ئايرىم قورۇلغان قورۇما ئېلىنغان پولۇ «بەتتە پولۇ» دېيىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا پولۇنىڭ تۈرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ.

پولۇ ئېتىلىدىغان خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتى جەھەتتە گۈرۈچ ئاساس قىلىنىدۇ. گۈرۈچ بىلەن ياغ نىسبىتى 4:1، گۈرۈچ بىلەن سۇنىڭ نىسبىتى 5:4، گۈرۈچ بىلەن سەۋزىنىڭ نىسبىتى 1:1 ياكى 3:2بولىدۇ. پولۇ ئېتىش جەريانى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا ياغ داغلىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا پىياز، گۆش، سەۋزە قاتارلىق خۇرۇچلار ياغدا قورۇلىدۇ. ئاندىن تۇز ۋە سۇ قۇيۇپ بوشراق قاينىتىلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا يۇيۇپ تەييارلانغان گۈرۈچ سېلىنىدۇ. گۈرۈچ سۈنى ئاساسەن سۈمۈرۈپ بولغاندا قازان ئاغزى ھىم ئېتىلىپ، ئوچاقتىكى چوغ تارتىۋېتىلىپ، 30~25 مىنۇت دەم يېگۈزۈلىدۇ.

شويلا: بۇ، گۈرۈچنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ، ئۇششاق توغرالغان گۆش، سەۋزە قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار ياغدا قورۇلۇپ، ئاندىن سۇ قۇيۇپ، ئاساسىي خۇرۇچ بىلەن بىللە قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان، قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى ئوتتۇراھال بولغان بىر خىل تاماق بولۇپ، ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ گۈرۈچ شويلىسى، سۆك شويلىسى، ئۈزۈم ـ گۈرۈچ شويلىسى، ماش ـ گۈرۈچ شويلىسى، سۈتلۈك شويلا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

شويلا مەززىلىك، بەكمۇ سىڭىشلىك بولۇپ، كۈندىلىك ئىستېمالىدىن تاشقىرى، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن كېسەل كىشىلەرنى كۈتۈشكە تازا باب كېلىدۇ.

كۆجە ئاش: بۇ، بۇغداي،قوناق دانلىرىنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق بولۇپ، قوشۇمچە خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك قورۇمىلىق كۆجە ۋە ئادەتتىكى كۆجە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. قورۇمىلىق كۆجە ئېتىشتە، بۇغداي سۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قايىنىتىلىپ ئۇتتۇراھال دەرىجىدە ئىتىلغۇچە پىشۇرۇلىدۇ. گۆش ۋە كۆكتاتلار لەگمەن قورۇمىسىغا ئوخشاش قورۇلىدۇ، ئاندىن كۈجە بىلەن قورۇما ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بىر قايىنىتىپ ئۇسۇلىدۇ. ئاچچىقسۇ، ياغلازا قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاچچىق ـ چۈچۈك، تەملىك بولۇپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئادەتتىكى كۈجە ئاش ئىتىشتە بۇغداي ياكى قوناق قايىنتىلىپ ئوبدان پىشۇرۇلىدۇ. قورۇما ئارىلاشتۇرۇلمايلا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى كۈجە پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇلغان شاپتۇل مېغىزى سېلىنىدۇ، مېغىز چۈچۈكچە قايىنىتىلىپ ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ. كۈجە ئاش ئادەتتە دائىملىق تاماق تۈرى ھېسابلانمايدۇ. ھېيت ـ بايراملاردا گۆش ـ ياغ ۋە ياغلىق، تاتلىق تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنىپ ئىشتىھا تۇتۇلغادا ياكى يېرىك ئاشلىقتىن ئۇن تارتىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغان چاغلاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ماش ـ يۇرچاق ئېشى: بۇ، لوبىيا، يېشىل ماش، نوقۇت قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى پىشۇرۇپ ئېتىلىدىغان تاماق بولۇپ، ئادەتتە ياغ، گۆش، كۆكتات قاتارلىق باشقا خورۇچلار ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ. تۇزمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. لوبىيا ئېشى پەقەت تاماق سۈپىتىدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ. يېشىل ماش ئېشى ئۇزۇقلۇق ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىشتىن ئۆزگە، قىزىتما قايتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. نوقۇتنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە شىپاھ بولىدۇ. بولۇپمۇ دائىم ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكە كېسىلى ۋە قەنت كېسەللىكىنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

قايناتما كۆكۋاش: بۇ، ياخشى تولغان كۆكۋاش قوناقنى مەدىكى بىلەن قوشۇپ قازاندا قايىنىتىپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، ئائىلىدە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن پىشۇرۇلغاندا كۆكۋاش پوستى سويۇپ تاشلىنىدۇ. بازاردا سېتىش مەقسىتىدە پىشۇرۇلسا، قېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر قەۋەت نېپىز پوستى بىلەن پىشۇرۇلىدۇ. قايناتما كۆكۋاش ئادەتتە ئاش ـ تاماق تۈرىنى مول قىلىش ياكى سېتىش ئۈچۈن پىشۇرۇلغاندىن تاشقىرى، بالدۇر ئۈششۈك تېگىپ، كۆپلىگەن قوناقلار خام قالغان يىللاردا، كۆكۋاش قايناتمىسى

يەنە بىر مەزگىل كۆندىلىك ئىستېمال تامىقى قىلىنىش ئارقىلىق، ئاشلىق ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. قايناتما كۆكۈاش يەنە پىشۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق سۈيۈقئاش ئېتىشتىكى قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. يەنە قۇرۇتۇلغان قايناتما كۆكۈاش دېنى ئۇۋۇۋېلىنىپ يۈيۈپ بىر نەچچە سائەت سۇغا چىلاپ قويۇلسا، دانلار كۆپۈپ يۇمشايدۇ، ئاندىن ئاشقا سېلىنىدۇ. بۇنداق دانلار يېڭى كۆكۈاش تەمىگە ئىگە بولۇپ، سۈيۈقئاشقا ئۆزگىچە تەم كىرگۈزىدۇ.

(2) ئۈن تاماقلىرى. ئۈن تاماقلىرى ھەر خىل ئۈنلاردىن بىۋاستە ياكى خېمىر يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدىغان تاماقلار بولۇپ، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

ئۈن تاماقلىرىنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ، پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئۇلارنى: سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھوردا پىشۇرۇلىدىغان، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان ۋە تالقان دەپ تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ھەر بىر تۈردىكى تاماقلار خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلىدىكى قىسمەن پەرقلەر تۈپەيلىدىن يەنە بىر مۇنچە ئۇششاق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار. بۇ خۇرۇجى، شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ، سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە تاماق تۈرى بولۇپ، چۆچۈرە، لەڭمەن، قورۇما ئاش، چۆپ ئاش، سۈيۈقئاش، ئۇماچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چۆچۈرىلەر: ئۈن بىلەن قىيما ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىپ شورپا ياكى سۇدا پىشۇرۇلىدىغان ۋە شورپىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، ئاساسەن بۇغداي ئۈنى ئىشلىتىلىدۇ. ئاۋۋال پېتىر خېمىر مۇۋاپىق قېلىنلىقتا يېيىلىپ، چاسا جىلىت كېسىلىدۇ، ئاندىن ئىچىگە قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ. تۈگۈلگەن چۆچۈرىنىڭ شەكلى يامبۇغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، مەززىلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ. چۆچۈرە قىيمىسىغا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: گۆش چۆچۈرىسى، تۇخۇم چۆچۈرىسى، قايماق چۆچۈرىسى، مېغىز چۆچۈرىسى، بېدە چۆچۈرىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



لەگمەنلەر: بۇغداي ئۇنى خېمىرى پىلتا قىلىنغاندىن كېيىن ئىندىچىكە (توم) ياكى ياپىلاقلاپ سوزۇلىدۇ. قايناۋاتقان سۇدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈپ ئېلىنىپ سوغۇق سۇدا چايقىلىدۇ. قاچا ـ تەخسىلەرگە ئېلىنغاندىن كېيىن ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ. لەگمەنلەر بىر بىرلەپ سوزۇلغانلىقى ياكى توپلاپ سوزۇلغانلىقىغا قاراپ: پىلتە لەگمەن، باغلام ئاش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. پىلتە لەگمەن سوزۇلغان شەكلىگە قاراپ: پىلتە لەگمەن، ياپىلاق لەگمەن، توم لەگمەن قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. سوزۇش داۋامىدا ئىشلىتىلگەن قوشۇمچە خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: ئاق لەگمەن، سېرىق لەگمەن (توغرىغا قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنغاچقا، ئاشنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ)، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. خېمىر سوزۇش مەشغۇلاتىنىڭ قولدا ياكى ماشىنىدا ئىشلەنگەنلىكىگە قاراپ: سوزما لەگمەن، كەسمە لەگمەن دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

قورۇما ئاشلار: بۇ، سۇدا پىشۇرۇلغان چۆپ سۈزۈۋېلىنىپ قورۇپ تەييارلانغان قورۇما بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۆچلۈك ئوتتا قايتىدىن تېز قورۇپ ئالىدىغان بىر خىل تاماق تۈرى بولۇپ، پىشۇرۇلغان لەگمەن توغراپ ئىشلىتىلگەن بولسا قورۇما لەگمەن، ئۈزۈپ تاشلاپ ياكى يېيىپ كېسىپ پىشۇرۇلغان چۆپ ئىشلىتىلگەن بولسا، قورۇما چۆپ دېيىلىدۇ (بۇ ئىككى خىل ئاش بوسۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

چۆپلەر: بۇ، چىڭ يۇغۇرۇلغان بۇغداي خېمىرى نوغۇچتا يېيىلىپ مەلۇم شەكىلدە كېسىلىپ، قوشۇمچە خۇرۇچلارنىڭ شورپىسىدا ياكى سۇدا پىشۇرۇلۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قوشۇمچە خۇرۇچلار چۆپكە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، چۆپ بىلەن شورپىسى ئايرىم ئۇسسۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، چۆپ شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ياكى قوشۇمچە خۇرۇچلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: نېرىن چۆپ، ئۈگرە چۆپ، ماش چۆپ، ئاتۇش چۆپى، ياغلىما چۆپ، قايماق چۆپ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

سۇيۇقئاشلار: بۇ بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنى قاتارلىقلارنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ، گۆش، كۆكتات ياكى خام مېۋە قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلارنى قورۇپ ياكى سۇدا پىشۇرۇپ، ئاندىن ئاساسىي خۇرۇچ-

تىن تەييارلانغان چۆپلەرنى سېلىپ پىشۇرۇپ يېيىلىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، چۆپ بىلەن شورپا بىرلىكتە ئۇسۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۈيۇقئاشلار ئېتىش ئاسان، سىڭىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۈيۇقئاشلار ئومۇمەن مەلۇم شەكىلدە چۆپ قىلىنىپ، شورپىدا پىشۇرۇلىدىغان بولغاچقا، بەزى ھاللاردا «چۆپ ئاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۆپ شەكلى ۋە تەمىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ بۇغداي خېمىرىدىن ئېتىلگەنلىرى: ئۇگرە ئاش، مەنچىزە ئاش، ئۈزۈپ تاشلانغان ئاش، قۇشقاچ تىلى ئاش، ئاسما چۆپ ئېشى دېگەن ناملار بىلەن؛ قوناق خېمىرىدىن ئېتىلگەنلىرى: سىقماق ئاش، كومۇلەك ئاش، شۇگغۇتماق قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئۇماچلار: بۇغداي، قوناق، تېرىق ياكى پۇرچاق ئۇنلىرىنى قايناۋاتقان سۇغا چېلىپ، چوكىدا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال قويۇقلۇقتا ئېتىلىدۇ. ئۇماچقا ئۇششاق توغرالغان گۆش، چامغۇر، سەۋزە، ئاشكۆكى، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلار؛ غورا، گۈلە، جىگدە قاتارلىق قۇرۇق ـ ھۆل مېۋىلەر؛ سويا پۇرچاق، كۆكۋاش دېگەن قاتارلىقلار قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. قوشۇمچە خۇرۇچ سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇن ئاستا ئاستا سېلىنىپ قۇچۇلىدۇ. ئۇماچلار ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: بۇغداي ئۇمىچى، قوناق ئۇمىچى، تېرىق ئۇمىچى، كۆكۋاش ئۇمىچى، زاڭ قاتارلىق ناملار بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، كۆكۋاش ئۇمىچى ئېتىشتە، بىۋاسىتە قوناق ئۇنى ئىشلىتىلمەستىن كۆك قوناق دانلىرى سوقۇپ ئوبدان يانجىلغاندىن كېيىن قازانغا سېلىپ قاينىتىش ياكى يانجىلغان كۆك قوناق دانلىرىنى سىقىپ كراخمالىنى ئايرىۋېلىپ پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدۇ. بۇنداق ئاش ئۆزگىچە تەملىك، مەززىلىك بولىدۇ.

زاڭ: بۇ، قوناق ئۇمىچىنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، ئۇماچتىن قويۇق بولىدۇ. تولۇق سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن ئۈستىگە قوشۇمچە خۇرۇج سېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. قوشۇمچە خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: قورۇمىلىق زاڭ، سۇتلۇك زاڭ، شەربەتلىك زاڭ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. قورۇمىلىق زاڭ ئۈستىگە ئايرىم قورۇپ تەي-

www.uyghurkitap.com



يارلانغان قورۇما سېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۈتلۈك زاڭغا پىشۇرۇلغان سۈت قۇيۇپ يېيىلىدۇ. شەربەتلىك زاڭ ئېتىشتە، كەندىر ئۇرۇقى بىلەن زاراڭزا ئۇرۇقى قورۇپ سارغايتىلىپ سوقۇلىدۇ. مېغىزى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قايتا سوقۇپ تالقانلاپ، سىقىپ تەييارلانغان جىگدە شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن شەربەت سوۋۇتۇلغان زاڭ ئۈستىگە قۇيۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاتالا: بۇ، بۇغداي ئۇمىچىنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، ئېتىش ئۇسۇلى پەرقلىنىدۇ، يەنى بۇغداي ئۇنى ئازراق ياغ بىلەن ياكى ياغ قوشمايلا قورۇلىدۇ، ئاندىن قايىنىتىلغان سۇغا چېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاتىلا ئاشتا ئۆتكۈر ياغ تەمى بولىدۇ.

خۇرۇج مەنبەسى كەڭ، ئېتىش ئاسان، ۋاقىت تېجەشلىك، شۇنداقلا سىڭىشلىك بولۇش ئۇماچلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

(3) ھوردا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار: «(جىقبىيىن) ھورنانىنىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سىڭىشلىك كېلىدۇ».[1] بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھور تاماقلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق تۈرىنىڭ بىرى. ھورتاماقلىرىنى: مانتىلار، خوشاڭلار، ھورنانلار، چۆرە ـ پۆرىلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار سۇ ھورىدا دىملەپ پىشۇرۇلۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن، خۇرۇج ۋە شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

مانتىلار: دىملەپ پىشۇرۇلىدىغان قىيمىلىق تاماق بولۇپ، خېمىرىنىڭ ئۆرلىتىلگەن ـ ئۆرلىتىلمىگەنلىكىگە قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۆرلىتىلمىگەن خېمىردا ئېتىلگىنى «پېتىر مانتا»، ئۆرلىتىلگەن خېمىردا ئېتىلگىنى «بولاق مانتا» دېيىلىدۇ. پېتىر مانتىنىڭ قىيمىسى كۆپ، شەربەتلىك، مەززىلىك بولىدۇ. بولاق مانتا يۇمشاق، سىڭىشلىك بولىدۇ. مانتىلار قىيما تەركىبىدىكى ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: گۆش مانتىسى، چاۋا مانتىسى، شېكەر مانتىسى، كۈدە مانتىسى، كاۋا مانتىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قايسى خىلدىكى مانتا بولسۇن، خېمىردىن جە-

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1ـ توم، 578ـ بەت

لىبت ئېچىپ، قىيما سېلىپ تۈگۈلگەندىن كېيىن قاسقاندا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**خوشاڭلار:** ئۈزلىتىلگەن خېمىردىن ئېتىلىدىغان قىيمىلىق تاماق بولۇپ، قىيمىسىدىكى ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: گۆش خوشاڭ، كاۋا خوشاڭ، كۆدە خوشاڭ، شېكەر خوشاڭ دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قايسى خىلدىكى خوشاڭ بولسۇن، ئۈزلىگەن خېمىردىن جىلىت ئېچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلگەندىن كېيىن ئاۋۋال قازان ياكى تاۋىدا ھەر ئىككى تەرىپى سارغايتىپ، بىر ئاز قا-تۇرۇلىدۇ، ئاندىن قازانغا تىزىپ، قايناق سۇ قۇيۇپ ياكى قاسقانغا سېلىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**ھورنانلار:** ئۈزلىتىلگەن خېمىردىن ھوردا دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، قوشۇمچە خۇرۇچلار ۋە نان شەكلىنىڭ ئوخشاش-ماسلىقىغا قاراپ: ھور قاتلىما، ياپما، ھورنان، شىرنان قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ھور قاتلىما — «يۇتازا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئۈزلىتىلگەن خې-مىرنى سوزۇپ نېپىزلىتىپ، خېمىر قاتلىرى ئۈستىگە ياغ سۈركەپ تۈگۈلىدۇ. ياغ سۈركەش بىلەن بىللە چىگىردەك بېرىلسە «چىگىر-دەكلىك قاتلىما»، پىياز قىيمىسى بېرىلسە «قىيمىلىق قاتلىما»، ياغ ئورنىغا قايماق، سېرىقماي قاتارلىق باشقا خۇرۇچ بېرىلسە، «قايماق قاتلىمىسى»، «سېرىقماي قاتلىمىسى» دېيىلىدۇ.

ياپما — گۆش، سەۋزە ۋە باشقا كۆكتاتلار قوشۇمچە خۇرۇچ قى-لىنىپ ياغدا قورۇپ، ئازراق سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ شورپا قىلىنغان-دىن كېيىن، ئۈستىگە خېمىر يېپىلىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان نان بولۇپ، خېمىرنىڭ ئۈزلىتىلگەن-ئۈزلىتىلمىگەنلىكىگە قاراپ، «بولاق ياپما»، «پېتىر ياپما» دەپ ئايرىلىدۇ.

ھورنان — خېمىرنى نېپىز يېيىپ، ئارىلىقىغا قىيما ئېلىپ يا-كى قايماق سۈركەپ، پىياز، يۇمغاقسۇت سېپىپ، ئاندىن يۆگەپ ئۇ-زۇن تۈرمەل قىلىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇمۇ «بولاق ھورنان»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«پېتىر ھورنان» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بولاق ھورنانغا قايماقلىق پىياز قىيمىسى، پېتىر ھورنانغا ياغدا داغلانغان پىياز قىيمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

شىرنان ــ بۇ، خۇرۇجلاردىن شىرە تەييارلاپ، جىمبىلدە قويۇپ يۇسلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان بولۇپ، خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: «شىرلىك نان» ۋە «كۆك شىرنان» دەپ ئىككىگە بۆلۈش مۇمكىن. شىرنان پىشۇرۇشتا، مەلۇم مىقداردىكى قايماق سۈتتە ئېرىتىلگەندىن كېيىن، ئۇستىگە يۇمشاق تارتىلغان قوناق ئۇنى چېلىپ ئۇماچ قىلىنىدۇ. ياۋا كۈدە، زىرە، لازا قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇجلار ۋە ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، ماش، ئۈزۈم قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇجلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن جىمبىلگە رەخت سېلىنىپ، شىرە قۇيۇلۇپ، دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىر-ئىككى سەر زىرىق مېۋىسى قوشۇمچە خۇرۇج قىلىپ سېلىنسا، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان كېسەللەرنى داۋالاشقا بولىدۇ. كۆك شىرنان پىشۇرۇشتا، كۆكۋاش، قوناق دانلىرى قىرىپ سوقۇلىدۇ. كۆك ئارپا ئىشلىتىلمەكچى بولسا، كۆك باشاقلار ئۈزۈۋېلىنىپ پاكىز يۇيۇپ سوقۇلىدۇ، ئاندىن رەخت خالتىغا ئېلىپ سىقىش ئارقىلىق كراخمال ئايرىۋېلىنىپ، تىرىپلىرى تاشلىۋېتىلىدۇ. كراخمالغا قوشۇمچە خۇرۇجلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، جىمگىلگە سېلىنغان رەخت ئۈستىگە قويۇپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. شىرنانلار پۇۋەكلىك، يۇمشاق، بەكمۇ سىڭىشلىك بولىدۇ.

چۆرە ـ پۆرىلەر: بۇ، چالا ئۆرلىگەن خېمىرنى يېيىپ ئارىسىغا قىيما ئېلىپ، يېرىم ئاي شەكلىدە سامسا تۈگۈلگەندىن كېيىن تاۋا ياكى قازاندا دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، قىيمىسىدىكى ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: «گۆش پۆرىسى»، «تۇخۇم پۆرىسى»، «كۆك پۆرىسى»، «پىننە پۆرىسى» دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. پۆرىلەر كۆپىنچە تاۋىدا ھەر ئىككى تەرىپى قىزارتىپ پىشۇرۇلىدۇ. قىسمەنلىرى سۇ تولدۇرۇلغان قازاننىڭ يان

تەرىپىدىكى بوش يەرلەرگە يېقىپ، تېگى قازان ھارارىتىدە، يۈزى هوردا پىشۇرۇلىدۇ. بۇ «قازان پۆرىسى» دېيىلىدۇ.

**(4) ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار**

ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار خۇرۇجلارنى پىشۇرۇشتا ياغ ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدىغان تاماقلار بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان ياغ مىقدارىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**ياغدا داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار:** بۇ، ئازراق ياغدا ھەر ئىككى يۈزى داغلاپ قىزىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق بولۇپ، خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: پوشكال، قازان كۆمىچى، قازان نېنى، قوتۇرماچ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. پوشكال بۇغداي ئۇنىغا تۇخۇم قاتارلىق خۇرۇجلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيۇق ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چۆمۈچتە قازانغا قۇيۇپ، نېپىز يېيىتىپ داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ. قازان كۆمىچى، قازان نېنى، قوتۇرماچ قاتارلىقلار خېمىردىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ يېيىلغاندىن كېيىن قازانغا سېلىپ داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل تاماقنى پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغ مىقدارى ناننىڭ قازانغا چاپلىشىپ كۆيۈپ كەتمەسلىكىگە كۇپايە قىلغۇدەك دەرىجىدە بولسا بولىدۇ. سۇس ئوتتا ئاستا پىشۇرۇلىدۇ.

**ياغدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار:** بۇ، قاينىتىلغان ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ، خۇرۇجى ۋە شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: قۇيماق، ھالقا قۇيماق، پىلتا قۇيماق، سامبۇسا، ساڭزا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. قۇيماق ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن ياپىلاق چەمبەر شەكلىدە جىلىت ئېچىپ سۇس قايناۋاتقان ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ھالقا قۇيماق شەكلى قۇيماققا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن جىلىت چەمبىرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىچىكرەك تۆشۈك ئېچىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىلتا قۇيماق ئۆرلىتىلگەن خېمىر زۇۋۇلىسىنى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇپ، ئىككى دانىسىنى بىر جۈپلەپ پىلتا شەكلىدە پىشۇرۇلىدۇ. سامبۇسا پىشۇرۇشتا بولسا، خېمىردىن كىچىك زۇۋۇلا ئۈزۈپ نېپىز جىلىت ئېچىلىدۇ. جى-

www.uyghurkitap.com



لىيت ئۈستىگە قىيما سېلىپ، سامسا شەكلىدە ياپىلاق تۈگۈلگەندىن كېيىن ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. قىيما تەييارلاشتا گۆش، تۇخۇم ياكى كۆكتاتلار ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ.

ساڭزا سېلىشتا يالپاقلاپ توغرالغان پىياز بىلەن كاۋاۋىچىن سۇدا قاينىتىلىپ تېتىقى چىقىرىلىدۇ. سۇ سوۋۇغاندىن كېيىن سۈزۈك قىسمى ئايرىۋېلىنىپ، ئۈستىگە تاۋلاپ سوۋۇتۇلغان سۇ يېغى قۇيۇپ، بۇغداي ئۇنىدىن قاتتىقراق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر 15 مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرۇلغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، سىرتىنى ياغلاپ داسقا تىزىپ يەنە 15 مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن زۇۋۇلىنى سەل ياپىلاقلاپ، ئوتتۇرىسىدىن بارماقتا تۆشۈك ئېچىپ، بارماق ـ ئالقان ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېشىپ ھالقىسىمان پىلتا ياساپ داۋاملىق چوڭايتىلىدۇ. پىلتا تومۇلۇقى ئاش چوكىسىدەك ھالەتكە كەلگەندە، خېمىر پىلتىسى 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھالقىلىنىپ، ئىككى بېشىدىكى ھالقىسىغا بىردىن ئىنچىكە چوكا ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە شۇ ھالەتتە قايناۋاتقان ياغقا چۆكۈرۈپ داغلىنىدۇ. خېمىر پىلتىلىرى بىر ئاز قېتىشقاندا پىلتا ھالقىسىنىڭ ئىككى بېشى قىيپاش قاتلىنىپ ياغقا سېلىنىدۇ. تەكشى سارغىيىپ پىشقاندا سۈزۈۋېلىنىپ لېگەنگە تىزىلىدۇ.

بۇ خىل تاماقلارنى پىشۇرۇشتا ياغ مىقدارى كۆپرەك بولۇشى، يەنى پىشۇرۇلىدىغان نەرسىلەر تولۇق چۆككۈدەك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پىشۇرۇش داۋامىدا ياغ سۈس ئوتتا ئاستا قاينىتىپ تۇرۇلىدۇ. يىمەكلىك ئوبدان سارغىيىپ پىشقاندا سۈزۈۋېلىنىدۇ.

ياغدا قورۇپ پىشۇرۇلىدىغان تاماقلار: بۇ خىل تاماق «ھالۋا» دەپ ئاتىلىدۇ. ھالۋىلار پىشىپ چىقىش ھالىتى جەھەتتىن ئۇماچلارغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇچ ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇماچلاردىن پەرقلىنىدۇ. تەمى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى ئۇماچلارنىڭكىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن بولىدۇ.

ھالۋا قوي يېغى ياكى سۇ يېغىدا ئاق ئۇن ئاساسىي خۇرۇچ، شې-

كەر ياكى شىرنە قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىپ، ئۇن قىزىتىلغان ياغدا قورۇلغاندىن كېيىن سەل سوۋۇتۇپ، ئۈستىگە قايناقسۇدا ئېرىتىلگەن شېكەر ياكى شىرنە ئېرىتمىسى قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلارنى قۇيۇپ سۇس ئوتتا ئازراق قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان ياغ مىقدارى ئۇننى قورۇشقا يەتسىلا بولىدۇ. ھالۋا قوشۇمچە خۇرۇچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: قەنت ياكى شېكەر سېلىنغان بولسا «قەنت ھالۋىسى»، ئۈزۈم شىرنىسى سېلىنسا «شىرنە ھالۋىسى»، ئۈجمە شىرنىسى سېلىنسا «ئۈجمە ھالۋىسى»، قىرىپ ئېزىلگەن قوغۇن ئېتى سېلىنسا «قوغۇن ھالۋىسى» دېيىلىدۇ.

ھالۋا ئۆزگىچە تەملىك، قۇۋۋەتلىك بولۇپ، يۇمشاق نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھالۋىنىڭ يەنە بىر تۈرى بۇلىماق بولۇپ، سۈت پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئازراق سۇ قوشۇپ، ئاندىن ئۇن چېلىپ شىرنە قىلىپ، ياغ، شېكەر قوشۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇلىماق بوۋاقلارنى بېقىشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ.

كەسمە ھالۋا. ھالۋىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن بۇغداي ئۇنى سۇس ئوتتا قورۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ياغ بىلەن شىرنە ئارىلاشمىسى ياكى ياغ بىلەن شېكەر ئېرىتمىسى ئارىلاشمىسىغا سېلىپ ناھايىتى قاتتىق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر كاسىدا ئۈچ سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تاختا ئۈستىدە قويۇپ ياپىلاقلىنىدۇ. ئاندىن چاقماق شەكلىدە كېسىپ تەخسىگە تىزىلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

### (5) تالقانلار

تالقان پاراشوك دېگەنلىك بولۇپ، پاراشوك ھالەتتە پىشۇرۇلغان ياكى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن بىر خىل قۇلايلىق يېمەكلىكتۇر. تالقان ياساش ئاسان، پىششىقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: «قورۇما تالقان»، «سوقما تالقان» ۋە «ئارىلاش تالقان» دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قورۇما تالقان. بۇغداي، ئارپا ئۇنى ياكى تېرىق ئۇنىنى سۇس ئوتتا بىۋاسىتە قورۇپ ياكى ئازراق ياغدا قورۇپ ئېلىپ، ئاندىن مەلۇم مىقداردىكى شېكەر ۋە سارغايتىپ سوقۇلغان ياڭاق مېغىزى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ.

سوقما تالقان. تونۇردا ئوبدان قۇرۇتۇپ پىشۇرۇلغان زاغرا ناننى سوقۇپ تالقانلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سارغايتىپ سوقۇلغان ياڭاق مېغىزى ۋە شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

قورۇما تالقان بىلەن سوقما تالقان تاتلىق، قۇۋۋەتلىك بولۇپلا قالماي، قاچىلاشقا، سەپەردە ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك، تاغ ـ ئېدىر، چۆل ـ جەزىرىلەردە سەپەر قىلغاندا قايناقسۇ ياكى سوغۇق سۇدا چىلاپ ئىچىشكە ۋە ياكى قۇرۇق پېتى كاپ ئېتىشكە بولىدۇ.

ئارىلاش تالقان. ئارپا، بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىق دانلىرى چوڭ قازاندا سۇس ئوتتا ئوبدان قورۇپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق قورۇلغان دانلار «قوماچ» دېيىلىدۇ. قوماچ سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈجمە قېقى، جىگدە، زاراڭزا، كەندىر قاتارلىق قوشۇمچە خورۇچلار مەلۇم مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇش شەرت ئەمەس. ئىمكانىيەتكە قاراپ بىر نەچچە خىلى ئارىلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. جىگدە ئۇۋۇلاپ ياكى سوقۇپ تاسقاپ ئۇرۇقى ئايرىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ). يەنە ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زىرە، ئېگىر، بوزىغا، زەنجىۋىل قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچلەرمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ تالقان قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا تالقان تاسقىلىپ زاراڭزا، كەندىر قاسراقلىرى ۋە كېپەك ئايرىۋېتىلىپ تاغارغا قاچىلىنىدۇ. ئارىلاش تالقان سۇغا چىلىپ دوغاپ قىلىپ ياكى خېمىر قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. خېمىر قىلىپ ئىستېمال قىلىماقچى بولغاندا خېمىر قاتتىق يۇغۇرۇلىدۇ. تالقان خېمىرى شىرەلىك، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك بولۇپ، خېمىر پىلتا قىلىنىپ چىشلەپ ياكى ئۇششاق كېسىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئارىلاش تالقان تەمى جەھەتتە گەرچە ئالدىنقى ئىككى خىل تال-

قانغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى خېلى زور. تاغ-لىق، چارۋىچىلىق رايونلاردا ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئوت قالاپ تاماق ئېتىش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتلاردىكى ناھايىتى قۇلاي يې-مەكلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئارىلاش تالقان كۆپ يامغۇرلۇق تاغلىق رايون خەلقىدە ئۈكسۈپ قالسا زادى بولمايدىغان زاپاس يېمەكلىك بولۇپ، ئادەتتە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**(6) شورپىلار**

شورپا گۆش، ئۆپكە ـ ھېسىپ، كاللا ـ پاچاق، توخۇ ـ تۇخۇم قا-تارلىقلارنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ، دورا ـ دەرمەك، كۆكتات قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، قازاندا قاينىتىپ پىشۇ-رۇلىدىغان، شورپىسى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەك-لىكتۇر. شورپىلار مەززىلىك قۇۋۋەتلىك، سىڭىشلىك بولۇشتەك ئالا-ھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى تاماق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. شورپا ئاساسىي خۇرۇچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ «گۆش شورپىسى»، «ئۆپكە شورپىسى»، «كاللا شورپىسى»، «توخۇ شورپىسى» دېگەندەك خاس ناملار بىلەن پەرقلەندۇرۇلىدۇ.

**گۆش شورپىسى:** بۇ، قوي، ئۆچكە، كالا ـ قوتاز، ئات ـ تۆگە گۆشلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدىغان شورپا بولۇپ، گۆش سۇغا سېلىنىدۇ. قازان قاينىغاندىن كېيىن يالپاقلاپ توغرالغان پىياز، سەۋزە، تۇرۇپ ياكى چامغۇر قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار ۋە تەم تەڭشىگۈچلەر سېلىنىدۇ. قازان قايناۋاتقاندا تۇۋاقنى ياپماي، شورپا سورۇپ بېرىلسە، تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ. شورپا ئۇسسۇلغاندىن كې-يىن توغرالغان يۇمغاقسۇت ياكى قۇرۇتۇلغان پىننە سېلىپ ئىستې-مال قىلىنىدۇ.

**ئۆپكە شورپىسى:** قوينىڭ ئۆپكىسى تولۇق ئاقارغۇچە سۈزۈك سۇدا قانسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىز يۇيۇلغان قېرىن بوكىنىڭ ئاستىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ ئۆپكىنىڭ كانىيىغا تىكىلىدۇ؛ ئاندىن بۇغداي خېمىرىنى سۈزۈك سۇغا چىلاپ مۇجۇپ شىرىنىسى چىقىرىلىدۇ. شىرە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن تۇزىنى تەڭشەپ كانايغا تىكىلگەن بوككە (كەشتىلىك) ئاۋۋال سۇ يېغى، ئاد-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىن شىرە قۇيۇلىدۇ ۋە بۆك ئاغزىنى چىڭ تۇتۇپ يەنە بىر قولدا بۆك سىرتىدىن يېنىك مۇجۇپ بېرىلسە، شىرە ئۆپكىگە ماڭىدۇ. شىرىسى چىقىرىۋېلىنغان خېمىر تىرىپى لازا، سامساق، قارىمۇچ تالقانلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بۆككە سېلىنىپ ئاغزى بوغۇلىدۇ. تەتۈر ئۆرۈپ پاكىز يۇيۇلغان ئىنچىكە ئۈچەي 8~10 سانتىمېتىر ئۇزۇن-لۇقتا كېسىلگەن قېرىن سىرتىغا يۆگىلىدۇ. بۇ، «يۆگىمەچ» دېيى-لىدۇ. ئاخىرىدا قۇيۇلغان ئۆپكە، يۆگىمەچ ۋە قېرىنلار قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن يالپاقلاپ ئاچچىق-سۇ، ياغلازىغا تۆگۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قۇيۇلغان ئۆپكە شىرە تەييارلاشقا ئىشلىتىلگەن خورۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: «سۈتلۈك ئۆپكە»، «تۇخۇم ئۆپكە»، «كۆكۋاش ئۆپكە» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ھېسىپ شورپىسى: قوينىڭ ياغلىق ئۈچەيى تەتۈر ئۆرۈپ پاكىز يۇيۇلغاندىن كېيىن، جىگەر، چاۋا ياغ، گۆش ۋە سەۋزىلەر ئۇششاق توغرىلىدۇ، ئاندىن زىرە، قارىمۇچ، تۇز، پاكىز يۇيۇلغان گۈرۈچ سېلىپ، سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ گۈرۈچ قىيمىسى تەييارلىنىدۇ. سۇيۇق قىيما تەييار بولغاندىن كېيىن ئۈچەينىڭ ئىنچىكە ئۈچى يىپ بىلەن چىگىلىدۇ. چوڭ ئۈچەيدىن قىيما ماڭدۇرۇپ بوشراق تولدۇرۇلغاندىن كېيىن چوڭ ئۈچەيمۇ چىگىلىپ قايناق سۇغا سې-لىپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئەگەر گۈرۈچ قىيمىسىغا تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلسا «تۇخۇم ھې-سىپ» دېيىلىدۇ. ھېسىپ ئىچىدىكى گۈرۈچ يېرىم پىشقاندا ئۈچەي يېرىسىگە يىڭنە سانجىش ئارقىلىق ئىچىدىكى ئارتۇق سۇ ۋە ھور چىقىرىۋېتىلىدۇ. پىشقاندا 8~10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ، ئايرىم قاچىغا ئېلىنىدۇ. شورپىسى ھەم ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھېسىپ مەززىلىك، يېيىشلىك بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان تاماق تۈرىدۇر.

**كاللا شورپىسى:** كاللا شورپىسى چوڭ ھايۋان كاللىسىدىنمۇ، قوي، ئۆچكە كاللىسىدىنمۇ تەييارلىنىدۇ. كاللا ـ پاچاقلار ئوت يال-قۇندا قايتا ـ قايتا ئۆكلەپ، قۇيقا كۆيۈندىلىرى پاكىز قىرىپ تاش-

لىنىدۇ. تۇياقلىرى ئاجرىتىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن پاكىز يۇيۇلىدۇ
(كېپەك سۈرتۈپ يۇيۇلسا ئوبدان پاكىزلىنىدۇ). كاللىنىڭ ئاستىن
ـ ئۈستۈن ئېڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىن قۇلاق تۈۋىگە يەتكۈزۈپ كې-
سىپ ئاجرىتىلىپ، ئېغىز ـ دىماغ بوشلۇقلىرى پاكىز يۇيۇلىدۇ.
كاللا ـ پاچاقنى ئايرىم پىشۇرۇپ شورپا قىلسىمۇ، ئۆپكە ـ قې-
رىن بىلەن قوشۇپ شورپا قىلسىمۇ بولىدۇ.

**پاچاق شورپىسى:** بۇ، كاللا، تۆگە قاتارلىق چوڭ ھايۋان پاچاقلى-
رىنى ئاساسىي خۇرۇج قىلىپ تەييارلىنىدىغان شورپا بولۇپ، پا-
چاقلارنىڭ تېرىسى سويۇۋېتىلىپ، تۇياقلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كې-
يىن يۇيۇپ، سوغۇق سۇغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. ئوبدان پىشۇرۇلسا،
پەي ـ سىڭىرلار ئېزىلىپ ـ كۆپۈشۈپ، يۇمشاق، مەززىلىك پىشى-
دۇ، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ.

**توخۇ شورپىسى:** توخۇ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پەيلىرى
پاكىز يۇلۇندىلىدۇ. قورساق بوشلۇقى ئاززاق يېرىلىپ ئىچكى ئەزالى-
رى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. پاچىقىنىڭ تىزىدىن تۆۋەن قىسىم كېسىپ
تاشلىنىپ، پۈتۈن سېلىپ شورپا قىلىنىدۇ. توخۇ شورپىسى قاينى-
تىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، كونا شورپىدا تەييارلىنى-
دۇ. بۇنىڭدا مەخسۇس توخۇ شورپىسى قاينىتىپ توخۇ گۆشى ساتى-
دىغان تىجارەتچىلەر شورپىنى ساقلاپ داۋاملىق (ھەتتا بىر نەچچە
ئاي، بىر نەچچە يىل) ئىشلىتىدۇ. شورپا سۈيى ھەر كۈنى قاينىتىلى-
لىپ تۇرغاچقا بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، بەلكى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ
تەملىك، مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق شورپىدا پىشۇرۇلغان
توخۇ گۆشى كۆركەم، تەملىك، قۇۋۋەتلىك بولۇپ، شورپىسى ئى-
چىلسە بەلغەمنى بوشىتىپ، ئۆپكىنى ياشارتىدۇ. كاناي ياللۇغىغا
داۋا بولىدۇ. بۇ، خەلقىمىز ئالاھىدە ياقتۇرىدىغان يېمەكلىك ھېساب-
لىنىدۇ. يەنە بىرى، سوغۇق سۇغا سېلىپ قاينىتىپ شورپا قىلىنى-
دۇ، تەم تەڭشىگۈچى قوشۇمچە خۇرۇجلار سېلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئائى-
لىلەردە توخۇ شورپىسى تەييارلاشقا باب كېلىدۇ.

**باچكا شورپىسى:** كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى سوغۇق سۇغا سې-
لىپ قاينىتىپ شورپا قىلىنىدۇ. باچكا گۆشى ئوزۇقلۇقى مول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمما تەبىئىتى مۆتىدىل بولغاچقا، چوڭ مال گۆشى، شۇنداقلا ياغلىق تاماق يېيىشكە بولمايدىغان كېسەل كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ئەڭ باب كېلىدۇ.

تۇخۇم شورپىسى: تۇخۇم ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدىغان شورپا بولۇپ، سۆڭپىياز، پەمىدۇر، پالەك قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار قايىنىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇخۇم قاچىغا چېقىپ قوچۇلىدۇ، ئاندىن قازانغا  ئاستا ئاستا قۇيۇلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن ئۈستىگە ئازراق ياغ قۇيۇپ، قاچىغا ئېلىنىدۇ.

(7) سەيلەر

سەيلەر — ئاشپەزچىلىكىمىزنىڭ خۇرۇجى مول، خىللىرى كۆپ بولغان چوڭ تۈرى بولۇپ، پىشۇرۇش ـ تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: دۈملىمە سەيلەر، قورۇما سەيلەر، سوغۇق سەيلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

دۈملىمە سەيلەر: ئاشپەزلىك مەشغۇلاتىدا سەيلەرنىڭ بەزىسى بىراقلا دۈملىنىدۇ، بەزىسى باشقا ئۇسۇللاردا يېرىم تەييارلىنىپ، ئاندىن دۈملىنىدۇ، بەزىسى قاسقانغا سېلىپ بىۋاستە دۈملىنىدۇ. بەزىسى كوزا ياكى قاچىدىكى باشقا خۇرۇج سۇيۇقلۇقىغا چېلىنىپ، ئاندىن قازاندا ۋاستىلىك دۈملىنىدۇ. بەزىسى دۈملەپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن پارچىلاپ تىزىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىسى خام ۋاقتىدا تەخسىگە تىزىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن دۈملىنىدۇ. ئەمما، ھەممىسى دۈملەپ (بۇسلاپ) پىشۇرۇش ئىش تەرتىپىدىن ئۆتمەي قالمايدۇ. مۇشۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەيلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «دۈملىمە سەيلەر» دەپ ئاتايمىز.

دۈملىمە سەيلەرنىڭ خىلى كۆپ بولۇپ، ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: گۆش دۈملىمىلىرى (مەسىلەن، دۈملىمە گۆش، دۈملىمە توخۇ، دۈملىمە قىيما، دۈملىمە بېلىق..)، ھايۋان ئەزالىرى دۈملىمىلىرى (مەسىلەن، دۈملىمە پاچاق، دۈملىمە جىگەر، دۈملىمە ھېسىپ..)، كۆكتات دۈملىمىلىرى (مەسىلەن، دۈملىمە چەيزە، دۈملىمە پەمىدۇر..)، مېۋە دۈملىمىلىرى (مەسىلەن، دۈملىمە بېھى، دۈملىمە نەشپۈت..) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

دۇملىمە سەيلەر سۈلۈق، يۇمشاق پىشىدۇ، ئاسان سىڭىدۇ.

**قورۇما سەيلەر:** قورۇما سەي ئاشپەزچىلىكىمىزدە خېلى تەرەققىي قىلغان تۈر بولۇپ، ئۇلارنى خورۇچلىرى ھەر خىل، تەمى پەرقلىق بولسىمۇ، «قورۇپ پىشۇرۇش» تىن ئىبارەت ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئومۇملاشتۇرۇپ «قورۇما سەي» دەپ ئاتايمىز.

قورۇما سەيلەرنى ئاساسىي خورۇچ خىللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: گۆش قورۇمىلىرى، تۇخۇم قورۇمىلىرى، كۆكتات قورۇمىلىرى، مېۋە قورۇمىلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە، تەركىبىدىكى ئاساسىي خورۇچلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ: ئاددىي قورۇما (مەسىلەن، گۆش قورۇمىسى، جىگەر قورۇمىسى، تىل قورۇمىسى..)، مۇرەككەپ قورۇما (مەسىلەن، ئەبجەش قورۇما، گۆش ـ لازا قورۇما..) قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە، سۇ ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە قاراپ: سۈلۈق قورۇما (مەسىلەن، قورداق، لەڭمەن قورۇمىسى..)، سۇسىز قورۇما (مەسىلەن، قازان كاۋىپى، تۇخۇم قورۇمىسى..) قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. قورۇمىلار مەززىلىك، تەملىك بولۇپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**سوغۇق سەيلەر:** سوغۇق سەيلەر خورۇجى پىشۇرۇلغان ـ پىشۇرۇلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوغۇق ھالەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاساسىي خورۇچلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: گۆشلۈك سوغۇق سەيلەر ۋە كۆكتات سوغۇق سەيلەر دەپ ئايرىلىدۇ؛ خورۇچىنىڭ پىشۇرۇلغان ـ پىشۇرۇلمىغانلىقىغا قاراپ: پىششىق سوغۇق سەيلەر ۋە خام سوغۇق سەيلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. پىششىق سوغۇق سەي تەييارلاشتا ئاۋۋال خام ماتېرىيال (مەسىلەن، گۆش، قېرىن، تۇخۇم قاتارلىقلار) پىشۇرۇپ سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن نېپىز ياپىلاقلاپ توغرىلىدۇ، خام سوغۇق سەي تەييارلاشتا تەرخەمەك، پەمىدۇر، سەۋزە، تۇرۇپ قاتارلىق ماتېرىياللار يۇيۇپ پاكىزلانغاندىن كېيىن نېپىز ياپىلاپ ياكى قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ، ئاندىن ئاچچىقسۇ، سىركە، ياغلازا، سامساق قاتارلىق قوشۇمچە خورۇچلار سېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

سوغۇق سەيلەر ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، مەيدىگە ئارام بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



### 3. ناۋايلىق

ناۋايلىق خوتەن رايونىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە قول ھۈنەر تۈرىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەتمەكچى»، «ناۋاي»، «تونۇر» دېگەن سۆز-لەر ۋە «نان ياقتى» دېگەن مىساللار بېرىلگەن. «ئەتمەكچى»، «ناۋاي» سۆزلىرى خام ماتېرىيالىنى قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىش ئارقىلىق «غىزا تەييارلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاشپەز بىلەن ناۋاي-نىڭ ھەر ئىككىسى غىزا تەييارلىغۇچى بولسىمۇ، ناۋاينىڭ ئاشپەزدىن تۈپ پەرقى، ناۋاي قازاننى ئەمەس، تونۇرنى غىزا تەييارلاش ۋاستىسى قىلىدۇ. باشقا رايونلاردىكى خەلقنىڭ « خوتەنلىكلەر سۆيۈقئاشتىن باشقىسىنى تونۇردا پىشۇرىدۇ» دېگەن زوقلىنىش، قايىل بولۇش بىلدۈرۈشى، بۇ رايوندا تونۇرنى غىزا تەييارلاش ۋاستىسى قىلىش-نىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ناۋايلىق ئەڭ كەڭ ئومۇ-مىيلاشقان كەسىپ بولۇپ، چوڭ شەھەرلەردىن تارتىپ، يېزا ـ بازارلارغا قەدەر، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسىدە ناۋايخانىلار بولۇپ، چوڭ يول بويلىرىدا، كەنتلەردىكى كوچا دوقمۇشلىرىدا، ھەتتا قەرەللىك سەيلە ـ تاۋاپ بولۇپ تۇرىدىغان جايلاردىمۇ ناۋايخانىلار ئۇچرايدۇ.

ناۋايلىقنىڭ كەسىپلىشىشىمۇ بىر قەدەر ئىنچىكە، ناۋايلاردىن خىلى كۆپلىرى مەخسۇس گۆشگىردە، دامان، سامسا، پەرمۇدە، كاك-چا، ياغلىق توقاچ ياكى زاغرا يېقىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەخسۇس كاسىنا (زاكاز) ياقىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئاياللار بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ئايالارنىڭ كۆپ قىسمى نان يېقىشنى بىلىدۇ ۋە ئادەت-تىكى ئەھۋالدا ئۆز ئائىلىسىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان ناننى قولۇم ـ قوشنا ئايالار ئۆز ئارا ياردەملىشىپ يېقىپ تەييارلايدۇ.

#### 1) ناۋايلىق سايمانلىرى

ناۋايلىق تونۇر تائاملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسىپ بولۇپ، تونۇر تائاملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا تونۇر ئاساسىي ۋاستە قىلىن-ىدۇ. ناۋايلىقتا تونۇردىن باشقا يەنە ئۇنتاختا، نانتاختا، پەشخۇن، كەزنە، يەڭلىك (رېپىدە)، تۇكۇچ (تۇكچا)، تارغاق (تاراق)، نانگال،

زىخ، چوقال، كەتمەن قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**تونۇرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۈرى:** ھەر قانداق تونۇر، تونۇر گەۋدىسى، داپخۇن، تونۇر سۇپىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. تونۇر گەۋدىسى ئىچكى دىۋارى پىتىنقىراق ھالەتتە بولغان كېسىك كونۇس شەكلىدە ياسىلىدۇ. تونۇرنىڭ ياسىلىشى ماتېرىيالىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

**شور تونۇر:** پاكىز ھۆل توپا ياكى قۇمدا كېسىك كونۇس شەكلىدە قېلىپ ياسالغاندىن كېيىن، سوقۇلغان شور بىلەن تونۇر قىزىلى (كونا تونۇر شورى) ئارىلاشتۇرۇلۇپ لاي يۇغۇرۇلۇپ قېلىپ سىرتىغا چاپلاش، بىر ئاز قۇرىغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى قېلىپ توپىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچكى دىۋارىنى سۈرۈپ سىلىقلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**كۇلال تونۇر:** سۇپەتلىك سېغىز لايدىن شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، خۇمداندا پىشۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**خىش تونۇر:** ئادەتتىكى پىششىق خىش ياكى ئوتقا چىداملىق خىشنى لاي بىلەن تىزىپ شەكىلگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**شالالىق تونۇر:** بۇ، ئادەتتىكى تونۇر تېگىگە شالا ئورنىتىلىپ، ئىككى داپخونلۇق ياسىلىدىغان تونۇر بولۇپ، كۆمۈر قالاشقا باب كېلىدۇ.

**ئوچاق تونۇر:** داپخۇندىن ئوت قالاشقا ۋە ئۈستىگە قازان ئېسىپ تاماق ئېتىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسالغان تونۇر بولۇپ، بىر قېتىم ئوت قالاش ئارقىلىق ھەم تاماق ئەتكىلى، ھەم تونۇرنى قىزىتىپ نان ياققىلى بولىدۇ. بۇ خىل تونۇر ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**مەش تونۇر:** بۇ، ئوچاق تونۇرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، كۆپىنچە ئۆي ئىچىگە ياسىلىدۇ. داپخۇننىڭ قارشى تەرەپ يۇقىرىسىدىن ئىس تۆشۈكى چىقىرىلىپ مورا ياكى كانايغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق تونۇرنى ئىشلەتكەندە ھەم تاماق ئېتىش، ھەم نان يېقىش، ھەم ئۆينى ئىسسىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**كۆچمە تونۇر:** بۇ، قول ھارۋىسى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تونۇر بولۇپ، ھارۋا ئۈستىدىكى تەگلىك ئوتتۇرىسىغا تونۇر، تونۇر ئەتراپىغا سۇپا ياسىلىدۇ. قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ خالىغان يەرگە يۆتكەپ بېرىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق تونۇر سەييارە ناۋاي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەپيارە كاۋاپچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە باب كېلىدۇ.

شور تونۇر ماتېرىيالى ئاددىي، ياساش ئاسان، چىدامىلىق بولۇپ، كەسپىي ناۋايلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. تونۇرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم يوق، ئېھتىياجىغا قاراپ ياسىلىدۇ.

**داپخۇن:** تونۇر ئاستى ئىچكى دىۋارىدىن تونۇر سۇپىسى سىرتىغا تۆتىشىدىغان ھاۋا يولى بولۇپ، تونۇرغا ئوت قالاش ۋە داپلاشتا ھاۋا يۈرۈشتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**تونۇر سۇپىسى:** تونۇر گەۋدىسىنىڭ سىرتىغا توپا تۇشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان سۇپا بولۇپ، ھەم تونۇر گەۋدىسىنى ئاسراش، ئىسسىقلىق ساقلاش، ھەم ناۋاينىڭ پائالىيەت ئورنى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۇنتاختا:** قېلىن تاختايدىن ياسىلىدۇ، خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**نانتاختا:** چوڭ تاختاي بولۇپ، نان راسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پەشخۇن:** چوڭ تاختاي بولۇپ، قومۇرۇلغان نانلارنى قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**گەزنە:** تۈز سىۋەت سىرتىغا پاختا سېلىپ، سىرتىدىن پاكىز رەختتە ئوراپ تىكىلگەن، ئۈك يۈزى كۆپۈكى شەكلىدە، كەينى يۈزىدە يانچۇقى بولغان يۇمىلاق بۆيۈم بولۇپ، راسلانغان ناننى تونۇر دىۋارىغا يېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يەڭلىك (رېپىدە):** بۆز گىلەم پارچىسىدىن ياكى باشقا رەختلەردىن تىكىلگەن خالتا شەكىللىك بۆيۈم بولۇپ، كۆپىنچە زاغرا نان يېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆكۈچ (تۆكچا):** ئىككى خىل بولىدۇ، پەي تۆكۈچ — توخۇنىڭ قاناتى، قۇيرۇق پەيلىرىنى پاكىز يۇيۇپ پەي يىلتىزىنى تەكشى قىلىپ تۇغۇپ ياسىلىدۇ. ياغاچ تۆكۈچ — تېرەك ياغىچى بىر بېشى چوڭ، بىر بېشى ئىنچىكە قىرىلغاندىن كېيىن، چوڭ بېشىنىڭ توغرا كەسمە يۈزىگە ئىنچىكە سىم توغراندىلىرىنى تەكشى قېقىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تۆكۈچ يان يۈزىگە گۈل چېكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تارغاق:** چىلان ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان كىچىك تارغاق بولۇپ، نان گىرۋەكلىرىگە گۈل چېكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**نانگال:** يۇز لۆڭگىسى چوڭلۇقىدىكى رەخت پارچىسى بولۇپ، خۇيلاپ پىشۇرۇلىدىغان نانلار خۇيلىنىپ بولۇپ، قىزارتىلىش ئالدىدا تونۇر ئىچى دىۋارىنى بويلاپ چۆرۈپ، نان يۈزىنى شامالدىتىپ قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**زىخ:** دىئامېتىرى ئالتە مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولغان تۆمۈر زىخچە بولۇپ، چوڭ بېشىدا ياغاچ تۇتقۇچ، كىچىك بېشىدا ئۇچلۇق ئەگمە تىغى بولىدۇ. تونۇردىن نان قومۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چوقال:** دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر ئەتراپىدىكى تۆمۈر چىۋىقنىڭ بىر ئۇچىغا ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 10 × 20 سانتىمېتىر بولغان نېپىز تۆمۈردىن تىغ ئورنىتىپ ياسالغان سايمان بولۇپ، تونۇردىكى چوغنى يىغىش ـ يېيىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كەتمەن:** ئادەتتىكى كەتمەن بولۇپ، تونۇردىن چوغلارنى ئېلىش ياكى تونۇرغا چوغ سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**2) نان تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى**

نان خېمىرى مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تونۇر دىۋارىغا يېقىپ ئوڭ يۈزى چوغ تەپتىدە، تەتۈر يۈزى تونۇر گەۋدىسى ھارارىتىدە قىزدۇرۇپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. نانلار يېڭى ۋاقتىدا مەززىلىك، يۇمشاق، سىڭىشلىك بولۇش، قۇرۇتۇلسا ئۇزاققىچە سۇپىتى ئۆزگەرمەسلىك، چىلانسا ئاسان يۇمشاشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شورپىلار، سەيلەر، ھالۋىلار، سۈت ـ قېتىقلار، مۇراببا ـ شەربەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇپ، ناچار شارائىتتا قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇ بىلەنلا ئىستېمال قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

نانلار ئاساسىي خۇرۇچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئاقنان (بۇغداي نېنى)، تېرىق نېنى، ئارپا نېنى، جۆۋەندە نان، زاغرا نان (قوناق نېنى) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قوشۇمچە خۇرۇچلىرى ۋە شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ قىيمىلىق نانلار ۋە قىيمى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـىز نانلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر قانداق ئاشلىق-
نىڭ ئۇنىدىن قىيمىلىق ۋە قىيمىسىز نانلارنى ياققىلى بولىدۇ.

(1) قىيمىلىق نانلار

قىيمىلىق نانلار خېمىر ئارىسىغا قىيما ئېلىپ پىشۇرۇلىدىغان نان بولۇپ، شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

گۆشگىردە: ئاق ئۇننىڭ پېتىر خېمىرىدىن جىلىت ئېچىلىدۇ، قوي ياكى كالا گۆشى ۋە دۇمبىياغ بىلەن پىيازدا تەييارلانغان قىيما چىلىتكە سېلىنىپ يۇمىلاق تۈگۈلىدۇ، قولدا يېقىپ خۇيلاپ پىشۇ-رۇلىدۇ. نان تېگى ياپىلاق، يۈزى كۆپۈنكى ھالەتتە پىشىپ چىقىدۇ. كۆركەم، شەربەتلىك، مەززىلىك، قۇۋۋەتلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئالا-ھىدە ياخشى كۆرىدۇ.

سامسا: خېمىردىن جىلىت ئېچىلىپ، قىيما سېلىنىپ، ئۈچ، تۆت ياكى بەش بۇرجەك شەكىلدە ياپىلاق تۈگۈلۈپ، قولدا يېقىلىدۇ. سامسا خېمىرىنىڭ ئۆرلىتىلگەن ـ ئۆرلىتىلمىگەنلىكىگە قاراپ: پېتىر سامسا، بولاق سامسا دەپ ئايرىلىدۇ. قىيما ئاساسىي خۇرۇ-چىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: گۆش سامسىسى، ياغ سامسى-سى، مېغىز سامسىسى، تۇخۇم سامسىسى، كۆك سامسىسى، شېكەر سامسىسى، كاۋا سامسىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

پەرمۇدە: چالا ئۆرلىگەن خېمىردىن جىلىت ئېچىلىپ، قىيما سېلىنىپ جۇۋاۋا شەكىلدە تۈگۈلىدۇ، ئاندىن ئالقانغا قويۇپ تۈگۈل-گەن تەرىپىدىن بارماقتا سىقىپ، دولقۇنسىمان شەكىلگە كەلتۈرۈ-لۈپ، ئاچچىقسۇدا ئېرىتىلگەن شۆلتا سۈيىگە تەگكۈزۈپ تونۇرغا يې-قىلىدۇ. چۈرۈك، پارقىراق، تەملىك بولىدۇ.

قىيمىلىق قاتلىما نان: ئۆرلىتىلگەن خېمىرنى يېيىپ نېپىزلى-تىپ، قىيما سېلىپ تۈرمەلىنىدۇ، ئاندىن تۈرمەل چەيلىنىپ، قىيما خېمىرغا تەكشى ئارىلاشقاندا زۇۋۇلا ئۈزۈپ نان راسلاپ، تو-كۈچ ئۇرۇپ تونۇرغا يېقىلىدۇ. قاتلىما نان قىيمىسىنى گۆشتىن تەييارلىسىمۇ، چىگىردەكتىن تەييارلىسىمۇ، ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان كۆكتاتتىن تەييارلىسىمۇ بولىدۇ.

**قىيمىلىق زاغرا:** قوناق ئۇنى خېمىرىدىن زوۋۇلا ئۇزۇلۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك قىلىنىپ، قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ، ئاندىن ياپىلاقلاپ يېقىلىدۇ. زاغرا نان قىيمىسىنى گۆش، چىگىردەك، ياڭاق مېغىزى، كاۋا قەلەمچىسى قاتارلىق خۇرۇچلارنىڭ ھەر قاندىقىدىن تەييارلاش مۇمكىن.

**(2) قىيمىسىز نانلار**

خېمىر ئارىسىغا قىيما ئېلىنماي پىشۇرۇلىدىغان نانلارنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ قىيمىسىز نانلارغا تۇزدىن ئۆزگە ھېچقانداق خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قىيمىسىز نانلارنى يېقىشتا راسلاپ تەييارلانغان نان يۈزىگە كۈنجۈت، سىيادان قاتارلىق ياغلىق دانلار، پىياز، كۈدە قاتارلىق كۆكتات قىيمىلىرى ياكى سوقۇلغان زاراڭزا چېچەكى قاتارلىق رەڭ بەرگۈچى، تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلار سۈركىلىدۇ. زاغرا نان خېمىرىغا كاۋا قەلەمچىسى، توغرالغان پىياز، شوخلا ياكى قىرىپ سوقۇلغان كۆكۋاش، قوناق دېنى قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نان يۈزى رەڭدار بولىدۇ. مەلۇم خۇش پۇراقتا ئىگە قىلىنىپ، مەززىلىك تەمى كۈچەيتىلىدۇ.

قىيمىسىز نانلار ئاساسىي خۇرۇچلىرى ۋە نان شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ توۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىشكە بولىدۇ.

**شىرمەننان:** خېمىر تۇرۇچ (ئالاھىدە ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ) سېلىنغان خېمىردىن بىر جىڭلىقتىن زوۋۇلا ئۈزۈلۈپ، گىرۋىكى ئۈچ سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسى بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا راسلىنىپ يېقىلىدۇ، كۆركەم، تەملىك بولىدۇ.

**گىردە نان:** چىڭراق يۇغۇرۇپ ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن ئالتە سەرلىكتىن زوۋۇلا ئۈزۈلۈپ، چۆرىسى قېلىن، ئوتتۇرىسى بىر بارماق توملۇقىدا ئويمان قىلىپ راسلىنىپ يېقىلىدۇ. گىردىنىڭ يەنە بىر خىلى دامان بولۇپ، ئۇنىڭ زوۋۇلىسى چوڭراق، ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچاق ئۈچ بارماق توملۇقىدا بولىدۇ.

**ياغلىق توقاچ:** خېمىرى سۈتكە ياغ قويۇپ يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن بەش سەرلىكتىن زوۋۇلا ئۈزۈلۈپ، گىرۋىكى ئىككى سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسى 1.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا

راسلىنىپ يېقىلىدۇ. ياغلىق توقاچنىڭ يەنە بىر خىلى سەپەر توقچى بولۇپ، خۇرۇچى ياغلىق توقاچنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ئەمما، زۇۋۇلا كىچىكرەك (ئىككى سەرلىكتىن) ئۈزۈلىدۇ.

ياغلىق توقاچ يۇمشاق، مەززىلىك بولۇپ، مېھمان كۈتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. سەپەر توقچى قۇرۇتۇلۇپ، سەپەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۇغا سالسىلا يۇمشايدۇ.

**بىجاق نان:** ئۆرلىتىلگەن خېمىرغا يەنە ئۇن، سۇ قويۇپ ياشلىغاندىن كېيىن تۆت-بەش سەرلىكتىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ كاكچا نان قېلىنلىقىدا راسلىنىپ يېقىلىدۇ. يۇمشاق، چۇرۇك، مەززىلىك بولىدۇ.

**ھەمەك نان:** چىڭراق يۇغۇرۇپ ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن 1.5~2 جىڭلىقتىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، 1~1.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا چوڭ راسلىنىپ يېقىلىپ، سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ھېيت ـ بايراملىق ئەنئەنىۋى چوڭ نېنى بولۇپ، دەستىلەپ تىزىلىپ، ئۈستىگە ياغلىق توقاچلار قويۇلىدۇ.

**كاكچا نان:** ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ چۆرىسى 0.5 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسى ئۇنىڭدىنمۇ نېپىزرەك راسلىنىپ يېقىلىدۇ. كاكچا ناننىڭ ئۆي نېنى، پېتىر نان، بازار نېنى دېگەندەك تۈرى بولۇپ، بازار نېنى (بازار نېنى «ناۋاي نېنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كاكچا ناندىن قېلىنراق، ئۆي نېنى ئۇنىڭدىنمۇ قېلىنراق بولىدۇ. بۇ، «تومنان» ياكى «توقاچنان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پېتىر نان پېتىر خېمىردىن بازار نېنىغا ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. كاكچا نان تونۇردا قۇرۇتۇپ ئېلىنىدۇ. ئۇزاق ساقلانسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. بازار نېنى، ئۆي نېنى ۋە پېتىر نان كاكچا ناندىن يۇمشاق، مەززىلىك بولسىمۇ، ئۇزاق ساقلاشقا بولمايدۇ. قىسقا مۇددەتتە ئىستېمال قىلىپ تۈگىتىلىدۇ.

**جۇۋەندە نان (ئەبجەش نان):** ئاق ئۇن بىلەن قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئۆرلىتىلگەندىن كېيىن سەككىز سەرلىكتىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، 1.5~2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا راسلىنىپ يېقىلىدۇ.

**شالغۇت نان:** بۇمۇ ئارىلاش ئۇننى خۇرۇچ قىلىپ يېقىلىدىغان نان

بولۇپ، بۇغداي بىلەن پۇرچاق ياكى ئارپا بىلەن قوناق تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۇن تارتىلىدۇ. بۇنداق ئۇن «شالغۇت ئۇن»، شالغۇت ئۇندىن يېقىلغان نان بولسا «شالغۇت نان» دەپ ئاتىلىدۇ. شالغۇت نان كۈندىلىك ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، قەنت سىيىش كېسىلى بارلار ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

**زاغرا نان:** قوناق ئۇنى خېمىرىدىن (سوغۇق سۇدا قول بىلەن يۇغۇرۇلغان زاغرا نان خېمىرى، زاغرا ناننى يېيىشلىك، چايغا تۇگۇرسە ياكى چىلاپ قويسىلا يۇمشاق بولىدىغانلىقى بىلەن، ئالاھىدە قارشى ئېلىنغان) بەش سەر چوڭلۇقتا زوۋۇلا ئوزۇلۇپ، قوناق ئۇنىدا پوخۇنلىنىپ يېقىلىدۇ (خېمىر ئۆرلىتىلمىسىمۇ بولىدۇ). شورپا، قېتىق ۋە قورداق بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىشقا باب كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز تونۇر مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇھىم تۈرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە نانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. سەنئەتخۇمار خەلقىمىز نانلارنىڭ مەززىلىك، يېيىشلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن نانلارنى تەملىك، كۆركەم، چىرايلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ.

**تەمى جەھەتتە:** گۆش بىلەن ياغ، گۆش ـ ياغ بىلەن پىياز، كۈدە قاتارلىق كۆكتاتلار، قىيمىنىڭ ئاساسىي خۇرۇجلىرى بىلەن ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەر مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەر خىل تاماقلار ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، گۆشگىردىدە گۆش بىلەن دۇمبە ياغ شەربەت ھاسىل قىلسا؛ سامسا، قىيمىلىق قاتلىما، پەرمۇدىدە چاۋا ياغ بىلەن گۆش خېمىرغا سىڭىپ كېتىدۇ؛ گىردە نانلار قېلىن يېقىلغاچقا، نان تېگى قاتتىق، چۇرۇك، نان يۈزى بولكىغا ئوخشاش يۇمشاق، پوۋەكلىك بولۇپ، كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىسا؛ ياغلىق توقاچلاردا سۈت، ياغ تەمى گەۋدىلىنىدۇ. قىيمىلىق زاغرىلاردا گۆش، چىگىردەك ياكى ياڭاق قىيمىلىرى ئارقىلىق؛ قىيمىسىز زاغرىلاردا بولسا توغرالغان كاۋا، پەمىدۇر، كۆكۈاش، قوناق دېنى ياكى پىياز قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خۇرۇچلار ئارقىلىق قوناقنىڭ يىرىك تالالىق، ماي تەركىبى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق يېتەرسىزلىكىنىڭ ئورنى تولدۇرۇپ كېتىلىدۇ.

رەڭگى جەھەتتە: ئوتنى تەڭشەش ۋە خۇرۇچ ئىشلىتىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، نانلار كۆركەملىككە ئىگە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، گۆشگىردە يېقىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈزىگە سۇ پۈركۈلىدۇ. سامسىنى يېقىشتىن بۇرۇن يۈزى سۇغا چېلىنىدۇ. گىردە ناننىڭ يۈزىگە شىرنە سۈيى ياكى سۇ ئۇرۇلىدۇ. خۇيلىنىپ بولغاندىن كېيىن داپخۇننى ئېچىپ، ئوتنى يېلىنجىتىپ نان يۈزى قىزارتىلىدۇ. چۆرىسى ئاق بولىدۇ. ئەسلىدە سۇ ئۇرۇلغاچقا يەنە پارقىراقلىقا ئىگە بولىدۇ، يەنى ئاق ئىچىدە قىزىل، قىزىل ئىچىدە پارقىراقلىق بولۇشتەك سەنئەت قىممىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ. گىردە، توقاچلارنىڭ يۈزىگە كۈنجۈت، سىيادان بىرىلىدۇ. نان پىشقاندا ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق ئارىلىشىپ كەتكەن جۇلالىق كۆرۈنۈش پەيدا بولىدۇ. كاكچا تۇردىكى نانلارنىڭ يۈزىگە كۈنجۈت، زاراڭزا چېچىكى، ئۇششاق توغرالغان كۆدە ياكى پىياز سۈركەش ئارقىلىق ئاق ئىچىدە سېرىق، كۆك توچكىلار بولۇشتەك رەڭدارلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

شەكلى جەھەتتە: گۆشگىردە كۆپتۈرمە شەكلىدە، سامسىلار ھەر خىل بۇرجەكلىك ياپىلاق شەكىلدە، گىردە ـ دامانلار ئېگىزلىك قورشاۋىدىكى ئويمان شەكلىدە پىشۇرۇلۇپ، تۇرلۇك گېئومېتىرىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنىدۇ. گىردە، دامانلارغا تارغاق ياكى تۈكۈچ چېكىش، شىرمەننان، جىرىس نانلارغا پىچاقتا سىزىقچە سىزىش، ياغلىق توقاچلارنىڭ گىرۋىكىنى چىمدىپ قىر چىقىرىش، كاكچا نانلارغا تۈكۈچ چېكىش ئارقىلىق نان يۈزى نەقىشلىنىدۇ ھەم ئوچاق ـ تونۇرلاردا ئۆرلەپ ئېقىپ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

دېمەك، ناۋايچىلىقىمىزدا مەزمۇن بىلەن شەكىل، ئىستېمال قىممىتى بىلەن سەنئەت قىممىتى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ قىممەت قارىشى، سەنئەت قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشى ئاش ـ تاماق مەدەنىيىتىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

### 3) ناۋايلىق مەشغۇلاتى

نان يېقىشتا ئاۋۋال ئوتۇن ياكى كۆمۈر قالاپ تونۇر قىزىتىلى-

دۇ. ئوت قالغاندا تونۇر دىۋارى ئاۋۋال قارىيىدۇ، تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەنسېرى ئاقىرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن تونۇر ئاقارتىش دېيىلىدۇ، ئازدىن داپخۇن ئېتىلىپ (شالالىق تونۇرلاردا شالا ئېغىزىمۇ ئېتىلىدۇ)، تونۇر دىۋارىغا شاكىراب تۇز ئۇرۇلۇپ، تونۇر ھاۋىسى تەڭشىلىدۇ. نان تۈرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك، يېقىش، پىشۇرۇش ئۇسۇللىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. گۆشگىردە، گىردە، دامان قاتارلىق نانلارنى يېقىشتا، تونۇردىكى چوغنىڭ بىر قىسمى ئېلىۋېتىلىدۇ. قېپقالغان چوغ تونۇر ئوتتۇرىسىغا يىغىلىپ، ئۈستىگە بىر ئاز سۇ چېچىلىپ، ئوت يېلىنجاشتىن توختىتىلىدۇ.

نانىنىڭ ئۈك يۈزى سوغۇق سۇغا چۆكۈرۈلۈپ، ئاندىن تونۇر دىۋارىغا قولدا بىر باشتىن رەتلىك چاپلىنىدۇ (نان يېقىلىپ بولغاندا نان يۈزىگە سۇ ئۇرۇلىدۇ). نان تولۇق يېقىلىپ بولغاندا تونۇر ئاغزى ھەم ئېتىلىپ 20~25 مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلىنىدۇ. ئاندىن داپخۇن بىلەن تونۇر ئاغزى ئېچىلىپ، نەملەنگەن نانگال تونۇر ئىچكى دىۋارىنى بويلاپ ئىككى مىنۇت ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تونۇر ئىچىدىكى ھور چىقىپ كېتىپ، ئوت يېلىنجايدۇ، تېمپېراتۇرا ئۆرلەيدۇ، نان يۈزى قېتىشىدۇ. بۇ چاغدا تونۇردىكى چوغ دۆۋىسى يېيىتىلىپ يېلىنجىتىلىدۇ. چوغ ئاز بولسا لاخشى[1] سېلىنىدۇ. نان يۈزى تولۇق قىزارغاندا قومۇرۇۋېلىنىدۇ.

سامسا ۋە پەرمۇدە يېقىشتا چوغ ئېلىۋېتىلمەيدۇ. سامسىنىڭ ئۈك يۈزى سۇغا چىلانغاندىن كېيىن قولدا يېقىلىدۇ، ئاندىن تونۇر ئاغزى ئېتىلىپ، 15 ~ 20 مىنۇت خۇيلىنىدۇ.خۇيلىنىپ بولغاندا داپخۇن بىلەن تونۇر ئاغزى ئېچىلىپ، ئوتنى يېلىنجىتىش ئارقىلىق نان يۈزى سۇس قىزارتىلىدۇ. سامسىنى يېقىپ خۇيلىماي پىشۇرۇپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق سامسا «شاكال سامسا» دېيىلىدۇ.

ياغلىق توقاچ، قاتلىما، ھەمەك نان ۋە كاكچا نانلار بىردەك گەزنىدە يېقىلىدۇ. يۈزىگە سۇ ئۇرۇلمايدۇ. كاكچا نانلارنىڭ كەينىگە ساما قىلىپ (ئاندا ـ مۇندا تۇز ئۇرۇلۇپ) يېقىلىدۇ. خۇيلانماي ئۇدۇل-

---

①لاخشى: كەسىپ تىلىدا «چوغ». چوغنى چوقچىلايدىغان سايمان نامى — «لاخشىگىر» مانا شۇ تۈپ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان.

www.uyghurkitap.com



لىۋق پىشقىنى ئۇدۇللۇق قومۇرۇۋېلىنىدۇ. ياغلىق توقاچ، قاتلىما، ھەمەك نانلارنى يېقىشتىن بۇرۇن، بىردەم كاكچا نان يېقىپ، تونۇر ھاۋىسى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە نان كەينىگە ساما قىلىنماي، چىمدىپ قىر چىقىرىپ يېقىلىدۇ. بۇ خىلدىكى نانلارنى قىسقا مۇددەت خۇيلىسىمۇ، خۇيلىماي پىشۇرۇپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

جوۋەندە نان، زاغرا نانلار قوناق ئۇنىدا قوغۇنلىنىپ (پۇخۇنلىنىپ) يەڭلىك (رېپىدە) ئۈستىگە قويۇپ ياپىلاقلانغاندىن كېيىن چىمدىپ ئىز چىقىرىپ يېقىلىدۇ، 20~30 مىنۇت خۇيلاپ ئاندىن داپخۇن بىلەن تونۇر ئاغزىنى ئېچىپ قىزارتىپ پىشۇرۇلىدۇ. قۇرۇتۇپ ئېلىنماقچى بولسا، تونۇردا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇلىدۇ، بولمىسا ئۇدۇللۇق پىشقىنى ئۇدۇللۇق قومۇرۇۋېلىنىدۇ.

## 4. گۈلخان تاماقلىرى

گۈلخان تاماقلىرى گۈلخان چوغى ياكى قوقاسقا كۆمۈپ ياكى قاقلاپ پىشۇرۇلغان، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي تاماق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. گۈلخان تاماقلىرىنى پىشۇرۇشتا ئوتۇن ياكى قۇرۇق مايا ق- تېزەكلەر يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. گۈلخان تاماقلىرىنى خۇرۇجلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: كۆك دان تاماقلىرى، كۆمەچلەر ۋە قاقلىما ناندىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىشكە بولىدۇ. كۆك دان تاماقلىرى بىۋاستە چوغقا قاقلاش ياكى كۆمۈش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. كۆمەچلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىۋاستە قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاز بىر قىسمى ۋاستىلىك ھالدا قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

### 1) گۈلخان تاماقلىرىنى پىشۇرۇش سايمانلىرى

گۈلخان تاماقلىرىنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاشقا ئادەتتە كاساڭ (تەڭنە)، پىچاق قاتارلىق سايمانلار، بەزى تۈرلىرىنى پىشۇرۇشقا كۆمەچدان ئىشلىتىلىدۇ.

كۆمەچدان: بۇ، تاۋىغا ئوخشاش تۈز تەگلىك چۆيۈن قۇيما قازان بولۇپ، تاۋىدىن كىچىكرەك ئەمما چوڭقۇرراق بولىدۇ، يەنى دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، تۆت تەرىپىدە قۇلىقى بولىدۇ. كۆمەچدان تۈۋىقىنىڭ گىرۋىكى سەل ئې-

گىزرەك بولۇپ، كۆمەچدانغا كۈل كىرىپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**2) گۈلخان تاماقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى**

**(1) كۆك دان تاماقلىرى.** بۇ، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ كۆك باشقىنى گۈلخانغا قاقلاپ ياكى كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرى بولۇپ،چۇرۇچ، قاقلىما كۆكۋاش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**چۇرۇچ:** بۇ، ئوبدان دان تۇتقان، لېكىن دېنى قاتمىغان ئارپا باشاقلىرىدىن تەييارلىنىدىغان تاماق بولۇپ، ھەر 10 تال ئارپا باشىقى بىر باغلام قىلىپ قوقاسقا كۆمۈپ ئېتىلغۇچە پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن گۈلخاندىن ئېلىنىپ، بىر ئاز ۋاقىت ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇۋۇلاش، تاسقاش ئارقىلىق ئارپا دانلىرى ئايرىۋېلىنىدۇ. مانا بۇ «چۇرۇچ» دېيىلىدۇ. چۇرۇچ كۆپىنچە بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. قىسمەن ھاللاردا گۆش ياكى كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان شورپىغا سېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۇرۇچنى يەنە كۆك لوۋىيا، كۆك سېرىق پۇرچاق باشاقلىرىنى قوقاسقا كۆمۈش ئارقىلىقمۇ تەييارلاش مۇمكىن.

**قاقلىما كۆكۋاش:** بۇ، كۆممىقۇناقنىڭ ياخشى دان تۇتقان كۆكۋاشلىرىدىن تەييارلىنىدۇ. قاقلىما كۆكۋاش قوناق باشىقىنىڭ پوستى سويۇپ تاشلىنىپ، چوغقا تاشلاپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تەكشى سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر تۈرى كۆممە كۆكۋاش بولۇپ، قوناق باشىقىنىڭ بىر ـ ئىككى قەۋەت ئىچكى پوستى قالدۇرۇلۇپ، گۈلخانغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. كۆك دان تاماقلىرىدىن ھازىر كۆپ قىسمى ئائىلىدە ئىستېمال قىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. پەقەت قاقلىما كۆكۋاشلار بازاردا سېتىلىدۇ، شۇنداقلا كۆپىنچە كاۋاپدان قوغىچى (چوغى) ئۈستىدە قويۇلۇپ، زىخ كاۋىپى پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا پىشۇرۇلىدۇ.

كۆك دان تاماقلىرى پۇرىقى كۈچلۈك، مەززىلىك بولۇپ، ئىشتىھانى قوزغايدۇ. لېكىن، پەسىل چەكلىمىسى ۋە خام ئەشيا چەكلىمىسىدىن كۆپ مىقداردا تەييارلىغىلى بولمايدۇ.

**(2) كۆمەچلەر.** بۇ، ئاق ئاشلىق ياكى قارا ئاشلىق ئۇنلىرىدىن

www.uyghurkitap.com



خېمىر يۇغۇرۇپ، قوقاستا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۇرىدۇر.

«كۆمەچ» سۆزى «كۆم-ئاچ» ياكى «كۆممە ئاش» سۆزلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى سەۋەبلىك ھازىرقى تەلەپپۇز شەكلىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆمەچلەرنى ماتېرىيال ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكى تۇرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

كۆمەچدان كۆمىچى: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇتكە تۇز قويۇلىدۇ، ئاندىن بىر جىڭ قوناق ئۇنى، 0.5 جىڭ ئاق ئۇن ۋە 0.5 جىڭ ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ چىلىنىپ قويۇق شىرە قىلىنىدۇ. شىرىگە ياۋا كۇدە قىيمىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. گۇلخاننىڭ ئوتتۇرىسى ئېچىلىپ كۆمەچدان تەكشىلەپ قويۇلۇپ، تۆت سەر سىرىقماي سىلىنىپ تاۋلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر چۆمۈچ خام قايماق سىلىنىپ ئېرىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەييارلانغان شىرە ئاستا قويۇلۇپ، كۆمەچدان ئۇشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن تۇۋاق بەش مىنۇت يېپىپ قويۇلىدۇ. شىرە يۈزى تەكشىلىنىپ، سەل ـ پەل قېتىشقاندا تۇۋاق ئېچىلىپ شىرە ئۇستىگە نېپىز بىر قەۋەت خام قايماق، بىر قەۋەت سىرىقماي سىلىنىپ تۇۋاق ئېتىلىدۇ ۋە قوقاسقا ئاۋايلاپ كۆمۈلۈپ 45~60 مىنۇت دۇملىنىدۇ (ۋاقىتنى ئىگىلەشتە ۋىژىلدىغان ئاۋاز توختىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ)، ئاندىن قوقاس ئاۋايلاپ ئېچىلىپ، كۆمەچدان گۇلخاندىن چىقىرىلىدۇ. تۇۋاق ئېچىلىپ بىردەم قويۇلىدۇ. كۆمەچ يېرىم ھەسسە سوۋۇپ، يۇس چىقىپ بولغاندا كۆمەچدان ئۇستىگە كۆمەچ تاختىسى يېپىلىپ، كۆمەچدان دۇم قىلىنىپ كۆمەچ تاختاي ئۇستىگە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ھەر خىل شەكىلگە كېسىپ تەخسىگە تىزىلىدۇ.

كۆمەچدان كۆمىچى رەڭگى سېرىق، پۇۋەكلىك، مەززىلىك بولىدۇ. سىرىقماي، سۇت، كۇدە ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ، ئوزۇنلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ. سوغۇقتىن بولغان بەل، پۇت ئاغرىقلىرىغا روشەن شىپا قىلىدۇ.

بىغىر كۆمەچ: جىگەر، بۆرەك يېغى، ياۋا كۇدە ئۇششاق توغرىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ. زىرە، قارىمۇچ قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بىر

ئۆلۈش بوغداي ئۇنى، بىر ئۆلۈش قوناق ئۇنى ۋە يېرىم ئۆلۈش ئارپا ئۇنى تۇزى تەڭشەلگەن سۇتكە قويۇلۇپ بوشراق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، ئاندىن خېمىر ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ بىرسى چوڭراق، بىرسى كىچىكرەك بولغان چەمبىرەك شەكلىدە قېلىن يېيىلىدۇ. گۈلخان ئوتتۇرىسى ئېچىلىپ، كۆمەچدان ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بەش سەر سېرىقماي، ئىككى سەر خام قايماق سېلىنىپ قىزدۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە خېمىرنىڭ چوڭ پارچىسى سېلىنغاندىن كېيىن، قىيما سېلىپ تەكشى يېيىتىلىدۇ، ئاندىن كىچىك چەمبىرەك خېمىر قىيما ئۈستىگە يېپىلىپ، تەگلىك خېمىر چەتلىرى ياپما خېمىر ئۈستىگە قاتلىنىپ بېسىلىدۇ، ئاخىرىدا ئازراق شىرە تەييارلىنىپ، ئىككى پارچە خېمىرنىڭ تۇتاشقان جايلىرىغا قويۇلۇپ، چاك ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇۋاق يېپىلىپ، گۈلخانغا كۆمۈپ 30 ~ 35 مىنۇت خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. بېغىر كۆمەچنىڭ قېلىنلىقى كۆمەچدان كۆمىچىنىڭكىدىن 15 سانتىمېتىر نېپىز (10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسىمۇ) بولىدۇ. كۆمەچ پىشقاندا يېرىم ھەسسە سوۋۇتۇلۇپ، كۆمەچ تاختىسىغا چۈشۈرۈپ كېسىپ يېيىلىدۇ.

بېغىر كۆمىچى پۇۋەكلىك، يۇمشاق، مەززىلىك، قۇۋۋىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**سوقتا كۆمەچ:** بوغداي ئۇنىغا ئاز مىقداردا يۇمشاق قوناق ئۇنى قوشۇپ قاتتىق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ (خېمىر تۇرۇچ سېلىنمايدۇ). خېمىرغا ئۇششاق توغرالغان كۇدە°، پىياز ۋە تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كىچىك زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا جىلىت ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جىلىتلار ئارقا ـ ئۆرۈش كەلتۈرۈلۈپ دەستىلەپ تىزىلىدۇ. ھەر بىر قەۋەت ئارىسىغا يېرىك ئۇندىن ياكى سوقۇلغان مېغىز، ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن پۇخۇن (قۇغۇن) ياكى قىيما بىرىلىدۇ. مۇشۇ رەۋىشتە 6~9 قەۋەت تىزىپ چىقىلىدۇ. ئاخىرىدا بىر زۇۋۇلا خېمىردىن ئۇزۇن تاسما شەكىللىك جىلىت ئېچىلىپ، كۆمەچنىڭ چەتلىرىگە يۆگەپ ئاستى ـ ئۈستىگە قاتلاپ چاك ئېتىلىپ، قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. كۆمەچ پىشقاندىن كېيىن قوقاستىن چىقىرىپ پۇۋلەپ سۈرتۈپ پاكىزلىنىدۇ ۋە بىر قەۋەت ـ بىر قەۋەتتىن سويۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوقتا كۆمەچ قۇۋۋەتلىك بولۇپ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ.

قىيما كۆمەچ: گۆش، ياغ، پىياز قاتارلىقلار ئۇششاق توغرىلىدۇ، پىياز چانىلىدۇ. تەم تەڭشىگۈچى دورىلار سېلىنىپ، تۇزى تەڭشىلىپ، ئازراق سۇ قۇيۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قىيمىنى ھەر خىل مېغىزلاردىن تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇغداي ئۇنىدىن پىتىر خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا جىلىت ئېچىلىپ، قىيما سېلىنغاندىن كېيىن، تۆت بۇرجەك، چەمبىرەك ياكى يېرىم چەمبەرەك شەكلىدە تۈگۈپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

قىيما كۆمەچ شەربەتلىك، ئالاھىدە تەملىك، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ.

تونۇر كۆمىچى: بۇ، بۇغداي ئۇن خېمىرىدا ئېتىلىدىغان قىيمىلىق كۆمەچ بولۇپ، قىيمىسى قىيما كۆمەچنىڭكىگە ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. لېكىن كۆمەچ شەكلى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلى باشقىچىرەك، يەنى بۇغداي ئۇنىدىن يۇغۇرۇلغان پىتىر خېمىردىن بەش سەر ئەتراپىدا زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، چەمبىرەك شەكلىدە جىلىت ئېچىلىدۇ. جىلىتنىڭ تەڭ يېرىمىغا قىيما سېلىنىدۇ. قالغان يېرىمى قىيمىنىڭ ئۈستىگە قاتلاپ يېپىلىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن چەمبەر ياپسىنىڭ ئاستى قات خېمىرى ئۈستىگە قاتلىنىپ، ياپىلىق خېمىرىغا چىمدىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. يېرىم چەمبەر شەكلىدە تۈگۈپ تەييارلانغان خام كۆمەچ تونۇر تېگىدىكى قوقاس ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇلۇپ خۇيلىنىدۇ. كۆمەچنىڭ ئاستى قوقاس ھارارىتىدە، ئۈستى يۈزى تونۇر ھارارىتىدە قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل نان كەسىپ تىلىدا، شۇنداقلا خەلق تىلىدا بىردەك تونۇر كۆمىچى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوقاسقا كۆمۈلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى «قاقلىما كۆمەچ» دەپ ئاتىسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

تۇخۇم كۆمىچى: مۇۋاپىق مىقداردىكى توغرالغان پىياز ياغدا داغلاپ سارغايتىلىدۇ. بىر نەچچە دانە تۇخۇم چېقىلىپ تەكشى قوچۇلىدۇ، ئاندىن پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ. ئاق ئۇندا يۇغۇرۇلغان پىتىر خېمىردىن جىلىت ئېچىلىپ قىيما سېلىنغاندىن كېيىن پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكلىدە تۈگۈپ قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. بۇنداق كۆمەچكە خام تۇخۇم قىيما قىلىنغاچقا، تۇخۇم خېمىرغا تەك-

شى سىڭىدۇ، كۆمەچ رەڭگى ساپسېرىق، كۆركەم بولىدۇ.

**مېغىز كۆمچى:** ياڭاق مېغىزى سوقۇلىدۇ، پىياز ئۇششاق چانىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ، ئاندىن قىيما كۆمەچ تۇگۈش ئۇسۇلىدا تۇگۈلۈپ قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. مېغىز كۆمەچنى ئۆرلىتىلگەن خېمىردىنمۇ، پېتىر خېمىردىنمۇ ئەتكىلى بولىدۇ.

**بۇغداي ئۇنى كۆمچى:** بۇ، ئاق ئۇن خېمىرىدىن پىشۇرۇلىدىغان قىيمىسىز كۆمەچ بولۇپ، خېمىر ئۆرلىتىلگەن بولسا « بولاق كۆمەچ»، ئۆرلىتىلمىگەن بولسا «پېتىر كۆمەچ» دېيىلىدۇ. خېمىر ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياپىلاقلىنىپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل كۆمەچلەرنى پىشۇرۇش ئاسان، ۋاقىت تېجەشلىك بولىدۇ. ئەمما، تەستە ھەزىم بولىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**قوناق ئۇنى كۆمچى:** بۇ، قوناق ئۇنى خېمىرىدىن پىشۇرۇلىدىغان كۆمەچ بولۇپ «پوكو»، «پوكاي» دېيىلىدۇ. قىيما سېلىنغان ياكى سېلىنمىغان بولۇشىغا قاراپ، «قىيمىلىق قوناق ئۇنى كۆمچى»، «قىيمىسىز قوناق ئۇنى كۆمچى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قىيما ئادەتتە گۆش، ياغ، چىگىردەك ياكى مېغىزلارنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ، پىياز ۋە تەم تەڭشىگۈچى دورىلار سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكي قوناق ئۇنى كۆمچى بولسۇن شار شەكلىدە راسلىنىپ، ئاندىن سەل ياپىلاقلىنىپ، ئېللىپىس شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قوقاسقا كۆمۈلىدۇ.

قوناق ئۇنى كۆمچىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان، ۋاقىت تېجەشلىك بولىدۇ. بىر قەدەر ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

**(3) قاقلىما نان.** قاقلىما نانمۇ گۇلخان تاماقلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، كۆمەچلەرگە ئوخشاش چوغ ـ قوقاسلارغا كۆمۈپ ئەمەس، بەلكى گۇلخان چوغلىرىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل نانلاردىن ھازىر ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى ئىككى تۈرلۈك.

**چوغ پوشكىلى:** ئاق ئۇنغا تۇخۇم چېقىپ، ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ناھايىتى نېپىز جىلىت ئېچىلىدۇ، ئاندىن يېڭى چۇشكەن ئوتۇن چوغى تەكشى يېيىتىلىپ، پوشكال جىلىتى چوغ ئۈستىگە ئاۋايلاپ سېلىپ چوغ ھارارىتىدە قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوغ پوشكىلى ناھايىتى چىرايلىق، مەززىلىك بولىدۇ.

تاش كۆمەچ: گۈلخان تېگىگە يۈزى تەكشى بولغان ياپىلاق تاش سېلىنىپ، ئۈستىگە ئوت قالاپ قىزدۇرۇلىدۇ. ئاق ئۇن خېمىردىن (ئۆرلىتىلگەن خېمىر ياكى پېتىر خېمىر بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ) چەمبەر ياكى پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىلدە نان راسلىنىدۇ، ئالدىن گۈلخاندىكى تاش يۈزى ئېچىلىپ، پۈۋلەپ پاكىزلىنىدۇ ـ دە، راسلاپ قويۇلغان نان خېمىرى تاش ئۈستىگە قويۇلىدۇ. 10~15 مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر يۈزى ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. بۇنداق پىشۇرۇلغان نان كول ـ تويىدىن خالىي، مەززىلىك بولىدۇ.

تاش ھارارىتىدە پىشۇرۇلىدىغان بۇنداق نان تىلىمىزدا «تاش كۆمەچ» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گۈلخانغا كۆمۈلمەستىن، بەلكى تاشقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى «تاش قاتلىمىسى» دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

## 5. كاۋاپچىلىق

كاۋاپ خەلقىمىزنىڭ گۆشنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرىدىغان ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى بولۇپ، تەملىك، مەززىلىك، يۇمشاق، قۇۋۋەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خوتەنلىكلەرنىڭ كاۋاپچىلىق ئەنئەنىسى بەكمۇ قەدىمى بولۇپ، بىر قىسىم كاۋاپ تۈرلىرى خوتەندىن باشقا رايونلارغا تارقالغان. ھازىر مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەر خىل كاۋاپلار قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە. «كاۋاپچى» دېگىنىمىز «كاۋاپ ئەتكۈچى» دېگەن مەنىنى، «كاۋاپچىلىق» بولسا «كاۋاپ ئېتىش كەسپى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كاۋاپچىلىقنىڭ ئاشپەزلىك ۋە ناۋايلىقتىن پەرقى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئاشپەزلىكتە ئۇن، گۆش، كۆكتاتلار؛ ناۋايلىقتا ئۇن ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنسا، كاۋاپچىلىقتا گۆش ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاشپەزلىكتە قازان، ناۋايلىقتا تونۇر ئاساسىي ۋاستە قىلىنسا، كاۋاپچىلىقتا كاۋاپدان، كەسكۈ، تونۇر، تاۋا، قازان، گۈلخان قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ.

**1) كاۋاپچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

خوتەنلىكلەرنىڭ كاۋاپچىلىقىدا قوي، ئۆچكە گۆشلىرى ۋە بۇلارنىڭ جىگەر، بۆرەك، ئۈچەي قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرى؛ بېلىق ۋە ئۆي قۇشلىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئۇچار قۇش گۆشلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. شىرە، ياغ، تۇز، زەجىۋە، قارىمۇچ، زىرە، قىزىلمۇچ قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار؛ تونۇر، كاۋاپدان، زىخ، يەلپۈگۈچ، تاۋا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**شىرە:** بۇ، تۇخۇم سېرىقى، ئاق ئۇن ياكى قوناق ئۇنى ۋە تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، زىرە پاراشوكى قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلار قوشۇپ تەييارلىنىدىغان دوغاپ بولۇپ، تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى قىلىنىدىغان گۆشلەرنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ.

**ياغ:** بۇ، ئادەتتىكى سۇ يېغى بولۇپ، تاۋا كاۋاپلىرى ۋە قورۇما كاۋاپلارنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇز (پاراشوك تۇز):** شىرىسىز كاۋاپلارغا سېپىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**قارىمۇچ، زىرە:** بۇلار سوقۇپ تالقانلىنىدۇ، ھەر خىل كاۋاپلارغا سېپىپ تەم تەڭشەش ۋە خۇش پۇراق كىرگۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىلمۇچ:** سوقۇلغان قۇرۇق قىزىلمۇچ بولۇپ، بىر قىسىم كاۋاپلارنى تەييارلاشتا تەم تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تونۇر:** بۇ، شەكلى ۋە ياسىلىشى نان تونۇرىغا ئوخشاش، ئەمما چوڭقۇرلۇقى 130~100سانتىمېتىر كېلىدىغان تونۇر بولۇپ، پۈتۈن قوي كاۋاپلىرىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياقما كاۋاپ، تىكلىمە كاۋاپ، ئاسما كاۋاپلارنى پىشۇرۇشقا ئادەتتىكى نان تونۇرى ياكى كۆچمە تونۇر ئىشلىتىلىدۇ.

**كاۋاپدان:** بۇ، قاڭالتىردىن ياسالغان، مەخسۇس زىخ كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ: ئوتخانا، چوغدان، كۈلدان، پاچاق قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوتخانا ئاستى تار، ئۈستى كەڭ، چېلەك شەكلىدىكى قۇرۇلما بولۇپ، ئوت قالاپ، چوغ چۇشۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ. چوغدان كەڭلىكى 12~15 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 10~12 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80~100 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان قوغاچ شەكىللىك

www.uyghurkitap.com



قورۇلما بولۇپ، باش تەرىپى ئوتخانىغا تۇتىشىدۇ. قۇيرۇق تەرىپى ئۇچۇق بولىدۇ. ئاستى دىۋارىدا ئۇششاق تۆشۈكچىلەر بولۇپ، كۈل چۈشۈرۈۋېتىش، ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چوغدان كاۋاپدانىدىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەك بولۇپ، زىخ كاۋىپى چوغدان ئۈستىگە تىزىپ پىشۇرۇلىدۇ. كۈلدان چوغداننىڭ ئاستىغا بېكىتىلىدىغان قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ، شەكلى چوغدانغا ئوخشىشىدۇ، ئۈستۈنكى ئېغىزى چوغدان ئاستىغا تۇتاش ياسىلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چوغدان تۆشۈكلىرىدىن چۈشكەن كۈلنى قاچىلاش، چوغدان تېگىگە ھاۋا يۇرۇشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. پاچاق كاۋاپدانىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى بۆلەك بولۇپ، ئوتخانا ئاستى ۋە چوغدان قۇيرۇقىدا بىر جۈپتىن بولىدۇ، ئېگىزلىكى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

مورىلىق كاۋاپدان: بۇ، كۆپ ئىقتىدارلىق كاۋاپدان بولۇپ، چوغدان، كۈلدان قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى يۇقىرىقىغا ئوخشىشىدۇ. ئوتخانا قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپرەك، ئوتخانىسى چوڭراق بولىدۇ. ئوتخانا تۆرىگە تۆمۈر تاختايدىن ياسالغان ساماۋار ئورنىتىلىدۇ. ئوتخانا سىرتىدا سۇ قاچىلاش ئېغىزى ۋە قايناقسۇ جۈمىكى چىقىرىلىدۇ. ساماۋار كەينى تەرەپ ئۈستىگە ئىس يولى چىقىرىلىپ، كاناي بېكىتىلىدۇ. ساماۋار ئۈستىدىن مەلۇم بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ، تۆمۈر تاختايدىن ئوچاق سۇپىسى ياسىلىدۇ. سۇپىنىڭ كەينى تەرەپ يۈزىگە ئوچاق چىقىرىلىپ قازان ئېسىلىدۇ. سۇپىنىڭ ئوچاق ئالدى يۈزىگە بىرقانچە چەينەك ئوچىقى چىقىرىلىدۇ. چەينەك ئوچاقلىرى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، تېگى پۈتەي، چوڭقۇرلۇقى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوچاق سانى بىرنەچچە ياكى ئون نەچچە بولۇپ، چەينەك شورپىسى قايناتقىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

مورىلىق كاۋاپدانلاردا ئوتۇن ياكى كۆمۈر چوغلىرىدىن زىخ كاۋىپى پىشۇرۇلىدۇ. ئوت يالقۇنى ۋە چوغ تەپتىدىن پايدىلىنىپ چاي قايناتقىلى، چەينەك شورپىسى پىشۇرغىلى، تاماق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق كاۋاپدانلار بەزىدە «ساماۋەر كاۋابدان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مورىلىق كاۋاپداندا ئېنېرگىيەدىن تولۇق پايدىلانغىلى، چىقىمنى تېجە-

گىلى بولىدۇ.

**گۈلخان كاۋاپدىنى:** بۇ، قاقلىما كاۋاپ پىشۇرۇشقا خاس بولغان كاۋابدان بولۇپ، تەگلىك ۋە قاسقاندىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. تەگلىك دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تۆمۈر چەمبىرەككە پاچاق ئورنىتىپ ياسالغان سايمان بولۇپ، قاسقاننى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. قاسقان دىئامېتىرلىرى بىر بىرىدىن بىر سانتىمېتىر چوڭ بولغان بىرقانچە تۆمۈر چەمبىرەكنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، بىرنەچچە جايدىن تۆمۈر ۋاخنا ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئەڭ سىرتقى چەمبەر دىئامېتىرى تەگلىك دىئامېتىرىدىن چوڭراق بولىدۇ.

**كەسكۈ:** بۇ، چەمبىرەك كاۋىپى پىشۇرۇشتا، يالپاقلانغان گۆشلەردىن چەمبىرەك كېسىشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، قېلىنراق قاڭالتىردىن سىلىندىر شەكلىدە ياسىلىدۇ. سىلىندىرنىڭ ئاستىنقى گىرۋىكىگە ئۆتكۈر بىس چىقىرىلىدۇ. بىس چەمبىرىكىنىڭ دىئامېتىرى ئادەتتە تۆت سانتىمېتىر بولىدۇ.

**تەگلىك تاختاي:** تەكشى رەندىلەنگەن ياغاچ تاختاي بولۇپ، كەسكۈدە چەمبىرەك گۆش كېسىشتە تەگلىك قىلىنىدۇ.

**زىخ:** بۇ، كاۋاپ قىلىنىدىغان گۆشنى تىرەپ تۇرۇش ياكى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، كاۋاپ تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. پۈتۈن قوي كاۋاپ زىخى تۆمۈر، يۇلغۇن ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 150 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چوڭ بېشىدىن 25 سانتىمېتىرلىق جايىدا بىر تال قارماق ياكى ئاچىسى بولۇپ، قوي گۆشىگە زىخ ئۆتكۈزۈلگەندە، گۆشنى تىرەپ تۇرۇش، گۆشنىڭ تونۇر تېگىگە تېگىپ قېلىشىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئاسما كاۋاپ زىخى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تېگىدە تۆمۈردىن ياسالغان چەمبەر شەكىللىك تاپانلىقى بولىدۇ. گەۋدىسىدە تۆت ياكى بەش قەۋەت تۆمۈر قارماق بولۇپ، ھەر قەۋەتتە سىممېترىك جايلاشقان تۆت تال قارمىقى بولىدۇ. تىكلىمە كاۋاپ زىخى ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ياپىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق تۆمۈر زىخ بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى



لۈپ، تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ كاۋاپ پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. زىخ كاۋاپ زىخى تىكلىمە كاۋاپ زىخىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چوك بېشىدا كىچىك ياغاچ دەستىسى بولىدۇ.

يەلپۈگۈچ: نېپىز، كىچىك بىر پارچە تاختاينى ھالقا سىمدا دەستىگە ئېلىپ ياسىلىدۇ، دەستىنى تۇتۇپ يېنىك ئايلاندۇرغاندا °360 ئايلىنىدۇ. زىخ كاۋىپى ئېتىشتە چوغداندىكى ئوتنى يالقۇنجىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تاۋا: چۆيۈندىن قۇيۇلغان سىلىندىر شەكىللىك قازان بولۇپ، دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 13 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تېگى تۈز بولۇپ، گەۋدە ۋە تۇۋاقتىن تۈزۈلىدۇ. تاۋا كاۋاپلىرىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**2) كاۋاپ تۈرى، ئالاھىدىلىكى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلى**

كاۋاپلارنى پىشۇرۇش ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى، تاۋا كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ، قورۇما كاۋاپ، قاقلىما كاۋاپ، داغلىما كاۋاپ قاتارلىق يەتتە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**(1) تونۇر كاۋاپلىرى.** تونۇرنى ۋاستە قىلىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋابلار بولۇپ، پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: تىكلىمە كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ ۋە ياقما كاۋاپ دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. تونۇر كاۋاپلىرىغا بىر دەك شىرە بېرىلىدۇ. شىرە تەييارلاشتا ئاق ئۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ئۈچ سەر ئاق ئۇنغا بەش دانە تۇخۇم سېرىقى، زەجىۋە، قارىمۇچ، زىرە تالقانلىرىدىن بەش مىسقالدىن، بەش سەر تۇز تەييارلىنىدۇ، ئاندىن تۇخۇم سېرىقى قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز سۇ، تۇز ۋە باشقا خۇرۇچ تالقانلىرى چېلىنىپ قوچۇپ قويۇقراق دوغاپ قىلىنىدۇ. شىرە كاۋاپ قىلىنىدىغان گۆش مىقدارىغا ئاساسەن يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە ئېگىلەپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ، كاۋاپقا تەم ۋە خۇش پۇراق كىرگۈزۈش، كاۋاپ سىرتقى يۈزىنى كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

تىكلىمە كاۋاپ: بۇ، گۆشكە ئۆتكۈزۈلگەن زىخ تونۇر گەۋدىسىگە

تىرەپ قويۇپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپ ۋە پارچە تىكلىمە كاۋاپ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپ:** بۇ، گۆشلەرنى پارچىلىماي، پۈتۈن ھالەتتە تونۇرغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكە، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن قوي (ئۆچكە) سويۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. قان داغلىرى سۈرتۈپ تازىلىنىدۇ. زىخنىڭ كىچىك ئۇچى قوينىڭ تۆش بوشلۇقى ۋە قۇيرۇق بوشلۇقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، گۆش يۈزىگە تۇز چېچىپ، بىر ئاز شامالدىتىلىدۇ، ئاندىن گۆشنىڭ پۈتۈن يۈزىگە شىرە سۈركىلىپ، قىزىتىلغان، ئەمما چوغلىرى ئېلىۋېتىلگەن (بىر قېتىمدا بىر نەچچە قوي گۆشى كاۋاپ قىلىنماقچى بولسا، چوغ ئېلىۋېتىلمەيدۇ) تونۇرغا زىخ ئۇچى يۇقىرىغا تىكلەپ سېلىنىدۇ ۋە دەرھال داپخۇن بىلەن تونۇر ئاغزى بۇس قاچمىغۇدەك دەرىجىدە ھىم ئېتىلىدۇ. بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا دۈملەنگەندىن كېيىن (بىر نەچچە قوي بىراقلا كاۋاپ قىلىنغاندا تېخىمۇ ئۇزۇنراق دۈملىنىدۇ) تونۇردىن ئېلىپ پارچىلىنىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، قوينىڭ كاللىسى بىلەن كاۋاپ قىلىشقا ۋە شۇ پېتى داستىخانغا چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ، خەلقىمىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى كاۋاپ تۈرى بولۇپ، رەڭگى سېرىق، تېشى چۇرۇك، ئىچى يۇمشاق، مەززىلىك بولىدۇ.

**پۈتۈن باچكا كاۋپى:** كەپتەر، باچكىلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىنىپ تاشلىنىپ، تۆش تەرىپى يېرىلىدۇ. شىرىگە چىلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، تۆش گۆشلىرى ۋە قانات ـ پاچاقلىرى ئىككى يانغا، ئومۇرتقىسى ئوتتۇرىغا قىلىنىپ، قانات ئاستىدىن زىخ ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن زىخلار تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ تونۇر ئېغىزى بىلەن داپخۇن ھىم ئېتىلىپ خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئادەتتە بىر زىخقا ئۈچتىن-تۆتكىچە باچكا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىر قېتىمدا نەچچە ئون باچكا كاۋاپ قىلىنىدۇ. زىخ تىكلىنىشتىن بۇرۇن تونۇر دىۋارى بىلەن چوغ ئۈستىگە ئازراق تۇز ئۇرۇلۇپ، تونۇر ھاۋىسى تەڭشىلىدۇ. چوغ مىقدارى باچكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئىگىلىنىدۇ. باچكا كاۋپى چۇرۇك، مەززىلىك بولۇپ، كۆپىنچە ئاسما توخۇ كاۋپى بى-

www.uyghurkitap.com



لەن بىللە پىشۇرۇلىدۇ.

پارچە تىكلىمە كاۋاپ: بۇ قوي، ئۆچكىنىڭ لوق گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، گۆش ئىككى بارماق چوڭلۇقىدا يالپاقلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىت شىرىگە چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ پىشۇرۇلىدۇ. پارچە تىكلىمە كاۋاپ ئادەتتە كاكچا ياكى سامسا يېقىلىۋاتقان تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ، خۇيلانمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇدۇللۇق كەلگەن مېھمانغا ئۇدۇللۇق پىشۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئاسما كاۋاپ: بۇ، تاپانلىق زىخ قارماقلىرىغا ئېسىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكە ياكى توخۇ ـ ئۆردەك گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلىدۇ.

ئاسما قوي كاۋىپى: قوي گۆشى سۆڭەكلىرى بىلەن بىللە بىر ئىككى جىڭلىقتىن پارچىلىنىپ ئۇستىگە شىرە بېرىلىدۇ، ئاندىن قارماقلارغا ئېلىنىپ تونۇرغا سېلىنىپ، 80 مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئاسما توخۇ كاۋىپى: توخۇ گۆشى ئۇستىگە شىرە بېرىلىپ (مەلۇم ۋاقىت شىرىگە چىلاپ قويۇلسا تېخىمۇ ياخشى) قارماقلارغا ئېلىنىپ، تونۇرغا سېلىنىپ 70 مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاسما توخۇ كاۋىپى بىلەن تىكلىمە باچكا كاۋىپى كۆپىنچە بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ، يەنى تاپانلىق زىخ تونۇر ئوتتۇرىسىغا تىكلىنىپ توخۇ كاۋىپى، كىچىك زىخ تونۇر چەتلىرىگە تىكلىنىپ، باچكا كاۋىپى پىشۇرۇلىدۇ. تاپانلىق زىختا بىر قېتىمدا 15 ~ 20 توخۇ كاۋىپى پىشۇرۇشقا بولىدۇ. ئۆردەك كاۋىپى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاسما توخۇ كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئاسما كاۋاپلارنىڭ قاقلىنىش يۈزى چوڭ بولغانلىقتىن گۆش تولۇق سىڭىپ پىشىدۇ. چورۇك، يېيىشلىك بولىدۇ.

ياقما كاۋاپ: بۇ، قىزدۇرۇلغان تونۇر دىۋارىغا نان ياققانغا ئوخشاش يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئۆچكىنىڭ لوق گۆشلىرى ئىشلىتىلىدۇ. لوق گۆش ئالقان چوڭلۇقىدا، بارماق قېلىنلىقىدا يالپاقلىنىدۇ. بىر يۈزىگە شىرە سۈركىلىدۇ (شىرە بې-

رىلمەي، تۇز بىلەن دورا - دەرمەك سېپىلىدۇ)، ئاندىن تونۇر دىۋالىرىغا يېقىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا خۇيلاپ پىشۇرۇلىدۇ. چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

تونۇر كاۋىپى زور تۈركۈمدە پىشۇرۇشقا باب كېلىدىغان، پايدا نىسبىتى يۇقىرى بولغان كاۋاپ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

**(2) زىخ كاۋاپلىرى.** گۆش توغراملىرىنى دەستىلىك زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپدان ئۈستىگە تىزىپ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ تۈرى بولۇپ، گۆش بىلەن قۇيرۇق ياغ باش بارماقنىڭ يېرىمىچىلىك چوڭلۇقتا 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياپىلاپ توغرىلىپ، بىر زىخقا تۆت تال گۆش، بىر تال ياغ ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كاۋاپدانىنىڭ ئوتخانىسىغا چۈشكەن چوغ قوغاچقا تارتىلىپ تەكشى يېيىتىلىپ، زىخلار قوغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا تىزىلىدۇ ھەمدە ئۈستىدىن يەلپۈگۈچتە يېنىك يەلپۈپ، چوغ يالقۇنجىتىلىدۇ، گۆش ئۈستىگە ئاق تۇز سېپىلىدۇ. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن زىخلار ئۆرۈلۈپ، گۆشنىڭ ئىككىنچى يۈزى پىشۇرۇلىدۇ، كاۋاپ پىشىشقا ئاز قالغاندا زىرە، قارىمۇچ تالقىنى سېپىلىدۇ. خېرىدار ئىختىيار قىلسا، ئۇۋاق قىزىلمۇچ سېپىلسىمۇ بولىدۇ.

زىخ كاۋىپىنىڭ «شىرە كاۋاپ»، «قىيما كاۋاپ»، «پوستۇمبە كاۋاپ»، «جىگەر كاۋىپى»، «ئۈچەي كاۋىپى»، «بۆرەك كاۋىپى»، «تال كاۋىپى» دېگەن تۈرلىرىمۇ بولۇپ، بۇلارنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش. پەرقلىرى شۇكى، شىرە كاۋاپ ئېتىشتە زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشكە شىرە بېرىلىدۇ، قىيما كاۋاپ ئېتىشتە گۆش ئۇششاق چانىلىپ، پۇرچاق ئۇنى، تۇخۇم، تۇز، قارىمۇچ تالقىنى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ، ئاندىن قىيما كۇمىلاچ قىلىنىپ ياكى نوكچا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ «سوقما كاۋاپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پوستۇمبە كاۋاپ قويرۇقنىڭ يۇڭى قىرىۋېتىلىپ تېرىسى پاكىزلانغاندىن كېيىن زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدۇ. جىگەر كاۋىپى ئېتىشتە، جىگەر توغرالمىسى يۇمشاق چانالغان پىيازغا مىلىنىدۇ، ئاندىن تۇز، پاراشوكى بىلەن ئۇن ئارىلاشمىسىغا مىلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇچەي كاۋىپى ئېتىشتە، پاكىز يۇيۇلغان ئۇچەي ئىسسىق شۇلتا ئېرىتىمىسىگە بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى سائەت ئەتراپىدا چىلاپ كۆپتۈرۈلىدۇ. چايقاپ يۇيۇلۇپ، ئۈچ سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغرىلىدۇ، ئاندىن چىلانغان پۇرچاق ئۇنى، چانالغان سۈگپىياز، زەنجىۋىل، ئاچچىقسۇ ئارىلاشمىسىغا چىلانغاندىن كېيىن زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ. تال كاۋىپى ئېتىشتە، ياغ ۋە جىگەر ئۇششاق توغراپ قىيما قىلىنىدۇ. تالنىڭ يان تەرىپىدىن ئىچىگە قارىتىپ پىچاقتا تۆشۈك ئېچىلىپ قىيما سېلىنىدۇ، ئاندىن زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

زىخ كاۋىپى مەززىلىك، تەملىك، قۇۋۋەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇدۇللۇق كەلگەن مېھمانغا ئۇدۇللۇق ئېتىپ بېرىشكە، ھەر كىمگە ئۆزى ياقتۇرىدىغان تۈردىكى كاۋاپنى ئېتىپ بېرىشكە ۋە ئۆزى خالىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى سېلىپ بېرىشكە بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى خېرىدارلىق كاۋاپ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

**(3) تاۋا كاۋاپلىرى.** ياغنى ۋاستە قىلىپ، تاۋا ھارارىتىدە قىزدۇرۇپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ تۈرى بولۇپ، مال گۆشىدىمۇ، بېلىق گۆشىدىمۇ ئېتىلىدۇ.

مال گۆشىدىن تاۋا كاۋىپى ئېتىشتە مال گۆشى بارماق قېلىنلىقىدا يالپاقلاپ توغرىلىپ ياكى سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ بەش سەر چوڭلۇقتا پارچىلىنىپ، چانالغان پىياز، زىرە، قارىمۇچ تالقىنى سېپىلىدۇ، ئاندىن ئۇنغا مىلەپ ئېلىپ، ئازراق ياغ قۇيۇپ قىزىتىلغان تاۋىغا سېلىپ خۇيلىنىدۇ. بىر تەرىپى پىشقاندىن كېيىن يەنە بىر تەرىپى پىشۇرۇلىدۇ. تەخسىگە ئېلىش ۋاقتىدا خېرىدارنىڭ خاھىشى بويىچە تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى سېپىشكە بولىدۇ. يۇمشاق، تەملىك بولىدۇ.

**بېلىق تاۋا كاۋىپى:** بۇنىڭدا بېلىقنىڭ قاسىرىقى، ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، قاناتلىرى قىرقىۋېتىلىپ، پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن تاۋىغا ئازراق ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ، بېلىق قارنى يېرىلىپ ياغقا سېلىنىدۇ. بىر تەرىپى پىشىپ بولغاندا ئۆرۈپ قارشى يۈزى پىشۇرۇلىدۇ ھەم دورا دەرمەك سېپىپ تەخسىگە ئېلىنىدۇ.

تاۋىدا پىشۇرۇلغان بېلىق كاۋىپى چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

**(4) كۆممە كاۋاپ.** گۇلخانغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي تاماقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆممە كاۋاپ ئېتىشتە، قوي ياكى ئۆچكە قېرىنىنىڭ باش تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، تىۋىت يۇزى سىرتىغا ئۆرۈلۈپ پاكىز يۇيۇپ قايتا ئۆرۈلىدۇ. قوي گۆشى ئىككى سەر چوڭلۇقتا (لېكىن سۆڭەكلىرى چېقىلماي، بەدىنىدىن كېسىپ ئاجرىتىپ سېلىنىشى شەرت) توغرىلىپ، تۇز، زىرە، كاۋاۋىچىن تالقىنى، توغرالغان سامساق ۋە پىياز ئارىلاشتۇرۇپ، قېرىن ئىچىگە سېلىنىدۇ ۋە قېرىن ئاغزى مەھكەم بوغۇلىدۇ، ئاندىن گۇلخاننىڭ قوقاسلىرىغا كۆمۈلۈپ، ئىككى-ئۈچ سائەت ياكى ئۈنىڭدىنمۇ ئۇزاق دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ خىل كاۋاپ «گۇلخان كاۋىپى» ياكى «قېرىن كاۋىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۆممە كاۋاپ يۇمشاق، تەملىك بولىدۇ. شورپىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئەمما قېرىنىنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىنمايدۇ. ھازىر بۇ خىل كاۋاپ كۆپىنچە دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**(5) قورۇما كاۋاپ.** قازاننى ۋاستە قىلىپ، ئۇلۇغ ئوتتا تېز قورۇپ ئېلىنىدىغان كاۋاپ بولۇپ، ئۇنى ئېتىشتە، قوينىڭ لوق گۆشى بارماق چوڭلۇقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىپ، چىلانغان پۇرچاق ئۇنى، تۇخۇم، تۇز ۋە ئۇششاق چانالغان پىياز ئارىلاشمىسىغا چىلاندىغاندىن كېيىن، قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ داغلاپ ئېلىنىدۇ، ئاندىن قىزىتىلغان ياغ يۇقى قازانغا پىياز، قىزىل مۇچ سېلىنىپ، تېز تېز قورۇلۇپ، ئارقىدىنلا گۆش سېلىپ قورۇلىدۇ. تەخسىگە ئېلىش ئالدىدا زىرە تالقىنى سېلىنىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ گەرچە قازاندا قورۇلسىمۇ، كاۋاپ تەمى قورۇما تەمىنى بېسىپ چۈشىدۇ. رەڭگى سېرىق، گۆشى يۇمشاق، زىرە ھىدى كۈچلۈك بولىدۇ.

**(6) قاقلىما كاۋاپلار.** بىۋاستە چوغقا تاشلاش ياكى مەلۇم ۋاسىتىلەر يادىمىدە چوغقا قاقلاش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. مال گۆشى ۋە ئىچكى ئەزالىرى ، بېلىق گۆشى، باچكا گۆشى، قۇشقاچ، جىگدىچى گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قاقلىما كاۋاپ قىلىشقا بولىدۇ. كاۋاپ قىلىش داۋامىدا تۇزلىنىپ، دورا ـ دەرمەك سېپىلسىمۇ، پىشۇرۇپ

www.uyghurkitap.com



بولغاندىن كېيىن، تۇزغا تۆگۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.

قاقلىما كاۋاپلار پىشۇرۇش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: دەب كاۋاپلىرى، زىخ قاقلىما كاۋاپلىرى ۋە ۋاستىسىز قاقلىما كاۋاپ دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

دەب كاۋابلىرى: كاۋابدانىنى ۋاستە قىلىپ چوغقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، شەكلى ۋە خۇرۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: ياغ - بېغىر دەب كاۋىپى، توشقان قۇلاق دەب كاۋىپى، چەمبىرەك دەب كاۋىپى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇ يەردە ئاۋۋال «دەب» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «دەب» گۈلخان، تونۇر، مەش قاتارلىقلاردىن ئوقچىغان قىزىق ھاۋا دولقۇنى دېگەنلىك بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «ئوتنىڭ دەبتى»، «تونۇرنىڭ دەبتى»، «تونۇرنى دەبلەش»، «دەبخۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇ ئاساستا قۇياش ھارارىتىمۇ «قۇياشنىڭ دەبتى» دېيىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» دە بىر قېلىپقا چۈشۈرۈلمىگەن، يەنى ھارارەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغاندا «تەپت — ئوتنىڭ تەپتى، قۇياشنىڭ تەپتى» دېگەن شەكىلدە، تونۇرغا مۇناسىۋەتلىك بولغاندا «داب - دابخۇن، دابلاش» دېگەن شەكىلدە بېرىلگەن. بۇ ئەندىزە بويىچە، مەش، تونۇر ھارارىتىنىمۇ «مەش تەپتى، تونۇر تەپتى» دېيىشكە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گۈلخان ھارارىتىدە پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپلارنىمۇ «تەپ كاۋىپى» ياكى «داپ كاۋىپى» دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئاتالسا، ئېنىقكى، ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىدۇ. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تومۇرى «دەب» بولسا كېرەك دەپ قارىدىم ۋە خەلق تىلى بويىچە «دەب كاۋىپى» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۈم.

ياغ - بېغىر كاۋىپى: ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ چاۋا يېغىدىن جىلىت كېسىلىدۇ. جىگەر، بۆرەك ئۇششاق توغرىلىدۇ، كۇدە ياكى پىياز ئۇششاق چانىلىپ، دورا - دەرمەك سېلىنىپ، تۇز قۇيۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ، ئاندىن چاۋا ياغ جىلىتلىرىغا قىيما سېلىنىپ تۈگۈلىدۇ ياكى پاكىز يۇيۇلغان ياغلىق ئۈچەينىڭ بىر دېۋارى تىلىنىپ، قېتى ئېچىلىپ مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا كېسىلگەندىن كېيىن ياغ - بېغىرد-

نىڭ سىرتىدىن يۆگەپ بوغۇلىدۇ ۋە قاسقانغا تىزىلىدۇ. كاۋاپدان تەگلىكى چوغ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسقان قويۇلۇپ، ياغ ـ بېغىر چوغقا قاقلىنىدۇ. ئاستى تەرىپى سارغىيىپ پىشقاندا، ئۆرۈپ يەنە بىر تەرىپى پىشۇرۇلىدۇ.

ياغ ـ بېغىر كاۋىپىنى يەنە بىر خىل پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ بار، يەنى قىيما تەييارلاشتا قوي جىگىرى قايناقسۇغا سېلىنىپ، سارغايغاندا چىقىرىۋېلىنىپ، تارغاق بىلەن تاراپ ئەت قىسمى قىيما قىلىنىدۇ. تومۇر سىڭىرلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. كۆدە ئورنىغا قارا ياۋا (بۇ، قاراقۇرۇم تاغ يايلاقلىرىدا ئۆسىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈك بولۇپ، مايىسىسى پىياز مايسىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىككى خىل سورتى بولۇپ، بىرسى قارا ياۋا ياكى قوي ياۋىسى دېيىلىدۇ. يەنە بىرسى ئۆچكە ياۋىسى دېيىلىدۇ. قارا ياۋا كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى كۆدىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۆچكە ياۋىسى ئىستېمال قىلىشقا يارىمايدۇ) توغراپ، جىگەر، دورا ـ دەرمەك بىلەن قوشۇپ قىيما قىلىپ چاۋا ياغقا تۈگۈلىدۇ. پىشۇرۇش ئۇسۇلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ياغ ـ بېغىرنى مۇشۇنداق تۈگۈپ تەييارلاپ تاۋا ئارقىلىق پىشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ياغ ـ بېغىر كاۋىپىمۇ دەب كاۋىپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چۇرۇك، شەربەتلىك، تولىمۇ مەززىلىك بولىدۇ.

**توشقان قۇلاق دەب كاۋىپى**: ياغسىز گۆشتىن كەڭلىكى، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر قىلىپ تاسما ئېلىنىدۇ. ھەر ئىككى تاسما بىر بىرىگە ھالقىلاپ چىگىلىپ، تۇزغا چېلىنىدۇ، ئاندىن بۇغداي ئۇنىغا مىلىنىدۇ. ئاخىرىدا تاسما چىگىلىك ھالقىلىرى ئاستىغا، تاسما ئۇچلىرى يۇقىرىغا قىلىنىپ قاسقانغا تىزىلىپ تەگلىك ئۈستىگە قويۇلۇپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. تاسما ئۇچى خۇددى توشقان قۇلىقىدەك تىك ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا، «توشقان قۇلاق كاۋاپ» دېيىلىدۇ. كۆركەم، چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

**چەمبىرەك دەب كاۋىپى**: ياغسىز گۆش بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يالپاقلىنىدۇ. تەگلىك تاختاي ئۈستىگە قويۇلۇپ، كەسكۈنى چىڭ بېسىپ چەمبىرەك شەكلىدە كېسىلىدۇ، ئاندىن تۇزغا چۆكۈ-

www.uyghurkitap.com



رۇپ ئېلىپ ئۇنىغا مىلىنىدۇ ياكى ئايرىم تەييارلانغان شىرىگە چىلاپ ئېلىنىپ قاسقانغا تىزىلىدۇ ۋە تەگلىك ئۈستىگە قويۇپ، قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ، چۇرۇك، تەملىك بولىدۇ.

زىخ قاقلىما كاۋاپلىرى: يۇلغۇن شېخىدىن ئۇچلاپ زىخ ياسىلىدۇ ياكى تۆمۈر زىخ تەييارلىنىدۇ. گۆش، جىگەرلەر يالپاقلىنىپ چوڭ بارماق چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۆرەك ئوتتۇرىدىن تىلىنىپ ئىككى قانات شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. بىلىق تازىلىنىپ، قورساق تەرىپىدىن تىلىنىدۇ. قۇشقاچ، جىگدىچى، باچكا گۆشلىرى تۆش تەرىپىدىن يېرىلىپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن زىخقا سانجىپ تۇزغا ياكى سۈيۈق شىرىگە چىلاپ ئېلىنىپ، گۇلخانغا قاقلاپ، پات پات ئۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

ۋاستىسىز قاقلىما كاۋاپ: بۇنداق كاۋاپنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئۇنى تەييارلاش ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش. پەقەت گۆش ۋە جىگەر چوڭراق يالپاقلىنىدۇ.

ئاندىن بىۋاستە چوغقا تاشلاپ پىشۇرۇلىدۇ. بىر يۈزى پىشىپ بولغاندا ئۆرۈپ يەنە بىر يۈزى پىشۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا تۇزغا تۆگۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنى پىشۇرۇشتا ئۈرۈك چوغى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇلغۇن چوغى قاتارلىق سىرتقى يۈزى ئاسانلا ئۆچۈرۈۋالىدىغان چوغلار ئىشلىتىلسە، كاۋاپ كۈل بىلەن بۇلغىنىپ كېتىدۇ.

قاقلىما كاۋاپلار چۇرۇكلۇكى ۋە تەمى جەھەتتە باشقا كاۋاپلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما، گۆش ياكى بېقىلغۇ قاتارلىق چەكلىكۈچى ئامىللار تۈپەيلىدىن كۆپلەپ ئىشتىشكە مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا، ئائىلىدە ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

(7) داغلىما كاۋاپ. ئىتىشتە گۆش، ياغدا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئاق قۇشقاچ گۆشى ئاساسىي ماتېرىيال، قازاندا قايىنىتىلغان ياغ پىشۇرۇش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ئاق قۇشقاچ يۇڭدىلىپ ئىچكى ئەزالىرى، پاچىقى ۋە بېشى ئېلىپ تاشلىنىپ پاكىزلانغاندىن كېيىن، قايىنىتىلغان ياغقا تاشلاپ سۇس ئوتتا ئاستا داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۆزگىچە تەملىك، مەززىلىك بولىدۇ. سۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ يېيىلىدۇ.

داغلىما قۇشقاچ كاۋىپى ناھايىتى خېرىدارلىق بولسىمۇ، پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ئەنئەنىۋى ئادەت تۈپەيلىدىن، قۇشقاچنى تۇخۇملاش، كۆپىيىش مەزگىللىرىدە ئوۋلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق كاۋاپلار پەقەت كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئىتىلىدۇ. ھازىر پايدىلىق قۇشلارنى ئاسراش يۈزىسىدىن بۇ خىل كاۋاپ ئانچە ئېتىلمەيدۇ.

## §3. قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى

قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر خەلقىمىزنىڭ ھېيت-بايرام، توي - تۆكۈن، مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە ئۇلار ئاساسىي يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا زادى بولمايدىغان نەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى قەنت - شېكەر، ھەسەل قاتارلىق تاتلىق خۇرۇچلار قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىكلەرگە ئالاھىدە تەم كىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر خۇش پۇراق گۈل - چېچەكلەر، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرى ياكى ئۇرۇقلىرى قوشۇپ تەييارلىنىپ خۇش پۇراققا ئىگە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىر قىسىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر رەڭ بەرگۈچى تەبىئىي خۇرۇچلارنى قوشۇش ياكى پىشۇرۇش داۋامىدا رەڭلەندۈرۈش ئارقىلىق رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، بىر قىسىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قايماق، سۈت، ياغ، تۇخۇم قاتارلىق خۇرۇچلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياكى خېمىرتۇرۇچ بېرىش ئارقىلىق پۇۋەكلىك، يۇمشاق، سىڭىشلىق قىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. بەشىنچىدىن، بىر قىسىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەردە تەييارلىنىپ كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرۇلىدۇ. ئالتىنچىدىن، ئىچىملىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىچىتقۇلۇق خۇرۇچلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، يېنىك دەرىجىدە مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىچ پۇشۇقى ياكى ھاردۇقنى چىقىرىش، كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىش رولىنى ئوي-نايدۇ. يەنە بەزىلىرى مۇز قوشۇلىدىغان بولغاچقا، ئىسسىقنى ھەي-دەش، ھاردۇق چىقىرىش، روھنى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ تۈردىكى قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى ۋە پىششىقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، ئىچىتقۇلۇق يېمەكلىك (ئىچىملىك لەر، سوغۇق ئىچىملىكلەر ۋە يېمىشلەردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆ-لۈشكە بولىدۇ.

## 1.تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر

خەلقىمىز تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆ-رىدۇ. رايونىمىزنىڭ تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىنىڭ تۈرى بىر قە-دەر مول، پۇرىقى، رەڭگى، شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن تاتلىق بولۇش ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يېمەك-لىكلەرنى تەييارلاشتا ئۇن، شېكەر، ھەسەل ياكى قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغان مېۋە ـ چېۋە ياسالمىلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ.

تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ۋاستى-سىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يې-مەكلىكلەر، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر، قىيام قىلىپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر،قىيام قىلىپ قاتۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر

قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر دېگىنىمىزدە ئوت ھارارىتىدىن ۋاستىلىك پايدىلىنىپ، دۇملەش ـ قاقلاش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق يېمەك-لىكلەرنى پىشۇرۇشتا دوخوپكا ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدۇ.

دوخوپكا قاڭالتىردىن ياسىلىدىغان ساندۇقچە شەكىللىك سايمان

بولۇپ، گەۋدە ۋە لېستىن تۈزۈلىدۇ. دوخوپكا گەۋدىسى ئۈچ تەرىپى ھىم ئېتىلگەن، بىر تەرىپىدە ئىشىكى بولغان ساندۇقچە بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا لېس سېلىنىدىغان ئارىلىرى بولىدۇ. دوخوپكا گەۋدىسى لېسقا سېلىنغان خام ماتېرىيالنى قاقلاپ پىشۇرۇش ۋە ئىسنى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ. لېس بولسا، پاراللېل تۆت تەرەپلىك تەخسە بولۇپ، چۆرىسىدە بىر-ئىككى سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە گىرۋىكى بولىدۇ. لېس خام ماتېرىيالنى تىزىش ياكى قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىر دوخوپكىدا بىر ياكى بىر قانچە لېس بولىدۇ.

دوخوپكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم بولمايدۇ. دوخوپكىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىنىش مەنبەسىگە قاراپ مەش دوخوپكىسى ۋە تام ئوچاق دوخوپكىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ (ھازىر كۆپىنچە توك دوخوپكىسى ئىشلىتىلمەكتە). مەش دوخوپكىسى مەشكە سەپلەنگەن بالا مەش ئىچىگە، تام دۇخوپكىسى ئوچاق يېنىدىكى ئىسخانا (تۈتۈن يولى) ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىش پرىنسىپى ئوخشاش، مەش ياكى ئوچاقتىن چىققان ئىسسىقلىق (ئىس ياكى يالقۇن) دوخوپكا سىرتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دوخوپكىنى قىزدۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئالدىدا تونۇشتۇرۇلغان كۆمەچدان ماھىيەتتە دوخوپكىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدۇر. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ماتېرىيالى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئىش پرىنسىپى ۋە ئۇلاردا پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى تامامەن ئوخشاش. ئاز - تولا پەرقى بار دېيىلسە، كۆمەچداندا ئىس - يالقۇن ئەمەس، بەلكى گۈلخان چوغ - قوقاسلىرى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن تېپىلغان پېچىنە - پىرەنىكلەر ئەنە شۇنداق كۆمەچدان دوخوپكىلىرىدا پىشۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، مەش ۋە ئوچاق دوخۇپكىلىرى ئىستېمال ساھەسىدىن پەيدىنپەي چېكىنىپ، توك دۇخۇپكىلىرىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشماقتا.

قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى خۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چى، تەييارلاش ئۇسۇلى ياكى شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: كۆپتۈرمىلەر، پىچىنە ـ پىرەنىكلەر، بەلىشلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگە بولىدۇ. بۇلارنى تەييارلاشتا ئاق ئۇن، شېكەر ياكى ھەسەل، قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغان مېۋىلەر ئاساسىي خۇرۇچ، ياغ، تۇخۇم، سۈت ـ قايماق، مېغىز قاتارلىقلار قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. قەلەمپۇر پاراشوكى، پۇراقلىق مېۋە جەۋھەرلىرى، مۇراببا، ئېدىرىس، سودا قاتارلىق رەڭ تەڭشىگۈچى، تەم تەڭشىگۈچى، پۇراق تەڭشىگۈچى ۋە كۆپتۈرگۈچى ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدۇ.

(1) كۆپتۈرمىلەر. خۇرۇچلارنى مەلۇم ئۆلچەم بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچتەك شىرە قىلىپ، دوخوپكىدا كۆپتۈرۈپ پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىك تۈرى بولۇپ، باقالى، قات ـ قات، تورت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

باقالى ئېتىشتە ئاق ئۇن، ئەبجەش ياغ، ھەسەل، شېكەر، ياڭاق مېغىزى، سۈت، سودا پاراشوكى، كاكاۋا پاراشوكى قاتارلىق خۇرۇچلار بەلگىلىك ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قويۇق شىرە قىلىنىدۇ، ئاندىن لېسقا قويۇلۇپ دوخوپكىغا سېلىنىدۇ. سىرتى قەھۋە رەڭلىك، ئىچى سېرىق پىشىپ چىقىدۇ.

قات قات ئېتىشتە، ياغ، تۇخۇم، ئاق ئۇن، شېكەر، سودا، سۈت قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ناھايىتى بوش خېمىر تەييارلىنىپ، قوشۇقتا لېسقا نېپىز تەكشىلەپ قويۇلۇپ دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا ئايرىم پىشۇرۇلغان خېمىرلاردىن بىر پارچىسىنىڭ ئۈستىگە 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئېرىس سۈركىلىپ، ئۈستىگە ئىككىنچى پارچىسى بوش بېسىپ قويۇلىدۇ. مۇشۇ تەرتىپتە ئۈچ ياكى تۆت قەۋەت قىلىنىپ ئۈستىگە پىچىنە ئۇۋاقلىرى چېچىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈستى يۇزى چاي رەڭلىك، كەسمە يۈزى يول يول رەڭدار تاتلىق قات قات تەييار بولىدۇ.

تورت ئېتىشتە تۇخۇم، شېكەر، ئاق ئۇن قاتارلىق خۇرۇچلار تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قوچۇپ كۆپتۈرۈلىدۇ ۋە لېسقا قويۇپ دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. لېستىن ئېلىنغاندىن كېيىن ئۈستىگە ۋارىنە، كرېم سېرىقمايغا ھەسەل، شېكەر ياكى تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلارنى ئارىلاش-

تۈرۈپ تەييارلىنىدىغان قىيام) قاتارلىقلار ھەر خىل شەكىلدە سۈركەپ گۈل چىقىرىپ بېزىلىدۇ. تورتنى ئىككى قەۋەتلىك ئېتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەر بىر قەۋەتنى ئايرىم پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، قەۋەت ئارىسىغا كىرىم سۈركەپ جۈپلەشتۈرۈلىدۇ. تورت ئاساسىي خۇرۇچنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ: تۇخۇم تورت، ماي تورت، بال تورت، ئورالما تورت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. تورتلارنىڭ ئۈستى رەڭدار، گۈللۈك، كەسمە يۈزى رەڭدار تالالىق، تولىمۇ كۆركەم بولىدۇ.

باقالى، قات قات، تورت قاتارلىقلارنىڭ خۇرۇچلىرى، رەڭگى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىردەك دوخوپكىدا كۆپتۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بىر پۈتۈن پىشۇرۇلۇپ كېسىپ تەخسىگە تىزىلىدۇ، يەنى ئاۋۋال پىشۇرۇلۇپ، ئاندىن شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. رەڭلىك، كۆركەم، پۇۋەكلىك، يۇمشاق بولىدۇ.

كۆپتۈرمىلەر كۆركەم، مەززىلىك بولسىمۇ، سۇ تەركىبى يۇقىرى، يۇمشاق بولغاچقا، ئۇزاق ساقلاشقا باب كەلمەيدۇ. قىسقا مۇددەتتە ئىستېمال قىلىپ تۈگىتىلىدۇ.

(2) پېچىنە-پىرەنىكلەر. ياغ، ئاق ئۇن، تۇخۇم، شېكەر، سۈت، سودا قاتارلىق خۇرۇچلارنى بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە خېمىر قىلىپ يېيىلغاندىن كېيىن، مەخسۇس قېلىپ ياكى قىيىقچە پىچىقى قاتارلىق سايمانلار ياردىمىدە كېسىپ ياكى قوشۇقتا لىسقا قۇيۇپ شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك تۈرى بولۇپ، خۇرۇچلىرى، رەڭگى ياكى شەكلى جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن: ئاق پېچىنە، سېرىق پېچىنە، بانتىك پىرەنىك، بال پىرەنىك، سېرىقماي پىرەنىك، مېغىز پىرەنىك، رىشالە پىرەنىك دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاق پېچىنە خېمىرى ياغ، ئاق ئۇن، تۇخۇم، شېكەر، سۈت، سودا قاتارلىق خۇرۇچلاردىن تەييارلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خۇرۇچلاردىن تۇخۇم ئورنىغا تۇخۇم سېرىقى ئىشلىتىلسە سېرىق پېچىنە بولىدۇ. سۈت ئورنىغا ھەسەل ئىشلىتىلسە بال پىرەنىك، سۈت قوشۇلماي مېغىز تالقىنى قوشۇلسا مېغىز پىرەنىك بولىدۇ. رىشالە پىرەنىك بولسا، تۇخۇم ئېقى بىلەن شېكەرنى قوچۇپ، كۆپۈكلەشتۈرۈپ، قوشۇقتا

لىسقا قۇيۇپ پىشۇرۇلىدۇ.

دىمەك، پىچىنە ـ پىرەنىك ئېتىشتە بەزى خورۇچلارنى ئاساس قىلىش، بەزى خورۇچلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشاشمىغان تەم ۋە رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ. سىرتقى يۈزىگە تۇخۇم، شېكەر ياكى ھەسەل سۈركەش، مېغىز بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. سايمان ياردىمى ئارقىلىق خېمىر قىيىقچىلىرى يوپۇرماق، چېچەك، غۇنچە، ھەرە چىشى، يۇمىلاق، كۆپتۇرمە شەكىللەرگە كەلتۈرۈلۈپ، كۆركەملىككە ئىگە قىلىنىدۇ. پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنىڭ شەكلى، رەڭگى ھەر خىل بولسىمۇ، ئاۋۋال شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ ئاندىن پىشۇرۇلۇش، سۇ تەركىبى ئاز، چۈرۈك بولۇش ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنى خېلى ئۇزاق ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

(3) بەلىشلەر. خېمىر ئارىسىغا مېۋە قاق قىيمىسى ياكى قويۇق مېۋە مۇراببالىرى سېلىنىپ دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، خېمىرىغا ئاق ئۇن، ياغ، تۇخۇم، شېكەر، تۇز قاتارلىق خورۇچلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن پىشۇرۇلماقچى بولسا، مەخسۇس تەييارلانغان ئېچىتقۇ سېلىنىدۇ. بەلىشلەرنى لېسقا چىڭ كېلىدىغان قىلىپ بىر پۈتۈن پىشۇرۇشقىمۇ، پارچە تۇگۇپ تەييارلاپ (ئاۋۋال شەكىلگە كەلتۈرۈپ)، ئاندىن پىشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەم كۆپتۇرمىلەرگە، ھەم پىچىنىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن پەرقى: بەلىشلەرنىڭ خېمىرى ئارىسىغا «مېۋە قىيمىسى» سېلىنىدۇ، يەنى ئۆرۈك، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ قاقلىرى پاكىز يۇيۇلۇپ، دۇملەپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن ئۇششاق چاناپ قىيما قىلىنىدۇ. خام ئالما ئىشلەتمەكچى بولسا، ئالما ئېتى يالپاقلىنىپ توغرىلىپ خېمىر ئۈستىگە تىزىپ ئازراق شېكەر سېپىلگەندىن كېيىن ئۈستىگە خېمىر يېپىپ تۈگۈلىدۇ ياكى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەردىن قويۇقراق ئىشلەنگەن مۇراببالار قىيما ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بەلىشلەر قىيما پەرقى ياكى شەكىل پەرقىگە ئاساسەن: قاقلىق بەلىش، ئالما بەلىش، قاقلىق پاشتېت، قاتلىما پاشتېت، پىروك، قاق بانتىك دېگەندەك

نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

بەلىشلەرنىڭ قىيمىسى بەلىش تۈرى ۋە شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك يېپىق، ئۈستىدىن كۆرۈنىدىغان ياكى ياندىن كۆرۈنىدىغان قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ياپما بەلىش ۋە تۈگمە بەلىشلەرنىڭ يېپىشتۇرۇلغان، تۈگۈلگەن جايلىرىغا ھەر خىل چىمدىمە نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. نەقىش ۋە بەلىش ئۈستىگە تۇخۇم سۈركەش، شېكەر سېپىش، پىچىنە ئۇۋىقى سېپىش ئارقىلىق رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. خېمىر ئارىسىغا مېۋە قىيمىسى ئېلىنىش ۋە مەلۇم بىر خىل مېۋە تەمىگە ئىگە بولۇش بەلىشلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

## 2) ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر

بۇ ئاساسىي خۇرۇچ بىلەن قوشۇمچە خۇرۇچلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ يۇغۇرۇلغان خېمىر ئارقىلىق شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەر بولۇپ، بۇنداق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشتا ئاق ئۇن بىلەن شېكەر ئاساسىي خۇرۇچ، تۇخۇم، سۈت، تۇز، سودا قاتارلىقلار قوشۇمچە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. كۆپىنچە پىشۇرۇپ ئېلىنغان ھامان ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ. قىزىتىلغان ياغ پىشۇرۇش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ تۇش، بوغۇرساق، چەلپەك، قۇش تىلى، گۈلبەنەك، ئەتىرگۈل چېچىكى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ياغدا پىشۇرۇلىدىغان قوشۇمچە تاتلىق يېمەكلىكلەر قاتلام پىلتا، مۇناقى ئۈزۈم، تاسما، رومبا،گۈل چېچەك، چەمبىرەك قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردە تەييارلىنىدۇ. ئۇلارنى شەكىلگە كەلتۈرۈش ئىشى قولدا ئورۇندىلىدۇ.

بوغۇرساق ئېتىشتە ئۇن، ياغ، شېكەر، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق خۇرۇچلارغا ئازراق سودا قوشۇپ، قاتتىقراق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىردىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، لەگمەن تومۇلۇقىدا پىلتا ئېشىلگەندىن كېيىن، ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، قىزدۇرۇلغان ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ ياكى خېمىر مۇناقى ئۈزۈم چوڭ

www.uyghurkitap.com



لۇقىدا ئۇزۇۋېلىنىپ، سىم ئەلگەك ياكى چويلا ئۇستىگە بېسىپ دۇ-
مىلىتىپ گۇل چىقىرىلغاندىن كېيىن قىزىق ياغقا سېلىپ پىشۇرۇ-
لىدۇ. سۇزۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇستىگە شېكەر سېپىلىدۇ.

چەلپەك، قۇش تىلى، گۇلبەنەك، ئەتىرگۇل چېچىكى قاتارلىقلارنى
تەييارلاشتا تۇخۇم سېرىقىغا شېكەر قوشۇپ كۆپتۈرۈلىدۇ، ئاندىن
سۈت، ئۇن، تۇز ۋە ئازراق سودا ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ.
چەلپەك ئېتىشتە خېمىردىن كىچىك زۇۋۇلا ئۇزۇلۇپ، بىر-ئىككى
مىللىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىپ قىزىق ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.
قۇش تىلى ئېتىشتە خېمىردىن زۇۋۇلا ئۇزۇپ، نېپىز يېيىلغاندىن
كېيىن قىيىقچە پىچىقىدا ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە تاسما
كېسىلىدۇ، ئاندىن تاسمىلار تۆت-بەش سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا روم-
با شەكلىدە كېسىپ ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، گۇلبەنەك ئېتىشتە
خېمىردىن 0.5 جىڭلىق زۇۋۇلا ئۇزۇلۇپ نېپىز قىلىپ دۈگىلەك
يېيىلىدۇ، ئاندىن تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتە تاسما كېسىلىپ،
تاسمىلارنىڭ ئىككى ئۇچى پىچاقتا ئۇششاق تىلىنىپ، بىر باشتىن
يۆگەپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئوتتۇرىدىن كېسىلىدۇ. ئاخىرىدا ياغقا سېلىپ
پىشۇرۇلىدۇ. ئەتىرگۇل چېچىكى ياساشتا، نېپىز يېيىلغان خېمىر
كىچىك دۈگىلەك قىلىپ كېسىلىدۇ ۋە ئۈچ-تۆت پارچىسى بىر
دەستىلەپ تىزىلىپ، دەل ئوتتۇرىسىدىن بارماقتا بېسىپ جۇپلەش-
تۈرۈلىدۇ. چەتلىرى بىر قانچە يەردىن تىلىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن ياغ-
قا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇللار بويىچە تەييارلانغان خام
ماتېرىياللار قىزىق ياغدا پىشۇرۇلۇش داۋامىدا كۆپۈپ، شەكلى مۇ-
قىملىشىدۇ، يەنى چەلپەك يۇمىلاق كۆپتۈرمە شەكلىدە، قۇش تىلى
كۆپتۈرمە رومبا شەكلىدە، گۇلبەنەك بىلەن ئەتىرگۇل چېچىكى ئې-
چىلغان گۇل شەكلىدە پىشىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ قايسى خىلى بول-
مىسۇن، سۈزۈپ ئېلىنغان ھامان ئۇستىگە شېكەر سېپىلىدۇ.

تۇش ئېتىش ئۇسۇلى باشقىچىرەك، بۇنىڭدا ئۇن بىلەن تۇخۇمغا
ئازراق سودا قوشۇپ يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. تۆت سەر چوڭلۇق-
تا زۇۋۇلا ئۇزۇلۇپ نېپىز يېيىلغاندىن كېيىن ئۈچ سانتىمېتىر
كەڭلىكتە تاسما كېسىلىدۇ، ئاندىن خېمىر تاسمىلىرى ئۇگرە كەس-

كەندەك ئىنچىكە كېسىلىدۇ ـ دە، قىزىق ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەسەل ۋە شېكەردىن قىيام تەييارلىنىپ، ياغدا پىشۇرۇپ ئېلىنغان خېمىر پىلتىلىرى ئۈستىگە قۇيۇپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، قېلىپ ياكى پەتنۇسقا سېلىنىپ، قولنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ئۈستىدىن بېسىپ قاتۇرۇلىدۇ. ياغدا پىشۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىكلەر تاتلىق، چۇرۇك، يېيىشلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇزاق ساقلاشقا باب كېلىدۇ.

**3) قىيام قىلىپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر**

بۇ شېكەر ياكى خورۇچنىڭ ئۆزىدىكى شېكەردىن پايدىلىنىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر بولۇپ، خورۇچى ۋە تەييارلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن: گۈلقەنت، مۇراببا، شەربەت ۋە شىرنە دەپ تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) گۈلقەنتلەر. گۈلقەنت گۈل ئارىلاشتۇرۇلغان قەنت دېگەنلىك بولىدۇ. بىر قىسىم گىياھلارنىڭ گۈل چېچەكلىرى ئوبدان ئېچىلغان ۋاقىتتا گۈل بەرگىلىرى ياكى خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى پۈتاپ ئېلىنىپ، سوقۇپ (قولدا ئۇۋۇلاپ ياكى ئۇششاق چاناپ يۇمشاتسىمۇ بولىدۇ) ئۈچ-تۆت ھەسسە شېكەر قوشۇلۇپ (ھەسەل قوشۇلسىمۇ بولىدۇ) ياسىلىدۇ.

گۈلقەنت ياساش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، گۈل بەرگىلىرى يۇمشىتىلغاندىن كېيىن ئۆلچەم بويىچە شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كوزا ياكى ئەينەك قاچىغا قاچىلىنىپ ئاغزى ھىم ئېتىلىپ 50 كۈن ئەتراپىدا ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ھەپتىدە بىر نۆۋەت قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ياسالغان گۈلقەنتلەر «ئاپتاپى گۈلقەنت» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى ئۈچ ھەسسە شېكەر تەييارلىنىپ قىيام قىلىنىدۇ. سەل سوۋۇغاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە يۇمشىتىلغان گۈل بەرگىسى قىيمىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قاچىغا ئېلىنىدۇ.

گۈلقەنتلەر قىزىلگۈلقەنت، بىنەپشە گۈلقەنت، ئانار گۈلقەنتى، پىننە گۈلقەنتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. گۈلقەنتلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنغاندىن تاشقىرى، مېھمان

كۆتۈشتە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئوبدان ياسالغان ۋە ياخشى قاچىلانغان گۈلقەنتلەرنى بىر-ئىككى يىل ساقلاشقا بولىدۇ. گۈلقەنتلەرنىڭ خۇش پۇراقى كۈچلۈك، قۇۋۋىتى زىيادە بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، روھنى كۆتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

(2) **مۇراببالار.** مۇراببا ھەر خىل مېۋە، كۆكتات ۋە دورا ئوت-چۆپلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىپ، شېكەر قىيامىدا پىشۇرۇلىدىغان شىرنىلىك ياسالمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئاساسىي خۇرۇچى، ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش ئورنى جەھەتتىكى پەرقلىرىگە ئاساسەن: مېۋە مۇرابباسى ۋە دورا ـ دەرمەك مۇرابباسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**مېۋە مۇرابباسى:** ھەر خىل دەرەخلەر ۋە چاتقال ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىلىرى، مېۋە قاقلىرى، قوغۇن، قوغۇن قېقى ۋە تاۋۇزنىڭ ئاق ئېتى قاتارلىقلارنى شېكەر قىيامىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. مېۋە مۇرابباسى ھۆل مېۋە مۇرابباسى ۋە قۇرۇق مېۋە مۇرابباسى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ھۆل مېۋە مۇراببالىرىنى تەييارلاشتا، ياخشى پىشقان، زەخىملەنمىگەن، قۇرت چۈشمىگەن مېۋىلەر تاللىنىپ پاكىز يۇيۇلىدۇ. شاپتۇل، توغاچ قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئۇچكىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئالما، بېھى قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ پوستى سويۇۋېتىلىدۇ. ئۇرۇقلىرى ئېلىۋېتىلىپ كىچىك چاقماقلىنىپ ياكى يالپاقلىنىپ توغرىلىدۇ. قوغۇننىڭ شاپاق ۋە ئۇرۇقلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. تاۋۇزنىڭ ئېتى ئېلىۋېتىلىپ تاش پوستى ئاقلىنىدۇ. ئاق ئەت قىسمى چاقماقلىنىپ توغرىلىدۇ، ئاندىن تەييارلانغان خام ماتېرىياللار بەلگىلىك سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. مېۋىلەر كۆپۈپ يۇمشىغان، ئەمما تېخى ئېزىلمىگەن ۋاقىتتا سۈزۈپ ئېلىپ، سۈيىگە ئۆلچەم بويىچە شېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا، پىشۇرۇلغان ھۆل مېۋىلەر قىيامغا سېلىنىپ يەنە 10~15 مىنۇت ئېتىلىدۇ. ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ كۆك غورىسىدىنمۇ مۇراببا تەييارلاشقا بولىدۇ. ئۇچكىسى ئېلىۋېتىلمەيلا قاينىتىلىدۇ. ياخشى پىشقان ھۆل مېۋە مۇراببا-

لىرى تاتلىق، شىرىلىك بولىدۇ. مېۋە تەمى ھەم ساقلىنىدۇ. غورا مۇراببىاسى بولسا تاتلىق ـ چۈچۈك تەمگە ئىگە بولىدۇ.

قۇرۇق مېۋىلەردىن مۇراببا تەييارلاشقا شاپتۇل قېقى، ئەنجۈر قېقى قاتارلىق ئالاھىدە قاتتىق قاقلار پاكىز يۇيۇلۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ئىككى سوتكا ئەتراپىدا، ئۆرۈك قېقى، چىلان قاتارلىقلار بىر سوتكا ئەتراپىدا، قوغۇن قېقى، جىگدە قاتارلىق ئاسان يۇمشايدىغان قاقلار بىر نەچچە سائەت سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ. شېكەر سۇدا قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا، چىلاپ يۇمشىتىلغان مېۋە قېقى قىيامغا سېلىنىپ، 5~15 مىنۇت قاينىتىلىدۇ.

مېۋە مۇراببالىرى مول ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، روشەن دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. خوتەندە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان مۇراببالار ئادەتتە ئائىلىدە تەييارلىنىدۇ. خالىغان ۋاقىت ۋە خالىغان مىقداردا نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، مېھمان كۈتۈش ۋە بەزى تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېۋە مۇراببالىرى كۆپىنچە تېۋىپلار تەرىپىدىن تەييارلىنىدۇ. كۆرسەتمە بويىچە بەلگىلىك ۋاقىت ۋە بەلگىلىك مىقداردا مەلۇم مەزگىلگىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دورا ـ دەرمەك مۇراببالىرى: ئاساسىي خۇرۇچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ كۆكتات مۇراببىاسى ۋە دورا ماتېرىياللىرى مۇراببىاسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. كۆكتات مۇراببالىرى سەۋزە، تەرخەمەك، چامغۇر، پىياز، سامساق قاتارلىق كۆكتاتلاردىن تەييارلىنىدۇ. دورا ماتېرىياللىرى مۇراببىاسى بولسا، دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى، مېغىزلىرى، چېچەكلىرى، يوپۇرماقلىرىدىن تەييارلىنىدۇ. كۆكتات مۇراببالىرى ۋە ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرى مۇراببىاسىنى قىسمەن ھاللاردا قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىشقا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئاساسلىقى تېۋىپلار تەرىپىدىن مەخسۇس ياسىلىپ، كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

مۇراببالار ياغ يۇقى بولمىغان مىس قازان ياكى سىرلىق قاچىلاردا قاينىتىلىدۇ. سالقىن جايدا قويۇپ تولۇق سوۋۇتۇلۇپ، سۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پارلىرى تۆگىگەندە سىرلىق قاچىلار، ئەينەك ياكى فارفۇر قاچىلارغا ئېلىنىپ، ئاغزى ھىملىنىپ ساقلىنىدۇ. سىرلانمىغان مىتال قاچىلارغا قاچىلاشقا بولمايدۇ. ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغان مۇراببالارنى ساقلاش داۋامىدا سۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىسا، بىر نەچچە ئاي، ھەتتا بىر يىلغىچە ساقلاشقا بولىدۇ.

(3) شەربەتلەر. ھەر خىل خۇرۇچلار، سۇ ۋە ئازراق شېكەردە قايىنىتىپ تەييارلىنىدىغان شىرنىلىك سۇيۇقلۇقتۇر. ئۇنىڭ مۇراببالاردىن پەرقى: مۇراباباغا شېكەر كۆپرەك سېلىنىدۇ، تەكرار قايىنىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئۇزاققىچە ساقلاشقا بولىدۇ. شەربەتلەرگە شېكەر ئازراق سېلىنىدۇ. بىر قېتىملا قايىنىتىلىدۇ. بەزىلىرىگە شېكەر سېلىنماي بىۋاسىتە قايىنىتىپ شەربەت قىلىنىدۇ.

شەربەتلەرنى ئاساسىي خۇرۇچى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ مېۋە شەربىتى ۋە دورىلىق ئوت ـ چۆپ شەربىتى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

مېۋە شەربىتىنى ئانار، ئەنجۈر، ئەينۇلا، چىلان، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەردىن بادام، شاپتۇل قاتارلىق بەزى مېۋىلەرنىڭ مېغىزىدىن، جىگدە قاتارلىق بەزى مېۋىلەرنىڭ قاقلىرىدىن تەييارلاشقا بولىدۇ. ھۆل، قۇرۇق مېۋە شەربەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئادەتتىكى ئوزۇقلۇق ئېھتىياجى ۋە تىبابەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئوزۇقلۇق ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان شەربەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا شېكەردىن باشقا خۇرۇچ قوشۇلماي ئاددىي شەربەت تەييارلىنىدۇ. تىبابەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شەربەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا بەزى دورا ماتېرىياللىرى قوشۇلۇپ مۇرەككەپ تەركىبلىك شەربەت تەييارلىنىدۇ. تىبابەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شەربەتلەر دورىلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ مېۋىسى، ئۇرۇقى، چېچىكى، شاخ ـ يوپۇرمىقى، يىلتىزى قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىغا باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار قوشۇپ قايىنىتىلىپ، مۇرەككەپ تەركىبلىك شەربەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئوزۇقلۇق ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان بىر قىسىم ئاددىي تەركىبلىك شەربەتلەرنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ئالما شەربىتى:** پىشقان ئالمىنى ئاقلاپ، ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇششاق توغراپ، ئوبدان چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ، سۇس ئوتتا قاينىتىمىز. يۇمشاپ پىشقاندا داكا خالتىغا ئېلىپ سىقىپ تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ، ئاندىن 1:1 نىسبەتتە شېكەر سېلىپ بىر قايناتقاندىن كېيىن ئېلىنىدۇ.

**جىنەستە شەربىتى:** جىنەستىنى قاينىتىپ پىشۇرۇپ، تىرىپلىرى سىقىپ ئېلىۋېتىلىدۇ، ئاندىن 1:4 نىسبەتتە (جىنەستە بىر ئۈلۈش) شېكەر سېلىپ، 3/1 قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**ئۈزۈم شەربىتى:** ئوبدان پىشقان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن 2:1.5 نىسبەتتە سۇ قوشۇپ 3/1 قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**ئاچچىق ئانار شەربىتى:** ئاچچىق ئانارنىڭ دانلىرى ئاجرىتىپ ئېلىنىپ سىقىپ سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. 1:0.2 نىسبەتتە شېكەر تەييارلاپ قايناقسۇدا ئېرىتىلىدۇ، ئاندىن ئانار سۈيى شېكەر ئېرىتمىسىگە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئەينۇلا شەربىتى:** پىشقان ئەينۇلا سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. سىقىپ تىرىپلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سۈيىگە 2:5 نىسبەتتە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ 10 مىنۇت قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**چىلان شەربىتى:** چىلان ئوبدان يۇمشىغانغا قەدەر قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن سىقىپ تىرىپلىرى ئايرىپ تاشلىنىپ سۈيىگە 1:2 نىسبەتتە شېكەر ئېرىتمىسى قوشۇپ بىردەم قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**ئۈجمە شەربىتى:** پىشقان ئۈجمە سۇدا قاينىتىلىپ، تىرىپلىرى سۈزۈۋېتىلىدۇ. سۈيىگە 2:1 نىسبەتتە شېكەر قوشۇپ بىردەم قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**بېھى شەربىتى:** بېھى ئاقلىنىپ ئۇرۇقلىرى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن نېپىز توغرىلىپ قاينىتىلىدۇ، ئاندىن داكىغا ئېلىپ سىقىپ تىرىپلىرى سۈزۈۋېلىنىپ، سۈيىگە 1:2 نىسبەتتە شېكەر قوشۇپ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئېلىنىدۇ.

**جىگدە، ئالقات شەربىتى:** جىگدە ياكى ئالقات يۇيۇلغاندىن كېيىن سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن سىقىپ داكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۈيى سۈزۈۋېلىنىدۇ. كەندىر ياكى زاراڭزا ئۈرۈكى قوروپ پىشۇرۇـ لۇپ، چالا سوقۇلىدۇ. تاسقاپ مېغىزى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئىسسىق سۇغا چىلاپ قوچۇلىدۇ، ئاندىن ئەلـ گەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تىرىپى سۈزۈۋېتىلىپ، سۈيى شەربەتكە ئاـ رىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق تەييارلانغان جىگدە شەربىتى تاتلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئالقات شەربىتى چۆچۈمەلەرەك بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل شەربەت ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىلـ گىرى يېزا شەھەرلەردە خېلى كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن، ھازىر ئىستېمال دائىرىسى تارايغان بولسىمۇ، ئايرىم جايلاردا ھېلىـ ھەم ئىستېمال قىلىنىدۇ.

شەربەتلەرنىڭ تەركىبىدە سۇ مىقدارى كۆپرەك بولغاچقا، ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە ئۇزاق ساقلاشقا بولمايدۇ.

(4) شىرنىلەر. ھەر خىل ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەر قاينىتىپ قىـ يامغا كەلتۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭ گۈلقەنت، مۇراببا ۋە شەرـ بەتلەردىن تۈپ پەرقى شۇكى، شىرنە ياساشتا شېكەر ئىشلىتىلمەيـ دۇ، بەلكى مېۋە تەركىبىدىكى فروكتوزا (مېۋە شېكىرى) دىن پايدىـ لىنىدۇ. تۆۋەندە كۆپرەك ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خىل شىرنە قايـ نىتىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىمىز.

**ئۈزۈم شىرنىسى:** ئۈزۈم شىرنىسى قۇرۇق ئۈزۈمىدىمۇ، ھۆل ئۈـ زۈمىدىمۇ ياسىلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈمدە ياسىماقچى بولغاندا، ئۈزۈم پاـ كىز تازىلىنىپ تولۇق كۆپۈشكىچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن سىقىپ ئېزىلىدۇ. ھۆل ئۈزۈمدە ياسىماقچى بولسا، ئوبدان پىشقان ئۈزۈملەر تاللاپ يۇيۇلغاندىن كېيىن مۇجۇپ ئېزىلىدۇ ۋە خالتىغا ئېلىپ سىقىپ ئۈزۈم سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۈزۈم سۈيى سۇس ئوتتا قىيام بولغۇچە قاينىتىلىدۇ. قىيام كۆپۈكلىشىپ يىپتەك سوزۇلىدىغان ھالەتكە يەتكەندە پىشقان بولىدۇ.

**ئۈجمە شىرنىسى:** ياخشى پىشقان ئۈجمىلەر (ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە، چېقىر ئۈجمىنىڭ قايسىسى بولسا بولىدۇ) ئوبدان تازىلاپ سۇدا چايقالغاندىن كېيىن بىردەم قاينىتىلىدۇ، ئاندىن خالتىغا ئېـ لىنىپ سىقىپ، تىرىپى ئايرىۋېتىلىپ، سۈيى سۇس ئوتتا قىيام بولـ

غۇچە قايىنىتىلىدۇ. شەربەت قىيام بولغاندا كۆپۈكلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئوت توختىتىلىپ، چوغدا قايىنىتىلىدۇ، بۇ چاغدىمۇ يەنە كۆپۈكلەشسە، چوكىدا ئىلغاندا يىپتەك سوزۇلسا قىيام پىشقان بولىدۇ.

**قوغۇن ـ تاۋۇز شىرنىسى:** ياخشى پىشقان ياكى پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن قوغۇن ياكى تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى ۋە شاپىقى ئېلىۋېتىلىدۇ. ئېتى سىقىپ ياكى توغراپ ئېزىلگەندىن كېيىن بىردەم قايىنىتىلىدۇ، ئاندىن خالتىغا سېلىپ سىقىپ تىرىپلىرى ئايرىۋېتىلىپ سۈيى سۇس ئوتتا قايىنىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

**شاتۇت شىرنىسى:** ياخشى پىشقان شاتۇتنى ئېزىپ، سۈيى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن، كوزا ياكى سىرلىق قاچىغا قۇيۇپ، ئاغزىنى داكا يېپىپ ئاپتاپقا قويۇلىدۇ. ئاپتاپ تەپتىدە سۈيى پارلىنىپ كېتىپ قىيام ھالەتكە كېلىدۇ.

شىرنىلەر رەڭگى، مېۋە تۈرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، تىوق سېرىق، سېرىق ياكى قارامتۇل بولىدۇ. ياخشى ئىشلەنگەن شىرنىلەرنى بىر نەچچە ئاي، ھەتتا بىرەر يىل ساقلىغىلى بولىدۇ. شىرنىلەر سۈيۇلدۇرۇلۇپ نان بىلەن ئىستېمال قىلىنغاندىن سىرت، سوغۇق ئىچىملىك تەييارلاشقا ئاساسىي خورۇچ قىلىنىدۇ.

گۈلقەنت، مۇراببا، شەربەت ۋە شىرنىلەرنى ساپال، ئەينەك، ياغاچ قاچىلاردا ياكى سىرلىق قاچىلاردا، شۇنداقلا قۇرغاق، سالقىن جايلاردا ساقلاش، سۇ بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق لازىم.

**4) قىيام قىلىپ قاتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر**

بۇ خىل يېمەكلىكلەر شېكەر ياكى ئاشلىق دانلىرىنى مەلۇم ۋاستە ۋە ئۇسۇللاردا قىيام قىلىپ، ئاندىن قىيامنى سوۋۇتۇپ، قاتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ھەر خىل قاتتىق، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەرنى خام ئەشيا ۋە مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى پەرقلىرىگە قاراپ ناۋاتچىلىق، پەشمەكچىلىك، پىچەكچىلىك ۋە ماتاڭچىلىقتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**(1) ناۋاتچىلىق**

ناۋات ئاق شېكەر سۇدا قايىنىتىپ قىيام قىلىنىپ، ئاندىن قاتۇ-

www.uyghurkitap.com



رولىدىغان يىمەكلىكتۇر. گەرچە ناۋات شېكەردىن ئىشلەپچىقىرىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا شەكىل پەرقىدىن باشقا خۇسۇسىيەت پەرقىمۇ بار. ئۇيغۇر تېبابىتىدە شېكەر قۇرۇق ئىسسىق، ناۋات ھۆل ئىسسىق دەپ قارىلىدۇ. شېكەر بىۋاسىتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلمەستىن، بەزى دورىلارنى ياساشقا خورۇچ قىلىنىدۇ. ناۋات بولسا بىۋاسىتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، خاپىغان، بەزى ئەزالار تىترەش قاتارلىقلاردا داۋالاش رولىغا ئىگە. شېكەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا تاتلىق يىمەكلىكلەرنى تەييارلاشقا خورۇچ قىلىنىدۇ؛ ناۋات بولسا، ناۋات چاي دەملەش، داستىخان بېزەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاق ناۋات شېكەر قىيامىدىن تۈنجى قېتىم ئېلىنىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئاق، سۈزۈك، پارقىراق، جۇلالىق ۋە ئالاھىدە تاتلىق كېلىدۇ.

شېكەر قىيامىدىن ناۋات ياساش داۋامىدا ئاق ناۋات ياسىلىش بىلەنلا قالماي، سېرىق ناۋات ۋە پەۋادە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سېرىق ناۋات شېكەر قىيامىدىن ئېلىنىدىغان ئىككىلەمچى مەھسۇلات بولۇپ، رەڭگى سۇس سېرىق بولغاچقا «سېرىق ناۋات» دېيىلىدۇ. شەكىل جەھەتتە ئاق ناۋاتقا ئوخشاش بولسىمۇ، تەمى، خۇسۇسىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. پەۋادە شېكەر قىيامىدىن ئېلىنىدىغان ئۈچلەمچى مەھسۇلات بولۇپ، قالدۇق قىيامنى قېلىپقا قۇيۇپ قاتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. رەڭگى سېرىق بولۇپ، قوشۇمچە يىمەكلىك قىلىنىشتىن تاشقىرى بەزى كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، خوتەن رايونىدا بۇرۇن ئاق شېكەر ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر قانچە جايدا شېكەرنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن.①

خەلقىمىزنىڭ قوغۇن — تاۋۇز ئۆستۈرۈشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. قوغۇننىڭ ناھايىتى تاتلىق

① مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 — توم، 192 —، 528 — بەت. 2— توم 239— بەت.

بولغان بەزى سورتلىرى «شېكەر سۈيى»، «پاقلان ناشېكەر»، «ئاق ناۋات» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، خەلقىمىزنىڭ شېكەرنى بىلىشى ۋە شېكەرنى خام ئەشيا قىلىپ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

**ناۋاتچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ـ سايمانلار:**

ناۋات يىپى. بۇ،ئىنچىكە بۆز يىپ بولۇپ، قازان دېۋارىغا تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چوكا ناۋات مۇشۇ يىپلارنى مەركەز قىلىپ قېتىشىدۇ.

**سىرىچ.** بۇ، يېپىشقاقلىقى يۇقىرى بولغان بىر خىل شىلىم بولۇپ، ناۋات يىپىنى قازان دېۋارىغا چاپلاپ مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. سىرىچ ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: سۇپەتلىك ئاق ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، ئاندىن خېمىر سۇغا چىلاپ مۇجۇلۇپ كراخمالى سۇغا چىقىرىلىدۇ (بۇ كراخمال «شىرە» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۆپكە قورۇشقا ئىشلىتىلىدۇ). يېپىشقاقلىقى يۇقىرى بولغان خېمىر تىرىپى «سىرىچ» دەپ ئاتىلىدۇ. سىرىچ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن پارچىلىنىپ ئۇن تارتىلىدۇ. بۇ «سىرىچ ئۇنى» دېيىلىدۇ. ناۋات ياساشتا سىرىچ ئۇنىدىن سىرىچ شىلىمى تەييارلىنىدۇ. سىرىچ ئۇنى بولمىغاندا ئادەتتىكى ئاق ئۇندىن ياخشى شىلىم تەييالاپ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

**تۇخۇم.** ئۇ شېكەر قىيامىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ياغ.** ئادەتتىكى سۇ يېغى بولۇپ، پەۋادە قېلىپلىرىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئازراق توڭ ياغمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوت ـ چۆپ دورىلىرى.** بۇ، پىننە، قىزىلگۈل، رەۋەن، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، مەستىكى قاتارلىق ئوت ـ چۆپ دورىلار بولۇپ، چىلاپ تېتىقى چىقىرىلىپ ياكى يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، پەۋادە قىيامىغا قوشۇلىدۇ. پەۋادىنىڭ رەڭگىنى، تەمىنى ياخشىلاش، شۇنداقلا بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**قازان.** بۇ، ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن بولۇپ، شېكەرنى قىيام قىلىش ۋە قىيام قاچىلاپ ناۋات قاتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بەلچە. كىچىك تاختاينى ساپلاپ ياسالغان گۈرجەك شەكىللىك سايمان بولۇپ، قىيام قوچۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قېلىپ. ياغاچ، مىس ياكى قاشالتىردىن ياسالغان تۈز تەگلىك، ھەر خىل شەكىللىك قاچا بولۇپ، پەۋادە قىيامنى قاچىلاپ قاتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

نوغۇچ. بۇ، خىمىر يايىدىغان نوغۇچقا ئوخشاش ياغاچ سايمان بولۇپ، پەۋادە قىيامنى قوچۇپ كۆپتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ناۋاتچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى:

تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا قىيام قازانلىرى ۋە ناۋات قازانلىرى پاكىز يۇيۇپ سۈرتۈلىدۇ. ناۋات قازانلىرى يەرنى ئويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ناۋات قىيامىنىڭ ئاستا ئاستا سوۋۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قازان ئاستى ۋە ئەتراپىغا قېلىن بىر قەۋەت سامان سېلىنىدۇ، ئاندىن قازان تېگىدىن 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قىسمى بوش قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناۋات يىپى تارتىلىدۇ. ئادەتتە قۇر ئارىلىقى بەش سانتىمېتىر، قەۋەت ئارىلىقىمۇ بەش سانتىمېتىر قىلىپ بەش قەۋەت يىپ تارتىلىپ، يىپ ئۇچلىرى قازان دىۋارىغا سىرىچتا مەھكەم چاپلاشتۇرۇلىدۇ. ھەر قەۋەتتىكى يىپلار ئاستى ـ ئۈستى قەۋەتتىكى يىپلارنىڭ قۇر ئارىلىقىغا ئۇدۇل كەلتۈرۈلۈپ پاراللېل يۆنىلىشتە تارتىلىدۇ. باشقا ماتېرىيال ۋە سايمانلارمۇ تەلەپ بويىچە تەقلىنىدۇ.

ئاق ناۋات ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى. قىيام قازىنىغا 5:3 نىسبەتتە ( 200 جىڭ شېكەر ئۈچۈن 120 جىڭ) سۈزۈك سۇ قۇيۇلۇپ، ئۈستىگە شېكەر سېلىنىدۇ ۋە ئوچاققا ئوت يېقىلىدۇ. سۇ تېخى ئىسسىمىغان ۋاقىتتا ئىككى تۇخۇمنىڭ ئېقىغا بىر ئاز سۇ قۇيۇلۇپ، ئوبدان قوچۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈلۈپ، قازانغا قويۇلىدۇ، ئاندىن قازاندىكى شېكەر بەلچىدە توختىماي قوچۇپ بىرىلىدۇ. قازان تولۇق قايندغاندىن كېيىن ئوت پەسلىتىلىپ، سۇس ئوتتا داۋاملىق قايىنتىلىدۇ ۋە ئۈچ مىسقال ئەتراپىدا توك ياغ (قوي يېغى) سېلىنىدۇ.قازاننىڭ سۇس قايىنىشىغا ئەگىشىپ خام قىيام يۈزى كۆپۈكلىشىدۇ، شۇنداقلا قازاننىڭ بىر تەرىپىگە يىغىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يىغىلغان كۆپۈك ئېلىپ

تاشلىنىدۇ (كۆپۈكنى پاكىز ئېلىپ تاشلاش مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ، پاكىز ئېلىنمىسا، قازان تېشىپ كېتىپ ئىسراپچىلىق يۈز بېرىدۇ، ناۋات دوغ، جۇلاسىز چىقىپ قالىدۇ)، ئاندىن ئوت ئۈلغايتىلىپ بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ (ھازىر تاشكۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىپ، شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىلگەچكە بىر سائەتتىن بىر يېرىم سائەتكىچە قاينىتىلىدۇ). قىيام پىشقاندىن كېيىن (قىيام نوگايدا سورۇغاندا ئاخىرقى قىيام قالدۇقلىرى بىر نەچچە تال يىپەك سوزۇلۇپ چۈشسە، قىيام پىشقان ھېسابلىنىدۇ) ئوت توختىتىلىپ، قىيام ناۋات قازىنىغا يىپ تارتىلماي دىۋارى تەرەپتىن نوگايدا ئاستا ئاستا قۇيۇلۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى يىپلار بىر ئىككى سانتىمېتىر چۆككۈچە توشتۇرۇلىدۇ.

تەييارلانغان قىيام ناۋات قازانلىرىغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قازان تۈۋتقى يېپىلىپ ئۈستىدىن پاكىز رەخت ۋە كۆرپە يۆگەپ دۇملىنىدۇ. قىيامنىڭ ئاستا ئاستا سوۋۇشىغا ئەگىشىپ، شېكەر قىيامى ناۋات يىپلىرىنى مەركەز قىلىپ كرىستاللىشىپ قېتىشىدۇ. يازدا قىيام قۇيۇلۇپ بەش سوتكا، باشقا پەسىللەردە (قىش پەسلىدە ئۆي ئىچىگە مەش قۇيۇلىدۇ) ئالتە سوتكا ئۆتكەندىن كېيىن، تۈۋاق ئېچىلىپ بىر كۈن شامالدىتىلىدۇ، ئاندىن ناۋات قازىنى ئوپۇقتىن چىقىرىلىپ يېنى قىلىنىپ، قىيام قالدۇرقى تۆكۈۋېلىنىدۇ. ناۋات چوكىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق سۇ چېچىلىپ قىيام قالدۇقى تازىلىنىدۇ. ئاخىرىدا ناۋات قازاندىن چىقىرىلىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن چېقىلىدۇ.

شېكەر قىيامىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق ناۋات رەڭگى ئاق، سۈزۈك، پارقىراق بولغاچقا «ئاق ناۋات» دەپ ئاتىلىدۇ. ناۋاتنىڭ يىپقا يېپىشىپ قاتقان قىسمى «چوكا ناۋات»، قازان دىۋارىغا يېپىشىپ قاتقان قىسمى «تاپان ناۋات» دېيىلىدۇ. شېكەر بىلەن ئاق ناۋات نىسبىتى 2:1 بولۇپ، 200 جىڭ شېكەردىن 100 جىڭ ناۋات ئېلىشقا بولىدۇ. چوكا ناۋات بىلەن تاپان ناۋات نىسبىتى 1:1 بولىدۇ.

**سېرىق ناۋات ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى.** سېرىق ناۋات ئاق ناۋات ئىشلەپچىقىرىشتا ئېشىپ قالغان قىيامدىن ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى

www.uyghurkitap.com



خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بىرى، ئاق ناۋات ئىشلەپچىقىرىشتىن ئېشىپ قالغان قىيامغا 10:1 نىسبەتتە سۇ قوشۇلۇپ قايتا قىيام قىلىنىدۇ. كۆپۈك ناھايىتى ئاز چىقىدىغان بولغاچقا تۇخۇم ئېقى سېلىنمايدۇ. يەنە بىرى، ئاق ناۋات ئېلىنىپ ئېشىپ قالغان قىيامغا 2:1 نىسبەتتە ئاق شېكەر، كونا قىيامغا 10:1 نىسبەتتە، يېڭى قوشۇلغان شېكەرگە 5:3 نىسبەتتە سۇ قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قىيام قىلىنىدۇ. بىر تۇخۇمنىڭ ئېقى سېلىنىپ كۆپۈك تازىلىنىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى ئاق ناۋات ئىشلەپچىقىرىشنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ناۋات قازىنى بىرەر كۈن بۇرۇن ئېچىلىدۇ. بۇنداق ئىككىلەمچى ناۋاتنىڭ رەڭگى سارغۇچ، دۇغراق بولغاچقا «سېرىق ناۋات» دەپ ئاتىلىدۇ. سېرىق ناۋات مەيلى جۇلاسى ياكى قۇۋۋىتى جەھەتتە بولسۇن، ئاق ناۋاتتىن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇنداق ئىككىلەمچى ناۋاتنىڭ خام ئەشيا بىلەن مەھسۇلات نىسبىتى ئادەتتە 2:1~2:0.9 ئەتراپىدا بولىدۇ.

سېرىق ناۋاتتىن ئېشىپ قالغان قىيامدىن قايتا ناۋات ئىشلەشكە بولمايدۇ، كۆپىنچە پەۋادە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. پېچىنە ـ پىرەنىك، ماتاڭ، مۇراببا ياساشقا ياكى شىرنە ـ دوغاپ ياساشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

پەۋادە ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى. پەۋادە ناۋاتچىلىقتىكى ئاخىرقى مەھسۇلات بولۇپ، رەڭگى سېرىق، پۇۋەكلىك، چۇرۇك بولىدۇ (پەۋادە بەزى جايلاردا «ئەدرەك» دەپ ئاتىلىدۇ). پەۋادە ياساشتا سېرىق ناۋات قىيام قالدۇقى قايتىدىن قايىنىتىلىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام قايناپ كۆپۈكلەشكەن ھامان نوغۇچقا يۇقتۇرۇلغان قىيام قالدۇقى (سۈيۈقلۇق) نى بارماقتا ئەشكەندە قولغا چاپلىشىۋالماي بۇغداي ـ قوناق دانىسى چوڭلۇقىدا ئېشىلىپ مونەكلەشسە قىيام پىشقان ھېسابلىنىدۇ، قازان دەرھال ئوچاقتىن ئېلىنىپ، قىيام نوغۇچتا كۆچەپ قوچۇلىدۇ. قوچۇش داۋامىدا قىيام كۆپۈكلىشىپ كۆپىيىدۇ. قىيام دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياغلاپ تەييارلانغان قېلىپلىرىغا قويۇلۇپ، سايە يەردە قۇرۇتۇلىدۇ. پەۋادە قىيامى تەييارلاشتا، 100:0.1 نىسبەتتە پىننە، قىزىلگۈل، رەۋەن، ئاق سەندەل، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنىڭ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقىنى (ئۇلارنىڭ چىلاپ تەييارلانغان

سۈيى ياكى مۇشۇ دورىلارنىڭ بىر نەچچە خىلى) ئارىلاشتۇرۇلسا، بۇنداق پەۋادە «دورىلىق پەۋادە» دەپ ئاتىلىدۇ. دورىلىق پەۋادە مەلۇم خۇش پۇراق ۋە رەڭگە ئىگە بولۇپلا قالماي، تەپ (تۆۋەن قىزىتما)، مەيدە كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. شۇڭا، دورىلىق پەۋادە بەكمۇ خېرىدارلىق بولىدۇ.

(2) پەشمەكچىلىك

پەشمەك شېكەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، رەڭگى ئاق، چۇرۇك، مەززىلىك، تۇخۇم چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئىنچىكە سوزۇلغان قىيام يىپلىرىنى قورۇلغان ئۇندا پوخۇنلاپ يۆگەپ ياسىلىدۇ. بىر قاراشتا خۇددى يۆگەپ قويۇلغان ئاق يىپەك كاللىكىگە ئوخشىشىدۇ.

پەشمەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ـ سايمانلار:

ماتېرىيال: ئاق شېكەر (تۆت جىڭ)، ئاق ئۇن (تۆت جىڭ)، سۇ (ئىككى چىنە)، ئەبجەش ياغ (بىر جىڭ)، ھەسەل (بىر جىڭ).

چويۇن قازان: قىيام قاينىتىش، ئۇن قورۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

داس: بىر چوڭ، بىر كىچىك قاچىلىتىر داس. چوڭ داس سۇ قاچىلاشقا، كىچىك داس قىيام قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنتاختا: بىر كۋادرات مېتىر ئەتراپىدىكى تاختاي بولۇپ، پەشمەك ياساشتا مەشغۇلات سۇپىسى قىلىنىدۇ.

كاسا، لېگەن: بۇلار تەييار بولغان پەشمەكنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

پەشمەك ياساش مەشغۇلاتى: ئۆلچەم بويىچە تەييارلانغان ئۇن داسقا قويۇلىدۇ. ئەبجەش ياغ ئوبدان قىزىتىلىپ تاۋلانغاندىن كېيىن، ئۇن ئۈستىگە قويۇلۇپ، ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بىر ئاز سوۋۇغاندا قول ـ بارماقلاردا ئۇۋۇلاپ، ئۇن بىلەن ياغ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇششاق دانچىلىق تالقان قىلىنىدۇ، ئاندىن قايتىدىن قۇرۇق قازانغا سېلىپ سۇس ئوتتا تەدرىجىي قىزىتىپ قورۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىيام تەييارلىنىدۇ، يەنى شېكەر بىلەن سۇ باشقا بىر قازانغا قويۇپ قاينىتىلىدۇ. قازان دەسلەپ قاينىغاندا بىر جىڭ ھەسەل قويۇلىدۇ (ھازىر ھەسەل ئورنىدا ئازراق لىمون سېلىنىدۇ)، ئاندىن داۋاملىق قاينىتىلىپ، قوچۇپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام پىششىقاندا (قىيامنى چوكىدا ئېلىپ، سوزۇلۇپ چىققان قىيام يىپچىسىنى

www.uyghurkitap.com



پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ، چىشلىگەندە بوشقىنا كىرىسلىغان ئاۋاز چىقسا قىيام پىشقان ھېسابلىنىدۇ)، سوغۇق سۇ تولدۇرۇلغان چوڭ داسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك داسقا قۇيۇپ ئۆمەللىنىدۇ. قىيام بىر ئاز سوۋۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلگەندە داستىن چەمبىرەك شەكلىدە پىلتىلاپ ئېلىنىپ، تۈۋرۈككە بېكىتىلگەن قوزۇققا ئېلىپ سوزۇلىدۇ. قىيام خېمىرى سوزۇلۇپ رەڭگى ئاقارغاندا قوزۇقتىن ئېلىپ، ئۈنتاختا ئۈستىگە چەمبىرەك شەكلىدە قويۇلىدۇ ۋە قورۇپ تەييارلانغان ئۈن ئۈنتاختا ئۈستىگە توكۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، تۆت ئادەم تاختىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ، قىيام چەمبىرىكىنى پۇخۇن (قۇغۇن) ئۈستىدە دومىلىتىپ چوڭايتىدۇ. چەمبىرەك چوڭىيىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە بىر ئۆرۈپ جۈپ ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ـ دە، ئالدىنقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ.

قىيام چەمبىرىكى قورۇلغان ئۈندا پوخۇنلاپ ئۈزلۈكسىز چوڭايتىلىش ۋە قايتا قايتا ھالقىلاپ قاتلىنىش ئارقىلىق سوزۇلۇپ، ئىنچىكىلەپ، سىرتى بىر قەۋەت ئۈن بىلەن قاپلانغان، دىئامېتىرى 0.5 مىللىمېتىردىن كىچىك بولغان قىيام يىپچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. قىيام يىپچىلىرى قورۇلغان ئۈننى تولۇق ئۆزىگە تارتىپ بولغاندا قىيام سوزۇش مەشغۇلاتى توختىتىلىپ، قىيام يىپچە ھالقىسى 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكلەرگە ئايرىپ كېسىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ چوڭ بارماق توملۇقىدىكى يىپچە باغلىرىغا ئايلىنىدۇ ۋە گەۋدىسى ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە يېيىلغاندىن كېيىن بارماق ھەرىكىتى ئارقىلىق كېسىلگەن ئىككى ئۇچى ئوتتۇرىغا، كېسىك گەۋدە قىسمى سىرتقا چىقىرىپ قاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇخۇم چوڭلۇقتىكى پەشمەك تەييار بولىدۇ. پەشمەك تولىمۇ چۇرۇك بولۇپ، بېسىلىشقا ۋە سوزۇلۇشقا چىدامسىز كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇدۇللۇق تەييارلانغان پەشمەك لېگەن، داس قاتارلىق قاچىلارغا ئۇدۇللۇق رەتلىك تىزىپ قويۇلىدۇ.

## (3) پىچەكچىلىك

پىچەك ئەمەلىيەتتە بىر خىل كەمپۈت بولۇپ، شېكەر خام ئەشيا قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شەكلى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلىنىڭ

ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن «كەسمە پېچەك» ۋە «چاچما پېچەك» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. كەسمە پېچەك ئاق، قاتتىقلىقى ئوتتۇراھال بولىدۇ. بىر نەرسە قاچىلاپ ئاغزى ئىزمىلانغان تاغار ياكى سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ. چاچما پېچەك ئاق، قىزغۇچ، سېرىق، كۆكۈش رەڭلەردە، كەسمە پېچەكتىن قاتتىقراق، شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ.

**پېچەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

**ماتېرىيال:** ئاق شېكەر تۆت جىڭ، سۇ ئىككى چىنە، ئۇن مۇۋاپىق مىقداردا، سېرىق سەنبەر گۈل، قىزىلگۈل، پىننە مۇۋاپىق مىقداردا.

**سايمان:** قىيام تەييارلاش سايمانلىرى پەشمەك ياساش سايمانلىرىغا ئوخشاش.

**قايچا ياكى پىچاق:** قىيام پىلتىسىدىن كەسمە پېچەك كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**داستىخان ياكى پاكىز رەخت:** كەسمە پېچەك كۆمۈش ياكى چاچما پېچەك چېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يۇلغۇن چوكا:** كىچىك يۇلغۇن چىۋىقلىرىنىڭ پوستى ئاقلىنىپ 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىدۇ. 30~40 تال چوكا بىر قىلىنىپ، چوڭ بېشى باغلاپ دەستە قىلىنىدۇ. كىچىك بېشى سەل كېرىلىدۇ. چاچما پېچەك ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كەسمە پېچەك ياساش مەشغۇلاتى:** شېكەر پەشمەك قىيامىنى تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە قىيام قىلىنىدۇ. داستىن ئۆمەللەپ ئېلىنغان قىيام خېمىر قوزۇققا ئارتىلىپ سوزۇپ ئاقارتىلىدۇ، ئاندىن ئۇزتاختا ئۈستىگە ئېلىپ بىر ئۇچىدىن سوزۇپ، 1~1.5 سانتىمېتىر توملۇقتا پىلتا قىلىنىپ، قايچا ياكى پىچاقتا 1.5 ~ 2 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىدۇ. كېسىلىپ بولغان پىچەك دانىچىلىرى داستىخانغا نېپىز يېيىتىلىپ ئۈستىگە ئۇن سېپىلىدۇ ياكى نېپىز بىر قەۋەت ئۇن بىلەن كۆمۈپ ئىسسىق ساقلىنىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پېچەك قېتىپ شەكلى تۇراقلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئەلگەكتە تاسقاپ، پېچەك ئۇندىن ئايرىۋېلىنىپ قاچىلىنىدۇ.

**چاچما پېچەك ياساش مەشغۇلاتى:** قىزىلگۈل، سېرىق سەنبەر

www.uyghurkitap.com



گۈل، پىننە قاتارلىق رەڭ بەرگۈچى ماتېرىياللار ئايرىم ئايرىم ھالدا قىزىق سۇغا تولۇق يۇمشىغانغا قەدەر چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن مۇجۇپ سۇغا تېتىقى چىقىرىلغاندىن كېيىن تىرېپلىرى داكىدا سۈزۈپ ئېلىنىۋېتىلىدۇ. قېپقالغان رەڭدار سۇيۇقلۇقتا يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئايرىم ئايرىم ھالدا شېكەر قىيامى تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەكشى يەرگە چوڭراق داستىخان ياكى پاكىز رەخت سېلىنىدۇ. يۇلغۇن چوكىسىنىڭ ئۇچى قىيامغا 10 سانتىمېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا چۆكۈرۈپ ئېلىنىپ، رەخت ياكى داستىخان ئۈستىگە ئۇدۇللاپ قاتتىق سىلكىنىدۇ. بۇ چاغدا چوكىغا يۇقۇپ چىققان قىيام چوكىدىن ئاجراپ، رەخت ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇ مەشغۇلات تاكى قىيام تۈگىگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى چاچما پېچەك ھاسىل بولىدۇ. پېچەك رەخت ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ قاچىلىنىدۇ. رەڭگى رەڭ بەرگۈچى خۇرۇچ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، يەنى قىيام تەييارلاشقا قىزىلگۈل سۈيى ئىشلىتىلگەن بولسا پېچەك قىزغۇچ، پىننە سۈيى ئىشلىتىلگەن بولسا كۆكۈش بولىدۇ.

ناۋات، پەشمەك، پېچەك ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئېرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى خېلى ئۇزاقىچە ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

(4) ماتاڭچىلىق

ماتاڭ ئاشلىق دانلىرى ۋە بىر قىسىم قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغان مېۋىلەرنى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ ياسىلىدىغان تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

ماتاڭچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: ماتاڭچىلىقنىڭ ئاساسىي مەھسۇلات تۈرى ئاق ماتاڭ ۋە سېرىق ماتاڭدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، ئاق ماتاڭ ئاشلىق دانلىرىدىن، سېرىق ماتاڭ مېۋە شىرنىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ماتاڭ تاتلىق، شىرىنلىك، يېپىشقاقلىقى يۇقىرى، شۇنداقلا مەلۇم خۇش پۇراققا ئىگە. ئاق ماتاڭ بىلەن سېرىق ماتاڭ بىرلەمچى مەھسۇلات بولۇپ، ئۇلاردىن

يەنە ياڭاق ماتىڭى، كۈنجۈت ماتىڭى، كەندىر ماتىڭى، ئۈزۈم ماتىڭى قاتارلىق ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنداق ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار ھەم تاتلىق، ھەم قوشۇمچە خۇرۇچ تەمىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈستىگە، ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. كەندىر ماتىڭى بىلەن كۈنجۈت ماتىڭىغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان كەندىر بىلەن كۈنجۈت ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى قورۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ماتاڭلار چۈرۈك ھەم خۇشبۇي بولىدۇ.

ماتاڭنىڭ ئېرىش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە ئاسانلا ئېرىپ شەكلى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ھەتتا ئېرىپ كاللەكلىشىۋالىدۇ. شۇڭا، ماتاڭ ئادەتتە كەچكۈزدىن باش باھارغىچە بولغان تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق مەزگىللەردە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. دەماللىقتا ئىستېمال قىلىنمايدىغان ئەھۋالدا ماتاڭنى سوغۇق، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ساقلاش كېرەك.

**ماتاڭچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ـ سايمانلار:** ماتاڭ ياساشتا ئاشلىق دانلىرى، ئارپا يارمىسى، سۇ يېغى، مېۋە شىرنىلىرى، قىزىلچا، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق، كەندىر، كۈنجۈت قاتارلىق ماتېرىياللار؛ قازان، چۆمەك، قاقما سوغا، كۆپ، كاسا، گۈرجەك، تەگلىك رەخت، ئاسقۇ، يىپ، قىرغۇ، تاختاي، پۇزا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

**قازان:** ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن قازان بولۇپ، خام ئەشيا بۇسلاش ۋە قىيام تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چۆمەك:** چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر خىل ۋە سىلىق بولغان يۇلغۇن چىۋىقلىرىنى بىر بىرىگە يانداپ، شوينىدا چىتىپ توقۇلغان جىمبىل بولۇپ، چەمبەر شەكلىدە ياسىلىدۇ. بۇسلىنىدىغان خام ئەشيانى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**قاقما سوغا:** بۇ، ياغاچ تاختايلارنىڭ يان تەرەپلىرىنى رەندىلەپ ياپساغا كەلتۈرۈپ، سىرتىغا چەمبەر قېقىپ ياسىلىدىغان تۆۋىنى تار سوغا بولۇپ، دىئامېتىرى قازان گىرۋىكىگە دەل كەلگۈدەك ياسىلىدۇ. قازان گىرۋىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئىچىگە خام ئەشيا توشتۇرۇپ، بۇسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆپ:** بۇ، چوڭ ياغاچ سوغا بولۇپ، ئاستى يان تەرىپىگە جۆمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورنىتىلىدۇ. خام ئەشيا دۇملەپ شەربەت چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كاسا (كاساڭ):** ياغاچ تەڭنە بولۇپ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**گۈرجەك:** ياغاچتىن ياسىلىدۇ، قىيامنى ئۆرۈپ پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەگلىك رەخت:** ئىككى كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى رەخت بولۇپ، خام ئەشيانى ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاسقۇ:** سىرتقى دۇۋارى تەكشى سىلىقلانغان سىلىندىر شەكىللىك توغرا بالداق بولۇپ، سوزۇلغان ماتاڭ پىلتىلىرىنى ئېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يىپ:** يىپەك ياكى چىگىدىن ئىشلەنگەن ئىنچىكە يىپ بولۇپ، ماتاڭ كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**قىرغۇ:** ئادەتتىكى قىرغۇ بولۇپ، قەنت قىزىلچىسىنى قەلەمچە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تاختاي:** تەكشى رەندىلەنگەن تاختاي بولۇپ، ئارىلاش ماتاڭلارنى ياساشقا تەگلىك قىلىنىدۇ.

**پۇزا:** جىلىت ئېچىشقا لازىم بولىدىغان ياغاچ پۇزا بولۇپ، ئارىلاش ماتاڭلارنىڭ ئۈستىنى تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماتاڭچىلىق مەشغۇلاتى:** ماتاڭ ياساش ئىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەييارلىق باسقۇچى ۋە ماتاڭ ياساش باسقۇچى دەپ ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى:** ئاق ماتاڭ ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان تېرىق، كۆممىقۇناق ياكى سۆك قاتارلىق يىرىك ئاشلىقلار پاكىز تاسقىلىپ، ئۆگۈت ئېتىلىپ، تۈگمەندە يىرىك يارمىداپ تارتىلىدۇ. ئارپا كاسىغا چىلاپ ئۈندۈرمە قىلىنىدۇ، ئاندىن يېيىپ قۇرۇتۇلۇپ، تۈگمەندە يارمىداپ تارتىلىدۇ. ئىشلىتىش ئالدىدا سۇغا چىلاپ كۆپتۈرۈلىدۇ. كېرەكلىك سۇيىقى قىزدۇرۇپ تاۋلىنىدۇ.

سېرىق ماتاڭ ياساشقا ئىشلىتىدىغان ئۈزۈم، ئۈجمە، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر ياكى ئۇلارنىڭ قاق ـ ۋاسالغۇلىرى پاكىز ئادالىنىدۇ. قىزىلچا يۇيۇپ ئاقلىنىپ قىرغۇدا قەلەمچە قىلىنىدۇ.

ئىككىلەمچى ماتاڭ ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ياڭاق چېقىپ مېغىزى ئايرىۋېلىنىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ساپىقى ئاجرىتىلىدۇ. توپا يۇقى، مىجىلىپ سۇپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۈزۈملەر شاللىنىۋېتىلىدۇ. كۈنجۈت، كەندىر قاتارلىقلار پاكىز تاسقىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار تەقلىنىپ پاكىزلىنىدۇ.

**ماتاڭ ياساش باسقۇچى:** خۇرۇچنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئاق ماتاڭ بىلەن سېرىق ماتاڭنى ياساش ئۇسۇلى پەرقلىق بولىدۇ.

**ئاق ماتاڭ ياساش:** قازانغا يېرىم سۇ قۇيۇلۇپ، قازان گىرۋىكىگە يېقىن جايغا 2 ~ 3 تال تىرەك ياغاچ ۋە چىۋەك قويۇلىدۇ، ئۈستىگە رەخت سېلىنىدۇ. قازاننىڭ تاش گىرۋىكىگە تۇۋۇسىز قاقما سوغا بۇس قاچىمغۇدەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن تېرىق يارمىسى ئۈچ قېتىم چايقاپ يۇيۇلۇپ، قاقما سوغىغا توشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈستى ھىملىنىپ قاينىتىپ بۇسلىنىدۇ. بىر سائەت بۇسلانغاندىن كېيىن سوغا ئاغزى ئېچىلىپ، خۇرۇچ ئۈستىگە سۇ چېچىلىپ، ئۆرۈپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر يېرىم سائەت بۇسلىنىدۇ. ۋاقىت توشقاندىن كېيىن سوغىدىن چىقىرىلىپ، پاكىز رەخت ئۈستىگە يېيىتىلىپ، سۇغا چىلاپ كۆپتۈرۈلگەن قوشۇمچە خۇرۇچ — ئارپا يارمىسى 18:1 نىسبەتتە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۈپكە قاچىلىنىدۇ. كۈپنىڭ ئاستىدىكى جۈمەك ئاغزى پۇختا ئېتىلىپ، 1:2 نىسبەتتە، يەنى بىر جىڭ خۇرۇچقا ئىككى جىڭدىن ھېسابلاپ قايناقسۇ قۇيۇلۇپ، كۈپ ئاغزى يۆگىلىپ بەش سائەت دۈملىنىدۇ. دۈملىنىپ بولغاندىن كېيىن، جۈمەك ئاغزى ئېچىلىپ، كۈپ ئىچىدىكى سۇ كاسىغا ئېقىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. سۈس يېشىل بولغان بۇ سۇ «تېرىق شەربىتى» دېيىلىدۇ.

تېرىق شەربىتى قايتىدىن قازانغا قۇيۇلۇپ، 18:0.2 نىسبەتتە (18 جىڭ شەربەتكە ئىككى سەر ياغ) تاۋلانغان ياغ قۇيۇلۇپ قاينىتىلىدۇ. شەربەت بىر قاينىغاندىن كېيىن قىيام بولغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئوت توختىتىلىپ، قىيام تاكى ئوماچ ھالىتىگە كەلگۈچە داۋاملىق چوغ تەپتىدە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن قازاندا تۇرغۇزۇلۇپ گۈرجەكتە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈپ يېرىم سائەت گۈرجەكلەپ سوقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىدۇ. قىيامنى ئۆرۈپ گۈرجەكتە سوققاندا چاچرىغان قىيام پارچە- لىرى سۈيۈق بولماستىن، بەلكى ئاق قۇقان ھالىتىدە بولسا قىيام پىشقان ھېسابلىنىدۇ ۋە قىيام قازىنىدىن باشقا قازانغا ئېلىپ، بىر ئاز سوۋۇتۇلۇپلا بىرەر جىك كەلگۈدەك چوڭلۇقتا ئۆرۈپ كاللەكلەپ يىوزۇلىدۇ. سىرىق، پىششىق قىيام كاللەكلىرى سوزۇلۇش نەتىجە- سىدە ئاقىرىدۇ. مانا بۇ ئاق پىلتىلار «ئاق ماتاك» دېيىلىدۇ. سوزۇ- لۇپ بولغان ئاق ماتاك پىلتىلىرى ياغاچ ئاسقۇغا ئارتىلدۇرۇپ ئې- سىپ قويۇلىدۇ.

قىيام تەييارلاشتىن قىيام كاللەكلىرى سوزۇلۇپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆي ئىچى ئىسسىق، بوسلاش ھالىتىدە بولۇشى لازىم. قى- يام سوزۇلۇپ ئاسقۇغا ئېسىلغاندىن كېيىن (ماتاك پىلتىلىرى تو- لۇق قورۇماي تۇرۇپلا) ئۆينىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكلىرى ئېچىلىپ ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ما- تاك پىلتىلىرى ئىنچىكە يىپەك يىپ ياكى چىگە يىپتا سىرتىدىن ئورىلىپ، ئىككى ئۇچىدىن تارتىش ئارقىلىق كېسىلىدۇ. قىسقا قىسقا كېسىلگەنلىرى دۈگىلەك ھالەتتە بولۇپ، «يۇمىلاق ماتاك» دې- يىلىدۇ. ئۇزۇنچاق كېسىلگەنلىرى «پىلتا ماتاك» دېيىلىدۇ (بەزى جايلاردا تاڭگازا دەپمۇ ئاتايدۇ). سوزۇلغاندىن كېيىن كېسىلمەي سەللە شەكلىدە يۆگەپ كاللەكلەنگەن ماتاك «چاقما ماتاك» دېيىلىدۇ.

سۆك، كۆممىقوناقلاردىن ماتاك ياساش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. تېرىق، سۆك قاتارلىقلاردىن ئادەتتە 1:2 ياكى ئۈنىڭدىن يۇقىرىراق نىسبەتتە ئاق ماتاك ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ناۋات قى- يامى قالدۇقىدىن ئاق ماتاك ئىشلەشكە بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ تېرىق قىيامىغا مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

سىرىق ماتاك ياساش: سىرىق ماتاك ياساشتا ئۈزۈم، ئۈجمە، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر ئالدىنقى ماۋزۇلاردا سۆزلەنگەن شىرنە يا- ساش ئۇسۇلى بويىچە شەربەت قىلىنىدۇ. قەنت قىزىلچىسىدىن ماتاك ياساشقا توغرا كەلگەندە، قىرىپ تەييارلانغان قىزىلچا قەلەمچىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇلۇپ، بىر نەچچە سائەت قايىنىتىپ پىشۇ-

رۇلغاندىن كېيىن، بىر كېچە دۇملەپ قويۇلىدۇ، ئاندىن سىقىپ شەربىتى ئايرىۋېلىنىپ تىرىپى سۇزۇۋېتىلىدۇ. سېرىق ماتاڭ ياساشتا قوشۇمچە خۇرۇچ (ئارپا يارمىسى) ئىشلىتىلمەيدۇ. مېۋە شەربەتلىرى ياكى قىزىلچا شەربىتى سۈس ئوتتا ياكى چوغ تەپتىدە قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش تەرتىپلىرى ئاق ماتاڭ ياساشنىڭكىگە ئوخشاش.

ئىككىلەمچى ماتاڭ ياساش: ياڭاق ماتىڭى، ئۈزۈم ماتىڭى، كۈنجۈت ماتىڭى، كەندىر ماتىڭى قاتارلىق ئىككىلەمچى ماتاڭلار ئاق ماتاڭ ياكى سېرىق ماتاڭ قىيامىغا قوشۇمچە خۇرۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياڭاق ماتىڭى ياساشتا، ياڭاق مېغىزى بىر ئاز ئۇششاقلىنىپ، قازانغا سېلىنىپ، سۈس ئوتتا سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ (ياڭاق چېقىلىشتىن بۇرۇن قوقاسقا كۆمۈپ ياكى تونۇردا خۇيلاپ سارغايتىلىسىمۇ بولىدۇ). تەييارلانغان مېغىز، ئۈزۈم قاتارلىقلار قىزىق قىيامغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئاندىن تۈز تەگلىك قاچىلارغا ئېلىپ سوۋۇتۇلىدۇ ياكى ياڭاق مېغىزى بىلەن ئۈزۈم ئايرىم ئايرىم قاچىغا سېلىنىپ ئۈستىدىن سۇيۇقراق تەييارلانغان قىيام قۇيۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈستىدىن پۇزىدا بېسىپ چىڭدىلىدۇ. كۈنجۈت ماتىڭى ياساشتا، ماتاڭ پىلتىسى ئىنچىكىرەك سوزۇلغاندىن كېيىن بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، كۈنجۈت يېيىتىلغان تاختاي ئۈستىدە دومىلىتىلىپ سىرتقى يۈزىگە كۈنجۈت يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كەندىر ماتىڭى ماتاڭ پىلتىسى نېپىز ياپىلاقلىنىپ، سىرتقى يۈزىگە كەندىر يېپىشتۇرۇلۇپ ئۈستىدىن چىڭدالغاندىن كېيىن بەلگىلىك چوڭلۇقتا كېسىلىدۇ، ياڭاق ماتىڭى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ ياساشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاتلىق يېمەكلىكلەردىن قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەر، يەنى كۆپتۈرمىلەر، پېچىنە ـ پىرەنىك، بەلىشلەر؛ ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر، يەنى تۇش، بوغۇرساق، چەلپەك، قۇشتىلى، گۈلبەنەك قاتارلىقلارنى ياساش تېخنىكىسى بىر قەدەر ئاددىي بولغاچقا، مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىنغاندىن تاشقىرى، خېلى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى
www.uyghurkitap.com



ساندىكى ئائىلىلەر ئۆزلىرى ياساپ ئىستېمال قىلىدۇ. قىيام قىلىپ ياسىلىدىغان گۈلقەنت، مۇراببا، شىرنە، شەربەتلەردىن كۆچلۈك دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىرى ئۇيغۇر تېبابەت دورىخانىلىرى، شىپاخانىلار ۋە تېۋىپلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغانلىرى تېۋىپلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەندىن باشقا، كۆپلىگەن ئائىلىلەردىمۇ ياسىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ناۋات، ماتاڭ قاتارلىق قاتۇرۇپ ياسىلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

## 2. ئىچىملىك ۋە ئىچىملىكلەر

ئىچىملىك يېمەكلىك، ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش خوتەن رايونىدىمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىچىملىك يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن ھاراق، شاراب، بوزا، سىركە، قىمىز، قېتىق، قۇرۇت قاتارلىق خېلى كۆپ مەھسۇلاتلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بەزىلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. خوتەن بۇددىستلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھاراق ياساش ۋە ئىستېمال قىلىش ئەمەلدىن قالغاندىن سىرت، قالغان ئىچىملىك مەھسۇلاتلار يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئىشلەپچىقىرىلىپ ۋە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى. شاراب، بوزا قاتارلىق قىسمەن ئىچىملىك مەھسۇلاتلار ھازىر سانائەت ئىچىملىك مەھسۇلاتلىرىغا ئورۇن بوشاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ئىچىملىك يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر ھېلىھەم ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ ۋە ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئىستېمال قىلىۋاتقان ئىچىملىك ئىچىملىكلىرىنى خام ئەشيا ماتېرىيالى، تەمى، رەڭگى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن بوزا، سىركە، مۇسەللەس، مەيزاپ، ئاچچىقسۇ، قېتىقتىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، بىردەك ئىچىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئوزۇقلۇق قىممىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىستېمال ئورنى جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىق.

ئوزۇقلۇق قىممىتى جەھەتتە، قېتىق ۋە قېتىق مەھسۇلاتلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقىلىرى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

خۇسۇسىيىتى جەھەتتە، سىركىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپلىگەن مۇرەككەپ دورىلارنى ياساشقا خورۇچ قىلىنىدۇ. يەككە دورا قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەنرەك، قالغانلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، قىسمەن ھاللاردا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال قىممىتىگە كەلسەك، بوزا، مۇسەللەس، مەيزاپ قاتارلىقلار كۆپىنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىپ كەيپ سۈرۈش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىركە، ئاچچىقسۇ، قېتىق بولسا، ئاش ـ تاماق تەمىنى تەڭشەش، تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېچىتقۇلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆپىنچە ئارپا خېمىر تۇرۇچى ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ ياكى ئارپا خېمىر تۇرۇچىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس تەييارلانغان ئېچىتقۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، ئارپا خېمىر تۇرۇچى تەييارلاش ئۇسۇلىمۇ ئالاھىدە بايان قىلىنىدۇ.

**1) ئارپا خېمىر تۇرۇچى تەييارلاش**

ئارپا خېمىر تۇرۇچى ھاراق، شاراب، بوزا قاتارلىق ئىسپىرت مىقدارى يۇقىرى، مەست قىلىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان ئۆتكۈر ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا بىۋاستە ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ. ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ۋاستىلىك ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ.

ئارپا خېمىر تۇرۇچى ئىشلەپچىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان خورۇچ ۋە سايمانلار: ئارپا بىلەن دۈۋاز ئۇن خورۇچ قىلىنىدۇ.

**سايمانلاردىن:** كاسا (ئادەتتىكى چوڭ كاسا) خام ئەشيا قاچىلاش ۋە نەمدەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**قېلىپ** (ياغاچتىن ياسىلىدىغان خام كېسەك قېلىپىغا ئوخشاش سايمان): تەييارلانغان خام ئەشيادىن كېسەك ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەلگەك** (ئادەتتىكى ئەلگەك): خام ئەشيانى تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بورا (ئادەتتىكى قومۇش بورا): خېمىر تۇرۇچ پىشۇرىدىغان ئۆيگە تەگلىك قىلىنىدۇ.

چىغ (ئۇسۇملۇكنىڭ غولى): كېسەك قەۋەت ئارىسىغا سېلىنىدۇ.

**ئارپا خېمىر تۇرۇچى تەييارلاش مەشغۇلاتى:** تەييارلىق باسقۇچى ۋە پىشۇرۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى:** ئارپا ياخشى تاسقاپ پاكىزلانغاندىن كېيىن تۈگمەندە يارما قىلىنىدۇ. ئاق ئۇن كېپىكىنى قايتا تاسقاش ئارقىلىق دۇۋاز ئۇن ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئارپا يارمىسى بىلەن دۇۋاز 7:3 نىسبەتتە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ كاسىغا قۇيۇلۇپ، سۇ بىلەن نەمدىلىدۇ ۋە قېلىپقا سېلىپ قاتتىق چىڭدىلىپ كېسەككە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**(2) خېمىرتۇرۇچ پىشۇرۇش باسقۇچى:** خېمىر تۇرۇچ كېسەكلىرى ئۆي تېگىگە سېلىنىدىغان بورا ئۈستىگە تىك ھالەتتە رەتلىك تىزىلىدۇ. ئىككى قوشنا كېسەك ئارىلىقىدا 3~2 سانتىمېتىر بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. بىرىنچى قەۋەت كېسەكلەر تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە نېپىز بىر قات چىغ سېلىنىدۇ. ئاندىن بىرىنچى قەۋەتتىكى كېسەكلەرنىڭ چاك ئارىسىغا ئۇدۇللاپ ئىككىنچى قەۋەت كېسەك تىزىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە 5~4 قەۋەت كېسەك تىزىلغاندىن كېيىن ئىشىك ـ دېرىزىلەر ھەم ئېتىپ، سىرتى كاكىل لايدا سۇۋىلىدۇ. خېمىر تۇرۇچنى قىش كۈنلىرى ئىشلەشكە توغرا كەلسە، ئۆي سىرتىدىن تام مەشكە ئوت قالاپ ئۆي ئىچى ئىسسىتىلىدۇ. تەخمىنەن بەش كۈندىن كېيىن كېسەكلەر ئېچىيدۇ ۋە خېمىر تۇرۇچ ھىدى سىرتقا تارايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئېچىلىپ، ئاچچىق بۇس چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاستى قەۋەتتىكى كېسەكلەر ئۈستىگە، ئۈستى قەۋەتتىكى كېسەكلەر ئاستىغا يۆتكىلىپ ئاۋۋالقى ئۇسۇل بويىچە قايتىدىن تىزىلىدۇ ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەر ھەم ئېتىلىدۇ (سۇۋالمىسىمۇ بولىدۇ). تەخمىنەن 10 كۈندىن كېيىن كېسەكلەرنىڭ ئىچكى قىسمى قىزغۇچ ياكى سېرىق چېچەكلەپ پىشىدۇ ھەمدە قۇرۇپ قاتىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ قاتۇرۇلغان كېسەك «ئارپا خېمىرتۇرۇچى» ياكى «قاتتىق خېمىر تۇرۇچ»

دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق خېمىر تۇرۇچ سالقىن، قۇرغاق جايدا قويۇپ ساقلانسا بىر نەچچە يىلغىچە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

2)بوزىچىلىق

بوزا ئېچىتقۇ ياردىمىدە تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، شارابنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. «بىخسۇم — بوزا. تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك»، «يۇشدي — ئاقتۇردى. ئۇ كۆپىنىڭ جۇمىكىدىن بوزىنى ئاقتۇردى. بوزا — بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك»①

بۇ بايانلاردىن بوزىنىڭ ئاشلىق دانلىرىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان قەدىمىي ئىچىملىك ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

بوزا رەڭگى ئاق، دۇغلۇق، قاڭسىقراق سۇيۇقلۇق بولۇپ، كۆپرەك ئىستېمال قىلىنسا مەست قىلىدۇ. ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر شەھەرلەردە يېرىك ئاشلىقنى خام ئەشيا قىلىپ بوزا ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي بوزىچىلار ۋە بوزىخانىلار بولغان، كېيىنچە سۇپەتلىك سانائەت ئىچىملىكلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئاشلىقتا نورمىلىق تەمىنلەشنىڭ يولغا قويۇلۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن يېرىك ئاشلىقتىن بوزا ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن ئاخىرلاشقان. بۇنداق بوزا ئىشلەپچىقىرىشتا يېرىك ئاشلىق خام ئەشيا قىلىنىدىغانلىقى، ئارپا خېمىر تۇرۇچى ئېچىتقۇ قىلىنىدىغانلىقى ئايان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، قاراقۇرۇم تاغلىق رايونلىرىدا ياشىغۇچى خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە بىر خىل بوزا ياساش ئۇسۇلى يېقىنقى يىللارغىچە ساقلانغان. بۇ خىل بوزا پىششىق ئاشلىقلاردىن ئەمەس، تېخى قاتمىغان كۆك دانلاردىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل بوزىنى «كۆك بوزا» دەپ ئاتايدۇ.

كۆك بوزا ئىشلەپچىقىرىشتا، ئوبدان تولغان، ئەمما قاتمىغان بۇغداي، ئارپا، كۆممىقۇناق، پۇرچاق دانلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ، ئارپا خېمىر تۇرۇچى ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ، سوغا، كاسا،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 توم، 631 - بەت، 2 - توم 81 - بەت

www.uyghurkitap.com



كوزا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ. سوقا شال ئاقلايدىغان قول سوقىسىغا ئوخشاش ياغاچ سايمان بولۇپ، كۆك دانلارنى سوقۇپ ياذجىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كاسا خام ئەشيا قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. كوزا بوزا ئېچىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كۆك بوزا ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى ۋە پىشۇرۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى**: بۇغداي، ئارپا، كۆممىقۇناق باشاقلىرى، پۇرچاق چوكىلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بۇغداي، ئارپا باشاقلىرىنىڭ غول، يوپۇرماقلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. كۆممىقۇناق باشقىنىڭ پوستى سويۇلۇپ قوناق دانلىرى قىرىۋېلىنىدۇ. پۇرچاق چوكىلىرى تېشىلىپ دېنى ئايرىۋېلىنىدۇ (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قوشۇپ تەييارلاش شەرت ئەمەس، قايسىبىر خىلى بولسا بولۇۋېرىدۇ)، ئاندىن خام ئەشيا پاكىز تازىلانغان سوقا چانىقىغا قاچىلىنىپ توقماقتا سوقۇلىدۇ. باشاق ۋە دانلار بەلگىلىك دەرىجىدە يانچىلىپ بولغاندا بۆز خالتىغا قاچىلىنىپ كۆچەپ سىقىش ئارقىلىق كىراخمال ئايرىۋېلىنىدۇ. خالتىدا قالغان تىرىپلىرى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە يەنە بىر-ئىككى نۆۋەت ياندۇرمىلاپ سوقۇپ سىقىلىدۇ.

**بوزا پىشۇرۇش باسقۇچى**: باشاق - دانلاردىن ئايرىۋېلىنغان كىراخمال كوزىغا قاچىلىنىپ ئارپا خېمىرتۇرۇچى سېلىنىدۇ. ئاغزى بىر نەچچە قات داكا رەختتە يۆگەپ بۇغۇلۇپ، ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن كىراخمال قاينايدۇ ۋە بىر نەچچە كۈن قايناپ ئۆزىچە توختايدۇ. بۇ، بوزىنىڭ پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ساپال قاچا، سىرلىق قاچا ياكى مەخسۇس ئىشلەنگەن تۇلۇمغا قاچىلىنىپ ساقلىنىدۇ ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كۆك بوزا ئىشلەپچىقىرىشى خام ئەشيانىڭ چەكلىمىسىگە كۆپ ئۇچرايدىغان بولغاچقا، پەقەت ئائىلىلەردە تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىشقىلا باب كېلىدۇ.

**3) سىركىچىلىك**

سىركە چۈچۈمەل تەملىك سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈيى، ھەسەل، شۇنداقلا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ

دانلىرى خۇرۇچ قىلىنىپ، كونا سىركە ئېچىتقۇ قىلىنىپ تەييار-لىنىدۇ. ئۈزۈم سىركىسىنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ياخشى ھېسابلىنىدۇ. سىركە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار مەيزاپچىلىق سايمانلىرىغا ئاساسەن ئوخشىشىدۇ.

ئۈزۈم سىركىسىنى ئىشلەپچىقىرىشتا چالا چېكىلگەن ئۈزۈم يىغىۋېلىنىپ پاكىز يۇيۇلىدۇ. 100:1 نىسبەتتە كونا سىركە ئېچىتقۇ قىلىپ قويۇلىدۇ.

سىركە ئىشلەپچىقىرىشتا ئېچىتقۇ سېلىش چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك شەرت ئەمەس. باشقا شەرتلەر ئورۇندالسا، ئېچىتقۇ سېلىنمىسىمۇ، ئوخشاشلا ئاپتاپ تەسىرىدە قايناپ سىركىگە ئايلىنىدۇ. بىراق، ئېچىتقۇ سېلىنسا سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كوزا ئاغزى داكىدا يۆگەپ (ئەڭ ياخشىسى داكا سىرتىدىن لاي چاپلىنىپ) ئاپتاپقا قويۇلىدۇ. ئاپتاپنىڭ قىزىتىشى ۋە ئېچىتقۇنىڭ تەسىرىدە ئۈزۈم سىركىسى ئېچىپ قايناپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىچە توختايدۇ (ئادەتتە ئاپتاپقا سېلىپ پىشۇرۇش ۋاقتى بىر-ئىككى ئاي بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن سىركە تەييار بولىدۇ.

سىركە ئىشلەپچىقىرىش خوتەنلىكلەر ئارىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئىستېمال دائىرىسى كەڭ ئەمەس. ئايرىم ھاللاردا ئاچچىقسۇ ئورنىدا ئاش ـ تاماققا تېتىتقۇ قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. يەككە ھالەتتە ياكى باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغاندا كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە تۈرلۈك جايلارغا چېچىلىدۇ.

4) مەيزاپچىلىق

مەيزاپ ئۈزۈم سۈيىدىن ئېچىتقۇ ۋاسىتە قىلىپ تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، رەڭگى سۈس قوڭۇر، تەمى چۈچۈك بولىدۇ. مەيزاپ شارابنىڭ بىر تۈرى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەيزاپ توغرىسىدا بىۋاستە ئۇچۇر بېرىلمىگەن بولسىمۇ، شاراب توغرىسىدا كۆپ جايدا مەلۇمات بېرىلگەن (1 ـ توم، 70 ـ بەتكە قاراڭ). ھازىر بوغداي شارابى ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەيزاپ خېلى كەڭ دائىرىدە

ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ ۋە ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ.

مەيزاپ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا ئىسپىرت بولۇپ، ئىككى خىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ: بىرى، كەيپ سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كۆپرەك ئىچىلسە كىشىنى مەستخۇش قىلىدۇ. ۋاقىتلىق لەززەت بېغىشلايدۇ. يەنە بىرى، ئۇيغۇر تېبابىتىدە بەدەندىكى زىيانلىق ماددىلارنى يوقىتىش، تارقىتىش ۋە جىنسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مەيزاپچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار:** مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىشتا ھۆل ۋە قۇرۇق ئۈزۈم ئاساسىي خۇرۇچ، ئارپا خېمىرتۇرۇچى ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ. كاسا، قازان، كوزا، قاقما سوغا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ. كاسا ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى ئايرىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. قازان ئۈزۈم سۈيىنى قاينىتىپ تازىلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. قاقما سوغا (سىلىندىر شەكىلدىكى چوڭ سوغا) مەيزاپ ئېچىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت قات كىگىز، بۆز گىلەمدە قاپلانغان قېلىن تۆۋقى بولىدۇ. كوزا مەيزاپ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى:** ياخشى پىشقان ھۆل ئۈزۈم يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن، ئۈزۈم دانچىسى ساپىقىدىن ئاجرىتىۋېلىنىپ كاسىغا سېلىپ قاتتىق مۇجۇپ ئېزىلىدۇ ۋە ئۈزۈم بىلەن تەڭ مىقداردا سۇ قۇيۇلغان قازانغا سېلىپ ئۈزۈم پوستى ئاقارغۇچە (يېرىم سائەت ئەتراپىدا) قاينىتىلىدۇ، ئاندىن قازاندىن ئېلىنىدۇ ۋە سوۋۇغاندا خالتىغا ئېلىپ سىقىش ئارقىلىق سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. خالتىدا سۈزۈلۈپ قالغان تېرىپلىرى قايتىدىن قازانغا سېلىنىپ، تەڭ مىقداردا سۇ قۇيۇپ يەنە يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئۇسۇلدا سۈيى ئايرىۋېلىنىپ، بىرىنچى قېتىم ئايرىۋېلىنغان ئۈزۈم سۈيى بىلەن بىللە قازانغا قۇيۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. سۈيۇقلۇق ئۈستىگە يىغىلغان كۆپۈك ئۇدۇللۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. تاكى كۆپۈك چىقمايدىغان بولغانغا قەدەر قاينىتىلغاندىن كېيىن ئوت ئۆچۈرۈلىدۇ. سۈيۇقلۇق سەل تىندۇرۇلغاندىن كېيىن سۈزۈك قىسمى كاسىغا ئېلىنىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن قاقما سوغىغا قۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە 150:1 نىسبەتتە ئارپا خېمىرتۇرۇچى سېلىنىد-

دۇ (خېمىرتۇرۇچنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سوقۇپ، ئۇششاقلاپ بىر تال تاش بىلەن قوشۇپ خالتىغا قاچىلىنىپ ئاغزى بوغۇلۇپ سوغا تېگىگە چۆكتۈرۈلىدۇ. ئارپا خېمىرتۇرۇچى بولمىسا، ئارپا بىلەن ئاق ئۈن خېمىرتۇرۇچى 1:1 نىسبەتتە قوشۇلۇپ يۇقىرىقى مىقدار بويىچە سېلىنسىمۇ بولىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن سوغا ئاغزى تۇۋاقتا پۇختا يۆگەپ دۇملىنىدۇ. خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ 4~3 كۈندىن كېيىن ئۈزۈم سۈيى قايناشقا باشلايدۇ ۋە بىر ھەپتە قاينىغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. بۇ، مەيزاپ پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت تىندۇرۇلغاندىن كېيىن سۈزۈك قىسمى ئايرىۋېلىنىپ كوزا، سىرلىق قاچا ياكى فارفور قاچىلارغا قاچىلىنىپ ساقلىنىدۇ. ئادەتتە ئىككى ئاي ئەتراپىدا ساقلاشقا بولىدۇ. كىچىك ئېغىزلىق ئەينەك بوتۇلكىلارغا قاچىلانسا يېرىم يىل ئەتراپىدا ساقلاشقا بولىدۇ.

قۇرۇق ئۈزۈمدە مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، ئۈزۈم تاسقاپ ئادالىنىپ، ئۈزۈم مىقدارىدىن ئارتۇقراق سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. ئۈزۈم دانىچىلىرى ئېسىلىپ، پوستى يېرىلغاندا قازاندىن ئېلىپ سوۋۇتۇپ ۋە خالتىغا ئېلىپ سىقىپ سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ، تىرىپىلىرى قايتىدىن قازانغا سېلىنىپ بىر ئاز سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىپ، ئىككىنچى قېتىم سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. باشقا ئىش تەرتىپلىرى ھۆل ئۈزۈمدىن مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭكىگە ئوخشاش.

بۈگۈنكى كۈندە، مەيزاپ ئائىلىلەردە ئىشلەپچىقىرىلىپ ئىستېمال قىلىنىش بىلەنلا قالماي، ئىچىملىك زاۋۇتلىرى تەرىپىدىن زامانىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلماقتا. بۇ خىل مەيزاپ تېخىمۇ ساپ ۋە تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

**5) مۇسەللەسچىلىك**

مۇسەللەس ئۈزۈم سۈيىنى ئاپتاپقا قۇيۇپ قاينىتىپ ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈككە مايىل كېلىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىچنى

ۇمشتىش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق پەسەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇسەللەس ئادەتتە كەيپ قىلىش ۋە كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ. مۇسەللەس تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئىسپىرت بولۇپ، كۆپرەك ئىستېمال قىلىنسا، مەيزاپقا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىپ، نېرۋىنى غىدىقلاپ كۆڭۈلنى مەستخۇش قىلىدۇ. تېببىي مەقسەتتە بەلگىلىك مىقداردا مەلۇم مەزگىلگىچە ئىستېمال قىلىنسا، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈنۈمىنى بېرىدۇ.

**مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار:**

مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىشتا ياخشى پىشقان ئۈزۈم ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىلمەيدۇ. كەيپ ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مۇسەللەسكە بەزىدە باچكا گۆشى سېلىنىدۇ. مۇسەللەس قايناش داۋامىدا باچكىنىڭ گۆشلىرى پۈتۈنلەي ئېرىپ سۈيۈقلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

تېببىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مۇسەللەسكە بەزىدە لاچىندانە، جويۇز، قەلەمپۇر قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇشبۇي دورىلار قوشۇلۇپ، پۇرىقى ياخشىلىنىپ شىپالىق ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ.

مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار مەيزاپچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

**مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى:**

مۇسەللەس تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ:

(1) **ئاپتاپتا پىشۇرۇش ئۇسۇلى.** ئوبدان مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم يىغىۋېلىنىپ، ساپاقلىرىدىن ئاجرىتىلىپ كاسىغا سېلىپ مۇجۇپ ئېزىلىدۇ ۋە خالتىغا سېلىپ سىقىلىپ سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تىندۇرۇلغاندىن كېيىن سۈزۈك قىسمى كوزىغا قاچىلىنىدۇ. كوزىنىڭ ئاغزى بىر نەچچە قات داكىدا يۆگەپ بوغۇپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئاپتاپقا قاقلىنىش نەتىجىسىدە كوزىدىكى سۈيۇقلۇق قىزىپ ئېچىپ قاينايدۇ. بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. بۇ، مۇسەللەس پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان مۇسەللەسنى قاچىلاشتا

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ ھۆل بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**(2) قايىنتىپ پىشۇرۇش ئۇسۇلى.** پىشقان ئۈزۈم پاكىز يۇيۇلۇپ، شىرنىسى سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، سۈزۈپ تازىلىنىپ قازانغا تۆكۈلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە سۇ قۇيۇلۇپ (ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن سۇنىڭ نىسبىتى 2:1 بولىدۇ)، دەسلەپتە كۈچلۈك ئوتتا، كېيىن سۇس ئوتتا قايىنتىلىدۇ، ئاندىن پاكىز يۇغداپ تازىلانغان 2~1 باچكا، بىر قانچە باش كۆممىقوناق تاشلىنىپ بىرلىكتە قايىنتىلىدۇ. ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ 2/ 3 قىسمى قالغاندا، يەنە ئوخشاش نىسبەتتە سۇ قوشۇلۇپ تاكى ئۈزۈم شىرنىسى قويۇلغۇچە (تامچىسىنى تېمىتقاندا يېيىلىپ كەتمەيدىغان بولغۇچە) داۋاملىق قايىنتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇسۇپ ئېلىنىپ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدىشلارغا قاچىلىنىدۇ. ئىدىشلارغا ئىسسىق ۋاقتىدا قاچىلانسا 12 كۈندىن كېيىن سۈزۈلىدۇ. مانا بۇ مۇسەللەس دەپ ئاتىلىدۇ. قازاندىن ئېلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن ئىدىشلارغا قاچىلانسا، 15 كۈن ئەتراپىدا ئېچىيدۇ. ئۈزۈم شىرنىسىنى ئىدىشلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن، ئاغزى ھىم ئېتىلىپ، لايدا مەھكەم چاپلاپ ئاپتاپقا سېلىنسا ئېچىيدۇ.[1] بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىلەر مەيزاپ بىلەن مۇسەللەس بىر نەرسە دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىش ۋە مەلۇم كېسەللىكلەرگە شىپاھ بولۇشتەك ئورتاقلىقىقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا زور پەرق بار. بىرىنچىدىن، مەيزاپقا ئارپا خېمىرتۇرۇچى ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئاپتاپقا سالمايمۇ پىشۇرۇش مۇمكىن؛ مۇسەللەسكە بولسا خېمىرتۇرۇچ سېلىنمايدۇ، ئۇنى پىشۇرۇشتا ئاپتاپقا سېلىش شەرت قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈزۈم سۈيىگە يەنە سۈزۈك سۇ قوشۇلىدۇ ۋە قازاندا قايىنتىلىدۇ؛ مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئۈزۈم سۈيىگە بولسا بەزىدە سۇ قوشۇلمايدۇ، شۇنداقلا قازاندا قايىنتىلماي بىۋاستە ئاپتاپقا سېلىپ قايىنتىلى-

---

بۇ بىر ئابزاس «شىنجاڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) 1996ـيىل 3ـسان 40ـ بەتتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇ. شۇ سەۋەبتىن مەيزاپ ئىچىتقۇ ۋاستىسى بىللە تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك — شاراب ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ شارابنىڭ ئىچىتقۇ ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەيزاپ دىگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بۇ ئەسلىدە مەي+ ساپ = مەيساپ (ساپ مەي، ھەقىقىي مەي، شاراب) دىگەن سۆز بولۇشى، كېيىنچە تەلەپپۇزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ «مەيزاپ» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇسەللەس بولسا ئۇنىڭدىن سۈپەت جەھەتتە پەرقلىنىدىغان باشقا بىر تۈردىكى ئىچىملىك — ئىچىتقۇسىز ئىچىملىك ھېسابلىنىدۇ (شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇسەللەسنىڭ ئىچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەر قاتارىغا قويۇلۇشى، بىرىنچىدىن، ئاپتاپتا قايناش داۋامىدا ئۇنىڭمۇ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، مەلۇم مىقداردا ئىسپىرت تەركىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، مەيزاپ بىلەن سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈندۇر).

مەيزاپ بىلەن مۇسەللەسنىڭ سۈپەت جەھەتتە پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئىچىملىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلاردىمۇ ئاساس تاپالايمىز. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» دىگەن كىتابتا ئۇلارنىڭ تەركىبى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

«**مۇسەللەس**. خەنزۇچە نامى 葡萄酒 (لاتىنچە VINO)، تەركىبى: ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مۇسەللەس تەركىبىدە سۇ 70%~85%، قەنت (مېۋە قەنتى، ئۈزۈم قەنتى) 10%~30%، ئورگانىك كىسلاتا 0.9%~ 0.2%، ئاچچىق ئۈزۈم كالىي تۇزى 0.2%~0.6%، ئازوتلۇق ماددىلار 0.2%~0.5%، مىنېرال جىسىملار 0.3~0.5% نى ئىگىلەيدۇ.. تەركىبىدە ئىسپىرت ئادەتتە 10%~17% كىچە بولۇشى مۇمكىن.

خۇسۇسىيىتى: كۆكرەك، ئۆپكە ۋە قاپارتقۇ چىچەكلەرگە مەنپەئەت قىلىش، ئىچنى يۇمشىتىش، باھنى قوزغاش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

تونۇش: بۇ، ئۈزۈم سۈيى بولۇپ، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك تەرەپكە

مايىل. قايىنتىشتا 3/2 ھەسسىدىن ئارتۇق خورىمايدۇ. قويۇق بولىدۇ.
«ئۈزۈم شارابى. خەنزۇچە葡萄酒 (لاتىنچە SPIRITUSVINI)»
ئۈزۈم شارابى ئۈزۈمدە بولىدىغان پايدىلىق تەركىبلەردىن تەييارلىنىدۇ، نېرۋا مەركەزلىرىنى دەسلەپتە قوزغاتقۇچى، ئارقىدىن پالەچلەيدۇرگۈچى تەسىرگە ئىگە بولغان بىر قانچە ھىدروكسىل گۇرۇپپىسى ـ فېنوللار بولىدۇ.. شاراب تەسىرىدىن.. مەستلىك چوڭقۇرلاشقانسېرى نېرۋىلار پالەچلىنىپ، قان تومۇرلار تارىيىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتى ئاستىلىشىدۇ. ئەگەر كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەپ بىھوش قىلىپ قويىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددىلارنى پىشۇرۇش ۋە تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە قوزغاش، ئىچكى ئەزالارنى قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**تونۇش:** بۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، مۇسەللەس ۋە سۇ بىلەن تەييارلىنىدۇ.

«جۇڭيى تېبابىتىدە: مۇسەللەس قۇرۇق ئىسسىق، ئازراق زەھەرلىك. ئۈزۈم شارابى: قۇرۇق، 1 ـ دەرىجىدە ئىسسىق. زور دەرىجىدە زەھەرلىك»

دېمەك، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلاردىنمۇ مەيزاپ بىلەن مۇسەللەسنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، لاتىنچە تىللاردىمۇ ناملىرى پەرقلىق بولغان، تەركىبى ۋە خۇسۇسىيىتىمۇ پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى، سىركە بىلەن مۇسەللەسنىڭ پەرقىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن، سىركىگە چالا پىشقان ئۈزۈم، مۇسەللەسكە ياخشى پىشقان ئۈزۈم خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، سىركىگە ئېچىتقۇ (كونا سىركە) ئىشلىتىلىدۇ. مۇسەللەسكە بولسا، ئېچىتقۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر ئېچىتقۇ — خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىلسە، ئۇ ھالدا تەييار بولغان مەھسۇلات مۇسەللەس بولماستىن، بەلكى مەيزاپ، يەنى ئۈزۈم شارابى بولىدۇ.

**6) ئاچچىقسۇچىلىق**

ئاچچىقسۇ مەخسۇس تەييارلانغان ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچىدا كېپەك ئېچىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سۇيۇقلۇق بولۇپ، قېنىق

www.uyghurkitap.com



قوڭۇر رەڭلىك، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. تەم تەڭشەش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قورۇما قورۇش ۋە سوغۇق سەيلەرنى تەييارلاشقا خۇرۇچ قىلىنغاندىن تاشقىرى، تەستە ھەزىم بولىدىغان ياغلىق، گۆشلۈك تاماقلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئاچچىقسۇچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار:**
بۇغداي كېپىكى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سېرىقچېچەك، ئارپىبەدىيان، ئاق تۇز، ئارپا قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار، قازان، قاقما سوغا، ساندۇق، كوزا، گۇرجەك، غەلۋىر، ئەلگەك قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى — قاينىتىلىپ خام ئەشيانى نەمدەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سېرىقچېچەك، ئارپىبەدىيانلار — تالقانلىنىپ خام ئەشياغا چېچىلىدۇ، بۇلار ئاچچىقسۇنىڭ تەمى، پۇرىقىنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە. ئاق تۇز — پىششىق خۇرۇچقا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. خۇرۇچنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئارپا — ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشتا ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. قازان —(ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن قازان) ئارپا قورۇش ۋە پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. قاقما سوغا — بۇ ياغاچ تاختايلارنى ياپسا كەلتۈرۈپ چەمبەرلەپ ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك بىر جۈپ سوغا بولۇپ، بىرى ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، يەنە بىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگە جۆمەك بېكىتىلگەن بولۇپ، خام ئەشيا قاچىلىنىپ ئاچچىقسۇ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ساندۇق — بۇ ئاستى تار، ئۈستى كەڭرەك بولغان ئوقۇر شەكىللىك ياغاچ ساندۇق بولۇپ، ھىم ياسىلىدۇ، كېپەك ئېچىتىش ۋە پىششىق خۇرۇچ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. كوزا — ئاچچىقسۇ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. گۇرجەك — (ئادەتتىكى گۇرجەك) خام ئەشيانى ئۆرۈش، ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. غەلۋىر، ئەلگەكلەر — خام ئەشيانى تاسقاپ پاكىزلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى:** ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىشى تەييارلىق باسقۇچى، خۇرۇچ پىشۇرۇش باسقۇچى،

ئاچچىقسۇ چىقىرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا خام ئەشيا تازىلاش، چۇچۇكبۇيا قاينىتىش، دورا تالقانلاش ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇندىلىدۇ.

خام ئەشيا تازىلاشتا: ئاچچىقسۇ چىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان كېپەك ئاۋۋال ئەلگەكتە تاسقىلىپ، دۇۋاز ئۇن ئايرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن غەلۋىردە تاسقىلىپ، ئەخلەت، قوقانلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئارپا تاسقىلىپ ئادالىنىدۇ.

چۇچۇكبۇيا قاينىتىش: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى پىچاقتا قىرىپ توپا قالدۇقلىرى بىلەن سېسىق قوۋزاق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. پاكىزلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قازاندا قاينىتىلىپ تېتىقى چىقىرىلىپ، بىر ئاز تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈلگەن سۇيۇقلۇق ئايرىۋېلىنىدۇ.

دورا تالقانلاش: سېرىقچېچەك، ئارپېبەديان قاتارلىق دورىلار سوقۇپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى تەييارلاش: تاسقاپ پاكىزلانغان ئارپا قازانغا قۇيۇلۇپ، سۇس ئوتتا قورۇپ ئېتىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن قازانغا سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. ئارپا قايناپ، پۈتۈنلەي ئېزىلىپ بوتقا ھالەتكە كەلگەندە قازاندىن ئېلىپ، چوڭ قاقما سوغىغا قۇيۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. 40:1 نىسبەت بويىچە ئارپا خېمىرتۇرۇچى سېلىنىپ، قوچۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن سوغىنىڭ ئاغزى رەختتە ھىم ئېتىلىدۇ. تەخمىنەن 12 سائەتتىن كېيىن بوتقا ئېچىپ قايناشقا باشلايدۇ. قاينىغان چاغدا سوغىنىڭ ئاغزى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئېچىلىپ،پىشكاپتا قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. بوتقا 17~20 كۈن ئەتراپىدا قاينىغاندىن كېيىن پىشىپ تەييار بولىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن قايناشتىن توختايدۇ. ئېچىپ پىشقان بۇنداق بوتقا «ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى» دېيىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا يەنە بارلىق سايمانلار يۇيۇپ تازىلىنىدۇ.

**(2) خۇرۇچ پىشۇرۇش باسقۇچى:** بۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەشتىكى ھالقىلىق باسقۇچ بولۇپ، خام ئەشيا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، يەنى تاسقاپ تازىلانغان بۇغداي كېپىكىگە ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى بىلەن چۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چۇكبۇيا سۈيى قۇيۇلۇپ نەمدىلىدۇ (ئاچچىقسۇ خېمىرتۇرۇچى بىلەن چۇچۇكبۇيا سۈيى 1:1 نىسبەتتە تەڭشەپ قۇيۇلىدۇ)، ئاندىن يۇقىرىقى خۇرۇچلار قايتا قايتا ئۆرۈپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كېپەك مۇ-جۇلسا كاللەكلىشىدىغان، قويۇپ بېرىلسە ئېسىلىپ چېچىلىدىغان ھالەتكە كەلگەندە نەملىكى مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ ھەمدە ئېچىتىش ساندۇقىغا قاچىلىنىدۇ. نەمدەلگەن كېپەك ساندۇققا قاچىلىنىپ 12 ~24 سائەتتىن كېيىن تەبىئىي ھالدا قىزىيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېپەك ساندۇقتىن چىقىرىلىپ، كاللەكلىرى بوشىتىلىپ، ئۆي ئىچىگە يې-يىپ سوۋۇتۇلىدۇ، ئاندىن يەنە ساندۇققا قاچىلاپ قىزىتىلىدۇ. يەنە چىقىرىپ سوۋۇتىلىدۇ. قاچىلاش، قىزىتىش، چىقىرىش، سوۋۇتۇش يەنە قاچىلاش.. تىن ئىبارەت ئىش تەرتىپى ئۇدا 20~17 كۈن داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كېپەك قىزىشتىن توختاپ ئۆزلۈكىدىن سوۋۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېپەك پىشقان ھېسابلىنىدۇ.

كېپەك پىشقاندىن كېيىن، قايتىدىن ساندۇققا ئوبدان چىڭدىلىپ بېسىلىدۇ ھەمدە 20:1 نىسبەت بويىچە ئاق تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېپەك ئارىسىغا سېرىقچېچەك بىلەن بەديان تالقىنى چېچە-ۋېتىلسە، ئاچچىقسۇ تېخىمۇ پۇراقلىق بولىدۇ. پىشۇرۇلغان كېپەك يۇقىرىقى ئىش تەرتىپى بويىچە ساندۇققا قاچىلىنىپ بولغاندا پىش-شىق خۇرۇچ تەييارلانغان ھېسابلىنىدۇ. پىششىق خۇرۇچ قاچىلانغان ساندۇق ئاغزى رەختتە يۆگىلىپ ئوبدان ساقلانسا، ئۈچ يىلغىچە سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ. پىششىق خۇرۇچ ساندۇققا بېسىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئېھتىياجغا قاراپ، بىر چەتتىن ئۇدۇللۇق كېسىۋې-لىپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) ئاچچىقسۇ چىقىرىش باسقۇچى: پىششىق خۇرۇچتىن ئاچچىق-سۇ چىقىرىشتا قاقما سوغىنىڭ جومىكى ئوبدان ئېتىلىپ، سوغىغا پىششىق خۇرۇچ قاچىلىنىدۇ، ئاندىن (1:4بىر ئۈلۈش خۇرۇچقا تۆت ئۈلۈش) نىسبەت بويىچە قايناقسۇ قۇيۇلۇپ، سوغىنىڭ ئېغىزى رەختتە ئېتىلىدۇ، ئىككى سائەت دۇملەنگەندىن كېيىن خۇرۇچ ئۆ-زىچە قايناپدۇ. 12 سائەتتىن كېيىن ئاچچىقسۇ تەييار بولىدۇ ۋە سو-غىنىڭ ئاستىدىكى جومەك ئارقىلىق ئېقىتىپ چۆشۈرۈلۈپ كوزىغا

قاچىلىنىدۇ. بۇ «تۈنجى ئاچچىقسۇ» دېيىلىدۇ.، تۈنجى ئاچچىقسۇ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، جۈمەك ئېتىلىپ، سوغىدىكى قالدۇق خۇرۇچقا 1:10 نىسبەت بويىچە قايناقسۇ قۇيۇلۇپ 12~10 سائەت دۈملىنىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىملىق ئاچچىقسۇ ئېقىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ، «كەنجى ئاچچىقسۇ» دېيىلىدۇ. ئاخىرىدا تۈنجى ئاچچىقسۇ بىلەن كەنجى ئاچچىقسۇ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلۇپ قاچىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە بىر ئۇلۇش پىششىق خۇرۇچتىن 10~8 ئۇلۇش ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.

7) سۈت ـ قېتىقچىلىق

خەلقىمىز كالا، قوي، ئۆچكە، قوتاز، تۆگە ۋە ئات سۈتلىرىنى ئىستېمال قىلىدۇ. سۈت تەركىبىدە ياغ،ئاقسىل، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار ناھايىتى مول بولۇپ، خوتەنلىكلەرنىڭ ئاش ـ تاماق ئىستېمالىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سۈتلەر ئىچىدە مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ ۋە ئىستېمالى ئەڭ ئومۇملاشقىنى كالا سۈتى بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سېغىن مېلى بولغانلىكى ئائىلىلەردە سۈت سېغىلىدۇ ۋە بىر قىسىم سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: سۈت مۆتىدىل خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، چىرايىنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ۋاستىلىك سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە بىۋاسىتە سۈت مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ۋاستىلىك سۈت مەھسۇلاتلىرى دېگىنىمىزدە، سۈت قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قازان تاماقلىرى، تونۇر تاماقلىرى، گۈلخان تاماقلىرى، سۈت قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە سۈتلۈك چاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىۋاسىتە سۈت مەھسۇلاتلىرى دېگىنىمىزدە، خام قايماق قاتارلىق بىرلەمچى مەھسۇلاتلار، قېتىق قاتارلىق ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار، ماسكا ياغ قاتارلىق ئۈچلەمچى مەھسۇلاتلار، سېرىقماي قاتارلىق تۆتلەمچى مەھسۇلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) خام قايماق: يېڭى سېغىلغان سۈت سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈت يۈزىدە قاتقان ياغ پەردە قوشۇق ياكى كەپكۈردە سۈزۈۋېلىنىدۇ. خام قايماق قايماقچاي ۋە بەزى تاماقلارنى تەييارلاشقا خۇرۇچ قىلىنىدۇ، تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىش، ئاۋازنى ياخشىلاش، يۆتەلنى داۋالاش، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

(2) **پىششىق سۈت:** بۇ، بىر قاينىتىپ ئېلىنغان سۈت بولۇپ، چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ ياكى نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆز، بۇرۇن، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

(3) **پىششىق قايماق:** بۇ پىشۇرۇلغان سۈت سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن سۈت يۈزىدە قېتىشقان ياغ پەردە بولۇپ، تەسىر ۋە ئىشلىتىلىشى جەھەتتە خام قايماققا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، خام قايماقتىن ئۇزاقراق ساقلاشقا بولىدۇ.

(4) **قېتىق:** بۇ پىشۇرۇلغان سۈتكە كۈنەلگۈ سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئېچىتقۇلۇق مەھسۇلات بولۇپ، رەڭگى ئاق، ئۇماچ ھالىتىدە بولىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. خەلقىمىز ئارىسىدا قېتىقنىڭ ئىستېمال دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پولۇ، نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىشقىمۇ، شۇ پېتى ياكى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ. قېتىق ھەممىگە ياقىدىغان داستىخان نېمىتى بولۇپ، ئاددىي مېھمان ئالدىدا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. كاتتا مېھمان ئالدىدا چېنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ماسكا ياغ، قۇرۇت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەرنى تەييارلاشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. قېتىقنىڭ ھەزىم قىلىنىشنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك. «قېتىق بار ئۆيدە ئىككى چارەك نانغا زىيان» دېگەن ماقال شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان.

(5) **سۈزمە:** قېتىق ئۇزاق ساقلانسا ئېچىپ بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنى مەلۇم ئېھتىياج سەۋەبىدىن ئۇزاقراق ساقلاشقا توغرا كەلسە، پاكىز خالتىغا ئېلىپ سالقىن جايدا ئېسىپ قويۇش ياكى سېغىزدىن ئويۇلغان ئويمانچىغا سېلىپ قويۇش ئارقىلىق سۇسىزلاندۇرۇلۇپ،

قويۇق شىلىمشىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق سۈسىزلانغان قىي-
تىق «سۈزمە» دېيىلىدۇ. سۈزمە چوڭ باياۋانلاردا، ئەمگەك قىلغان
ياكى ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا ئېلىپ يۈرۈشكە قولاي بولۇپ، ئىس-
تېمال قىلىشقا توغرا كەلگەندە، سۇ قوشۇپ قوچۇپ سۇيۇقلاندۇرۇ-
لىدۇ. سۈزمىنىڭ تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ،
كۆندىلىك ئىستېمالدىن تاشقىرى تېبابەتتە ئاشقازان ئۈچەي، بۆ-
رەكنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**(6) ماسكا ياغ:** قېتىقتىن ئايرىۋېلىنىدىغان ئاق كۆپۈكسىمان ياغ
بولۇپ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى
چۈشۈرۈش، مىجەزنى، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**(7) قۇرۇت:** قۇرۇت ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قېتىقتىن
بىۋاسىتە ياسىلىدۇ. بۇ «قايماقلىق قۇرۇت» دېيىلىدۇ. يەنە بىرى،
ماسكا يېغى ئايرىۋېلىنغان دوغاپتىن ياسىلىدۇ. بۇ «ئايران قۇرۇت»
دېيىلىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال
قىلىنىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى داۋالايدۇ.

**(8) سېرىقماي:** بۇ، ماسكا ياغنى پىششىقلاش ئارقىلىق ھاسىل
بولغان بىر خىل ياغ بولۇپ، ھايۋانات ياغلىرىغا ئوخشاش ئىستېمال
قىلىنىدۇ. سوغۇق تېمپېراتۇرىدا ئۇزاققىچە ساقلاشقا بولىدۇ. كۆپ
خىل ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىشتە خۇرۇچ قىلىنىدۇ. سېرىقماي قو-
شۇلغان يېمەكلىكلەر يۇمشاق، پۇراقلىق، مەززىلىك بولىدۇ. ئاسان
قېتىۋالمايدۇ. سېرىقمايىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى
قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرى-
يال ۋە سايمانلار: قېتىق ئۇيۇتۇشتا سۈت ئاساسىي خۇرۇچ، كونا
قېتىق كۆنەلگۈ (ئېچىتقۇ) قىلىنىدۇ. ماسكا ياغ، سېرىقماي، قۇرۇت
قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە بولسا قېتىق ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ.
قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئەل-
گەك، قازان، چىنە قاچا، كۈپ، خېمىر، پەشخالتا، كەپكۈر، كاسا،
تاۋاق، كوزا، قىرىنقاپ، چىۋىقبورا، بورا، سۈزمە سۈپىسى، تاختاي
پىچاق قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلگەك — (ئادەتتىكى توق ئەلگەك) سۈتنى سۈزۈپ پاكىزلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. قازان (ئادەتتىكى قازان) سۈت پىشۇرۇش ۋە سېرىقماي تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

چىنە قاچا — قېتىق ئۇيۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ (ياغاچنىڭ ئىچى ئويۇلۇپ ياسىلىدىغان سوغا) ــ سوغا ۋە پىشكاپتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. كۆپنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كىچىك كۆپنىڭ ئېگىزلىكى 70~80 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 15سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئائىلىدە ئاز مىقداردا ماسكا ياغ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ كۆپنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆپ مىقداردا سۈت، قېتىق ۋە قېتىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئورۇنلار ياكى ئائىلىلەردە قېتىق ئۇيۇتۇش، ماسكا ياغ چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

پىشكاپ ــ چېلەك شەكىللىك تاختاينى تىك دەستىگە ئېلىپ ياسىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى كۆپ دىئامېتىرىدىن كىچىكرەك، دەستە ئۇزۇنلۇقى كۆپ ئېگىزلىكىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

خېمىرپەش ــ بۇ، ئارىسىغا پاختا سېلىپ تىكىلگەن كۆرپىگە ئوخشاش ياپقۇ بولۇپ، قېتىق قاچىلىرىنىڭ ئۈستىنى يۆگەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

خالتا (ماتا، خەسە ياكى يۇڭ جاۋىدىن تىكىلگەن خالتا، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ)— قېتىق سۈزمە قىلىش، ئايراننى سۈسىزلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كەپكۈر — كاسا قىسمىدا نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكلىرى بولغان ياپىلاق چۆمۈچ بولۇپ، ماسكا ياغ سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتىكى چۆمۈچ بولسىمۇ بولىدۇ. كاسا — ماسكا ياغنى توڭلىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تاۋاق — ماسكا ياغنى سۈسىزلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كوزا (ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان سىلىندىر ياكى كۆپۈنكى قورساقلىق كونۇس شەكىللىك ياپقۇلۇق قاچا) ــ تاۋلانغان سېرىقماينى قاچىلاش، توڭلىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قېرىنقاپ (قوي قېرىنىدىن ياسالغان قاپ) ــ خام سېرىقماينى قاچىلاش ـ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

چىۋىقبورا — دەرەخ چىۋىقلىرىنى بىر ـ بىرىگە يانداپ تىزىپ، شۇيىندا بىر نەچچە رەت چېتىپ توقۇلىدىغان يۆگىمە بورا بولۇپ، قايماقلىق قۇرۇت ياساشقا تەگلىك قىلىنىدۇ. ئۆلچىمى 1× 2 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

بورا — ئادەتتىكى قومۇش بورا بولۇپ، چىۋىق بورا ئۈستىگە سېلىنىدۇ.

سۈزمە سۈپىسى — چىۋىق بورا بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى پاكىز رەخت بولۇپ، بورا ئۈستىگە سېلىنىپ قېتىق سۈسىزلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تەگلىك تاختاي — تەكشى رەندىلەنگەن تاختاي بولۇپ، سۈزمە قاتىلىرىدىن قۇرۇت كېسىشتە تەگلىك قىلىنىدۇ. پىچاق — قۇرۇت كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

8) سۈت ـ قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش جەريانى

سۈت ـ قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تەييارلىق باسقۇچى، قېتىق ئۇيۇتۇش باسقۇچى، ماسكا ياغ پىشىلدۇرۇش باسقۇچى، سېرىقماي ئىشلەش باسقۇچى، قۇرۇت ياساش باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1)تەييارلىق باسقۇچى:** سۈت ـ قېتىق قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق سايمانلار يۇيۇپ تازىلىنىدۇ. ھاۋا سوغۇق پەسىللەردە قېتىق ئۇيۇتۇلىدىغان ئۆي، مەش قويۇپ ئىسسىتىلىدۇ. خام سېرىقماي ئىشلەنمەكچى بولسا، قېرىنقاپ تەييارلىنىدۇ، يەنى قوي قېرىنى تەتۈر ئۆرۈلۈپ پاكىز يۇيۇلغاندىن كېيىن، ئىچىگە پۈۋلەپ يەل تولدۇرۇلۇپ ئاغزى چىڭ بوغۇپ قۇرۇتىلىدۇ. قايماقلىق قۇرۇت ياسالماقچى بولسا، تۆت تال پاچاق ۋە بىر نەچچە تال چېتىق ياغاچتا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە چاچۇپ ياسىلىدۇ.

**(2) قېتىق ئۇيۇتۇش باسقۇچى:** يېڭى سېغىلغان سۈت توق ئەلگەكتىن، ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق سۈت سېغىش داۋامىدا ئارىلىشىپ قالغان قىل ـ چۈپۈر قاتارلىق نەرسىلەر ئايرىۋېتىلىدۇ. تازىلانغان سۈت قازاندا قاينىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈپا ئۈستىدىكى تېگى ۋە ئەتراپلىرىغا چۈشەك پاختا سېلىنغان ئويۇقچىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاچىلارغا قۇيۇلىدۇ. كۆپ مىقداردا قېتىق ئۇيۇتۇلماقچى بولسا، پىشۇرۇلغان سۈت بىۋاستە چوڭ كۈپلەرنىڭ 3/1 قىسمىغىچە قاچىلىنىدۇ. قاچا ۋە كۈپلەرگە قاچىلانغان سۈت سوۋۇپ ئىلمان ھالەتكە كەلگەندە كۆنەلگۈ سېلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆنەلگۈ سىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قاچا ئۈستى كىچىك تاختايدا يېپىلىپ، ئۈستىگە داستىخان ۋە خېمىر پەش يېپىلىدۇ. ھاۋا سوغۇق پەسىللەردە يەنە پاختىلىق چاپان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن پۇختا يۆگەپ ئىسسىقلىقىنى ساقلاش لازىم. سۈتكە كۆنەلگۈ سىلىنغاندىن كېيىن، قىشتا بىر سوتكىدا، باشقا پەسىللەردە 10~12 سائەتتە قېتىق ئۇيۇپ تەييار بولىدۇ. قېتىق ئۇيۇتۇشتا كۆنەلگۈ سىلىش ۋاقتىنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم، قېتىقنىڭ ئوبدان ئۇيۇش ـ ئۇيۇماسلىقى تېمپېراتۇرا بىلەن زور دەرىجىدە باغلىنىشلىق. بۇنىڭدا ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، كۆنەلگۈ سىلىش ۋاقتىنى ئوبدان ئىگىلەش. چوقۇم سۈت سوۋۇپ، ئىلمان 38℃ ~ 37℃ (ئەتراپىدا بولسا ئەڭ ياخشى) ھالەتكە كەلگەندە سىلىش كېرەك، سۈتنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولسا كۆنەلگۈ پىشىپ قېلىپ، كۆنەلگۈ تەركىبىدىكى ئېچىتقۇ باكتېرىيىلىرى رولىنى يوقىتىدۇ ـ دە، سۈت پىشلاق بولۇپ قېلىپ، قېتىق ئۇيۇمايدۇ. يەنە بىرى، قاچا يۆگەلگەندىن كېيىن تېمپېراتۇرىنىڭ بەك تېز تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تېمپېراتۇرا بەك تېز تۆۋەنلەپ كەتسىمۇ ئېچىتقۇ باكتېرىيىلىرى ئوخشاشلا رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ ـ دە، قېتىق ئوبدان ئۇيۇمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قىش كۈنلىرى قېتىق ئۇيۇتىدىغان ئۆيگە مەش قويۇپ ئۆينى ئىسسىتىش، شۇنداقلا قېتىق قاچىلىرىنىڭ ئۈستىنى قېلىنراق يۆگەش لازىم. ياغاچ قاچىلارنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى تۆۋەن بولغاچقا، ياغاچ قاچا ئاسان سوۋۇپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ياغاچ قاچىدا ئۇيۇتۇلغان قېتىقنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

(3) ماسكا ياغ پىشلدۇرۇش باسقۇچى: ماسكا ياغ پىشلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان قېتىق كۈپكە قۇيۇلىدۇ ۋە پىشكاپتا قوچۇپ سۇيۇلدۇرۇلىدۇ (كۈپتە ئۇيۇتۇلغان قېتىقمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا سۇيۇلدۇرۇلىدۇ). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ھەسسە ئىلمان سۇزۇك سۇ قۇيۇلۇپ، پىشكاپ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ داۋاملىق قوچۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەت «ياغ پىشلدۇرۇش» دېيىلىدۇ. 15~10 مىنۇت پىشلدۇرغاندىن كېيىن، قېتىق تەكشى ئېرىپ دوغاپ بولىدۇ. قېتىق تەركىبىدىكى ياغ ئاق كۆپۈككە ئايلىنىپ دوغاپنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. مانا بۇنداق كۆپۈك ھالەتتىكى ياغ «ماسكا ياغ» دەپ

ئاتىلىدۇ. ماسكا ياغ كەپكۈردە سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، كۆپتە قالغان دوغاپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا داۋاملىق ئىككى قېتىم پىشىلدۇرۇلۇپ تەركىبىدىكى ياغ تولۇق ئايرىۋېلىنىدۇ.

ماسكا ياغ پىشقاندا دىققەت قىلىش كېرەككى، قېتىق ئۈستىگە چوقۇم ئىلمان سۇ قۇيۇلۇشى، تەدرىجىي ھالدا سوۋۇتۇلۇشى كېرەك. سۇ قىزىق ياكى بەك سوغۇق بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ياغ چۈشمەيدۇ. سۈزۈۋېلىنغان ماسكا ياغ ئۆز پېتى ياكى باشقا دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ماسكا ياغنى ئۇزاق ساقلاشقا بولمايدۇ.

**(4) سېرىقماي ئىشلەش باسقۇچى:** سېرىقماي سۈت ـ قېتىقنى تۈركۈملەپ سىرتقا توشۇش قىيىن بولغان رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سېرىقماي ماھىيەتتە ماسكا ياغنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، ئاق سېرىق ياكى سۇس سېرىق بولغاچقا «سېرىقماي» دەپ ئاتالغان.

سېرىقماي ئىشلەشتە قېتىق ماسكا ياغ پىشىلدۇرغاندەك پىشىلدۇرۇلۇپ ماسكا ياغ ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ماسكا ياغ سوغۇق سۇ تولدۇرۇلغان كاسىغا سېلىنىپ، چوكا ياكى قولدا قوچۇلسا، ماسكا ياغنىڭ كۆپۈك قىسمى يوقىلىپ، ياغ قىسمى توڭلاپ كاللەكلىشىدۇ. ياغ كاللەكلىرى سۈزۈۋېلىنىپ قولدا ياپىلاقلىنىپ، توق ئەلگەك ياكى تاۋاقتا ئۈستى ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىلىپ سۈيى ساقىتىلىدۇ. سۇسىزلىنىپ قېتىشقان بۇنداق ياغ «سېرىقماي» دېيىلىدۇ.

سېرىقماي ئېلىنغاندىن كېيىن، پات ئارىدا ئىستېمال قىلىنماقچى بولسا، قازانغا سېلىپ ئېرىتىلىدۇ. ياغ قىزىپ تاۋلانغاندا ئارىلاشما ماددىلار كۆپۈكلىشىپ ئۆرلەپ چىقىدۇ. كۆپۈكلىرى ئېلىنىپ تازىلانغان ياغ كورا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاچىلارغا ئېلىپ قويۇلسا، ھايۋان ياغلىرىدەك توڭلاپ قاتىدۇ ۋە ئۇدۇللۇق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سېرىقماينى ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كەلسە، تاۋلانمايلا قېرىنقاپقا قاچىلىنىدۇ (قېرىنقاپنىڭ بوغۇلغان ئاغزى قايماقتا ياغلاپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن سېرىقماي قاچىلىنىپ مەھكەم بوغۇلىدۇ. قېرىنقاپتىن باشقا نەرسىگە قاچىلانسا سىزىپ كېتىدۇ). سېرىقماي قاچىلانغان قېرىنقاپلار تەسكەي، سوغۇق يەردە ياكى مۇزخانىدا ساق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىدۇ. بىر قېرىنقاپقا 30~20 جىڭ ياغ قاچىلاشقا بولىدۇ.
سېرىقماي ئادەتتە 9 ـ، 7 ـ ئايلاردا، يەنى يايلاقتىكى ماللار ئوبدان سەمرىگەن مەزگىللەردە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 10 جىڭ قېتىقتىن بىر ـ ئىككى جىڭ سېرىقماي ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ. سېرىقماي تاماق ئېتىش ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاشتا خورۇچ قىلىنغاندىن ئۆزگە، ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ تېگىپ ساقايتىلغان بولسىمۇ، ئەگرى تۇتۇشۇپ قېلىشى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ جىسمانىي گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويغان سۇنۇقلارنى ئاجرىتىپ قايتا تېڭىشقا توغرا كەلگەندە، سېرىقماي سۇنۇق ئاجراتقۇچى ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇستىخانلىرى سۇنۇپ، تېڭىپ ساقايتىلغىنىغا بىرەر يىل بولمىغان كىشىلەر سېرىقماي ئىستېمال قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش (پەرھىز قىلىش) لازىم، بولمىسا سۇنۇپ ساقايغان ئۇستىخان قايتىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

(5) قۇرۇت ياساش باسقۇچى. ئايران قۇرۇت ياساش ئۇسۇلى: ماسكا ياغ ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن، كۆپتە قېپقالغان دوغاپ «ئايران» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايران پاكىز يۇيۇلغان خالتىغا قاچىلىنىپ، ئاغزى بوغۇلۇپ ئېسىپ قويۇلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۇ ساقىپ، قېتىق دوغىپى قويۇلۇپ، سۈزمە ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئايران سۈزمىسى خالتىدىن ئېلىنىپ، ئۇششاق توقاچ قىلىنىپ پاكىز رەخت ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ مەھسۇلات «ئايران قۇرۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايران قۇرۇت سۈس سېرىق، قاتتىق، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. ئايران قۇرۇت ئادەتتە قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئېگىز تاغدا مەشغۇلات قىلغاندا شۈمۈپ بېرىلسە، تۇتەك تەسىرىدىن (ئىلمىي نامى بويىچە ئېيتقاندا تاغ رېئاكسىيەسى ياكى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن) ساقلانغىلى بولىدۇ.

قايماقلىق قۇرۇت ياساش: بۇ ،قېتىقتىن بىۋاستە ياسىلىدىغان قۇرۇت بولۇپ، چاچۇپ ئۈستىگە چۆۋق بورا ۋە قومۇش بورا سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىز يۇيۇلغان سۈزمە سۈپۈرسى سېلىنىپ، قۇرۇت ياسىلىدىغان قېتىق سۈپۈرىغا تەكشى يېيىلىدۇ. قېتىق ئۈستىگە پاكىز رەخت يېپىلىدۇ. نەتىجىدە قېتىق تەركىبىدىكى سۇ ساقىپ كېتىدۇ. تەخمىنەن ئىككى كۈندىن كېيىن، قېتىق سۈسىزلىنىپ، قاتمىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاد-

ما بىر نەچچە پارچىغا بۆلۈنۈپ ئاۋايلاپ سويۇۋېلىنىپ، تەگلىك تاختاي ئۈستىگە قويۇلۇپ، خالىغان شەكىل ۋە چوڭلۇقتا كېسىلىدۇ، ئاندىن قاي- تا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ مەھسۇلات «قايماقلىق قۇرۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. قايماقلىق قۇرۇت ئاق، تاتلىق ئارىلاش چۈچۈمەل، ئايران قۇرۇتتىن يۇم- شاقراق، مايلىق بولىدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، شۈمۈپ يا- كى چايناپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، سوغۇق قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، قېتىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

قۇرۇت ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلقىمىز قەدىمدىن تار- تىپ ياساپ ۋە ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان باشلانغۇچ دەرىجىدىكى سۈتلۈك كەمپۈتتۇر.

## 3. سوغۇق ئىچىملىكلەر

خوتەنلىكلەرنىڭمۇ سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساش ۋە ئىستېمال قى- لىش ئادىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، مۇزخانا، قاردۇ (مۇز كرىستالى، ھازىر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش سەۋەبلىك بۇ سۆز «قاردا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)، شۇنىڭدەك پىشۇرۇلغاندىن كېيىن مۇز سېلىپ يېيىلىدىغان «ئۇۋا» ناملىق بىر خىل تاماق توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. خەلقىمىزدە سوغۇق ئىچىملىك ئى- چىش ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەر قانداق شەھەر ـ بازارلاردا مەخ- سۇس سوغۇق ئىچىملىك ياساپ ساتىدىغان كاسىپلار بولىدۇ. خەلقىمىز- نىڭ سوغۇق ئىچىملىككە خۇشتار بولۇشى ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىت ياز- كۈنلىرى ئىنتايىن ئىسسىق ۋە قۇرغاق، بەزى جايلاردا ھاۋا تېمپېراتۇرى- سى 40℃ ~ 50℃ قا يېتىپ بارىدۇ. سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساش ۋە ئىستېمال قىلىش ئادىتى دەل مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدا تەشنالىقنى قاندۇرۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭ- شەش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ. دېمەك، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساش ۋە ئىستېمال قىلىش پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرنىڭمۇ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىقلىشىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى سوغۇق ئىچىملىكلىرىنى راخاپ (دوغ)، سو-

غۇق شەربەت ۋە سوغۇق چىلانىملاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئىلگىرى، مەيلى قايسى خىلدىكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى تەييارلاشتا بولسۇن، بىردەك تەبىئىي مۇز سوۋۇتۇش ۋاستىسى قىلىناتتى. تەبىئىي مۇز مەخسۇس ياسالغان مۇزخانىلاردا ساقلىناتتى. تارىم ۋادىسىدىكى ھەممە كەنتلەردە دېگۈدەك بىر ياكى بىر قانچە مۇزخانا بولاتتى.

**1) مۇزخانا ۋە مۇز ساقلاش**

مۇزخانا مۇز ساقلاشتىكى ئاساسىي ۋاستە بولۇپ، يەر تۈزلۈشى ئېگىز، قۇرغاق، تەسكەي ئورۇندىن تەرەپ ئۇزۇنلىقى 3×3 ياكى 4×4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4 ~6 مېتىر ئۆلچەمدە قۇدۇق شەكلىدە ئورەك كولىنىدۇ. تۆت بۇرجىكىگە تۈۋرۈك قويۇلۇپ، توغرا بالداقلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ. بۇ، «مۇزخانا چېدەلەش» دېيىلىدۇ. چېدە بىلەن مۇزخانا تېمى ئارىسىغا ۋە تېگىگە يېكەن، شاخ ـ شۇمبا چىڭدىلىپ سېلىنىپ، مۇز بىلەن توپىنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئۈستى قېلىن يېپىلىپ، كىچىك تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. 1ـ، 2ـ ئايلاردا پاكىز توڭلىغان كۆل ياكى ئۆستەك مۇزلىرى قومۇرۇپ كېلىنىپ مۇزخانىغا سېلىنىدۇ ۋە تۈڭلۈك قېلىن يېپىلىپ ساقلىنىدۇ. ياز پەسلى كىرگەندىن كېيىن، مۇز ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇدۇللۇق ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇلۇشى پۇختا، چوڭراق بولغان مۇزخانىلاردا مۇزنى 8 ـ ئايلارغىچە ساقلاشقا بولىدۇ. مۇزخانا يەنە گۆش، سېرىقماي قاتارلىقلارنى ساقلاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**2) سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساشتا سۈت ـ قېتىق مەھسۇلاتلىرى، شىرنە، شەربەت ۋە مېۋە قاقلىرى ئاساسىي خۇرۇچ، تەبىئىي مۇز سوۋۇتۇش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. قىرغۇ (ۋاشاق) ۋە كورا، چىنە، قوشۇق قاتارلىق ئادەتتىكى قاچا ـ قۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ.

قىرغۇ: راخاپچىلىقتىكى (دوغچىلىقتىكى) ئاساسىي سايمان بولۇپ، كەڭلىكى 5 ~4 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 ~40 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، ئۇچىغا ھەرە چىشىغا ئوخشاش چىش چىقىرىلىدۇ (بەزى جايلاردا تىغنىڭ ئىككى قىرىدىكى چىشلار قارىمۇ

قارشى يۆنىلىشلىك بولۇپ، بىر تەرەپتىكى چىشلار ئوڭغا، يەنە بىر تەرەپتىكى چىشلار سولغا قىيپاش بولىدۇ). قىرغۇ چوڭ چوڭ مۇز پارچىلىرىنى قىرىپ قاردا (مۇز كرىستالى) قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

### 3) راخاپچىلىق

راخاپ (دوغ، دوغاپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇز بىلەن قايماق، قېتىق، شىرنە قاتارلىق خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، راخاپچىلىق كەسىپ نامى، راخاپچى كاسىپ نامىنى بىلدۈرىدۇ. راخاپ ئىشلىتىلگەن مۇزنىڭ قاردا ياكى مۇز پارچىلىرى ئىكەنلىكىگە قاراپ قاردا، دوغاپ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) قاردا: قاردا مۇز كرىستاللىرى سوۋۇتقۇچ قىلىنىدىغان سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ نامى بولۇپ، تەم خۇرۇچلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ قايماق قاردا، قېتىق قاردا، شىرنە قاردا، ئارىلاش قاردا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قاردا ياساش ئۈچۈن پاكىز مۇز چاچۇپتىكى داستىخان ئۈستىگە قويۇلىدۇ. راخاپچى بىلىگە تارتقان پەشتامىنىڭ بىر ئۇچىنى داستىخان ئاستىغا قىستۇرىدۇ، ئاندىن مۇزنى قىرغۇدا ئۆزى تەرەپكە قارىتىپ كۈچ بىلەن قىرىدۇ. قىرغۇ چىشلىرىنىڭ مۇزنى تىلغاپ قىرىشى نەتىجىسىدە بىر پۈتۈن مۇز، مۇز كرىستالىغا ئايلىنىپ پەشتامىغا چۈشىدۇ. بۇنداق مۇز كرىستاللىرى «قاردا مۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇز قاردىغا ئايلاندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كاسىغا بېسىپ سېلىنىپ، ئۈستىدىن يۆگىلىدۇ ۋە ئۇدۇللۇق ئىشلىتىلىدۇ.

قاردا ياساشتا تەم ۋە رەڭ تەڭشەش ئۈچۈن ئوخشاشمىغان خۇرۇچلار ئىشلىتىلىسمۇ، سوغۇقلۇق ئۈچۈن بىردەك قاردا مۇز ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئىچىملىكلەر «قاردا» دېيىلىدۇ. قاردا مۇزغا قايماق ئارىلاشتۇرۇپ ياسالسا «قايماق قاردا»، قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ ياسالسا «قېتىق قاردا»، ئۈزۈم ياكى ئۈجمە شىرنىسى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالسا «شىرنە قاردا»، قېتىق بىلەن شىرنە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالسا «ئارىلاش قاردا» دېيىلىدۇ. قاردا ياساشتا خۇرۇچلار ئومۇمەن 3:1 نىسبەت (ئۈچ ئۈلۈش قاردا مۇز، بىر ئۈلۈش باشقا خۇرۇچ) بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ.

(2) دوغاپ: دوغاپ ئۇششاق مۇز پارچىلىرى سوۋۇتقۇچ قىلىنىدىغان ئىچىملىكلەرنىڭ نامى بولۇپ، قوشۇمچە تەم خۇرۇچلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ قېتىق دوغاپ، شىرنە دوغاپ، ئەبجەش دوغاپ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. يەنى دوغاپقا رەڭ ۋە تەم بېرىدىغان خۇرۇچ قېتىق بولسا «قېتىق دوغاپ»، شىرنە بولسا «شىرنە دوغاپ»، قېتىق بىلەن شىرنە ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بولسا «سارالڭ دوغاپ» دېيىلىدۇ. دوغاپ ياساشتا بىر ئۈلۈش مۇزغا ئىككى ئۈلۈش سۇ ۋە 1/10 ئۈلۈش تەم خۇرۇچى ئىشلىتىلىدۇ. قاردا بىلە دوغاپنىڭ پەرقى شۇكى، بىرىنچىدىن، قاردىغا مۇز كرىستالى ئىشلىتىلىدۇ. سۇ قوشۇلمايدۇ. دوغاپقا بولسا ئۇششاق چېقىلغان مۇز پارچىلىرى سېلىنىدۇ ۋە سۇ قوشۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، قاردىدا سوغۇقلۇق (تۆۋەن تېمپېراتۇرا) بىلەن تەم تەڭشەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلسە، دوغاپتا سوغۇقلۇق ئاساس، تەم تەڭشەش قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

4) سوغۇق شەربەتلەر

سوغۇق شەربەت شىرنە، شەربەتلەرنى تەم ۋە رەڭ بەرگۈچى خۇرۇچ، تەبىئىي مۇز سوۋۇتقۇچ قىلىپ ياسىلىدىغان سوغۇق ئىچىملىك تۈرى بولۇپ، ئۈزۈم شىرنىسى، ئۈجمە شىرنىسى، جىگدە شەربىتى، ئالقات شەربىتى، زىرىق شەربىتى قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىدۇ. سوغۇق شەربەت ياساش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، شىرنە ۋە شەربەتلەر ئالدىنقى ماۋزۇدا سۆزلەنگەن ئۇسۇل بويىچە تەييارلانغاندىن كېيىن چوڭراق قاچىغا (ئەڭ ياخشىسى كاسىغا) قۇيۇلۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە پاكىز يۇيۇلغان چوڭ مۇز پارچىلىرى سېلىنىدۇ.مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، مۇز پارچىلىرىنىڭ ئېرىشى نەتىجىسىدە شەربەتنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ سوغۇق ئىچىملىككە ئايلىنىدۇ.

5) سوغۇق چىلانمىلار

سوغۇق چىلانما (چۆلە) مېۋە قاقلىرىنى چىلاپ يۇمشىتىپ، ئاندىن مۇز سېلىپ ياسىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. سوغۇق چىلانمىلارنى ياساشتا قۇرۇق ئۈزۈم، قارائۆرۈك قېقى، چىلان، گۈلە ۋە شاپتۇل قېقى قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەر تەم بەرگۈچى خۇرۇچ قىلىنىدۇ. يەنى بۇنداق قۇرۇق مېۋىلەر پاكىز يۇيۇلغاندىن كېيىن، قايناقسۇغا چىلاپ دۇملىنىدۇ. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن قاتتىق

مېۋىلەر يۇمشاپ كۆپىدۇ ۋە تەمى سۇغا چىقىدۇ. چىلانما تولۇق سو ـ ۋۇغاندا مۇز پارچىلىرى سېلىنىپ سوغۇق چىلانمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

سوغۇق چىلانمىلار ھاۋا ئىسسىق، جىددىي ئەمگەك قىلىغان ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۈيى ئىچىلىدۇ، مېۋىسى يېيىلىـ ـدۇ. ئۇزۇقلۇق بولۇپلا قالماي، بەدەننى سەگىتىپ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

سوغۇق چىلانمىلار خۇرۇجلىرى ئاز، تەييارلاش ئۇسۇلى ئاددىي بولغاچقا، خالىغان ۋاقىتتا ئۇدۇللۇق تەييارلىنىپ، ئۇدۇللۇق ئىسـ ـتېمال قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان راخاپ، سوغۇق شەربەت ۋە سوغۇق چىلانمىلار ماتېرىيالى ئاددىي، ماتېرىيال مەنبەسى مول، تەييارلاش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇلارنى تەييارلاش ۋە ئىستېـ ـمال قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىستېمالىدا بەزى پەرقلەر بار. بۇ پەرق كاسىپلارنىڭ مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردا تۇتقان ئورنى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇلار ئىچىدە راخاپچىلىقنىڭ مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، راخاپ مەھسۇلاتلىرى ئومۇمەن كەسپىي راخاپچىلار تەرىپىدىن تەييار ـ لىنىدۇ. مەھسۇلاتلىرى كۆپىنچە تولۇق يۇرۇشلۇك بولىدۇ. راخاپچىلىقـ ـنىڭ تاۋارلىشىشىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. ياز كۈنلىرى چوڭ شەھەرلەردىن كىچىك بازارلارغىچە مەخسۇس راخاپ مەھسۇلاتلىرى سېتىلىدۇ، ھەتتا بۇنداق راخاپ بازارلىرى ناھايىتى باس باس بولۇپ كېتىدۇ.

شەربەتچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەربەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئائىلىدە تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا، جىگدە شەربىتى، ئالقات شەربىتى، زىرىق شەربىتى قاتارلىق بەزىبىر تۈرلىرى بازارغا سېلىنىدۇ. بەزى كىچىك شەھەر، بازارلاردا مەخسۇس شەربەت ياساپ ساتىدىغان كاسىپلار بولىدۇ. ئۇلار «شەربەتچى» دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ چوڭ كاسىلاردا شەربەت ياساپ پارچە ساتىدۇ. «شەربەتچىنىڭ كاسىـ ـسىدەك» دېگەن ئىدىيوم دەل مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن كېلىپ چىققان.

سوغۇق چىلانمىلار بازارغا سېلىنمايدىغان، ئائىلىدە تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەھسۇلاتتۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# §4. يېمىشلەر ۋە ئۇلارنى قۇرۇتۇش، ساقلاش

يېمىشلەر ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى كۆرسىتىدۇ. قاتتىق ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، يېمىشلەر قول ھۈنىرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى تەبىئەت ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەردۇر. لېكىن، تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھەر خىل ياۋا دەرەخ، ياۋا قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، سورتىنىڭ كۆپەيتىلىشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، كونكرېت ماكان ـ زاماندىن ئېيتقاندا، مېۋىلەرنىڭ يېخشىلىنىشى ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشى ئىنسان ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ھۈنەر كېتىدۇ، بەزىلىرىگە ئاددىي ئەمگەك كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مېۋە ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرى تۈرى كۆپ، مىقدارى زور بولغان قوشۇمچە ئوزۇقلۇق بولۇپ كەلگەن.

## 1. قاق قۇرۇتۇش ۋە ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەرنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھە ـ سايمانلار

خوتەندە مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى، ھۆل پېتى ساقلاش، قاق قۇرۇتۇش ۋە قاقلارنى ساقلاشقا دائىر كۆپلىگەن ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا مېۋە ساقلاش، قاق قۇرۇتۇش ئەسلىھە ـ سايمانلىرى يازلىق ئاشقۇن، قازناق، گەمە، مۇزخانا، چۇنچە، بالىخانا، كۇپ، تاغار، سېۋەت، بورا، شىدىشاپ، تور شوينا، پىچاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) تاغار: (ئادەتتىكى تاغار) قاقلارنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سېۋەت: ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەرنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2) **بورا (قومۇش توقۇلما بورا):** قاق قۇرۇتۇشتا تەگلىك قىلىنىدۇ. بورا ئىككى ئۇچىنى بىر قىلىپ يۇلغۇن شېخى ئارقىلىق

خىپچىداپ سىلىنىدۇ، شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەر خىل قۇرۇق قاقلارنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. سىلىنىدۇر شەكىللىك بۇنداق بورا قاپ «بورا قەنەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىغ ۋە چىۋىق بورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

3) شىدىشاپ: ماتا قاتارلىق رەختلەردىن (ھازىر خەسىدىن) ئەنلەپ تىكىلىدىغان چوڭ داستىخان. 10~6 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇجمە قاتارلىق ئاسان ئېزىلىپ بۇلغىنىپ كېتىدىغان مېۋىلەرنى يىغىۋېلىشتا يەرگە سېلىپ تەگلىك قىلىنىدۇ.

4) تور شوينا: قوغۇننى ھۆل پېتى ئېسىپ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان شوينا تور.

5) پىچاق (ئادەتتىكى پىچاق): قوغۇن قېقى ئىشلەشتە، قوغۇن شاپاقلىرىنى ئاقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. مېۋىلەردىن قاق قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى

خوتەنلىكلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان مېۋە قاقلىرىنى سۈپىتىنىڭ پەرقىگە قاراپ: ئۈرۈقچا قاق، يارما قاق، مېغىز قاق ۋە تىلما قاقتىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر گەرچە «قاق» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالسىمۇ، يەنە بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن خاس ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. قاقلارنى قۇرۇتۇش ۋاستىسى ئوخشاش بولىدۇ. يەنى قۇياش نۇرى ئېنېرگىيەسى قاق قۇرۇتۇشتىكى بىردىنبىر ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ. قاقلار دەل قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ قاتۇرۇلىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «قاق» دەپ ئاتالغان.

**ئۈرۈقچا قاقلار:** ئۈرۈقچىسى بىلە بىللە قۇرۇتۇلغان قاقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**قۇرۇق ئۈزۈم:** ئېسىپ قۇرۇتۇش ۋە قاقلاپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**ئېسىپ قۇرۇتۇش:** ئېسىپ قۇرۇتۇشتا، چۇنچىدىن پايدىلىنىدۇ. چۇنچە ئىچىگە نۇرغۇن ياغاچ قوزۇقلار ئورنىتىلغان ئىنچىكە بادرا تۈۋرۈكلەر قاتار ۋە زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ياكى چۇنچىنىڭ بالاسىغا

تالنىڭ ئۈزۈن شاخلىرى چىگىلىدۇ. پىشقان ئۈزۈملەر يىغىۋېلىنىپ، زەخمىلەنگەن، سېسىغان ئۈزۈملەر ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۈزۈم ساپاقلىرى چۈنچە قوزۇقلىرىغا ئېسىلىدۇ ياكى شاخلارغا چىغىرتماق يوپۇرمىقى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۈزۈملەر ئىسسىق ھاۋا بىلەن شامالنىڭ تەسىرىدە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قۇرۇيدۇ (ئۈزۈمنىڭ سورتى ۋە ئېسىلىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىغاچقا قۇرۇش ۋاقتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ)، ئاندىن يىغىۋېلىنىپ، ئادالىنىپ تاغارغا قاچىلىنىدۇ. چۈنچىدە قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم پاكىز، رەڭدار، جۇلالىق بولىدۇ.

قاقلاپ قۇرۇتۇش: خوتەن رايونىدىمۇ ئۈزۈم كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى خېلى زور. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئېسىپ قۇرۇتۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۈزۈمنىڭ خېلى بىر قىسمى قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىر پارچە قۇرغاق، قۇمساز يەر تاللىنىپ، تەكشى تۈزلىنىدۇ. ئەخلەت ـ چاۋار قاتارلىق نەرسىلەر پاكىز ئادالىنىدۇ، ئاندىن يىغىۋېلىنغان ئۈزۈملەر ساپاقلىرى بىلەن يەرگە نېپىز يېيىلىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن يىغىپ ئادالىنىپ قاچىلىنىدۇ. بۇنداق ئۈزۈملەرنىڭ سۈپىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ، رەڭگى قارىغا مايىل بوز كېلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە ئوچۇقچىلىق يەرگە بىر مۇنچە تۈۋرۈك بېكىتىلىپ، ئۇلار ئارىسىغا تارتىلغان سىملارغا ئۈزۈم ساپاقلىرىنى ئېسىپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى. بۇ ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلغان ئۈزۈملەرنىڭ جۇلاسى كەمرەك بولسىمۇ، سۈپىتى يېيىپ قۇرۇتۇلغان ئۈزۈمنىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. ھەر خىل قۇرۇق ئۈزۈملەر ئەسلىي سورت نامى بىلەن «كىشمىش ئۈزۈم»، «سايۋا ئۈزۈم»، «قىزىل ئۈزۈم» دەپ ئاتىلىدۇ.

گۈلە: بۇ، ئۆرۈك قېقى بولۇپ، ياخشىراق ئۆرۈك سورتلىرى ئۆگزە ياكى ئوچۇقچىلىق يەرگە سېلىنغان بورىغا يېيىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. خەشەك (تۇكلۇك) ئۆرۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى پاكىز يەرگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۆرۈك گۈلىسىمۇ ئۆرۈك سورتى نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاقياغلىق گۈلە، خۇۋەينى گۈلە، جانانى گۈلە، خەشەك گۈلە دەپ ئاتىلىدۇ.

**مونەك:** بۇ، توغاچتىن قۇرۇتۇلىدۇ. توغاچنىڭ سۈيى ئاز، گۆشلۈك بولغان بىر خىل سورتنىڭ مېۋىلىرى 90% پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ بورىغا يېيىپ قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. 90% قۇرۇغاندا يىغىۋېلىنىپ قاچىلىنىدۇ. بىر نەچچە ئاي ساقلاشقا بولىدۇ. مونەكتە توغاچنىڭ ئەسلىي تەمى خېلى ئەينەن ساقلىنىدۇ ۋە چىرايلىق قۇرۇيدۇ.

**ئەنجۈر قېقى:** ئەنجۈر ئوبدان پىشقاندا ئۈزۈۋېلىنىپ، بورىغا يېيىلىپ قاقلاپ قۇرۇتۇلىدۇ. تولۇق قۇرۇغاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

**ئەينۇلا قېقى:** ئەينۇلا پىشقاندا ئۈزۈۋېلىنىپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. بورىغا يايىسىمۇ، يەرگە يايىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئەينۇلىنىڭ پوستى سىلىق بولۇپ، يەرگە يېيىلسىمۇ توپا ئانچە چاپلاشمايدۇ.

**قارىئۆرۈك قېقى:** ئەينۇلا قېقى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلىدۇ.

**قۇرۇق چىلان:** چىلاننىڭ بەرگى مەزمۇت بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ چۈشمەيدۇ. شۇڭا، چىلان شاختا قۇرۇغاندا قېقىپ يىغىۋېلىنىدۇ ياكى 70%~80% پىشقاندا قېقىپ يىغىۋېلىنىپ، ئۆگزىگە يېيىپ قۇرۇتۇلسىمۇ بولىدۇ.

**جىگدە قېقى:** جىگدىنىڭ سورتى كۆپ بولسىمۇ، ئاق جىگدە، ئۈچەت جىگدىسى (يېمىش جىگدە)، قاغا جىگدىسى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاق جىگدە بىلەن ئۈچەت جىگدىسى 85%~90% پىشقاندا قېقىپ يىغىۋېلىنىپ، ئۆگزىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. 95% قۇرۇغاندا، يىغىۋېلىنىدۇ. بەك قۇرۇپ كەتسە مېۋە پوستى سويۇلۇپ، مېۋە ئېتى سۇرۇلۇپ كېتىپ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. قاغا جىگدىسى شېخىدا قۇرۇغاندا شىددىشاپقا قېقىپ ياكى يەرگە قېقىپ سۇپۇرۇپ تاسقاپ يىغىۋېلىنىدۇ. جىگدە بەك كۆپ بولغاچقا، بەزىلىرى شېخىدا قالىدۇ. قىش كۈنلىرى چارۋا ـ ماللارغا قېقىپ بېرىلىدۇ.

**ۋاسالغۇ:** بۇ، ئۈجمە قېقى بولۇپ، يىغىش، قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ.

شىرنە قاينىتىش ۋە ئوزۇقلۇق، تالقان قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئۈجمە چوقۇم شىددىشاپ ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدۇ، يەنى بىر نەچچە ئادەم شىددىشاپنى ئېچىپ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۈجمە ئىرغىتىپ شىددىشاپ ئۈستىگە چۈشۈرۈلۈپ، بورىغا يېيىپ قۇرۇتۇ-

www.uyghurkitap.com



لىدۇ. يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان ئۈجمە شىدىشاپ ئارقىلىق يىغىـ
ۋېلىنغاندىن تاشقىرى (ئۈجمە بەك كۆپ بولغاچقا)، ئۆزى يەرگە چۈـ
شۈپ ۋاسالغۇ بولغانلىرىمۇ يىغىۋېلىنىدۇ.

**شاتۇت ۋاسالغۇسى:** شاتۇتنىڭ ساپىقى بەك چىڭ بولىدۇ. شۇڭا،
پىشقان شاتۇتلار ئۈزۈپ يىغىۋېلىنىپ، بورىغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**يارما قاقلار:** پىشقان مېۋىنى يېرىپ ـ ئاجرىتىپ ئۇرۇقچىسى
ئېلىۋېتىلىپ قۇرۇتۇلىدىغان قاقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاقلار ـ
نىڭ تۈرى كۆپ ئەمەس.

**ئۆرۈك قېقى:** پىشقان ئۆرۈكلەر يارما قىلىنىپ، ئۇچكىسى ئېلىپ
تاشلىنىپ، بورىغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**شاپتۇل قېقى:** شاپتۇللار ئۇچكىسىدىن ئاجرايدىغانلىقى ياكى ئاجـ
ـرىمايدىغانلىقىغا قاراپ يارما شاپتۇل ۋە ئەششاپتۇل دەپ ئىككىگە بۆـ
لۈنىدۇ. شاپتۇل قېقى قۇرۇتۇشقا يارما شاپتۇل ئىشلىتىلىدۇ. يارما
شاپتۇلنىڭمۇ سورتى بەك كۆپ. سۈلۈق، شەربەتلىك شاپتۇللاردىن قاق
سېلىنسا، قاق بەك ئورۇق چىقىپ قالىدۇ. شۇڭا، قاق سېلىشقا «قاق
شاپتۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل شاپتۇل ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل
شاپتۇلنىڭ سۈيى ئاز، ئېتى چىڭ بولۇپ، قېقى ئەتلىك قۇرۇيدۇ. قاق
سېلىش ئۇسۇلى ئۆرۈك قېقى سېلىشقا ئوخشاش.

**مېغىز قاقلار:** قاق ئارىسىغا مېغىز تۇگۈلىدۇ، «خورما قاق» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. ئۆرۈك قېقى بىلەن شاپتۇل قېقىدىن ياسىلىدۇ، يەنى
ئاۋۋال ئۆرۈك قېقى ۋە شاپتۇل قېقى سېلىنىدۇ. ئۆرۈك ئۇچكىسى
چېقىلىپ، مېغىز تەييارلىنىدۇ. قاقلار 60% ئەتراپىدا قۇرۇغاندا،
ھەر بىر قاقنىڭ ئەسلىدىكى ئۇچكىسى ئورنىغا بىردىن مېغىز سېـ
ـلىنىپ قاقنىڭ ئىككى پارچىسى مېغىزنى ئوراپ يۆگىلىدۇ ۋە
داۋاملىق ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۆرۈك مېغىزى ئورنىغا بادام
مېغىزى ياكى مۇۋاپىق چوڭلۇقتا پارچىلانغان ياڭاق مېغىزى ئىشـ
ـلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قاق بەك تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ.
ئەمما، ھازىر كۆپ ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ.

**تىلما قاق (قوغۇن قېقى):** ئوبدان پىشقان قوغۇنلار تىلىنىپ ئۇـ
رۇقلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، شاپاقلىرى سويۇۋېتىلىدۇ، ئاندىن قوـ

غۇن ئېتى تىلىنىپ ياكى چاقماقلاپ كېسىلىپ، يېڭى بورا ئۈستىـ
گە، ئەڭ ياخشىسى بورىغا سېلىنغان پاكىز شىددىشاپ ئۈستىگە يېـ
يىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

### 3. مېۋە، قاقلارنى ساقلاش ئۇسۇلى

خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىـ
يىتى داۋامىدا ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەرنى ساقلاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلـ
لىرىنى تاپقان.

ھۆل مېۋىلەرنى ساقلاش ھۆل مېۋىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىغا ۋە ھاۋانىڭ نەملىك دەرىجىسىگە بولغان سەزگۈرلۈكى بىر قەدەر كۈچـلۈك. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا، ئاسانلا سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ قالىدۇ، تۆۋەن بولسا مۇزلاپ قالىدۇ. ھاۋانىڭ نەملىكى يۇقىرى بولسا، ئاسانلا پېخسىپ قالىدۇ. نەملىكى تۆۋەن، قۇرغاق بولسا سولىشىپ قۇرۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك شارائىتى ھازىرلاش ھۆل مېۋىلەرنى ياخشى ساقلاشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا ھۆل ساقلىنىدىغان مېۋىلەر قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما، ئانار، بېھى، ئامۇت، نەشپۈت، ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ھۆل ساقلاشتا تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكتىن ئىبارەت ئىككى ھالقىنى چىڭ تۇتقاندىن سىرت، يەنە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مېۋىلەرنى ھۆل ساقلاشتا، ئاپتاپقا سېلىپ بىر تەرەپ قىلىش، گەمىگە سېلىپ ساقلاش ۋە كۆمۈپ ساقلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان.

(1) ئاپتاپقا سېلىش: ھەر خىل مېۋىلەر ئۈزۈش، يۆتكەش داۋامىدا ئانچە مۇنچە زەخىملىنىدۇ. بۇ زەخىملەرنىڭ بەزىلىرىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بەزىلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. مېۋىلەر بىر تەرەپ قىلىنمايلا گەمىگە سېلىنسا، ئىسسىقلىق ۋە نەملىك مۇۋاپىق بولغان شارائىتتا زەخىملەنگەن جايلىرى ئاسانلا باكتېرىيە ۋە زەمـبۇرۇغلارنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇپ، سېسىپ كېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلارنىڭ سېسىتىش، بۇزۇش رولىنى ئۇينايدۇـ

غانلىقىنى بىلىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن مېۋىلەرنى گەمە ياكى ئۆيلەرگە ئەكىرىشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن ھەمدە ئاپتاپقا سېلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى تاپقان.

مېۋىلەر بىر مەزگىل ئاپتاپقا سېلىنسا، يېنىك زەخىملەنگەن جايلار قەقەچ باغلاپ قېتىشىدۇ، يۇقۇملىنىش پۇرسىتى ئازىيىدۇ. تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى بىر ئاز تۆۋەنلەيدۇ. ئىچكى زەخىمىسى ئېغىرراق بولغانلىرىنىڭ زەخىمىسى ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق مېۋىلەر شاللىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېۋىلەرنى بىخەتەر ساقلاشقا دەسلەپكى ئاساس يارىتىلىدۇ.

ئادەتتە قوغۇن - تاۋۇزلار ئاپتاپ ئوبدان چۈشىدىغان جايغا بىر ئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ رەتلىك تىزىلىدۇ ۋە 25 كۈن ئەتراپىدا ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئانار سىرتتا 20~15 كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلۇپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئالما، ئامۇت، نەشپۈت، بېھى قاتارلىقلار سۇس ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرگە دۆۋىلىنىپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئىلغاپ زېدە - زەخىمىسى ئاشكارا بولغانلىرى شاللىۋېتىلىدۇ، مۇۋاپىق پەيتتە گەمىگە ياكى ئۆيگە ئەكىرىلىدۇ.

ھۆل ساقلىنىدىغان ئۈزۈم كۆپىنچە كۆتۈرمە گەمە ياكى ئايۋانلارغا ئېسىپ ساقلىنىدۇ. بۇنداق ئۆيلەردىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە نەملىكنى تەڭشەش ئوڭايراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈزۈم ئاپتاپقا سېلىنماي ئۈدۈللۈق ئۈزۈپ، ئۈدۈللۈق ئىلغاپ، ئۈدۈللۈق ئېسىلىدۇ.

(2) گەمىگە سېلىپ ساقلاش: قوغۇن - تاۋۇز، ئالما، نەشپۈت قاتارلىقلار ئادەتتە تۈز گەمىدە ساقلىنىدۇ. ئەمما، بۇ مېۋىلەرنىڭ تېمپېراتۇرا ۋە نەملىككە بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ.

قوغۇن ئانچە نەملىك خالىمايدۇ. تاۋۇزغا قارىغاندا سوغۇققا چىدامىلىق كېلىدۇ. شۇڭا، ساقلىنىدىغان قوغۇن ئادەتتە جەنىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىگە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ رەتلىك تىزىلىدۇ. قوغۇن ئۇزاق ساقلانماقچى بولسا، 90% ئەتراپىدا پىشقان، شاپىقى قېلىن ۋە قاتتىق، بېجىرىم قوغۇنلار تاللىنىدۇ،ئاندىن ساپاق تەرىپىنى تۆۋەنگە، بۇنچىكىنى يۇقىرىغا قارىتىپ شوينا تورغا بىردىن

سېلىپ گەمە تورۇسىغا ئېسىلىدۇ. بۇنداق قوغۇننى كېلەركى يىلى-
نىڭ 4 ـ ئاي ئاخىرلىرىغا قەدەر ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، خوتەن
يېزىلىرىدا قىشلىق قوغۇنلارنى يەپ، شۇ قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى تې-
رىيدىغان ئادەت بار.

تاۋۇز سوغۇققا چىدامسىز، ئەمما شاپىقى قېلىن ۋە قاتتىق، نەم-
لىكتىن ئانچە قورقمايدۇ. شۇڭا، ئادەتتە جەنۇبنىڭ ئاستى قەۋەتلىرى-
گە تېزىلىدۇ. ئەمما، تاۋۇز دىمىق ئىسسىققا چىدامسىز. قاتتىق
سوغۇق ئايلاردا گەمە ئاغزى ھەمىشە ئېتىكلىك تۇرىدىغان بولغاچقا،
گەمە ئىچى بىر قەدەر دىمىق بولىدۇ. شۇڭا، تاۋۇزنىڭ ساقلىنىش
ۋاقتى ئادەتتە بىرىنچى ئايدىن ئاشمايدۇ.

ئالما، نەشپۈت ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ، قۇرغاق ھاۋادىنمۇ
قورقىدۇ. شۇڭا، بۇلار گەمىنىڭ تېگىگە تىزىپ كۆمۈپ ساقلىنىدۇ.
بېھىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى كۆپ بولمايدۇ. ئادەتتە، قىشلىق
ئۆيلەرنىڭ تەكچىلىرىگە تىزىپ ياكى ئۆي تورۇسىغا بىر بىردىن
ئېسىلىپ ساقلىنىدۇ. بېھى ئۆيگە خۇش پۇراق بېرىدۇ.

ئۈزۈم ئىسسىقتىن قورقىدۇ. شۇڭا كۆتۈرمە گەمىلەرگە ئېسىپ
ساقلىنىدۇ.

**(3) كۆمۈپ ساقلاش:** ئالما، نەشپۈت، ئانار قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ
جۇغى كىچىك بولغاچقا، بىر نەچچەئاي ساقلاش داۋامىدا ھامان سۈيى
قېچىپ سولىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مېۋىلەر كۆمۈپ ساقلى-
نىدۇ. كۆمۈش ۋاستىسىگە كەلسەك، قۇمغا كۆمۈش، ئاشلىققا كۆ-
مۈش، سامانغا كۆمۈش ئادىتى بار.

**قۇمغا كۆمۈش:** تۈز گەمىدە ساقلىنىدىغان ئالما بىلەن نەشپۈت
نەم قۇمغا كۆمۈلىدۇ. ساقلىنىش مىقدارى كۆپ بولسا، بىر قەۋەت
قۇم، بىر قەۋەت مېۋە تەرتىپى بويىچە تۆت-بەش قەۋەت تىزىپ كۆ-
مۈلىدۇ. قۇم قۇرۇپ قالسا، ئاز پاز سۇ چېچىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا
كۆمۈلگەن مېۋىلەرنى كېلەركى يىلنىڭ 5 ـ ئايلىرىغىچە يېڭى پېتى
ساقلاشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا قىشلىق ئۆيلەرنىڭ كارىۋات ئاستىلى-
رىدىمۇ ئاز مىقداردىكى مېۋىلەرنى ساقلاشقا بولىدۇ.

**ئاشلىققا كۆمۈش:** ئانار، ئالما قاتارلىق مېۋىلەرنى ئاشلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(بۇغداي، قوناق دانلىرى ئارىسىغا) كۆمۈش ئارقىلىقمۇ ئوبدان ساق-
لىغىلى بولىدۇ. خوتەن يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەردە كات ساندۇق، ئۆ-
رە ساندۇق دېگەندەك مەخسۇس يېرىك ئاشلىق ساقلايدىغان ساندۇقلار
بولىدۇ. بۇنداق ساندۇقلارنىڭ ئاشلىق سىغىمچانلىقى 2000~
1000 جىڭ بولۇپ، بىر نەچچە يۈز جىڭ ئالما، ئانارنى ئاشلىق ئا-
رىسىغا قەۋەتلەپ تىزىپ ساقلىغىلى بولىدۇ. ئاشلىقنىڭ ئىچكى
قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىر قەدەر تۇراقلىق بولغاچقا، ئاشلىقتا
كۆمۈلگەن مېۋىلەرنى بىر نەچچە ئاي بىخەتەر ساقلاش مۇمكىن.

سامانغا كۆمۈش: ئانار، ئالما قاتارلىق مېۋىلەرنى سامانغا كۆمۈش
ئارقىلىقمۇ بىر نەچچە ئاي ياخشى ساقلاش مۇمكىن. بولۇپمۇ تاغ
ئالمىسى قاتارلىق بەزى خۇش پۇراقلىق ئالمىلار ساماندا ساقلانسا،
پۇرىقىمۇ ياخشى ساقلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلدىن ئاشلىقتا كۆمۈش ۋە سامانغا كۆ-
مۈشنىڭ يېتەرسىزلىكى كۆپرەك. پات پات تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەپ-
سىز، چاشقاننىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشمۇ قىيىن. پەقەت ئائىلىدە
ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاز مىقداردىكى مېۋىلەرنىلا ساقلاشقا بولىدۇ.

گەمىدە ساقلاش بىلەن قۇمغا كۆمۈش بىرلەشتۈرۈلسە، كۆپ
مىقداردىكى يازلىق مېۋىلەرنى ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ. قەرەللىك
تەكشۈرۈپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى ئېچىش ياكى تاقاش ئارقىلىق تېم-
پېراتۇرىنى تەڭشىگىلى، سۇ چېچىپ نەملىكنى تەڭشەپ تۇرغىلى
بولىدۇ. بۇنداق گەمىلەرنىڭ ئىشىك ياكى تۈڭلۈك ئۈدۈلىغا دائىم
دېگۈدەك بىر چېلەك سۇ قويۇپ قويۇلۇشى دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

(4) قاقلارنى ساقلاش: قاقلارنى ساقلاش ھۆل مېۋىلەرنى ساقلاش-
تىن ئاسان. ئادەتتىكى ئەھۋالدا تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى تەڭشەشكە
باش قاتۇرۇش بىھاجەت. قاقلارنى ساقلاشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسى-
لە قۇرت زىيانداشلىقىدىن ساقلىنىش. ئەجدادلىرىمىز قۇرتتىن
ساقلىنىشتا «توسۇش، قاچۇرۇش، قاقلاش» تىن ئىبارەت ئۈچ خىل
ئۇسۇلنى قوللىنىپ كەلگەن.

قاقلارنىڭ كۆپ قىسمى كۈز پەسلىدە قۇرۇتىلىدۇ. پەقەت ئۆجمە
ۋاسالغۇسى بىلەن ئۆرۈك قېقىلا ياز پەسلىدە قۇرۇتىلىدۇ. خەلقى-

ـمىزدە «قىش غېمىنى يازدا قىل، ياز غېمىنى قىشتا» دېگەن ماقال بار. قاق قۇرۇتۇشتا قىش ۋە كېلەركى يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. يازدا قۇرۇتۇلغان قاقلارنى كەچكۈزگىچە ياخشى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، يازلىق قاقلارنى قۇرتتىن ساقلاش دېگەندە ئاساسلىقى ۋاسالغۇ بىلەن ئۆرۈك قېقىنى قۇرتتىن ساقلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**توسۇش:** ئۈجمە ۋاسالغۇسىنىڭ قەنت مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئاسانلا قۇرت چۈشىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە ئۈجمە ۋاسالغۇسى تۈۋى چىلەك ۋە يېرىقلىرى بولمىغان كۈپكە قاچىلىنىپ ئاغزى ھىم ئېتىلىدۇ، ئۈستىدىن يۆگەپ قويۇلىدۇ.بۇنىڭ بىلەن قۇرت لېچىنكىلىرىنىڭ كۈپكە كىرىش توسۇلىدۇ.

**قاچۇرۇش:** تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ئۆرۈك ناھايىتى كۆپ، مەھسۇلاتىمۇ ئاز ئەمەس. ئۆرۈك قاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۈپكە سىغدۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. كۆپ قىسمى تاغار، ھەر خىل سېۋەت ۋە بورا ـ قەنەر قاتارلىقلارغا قاچىلىنىپ يازلىق ئاشقۇن، قازناق ياكى ئۆگزىلەردە قويۇپ ساقلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆرۈك قاقلىرىغا ئاسانلا قۇرت چۈشىدۇ. قۇرتتىن ساقلىنىشتا، ئەجدادلىرىمىز ياڭاق غازىڭى، بۇيا يوپۇرمىقى ۋە ئوچاق كۈللىرىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن.

ياڭاق غازىڭى ۋە بۇيا يوپۇرمىقىنىڭ تەمى ئاچچىق، قۇرت ـ ھاشاراتلار ياقتۇرمايدىغان پۇراق تارقىتىدۇ. ئۆرۈك قاقلىرىغا ياڭاق ۋە بۇيىنىڭ ھۆل غازاڭلىرى قەۋەت قەۋەتلەر بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلانسا ياكى پاكىز تاسقالغان ئوتۇن كۈلى چېچىلسا، خېلى بىر مەزگىلگىچە قۇرت چۈشۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. غازاڭ قويۇش ئۇسۇلى ئىلگىرى ئۆيلەردە گىلەم ـ كىگىزلەرنى كۈيىدىن ساقلاش مەقسىتىدىمۇ قوللىنىلغان.

**قاقلاش:** يۇقىرىقى ئىككى ئۇسۇل مەلۇم مەزگىل ئۈنۈم بەرسىمۇ، لېكىن قۇرت زىيانداشلىقىدىن ئۇزاق ۋاقىت ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز ساقلىنىۋاتقان قۇرۇق مېۋىلەرنى ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە پات پات شىدىشاپ ياكى بورىغا تۆكۈپ، نېپىز

www.uyghurkitap.com



يىيىپ، كۆچلۈك ئاپتاپقا قاقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن. قۇرت ـ مېتىلەر ئىسسىققا چىدامسىز بولۇپ، كۆچلۈك ئاپتاپتا ئۈچ ـ تۆت سائەت قاقلانسا، تامامەن ئۆلىدۇ، ئاندىن قۇرۇق يېمىش قايتا تاسقىلىپ، غازاڭ ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلىنىدۇ. ئۈجمە ۋاسالغۇسى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق كۆل ياكى غازاڭ ئارىلاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان قۇرۇق يېمىشلەردە بولسا، پات پات ئاپتاپقا سىلىنىش، تاسقاش ئۇسۇلى بىلەن قۇرت چۈشۈشتىن ساقلانغان.

بۇ ئۇسۇللار يېزىلاردا ھېلىمۇ قوللىنىلىدۇ.

## §5. يىپ ئېگىرىش، ئارغامچا تالاش ھۈنەر ـ سەنئىتى[①]

بۆز يىپىنىڭ پاختىدىن ئېگىرىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىراق، بۆز بىلەن پاختىنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىرغا قەدەر تازا ئايدىڭلاشمىدى. شۇڭا، بۆز يىپ ئېگىرىش ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، بۆز بىلەن پاختىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۆز پاختا ← بۆز يىپ ← بۆز رەخت (خام ئەشيا نامى) ← كاسىپ نامى ← (كەسىپ نامى) تەرتىپى بويىچە تىزىپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇلار ئارىسىدا ئەقىلگە ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىچكى باغلىنىش بارلىقى، يەنى بوز رەختىنىڭ بوز يىپتىن، بوز يىپىنىڭ بوز پاختىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئايان بولىدۇ. «بوز» نىڭ تەلەپپۇزدا «بۆز» گە ئايلىنىپ كېتىشى بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ياكى ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمدى «بۆز

① يىپەكچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ئەسلىدە رەت تەرتىپى بويىچە مۇشۇ پاراگرافنىڭ ئالدىدا بايان قىلىناتتى. بىراق بۇ مەزمۇندا مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ 4 ـ تومىدا «خوتەن يىپەكچىلىكى» دېگەن سەۋەبلىك مەخسۇس ماقالىدا تەپسىلىي توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا يېزىلمىدى (ت)

پاختىا» بولسا، دەل پاختىنىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، قەدىمكى زاماندا پاختا رەڭگىنىڭ ئاق ئەمەس، بەلكى بۆز ئىكەنلىكىنى ھەمدە كېۋەز تالاسىنىڭ نامى دەل ئۇنىڭ رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «بۆز» دەپ ئاتالغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. «بۆزچى» بولسا، بۆز پاختىدىن رەخت ئىشلەپچىقارغۇچى دې‍گەن سۆز بولۇپ، خۇددى قەدىمكى زاماندا ئاشلىق تېرىغۇچىنىڭ «تارىغچى» (تارىغ — ئاشلىق). ئاش ئەتكۈچىنىڭ «ئاشپەز» دەپ ئا‍تالغىنىدەك ئۆز-ئۆزىدىنلا چۈشىنىشلىك بىر گەپكى، بۇ ھەقتە ئار‍تۇقچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىھاجەت.

يۇقىرىقىلاردىن خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، قەدىمكى زاماندا يەنى ئەجدادلىرىمىز كېۋەزنى ئەمدىلا ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا پاختىنىڭ رەڭگى (ھېچبولمىغاندا تارىم ۋادىسىدا) ئاق بولماستىن، بوز، مەللە ۋە قارا رەڭلەردە ئىدى. بۇ سورتلار ئىچىدە بوز رەڭلىك پاختىنىڭ رەڭگى ئاقىقا ھەممىدىن يېقىن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇ‍نىڭ ھەر خىل رەڭلەردە بوياپ ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئاڭلىق ھالدا تاللاپ تېرىغان. نۇرغۇن ئەسىرلىك تالاش — ئېكىش ۋە تەبىئىي تاللىنىش نەتىجىسىدە سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولغان يېڭى سورت — ئاق پاختا بارلىققا كەلگەن. ئەمما، پاختىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلات نامى ۋە كاسىپ نامىدا پاختىنىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى رەڭ ئالاھىدىلىكى بولغان «بوز ←بۆز» سۆزى ساقلىنىپ قالغان ۋە دەرۋىمىزگىچە يې‍تىپ كەلگەن. «لىياڭنامە» نىڭ ئاپتورى كۆرگەن ۋە بايان قىلغان «ئاپئاق رەخت» دەل بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان تالاش ـ تاللىنىش، يېتىشتۈرۈش باسقۇچى تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىنكى مەھسۇلات‍تىنلا ئىبارەت خالاس.

بۆز يىپ ئېگىرىشتە بۇرۇن بوز، مەللە، قارا ۋە ئاق رەڭلىك پاختىلار خام ئەشيا قىلىنغان. ھازىر باشقا سورتلار يوقالغان بول‍غاچقا، بىردەك ئاق پاختا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. يىپ ئېگىرىش پاخ‍تا چۆرۈش، پاختا ئېتىش، ئۈچ ياساش ۋە يىپ ئېگىرىش قاتارلىق تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## 1. چىغرىق ۋە پاختا چۆرۈش

بۆز يىپ ئېگىرىشتە ئاۋۋال پاختا تالاسىنى چىگىتتىن ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. چىغرىق دەل مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغۇچى سايماندۇر. چىغرىق ئارقىلىق پاختا تالاسى بىلەن چىگىتنى ئايرىش مەشغۇلاتى خەلق تىلىدا «پاختا چۆرۈش» (پاختا چىقىرىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1) چىغرىقنىڭ تۈزۈلۈشى

چىغرىق ئىككى تال ئوقنىڭ قارىمۇ قارشى يۆنىلىشلىك ئايلانما ھەرىكىتى ئارقىلىق پاختا چۇرۇش (پاختا چىقىرىش) نى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى سايمان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن قول چىغرىقى ۋە تەپمە چىغرىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

**(1) قول چىغرىقى:** بۇ، قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چىگىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. چىغرىق ئومۇمەن تاپانلىق، پاچاق ۋە ئوقتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

**تاپانلىق:** چىغرىق پاچىقى جايلاشتۇرۇلىدىغان تەگلىك ياغاچ بولۇپ، ئادەتتە تېرەك، ئۈجمە ياكى جىگدە ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تاپانلىقنىڭ ئالدى يان تەرەپ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر بولغان باسقۇ تاختاي ئورنىتىلىدۇ. ئىككى بېشىغا تۆشۈك ئېچىلىپ، پاچاق بېكىتىلىدۇ.

**پاچاق:** چىغرىق ئوقىنى مۇقىملاشتۇرغۇچى بۆلەك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىككىلى پاچاقنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدىن بىر نەچچە سانتىمېتىر ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، بىر بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ «ئوق تۆشۈكى» دېيىلىدۇ. پاچاقلارنىڭ يان تەرىپىدىن ئۈستى قىرى ئوق تۆشۈكىگە ئۆتۈشىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ تۆشۈكلەر «پانا تۆشۈكى» دېيىلىدۇ. پاچاقلارنىڭ ئوق تۆشۈكىدىن تۆۋەن تەرەپتىكى بوشلۇق قىسمىغا تاختاي سېلىپ توسۇلىدۇ.

ئوق: ئوق قارىمۇ قارشى ئايلانما ھەرىكەت نەتىجىسىدە پاختا تالاسى بىلەن چىگىتنى ئاجراتقۇچى بۆلەك بولۇپ، چىغرىقتا پاختا چۆرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەڭ مۇھىم زاپچاس ھېسابلىنىدۇ. بىر چىغرىقتا بىر جۈپ ئوق بولۇپ، بىرسى «ئەركەك ئوق»، يەنە بىرسى «چىشى ئوق» دېيىلىدۇ. ھەر ئىككى ئوق دەز يېرىقلىرى بولمىغان، چىدامچانلىقى يۇقىرى، تولۇق قۇرۇتۇلغان ياڭاق ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. گەۋدە دىئامېتىرى ئوخشاشلا ئۈچ سانتىمېتىر، ئوق بېشىنىڭ دىئامېتىرى 3.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەمما ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەركەك ئوق ئوق بېشى (ئوق چىشى)، ئوق گەۋدىسى، قۇلاقلىقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئوق بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە سانتىمېتىر، ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، قۇلاقلىق بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوق بېشىغا كۆپىنچە ئوق بويىغا يۆنەلگەن (قىسمەن ئوقلاردا بولسا ئوق بويىغا پاراللېل بولغان) ئۈچ دانە چىش چىقىرىلىدۇ. چىش ئارىلىقىدا چىش ئېرىقچىسى ھاسىل بولىدۇ. قۇلاقلىق ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر، تومۇلۇقى 1.5 سانتىمېتىر بولغان پاراللېلېپىپېد شەكىللىك قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلچەمدە تۆشۈك ئېچىلغان جەينەك شەكىللىك ياغاچ قۇلاق بېكىتىلىدۇ. قۇلاق ئادەم كۈچىنى ئوققا يەتكۈزۈپ، ئوقنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

چىشى ئوق بولسا، ئوق بېشى ۋە ئوق گەۋدىسىدىنلا تۈزۈلىدۇ. ئوق بېشىغا ئەركەك، ئوق چىشلىرىغا ئوخشاش ئۆلچەمدە ئۈچ تال چىش چىقىرىلىدۇ. ئەركەك ئوق پاچاقلاردىكى ئوق تۆشۈكىنىڭ ئاستى تەرىپىگە، چىشى ئوق ئۈستى تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئوق بېشى سول پاچاق سىرتىغا، قۇلاقلىق ئوق پاچاق سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئوق گەۋدىسى بولسا ئىككى پاچاق ئارىسىغا چۈشىدۇ. ئوقلار يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە سېلىنغاندىن كېيىن، پانا تۆشۈكىگە پانا قېقىلىپ، ئەركەك ئوق يۇقىرىغا قىستىلىدۇ. نەتىجىدە ئوق چىشلىرى بىر بىرىگە كىرىشىپ، ئوق گەۋدىسى جۈپلىشىدۇ. ئادەتتە، ئاستى تەرەپتىكى ئوق قۇلاق ئارقىلىق ھەرىكەت قوبۇل قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاكتىۋال ھەرىكەت قىلدۇرغانلىقى ۋە چىش (چىشلىق چاق) ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۈستىدىكى ئوقنى ئايلاندۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئەركەك ئوق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈستۈنكى ئوق ئاستىنقى ئوقتىن ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىپ، پاسسىپ ماسلاشما ھەرىكەت قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن «چىشى ئوق» دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) تەپمە چىغرىق: بۇ، قول چىغرىقنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان شەكلىدىن ئىبارەت. تەپمە چىغرىقتا پاختا چۆرۈشتە پۇت ھەرىكىتى ئاساس، قول ھەرىكىتى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. تەپمە چىغرىق پەلتەك، تىزلىق، ئوق، توقماق، تەپكە قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

پەلتەك: بۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.20 مېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر بولغان تاختايغا ئىككى جۈپ پاچاق سېلىش ئارقىلىق ياسالغان ئۇزۇنچاق ئورۇندۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا تىزلىق، پاچىقىغا تەپكە بېكىتىلىدۇ. بوش قالغان ئۇچى مەشغۇلات ۋاقتىدا ئورۇندۇق قىلىنىدۇ. دېمەك، پەلتەك ھەم تەپمە چىغرىقنىڭ دۇكان تەگلىكى، ھەم مەشغۇلات مەيدانى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

تىزلىق: بۇ، ئېگىزلىكى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى بىر جۈپ تاختاي بولۇپ، پەلتەكنىڭ بىر بېشىغا كەڭ يۈزى بىر بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ تۇرۇملاپ بېكىتىلىدۇ. ئارىلىقلىرى 32 سانتىمېتىر بولىدۇ. ھەر ئىككى تىزلىقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن بىر نەچچە سانتىمېتىر ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئوق تۆشۈكى، ئۇنىڭ ئاستىغا راسلىق تۆشۈكى ئېچىلىدۇ. تىزلىق ئوقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوق: تەپمە چىغرىقتىمۇ ئوخشاشلا بىر جۈپ ئوق بولىدۇ. ئەمما، ئوققا چىش چىقىرىلمايدۇ. ئەركەك - چىشى دەپ ئايرىلمايدۇ. ئوقلارنىڭ بىرى تۆمۈردىن، يەنە بىرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە، تۆمۈر ئوق «ئوق»، ياغاچ ئوق بولسا «پۇزا» دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئوق دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر، پۇزا دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر بولىدۇ. ھەر ئىككىسىدە 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا پاراللېلىپېپېد شەكىل-

لىك قۇلاقلىق بولىدۇ. ئەمما، قۇلاقلىقنىڭ جايلىشىشى قارىمۇ قارشى يۆنىلىشلىك بولىدۇ. پەلتەڭ ئۈچىدىكى تىزلىقنى A بىلەن، پەلتەڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىزلىقنى B بىلەن ئىپادىلىسەك، ئوق قۇلاقلىقى A تىزلىق سىرتىغا، پۇزا قۇلاقلىقى B تىزلىق سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئوق ئۇستىدە، پۇزا ئاستىدا تۇرىدۇ، ئوق قۇلاقلىقىغا توقماق بېكىتىلىدۇ. پۇزا قۇلاقلىقىغا بولسا جەينەكسىمان ياغاچ قۇلاق بېكىتىلىدۇ. ئوق بىلەن پۇزا ئايلانما ھەرىكەت قىلىپ، پاختا تالاسىنى چىگىتتىن ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ. پۇزا ئاستىدا ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، تومۇلۇقى تۆت سانتىمېتىرلىق يەنە بىر تال ياغاچ بولۇپ، «راسلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى بېشى تىزلىقتىكى راسلىق تۆشۈككە چۈشىدۇ. راسلىقنىڭ ئىككى بېشىنىڭ ئاستىغا پانا قېقىش ئارقىلىق ئوق بىلەن پۇزا بىر بىرگە جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ.

توقماق: بۇ، ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىر، ئىككى بېشىنىڭ دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر بولغان ياغاچ بولۇپ، ئۆرۈك قاتارلىق زىچلىقى يۇقىرى بولغان ئېغىر ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. توقماق بويىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، تۆمۈر ئوق مۇشۇ تۆشۈككە كىرگۈزۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. توقماقنىڭ قۇلاق تۆشۈكىدىن سەككىز سانتىمېتىر نېرىدىكى جايغا 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەنە بىر تال قوزۇق بېكىتىلىدۇ. ئۇ «كىندىك قوزۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. كىندىك قوزۇق تەپكىدىن كەلگەن ھەرىكەتنى توقماققا ۋە توقماق ئارقىلىق ئوققا ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ.

تەپكە: بۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.40 مېتىر، دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر بولغان بىر تال تاياق بولۇپ، چوڭ بېشى پەلتەڭنىڭ كەينىدىكى ئوڭ پاچاق ئاستىدىن 10 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى جايغا ھەرىكەتچان ھالەتتە بېكىتىلىدۇ. كىچىك بېشىغا تەپكە بېغى باغلىنىدۇ. تەپكە بېغىنىڭ ئۈچىغا ياغاچ توقۇناق ياكى تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىدۇ ۋە توقماقتىكى كىندىك قوزۇق گەۋدىسىگە ئىلىندۇرۇلىدۇ. تەپكە پۇت ھەرىكىتىنى توقماققا ئۆزىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2) پاختا چۆرۈش مەشغۇلاتى

ئالدى بىلەن چىگىتلىك پاختىغا ئارىلىشىپ قالغان ئەخلەتلەر پاكىز تازىلىنىپ، پاختا ئاپتاپقا سېلىپ ئوبدان قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن چىغرىق ئوقى تەڭشىلىدۇ. ئوقلار ئايلانغان ۋاقىتتىكى سۈركىلىش ئاۋازىنى يوقىتىش ۋە ئوقنىڭ سىلىق، تەكشى ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوق بويىنى بىلەن ئوق تۆشۈكى دىۋارى ياغاق ياكى شاپتۇل مېغىزى سۈركەپ ياغلىنىدۇ. ئاندىن ھەر ئىككى پاچاقتىكى پانا بوش ۋە تەكشى ئۆرۈلۈپ، ئەركەك ـ چىشى ئوقلار (تەپمە چىغرىقتا بولسا ئوق بىلەن پۇزا) بىر بىرىگە ھىملاشتۇرۇلىدۇ. ئوق ئارىلىقىدىن قارىغاندا قارشى تەرەپتىن يورۇقلۇق كۆرۈنمىگۈدەك ياكى قۇلاق چۆرۈلگەندە ئوقلار نىپىز قەغەزنى چىشلەپ ئالغۇدەك ھالەتكە كەلگەندە چىغرىق مۇۋاپىق تەڭشەلگەن ھېسابلىنىدۇ.

پاختا تالاسى بىلەن چىگىتنى ئايرىش ئىشى گەرچە ھەر ئىككى خىل چىغرىقتا ئوقلارنىڭ قارىمۇ قارشى يۆنىلىشلىك ئايلىنىشى ئارقىلىق ئورۇندالسىمۇ، لېكىن چىغرىقلارنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلىدىن مەشغۇلات جەريانى پەرقلىق بولىدۇ.

(1) قول چىغرىقىدا پاختا چۆرۈشتە مەشغۇلات قىلغۇچى باسقۇ تاختاينى بېسىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولىدا قۇلاقنى ئوڭ يۆنىلىشتە چۆرۈيدۇ. قۇلاقنىڭ چۆرۈلۈشى ئارقىسىدا ئايلانما ھەرىكەتكە كەلگەن ئەركەك ئوق چىشلىرى چىشى ئوق چىشلىرىنى سول يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئەركەك ـ چىشى ئوقلار بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى يۆنىلىشلىك، چىپسىلاشما ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ. مەشغۇلات قىلغۇچى سول قولىدا چىگىتلىك پاختىنى تۇتاملاپ ئېلىپ، ئوقلار ئارىسىغا تەكشى چىشلىتىدۇ.ئوقلارنىڭ توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئوق ئارىسىغا چىشلىتىلگەن چىگىتلىك پاختىنىڭ تالالىرى سوزۇلۇپ، ئوق ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قارشى تەرەپكە چۈشىدۇ. چىگىت بولسا تالادىن ئايرىلىپ ئاجراپ چىغرىق ئالدىغا چۈشىدۇ.

(2) تەپمە چىغرىقتا پاختا چۆرۈشتە مەشغۇلات قىلغۇچى پەلتەڭنىڭ بوش ئۇچىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولىدا پۇزىنىڭ قۇلىقىنى ئوڭ يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوڭ پۇ-

تىنى تەپكە گەۋدىسىگە دەسسەيدۇ (بۇ ۋاقىتتا توقماقنىڭ كىندىك قوزۇق تەرەپتىكى ئۇچى يۇقىرىغا قارىتىپ قويۇلغان بولىدۇ). تەپكىنىڭ تۆۋەنگە بېسىلىشى ئارقىسىدا، تەپكە بېغى كىندىك قوزۇقىنى، كىندىك قوزۇق بولسا توقماق بېشىنى تۆۋەنگە تارتىپ سول ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. توقماقنىڭ كىندىك قوزۇق بېشى تۆۋەنلەپ، يەر يۈزىگە تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىشتىن بۇرۇن، تەپكىدىكى پۇت يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، بېسىم ئۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا توقماق بېشى ئۆز ئېغىرلىقى تەسىرىدە ئىنېرتسىيە كۈچىگە ئىگە بولۇپ، داۋاملىق يۇقىرىلاپ تۆمۈر ئوق ئۈستىگە كەلگەندە، ئوڭ پۇت ئىككىنچى قېتىم تەپكىگە دەسسىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەت يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىدۇ. توقماقنىڭ ئايلىنىش قېتىم سانى ئارتىشىغا ئەگىشىپ، ئىنېرتسىيە كۈچىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېشىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن توقماق گەۋدىسىگە بېكىتىلگەن تۆمۈر ئوقنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ، مەشغۇلات قىلغۇچى كىشى سول قولىدا چىگىتلىك پاختىنى ئوقلار ئارىسىغا چىشلىتىپ بېرىدۇ.

مەيلى قايسى خىل چىغىرىقتا پاختا چۆرۈلسۇن، ئوقنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پاختىنى ئوبدان قۇرۇتۇش مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئوقلار ئوبدان جىپسىلاشمىسا، ئاسانلا چىگىت چىشلىۋېلىش، چىگىت چىقىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، چۆرۈلگەن پاختىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. پاختىنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولسا، تالانىڭ چىگىتتىن ئاجرىشى قىيىن بولۇپ، ئوخشاشلا چىگىت چىشلىۋېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. چىغىرىق ئوقى چىگىت چىشلىۋالغاندا، قۇلاقنى زورمۇزور ئايلاندۇرماسلىق، بەلكى قۇلاقنى كەينىگە يېرىم ياندۇرۇپ، چىشلىۋېلىنغان چىگىتنى چىقىرىۋېلىپ، تالانى يېنىك سوزۇپ بېرىش ئارقىلىق چىگىت چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئوققا پاختا چىشلىتىشتە بىراقلا بەك كۆپ چىشلەتمەي، ئاز ئازدىن ئۈدۈللۈك ۋە تەكشى چىشلىتىش لازىم.

قول چىغىرىقى بىلەن تەپمە چىغىرىقنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ۋە مەشغۇلات تەرتىپىدىكى پەرقلەر سەۋەبلىك ئىش ئۈنۈمىمۇ پەرقلىق

www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. قول چىغرىقىدا پەقەت بىر يۆرۈش ھەرىكەت بولۇپ، بىرلا ئوق ئاكتىۋال ھەرىكەت قىلىدۇ. ئوقلارنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ئاستا، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. بىر ئەمگەك كۈچى بىر كۈندە تۆت جىڭ پاختا چۆرىيەلەيدۇ.. شۇڭا، بۇ خىل چىغرىق پەقەت ئائىدىلىلەردە ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. تەپمە چىغرىقتا ئىككى يۆرۈش ھەرىكەت بولىدۇ، ھەر ئىككى ئوق ئاكتىۋال ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنېرتسىيەلىك ھەرىكەت قائىدىسىدىن پايدىلىنىلغانلىقتىن، ئوقلار (بولۇپمۇ تۆمۈر ئوق) نىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تېز، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. بىر ئەمگەك كۈچى بىر كۈندە 16 ~ 18 جىڭ پاختا چۆرىيەلەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل چىغرىق بەزى جايلاردا «توقماق چىغرىق» دەپ ئاتىلىدۇ. تەپمە چىغرىق كۆپىنچە ئاتقۇچى، يىپچى، تورچى قاتارلىق پاختا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭكىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

يېقىنقى 30~40 يىلدىن بۇيان، تۆمۈرچاق، رېزىنكە ئوقلۇق تەپمە چىغرىقلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئېلېكتر ماتورلۇق چىغرىقلارنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا ياغاچ قۇرۇلمىلىق قول چىغرىقى ۋە تەپمە چىغرىقلار ئەمەلىي ئىستېمالدىن قالدى.

## 2. ئاتقۇچىلىق ۋە پاختا ئېتىش

پاختا، يۇڭ قاتارلىق تەبىئىي تالالارنى سايمان ئارقىلىق ئېتىپ - تىتىپ يىپ ئېگىرىش، تور ياكى كىگىز ياساشقا لايىق كەلگۈدەك دەرىجىدە يۇمشىتىش «پاختا ئېتىش» ياكى «يۇڭ ئېتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كەسىپ «ئاتقۇچىلىق»، ئاتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار بولسا «ئاتقۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاتقۇچىلىق» ۋە «ئاتقۇچى» ھەم تۈردەش ئىسىم، ھەم خاس ئىسىم بولۇپ، ئادەتتە كىگىزچىلىك، تورچىلىقنىڭ ياكى كىگىزچىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. كىگىزچى ۋە تورچىلارنى پەرقلەندۈرۈپ كونكرېت ئاتاشقا توغرا كەلگەندە «كىگىزچى، تورچى»، «كىگىزچىلىك، تورچىلىق» قاتارلىق خاس ناملار قوللىنىلىدۇ. ھازىر بۇ خىل يۇزلى-

ـنىش بارغانسېرى كۆچىيىپ بېرىۋاتىدۇ.

**1) ئاتقۇچىلىق دۇكىنىنىڭ تۈزۈلۈشى**

ئاتقۇچىلىقتا سايمان كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت ئاتقۇچىلىق دۇكىنى بولسىلا كۇپايە. ئاتقۇچىلىق دۇكىنى شەكىل جەھەتتە ئىلـ ـگەك يىڭنىگە ئوخشاش سايمان بولۇپ، دۇكان گەۋدىسى، زەي، مۇشتا قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

**دۇكان گەۋدىسى:** ئاتقۇچىلىق دۇكىنىنىڭ گەۋدىسى سۇرۇخ، باشلىق ۋە قارنى تاختايدىن تۈزۈلىدۇ. سۇرۇخ چوڭ بېشىنىڭ ئايلانمىسى 20 سانتىمېتىر، كىچىك بېشىنىڭ ئايلانمىسى 16 سانـ ـتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 195 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تېرەك ياغىچىـ ـدىن ياسالغان دەستە ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ بېشىغا قارنى تاخـ ـتاي، كىچىك بېشىغا باشلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. باشلىق تۆت سانـ ـتىمېتىر توملۇقتىكى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان ھاسا بېشى شەـ ـكىللىك ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇچى ياپىلاقلىنىپ، سۇرۇخ ئۇچىغا يارىپلىم ۋە ياغاچ مىخ ئارقىلىق مەھكەم تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئۇـ ـنىڭ ئۇستۇنكى ئەگمە ئۇچىدا زەي مىخى، سىرتقى ياي يۈزىدە زەي ئويمانچىسى بولىدۇ. قارنى تاختاي كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر، ئۇـ ـزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، سۇرۇخنىڭ چوڭ باش يان يۈزىگە مەھكەم مىخلاپ بېكىتىلىدۇ. ئۇـ ـنىڭ كەينى تەرىپىدە سۆڭلۈق ياغاچنى مۇقىملاشتۇرغۇچى زەي ھالـ ـقا، سىرتقى يۈزىدە زەي ئويمانچىسى بولىدۇ. دۇكان گەۋدىسى زەينى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە زەيگە تەي بېرىش (سوزۇلما كۈچكە ئىگە قىلـ ـلىش) رولىنى ئوينايدۇ.

**زەي:** ئۆچكە ياكى كېيىك تېرىسىدىن تاسما تىلىپ، تۆت قات تالانغان ئىنچىكە شوينا بولۇپ، دىئامېترى ئۈچ مىللىمېتىر ئەتراـ ـپىدا بولىدۇ. باش ئۇچى دۇكان سۇرۇخ ياغىچىغا يۆگەپ بېكىتىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى زەي مىخىغا ئىلىنىپ، باشلىقنىڭ زەي ئويمانچىسىـ ـدىن ۋە قارنى تاختاينىڭ زەي ئويمانچىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سۆڭلۈق ياغاچقا بېكىتىلىدۇ، ئاندىن سۆڭلۈق ياغاچ قارنى تاختاينىڭ سىرتـ ـقى يان يۈزىگە چاپلىنىپ، زەي ھالقىغا كىرگۈزۈپ چىڭىتىلىدۇ. زەي

www.uyghurkitap.com



مۇشتىنىڭ زەربىسىدە سىلكىنمە ھەرىكەت قىلىپ، پاختا ياكى يۇڭنى تىتىپ يۇمشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

مۇشتا: مۇشتا چىلان ياكى ئۈرۈك ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدىغان توقماق بولۇپ، دەستىسىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىر، گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. گەۋدە قىسمىنىڭ ئاستىدا چوڭقۇرلۇقى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئايلانما ئېرىقچە، ئۇنىڭ ئاستىدا دىئامېتىرى مۇشتا گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى بىلەن ئوخشاش بولغان گىرۋەك بولىدۇ. مۇشتا ئادەتتە بىر كىلوگرام ئېغىرلىقتا بولۇپ، زەيگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى تىترىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

2) پاختا ئېتىش مەشغۇلاتى

پاختا ئېتىشتا، چۇرۇپ تەييارلانغان پاختا پاكىز رەخت ياكى بورا ئۈستىگە دۆۋىلىنىدۇ. ئاندىن ئاتقۇچى دۇكىنىنىڭ زېيى قاتتىق چىگىتىپ تەڭشىلىدۇ. ئاتقۇچى دۇكان سۇرۇخىنىڭ قارنى تاختاي تەرەپتىكى ئۇچىنىڭ بىر قىسىم جايىدىن سول قولدا تۇتىدۇ، سۇرۇخنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ زەينى پاختا دۆۋىسىنىڭ بىر چېتىگە تەگكۈزۈپ ئوڭ قولىدىكى مۇشتا ئارقىلىق زەينىڭ سول قول ئۇدۇلىدىكى جايىغا تۆت-بەش قېتىم يېنىك ئۇرىدۇ. زەينىڭ يېنىك تەۋرىنىشى نەتىجىسىدە بىر بۆلۈك پاختا زەيگە يۆگىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاتقۇچى سول قولدا دۇكاننى سەل ئېگىزلىتىپ كۆتۈرۈپ، زەيگە ئارقا ئارقىدىن كۈچلۈك مۇشتا ئۇرىدۇ. مۇشتىنىڭ قاتتىق زەربىسى ۋە زەيدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا مۇشتا گىرۋىكىنىڭ زەينى ئېلىپ تارتىشى ئارقىسىدا، زەي قاتتىق سىلكىنگەنلىكتىن پاختا تالالىرى تىتىلىپ، زەيدىن ئاجراپ ئۇچۇپ چىقىپ قارشى تەرەپكە دۆۋىلىنىدۇ. زەيگە يۆگەلگەن پاختا تالالىرى تولۇق ئاجرىلىپ چىقىپ بولغاندا، يۇقىرىقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ ۋە پاختا تولۇق يۇمشاپ بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

پاختا ئېتىش مەشغۇلاتىدا، زەينى ئوبدان چىگىتىش ۋە پاختىنى ئوبدان قۇرۇتۇش زۆرۈر. زەي بوش بولۇپ قالسا، تىترىشى كۈچسىز بولۇپ قالىدۇ ـ دە، پاختا تالالىرىنىڭ تىتىلىشى قىيىنلىشىپ،

ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. پاختىنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولۇپ قالسا، پاختا تالالىرى ئاسانلا زەيگە يۆگىشىپ كاللەكلىشىۋالىدۇ - دە، ئوخشاشلا ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

**3) ئۈچ ياساش**

ئېتىپ تەييارلانغان پاختىدىن يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۈچ ياساشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈچ پاختا پىلتىسى دېگەنلىك بولۇپ، تەقرىبىي سىلىندىر شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۈچ يۇمشاق، ئاپئاق، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك يېنىك بولىدۇ. شۇڭا، «ئۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «چاچ - ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان» دېگەن ئوخشىتىش دەل ئۈچنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن.

**(1) ئۈچ ياساش سايمانلىرى:** ئۈچ ياساشتا ئۈچ تاختىسى، ئۈچ چوكىسى، تەگلىك سۈپرا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ تاختىسى تەكشى رەندىلەنگەن ئادەتتىكى تاختاي بولۇپ، ئۆلچىمى $4\times30\times50$ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۈچ ياساشتا تەگلىك قىلىنىدۇ.ئۈچ چوكىسى تۈز ۋە قۇرۇق يۇلغۇن ياغىچىدىن سىلىق قىرىپ ياسىلىدۇ. دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۈچ ياساشتا ساپلىق قىلىنىدۇ. تەگلىك سۈپرا مەلۇم چوڭلۇقتىكى پاكىز رەخت ياكى ئەدىيال بولۇپ، پاختا ۋە ئۈچلارنىڭ كىر - ئەخلەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاختا ئاستىغا تەگلىك قىلىنىدۇ. كىگىز - گىلەملەرنى تەگلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

**(2) ئۈچ ياساش مەشغۇلاتى:** ئېتىپ يۇمشىتىلغان پاختىدىن كىچىك بىر پارچە ئۈزۈۋېلىنىپ، ئۈچ تاختىسى ئۈستىگە قويۇلۇپ، سەل پەل ياپىلاقلىنىدۇ، ئاندىن ئۈچ چوكىسى پاختا پارچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ چوكا گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ ۋە ئالقاندا يېنىك بېسىلىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم دومىلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پاختا پارچىسى چوكا گەۋدىسىگە يۆگىلىپ تەقرىبىي سىلىندىر شەكلىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۈچنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، چوكا سۇ-

www.uyghurkitap.com



غۇرۇۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تال ئۈچ پۈتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئۈچ ياساش داۋامىدا، چوكىنى قاتتىق بېسىپ دومىلىتىشقا، بەك كۆپ دومىلىتىشقا ۋە تەييارلانغان ئۈچلارنى قاتتىق چىڭداپ قاچىلاشقا بولمايدۇ. بولمىسا، پاختا تالالىرى چىڭ ئېشىلىپ قېلىپ يىپ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**4) بۆز يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتى**

بۆز يىپ خەلقىمىز ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ماتا، تالدىما، بۆز چەكمەن، داكا، داستىخان، پوتا،گىلەم، تاغار، خۇرجۇن توقۇش ۋە تانا، ئارقان تالاشتىكى ئاساسىي ماتېرىيال بولۇپ، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**(1) بۆز يىپ ئېگىرىش سايمانلىرى.** بۆز يىپتىن توقۇلىدىغان رەختلەر تۈرلۈك تۈرمۇش بۇيۇملىرى ۋە تانا، ئارقان قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يىپنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈلسىمۇ لېكىن بۆز يىپ بىردەك يىكچاق ۋە ئۇنىڭغا سەپلەپ ئىشلىتىلىدىغان يىك، تۇۋيىك، قومۇش، تاناب، چۆگىمەچ قاتارلىق سايمانلارنى ۋاستە قىلىپ ئېگىرىپ تەييارلىنىدۇ.

**يىكچاق:** بۇ، يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتىنى ئورۇنداشتىكى ئەڭ مۇھىم سايمان بولۇپ، خەلق تىلىدا ئادەتتە «چاق» دەپلا ئاتىلىدۇ. يىكچاق بۆز يىپ ئېگىرىشكە ئىشلىتىلىپلا قالماي، يۇڭ يىپ ئېگىرىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، يۇڭ يىپ يىكچاق ئارقىلىقلا ئەمەس، ئۇرچۇق، قولچاق (چىلەك) ئارقىلىقمۇ ئېگىرىلىدۇ. چاق بىلەن چىلەكنىڭ تۈپ پەرقلىرىدىن بىرى شۇكى، چاققا چوقۇم يىك سەپلىنىدۇ. چىلەككە بولسا يىك سەپلەنمەيدۇ. شۇڭا، چاقنى چىلەكتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «يىكچاق» دەپ ئاتايمىز.

يىكچاق تاپانلىق، پاچاق، ئوق، قانات قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

**تاپانلىق:** بۇ، يىكچاقنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى ۋە مۇقىملاشتۇرغۇچى بۆلەك بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئالدى بۇزا، ئارقا بۇزا ۋە چېتىقتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئالدى بۇزىنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە

كەڭلىكى 18×22 سانتىمېتىر، ئارقا بۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلى-
كى 20×40 سانتىمېتىر، چېتىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 8×
18 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىردەك 4~6 سانتىمېتىر بولىدۇ.

پاچاق: يىكچاقتا ئالدى پاچاق ۋە ئارقا پاچاقتىن ئىبارەت ئىككى
گۇرۇپپا پاچاق، ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئىككى تالدىن پاچاق بولىدۇ.
ئالدى پاچاقلار ئادەتتە كەينى پاچاقلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، «مەدەك»
دەپ ئاتىلىدۇ. مەدەكلەك ئالدى بۆزىغا بېكىتىلىدۇ. ئېگىزلىكى 16
سانتىمېتىر، دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، ئارىلىق كەڭلىكى ئۈچ
سانتىمېتىر بولىدۇ. مەدەكلەرنىڭ كەينىدىكى بىرسىگە لاتا يۆگىلىپ
يىپ بېشى ئورنىتىلىدۇ. ئالدىدىكى بىرسىنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئىن-
چىكە ئاچا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ «چەمەك» دەپ ئاتىلىدۇ. چەمەك
يىكنىڭ خەرىنلىكىنى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كەينى پا-
چاقلار كەينى بۆزىغا بېكىتىلىدۇ. ئېگىزلىكى 35 سانتىمېتىر، دى-
ئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، ئارىلىقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا
بولىدۇ. كەينى پاچاقلار چاق ئوقىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوي-
نايدۇ. ئالدى ـ كەينى پاچاقلار بىردەك تېرەك ياغىچىدىن قىرىپ
ياسىلىدۇ، قىرما — بوغما نەقىش ۋە رەڭدار ئايلانما نەقىش ئارقى-
لىق بېزىلىدۇ. چاق ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، دىئامې-
تىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسى-
لىدۇ. ئوقنىڭ ئىككى پاچاق ئارىسىدىكى قىسمىغا قانات، ئالدى تە-
رەپ سىرتقى ئۇچىغا قولاق بېكىتىلىدۇ. قانات تېرەك ياغىچىدىن
ياسالغان، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، كەڭلىكى يەتتە سانتىمې-
تىر، ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تاختاي بولۇپ، ئىك-
كى ئۇچى يونۇپ ئىنچىكىلىتىپ بوغۇم چىقىرىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن
ئوق دىئامېتىرى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ، ئوق
ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىر چاقتا ئىككى گۇرۇپپا قانات، ھەر بىر گۇرۇپپىدا
4~6 تالغىچە تاختاي بولىدۇ. ئىككى گۇرۇپپا قاناتنى كىرىپتۇرۇش
ئۈچۈن، ئوقنىڭ ئىككى گۇرۇپپا قانىتى ئوتتۇرىسىدىكى قىسمىغا
پاچاق دىئامېتىرى بىلەن ئوخشاش تومىلۇقتا قىرىپ ياسالغان كەرگە
ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كەرگە «يۈرەكچە» دەپ ئاتىلىدۇ. قاناتلارنىڭ ئۈچ

www.uyghurkitap.com



بوغۇملىرى زەي ئارقىلىق بىر بىرىگە تارتىپ چىگىتىلىدۇ. ئوقنىڭ قانات بىلەن پاچاق ئارىلىقىدىكى قىسمىغا ياپىلاق ياغاچ غالتەك سىلىنىدۇ. بۇنداق غالتەكلەر «ئويىنغۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئويىنغۇچلار قانات تاختايلىرىنى پاچاققا بىۋاستە سۈركىلىشتىن ساقلاپ، چاقنىڭ راۋان ئايلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**تاناب:** تاناب بۆز يىپتىن ئېشىلگەن، دىئامېتىرى ئىككى-ئۈچ مىللىمېتىر بولغان ھالقا شەكىللىك شوينىدىن ئىبارەت. ھالقىنىڭ بىر تەرىپى چاق قاناتلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى زەينىڭ سىرتىغا، يەنە بىر تەرىپى مەدەككە ئورنىتىلغان يىكنىڭ تانابلىقىغا سىلىنىدۇ. تاناب چاقنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنى يىككە يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**يىك:** بۇ، يىكچاقتىكى ئەڭ مۇھىم سەپلىمە سايمان بولۇپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسىلىدۇ ۋە يىپ ئېگىرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇۋىيك:** شەكلى يىككە ئوخشاش، ئەمما يىكتىن تومراق ۋە ئۇزۇنراق بولغان سايمان بولۇپ، يىپ تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ. يىك بىلەن تۇۋىيكنىڭ ئۆلچىمى ۋە ياسىلىشى كېيىن ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

**قومۇش:** دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى بورا قومۇشتىن كېسىپ ياسالغان سايمان بولۇپ، تۇۋىيككە كىيدۈرۈپ يىپ تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

**چۆگىمەچ:** چۆگىمەچ بېشى سۇنۇپ كەتكەن يىك قۇيرۇقى بولۇپ، كىچىك ئۈچىنى قولاق تۆشۈكىگە ئۆتكۈزۈپ قولاقنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) **بۆز يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتى.** بۆز يىپ ئېگىرىشتە ئالدى بىلەن قول ئىشى ئارقىلىق ئۈچتىن 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا يىپ سوزۇپ چىقىرىلىدۇ ۋە ھۆللەپ يىككە چاپلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولدىكى چۆگىمەچ ئارقىلىق قولاق سائەت ئىستىرېلكىسى يۆنىلىشىدە ئايلاندۇرۇلىدۇ. قولاقنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق يىكچاق ئوقى ۋە قاناتلار ئايلانما ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن تاناب ۋاستىسى ئارقىلىق قاناتلارنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى يىككە ئۇزىتىلىدۇ. دەسلەپتە چاقنى ئاستا ئايلاندۇرۇپ، ھۆللەپ يىككە چاپلاشتۇرۇلغان يىپ ئۈچى يىككە بىر نەچچە ئورام يۆگىلىدۇ. ئار-

قىدىن ئۈچنى تۇتۇپ تۇرغان سول قول يىلىك ئۈچى تەرەپكە سىلجىتىلىپ، يىلىك ئۈچىدىن پاختا ئۈچىغا تۇتاشقان يىپ بىلەن يىكنىڭ تۈز سىزىق ئوقى ئارىسىدا 40℃ ~ 45℃ لۇق بۇلۇڭ هاسىل قىلىنىدۇ. مۇشۇ هالەتتە چاق تېز ئايلاندۇرۇلۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سول قولدىكى ئۈچ تەكشى سىزىق بويلاپ، ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە يىكنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى يىلىك ئۈچى ئارقىلىق سوزۇلۇۋاتقان يىپقا ئۆتۈپ، يىپ ئېشىلىپ بارىدۇ. سوزۇلغان يىپ مەلۇم ئۇزۇنلۇققا يېتىپ، قولنىڭ كۆتۈرۈشى چېكىگە يەتكەندە، چاقنى ئايلاندۇرۇش توختىتىلىپ، سول قول يىلىك ئۈستىگە تىك تەككۈزۈلۈپ چاق ئاستا سۈرئەتتە ئاۋۋالقىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇلسا، يىك قۇيرۇقىدىكى يىپ ئورامى بىر ئاز سوزۇلۇپ چىقىپ، يىپ تۈۋى بىلەن يىپ ئۈچى بىر تەكشى تىك سىزىققا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چاق ئاۋۋالقى يۆنىلىشتە چۆرۈلۈپ، يىپ يىككە يۆگىلىدۇ. ئازغىنا يىپ قالغاندا، ئۈچ تۇتقان سول قول يىلىك ئۈچىنىڭ يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاۋۋالقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ. مۇشۇ تەكرار ھەرىكەت ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

يىكچاق ئارقىلىق بۆز يىپ ئېگىرىشتە، يىپ سوزۇش بۇلۇڭى توغرا بولۇش، يىپ تۇرۇش مەشغۇلاتى توغرا بولۇش، يىپ سوزۇش ھەرىكىتى توغرا بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ هالقىنى ئوبدان ئىگىلەش زۆرۈر، يەنى بىرىنچىدىن، يىك يۆنىلىشى بىلەن يىپ يۆنىلىشى ئارىسىدىكى بۇلۇڭ بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇلۇڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، يىكنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى يىپقا ئۆتەلمەيدۇ، ھەتتا سوزۇلۇۋاتقان يىپ يىلىك ئۈچىغا يۆگىلىپ قېلىپ ئۈزۈلىدۇ؛ بۇلۇڭ بەك كىچىك بولۇپ قالسا، يىك گەۋدىسىگە تۇرۇلۇپ بولغان يىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، سوزۇلۇپ بولغان يىپنى يىك گەۋدىسىگە تۇرۇشتا يىپ يىك گەۋدىسىگە گورىزونتال تۇرۇشى، ئاۋۋال يىك تۈۋىگە، ئاندىن ئۈچىغا ياكى ئاۋۋال يىك ئۈچىغا، ئاندىن يىك تۈۋىگە تۇرۇلۇپ قالماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، يىككە توشقان يىپلارنى قومۇشقا يۆتكەپ تۇرۇش داۋامىدا ياكى يىپ يۆگىمىسى سۇغۇرۇلۇپ چىقىش ۋە ياكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىپ ئۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇچىچىنىدىن، چاقنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى بىلەن ئۇچىنى سوزۇش ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتى مەلۇم ماسلىققا ئىگە قىلىنىشى كېرەك. چاقنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى بەك تېز، ئۇچىنى سوزۇش ھەرىكىتى بەك ئاستا بولۇپ قالسا، ئېگىرىلىۋاتقان يىپ زىيادە ئېشىلىپ كېتىدۇ ـ دە، تېخى تولۇق سوزۇلۇپ بولمىغان ئۇچ تور يەپ قېلىپ، يىپ ئالاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق يىپنى ئىشلەتكەندە ئۈزۈلۈكىدىن ئېشىلىپ قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ؛ چاقنىڭ ئايلىنىشى بەك ئاستا، ئۇچىنىڭ سوزۇلۇشى بەك تېز بولۇپ كەتسە، تېز سوزۇلۇش نەتىجىسىدە يىپ ئۇچى تورلىنىشقا ئۇلگۈرمەي ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇچ ھالقىنى ئوبدان ئىگىلەش بۆز يىپ سۈپىتى ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۆز يىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان يىپنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكىگە بولغان تەلەپ ئوخشاش بولمايدۇ. داكا، تالىما قاتارلىقلارغا ئىنچىكە، سىپتا ئېگىرىلگەن يىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۆز گىلەم، تاغار ـ خۇرجۇن قاتارلىقلارغا توم ئېگىرىلگەن يىپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىش تەرتىپى ۋە پرىنسىپلار گەرچە بۆز يىپ ئېگىرىشتىكى ئومۇمىي قائىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تايىنىپلا يىپنىڭ ئىنچىكە ياكى توملۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. يىپنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكىنى تەلەپكە لايىق قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئۇچ تۇتۇش توغرا بولۇشى، ماتېرىيال توغرا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇچى كىچىك چىقىرىلىدۇ. يىپنى سوزۇش ھەرىكىتى نىسپىي ھالدا تېز بولىدۇ، شۇنداقلا تالاسى ئۇزۇن، چىدامچانلىقى يۇقىرى بولغان باش تېرىم پاختىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. توم يىپ ئېگىرىشتە، ئۇچىنىڭ بارماق ئارىسىدىن سىرتىغا ئاشۇرۇپ تۇتۇلىدىغان قىسمى تومراق قويۇپ بېرىلىدۇ. يىپنى سوزۇش ھەرىكىتى نىسپىي ھالدا ئاستا بولىدۇ، شۇنداقلا تالاسى قىسقىراق، چىدامچانلىقى تۆۋەنرەك بولغان ئوتتۇرا ۋە كەنجى تېرىم پاختىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئىلگىرى بۆز توقۇلمىلارنىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىدىكى ئىجتىما-ئىي ئىستېمالى ناھايىتى زور بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىيىم - كېچەكلەر ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۆز رەختلەردىن تىكىلەتتى. شۇڭا، بۆز رەخت ۋە بۆز بۇيۇملار توقۇمىچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان ئىدى. شەھەر - يېزىلاردا مەخسۇس پاختا چۆرۈش، پاختا ئېتىش، يىپ ئېگىرىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەييارە ھۈنەر قىلىدىغانلىرىمۇ، ياللىنىپ ئىشلەيدىغانلىرىمۇ، مۇقىم دۇكانلاردا ئادەم ياللاپ يۇرۇشلەشكەن مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزگە يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قول چېغىرىقى ۋە يىكچاق بولاتتى. دېھقان ئاياللىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆزى پاختا چۆرۈش، ئۆزى يىپ ئېگىرىش ۋە كاسىنا رەخت توقۇتۇش (ھاۋالە بويىچە خام ئەشيانى پىششقلاپ ئىشلەپ بېرىش) ئارقىلىق، بىر قىسىم تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايتتى. ئائىلىدە پاختا چۆرۈش، ئۇچ ياساش، يىپ ئېگىرىش ئىشلىرىدا لاپقۇتلىشىش (ئەمگەككە ئەمگەك قايتۇرۇش) ئۇسۇلىمۇ خېلى ئومۇملاشقان ئىدى.

يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىن بۇيان، زامانىۋى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پەيدىنپەي ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك بۆز توقۇلمىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە ئىستېمال مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى. ھازىر قول چېغىرىقى ۋە تەپمە چېغىرىق ئاساسەن ئىشلىتىلىشتىن قالدى. يىكچاق ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ھېلىھەم ئىنتايىن ئاز ساندا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇ كەسىپ دائىملىق كەسىپ بولۇشتىن، كىشىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مەنبەسى بولۇشتىن قالدى. يىكچاقتا ئېگىرىلگەن يىپلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ تارىيىپ، پەقەت ماتا ۋە گىلەم، تاغار قاتارلىقلارنىڭ ئارقاق يىپقا ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com



## 3. چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

چىگە، ئارغامچا تالاشتا، بۆز يىپ، قوتاز چۇپۇرى، تۆگە جۇغدىيى، ئۆچكە چۇپۇرى، قوي يۇڭى، كەندىر قاۋزىقى، قىزىل چىگە قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىدۇ. «چىگە، ئارغامچا» دېگەن سۆز تۈردەش ئىسىم بولۇپ، يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن تاللانغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي نامى ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئەھۋالدا چىگە، ئارغامچىلار يەنە ماتېرىيالىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك خاس ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

چىگە، ئارغامچا خەلقىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپ، مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىپلا قالماي، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چىگە، ئارغامچا تالاشنى بىلىدۇ. چىگە، ئارغامچىلار ئىشلىتىلگەن خام ئەشيانىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ئارقان، ئارغامچا، چىگە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) ئارقان

ئارقان — بۆز يىپتىن تاللانغان شوينا-ئارغامچىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، توم - ئىنچىكىلىك پەرقىگە ئاساسەن، «تاناپ»، «تانا»، «ئارقان» دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

تاناپ: بۇ، يىكچاقتا ئېگىرىلگەن بۆز يىپنى بىر نەچچە نەختىن ئون نەچچە نەختىچە جۈپلەپ، سىڭارقات (يالاڭقات) ياكى ئىككى قات تاللانغان ئىنچىكە شوينا بولۇپ، دىئامېتىرى 10 مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. تاناپ تەكشى، سۈپەتلىك ئېگىرىلگەن يىپلاردىن تەييارلىنىدۇ. يىكچاق تانىپى، تىككۈچىلىك تانىپى، ياغاچچىلىق تانىپى قاتارلىقلارنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. تاناپ كۆپىنچە مۇشۇنداق ئىشلاردا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، «تاناپ تارتتى»،.«تاناپ چەكتى» دېيىلسە، ئەمەلىيەتتە «ئۆلچىدى»، «سىزىق سالدى» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

تانا: بۆز يىپتىن ئۈچ-تۆت قات قىيتىلغان ئارغامچا بولۇپ، دىئامېتىرى بىر-ئىككى سانتىمېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئات - ئۇلاغلارغا نوقتا ياساش ۋە چۇلۇۋۇر قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارقان: بۆز يىپتىن 21~3 قاتقىچە قېتىپ ياسىلىدىغان تۇم ئارغامچا بولۇپ، تۆت ئاتلىق ھارۋىلارغا جابدۇق قىلىشقا، ئېغىر يۈكلەرنى باغلاپ تېڭىش ۋە ئارقان تارتىششقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارقانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۈكى، ئاپتاپقا، نەملىككە، سوزۇلۇشقا چىدامىلىق. سىرتقى يۈزى سىلىق بولۇپ، ماللارغا زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما، بەزى ھايۋانلار ئۇنى چايناپ ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

2) ئارغامچا

ئارغامچا چارۋا ماللارنىڭ يۇڭ ـ مويلىرىدىن تاللانغان شوينا ـ ئارغامچىلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، تۇم ـ ئىنچىكىلىك پەرقىگە ئاساسەن، «يۇڭ شوينا»، «تاران»، «ئارغامچا» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

يۇڭ شوينا: يۇلۇچ يۇڭ، جوغداي، چۈپۈر قاتارلىقلاردىن سىگارقات شوينا تاللانغاندىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ نەخنى بىر جۈپلەپ تاللىنىدۇ. دىئامېتىرى 1~0.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۇمشاق، پاتسىز بولۇپ، مۆلە ـ توقۇم تىكىش، چورۇق ـ گوجەي باغلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يۇڭ شوينىنىڭ يەنە بىر تۈرى قىل شوينا بولۇپ، ئاتنىڭ يالى، قۇيرۇق قىللىرىدىن ئىككى قات تاللىنىدۇ. يۇڭ شوينىدىن ئىنچىكە، پىرىك، قاتتىق بولىدۇ، ئات ـ قېچىرلارنىڭ نوختا ـ بېزەكلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تاران: بۇ، مەخسۇس قوي يۇڭىدىن ئىككى قات تاللانغان ئارغامچا بولۇپ، دىئامېتىرى بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇمشاق، پاتسىز، سوزۇلۇشقا چىدامسىز بولۇپ، چىڭىتقانسېرى سوزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، كۆپ ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ. پەقەت سىملانغان يۇڭلارنى تايلاپ تېڭىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارغامچا: ئارغامچا يۇلۇچ يۇڭ، جوغداي ۋە چۈپۈر قاتارلىقلاردىن تاللىنىدۇ. 3، 4، 6، 8، 9، 21 قات بولىدۇ. ئۈچ ـ تۆت قاتلىق ئارغامچىلار سىگارقات تاللانغان ئۈچ ـ تۆت تال شوينىنى بىرلەشتۈرۈپ قېتىش ئارقىلىق، ئالتە ـ سەككىز قاتلىق ئارغامچىلار سىگارقات تاللانغان ئۈچ ـ تۆت تال ئارغامچىنى بىرلەشتۈرۈپ قېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئارغامچىنىڭ دىئامېتىرى 3 ~ 5.1 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئارغامچىلار ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قاراپ: قوتاز ئارغامچىسى، تۆگە ئارغامچىسى، چۇپۇر ئارغامچا دەپ ئاتىلىپ پەرقلەندۇرۇلىدۇ. ئاتنىڭ يالى — قۇيرۇق قىللىرىدىن تالانغان بولسا قىل ئارغامچا دېيىلىدۇ (قىل ئارغامچا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ). ماتېرىيال رەڭگىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: ئاق ئارغامچا، كۆك ئارغامچا، بوز ئارغامچا، قارا ئارغامچا، چار ئارغامچا دەپ ئاتاپ پەرقلەندۇرۇلىدۇ. چار ئارغامچا چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر گۈللۈك مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭ قاتلىرى ئىچىدە مەلۇم بىر خىل (مەسىلەن، ئاق) شوينا ئاساس، باشقا بىر خىل (مەسىلەن، قارا) شوينا قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق تالىنىدۇ. ئاق رەڭ ئاساس قىلىنغان بولسا ئاق چار ئارغامچا، قارا رەڭ ئاساس قىلىنغان بولسا قارا چار ئارغامچا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارغامچىنىڭ قات سانى قانچە كۆپ بولسا چىدامچانلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. چىدامچانلىق ۋە سۈپىتى جەھەتتە قوتاز ئارغامچىسى 1 ـ ئورۇندا، تۆگە ئارغامچىسى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارغامچا ھارۋا ترانسپورتى، ئۇلاغ ترانسپورتى، يەر ھەيدەش، تېرىش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**3) چىگە**

چىگە ئۆسۈملۈك پوستى تالالىرىدىن پايدىلىنىپ تالىنىدىغان شوينا ـ ئارغامچىلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، چىگە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا كەندىر ۋە سېرىق چىگە پوستى خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

سېرىق چىگە تارىم ۋادىسىدىكى قۇملۇق چۆللەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك بولۇپ، 80~150 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇنچاق ۋە شالاڭراق بولىدۇ. كۈز پەسلىدە پىشىدۇ. شاخ، غوللىرىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، ياغىچى قاتتىق ئەمەس، كېسىپ ياكى ئورۇپ يىغىۋېلىنىدۇ. پوستىنىڭ تالا ئۇزۇنلۇقى 60~100 سانتىمېتىر، رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ. شۇڭا، «سېرىق چىگە» دېيىلىدۇ. بەزى جايلاردا «قىزىل چىگە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سېرىق چىگە قاۋزىقى چىگە ـ ئارغامچا تاللاشقا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، بەزى پىشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سېرىق چىگە ئۆسۈملۈكى ياخشى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن

دۈۋىلەپ غولدا[1] بىلەن يۇمشاق سوقۇلىدىكەن، ئاندىن ياغاچ قىسمى ئايرىپ تاشلىنىپ قاۋزىقىدىن يىكچاقتا يىپ ئېگىرىلىپ، بۆز يىپ بىلەن قوشۇپ زىلچا - گىلەم توقۇشقا ئارقاق قىلىنىدىكەن. ئەمما، بۇنىڭ تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس. كەندىر ۋە سېرىق چىگە تالالىرىدىن تاللانغان ئارغامچىلار ئادەتتە «چىگە» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ. چىگە مەھسۇلاتلىرى توم - ئىنچىكىلىك پەرقىگە قاراپ «شوينا»، «چىگە»، «چىگە ئارقان» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**چىگە شوينا:** كەندىر ياكى سېرىق چىگە قاۋزىقىدىن سىڭارقات ئىنچىكە شوينا تالانغاندىن كېيىن ئىككى قات ئېشىلگەن شوينا بولۇپ، دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ، پاتلىق، يىرىك، چىداملىق كېلىدۇ. مۆلە - توقۇم تىكىش ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنى باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىگە:** قاۋزاقتىن 0.5~0.7 سانتىمېتىر توملۇقتا تالانغان سىڭارقات شوينىنى ئۈچ-تۆت قات قېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يىرىك، قاتتىق، چىداملىق بولۇپ، ھارۋا-ئۇلاغ ترانسپورتىدا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ۋە چارۋا ماللارنى باغلاشتا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىگە ئارقان:** قاۋزاقتىن 0.5 سانتىمېتىر توملۇقتا تالانغان سىڭارقات شوينىنى ئىككى-ئۈچ قات قېتىپ، ئاندىن يەنە ئىككى ياكى ئۈچ قاتنى بىرلەشتۈرۈپ تەكرار قېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئارقان بولۇپ، ئالاھىدە قاتتىق، چىداملىق كېلىدۇ، ئاساسلىقى چوڭ ئات - كالا ھارۋىلىرىنى سۆرەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

سېرىق چىگە مەھسۇلاتلىرى چىدامچانلىق جەھەتتە كەندىر چىگە مەھسۇلاتلىرىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئارقان تالانمايدۇ، پەقەت شوينا ۋە چىگە تالىنىدۇ.

### 4) چىگە-ئارغامچا تالاش سايمانلىرى

چىگە-ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئاتقۇچىلىق دۇكىنى، توقماق، تاشچۆپ، تالىغۇچ، تالام قوزۇقى، غالتەك دۇكان،

---

① غولدا — باش قوناق، شور قاتارلىقلارنى سوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ياغاچ كالتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



تۆمۈر دۇكان قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.
**ئاتقۇچلۇق دۇكىنى:** ئارغامچا تالىنىدىغان خام ئەشيانى ئېتىپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**تالغۇچ:** دىئامېتىرى بىر-ئىككى سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50~40 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاياق بولۇپ، تاناپ، تانا، شوينا تالاش ۋە ئىنچىكىرەك ئارغامچىلارنى قېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**تالام قوزۇقى:** دىئامېتىرى تۆت-بەش سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ قوزۇق بولۇپ، چىگە تالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**غالتەك دۇكان:** بۇ تانا، شوينا، چىگە تالاش ۋە ئىنچىكىرەك چىگە ئارغامچا قېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان دۇكان بولۇپ، دۇكان گەۋدىسى، تاناپ، تاشچۆپ، مۇشتەك قاتارلىق تۆت ئاساسىي بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.
**دۇكان گەۋدىسى:** بۇ، غالتەك دۇكاندىكى ئاساسىي قۇرۇلما بولۇپ، گۇندا،پەغەز ۋە غالتەكتىن تەركىب تاپىدۇ.
**گۇندا:** ئۇزۇنلۇقى 1.50 مېتىر، دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر بولغان ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى يەرگە كۆمۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇستۇنكى ئۇچىغا بىر-ئىككى پەغەز بېكىتىلىدۇ.
**پەغەز:** ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، توملۇقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تاختاي بولۇپ، گۇندىنىڭ ئۇستى ئۇچىغا توغرا يۆنىلىشتە بېكىتىلىدۇ. پەغەزنىڭ ھەر بىر قانات ئۇچىدا بىردىن ئوق بولۇپ، غالتەكلەرنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**غالتەك:** ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ قىرما غالتەك بولۇپ، بوي مەركىزى قىسمىدا سىلىندىر شەكىللىك ئوق تۆشۈكى بولىدۇ. ئوق تۆشۈكى ۋە پەغەز تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئوق ياغاچ پەغەز كەينى تەرىپىدىن شىنىلاپ ياكى بويۇنتۇرۇقلىنىپ پەغەزگە مەھكەم بېكىتىلىدۇ. ئوق دىئامېتىرى بىلەن ئوق تۆشۈكى دىئامېتىرى ئارىسىدا مەلۇم بوشلۇق بولۇپ، غالتەك ئوق دىۋارىنى بويلاپ ئەركىن ئايلىنالايدۇ. غالتەكنىڭ سىرتقى دىۋارىدا بىر بىرىگە پاراللېل بولغان بەش دانە بوغما ئېرىقچە بو-

لۇپ، كەسىپ تىلىدا «ئارەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارەككە ھەرىكەتچان تاناپ سېلىنىدۇ. ئۇقنىڭ غالتەك سىرتىغا ئاشقان قىسمىدا تۇسۇقچە بولۇپ، غالتەكنىڭ ئۇقتىن چىقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ. غالتەك سىرتقى توغرا يۈزىدە ئۇق توسۇقچىسىنىڭ سىرتىدىن ئۆتىدىغان زەي ھالقا (مېتال ھالقا) بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆمۈر قارماق بېكىتىلىدۇ. تۆمۈر قارماققا تالىنىدىغان چىگە ئۇچى باغلىنىدۇ.

تاناپ: بۇ، بۆز تانىدىن ياسالغان ھالقىسىمان بۇيۇم بولۇپ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق غالتەكلەرنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

تاشچۆپ: بۇ، قېتىلىدىغان چىگە ـ ئارغامچىنىڭ قۇيرۇق ئۇچىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بۆلەك بولۇپ، تاش، ئەرگۈل بېغى، ئەرگۈل قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. تاشچۆپ ئۇزۇنچاق تەبىئىي تاش بولۇپ، تالىنىدىغان بۇيۇم تومۇلۇقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ40 ~ 5 جىڭغىچە بولغان تاش ئىشلىتىلىدۇ. ئەرگۈل بېغى ئادەتتىكى تانا بولۇپ، چىگە، ئارغامچا تالاشتا ئۇنىڭ بىر ئۇچى تاش گەۋدىسىگە، بىر ئۇچى ئەرگۈل ھالقىسىغا باغلىنىدۇ، قېتىلىدىغان چىگە ياكى ئارغامچىنى تارتىپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئەرگۈل بىر تال مېتال ھالقا ۋە مېتال ھالقا گەۋدىسىگە بېكىتىلگەن بىر تال ھەرىكەتچان مېتال ئىلمەكتىن تۈزۈلىدۇ، تالىنىۋاتقان چىگە ئۇچى ئىلمەككە باغلىنىدۇ. ئىلمەك بېشى ئەرگۈل ھالقا تۆشۈكىدە ئەركىن ئايلىنالايدۇ. چىگە قېتىش داۋامىدا غالتەكتىن كەلگەن ئايلانما ھەرىكەت زىيادە بولۇپ قالسا، ئەرگۈل ئىلمىكى قۇرۇق ئايلىنىش ئارقىلىق قېتىۋالغان چىگىنى چىگىشلىشىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

مۇشتەك: كېسىك كۇنۇس شەكىللىك ياغاچ بولۇپ «چېلەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 15 ~10 سانتىمېتىر، چوڭ باش دىئامېتىرى 10 ~ 8 سانتىمېتىر، كىچىك باش دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر بولىدۇ. سىرتقى دىۋارىدا چوڭ بېشىدىن كىچىك بېشىغا يۆنەلگەن ئۈچ ـ تۆت دانە پاراللېل ئېرىقچىلار بولىدۇ. بۇ ئېرىقچە كەسىپ تىلىدا «ئارەك» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشتەك چىگە ئارغامچا قاتلىرىنى تەكشى جۈپلەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com



**تۆمۈر دۇكان:** بۇ، تومراق قېتىلىدىغان چىگە، ئارغامچىلارنى قېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان دۇكان بولۇپ، ئاساسىي قىسىملىرى ياغاچتىن ياسالسىمۇ، ھەرىكەت ھاسىل قىلغۇچى قۇلاقلىرى تۆمۈردىن ياسالغاچقا، «تۆمۈر دۇكان»، «تۆمۈر قۇلاقلىق دۇكان» دەپ ئاتالغان.

تۆمۈر دۇكان تۇرچاچۇپ، يۇرچاچۇپ، مۇشتەك قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

**تۇر چاچۇپ:** بۇ،تۆمۈر دۇكاندىكى ھەرىكەت ھاسىل قىلغۇچى ئاساسىي قۇرۇلما بولۇپ، پاچاق، پەغەز، قۇلاق، پەررەك قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. پاچاق تۇزچاچۇپنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى بىر جۈپ ياغاچ پاچاق بولۇپ، چوڭ بېشى يەرگە كۆمۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. يەر يۈزىدىكى قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. پەغەز پاچاقلارنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن توغرا ياغاچتۇر. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ. گەۋدە قىسمىدا ئارىلىقلىرى 10 سانتىمېتىر بولغان سەككىز قۇلاق تۆشۈكى بولىدۇ. ئۇ قۇلاق دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆمۈر چىۋىقتىن ئەگمە چىقىرىپ ياسالغان زاپچاس بولۇپ، بىر ئۇچى ئوق، بىر ئۇچى تۇتقۇچ دېيىلىدۇ. قۇلاق ئوقلىرى پەغەز تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە پەغەزنىڭ ئالدى ـ كەينى يۈزىگە چاپلىنىپ تۆمۈر توسۇقچە (ئوينىغۇچ) سېلىنىپ بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ. بۇلار ئوقنى قۇلاق تۆشۈكىگە ھەرىكەتچان ھالەتتە مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئوقنىڭ پەغەز ئىچىدىكى ئۇچىدا قارماق بولۇپ، تالىنىدىغان شوينا ئۇچىنى چىگىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**پەررەك:** ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر بولغان تاختاي بولۇپ، گەۋدە قىسمىدا ئۆز ئارا ئارىلىقى 10 سانتىمېتىر بولغان سەككىز دانە قۇلاق تۆشۈكى بولىدۇ. تۆمۈر قۇلاق ئۇچلىرى مۇشۇ تۆشۈكلەردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، پەررەك قۇلاقلارنى چۆرۈپ ئايلانما ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چىگە، ئارغامچا قېتىلىۋاتقاندا تۇرچاچۇپ قۇرۇلمىلىرى چىگە قاتلىرىنى ئايلانما ھەرىكەت قىلدۇرسىمۇ، لېكىن

ئۆزى قوزغالمايدۇ. شۇڭا، «تۇرچاچۇپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**يۇرچاچۇپ:** بۇ، تۆمۈر دۇكاندىكى پاسسىپ ھەرىكەتچان قۇرۇلما بولۇپ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. تەگلىك، چېتىق، پاچاق، پەغەز قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

تەگلىك ئۆلچىمى: $70\times10\times10$ سانتىمېتىر بولغان ئىككى تال ياغاچ بولۇپ، چاچۇپ قۇرۇلمىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**چېتىق:** ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر بولغان بىر جۈپ ياغاچ بولۇپ، تەگلىكنىڭ ئىككى بېشى چېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پاچاق:** ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، توملۇقى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى تال ياغاچتىن ئىبارەت. ھەر ئىككى تەگلىكنىڭ بىر بېشىغا بىر تالدىن تىك ھالەتتە ئورنىتىلىدۇ، پەغەزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**پەغەز:** ئىككى تال پاخال چوققىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى توغرا ياغاچ، ئۆلچىمى $100\times8\times4$ سانتىمېتىر. پەغەزنىڭ ئالدى يۈزىدە ئارىلىقلىرى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى دانە تۆمۈر قارماق بولىدۇ. قارماقلار قېتىلىۋاتقان چىگىنىڭ قۇيرۇق ئۇچىنى باغلاپ بېكىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يۇرچاچۇپنىڭ ئۆزىدە تەشەببۇسكار ھەرىكەت بولمايدۇ. ئەمما، قېتىلىۋاتقان چىگىنىڭ قىسقىرىشى ۋە تارتىلىشى ئارقىسىدا تۇرچاچۇپ تەرەپكە قاراپ ئاستا - ئاستا سىرىلما ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا، «يۇرچاچۇپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇشتەك:** بۇ،چىگە، ئارغامچا قاتلىرىنى تەكشى جۈپلەپ بەرگۈچى سايمان بولۇپ، شەكلى غالتەك دۇكان مۇشتىكىگە ئوخشىشىدۇ. ئەمما، گەۋدىسى ۋە ئارەكلىرى ئۇنىڭكىدىن چوڭراق. گەۋدە قىسمىدا ئۇزۇن بويىغا تىك يۆنىلگەن خېپچا تۆشۈكى بولىدۇ.

**5) چىگە، ئارغامچا تالاش مەشغۇلاتى**

چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماتېرىيالى ۋە تۇم - ئىنچىكىلىكى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىشلەشتە ئوخشاش بولمىغان ۋاستە ۋە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

**(1) تاناب تالاش (تورلاش، ئېشىش):** ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە يىپ قومۇشى تەگۋان شادىسىغا ياكى يەرگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سانجىلغان قوزۇققا بېكىتىلىدۇ. يىپ ئۇچلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئېگىزرەك جايغا بېكىتىلگەن گىجەك ياكى ئىلمەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن تالغۇچ ياكى چىلەك، ئۇرچۇققا تالىنىدۇ.

تالغۇچتا تالاشتا، يىپ ئۇچى تالغۇچ گەۋدىسىگە بىر نەچچە قات يۆگەپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، تالغۇچ دەستىسى ئوڭ قول بارماقلىرى ئارقىلىق بوش تۇتۇلۇپ، ئوڭ (سائەت ئىستىرېلكىسى يۆنىلىشىدە) ئايلاندۇرىدۇ.

جۇپلەنگەن يىپ سول قول بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاستا ئاستا يۇرۇشتۇرۇپ چىقىرىپ بېرىلىدۇ. تالغۇچنىڭ ئۈزلۈكسىز ئايلىنىشى ئارقىسىدا جۇپلەنگەن يىپلار تورلىنىپ ئېشىلىدۇ. 40~50 سانتىمېتىرچە يىپ ئېشىلىپ بولغاندا تالغۇچ گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق تالانغان يىپ «خام تالاغ يىپ» («سىڭارقات ئېگىرىلگەن، قايتا ئېشىلمىگەن يىپ») دېيىلىدۇ. تاناپ سىڭارقات پېتى ئىشلىتىلمەكچى بولسا، خام تالاغ يىپ تالغۇچتىن چىقىرىپ ئىشلىتىلسىلا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قات تالانماقچى بولسا، خام تالاغ يىپ تۈۋرۈك ياكى دەرەخكە بېكىتىلگەن ئىلمەككە ئىلىندۇرۇلۇپ، ئۇچى سول قولدا تارتىلىدۇ. تالغۇچ گەۋدىسىدىكى يىپ ئۈزلۈكسىز چۇۋۇلىدۇ. يىپ تولۇق چۇۋۇلۇپ بولغاندا باش ئۇچى بىلەن ئاياغ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ تالغۇچ گەۋدىسىگە ئازراق يۆگىلىدۇ، ئاندىن تالغۇچ تەتۈر (سائەت ئىستىرېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە) ئايلاندۇرۇلۇپ جۇپلەپ تالىنىدۇ. جۇپلەپ تالاشتا خام تالاغ ئۇسۇلى بويىچە ئاز ئازدىن تالاشقىمۇ، يىپنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ، بىراقلا تالاشقىمۇ بولىدۇ. خام تالاغ ئۇسۇلى قوللىنىلسا، تاناب پاتلىق، چىڭ، چىداشلىق بولىدۇ. بىراقلا تالانسا پاتىسىز، بوشراق چىقىدۇ.

چىلەكتە تاناب تالاشتا، ئېھتىياجغا ئاساسەن جۇپلەپ گىجەكتىن (مىتال ھالقا، يىپ جۇپلەش، تورۇش، يۇرۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ) ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ئۇچى چىلەكنىڭ بىر قانتىغا باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىلەكتە يوڭ يىپ ئېگىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئاز ئازدىن تور يىگۈزۈلۈپ، چىلەك گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. بۇ خام تالاغ

تاناپ بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قات تالانماقچى بولسا، يىپ كاللىكىدىن ئاۋۋال چېلەك ئوقى، ئاندىن چېلەك قاناتلىرى سۇغۇرۇۋېلىنىدۇ، ئاخىرىدا چېلەك قايتىدىن قۇراشتۇرۇلىدۇ. خام تالاغ تانابنىڭ باش ئۇچى بىلەن ئاياغ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ، چېلەك قانىتىغا باغلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جۈپلەپ تالىنىدۇ. جۈپلەپ تالاشتا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بىرى، يۇڭ يىپ ئېگىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئاز ئازدىن تالىنىپ چېلەك گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. يەنە بىرى، تۈز ۋە كەڭرىرەك مەيداندا تۇرۇپ، چېلەك ئۆز ئوقىدا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، جۈپلەنگەن تاناب ئۇزۇنراق قويۇپ بېرىلىپ باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇلىدۇ. چېلەك مەشغۇلات قىلغۇچىنى مەركەز قىلىپ ھەر بىر ئايلىنىشتا يەرگە بىر-ئىككى قېتىم تېگىپ قاڭقىيدۇ. نەتىجىدە چېلەكنىڭ ئۆز ئوقىدىكى ئايلانما ھەرىكىتى بىلەن ئادەمنى مەركەز قىلغان ئايلانما ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاناب ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىپ،بەش-ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇققا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا تانابنى قويۇپ بېرىش توختىتىلىپ، ئايلانما ھەرىكەت داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. جۈپلەنگەن تاناب يېتەرلىك دەرىجىدە تالىنىپ بولغاندىن كېيىن، چېلەك توختىتىلىپ، تالىنىپ بولغان تاناب چېلەك گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تاناب تالىغاندا ئىش ئۈنۈمى ئالدىنقى ئۇسۇلدىكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

(2)يۇڭ شوينا تالاش: يۇڭ شوينا تالاشتا ئاۋۋال تەييارلانغان يۇڭ ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا ئېتىلىپ ياكى ساۋاغ چىۋىقىدا ساۋاپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن بىر باشتىن سوزۇپ، بوشراق ئېشىپ، ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر توملۇقتا پىلتا قىلىنىدۇ ۋە تالىنىدۇ. يۇڭ شوينا تالاشتا، ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. شوينا ئىنچىكە تالانماقچى بولسا، چېلەك ئىشلىتىلىدۇ. خام تالاغ ئۇسۇلى چېلەكتە يۇڭ يىپ ئېگىرىش ئۇسۇلىغا، جۈپلەپ تالاش بولسا، چېلەكتە بۆز تاناب تالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش. ئەگەر شوينا تومراق تالانماقچى بولسا تالىغۇچ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا يۇڭ پىلتىسى سول بىلەككە يۆگىلىدۇ. پىلتا ئۇچىدىن ئازراق شوينا ئېشىپ چىقىرىپ تالىغۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ، ئاندىن ئۆلۈك قولدا تالىغۇچ تەتۈر ئايلاندۇرۇلۇپ، شوينا تالىنىدۇ. تالىنىپ بولغان قىسمى تالىغۇچقا يۆگەلگەندىن كېيىن، ئىككى قول بارماقلىرى ئارقىلىق پىلتىدىن يەنە بىر ئاز شوينا سوزۇپ چىقىرىلىپ تالىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

خام تالاغ مەشغۇلاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن جوپلەپ تالىنىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى تالىغۇچتا بۆز تاناب تالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش.

تاران (قوي يۇڭىدىن ئىككى قات تالانغان ئارغامچا) تالاش ئۇسۇلىمۇ تالىغۇچتا يۇڭ شوينا تالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش. ئەمما، تاران شوينىدىن تومراق ۋە خامراق تالىنىدۇ.

(3) چىگە شوينا تالاش: چىگە شوينا تالاشتا سويۇپ تەييارلانغان كەندىر ياكى سېرىق چىگە قوۋزىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قوۋزاق ئۇچى تالىغۇچ گەۋدىسىگە بىر قات يۆگىلىدۇ، ئاندىن قوۋزاق ئۇچى بىلەن قوۋزاق گەۋدىسى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تالىغۇچ ئايلاندۇرۇلىدۇ. قوۋزاقنىڭ ئۇدۇللۇق تورلىنىشىغا ئەگەشىپ، قوۋزاق تالاسى سول قول بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۇدۇللۇق چىقىرىپ بېرىلىدۇ. قوۋزاق مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا تالىنىپ بولغاندىن كېيىن تالىغۇچ گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە داۋاملىق تالىنىدۇ. قوۋزاقنىڭ ئاساسىي قىسمى تالىنىپ بولۇپ، قۇيرۇق تەرىپىگە بارغاندا، تەبىئىي ھالدا ئىنچىكىلەپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تالاش توختىتىلىپ، ئىككى قول بارماقلىرى ئارقىلىق قوۋزاق ئارىسى يىمىرىلىپ، يەنە بىر بۆلۈك قوۋزاق قوشۇلىدۇ. بۇ «قات قوشۇش» دېيىلىدۇ. قات قوشۇش خام تالاغ چىگىنىڭ تەكشى، سۈپەتلىك چىقىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تالىنىۋالغان چىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىنچىكىلىگەندىلا قات قوشۇش، ئەمما بىراقلا بەك كۆپ قوشماسلىق، قات ئۇچىنى ئىلگىرى ـ كېيىنرەك قىلىپ قوشۇش كېرەك.

خام شوينا تالىنىپ بولغاندا ياندۇرۇپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىلمەككە ئېلىپ جوپلىنىدۇ، ئاندىن تالىغۇچتا ئاز ئازدىن تالانسىمۇ ياكى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ بىراقلا تالان پۇتكۈزۈلسىمۇ بولىدۇ.

**(4) تانا تالاش ۋە قېتىش:** تانا تالاش ئىشى مۇۋاپىق ئۆلچەمدىكى بۆز يىپنى جۇپلەپ خام شوينا تالاش ۋە تالاپ تەييارلانغان بىر نەچچە تال خام شوينىنى بىرلەشتۈرۈپ قېتىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ھەر بىر باسقۇچلۇق مەشغۇلاتنى ئوخشاشمىغان ۋاستە ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئورۇنداشقا بولىدۇ.

خام شوينا تالاش باسقۇچى: تانا قېتىشقا كېرەكلىك خام شوينىنى قولدا تالاشقىمۇ، غالتەك دۇكاندا تالاپ تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ.

(1) قولدا تالاش: مۇۋاپىق تومۇلۇقتا جۇپلىنىپ گىجەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن بۆز يىپ ئۇچى تالىغۇچقا بېكىتىلىدۇ، ئاندىن قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاز ئازدىن تالىنىپ، تالىغۇچ گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. (2) غالتەك دۇكاندا تالاش: مۇۋاپىق تومۇلۇقتا جۇپلىنىپ گىجەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن بۆز يىپ ئاۋۋال شار شەكلىدە يۆگىلىپ كاللەكلىنىدۇ، ئاندىن ئۈچ-تۆت كاللەك يىپنىڭ باش ئۇچى ئايرىم ئايرىم ھالدا غالتەك دۇكاننىڭ قارماقلىرىغا باغلىنىدۇ. ئاياغ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تاشچۆپتىكى ئەرگۈل قارمىقىغا باغلىنىدۇ. بۇ چاغدا غالتەك دۇكاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىلمەك قوزۇق قېقىلىدۇ. دۇكان تانىپى بىر غالتەكنىڭ ئارىكىگە يۆگىلىپ، قالغان غالتەكلەرنىڭ ئارىكىدىن ۋە قوزۇق ئىلمىكىدىن ئۆتكۈزۈپ سېلىنىدۇ، ئاندىن دۇكان تانىپى ئادەم كۈچى ئارقىلىق يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلىپ سىيرىپ تارتىلىدۇ. نەتىجىدە بارلىق غالتەكلەر ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ. غالتەكلەرنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى نەتىجىسىدە، غالتەكلەر بىلەن تاشچۆپ ئارىلىقىغا تارتىلغان يىپلار سول ئايلىنىپ تورلىنىدۇ. يىپنىڭ تورلىنىپ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ، تاشچۆپ تارتىلىپ مەلۇم ئارىلىققا سىلجىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن خام تالاش مەشغۇلاتى ئاياغلىشىدۇ.

**تانا قېتىش باسقۇچى:** تالاپ تەييارلانغان بۆز شوينىدىن تانا قېتىشتا قولدا قېتىش ۋە دۇكاندا قېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

**قولدا قېتىش:** قول ھەرىكىتى ئارقىلىق تانا قېتىشتا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

**يالغۇز قېتىش:** تالىغۇچتا تالاپ تەييارلانغان خام تالاغ (سىڭارقات

www.uyghurkitap.com



تالاغ) شوينا تەك ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ بەلگە سىلىنىدۇ. چۈشە-
نىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ئۈچ بۆلەك شوينىنى ئايرىم -
ئايرىم ھالدا A، B، C بىلەن، شوينىنىڭ كېسىك نۇقتىلىرىنى
«a، b، c، d» بىلەن ئىپادىلىسەك يالغۇز قېتىش (بىرلا ئادەم تانا
قېتىش) ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: شوينىنىڭ «C،B» بۆلىكى تال-
غۇچقا يۆگىلىپ، «A» بۆلىكى ياندۇرۇلىدۇ ۋە شوينا ئۈچى «A»
قارشى تەرەپ تۈۋرۈكتىكى قارماققا بىكىتىلىدۇ، ئاندىن سول قولدا
«b» نۇقتا چىڭ تارتىپ تۇرۇلۇپ، تالغۇچ ئوڭ قولدا «A» شوين-
نىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ (بۇ چاغدا سول قولدا تال-
غۇچ دەستىسى تۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئوڭ قول بوشتىلىپ «A» شويند-
نىڭ سول تەرىپىدىن تالغۇچ ئىلىنىپ يەنە «A» شوينىنىڭ ئوڭ
تەرەپ ئاستىدىن سول تەرىپكە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تالغۇچ
گەۋدىسىدىكى شوينا «B» ئۈدۈللۈق ياندۇرۇلۇپ، شوينا «A» نىڭ
گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. مانا بۇ ھەرىكەت «تانا قېتىش» دېيىلىدۇ. تانا
قېتىش داۋامىدا «A، B» شوينىلارنى ئوخشاش كۈچ بىلەن تارتىپ
تۇرۇپ قېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىرسى بوش، بىرسى چىڭ تارتى-
لىپ قېتىلسا، بوش تارتىلغان شوينا چىڭ تارتىلغان شوينا ئۈستى-
گە يۆگىلىپ قېلىپ، تانىنىڭ سۈپىتى ۋە چىدامچانلىقىغا تەسىر
يېتىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇلدا قېتىش داۋاملاشتۇرۇلۇپ، «c» نۇقتا
«a» نۇقتا ئۈستىگە ياتقاندىن كېيىن، «a» نۇقتا قارماقتىن چىقى-
رىلىپ «b» نۇقتىدىكى قاتلاق ھالقىسى قارماققا ئىلىنىدۇ، ئاندىن
ئىككى قات قېتىلغان شوينىنىڭ «a,c» نۇقتىسى سول قولدا چىڭ
تارتىلىپ، تالغۇچتا قېپقالغان «c» بۆلەك شوينا يۇقىرىقى ئۇسۇل
بويىچە «AB» شويىنغا قېتىلىدۇ.

ئىككى ئادەم قېتىش: بۇ، تانا قېتىش مەشغۇلاتىنى ئىككى ئادەم
ئارقىلىق ئورۇنداش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇسۇلى مۇنداق: خام شويند-
نىڭ «a» نۇقتىسى قارىماققا چىگىلىپ، «A» بۆلەك شوينا ياندۇرۇ-
لىدۇ. بىرىنچى ئادەم شوينىنىڭ «b» نۇقتىسىدا تۇرۇپ، سول قو-
لىدا «b» نۇقتىنى تۇتۇپ، شوينا «A» نى چىڭ تارتىدۇ. ئىككىنچى
ئادەم تالغۇچنى ئېلىپ شوينا «B» نى ياندۇرۇپ «a» نۇقتىغا بار-

دۇ ھەمدە تالغۇچنى «A» شوينىنىڭ ئوڭ ئاستى تەرىپىدىن ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. بىرىنچى ئادەم ئوڭ قولىدا «B» شوينىنى تۇتۇپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە «A» شوينا قاتىدۇ. «B ، A» ئىككى بۆلەك قېتىلىپ بولغاندا، شوينىنىڭ «a» ئۇچى قارماقتىن چىقىرىلىپ «b» نۇقتىدىكى قاتلاق ھالقىسى قارماققا ئىلىنىدۇرۇلىدۇ. بىرىنچى ئادەم شوينىنىڭ «c،a» ئۇچىنى تارتىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى ئادەم تالغۇچتىكى شوينىنىڭ ئاخىرقى «c» بۆلىكىنى ياندۇرۇپ قارماق يېنىدا تۇرۇپ، تالغۇچنى ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە «c» بۆلىكىنى ياندۇرۇپ قارماق يېنىدا تۇرۇپ، تالغۇچنى ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە «c» شوينا «AB» شوينىغا قېتىلىدۇ.

ئىككى ئادەم ئارقىلىق تاناب (چىگە، ئارغامچا) قاتقاندا، ئىش سۈرئىتى تېز بولۇپلا قالماي، مەھسۇلات سۈپىتىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**ئۇزۇن قېتىش:** مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، تانا ئالاھىدە ئۇزۇن قېتىلماقچى بولسا، ئايرىم ئايرىم ھالدا ئۇچ تالغۇچتا خام شوينا تالاپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن يۇقىرىقى قېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قېتىلىدۇ. پەرق شۇكى، تالغۇچنى ئايلاندۇرۇپ بەرگۈچى ئىككىنچى ئادەم بىراقلا قارماق يېنىغا بېرىۋالماي، بىرىنچى كىشىدىن بەش مېتىرچە نېرىدا تۇرۇپ تالغۇچنى ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ ۋە تانىنىڭ قېتىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي كەينىگە سىلجىپ بارىدۇ.

**دۇكاندا قېتىش:** يۇقىرىقى ئۇچ خىل ئۇسۇلدا تۆت قاتلىق تانا قاتقىلى بولمايدۇ. زورمۇزور قېتىلسا، تۆتىنچى قېتى پورشېن شەكلىدە يۆگىشىۋېلىپ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، تۆت قاتلىق تانا قېتىشتا غالتەك دۇكان ياكى تۆمۈر دۇكان ئىشلىتىلىدۇ. دۇكاندا قېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: قولدا ياكى غالتەك دۇكاندا تالاپ تەييارلانغان تۆت تال خام تالاغ بۆز شوينا ئۇچى ئايرىم ئايرىم ھالدا غالتەك دۇكاننىڭ تۆت غالتىكىدىكى قارماققا ئىلىنىدۇ. ئاياغ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تاشچۆپتىكى ئەرگۈل ئىلمىكىگە بېكىتىلىدۇ، ئاندىن مۇشتەك ئەرگۈل ئىلمىكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە — تۆت تال شوينىنىڭ ئارىسىغا سېلىنىدۇ (مۇشتەكنىڭ كىچىك بېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەرگۈل تەرەپكە قارىتىلىدۇ، شوينىلار مۆشتەكنىڭ ھەر بىر ئارد-ىكىگە بىردىن چۈشىدۇ). ئاخىرىدا بىر ئادەم غالتەك تانىبىنى تارتىپ غالتەكلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، شوينىلارغا تور بېرىدۇ.

ئىككىنچى ئادەم مۆشتەكنى ئاستا ۋە تەكشى سۈرئەتتە دۇكان تەرەپكە يۆرۈشتۈرۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە مۆشتەك كىچىك بېشى ئال-دىدا تۆت تال شوينا بىرلىشىپ تەكشى قېتىلىدۇ. بۇ مەشغۇلات تانا تولۇق قېتىلىپ بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

(5) ئارغامچا تالاش ۋە قېتىش: ئارغامچا تالاش ۋە قېتىشنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بۆز تانا تالاش ـ قېتىش قائىدىسىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ئوخشاش بولمايدىغان-لىقى ئۈچۈن تالاش ـ قېتىش ئۇسۇلىدا بەزى پەرقلەر بولىدۇ. ئار-غامچا ئادەتتە تالغۇچ ئارقىلىق تالاپ قېتىش ۋە دۇكاندا تالاپ قې-تىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

تالغۇچتا ئارغامچا ئىشلەش يۇڭ شوينا تالاش ۋە ئارغامچا قې-تىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

تالاش باسقۇچى: ھەر خىل يۇڭ ـ چۇپۇرلار سورتى بويىچە ئايرىپ ئېتىلىپ پىلتا قىلىنىدۇ، ئاندىن تالغۇچتا يۇڭ شوينا تالاش ئۇ-سۇلىدا خام تالىنىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدە تەرىپى شۇكى، ئارغامچا ئۈچ قات تالانماقچى بولسا، خام شوينا تومراق، 6~9 قات تالانماقچى بولسا ئىنچىكىرەك تالىنىدۇ. شوينا تالىنىپ بولغاندىن كېيىن ياد-دۇرۇلۇپ، ئارىلىقى 15~20 مېتىر بولغان تۈۋرۈك ياكى دەرەخكە قېقىلغان قوزۇققا بىر نەچچە قات قىلىپ تارتىلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شوينا ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق كۈچىدە سوزۇ-لۇپ، چىڭدىلىپ، شەكلى مۇقىملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قوزۇق-تىن چۇشۇرۇلۇپ، ئاز پاز تور بەرگەچ تالغۇچقا يۆگىلىدۇ.

قېتىش باسقۇچى: ئادەتتە تالغۇچتا ئۈچ، ئالتە، توققۇز قاتلىق ئارغامچا قېتىشقا بولىدۇ.

ئۈچ قات ئارغامچا قېتىش: يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلانغان خام تالاغ شوينا ئۈچ قاتلىق تانا قېتىش ئۇسۇلىدا قېتىلىدۇ. ئارغامچا ئىككى ئادەم قېتىش ئۇسۇلىدا قېتىلىدۇ.

**ئالتە قات ئارغامچا قىتىش:** بۇنىڭدا ئاۋۋال خام تالاغ شوينا ئىككى قات قىلىپ پىششىق تالىنىدۇ، ئاندىن ئىككى قات تالانغان ئۈچ تال شوينا ئۈچ قاتلىق تانا قىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قىتىپ ئالتە قاتلىق ئارغامچىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**توققۇز قات ئارغامچا قىتىش:** بۇنىڭدا ئاۋۋال خام تالاغ شوينا ئۈچ قاتلىق ئارغامچا قىتىش ئۇسۇلىدا ئۈچ قات قىتىلىدۇ، ئاندىن پىششىق تالىنىپ تالىغۇچقا يۆگىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۈچ قاتلىق ئۈچ تال شوينا ئۈچ قاتلىق ئارغامچا قىتىش ئۇسۇلىدا تەكرار قىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئۈچ يەردە ئۈچ) توققۇز قاتلىق ئارغامچا تەييار بولىدۇ.

تالىغۇچتا تالىنىدىغان ئارغامچىلار كۆپىنچە كۆچمەنچىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك، مۇقىم قۇرۇلمىلىق دۇكانلارنى ئىشلىتىش ئەپسىز بولغان تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئارغامچىلار يەنە «تاغ ئارغامچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاغ ئارغامچىسى تەكشى، چىڭ، سوزۇلۇشقا چىداملىق بولۇپ، سۈپەت جەھەتتە دۇكان ئارغامچىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئالاھىدە خېرىدارلىق بولىدۇ.

**دۇكاندا ئارغامچا تالاش ۋە قىتىش:** تالىغۇچتا ئارغامچا تالاشنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىغۇچتا تۆت، سەككىز، 12 قاتلىق ئارغامچىلارنى قاتقىلى بولمايدۇ. غالتەك دۇكان بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭدا سىڭگىرقات شوينا تالاشقا، 2~21 قاتقىچە بولغان ھەر قانداق شوينا ئارغامچىلارنى تالاش، قىتىشقا مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ئىش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى.

غالتەك دۇكاندا ئارغامچا تالاش ۋە قىتىش ئىشى شوينا تالاش، يەككە قىتىش ۋە تەكرار قىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

بىرىنچى، شوينا تالاش: ئارغامچا تالاشقا تەييارلانغان جوغداي قىل يۇڭ، چۈپۈر قاتارلىقلار ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا ئېتىپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن توم ۋە ئۇزۇن پىلتا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئېھتىياجغا قاراپ، ئىككى، ئۈچ، تۆت ئادەم ئايرىم ئايرىم ھالدا پىلتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇڭلاردىن ئاززاق شوينا ئېشىپ چىقىرىدۇ ۋە شوينا ئۇچلىرى دۇكان غالتىكىدىكى قارماقلارغا باغلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ئادەم دۇكان تانىبىنى تارتىپ غالتەكلەرنى ئايلاندۇرىدۇ. شوينا سوزغۇچى باشقا ئادەملەر قارماققا باغلانغان شوينىلارنىڭ ئېشىلىشىگە ئەگىشىپ پىلتىلارنى مۇۋاپىق تومۇقتا ئۇدۇللۇق سوزۇپ بېرىدۇ.

بۇ مەشغۇلاتتا، شوينا سوزۇش ھەرىكىتى بىلەن شوينا ئېشىش ھەرىكىتى ئايرىم كىشىلەر ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان بولغاچقا، ئىش سۈرئىتى خېلىلا تېز بولىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە تال شوينا تالاشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، يەككە قېتىش: ئۈچ-تۆت قاتلىق ئارغامچا تالانماقچى بولسا، ئۈچ-تۆت تال شوينا ئۇچى ئەرگۈل قارمىقىغا باغلىنىپ، قات ئارىسىغا مۇشتەك سېلىپ غالتەكلەرنى ئوڭ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قېتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، تەكرار قېتىش: تۆت قاتتىن ئارتۇق بولغان ئارغامچىلارنى بىراقلا قاتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تەكرار قېتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، يەنى ئالتە ۋە سەككىز قاتلىق ئارغامچا قېتىشتا، ئاۋۋال خام تالاغ شوينىلاردىن دۇكاندا ئىككى قاتلىق شوينا تالىنىدۇ، ئاندىن ئىككى قاتلىق شوينىدىن ئۈچ-تۆت دانىسى دۇكانغا تارتىلىپ، قات ئارىسىغا مۇشتەك سېلىپ تەكرار قېتىلىدۇ. توققۇز ۋە 12 قاتلىق ئارغامچا تالاشتا، ئاۋۋال يەككە قېتىش ئۇسۇلىدا ئۈچ قاتلىق شوينا تالىنىدۇ، ئاندىن ئۈچ قاتلىق شوينىدىن ئۈچ-تۆت دانىسى تەكرار قېتىلىپ توققۇز ياكى 12 قاتلىق ئارغامچىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قات سانى ئاز بولغان ئارغامچىلارنىڭ خام تالاغ شوينىسى تومراق، قات سانى كۆپ بولغان ئارغامچىلارنىڭ خام تالاغ شوينىسى ئىنچىكىرەك تالىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قات سانى ئاز بولغان ئارغامچىلارنىڭ چىدامچانلىقى تۆۋەنرەك، قات سانى كۆپ بولغانلىرىنىڭ چىدامچانلىقى يۇقىرىراق بولىدۇ.

غالتەك دۇكاندا ئارغامچا تالاشتا، ئادەم كۈچى ئېنېرگىيەسى مېخانىكىلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن بىرلا

قېتىمدا بىر نەچچە تال شوينا تالىغىلى؛ شوينا تالاش، يەككە قې-
تىش، تەكرار قېتىش مەشغۇلاتلىرىنى ئارقىمۇ ئارقىدىن ئېلىپ
بارغىلى، شۇنىڭدەك ھەر خىل ئۆلچەمدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچى-
قارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، مەھسۇلاتلارنى
تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**(6) چىگە ۋە چىگە ئارقان تالاش ـ قېتىش:** چىگە قوۋزاق شوي-
نىدىن ئۈچ ـ تۆت قات قېتىلىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، تالىغۇچ غال-
تەك دۇكان ۋە تۆمۈر دۇكان ئارقىلىق قېتىلىدۇ. چىگە ئارقان بول-
سا، تۆت قاتتىن ئارتۇق شوينىدا تۆمۈر دۇكان ئارقىلىق قېتىلىدۇ.

**چىگە تالاش:** چىگە، شۇنداقلا چىگە ئارقان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا
ئىشلىتىلىدىغان چىگە شوينا ئۈچ خىل ئۇسۇلدا تالىنىدۇ. يەنى بى-
رىنچىدىن، تالىغۇچتا ئېشىپ، قولدا قات بېرىش ئارقىلىق تالىنىدۇ.
بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى تالىغۇچتا قوۋزاق شوينا تالاشقا ئوخشاش.
ئىككىنچىدىن، تالام قوۋزۇقى ۋاستە قىلىنىپ، قولدا ئېشىلىدۇ.
بۇنىڭدا تالام قوزۇقى يەرگە قېقىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن،
مۇۋاپىق تومۇلۇقتىكى قوۋزاق تالاسىنىڭ باش ئۇچى قوزۇق گەۋدىسى-
گە يۆگىلىدۇ. ئېشىلىۋاتقان قوۋزاق سەل ـ پەل ئىنچىكىلەپ قالغاندا
قات بېرىلىدۇ. ئېشىلگەن شوينا 50 ~ 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا
يەتكەندە، قوزۇق گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات
يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تومراق تالى-
نىدىغان چىگە شوينىلارنى ئېشىشكە باب كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، غال-
تەك دۇكاندا تالىنىدۇ. ئۇسۇلى غالتەك دۇكاندا يۇڭ شوينا تالاشقا ئا-
ساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت خام ئەشيا پىلتىدىن سوزۇپ بېرىل-
مەستىن، بەلكى قات بېرىش ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

**چىگە قېتىش:** چىگە قېتىش ئۇسۇلى قولدا قېتىش ۋە دۇكاندا
قېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. قولدا قېتىش ئۇسۇلى قول
مەشغۇلاتى ئارقىلىق تانا، ئارغامچا قېتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش.

دۇكاندا قېتىشتا ئىنچىكىرەك قېتىلىدىغان چىگىلەر غالتەك
دۇكاندا يەككە قېتىش ئۇسۇلىدا قېتىلىدۇ. چىگىنىڭ تومۇلۇقى
چوڭراق بولسا، غالتەك دۇكاننىڭ تانىبى غالتەكلەردىن سىيرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئايلىنىپ، چىگە قاتلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئەشكىللى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تۆمۈر دۇكان ئىشلىتىلىدۇ.

تۆمۈر دۇكاندا چىگە قېتىشتا، تالام قوزۇقى ياكى غالتەك دۇكاندا خام تالاغ قىلىنغان ئۈچ ـ تۆت تال شوينىنىڭ باش ئۇچى تۆمۈر قۇلاق ئىلمەكلىرىگە ئايرىم ئايرىم باغلىنىدۇ. ئاياغ ئۇچى بىرلەشتۈرۈپ يۇرچاچۇپ قارمىقىغا باغلىنىدۇ. شوينىلارنىڭ بىرلەشكەن ئۇچىغا مۇشتەك سېلىنىدۇ، ئاندىن تۆمۈر قۇلاق ئۇچىغا بېكىتىلگەن پەررەك ئادەم كۈچى ئارقىلىق دەۋرىي رەۋىشتە ئۈزلۈكسىز ئايلاندۇرۇلىدۇ. قۇلاق ئىلمەكلىرىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى ئارقىسىدا بارغانسېرى چىڭ ئېشىلگەن شوينىلار مۇشتەك ئىنچىكە بېشى تەرەپتە بىرلىشىپ قېتىلىدۇ ۋە مۇشتەكنى ئاستا ئاستا كەينىگە سىلجىتىپ، ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. پەررەك چۆرۈش ھەرىكىتى تاكى مۇشتەك قۇلاق تۈۋىگە قايتىپ كېلىپ، چىگە قېتىلىپ بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. چىگە قېتىش داۋامىدا چىگە قاتلىرىنىڭ ئېشىلىپ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ، يۇرچاچۇپ ئالدىغا تارتىلىدۇ ـ دە، ئاستا ئاستا سىيرىلما ھەرىكەت قىلىپ تۇرچاچۇپ تەرەپكە سىلجىيدۇ. يۇرچاچۇپنىڭ سىلجىتىش ھەرىكىتى بەك تېز بولۇپ كېتىپ، چىگىتنىڭ ئېشىلىشى يېتەرلىك بولماي قالسا، چاچۇپ كەينى چېتىقى ئۇستىگە مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى باسما تاش قويۇش ئارقىلىق سىلجىتىش ھەرىكىتى تىزگىنلىنىدۇ.

**چىگە ئارقان قېتىش:** چىگە ئارقان دىئامېتىرى چوڭ، چىدامچانلىقى يۇقىرى مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان خام تالاغ شوينا تالام قوزۇقى ياكى غالتەك دۇكاندا تالىنىدۇ. قېتىشتا بولسا بىردەك تۆمۈر دۇكان ئىشلىتىلىدۇ. قېتىش ئۇسۇلى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چىگە قېتىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەرقى شۇكى، خام تالاغ شوينا ئىنچىكىرەك تالىنىپ، يەككە قېتىش ئۇسۇلىدا 3—2 قات قېتىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ ـ تۆت تال يەككە قېتىلغان چىگە بىرلەشتۈرۈپ تەكرار قېتىلىدۇ.

تۆمۈر دۇكاندا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى چىگە (ئارقان) قېتىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا 6~8 تال شوينا ئۇچى ئايرىم تۆمۈر قۇلاق

ئىلمەكلىرىگە باغلىنىدۇ. شوينىلارنىڭ ئاياغ ئۇچىدىن ئۇچ ـ تۆت دانىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئايرىم ئايرىم ھالدا يۇرچاچۇپتىكى ئىككى قارماققا باغلىنىدۇ. ئىككى يۇرۇش شوينا قاتلىرى ئارىسىغا سىپ ـ لىنغان مۇشتەكلەرنىڭ خىپچا تۆشۈكىگە بىر تال خىپچا ئۆتكۈزۈپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەررەك چۆرۈلۈپ قېتىش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ.

چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇڭ تالاپ سول قېتىشقىمۇ، سول تالاپ ئۇڭ قېتىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچى ـ لىكىدە بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ خام ماتېرىيالى بىردەك سول تالى ـ نىپ، ئۇڭ قېتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، چارۋاماللار دالادا باغلاقتا ئوتقا قويۇلغاندا، باغلاقنى ئۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەمىشە سول ئالدى پاچاق تۇياق ئۈستىدىن باغلاپ قويۇلىدۇ، شۇنىڭدەك چارۋا ماللار ھامان ئۇڭ ئايلىنىپ ئوت ـ چۆپ يەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، باغلاق بويۇم سول قېتىلغان مەھسۇلات بولسا، ئاسانلا خىمىغا يېنىپ ئۈزۈ ـ لۈپ كېتىدۇ. چىگە ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنى سول تالاپ ئۇڭ قېتىشتا دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان.

تالىغۇچتا تالىنىدىغان چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچى ـ قىرىش خوتەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆپىنچە ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. غالتەك ۋە تۆمۈر دۇكانلاردا تالىنىدىغان چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرى بولسا، كەسىپلەشكەن قول ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقىرى ـ لىپ، تاۋار بازىرىغا سېلىنىپ كەلگەن. يېقىنقى چارەك ئەسىردىن بۇ ـ يان تەبىئىي ۋە سۈنئىي تالالاردىن ئىشلەپچىقىرىلغان سانائەت چىگە، ئارغامچا مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ بازارغا سېلىنىشى، كەندىر تېرىش ـ نىڭ چەكلىنىشى، يۇڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەي ـ لى ئەنئەنىۋى غالتەك دۇكان ۋە تۆمۈر دۇكان، چىگە، ئارغامچا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئاساسەن ئەمەلدىن قالدى. تالىغۇچتا چىگە، ئارغامچا تالاش ئىشى چەت يىراق جايلاردا ئاندا ساندا ئۇچرايدۇ. مەھسۇلاتلىرىمۇ بازارلاردا ئانچە مۇنچە كۆزگە تاشلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# §6. توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، خوتەن زېمىنىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، يۇڭ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. شۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىن چىققان يۇڭ پالاس، كىگىز قالپاق، يۇڭ يىپتا توقۇلغان كۆكلەك قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ[1]

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا نىمە ئۈچۈن يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ ئەڭ ئاۋۋال بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مۇھىم سەۋەب رول ئوينىغان:

بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىز مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى بەلگە قىلغان يېزا ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.چارۋا ماللىرىنىڭ گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ئۇلارنى ئاش ـ ئوزۇق بىلەن تەمىنلىسە، يۇڭ ـ تېرىلىرى كىيىم ـ كېچەك خام ئەشياسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئىككىنچىدىن، قوي يۇڭىنىڭ تالاسى ئۇزۇن، ئەۋرىشىملىكى ياخشى، سوزۇش ـ ئېگىرىش ئاسان بولۇپ، بىر تال تاياق ياردىمىدە شوينا تالدغىلى، ئۈچ تال تاياقتىن تەركىب تاپقان چىبلەك ياردىمىدە يىپ ئېگىرگىلى بولاتتى. ئۇلار قوي يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىدىغان بۇنداق قولايلىقتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن ۋە شۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يەتتە تال قوزۇق، ئۈچ پاچاق ئاچا ۋە ئىككى تال تاختايدىن تۈزۈلگەن يۇڭ توقۇمىچىلىق دۇكىنىنى كەشىپ قىلىپ، يۇڭ رەختلەرنى ئىشلەپچىقارغان. بۇنداق دۇكانلار تۈزۈلۈشى ئاددىي، يېنىك

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1993 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ بىرلەشمە سان، 22 ـ بەت.

بولۇپ، يۆتكەش، قۇراشتۇرۇش ئاسان، كىچىككىنە بىر پارچە تۈز يەر بولسىلا دۈكان قۇراشتۇرۇپ رەخت توقۇغىلى، زۆرۈر تېپىلغاندا توقۇلۇۋاتقان رەخت بىلەن قوشۇپ يىغىۋېلىپ يېڭى چۈشكۈنگە بارغاندىن كېيىن قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ توقۇغىلى بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق دۈكانلار ئايرىم تاغلىق رايونلاردا تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە. كېيىنكى دەۋرلەردە، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئەگىشىپ، پاختا تېرىش، پىلە بېقىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە پاختا ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلگەن. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا 18 خىل يىپەك رەختىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن.

## 1. بۆز توقۇمىچىلىق

بۆز توقۇمىچىلىق دېگىنىمىزدە بۆز يىپنى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىپ، تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى (پاختا توقۇمىچىلىق) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىلگىرى خەلقىمىز ئارىسىدا بۇ خىل كەسىپ نامى «بۆزچىلىك»، بۆزچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر «بۆزچى» (خوتەن شېۋىسىدە«بوچچى») دەپ ئاتىلاتتى. بۆز توقۇلمىلار خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسىي ماتېرىيالى بولۇپ كەلگەندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ كەسىپ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان، ھەممە كەنت ـ مەھەللىلەردە بۆزچىلىك بارلىققا كەلگەن.

كەسىپ جەھەتتىكى مەخسۇسلىششمۇ خېلىلا گەۋدىلىك بولغان، مەخسۇس چەكمەنچىلىك، ماتاچىلىق، ئەستەرچىلىك، داكىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار ئاز ئەمەس ئىدى. بەزىلەرگە ھەتتا مۇشۇنداق كەسىپ نامى لەقەم بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. بۆزچىلىك مەھسۇلاتلىرى يەنە خوتەن رايونىدىمۇ تاشقى سودىدىكى ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋار بولغان. بۇنداق زور ئېچكى ـ تاشقى ئىستېمال تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى جايلاردا بۆزچىلەر كەنتى، بۆزچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەر كوچىسى بارلىققا كەلگەن.

يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىن بۇيان، زامانىۋى پاختا توقۇلـمىلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا، قول ھۈنەر بۆز توقۇمىچىلىقى پەيدىنپەي رولىنى يوقاتتى. بۆزچىلىك مەھسۇلات تۈرىنىڭ زور كۆپ قىسمى يوقالدى، پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ كەسىپنى پىششىق بىلىدىغان كاسىپلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. بەزى بۆز توقۇلمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، توقۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندە كۆپ قىسىم بۆزچىلىك مەھسۇلاتىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى ۋە توقۇش ئۇسۇلى ھازىر ئىگىلەش مۇمكىن بولغان دائىرىدە بايان قىلىنىدۇ.

1) بۆز توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى

بۆز توقۇلمىلار ماتا، تالىما، بۆز چەكمەن، داكا، ئەستەر، داستىخان، پوتا، ياغلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۆز توقۇلمىلارنى رەڭ پەرقىگە قاراپ سىدام توقۇلمىلار ۋە رەڭدار توقۇلمىلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ماتا، تالىما، چەكمەن داكا قاتارلىقلار سىدام توقۇلىدۇ. داستىخان، پوتا، ياغلىق قاتارلىقلار كۆپىنچە رەڭدار توقۇلىدۇ. سىدام توقۇلمىلار ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا، رەڭدار توقۇلمىلاردىن داستىخان بىلەن پوتا تۆت تەپكىلىك دۇكاندا، ياغلىق بىلەن بەلباغلىق ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلىدۇ.

(1) سىدام بۆز توقۇلمىلار. ماتا. بەزى شېۋىلەردە «خام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماتا توقۇشقا ئومۇمەن پاختىدىن ئىگىرىلگەن سىڭارقات خام يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ماتانىڭ كەڭلىكى 56~50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى يەتتە مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ (بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇرۇن خەلقىمىز بۆز توقۇلمىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشتە «قىرى» نى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ كەلگەن ئىدى. ماتا، تالىما، بۆز چەكمەنلەرنى ئۆلچەيدىغان «قىرى» — ياغاچتىن ياسالغان ئۆلچىگۈچنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ پەرقلىق ئىدى. ماتا ئۆلچەيدىغان قىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 67 سانتىمېتىر، تالىما ئۆلچەيدىغان

قېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 73 سانتىمېتىر، بۆز چەكمەن ئۆلچەيدىغان قېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل توقۇلمىلار سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا «قېرى» ئۆلچىمى بويىچە ئەمەس، بەلكى «بىر كىيىملىك» دېگەن ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىناتتى. ئادەتتە بىر كىيىملىك ماتا 9~10 قېرى بولاتتى. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ جايدا ھەر بىر كىيىملىك ماتا، تالىما، چەكمەنلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۆلچەمگە سۈندۈرۈپ بايان قىلىندى). ماتانىڭ ئۇرۇشى 30~40 لۈتكىچە (ماتا ئۇرۇشىدا ھەر 16 نەخ يىپ بىر لۈت ھېسابلىنىدۇ) بولىدۇ. لۈت سانى كۆپ بولسا ماتا قېلىنراق، ئاز بولسا نېپىزرەك پۈتۈپ چىقىدۇ. لۈت سانىغا قارىتا مۇقىم ئۆلچەم يوق، خام ئەشيا مىقدارى ۋە بۇيرۇتما تەلىپىگە ئاساسەن ئېنىقلىنىدۇ. ماتا گۈلسىز ئاق رەخت بولغاچقا، سەرگەز، زەدىۋال، ھەمزەك قاتارلىق گۈللۈك رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. يازلىق كىيىملەرنى تىكىشكە، نىل ياكى كۆك رەڭلەردە بوياپ ئەستەرلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ماتا بۆزچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆركەملىكى ياكى چىدامچانلىقى جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ماتا توقۇمىچىلىقى ھازىر ئاساسەن يوقالدى، ئالاھىدە بۇيرۇتما بولغان ئەھۋالدا دەسمال قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

تالما: بۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى خىل پاختىدىن پىششىق ئېگىرىلگەن يىپتا توقۇلىدىغان ئاق رەخت بولۇپ، كەڭلىكى 40~50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئارقاق ـ ئۇرۇشلەرنىڭ ھەممىسىگە جۈپلەنمىگەن يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇش لۈت سانى ماتانىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

تالىمىنىڭ ماتادىن پەرقى شۇكى، ماتا يىپلىرى چاقتا ئېگىرىلگەن پېتى ئىشلىتىلىدۇ. تالىما يىپلىرىغا بولسا، يەنە بىر قېتىم تالاپ تور كىرگۈزۈلىدۇ. تالىما يىپلىرى سۈپەتلىك، ئارقاقلىرى زىچ بولۇپ، ماتادىن كۆركەم ۋە چىداملىق بولىدۇ. تالىمىدىن پايدىلىنىپ سەرگەز، ھەمزەك، زەدىۋال قاتارلىق گۈللۈك رەختلەر ئىشـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لەپچىقىرىلىدۇ. ئاق ھالەتتە ياكى نىل، كۆك، قارا رەڭلەردە بوياپ يازلىق، قىشلىق كىيىملەر، يوتقان ـ كۆرپە، سۈپرا قاتارلىق تۇرمۇش بويۇملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

تالىما توقۇمىچىلىقى ھازىر ئاساسەن يوقالدى، پەقەت مەخسۇس بۇيرۇتما بولغاندىلا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۆز چەكمەن: بۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى خىل پاختا يىپتىن توقۇلىدىغان رەخت بولۇپ، كەڭلىكى 35~30 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 16~8 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۆز چەكمەننىڭ باشقا بۆز رەختلەردىن پەرقى ئۇرۇش يىپى ئىككى نەخ يىپ بىر قىلىپ جۈپلىنىپ تالاپ ئىشلىتىلىدۇ، ئارقاق تالانماي سىڭارقات سېلىنىدۇ. ئۇرۇش 50 لۇت (ھەر بىر لۇتتە سەككىز نەخ) بولىدۇ. بۆز چەكمەننىڭ ئارقاق، ئۇرۇشى زىچ، قېلىن بولۇپ، پاتلىق ۋە چىداشلىق بولىدۇ. چىدامچانلىقى جەھەتتە بۆز رەختلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ.

بۆز چەكمەن ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ: ئاق چەكمەن ۋە مەللە چەكمەندىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاق چەكمەن ئاق پاختا يىپتىن توقۇلىدۇ. ئېھتىياجغا ئاساسەن قارا، كۆك، نىل رەڭ، ماش رەڭ قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردە بوياپ ئىشلىتىلىدۇ. مەللە چەكمەن مەخسۇس بۆز (مەللە) رەڭ پاختىدىن ئېگىرىلگەن يىپتىن توقۇلىدۇ. ئاساسەن بويالماي ئىشلىتىلىدۇ. مەللە چەكمەن تەبىئىي رەڭلىك توقۇلما بولغاچقا، كۆركەم، يېقىشلىق ھەمدە كىر ۋە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈشلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئاق چەكمەندىن ئەتىۋار ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۆز چەكمەن ئەرەنچە تون، چاپان، يەكتەك، كەمزۇل قاتارلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى ۋە قاپ، جىلتا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۆز چەكمەن توقۇمىچىلىقى ھازىر پۈتۈنلەي يوقالدى.

داكا: بىرىنچى دەرىجىلىك پاختىدىن ناھايىتى ئىنچىكە ۋە سۇپەتلىك ئېگىرىلگەن يىپتىن توقۇلىدۇ. ئۇرۇشى 80~70 لۇت (بىر لۇت 16 نەخ) يۇگۇرۇلىدۇ. ئۇرۇش ـ ئارقاقتا بىردەك سىڭارقات يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى 100~80 سانتىمېتىرغىچە

بولۇپ، كۋادرات شەكلىدە توقۇلىدۇ. ھەر بىر پارچە داكا توقۇلۇپ بولغاندا ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا چۈچىلىق ئورنى تاشلىنىپ يەنە بىر پارچە داكا توقۇلىدۇ. ھەر 10 پارچە داكا بىر توپ قىلىنىپ قاچىلىنىدۇ. داكا كۆپىنچە يازلىق ياغلىق قىلىشقا، يازلىق كۆڭلەك ۋە بەزى ئىچ كىيىملەرنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. داكا توقۇمىچىلىقىمۇ ھازىر تولۇق ئۆچكەن تۇر ھېسابلىنىدۇ.

ئەستەر: بۇ، سۇپىتى تۆۋەنرەك بۆز يىپلاردىن توقۇلىدىغان ئاق توقۇلما بولۇپ، ئۇرۇشى 16 نەختىن 30~20 لۇت يۇگۇرۇلىدۇ. كەڭلىكى 45~40 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئەستەرنىڭ ئۇرۇش ـ ئارقاقلىرى شالاڭ، پاتسىز، چىدامچانلىقى تۆۋەن بولۇپ، كۆپىنچە پاختىلىق كىيىملەرگە قوش ئەستەر قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەستەر ھازىر ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئاساسەن دەسمال قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) رەڭدار بۆز توقۇلمىلار. رەڭدار بۆز توقۇلما دېگىنىمىزدە، ئۇرۇش ـ ئارقاق يىپلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى بوياپ توقۇلىدىغان، توقۇش داۋامىدا ئاددىي گۈل چىقىرىلىدىغان توقۇلمىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە كۆپ قىسىم گۈللۈك بۆز رەختلەر توقۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بوياقچىلىق ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بىۋاسىتە توقۇش ئارقىلىق پەقەت داستىخان، پوتا، ياغلىق قاتارلىق گۈللۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىلا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە داستىخان بىۋاسىتە توقۇش ۋە باسما بوياق بېرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ «توقۇلما داستىخان» ۋە «باسما بوياق داستىخان» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بۆز توقۇلما داستىخان ئىشلەپچىقىرىشتا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىل پاختىدىن ئېگىرىلگەن بۆز يىپ ئىشلىتىلىدۇ. توقۇلما داستىخاننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم يوق. ئادەتتە كەڭلىكى 75~65 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 3~1 مېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇرۇش ـ ئارقاق يىپلىرى جۈپلەپ سېلىنىشىمۇ، يىپ تومراق ۋە پىششىق بولسا سىڭارقات سېلىنىشىمۇ مۇمكىن. داستىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خان ئۇرۇشلىرى ھەر 16 نەخ بىر لۇت قىلىنىپ 70~40 لۇت ئۇ-رۇشتە يۇگۇرۇلىدۇ.

توقۇلما داستىخان گۈل شەكلى ۋە گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ «ئاق ئۇرۇش داستىخان» ۋە «چىشلەتمە داستىخان» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاق ئۇرۇش داستخان: ئۇرۇشلىرى ئادەتتە پۈتۈنلەي ئاق يىپتىن يۇگۇرۇلىدۇ، قىسمەن ھاللاردا ئاق ئۇرۇشلەرگە مەلۇم كەڭلىكتە رەڭلىك ئۇرۇشلەر ئارىلاشتۇرۇپ يۇگۇرۇلىدۇ. بۇنداق رەڭلىك ئۇ-رۇش يوللىرى «پەتلە» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ئاق ئۇرۇش داستىخان-نى ئۇرۇش رەڭگىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق ياكى رەڭدار يىپ ئارىلاش يۇ-گۇرۇلگەنلىكىگە قاراپ «پەتلىسىز ئاق ئۇرۇش داستىخان» ۋە «پەتلە-لىك ئاق ئۇرۇش داستىخان» دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كەسىپ تىلىدا پەتلىسىز ئاق ئۇرۇش داستىخان «ئاق ئۇرۇش داستىخان» دەپ، پەتلىلىك ئاق ئۇرۇش داستىخان بولسا «ئاق ئۇرۇش چاچما نۇسخا داستىخان» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەتلىسىز ئاق ئۇرۇش داستخان ئۇرۇشىگە پۈتۈنلەي ئاق يىپ، ئارقىقىغا قىزىل ياكى كۆك بويالغان رەڭدار بۆز يىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق داستىخاننىڭ گۈللىرى گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا قاتار تىزىلغان رومبىلارنىڭ تۈز بەتلىك داۋام قىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

پەتلىسىز ئاق ئۇرۇش داستىخان گۈللىرىنىڭ (رومبا شەكىللىرىنىڭ) چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن «ئۆي كۆزى داستىخان»، «قوي كۆزى داستىخان» ۋە «قۇشقاچ كۆزى داستىخان» دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى نۇس-خىدا بولسۇن، ھەر بىر گۈل بىرىنىڭ ئىچىگە بىرى جايلاشقان بىر نەچچە قەۋەت رومبىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مەسىلەن، ئۆي كۆزى نۇسخىلىق گۈلىنىڭ چوڭلۇقى ئۆي كۆزى نۇسخىلىق داستىخان گۈلىنىڭ 3/2 قىسمىغا، قۇشقاچ كۆزى نۇسخىلىق داستىخان گۈلى بولسا 2/1 گە باراۋەر كېلىدۇ ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا رومبا قەۋەت سانىمۇ ئازراق بولىدۇ.

ئاق ئۇرۇش چاچما نۇسخا داستىخاننىڭ ئۇرۇشىغا ئاق يىپ ئاساس قىلىنىش بىلەن بىللە، بىر نەچچە يول رەڭلىك يىپ ئارىلاشتۇرۇپ يۈگۈرۈلۈش ئارقىلىق پەتلە چىقىرىلىدۇ، يەنى ئاق ئۇرۇش يىپلار ئارىسىغا 8~10 سانتىمېتىر ئارىلىق تاشلاپ بىر يول پەتلە (رەڭدار ئۇرۇش) سېلىنىدۇ. ھەر بىر پەتلىنىڭ كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، قىزىل، سېرىق، كۆكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان پەتلە قۇر رەڭدار سىزىقتىن تەركىب تاپىدۇ. قىزىل رەڭنى A، سېرىق رەڭنى B، كۆك رەڭنى C بىلەن ئىپادىلىسەك، ھەر بىر پەتلىنىڭ رەڭدار قۇرلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ۋە رەڭ تەكرارلىقى ABCBCBA تەرتىپىدە بولىدۇ. ھەر بىر پەتلىنىڭ رەڭدار قۇرلىرىنىڭ ئەڭ چەتتىكلىرى 0.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ. مەركەزگە يېقىنلاشقانسېرى قۇر كەڭلىكى پەيدىنپەي چوڭايتىلىپ بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە سېلىنىدۇ. بۇ خىل داستىخاننىڭ ئۇرۇشىغا پەتلە سېلىنغاندىن سىرت، ئارقاقىمۇ ھەر 25 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىر يول كۆك ياكى قىزىل يىپتىن بىر رەڭلىك پەتلە سېلىنىدۇ. پەتلە كەڭلىكى 2~4 سانتىمېتىر بولىدۇ ياكى بىر نەچچە خىل رەڭلىك يىپتىن تېخىمۇ كەڭرەك پەتلە سېلىنىدۇ. ئاق ئۇرۇش چاچما نۇسخا داستىخاننىڭ گۈل ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل داستىخان يۈزىدە توقۇش ئارقىلىق (ئۇرۇش بىلەن ئارقاننىڭ كېسىشىشى ئارقىلىق) رومبا شەكىللىك گۈللەر، ئارقاق ـ ئۇرۇش پەتلىلىرىنىڭ كېسىشىشى ئارقىلىق چوڭ ـ كىچىك رەڭدار چاقماق گۈللەر ھاسىل قىلىنىدۇ. دېمەك، ئاق ئۇرۇش داستىخاندا ئاق ئۇرۇش بىلەن رەڭدار ئارقاقنىڭ كېسىشىشى ئارقىلىق ھەر خىل رومبا شەكىللىرى چىقىرىلىدۇ. گۈللىرى ئاددىي، رەڭدارلىقى كەمرەك بولىدۇ. ئاق ئۇرۇش چاچما نۇسخا داستىخاندا بولسا، رومبا شەكىللىرىنى ھاسىل قىلغۇچى يىپ رەڭلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش ۋە ئارقاقتا بىر نەچچە يول پەتلە سېلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك ھەم رومبا شەكىللىك، ھەم چاقماق شەكىللىك گۈللەر ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ خىل داستىخان ئاق ئۇرۇش نۇسخىدىكى داستىخاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆركەم بولىدۇ.

چىشلەتمە نۇسخا داستىخان: بۇنداق داستىخان ئادەتتە قىزىل ئۇ ـ رۇش، كۆك ئارقاقتىن توقۇلىدۇ. ئارقاقتا داستىخاننىڭ ئىككى بې ـ شىدىن ئازراق ئارىلىق تاشلاپ بىر يول سىرىق پەتلە، ئوتتۇرا قىد ـ سىمدا ھەر 50 سانتىمېتىر ئارىلىق تاشلىنىپ، بىر يولدىن سىرىق پەتلە سېلىنىدۇ. ھەر بىر پەتلە تۆت قۇر، ھەر بىر قۇر كەڭلىكى بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر بولىدۇ. قۇر ئارىلىقى ئارقاق رەڭ يوللىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، چىشلەتمە نۇسخا داستىخان گۈللىرى رەڭلىرى ئوخشاش بولمىغان ئارقاق ـ ئۇرۇشلەرنىڭ كېسىشىپ ئۆتۈشىدىن ھاسىل بولغان چاقماق گۈللەردىن تەشكىل تاپىدۇ، چاقماقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى ۋە رەڭ پەرقى ئارقىلىق كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ.

ئەنئەنىۋى داستىخان توقۇمىچىلىقى ھازىر يوقىلىشقا يۈزلەندى، پەقەت ئايرىم جايلاردا ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۆز توقۇلما پوتا. بۇ، بەلۋاغنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت. بۆز تو ـ قۇلما بەلباغ، يەنى بۆز پوتا تۆت تەپكىلىك بۆزچىلىك دۇكىنىدا تو ـ قۇلىدۇ. ئادەتتە كەڭلىكى 0.50 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.80 مېتىر بو ـ لىدۇ. ئۇرۇشى 30 لوت (ھەر بىر لوت 16 نەخ) يۇگۇرۇلىدۇ. قارا ياكى كۆك رەڭدە بويىلىپ، ئارقىقى ئاق ياكى بويالغان يىپتىن سې ـ لىنىدۇ. بۆز پوتا گۈل نۇسخىلىرىدىن ھازىر ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولغىنى ئىككى خىل بولۇپ، ئايرىم ئايرىم ھالدا «سۇرە تارانلىق پوتا» ۋە «ياندۇرما تارانلىق پوتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇرە تارانلىق پوتىنىڭ گۈل نۇسخىسى ئاددىي بولۇپ، توقۇلما گۈللەر (توقۇش داۋامىدا رەخت يۈزىدە ھەر خىل يۆنىلىشلىك سى ـ زىقلارنى چىقىرىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان گۈل) بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇش ۋە ئارقاقتا بىر نەچچە يول پەتلە سېلىش ئارقىلىق گۈل چىقىرىلىدۇ. پەتلە ئادەتتە پوتا بويىغا تۆت قاتار، پوتىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئارقاقتا ئۈچ ـ تۆت قاتار سېلىنىدۇ. ھەر بىر پەتلە بىر نەچچە خىل يىپ يوللىرىنىڭ ياندىش جايلىشىشىدىن تۈزۈلىدۇ. دېمەك، سۇرە تارانلىق پوتىدا ئوخشاشمىغان رەڭدىكى ئارقاق ــ ئۇ ـ

رۇشلەرنىڭ كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ ـ كىچىك چاقماق
گۈللەر بولىدۇ. چاقماق گۈللەرنىڭ رەڭگى توق، رەڭ پەرقى روشەن
بولۇپ، توچكا گۈللەر ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ياندۇرما تارانلىق پوتىنىڭ گۈل نۇسخىسى مۇرەككەپرەك بولۇپ،
پوتا يۈزىدە چاقماق گۈللەردىن تاشقىرى توچكا سىزىقلىق ھەرە چىد-
شى گۈللىرى بولىدۇ. چاقماق گۈللەرنى چىقىرىش ئۇسۇلى سۈرە
تارانلىق پوتىنىڭ چاقماق گۈللىرىنى چىقىرىشقا ئوخشىشىدۇ. ھەرە
چىشى گۈللىرى بولسا شانا باغلاش، تەپكە دەسسەش ئۇسۇلىنىڭ
ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى ئارقاق يىپلارنىڭ ئۆرۈش يىپلارنى بېسىپ
ئۆتكەن جايىدا قىيپاش سىزىقلارنى ھاسىل قىلىشى ئارقىلىق بار-
لىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ياندىش جايلاشقان ھەر بىر لۈتلەردىكى ئۆرۈش
نەخلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن ئارقاق يىپلار ئۆز ئارا قارشى يۆنىلىش-
لىك قىيپاش سىزىقلارنى ھاسىل قىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كەل-
تۈرۈلىدۇ. بۇ قىيپاش سىزىقلار تۇتاشقان جايلاردا ھەرە چىشى چوق-
قىسى ۋە ھەرە چىشى ئويمىنى ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، ياندۇرما
تارانلىق پوتىدا ھەم چوڭ ـ كىچىك قىنىق رەڭلىك كاتەكچە گۈل-
لەر، ھەم تۈز بەتلىك داۋام قىلغان توچكا سىزىقلىق ھەرە چىشى
شەكىللىك گۈللەر بولىدۇ.

بۆز توقۇلما پوتىلارنىڭ ھەر قايسى نۇسخىسىدا ئىككى ئۇچىدا
ئۆرۈش يىپلاردىن چۇچا چىقىرىلىدۇ، چۇچا ھەم پوتا ئارقاقلىرىنىڭ
تارىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ھەم پوتىغا زىننەت بېرىش رولى-
نى ئوينايدۇ.

بۆز توقۇلما پوتىلار ھازىر ناھايىتى ئاز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لې-
كىن، پوتا باغلاش ئادىتى خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ دېھقان ـ چارۋى-
چىلار ئارىسىدا ھېلىھەم خېلى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا.

**بۆز ياغلىق:** سۇپەتلىك پاختىدىن ئېگىرىلگەن بوز يىپتىن توقۇ-
لىدۇ، ئۆلچىمى ئەڭ چوڭلىرىنىڭ 1.00×1.00 مېتىرغىچە بولىدۇ.
ئۆرۈشى 60 لۈت (ھەر بىر لۈت 16 نەخ) يۈگۈرۈلىدۇ ھەمدە ئوخ-
شاشلا قىزىل، پور رەڭ، چەش رەڭ، كۆك، يېشىل رەڭلەردە بويىلىدۇ.
رەڭدار يىپلار ئۆرۈش ـ ئارقاقتا بىر نەچچە يول پەتلە قىلىپ سىلد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىدۇ. ياغلىق يۈزىدە ئارقاق ـ ئۆرۈش يىپلارنىڭ كېسىشىشى ئارقى-لىق چوڭ ـ كىچىكلىكى، رەڭگى، رەڭ قىلىنىلىقى ئوخشاش بولمىغان چاقماق گۇللەر ھاسىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ياغلىق «چاق-ماق ياغلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆرۈش ـ ئارقاقلاردا قايسى خىل رەڭ-لىك يىپ ئاساس قىلىنغان بولسا، شۇ خىل رەڭ نامىنى قوشۇپ «پور رەڭ چاقماق ياغلىق»، «يېشىل چاقماق ياغلىق» دەپ ئاتاپ، رەڭ تۈرى پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۆز توقۇلما ياغلىقنىڭ تۆت تەرىپىدىن چۇچا چې-قىرىلىدۇ. بوي چۇچىلىرى ئۆرۈشتىن قالدۇرۇلىدۇ. ئەن چۇچىلىرى بىر بۆلۈك ئۆرۈشنى سۇغىرىپ تاشلاش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. بىر نەچچە تال چۇچا يىلتىزى بىر قىلىپ ياغلىق گىرۋىكىدىن بوغۇلىدۇ. چۇچا ياغلىقنى ئاسراش ۋە زىننەتلەش رولىنى ئوينايدۇ.

بۆز ياغلىق توقۇش كەسپى ھازىر تولۇق يوقالدى.

**بۆز قولياغلىق:** قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقىمىزدا يىپەك قولياغ-لىقتىن باشقا بۆز قولياغلىقمۇ توقۇلغان. بۆز قولياغلىق توقۇشقا سۇپەتلىك پاختىدىن ئىنچىكە ۋە پىششىق ئېگىرىلگەن يىپ ئىشلە-تىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمى، لۈت سانى، رەڭدار يىپلاردىن پەتلە چىقىرىش ۋە توقۇش ئۇسۇلى يىپەك قولياغلىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

بۆز قولياغلىق گەرچە چىدامچانلىقى ۋە كۆركەملىكى جەھەتتە يىپەك قولياغلىققا يەتمىسىمۇ، لېكىن يۇمشاق، ياغ ۋە كىر ئاسان چىقىپ كېتىدىغان، باھاسى ئەرزان بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئې-گە. ئەينى زاماندا بۆز قولياغلىق مەھسۇلاتى ئىچكى بازار ئېھتىيا-جىنى قامدىغاندىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىمۇ مەلۇم ساندا ئېكسپورت قىلىنغان.

يۇقىرىقى داستىخان، پوتا، ياغلىق قاتارلىق رەڭلىك بۆز توقۇل-مىلارنىڭ يىپلىرى قېنىق بويىلىدۇ. بىر پۈتۈن ياغلىق يۈزىدە رەڭ پەرقى چوڭ، رەڭ سىلىشتۇرمىسى ئېنىق بولۇپ، ياغلىق شوخ، كۆركەم تۇسكە ئىگە قىلىنىدۇ. داستىخان ۋە پوتا رەڭدار يىپلىرى ئاچراق بويىلىدۇ. ياغلىق يۈزىدە ئاق يىپلار بىلەن رەڭلىك يىپلار-نىڭ كېسىشىشى ئارقىلىق رەڭ پەرقى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇلىدۇ.

دېمەك، ياغلىق رەڭلىرىدە، قىز- ئاياللارنىڭ قېنىق، شوخ رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈشىدە پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئېتىبار بېرىلىدۇ. داستىخان ۋە پوتا رەڭلىرىدە بولسا، ئۇلارنىڭ ئاسان كىرلىشىش ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

**2) بۆزچىلىك ماتېرىياللىرى ۋە دۇكان - سايمانلار**

بۆز رەخت توقۇمىچىلىقىدا بۆز يىپ، تەبىئىي ياكى سۇنئىي بو- ياق ماتېرىياللىرى، قوناق ئۇنى قاتارلىق ماتېرىياللار: تەگۋان، تا- نىكا، يىكچاق، يىك، چىرا، تەپلە، قازان قاتارلىق سايمانلار ۋە تو- قۇمىچىلىق دۇكىنى ئىشلىتىلىدۇ.

**قوناق ئۇنى:** ئۇرۇش يىپلارنى پاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەگۋان:** يىپ جۇپلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئېگىز- لىكى 70 سانتىمېتىر بولغان ئىككى تال پاچاق ۋە بىر مېتىر ئۇ- زۇنلۇقتىكى ئىككى تال چېتىق ياغاچتىن تۈزۈلىدۇ. چېتىقلارنىڭ بىرسى ئىككى پاچاقنىڭ ئاستى تەرىپىنى، يەنە بىرسى ئوتتۇرا قىسمىنى تۇتاشتۇرىدۇ. چېتىقلار دەل سەككىز بۆلەككە بۆلۈنۈپ، سەككىزدىن كور تۆشۈك تېشىلىپ شادا سېلىنىدۇ. شادا ئەركىن ئېلىپ - سېلىشقا بولىدىغان ياغاچ چوكا بولۇپ، دىئامېتىرى يەتتە مىللىمېتىر، تۈز يۇلغۇن شېخىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ، شادىلار يىپ تۈرۈلگەن قومۇشلارنى كىيدۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**تانىكا:** بۇ، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال پاچاق، تۆت-بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال چېتىقتىن ياسىلىدىغان ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، چېتىق ئارقىلىق پاچاقلارنىڭ ئاستى - ئۈس- تى چېتىلىدۇ. پاچاقلارنىڭ ئارقا يۈزىگە بىردىن تىرەك ياغاچ ئور- نىتىلىدۇ. پاچاقلارنىڭ ئالدى يۈزىگە 10 نەچچە تالدىن 15 سانتې- مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ قوزۇقلار بېكىتىلىدۇ. تانىكا تەگۋاندىن لۈتلەپ چىقىرىلغان يىپلارنى يۆگەپ ئۇرۇش تەييارلاشقا ئىشلىتىلى- دۇ. تانىكا ئۈستۈنكى چېتىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۆت تال ياغاچ قو- زۇق بولۇپ، ئالدىنقى ئىككىسى «گىرە قوزۇقى»، كېيىنكى ئىككى- سى «لۈت قوزۇقى» دېيىلىدۇ. بۇلار تانىكىغا يۆگىرۈلۈۋاتقان ئۇرۇش-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



لەرنى لۆت ئايرىش ۋە گىرە ئايرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

يىكچاق: بۇ ئىلگىرى سۆزلەنگەن يىپ ئېگىرىش چاقى بولۇپ، تالىما ئۇرۇشلىرىنى تالاش، بۆز چەكمەن ئۇرۇشلىرىنى جۈپلەپ تالاش ۋە ناچىغا يىپ تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ.

چىرا: بۇ، دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان سىلىندىر شەكىللىك سايمان بولۇپ، توغرا كەسمە يۈزىنىڭ بىر تەرەپ مەركىزىدە بويىغا سوزۇلغان تۆشۈك، يەنە بىر تەرەپ كەسمە يۈز مەركىزىدە چاق ئوقىغا ئوخشاش تومۇلۇقتىكى قىسقا ئوق بولىدۇ. سىلىندىر سىرتقى يۈزىدە بويىغا يۆنەلگەن چىشلىق چاق شەكىللىك قىرلىرى بولىدۇ. چىرا تالانغان ئۇرۇشلەرنى تۇرۇشكە ئىشلىتىلىدۇ (چىرا بەزى جايلاردا «كۇدا» دەپ ئاتىلىدۇ).

قازان: ئادەتتىكى چويۇن قازان بولۇپ، يىپ پىشۇرۇش، پاتلاش ۋە بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۆزچىلىك دۇكىنى: بۆزچىلىك دۇكىنى دۇكان تەگلىكى، تەپكە، شانا، دەپتىن، تۇرگە، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىش پرىنسىپى جەھەتتىن ئەتلەس توقۇش دۇكىنىغا ئوخشاش بولۇپ، قىسمەن جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە پەرقلىق تەرەپلىرىلا بايان قىلىنىدۇ. دۇكان تەگلىكى كۆپىنچە يەرگە كولانغان ئورەك ۋە باشقا ياغاچ قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئورەكنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئورۇندۇق، تۇرگە تىزلىقى، دەپتىن، جەينەك پاچىقى قاتارلىق قۇرۇلمىلار ئورەك ئەتراپىغا تاختاي قويۇش، قوزۇق قېقىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ.

بۆزچىلىك دۇكىنىدا ئىككى ياكى تۆت تەپكە بولۇپ، ئورەك تېگىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەپكىنىڭ كەينى ئۇچى بىر تال قوزۇق ئارقىلىق يەرگە ھەرىكەتچان ھالەتتە بېكىتىلىدۇ. بۇ «سونجاق قوزۇق» دېيىلىدۇ. تەپكىنىڭ ئالدى ئۇچىدا يەنە بىردىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ. تەپكىلەرنىڭ ئۇچى دىئامېتىرى تۆشۈك دىئامېتىرىدىن كىچىكرەك بولغان قوزۇقلار ئارقىلىق يەرگە بېكىتىلىدۇ. بۇلار «كىنـ

ـدىك قوزۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. كىندىك قوزۇق تەپكە بېسىلغاندا تەپكىـ ـنىڭ قېيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بوزچىلىك دۇكىنىدا تەپـ ـكە قۇرۇلمىسىغا ماس ھالدا 4~2 يۇرۇش شانا بولىدۇ. شانىلار تەپـ ـكە بېغى ئارقىلىق تەپكىگە، شانا بېغى ۋە ئويىنغۇچ ۋاستىسى ئارـ ـقىلىق باشقا شانا تاياقلىرىغا چېتىلىدۇ. دۇكاننىڭ قارشى تەرىپىدە لەڭگەر چوپ قۇرۇلمىسىلا بار، چېلەك يوق، لەڭگەر چوپتە ئۇستۇنـ ـكى چېتىقلا بولىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدا دەۋرۇن غالتىكى بولمايدۇ.

بوزچىلىك دۇكىنىدا يەنە لۇت شادىسى، يىرىغ شادىسى، كەينى شادا، كەرگە، ئاسما تاش، موكا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

لۇت شادىسى: توملۇقى بىر سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىـ ـمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان ئىككى تال ياـ ـغاچ بولۇپ، يۇمغاقنى (يۇمغاق — دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇش يىپ) بىر لۇتتىن گىرەگە ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ.

يىرىغ شادىسى («دەم شادىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ): دىئامېتىرى 1~1.50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان سىلىندىر شەكىللىك ئىككى تال تاياقچە بولۇپ، لۇت شادىسىنىڭ ئالدىغا چىۋـ ـشىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھەر بىر لۇت ئۇرۇشنى 2/1 نىسبەت بويىـ ـچە، ئىككىنچىسى 4/1 نىسبەت بويىچە گىرەگە ئايرىيدۇ.

كەينى شادا: ئۆلچىمى يىرىغ شادىسىغا ئوخشاش بولغان بىر تال تاياقچە بولۇپ، بىر لۇت ئۇرۇشنى 8/1نىسبەت بويىچە گىرەگە ئايـ ـرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كەرگە: ئېلاستىكلىقى ياخشى بولغان يۇلغۇن شېخىنى ياپىلاقلاپ يونۇپ، ياي شەكلىدە ئېگىپ ياسالغان تاياقچە بولۇپ، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئىككى ئۇچىدىكى توز كېسىلگەن جايىنىڭ بىر گىرۋىكىدە كىچىك مەگەن (چىش) قالدۇرۇلىدۇ. توقۇـ ـلۇۋاتقان بوز رەختىنىڭ ئېنى كېرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەگىنى رەخت گىرۋىكىگە سانجىلىپ، ئىچىدىن سىرتقا قارىتىپ كېرىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاسما تاش: ئادەتتىكى سوقىچاق تاش بولۇپ، دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇشنىڭ لەڭگەر چوپ كەينىگە چۇشۇرۇلگەن يۇمغاق بېغىغا ئېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىپ، يۇمغاقنى چىگىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. تاشنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى توقۇلىدىغان رەختنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، يەنى بۆز چەكمەنگە 28 جىڭ، ماتاغا 25 جىڭ، تالىمغا 22 جىڭ، داكىغا 20 جىڭلىق ئاسما تاش ئېسىلىدۇ. ئادەتتە كەڭلىكى 70 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولغان رەختلەرنىڭ يۇمغاق بېغىغا بىر دانە تاش، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولغان رەختلەرنىڭ يۇمغىقىغا ئىككى دانە تاش ئېسىلىپ، رەختنىڭ ئېنى كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئەمما، تاشنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ.

موكا: شەكلى ئەتلەس موكىسىغا ئوخشىشىدۇ، ئەمما ئۆلچىمى چوڭراق بولىدۇ.

3) بۆز توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى

بۆز رەخت توقۇمىچىلىقى تەييارلىق باسقۇچى، ئۆرۈش يۈگۈرۈش باسقۇچى، توقۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

(1) تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا يىپ جۇپلەش، يىپ گىرەلەش، يىپ تالاش، ئۆرۈش لۇتلەش (يۇمغاق تەييارلاش)، يىپ پاتلاش، بوياش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىدۇ.

يىپ جۇپلەش، گىرەلەش: بەزى بۆز توقۇلمىلارنىڭ ئۆرۈش، ئارقاقلىرى جۇپلەپ سىلىنىدۇ. بۇنىڭ بەزىلىرى يەنە بوياپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەر قانداق بۆز توقۇلمىنىڭ ئۆرۈشى پاتلاپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، سىڭارقات ئېگىرىلگەن يىپنى جۇپلەپ ئىشلىتىشكە لايىقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يىپلارنى قومۇش بىلەنلا بوياشقا، پاتلاشقا بولمايدۇ. يىپنىڭ تەكشى رەڭ ئېلىشى، ئالا بولماچ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قومۇشقا تورۇلگەن يىپلارنى پاتلاش، بوياشقا لايىقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، پوتا قاتارلىق بەزى توقۇلمىلارنىڭ جۇپلىنىپ، ئەمما بويالماي ئىشلىتىلىدىغان ئارقاقلىرى ئادەتتە پىيىككە يۆگەپ جۇپلەپ پىلتا قىلىنىدۇ. داستىخان، ياغلىق قاتارلىق بەزى توقۇلمىلارنىڭ ھەم جۇپلەپ، ھەم بوياپ ئىشلىتىلىدىغان ئارقاقلىرى ئادەتتە ئەتلەس ئارقاقلىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تە-

پىلىگە يۆگەپ جۈپلەش بىلەن بىللە گىرەلىك ھالقا قىلىنىدۇ. پىلە-تا قىلىنغان ياكى گىرە قىلىنغان يىپلار بوياش داۋامىدا چۈۋۈلۈپ چىگىشلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پىلتا ھالقىسى ياكى گىرە ئارى-سىدىن شوينا ئۆتكۈزۈپ چىگىلىدۇ، بۇنىڭدا چىگمەك ئۇرنىنىڭ رەڭنى ياخشى ئېلىشى ئۈچۈن شوينا ھالقىسى بوشراق چىگىتىلىپ، چىگمەك چىگىكى چىڭ بوغۇلىدۇ.

يىپ تالاش: بۆز چەكمەن، تالما قاتارلىق تالانغان ئۇرۇش ئارقى-لىق توقۇلىدىغان رەختلەرگە كىرەكلىك ئۇرۇش يىپلار تەلەپ بويى-چە قايىتا تالاپ تور كىرگۈزۈلىدۇ.

بۆز چەكمەن ئۇرۇشى تەييارلاشتا، ئىككى قومۇش يىپ تەگۋان شادىسىغا سېلىنىپ يىپ ئۈچلىرى جۈپلىنىپ، گىجەكتىن ئۆتكۈ-زۈلۈپ يىكچاقتىكى يىككە يۆگىلىدۇ. چاق تانىبى بىر ئالماپ «8» شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يىك خەرنىلىكىگە سېلىنىدۇ، ئاندىن بىر قولدا يىكچاق قولىقى چۆرۈلۈپ، بىر قولدا يىپ تۇتۇلۇپ پاختىدىن يىپ ئېگىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئاز ئازدىن تالىنىپ يىككە تۈرۈلىدۇ.

تالما ئۇرۇشى تەييارلاشتا، ئېگىرىپ قومۇشقا تۈرۈلگەن يىپلار قو-مۇش بىلەنلا قازانغا سېلىنىپ 20~10 مىنۇت قاينىتىلىپ پىشۇ-رۇلىدۇ. يىپ ئارىسىغا تولۇق سۇ ئۆتۈشكەندىن كېيىن قايناقسۇدىن ئېلىپ سوغۇق سۇغا سېلىپ سوۋۇتۇلىدۇ، ئاندىن قومۇشتىن يىككە يۆتكەپ تۈرۈلىدۇ. يىپ تالاش ۋاقتىدا يىپ تۈرۈلگەن يىك، يىكچاق مەدىكىگە سېلىنىدۇ. يىكچاقنىڭ ئوق بېشى چىرا تۆشۈكىگە سېلىنىپ چىگىتىلىدۇ. يىكچاق قولىقى چىرا ئوقىغا بېكىتىلىدۇ. يىكتىكى يىپ ئۈچى چىقىرىلىپ چىرا گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. مەشغۇلات قىل-غۇچى ئوڭ قولدا قولاقنى ئايلاندۇرۇپ، سول قولدا يىپنى يېنىك تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يىپ چىرا گەۋدىسىگە تىك، يىك گەۋدى-سىگە پاراللېل بولغان سىزىقتا كېلىدۇ ۋە يىكتىن سوزۇلۇپ چىد-قىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تالىنىپ چىرا گەۋدىسىگە يۆگىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تالىنىپ بولغان يىپلار شامالدىتىلغاندىن كېيىن قومۇشقا يۆتكەپ تۈرۈلىدۇ.

تالما ئۇرۇشنى تالاشتا، يىپنىڭ ئېچىپ سۇپىتى تۆۋەنلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يىپ تالاش مەشغۇلاتى ئۈرۈش يو-گۇرۇشكە ئاز قالغان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئۈرۈش لۆتلەش: ئۈرۈش لۆتلەش دېگىنىمىز، ھەر 16 نەخ ئۈرۈش يىپنى (بۆز چەكمەن توقۇشتا ھەر سەككىز نەخ ئۈرۈش يىپنى) بىر جۈپلەپ تانىكا قوزۇقلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ يۆگەپ، توقۇش دۇكىنىغا تارتقۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. لۆتلەش ئۇسۇلى مۇنداق: قومۇش ياكى كۇدىلار تەگۋان شادىلىرىغا سېلىنىدۇ، (16 چەكمەندە سەككىز) قومۇشتىكى يىپ ئۇچلىرى بىر قىلىنىپ گىد-چەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن بۇ بىر لۆت يىپ ئۇچى تانىكا ئوك پاچىقىنىڭ چوققىسىدىكى باشلاش قوزۇقىغا چىگىلىپ، يىپ قۇي-رۇقى بىرىنچى گىرە قوزۇقىدا ئىككى نەختىن، ئىككىنچى گىرە قوزۇقىدا تۆت نەختىن گىرە قىلىنىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىنلا بىرىنچى لۆت قوزۇقىدا سەككىز نەختىن، ئىككىنچى لۆت قوزۇقىدا 16 نەختىن (بىر لۆتتىن) گىرە قىلىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىپ قۇيرۇقى داۋاملىق سوزۇپ چىقىرىلىپ تانىكا پاچاقلىرىدىكى قوزۇقلارغا نۆ-ۋەت بىلەن يۆگىلىدۇ. يىپ يۇگۇرۇلۇپ ئاخىرقى قوزۇققا يەتكەندە، كەينىگە قايتۇرۇلۇپ، ئاۋۋالقىغا قارشى يۆنىلىشتە يۆگەپ لۆت ۋە گىرە قوزۇقلىرىغا كەلگەندە يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە گىرە قىلىنىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، باشلاش قوزۇقىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ مەشغۇلات تاكى تەلەپ قىلىنغان لۆت سانىغا يەت-كەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئۈرۈش لۆتلەش داۋامىدا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ياخشى ئىگىد-لەش تەلەپ قىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، گىرە ۋە لۆت ئايرىش توغرا بو-لۇشى لازىم، يەنى ئۈرۈشلەر بىرىنچى گىرە قوزۇقىدىكى تەرتىپى بو-يىچە ئىككىنچى گىرە قوزۇقى ۋە لۆت قوزۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، داستىخان، ياغلىق قاتارلىق جۈپلەنگەن ئۈرۈش ئىشلىتىلىدىغان رەختلەرگە ئۈرۈش لۆتلەشتە، يىپ جۈپلەش بىلەن ئۈرۈش لۆتلەشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا، يەنى 32 تال يىپنى گىچەكتىن بىراقلا تارتىپ چىقىرىپ 16 نەخ ھېسابىدا تانىكىغا تارتىشقا بولىدۇ، ئەمما

بىر نەخ قىلىنغان ئىككى تال يىپ گىرە ۋە لۆت قوزۇقلىرىدا ئىلاـ ماشتۇرۇپ قويۇلماي، باشتىن ـ ئاخىر بىر جۈپ قىلىپ ئۆتكۈزۈـ لۈشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، لۆت سانى بىلەن لۆت ئۆزۈنلۈقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. مەسىلەن، 50 لۆت ئۇرۇشـ لۇك بىر بۆلۈك ماتا توقۇلماقچى بولغاندا، تەييارلانغان يىپ ئازراق بولۇپ قالسا، قوزۇقتا يۆگىلىدىغان لۆت سانىنى كېمەيتمەستىن، قوزۇق سانىنى، يەنى لۆت ئۆزۈنلۇقىنى قىسقارتىش كېرەك.

ئۇرۇش يۇقىرىقى تەلەپ بويىچە تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، گىرە ۋە لۆت قوزۇقلىرىدا گىرە ئايرىلغان ئارىلىقتا شوينا ئۆتكۈزۈپ چىگىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ باشلاش قوزۇقىدىكى ھالقىسى كېسىپ تاشـ لىنىپ بوغۇلىدۇ. ئاخىرقى قوزۇقتىكى ھالقىسى كېسىلمەيلا چىگىـ لىدۇ، ئاندىن قوزۇقتىن غۇلاچلاپ ئېلىپ ھالقا قىلىنىپ، ئىككى يەردىن بوشراق چىگىلىدۇ. بۇ «بەندىۋا چىگىش» دېيىلىدۇ. بەندىۋا چىگىلىپ بولغان يىپ يۆگىمى «يۇمغاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

يىپ پاتلاش: يىپ پاتلاشتا بۆز يىپلارنىڭ يىپىشقاقلىقىنى كېـ مەيتىپ، چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، رەخت سۈپىتىگە كاـ پالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۆز توقۇمىچىلىقىدا ئۇرۇشـ لەرلا پاتلىنىپ، ئارقاقلار پاتلانمايدۇ. يىپ پاتلاشقا سۇ بىلەن يۇمشاق تارتىلغان قوناق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ. يىپ پاتلاش مەشغۇلاتى «سوغۇق پاتلاش» ۋە «قايناق پاتلاش» دېگەن ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇن مىقدارى پەرقلىق بولۇپ، سوغۇق پاتلاشتا 10 ئۆلۈش يىپقا ئۈچ ئۆلۈش ئۇن، قايناق پاتلاشتا، 15 ئۆلۈش يىپقا ئۈچ ئۆلۈش (جىڭ ھېسابىدا) ئۇن كېتىدۇ. سوغۇق پاتلاشتا، قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلۇپ ئاۋۋال يۇمـ غاق چىلىنىدۇ. يۇمغاق تولۇق ھۆللەنگەندىن كېيىن سۇزۇۋېلىنىپ ئۇن چېلىنىدۇ. ئوچاققا ئوت يېقىپ سۇ قىزىغاندا يۇمغاق قايتا سېـ لىنىدۇ. قايناق پاتلاشتا ئۇن ئايرىم قاچىدىكى سۇغا چېلىنىپ تەكـ شى ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاندىكى قىزىق سۇغا قۇيۇلىدۇ. ئارقىدىنلا قۇرۇق يۇمغاق سېلىنىدۇ. قايسىلا ئۇسۇلدا بولسۇن پات سۈيىگە يۇمغاق سېلىنغاندىن كېيىن، يېرىم سائەت قاينىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



سۈنىڭ مىقدارى يىپ تولۇق چۆككۈدەك بولسا بولىدۇ. يۇمغاقنى قاينىتىش داۋامىدا تۆت قېتىم ئۆرۈلىدۇ، ئاندىن يۇمغاق بەندىۋا ھالقىسىغا چوپسا (نوغۇچ) ئۆتكۈزۈلۈپ قايتا ـ قايتا سۇغا چۆكۈرۈپ ئۇن قالدۇقلىرى قازانغا ئېقىتىلغاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ، قازان ئۈستىگە 20 مىنۇت ئېسىپ قويۇلۇپ، سۈيى ساقىتىلىدۇ، ۋاقىت توشقاندا يۇمغاقنىڭ ئىككى تەرەپ ھالقىسىدىن چوپسا ئۆت-كۈزۈپ تولغاپ سىقىلىدۇ. ئاخىرىدا بەندىۋا چىگمەكلىرى يېشىلىپ، يىپ باغلىرى خادا چۆپكە تىزىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. تولۇق قۇرۇغاندا يۇمغاق بېغىنىڭ ئاياغ ئۇچىدىن باشلاپ يۇملاقلاپ يۆگە-لىدۇ، بۇ «يۇمغاق كۈملەكلەش» دەپ ئاتىلىدۇ.

يىپ بوياش: داستىخان، ياغلىق، پوتا قاتارلىق بۆز توقۇلمىلارنىڭ بوياپ ئىشلىتىلىدىغان ئۆرۈش ـ ئارقاقلىرى ئېھتىياجىغا ئاساسەن بوياپ تەييارلىنىدۇ، يەنى پىيىكتە جۈپلەنگەن ئارقاق، تەپلىدە گىرە-لەنگەن ئارقاق باغلىرىدىن، شۇنداقلا تانىكىدا لۈتلەنگەن ئۆرۈش باغلىرىدىن بوياشقا تېگىشلىك قىسمى بوياققا سېلىنىدۇ (كونكرېت بوياش ئۇسۇلى كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈشنىڭ بوياققا تېگىشلىك قىسمى لۈتلەنگەن يۇمغاقتىن ئايرىۋې-لىنىسىمۇ، ئايرىم لۈتلەپ بويالسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك پاتلاش بىلەن بوياش بىراقلا ئورۇندا ئورۇندالسىمۇ بولىدۇ. پاتلاش بىلەن بوياش مەشغۇلاتىنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندا، ئاۋۋال پات سۈيى تەييارلاش، ئاندىن رەڭ سېلىش، ئاخىرىدا بويىلىدىغان يىپنى سېلىش، شۇنداقلا چوقۇم سوغۇق پاتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

(2) ئۆرۈش يۆگۈرۈش باسقۇچى: لۈتلەپ ـ ئايرىپ تەييارلانغان ئۆرۈش يۇمغاق كاللىكى لەڭگەر چۆپكە ئېسىلىدۇ. ئۆرۈشنىڭ تانىد-كىدا گىرە ئايرىپ يىپ چىگىلگەن ئۇچى دۇكان ئالدىغا قەدەر چۇ-ۋۇلىدۇ. لۈت ۋە گىرە ئارىسىغا ئۆتكۈزۈپ چىگىلگەن يىپ چىگمىكى يېشىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا لۈت شادىسى، يېرىغ شادىسى ۋە كەينى شادىلار ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئۆرۈشلەرنىڭ ئۇچى كەينى شادىدا گى-رە ئايرىلغان تەرتىپلىرى بويىچە شانىدىكى گۈل ھالقىلىرىدىن ۋە دەپتىن تىغلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ تۆرگىگە بېكىتىلىدۇ (ئەمەلىي

مەشغۇلات داۋامىدا بىر قېتىمدا ئون نەچچە پارچە بۆز توقۇلما ئۇۋ-
رۇشى بىر قېتىمدىلا يۇگۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىمقى توقۇش مەشغۇلاتى
داۋامىدا پۈتكۈزۈلگەن بىر نەچچە پارچە بۆز توقۇلما ئۈدۈللۈق كې-
سىلىپ تۇرگىدىن چىقىرىۋېلىنىدۇ. بىر قېتىم يۇگۇرۇلگەن ئۇرۇش
تولۇق توقۇلۇپ بولغاندا ئۇرۇش ئۇچىدىن بىر قىسمى دەپتىن ۋە
شانا گۈلى ھالقىلىرىدا قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ، كېيىنكى قېتىم ئۇرۇش
تارتقاندا ئۇرۇش ئۇچلىرى گۈل ھالقىلىرى ۋە دەپتىن تىغلىرىدىن
بىر بىرلەپ ئۆتكۈزۈلمەستىن، بەلكى ئاۋۋالقى قېتىمدا قالدۇرۇپ
قويۇلغان ئۇرۇش ئۇچلىرىغا ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئۇلىنىدۇ). بۆز تو-
قۇلمىلارنى توقۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، گۈل ھالقىلىرى-
دىن ئۇرۇش ئۆتكۈزۈشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ماتا، تالما، بۆز چەكمەن ۋە داكا قاتارلىقلار بىردەك ئىككى تەپ-
كىلىك دۇكاندا توقۇلىدۇ. بۇنداق دۇكانلاردا ئىككى يۇرۇشتىن شانا
(گۈل ھالقىسى) بولىدۇ. ھەر ئىككى نەخ ئۇرۇش بىر گىرە گۇرۇپ-
پىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئولڭ تەرەپتىن باشلاپ ھەر بىر گىرە گۇ-
رۇپپىسىدىكى ئىككى نەخ يىپنى A ۋە B بىلەن، ئىككى رەت شانى-
دىكى گۈل ھالقىلىرىنى a ۋە b بىلەن (بىرىنچى شانىدىكى گۈل
ھالقىلىرىنى a بىلەن، ئىككىنچى شانىدىكى گۈل ھالقىلىرىنى b
بىلەن) ئىپادىلىسەك، A ئۇرۇشلەر بىردەك نۆۋەت بويىچە a ھال-
قىلاردىن، B ئۇرۇشلەر بىردەك b ھالقىلاردىن ئۆتىدۇ. A ئۇرۇش-
لەر b ھالقىلارنىڭ، B ئۇرۇشلەر a ھالقىلارنىڭ سىرتىدىن ئۆتىدۇ،
يەنى A ئۇرۇشلەر b شانىنىڭ، B ئۇرۇشلەر a شانىنىڭ تىزگىنى-
لىشىگە ئۇچرىمايدۇ.

توقۇلما داستىخان ۋە پوتا بىردەك تۆت تەپكىلىك دۇكاندا توقۇ-
لىدۇ. لۆت شادىسى، يىرىغ شادىسى ۋە كەينى شادىلاردىن ئۇرۇش
ئۆتكۈزۈش، گىرە ئايرىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ
كېتىدۇ. پەرقى شۇكى، داستىخان ۋە ياغلىقتا ھەر ئىككى تال يىپ
بىر تال ئۇرۇش قىلىنىدىغان بولغاچقا، گىرە ئايرىشتا ھەر ئىككى
تال يىپ بىر نەخ ھېسابىدا گىرەگە ئايرىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ
گۈل نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، گۈل ھالقىلىرىدىن ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com



ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇي كۆزى داستىخان ئۇرۇشلىرىنى ئۇلۇك تەرەپتىن باشلاپ رېتى بويىچە A، B، C، D، E، F... بىلەن، تۆت تەپكىگە باغلانغان تۆت شاننى (شانا گۈل ھالقىلىرىنى) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا a، b، c، d بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇرۇشلەرنىڭ گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى A ← b، B ← b، C ← a، D ← c تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇشلەر ھەم مۇشۇ قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر بىر ئۇرۇش ئۆزىنى ھالقىغا ئالغان شاننىڭلا تىزگىنلىنىشىدە بولىدۇ.

ياندۇرما تارانلىق نۇسخىدىكى پوتىنىڭ ئۇرۇشلىرىنى ئۇلۇك تەرەپتىن رەت تەرتىپى بويىچە A، B، C، D... بىلەن، تۆت باغلانغان شانلاردىكى گۈل ھالقىلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا a، b، c، d بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇرۇشلەرنىڭ گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى A ← b، B ← b، C ← a، D ← c تەرتىپى بويىچە داۋام قىلىدۇ. ھەر بىر ئۇرۇش ئۆزىنى ھالقىغا ئالغان شاننىڭلا تىزگىنلىنىشىدە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ياغلىقتىن ئۆزگە بۆز توقۇلمىلارنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە ئىككى نەختىن جۈپلەنگەن قىرغاق ئۇرۇشلىرى بولىدۇ، ئۇرۇشلەرنى شانا گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈشتە قىرغاق يىپ بىرلا گۈل ھالقىسىدىن ئۆتىدۇ. قالغان ئۇرۇشلەرنىڭ ھالقىدىن ئۆتۈش رەت تەرتىپىنى ئىگىلەشتە گىرۋەك يىپ نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قىرغاق يىپ يەنە «ئەركەك ئۇرۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىرغاق ئۇرۇشنىڭ جۈپلەپ سېلىنىشى رەختلەرنىڭ قىرغاق چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

(3) توقۇش باسقۇچى: بۆز توقۇلما ئۇرۇشلىرى قائىدە بويىچە دۇكانغا تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەپكە قوزۇقلىرى، تەپكە ۋە شانا باغلىرى، دەپتىنىڭ ھەرىكەتچان قىسىملىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈلىدۇ. يۇمغاق كاللىكىگە ئاسما تاش ئېسىلىدۇ. قولاقچۆپنى يەرگە تىرەش ئارقىلىق تورگە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئارقاق يىپلار ناچىغا تۇرۇلۇپ موكىغا سېلىنىدۇ، ئاندىن توقۇش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ. ماتا، تالما، بۆز چەكمەن ۋە داكا بىردەك ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلىدىغان بولغاچقا، توقۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولىدۇ، يەنى

ئىككى تەپكە نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەسسىلىدۇ. ھەر قېتىم تەپكە دەسسەلگەندە بىر قېتىم موكا ئېتىلىپ ئۇرۇش گىرەسى ئارىلىقىغا ئارقاق چۈشۈرۈلىدۇ.

توقۇلما داستىخان ۋە پوتىغا گۈل چىقىرىش ئېھتىياجى سەۋەبىلىك تۆت تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلىدىغانلىقى ۋە گۈل ھالقىسىدىن ئۇرۇش ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، توقۇش مەشغۇلات قائىدىسى مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

ئۈي كۆزى نۇسخىلىق داستىخان توقۇشتا، دۇكان تەپكىلىرى گۇرۇپپا بويىچە دەسسىلىدۇ، يەنى ھەر ئىككى تەپكە بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ بىراقلا دەسسىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۈي كۆزى نۇسخىدىكى داستىخان گۈللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى رومبا تەرەپ سىزىقلىرى 61 گۇرۇپپا تەپكىنى دەسسەش ئارقىلىق پۈتكۈزۈلىدۇ. تەپكىلەرنى سولدىن ئوڭغا قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا A، B، C، D بىلەن ئىپادىلىسەك، بىر دەۋرىيلىك تەپكە گۇرۇپپىلىرىنىڭ دەسسىلىش رەت تەرتىپىنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن: (AD)←
← (AC)←(AD) ←(BD)←(BC)(AD)← (BD)←(AC)
←(BD)(AD) ←(BD) ←(BC) ← (BC) ←(AC)← (AD)
(BC) تەرتىپ بويىچە ھەر بىر گۇرۇپپا تەپكە دەسسەلگەندە بىر قېتىم موكا ئېتىپ ئارقاق سېلىنىدۇ.

چىشلەتمە نۇسخىلىق داستىخان توقۇشتىمۇ گۇرۇپپا بويىچە تەپكە دەسسىلىدۇ. ئەمما، گۇرۇپپىلاش ۋە تەپكە دەسسەش ئۇسۇلى پەرقلىق بولىدۇ. تۆت تەپكىنى A، B، C، D بىلەن ئىپادىلىسەك، تەپكە دەسسەش رەت تەرتىپى (A ← C ← A ← C ← A ← C) ← (D ← B ← D ← B ← D ← B) شەكلىدە دەۋر قىلىدۇ، يەنى بىرىنچى، ئۈچىنچى تەپكە نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئۈدا تۆت قېتىمدىن دەسسەلگەندىن كېيىن تۆتىنچى ۋە ئىككىنچى تەپكە نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئۈدا تۆت قېتىمدىن دەسسىلىدۇ.

پوتا توقۇشتىمۇ تەپكە ئوخشاشلا گۇرۇپپا بويىچە دەسسىلىدۇ. پوتا يۈزىدىكى ھەرە چىشى شەكىللىك گۈل سىزىقلىرى سەككىز گۇرۇپپا تەپكە دەسسەشتە بىر دەۋر قىلىدۇ. تەپكىلەر A، B، C، D

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىپادىلىسەك، بىر دەۋرىيلىك تەپكە دەسسەش قائىدىسى:
(BD) ← (BC) ← (AC) ← (AD) ← (BD) ← (BC) ← (AC) ← (AD)
بولىدۇ. ھەر قېتىمدا بىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى تەپكە بىراقلا دەس-
سىلىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپا دەسسەلگەندە بىر قېتىم موكا ئېتىپ
ئارقاق سېلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلىدىغان شايى قاتارلىق
يىپەك رەختلەر، بۆز چەكمەن قاتارلىقلارنىڭ كەڭلىكى، لۆت سانى
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆرۈش يۇگۈرۈش، ئۆرۈشلەرنى
گىرە ئايرىش، گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەپكە دەسسەش قا-
ئىدىسى تامامەن ئوخشاش بولىدۇ. مەشغۇلات قائىدىسى ئاددىي، ئى-
گىلەش ئوڭاي، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. تۆت تەپكىلىك دۇ-
كانلاردا بولسا، مەشغۇلات قائىدىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئوخشاش
بولمىغان تۈردىكى توقۇلمىلارنىڭ، يەنى داستىخان پوتا، ياغلىق قا-
تارلىقلارنىڭ ئۆرۈشلىرىنى گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەپكە
دەسسەش قائىدىسى پەرقلىق بولۇپلا قالماي، بىر تۈرگە مەنسۇپ
بولغان، ئەمما گۈل نۇسخىسى ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلاتلارنىڭ
ئۆرۈشلىرىنى گۈل ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەپكە دەسسەش قا-
ئىدىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقى بۆز توقۇلمىلارنى توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا ئەتلەس
دۇكىنىدىكىگە ئوخشاشلا رەختنىڭ ئېنى كىرىپ كېتىشىدىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن تۈرگە ئالدىدىكى توقۇلۇپ بولغان رەخت يۈزىگە كىرگە
سېلىنىدۇ ۋە ھەر 15 ~ 10 سانتىمېتىر توقۇلۇپ بولغاندا يۆتكەپ
تۇرۇلىدۇ. پۈتكۈل توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا تەپكە ھەرىكىتى، دەپ-
تىن ھەرىكىتى، موكا ھەرىكىتى ۋە تۈرگە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت تۆت
يۈرۈش ھەرىكەت بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى، ئورۇن-
دىلىش ۋە تاماملىنىش قائىدىلىرى ئەتلەس دۇكىنىدىكىگە ئوخشاش
بولىدۇ. ئەمما، رەخت نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەب-
لىك، دەپتىن ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىق دەرىجىسى پەرقلىق
بولىدۇ. بۆز چەكمەن توقۇشتا دەپتىنىنىڭ سىلجىش ئارىلىقى يىراق،
سوقۇلۇشى كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. تالىما، داستىخان قا-

تارىلىقلارنى توقۇشتا، دەپتىنىنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇراھال بولىدۇ. ماتا - داكا قاتارلىقلارنى توقۇشتا، دەپتىنىنىڭ سىلجىش ئارىلىقى قىسقىراق، سوقۇلۇشى ئاجىزراق بولىدۇ. بۇ تۆت يۈرۈش ھەرىكەتتىن دەپتىن ھەرىكىتى ئىنتايىن مۇھىم، ھەر بىر خىل توقۇلمىنى توقۇشتا دەپتىن ھەرىكىتىنىڭ تەكشى بولۇشى، يەنى باشتىن ئاخىر ئوخشاش ئارىلىقتا ئىتتىرىلىپ ئوخشاش كۈچ بىلەن سوقۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئارقاق زىچلىقى بەزىدە يۇقىرى، بەزىدە تۆۋەن بولۇپ قېلىپ رەخت سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

## 2. يۇڭ توقۇمىچىلىق

ئەجدادلىرىمىز ئەينى زاماندا يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلارنى، يۇڭ توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى بىلىپلا قالماي، ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىمۇ بىلگەن؛ تېخى ئىلمە توقۇلما تون ۋە قىسقا چاپانلارنى توقۇپ چىققان. تەبىئىي رەڭلىك رەختلەرنى توقۇشنى بىلىپلا قالماي، ھەر خىل رەڭلىك، جۇلالىق رەختلەرنى توقۇشنىمۇ بىلگەن. سىدام رەختلەرنى توقۇشنى بىلىپلا قالماي، ھەر خىل گۈل - گىياھ، ھايۋانات رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ بىلگەن. سوكنا، سارجىغا ئوخشاش قېلىن رەختلەرنى، شايىدەك نېپىز، نەپىس يۇڭ رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. بۇ پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئەقىل - پاراسەت ۋە غەيرەت - شىجائىتىنى جارى قىلىپ پارلاق تارىم مەدەنىيىتىگە ئۇل سالغانلىقىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ساقلىنىپ قالغان يۇڭ پىشۇرمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسىپ تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ يۇڭ توقۇلما رەختلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ساقلانغانلىرىمۇ ئاساسەن چەت، يىراق تاغلىق رايونلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا. يۇڭ توقۇمىچىلىققا قارىغاندا خېلىلا كېيىن بارلىققا كەلگەن يىپەك ۋە پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەنئەنىۋى يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقى، يۇڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كېتىشتىكى ئاساسىي سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يىپەك ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى، يىپەك، پاختا مەھسۇلاتلىرى يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا قارىغاندا كۆپلىگەن روشەن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە:

1) يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ خام ئەشياسى بولغان يۇڭنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە كۆپلەپ ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئانچە كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، يەنى تېرىلغۇ كۆلىمىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق بىر ئىككى يىل ئىچىدىلا پاختىغا بولغان ئىجتىمائىي ئىستېمال تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ.

2) چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆچمەن خاراكتېرى، تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ، ئېغىر ۋە قوزغالماس قۇرۇلمىلىق توقۇمىچىلىق دۇكانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. يىپەك ۋە پاختا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولغاچقا، قوزغالماس قۇرۇلمىلىق، مۇرەككەپ توقۇمىچىلىق دۇكانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

3) يۇڭ توقۇلمىلار ۋەزنى ئېغىر ۋە قېلىن بولۇپ، بىر كىيىملىك يۇڭ چەكمەن 5~7 جىڭ كېلىدۇ. ئەستەرلىك ياكى پاختىلىق قىلىپ تىكىلىگەندىن كېيىن، ئېغىرلىقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېغىر ۋە قېلىن كىيىملەر شىنجاڭنىڭ قىروسىز مەزگىلى ئۇزاق، يامغۇر يېشىنى ئاز، شۇنداقلا يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا (ھالبۇكى، ئاھالىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى تۇزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان) كىيىشكە باب كەلمەيدۇ. يىپەك ۋە بۆز توقۇلمىلار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە يېنىك ۋە نېپىز بولىدۇ. بىر كىيىملىك دەييارە بىر-ئىككى سەر ئەتراپىدا، بىر تاقا ئەتلەس 2.5 سەر ئەتراپىدا، بىر كىيىملىك شايى ئۈچ سەر ئەتراپىدا، بەقەسەم ئالتە سەر ئەتراپىدا بولىدۇ. بىر كىيىملىك بۆز رەختمۇ بىر-ئىككى جىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ۋەزنى يېنىك، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولغاچقا، ئىسسىق تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا كىيىشكە تازا باب كېلىدۇ.

4) يۇڭ رەختلەرنىڭ رەڭ تاللاشچانلىقى كۈچلۈك ئەمەس، پەقەت ئاق يۇڭ رەختلەرنىلا خالىغان رەڭدە بوياشقا بولىدۇ. بوز، كېرەت، قوڭۇر رەڭلىك يۇڭنى بوياشتا رەڭ تاللاش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ. قارا يۇڭ ھەر قانداق رەڭنى ئالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇڭ رەختلەرنى بوياشتا ئىشلىتىلىدىغان رەڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ، تەننەرخى ئېشىپ كېتىدۇ. يىپەك ۋە بۆز توقۇلمىلارنىڭ رەڭ تاللاشچانلىقى ياخشى، رەڭ سەرپىياتى ئاز، خالىغان رەڭدە بوياشقا بولىدۇ.

5) يۇڭ رەختلەرنىڭ يۈزى نىسبەتەن يىرىك، قوپال، پارقىراقلىقى كەم، يىپەك ۋە بۆز توقۇلمىلارنىڭ يۈزى نىسبەتەن تەكشى ۋە سىلىق، بولۇپمۇ يىپەك رەختلەر جۇلالىق، كۆركەم كېلىدۇ.

6) يۇڭ توقۇلمىلار ئاسانلا كۈيە زىيانداشلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئەكسىچە يىپەك ۋە بۆز توقۇلمىلارغا كۈيە چۈشمەيدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر قول ھۈنەر يۇڭ توقۇمىچىلىقىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خۇددى بۈگۈنكى كۈندە سۈنئىي تالالىق توقۇلمىلارنىڭ پاختا توقۇلمىلىرى بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ قويغىنىدەكلا بىر ئىش.

**1) يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى**

قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ياكى ھازىر ئېنىقلاش مۇمكىن بولغان يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن: خىپچە توقۇلمىلار، موكا توقۇلمىلار ۋە پىلتىكۈچ توقۇلمىلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**(1) خىپچە توقۇلملار:** خىپچە توقۇلمىلار يۇڭ يىپتىن چۇۋۇق خىپچىنى ۋاستە قىلىپ، قولدا توقۇلىدىغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. خىپچە توقۇلمىلارنى ئىستېمال ئورنى ۋە ئىستېمال ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن كىيىم ـ كېچەكلەر، باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئويۇنچۇقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

خىپچە توقۇلما كىيىم ـ كېچەكلەر ئىستېمال ئورنى پەرقىگە ئاساسەن: باش كىيىملىرى، ئۇست كىيىملىرى، ئاياغ كىيىملىرى، يەنى: شارپا، ياغلىق، پوسما، شىلەپە، شەپكە قاتارلىقلارنى؛ پوپايكا،

www.uyghurkitap.com



پەلتو، ساراپان، ئۈزۈن كۆڭلەك، يوپكا، جىلىتكە، مايكا، ئىشتان قاتارلىقلارنى؛ پايپاق، بوۋاقلار ئايىغى قاتارلىقلارنى؛ باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى: پوتا، قول سومكىسى، چاچ بىغى، تام بىزەيدىغان مەنـزىرلىك توقۇلما قاتارلىق يەنى، ھەر خىل توقۇلما قونچاق ۋە قونچاق كىيىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇرۇن قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ھەر بىر بۇيۇمنىڭ خاس ئىسمى ئالدىغا «تور» دېگەن ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ تور كۆڭلەك، تور پوسما، تور ياغلىق، تور ئىشتان، تور پوتا.. دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، ئوخشاش خىلدىكى باشقا بۇيۇملاردىن پەرقلەندۈرۈلەتتى، ھازىر بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ ئاتالغۇسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. تور كۆڭلەك «پوپايكا» دەپ، تور پوسما، تور ئىشتان قاتارلىقلار «يۇڭ پوسما، يۇڭ ئىشتان» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ يۇڭ يىپتىن تورلاپ توقۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى توپتوغرا كۆرسىتىپ بېرىدىغان خاس ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىنى، بۇنداق بۇيۇملارنىڭ يۇڭنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇجمەل ئاتالغۇلار ئالدى.

قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىقىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇرۇن ئاممىۋىلىشىش بىلەن كەسىپلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىما ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. خېلى كۆپ ئائىلە ئاياللىرى ئۆزى يىپ ئېگىرىپ، ئۆزى توقۇپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، يەنە تور كۆڭلەك، تور ئىشتان، تور پوتا قاتارلىقلارنى توقۇپ تىجارەت قىلىدىغان مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار ئىدى. يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان سانائەت ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا، قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىقىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى. بىر تەرەپتىن سانائەت ئىلمە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. قول ھۈنەر خىپچە توقۇلمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار ئاساسەن تىجارەتتىن توختىدى. خىپچە توقۇمىچىلىقى مەخسۇس ھۈنەر بولۇشتىن قېلىپ، ئائىلە قوشۇمچە كەسپىگە ئايلاندى. تور پايـ

ياق، تور پوتا قاتارلىق بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى. يەنە بىر تەرەپتىن خىپچە توقۇمىچىلىقىدا سانائەت يۇڭ يىپلىرى قول ھۈنەر يۇڭ يىپلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى، سانائەت ئىلمە توقۇلمىلىرىنىڭ نۇسخىسى، گۈل نۇسخىسى قاتارلىق بەزى ئالاھىدىلىكلىرى قوبۇل قىلىندى. شارپا، شىلەپە، شەپكە، قول سومكىسى قاتارلىق بىر قىسىم مەھسۇلاتلار كۆپەيدى. گەرچە ھازىر خىپچە توقۇمىچىلىق پەقەت بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك بولۇش ئورنىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم ئاياللار، بولۇپمۇ شەھەر ئاياللىرىنىڭ خېلى كۆپلىرى خىپچە توقۇمىچىلىقى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. خام ئەشيا سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى، ئىلغار توقۇش تېخنىكىسى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئارقىسىدا، خىپچە توقۇلمىلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيدى، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە سەنئەت قىممىتى ئۆستى.

ئەنئەنىۋى خىپچە توقۇلمىلارنىڭ خام ئەشياسىغا تۆگە يۇڭى بىلەن قوي يۇڭىدىن ئىگىرىلگەن يىپلار ئىشلىتىلىدۇ. رەڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتتە تەبىئىي رەڭلىك يىپ قوشۇمچە، بويالغان رەڭدار يىپلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تۆگە يۇڭى بويالماي تەبىئىي رەڭ تۈرى بويىچە ئايرىپ ئىگىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. قوي يۇڭىدىن ئىگىرىلگەن يىپلارنىڭ كۆپ قىسمى بوياپ ئىشلىتىلىدۇ. رەڭ تۈرىدە قىزىل، ھال، سېرىق، جىگەر رەڭ، پور رەڭ، يېشىل، كۆك، زۆتىنە، قارا قاتارلىق بىر قەدەر توق رەڭلەر تاللىنىدۇ.

گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە خىپچە توقۇلمىلارنىڭ گۈللىرى ئۆرنەكلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى ۋە گېئومېترىيەلىك گۈل ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۆرنەكلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى ئىچىدە گۈل، غۇنچە، چېچەك، يوپۇرماق، شاخ، پېلەك قاتارلىق شەكىللەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتاپپەرەس، بۇغداي، كۆممىقوناق باشقى قاتارلىق ئاز ساندىكى زىرائەت شەكىللىرى ۋە راۋاق، قۇببە، پىرامىدا قاتارلىق ئىمارەت شەكىللىرىمۇ ئۆرنەك قىلىنىدۇ. گېئومېترىيەلىك شەكىللەردىن سىزىق، ئۈچ بۇلۇڭ (تۇمارچە)، رومبا، تۆت تەرەپلىك، چەمبەر قاتارلىق شەكىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



لەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ئۆرنەكلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى كۆ ـ پىنچە يەككە، بەزىدە ئاددىي گۈل گۇرۇپپىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر كۆپىنچە گۇرۇپپىلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

خىپچە توقۇلمىلارنى گۈل چىقىرىلىدىغان ـ چىقىرىلمايدىغانلىقىغا قاراپ: گۈلسىز توقۇلمىلار ۋە گۈللۈك توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. تور ئىشتان، تور پايپاق، بوۋاقلار ئايىغى قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا ھېچقانداق گۈل چىقىرىلمايدۇ. شۇڭا، بۇلار گۈلسىز مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ. گۈللۈك توقۇلمىلارنى گۈل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ: شەكلەن گۈللۈك مەھسۇلاتلار ۋە رەڭدار گۈل ـ لۈك مەھسۇلاتلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. شەكلەن گۈل ـ لۈك مەھسۇلاتلاردا تەگلىك رەڭ ۋە گۈل رېڭى ئايرىمىسى بولمايدۇ، يەنى مەھسۇلات يۈزىدە بىر خىللا رەڭ بولىدۇ. گۈل ـ نەقىشلەر تەگلىكتىن پەقەت شەكىل جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ، يەنى ھالقىلاپ توقۇش داۋامىدا نەخ يېگۈزۈش، نەخ ئاۋۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات تېگىدىن تۇمارچە تىزما، رومبا تىزما، كا ـ تەكچە تىزما، غازاڭ تىزما، گارمون قاتلاق سىزىق قاتارلىق گۈل شەكىللىرى چىقىرىلىدۇ. بۇنداق گۈللەر كۆپىنچە ئەرلەر كىيىمى ۋە ياغلىق، پەلتو، ئۈزۈن كۆڭلەك قاتارلىقلارغا چىقىرىلىدۇ. رەڭدار گۈللۈك مەھسۇلاتلاردا تەگلىك رەڭ بىلەن گۈل رېڭى ئايرىمىسى ئېنىق بولۇپ، گۈللەر تەگلىكتىن ھەم شەكىل، ھەم رەڭ پەرقى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. گۈللەرنىڭ بەزىسى بىر خىللا رەڭلىك يىپ ئارقىلىق ھاسىل قىلىنسا، بەزىلىرى بىر نەچچە خىل، ھەتتا 10 خىلدىن ئارتۇق رەڭدار يىپلارنى دەۋرىي ھالدا ئىشلىتىش ئارقىلىق مۇرەككەپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. بۇنداق گۈل شەكىللىرى پوپايكا، مايكا، بولۇپمۇ باللار پوپايكىلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

خىپچە توقۇمىچىلىقىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ گۈل، رەڭ نۇسخىلىرى بەك كۆپ. بۇ يەردە شۇلار ئىچىدىكى ئالاھىدىرەك بىر تۈر — تور پوتىنى تونۇشتۇرىمىز.

تور پوتا — بەلۋاغ تۈرىدىكى مەھسۇلات بولۇپ، خىپچىنى ۋاسىتە قىلىپ ئىلمە توقۇلما ئۇسۇلىدا توقۇلىدىغانلىقى ئۈنىڭ باشقا

بەلۋاغلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر. تور پوتا شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**خالتا پوتا:** تار ۋە ئۇزۇن خالتا شەكلىدە توقۇلىدىغانلىقى بۇ خىل پوتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، «خالتا پوتا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1.80~2.00 مېتىر، كەڭلىكى 25~30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى بېشىغا قول ئىشى ئارقىلىق پىششىق يۇڭ يىپتىن چۇچا چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالتا ئاغزى ئېتىلىدۇ. ئەمما، توقۇش داۋامىدا پوتا ئۇچىدىن 50 سانتىمېتىرچە نېرىغا ئېغىز چىقىرىلىدۇ. يېمەكلىك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر شۇ ئېغىزدىن «خالتا» غا قاچىلىنىدۇ ۋە بەلگە باغلىنىدۇ.

**تۈز پوتا:** بۇ خىل پوتىنىڭ ئۆلچىمى ۋە توقۇش ئۇسۇلى خالتا پوتىغا ئوخشىشىدۇ. ئەمما، شەكلى خالتا شەكلىدە ئەمەس، بەلكى سىدىرغا ئوخشىشىدۇ. شارپىغا ئوخشىشىدۇ، شۇڭا «تۈز پوتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

تور پوتىلار كۆپىنچە تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ يىپتىن پىششىق ۋە چىڭ توقۇلىدۇ. ئادەتتە پوتا يۈزىدە گۈل بولمايدۇ. قىسمەنلىرىنىڭ ئىككى بېشىغا رەڭدار يىپتىن بىر نەچچە پەتلە سىلىنىپ بالداق گۈل چىقىرىلىدۇ، ئىككى بېشىغا چۇچا چىقىرىلىدۇ. چۇچىلارنىڭ ئۇچىغا پۆپۈك تۈگۈپ ياكى ھەر خىل رەڭلىك مارجانلار ئۆتكۈزۈلۈپ زىننەتلىنىدۇ. تور پوتا تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ياش يىگىتلەرگە خاس بولۇپ، بەلگە باغلىغاندا، ئىككى ئۇچىنىڭ بەل چىگىمىكىدىن ئاشقان قىسمى بەلگە قىستۇرۇلماي قورساق ئالدىغا ساڭگىلىتىپ قويۇلىدۇ. چۇچا ئۇچىدىكى پۆپۈك ياكى مارجانلار رەڭدار لەپىلمە ھاسىل قىلىپ، يىگىتلەرگە ئالاھىدە سۆلەت بېغىشلايدۇ. شۇڭا، قىزلار ياخشى كۆرگەن يىگىتلەرگە مۇشۇنداق تور پوتىلارنى سوۋغا قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. تور پوتا توقۇمىچىلىقى ھازىر ئاساسەن يوقالدى.

خىپچە توقۇمىچىلىقى ۋە خىپچە توقۇلمىلار توقۇمىچىلىقىنىڭ باشقا ھەر قانداق تۈردە تېپىلمايدىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

**سايمان ئەۋزەللىكى:** خىپچە توقۇمىچىلىقىغا پەقەت بىر نەچچە تال خىپچە بولسىلا بولىدۇ. ھېچقانداق ئېغىر، مۇرەككەپ سايمانلارغا

www.uyghurkitap.com



ھاجەت چۈشمەيدۇ. شۇڭا، خىپچە توقۇمىچىلىقى خالىغان جايدا يو-رۇشۇۋېرىدۇ.

ۋاقىت تېجەش ئەۋزەللىكى: خىپچە توقۇمىچىلىقىنىڭ تېخنىكىسى بىر قەدەر ئاددىي، سەل پەل كۆڭۈل قويسىلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. خىپچە توقۇلمىلارنى ئولتۇرۇپمۇ، مېڭىپ كېتىۋېتىپمۇ، ئۆيدىمۇ، دالىدىمۇ توقۇغىلى بولىدۇ.

ماتېرىيال تېجەش ئەۋزەللىكى: خىپچە توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا پىچىش ـ كېسىش بىھاجەت بولغاچقا، كېرەكسىز ماتېرىيال چىقمايدۇ. يىپ ئېشىپ قالغان تەقدىردىمۇ يەنە باشقا بۇيۇملارنى توقۇغىلى بولىدۇ.

كۆچ تېجەش ئەۋزللىكى: خىپچە توقۇمىچىلىقى يۇرۇشلەشكەن مەشغۇلات بولۇپ، يۇقىرى ئەمگەك سىجىللىقىنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا، ياشانغان ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرمۇ ئۇنى بىمالال ئىشلەپ كېتەلەيدۇ.

ياشارتىش ئەۋزەللىكى: خىپچە توقۇلمىلارنىڭ ئېلاستىكىلىقى ياخشى، سەل چوڭ ياكى سەل كىچىك كېلىپ قالسا چاتمايدۇ. بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك بولسا بۇزۇپ قايتا توقۇشقا بولىدۇ. رەڭگى ئۆڭۈپ قالسا قايتىدىن بوياققا سېلىپ ياشارتىشقا بولىدۇ.

كۆپ ئىقتىدارلىق: خىپچە توقۇلمىلارنىڭ ئەۋرىشىملىكى يۇقىرى، مۇۋاپىق سوزۇلۇش ياكى يىغىلىش ئارقىلىق بەدەن گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ. ئىسسىق ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى، ۋەزنى يېنىك، چىدامچانلىقى يۇقىرى، ھەر قانداق جىنس ۋە ھەر قانداق ياشتىكىلەر كىيىشكە باپ كېلىدۇ.

خىپچە توقۇمىچىلىقىغا خاس بولغان ئەۋزەللىكلەر ئۇنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن، خىپچە توقۇمىچىلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىقلىشىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. ھازىر سانائەت ئىلمە توقۇمىچىلىقى قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىقىنىڭ ئورنىنى ئالغان، قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىقىنىڭ دائىرىسى تارىيىپ، مەھسۇلاتى ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللى-

كى ۋە ئەمەلىي قىممىتى يوقالمىدى.

**(2) موكا توقۇلمىلىرى:** بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان موكا توقۇلمىلىرى بۆزچىلىك دۇكىنىدىن پايدىلىنىپ تەپكە تېپىپ، گىرە ئېچىپ، موكا ئېتىپ، ئارقاق سېلىپ توقۇلىدىغان يۇڭ توقۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسى ئاللىقاچان يوقالغان، پەقەت يۇڭ پوتا توقۇمىچىلىقىلا يېقىنقى زامانغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

يۇڭ پوتا ئىنچىكە ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئېنى 0.50 مېتىر، بويى 1.80 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇرۇشى ۋە ئارقاقمۇ تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى بېشىغا بويالغان رەڭدار يىپلاردىن ئۈچ-تۆت قاتاردىن ئارقاق پەتلىسى سېلىنىدۇ. ئۇرۇشى 20~25 لۇت (بىر لۇت 16 نەخ يىپ) يۇگۇرۇلىدۇ. گۇل نۇسخىلىرى ئاددىي بولۇپ، رەڭلىك پەتلە سېلىنىش ئارقىلىق بالداق گۇللەر هاسىل قىلىنىدۇ. ئىككى بېشىدا چۇچا قالدۇرۇلىدۇ ۋە بىر نەچچە تال چۇچا يىلتىزى تۈۋىدىن چىگىلىدۇ.

يۇڭ رەخت موكا توقۇمىچىلىقى هازىر پۈتۈنلەي يوقالدى.

**(3) پىلتىكۈچ يۇڭ توقۇلمىلىرى:** پىلتىكۈچ ئارقىلىق ئارقاق ئۆتكۈزۈپ توقۇلىدىغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ موكا توقۇمىچىلىقىدىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئارقاق يىپ ئۇرۇش گىرەسىگە موكا ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئارقاق يىپ يۆگەلگەن پىلتىكۈچ ياغاچنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق سېلىنىدۇ. پىلتىكۈچ يۇڭ توقۇلمىلار يۇڭ چەكمەن، پايتىما، جاۋا گىلەم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، يۇڭ چەكمەن بىلەن پايتىما رەخت هېسابلىنىدۇ. يۇڭ جاۋا بولسا، گىلەم تۈرىگە كىرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئورتاقلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ يۇڭ جاۋا توقۇمىچىلىقى مۇشۇ قاتاردا بايان قىلىنىدۇ.

**يۇڭ چەكمەن.** قوي، تۆگە يۇڭىدىن ئېگىرىلگەن تەبىئىي رەڭلىك يىپتىن توقۇلىدۇ. ئۇرۇش يىپنى ئۇرچۇق ياكى قولچاقتا ئىنچىكە، پىششىق ئېگىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئارقاق يىپ قولچاقتا ئېگىرىلسىمۇ، يىكچاقتا ئېگىرىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇرۇشقا قارىغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خامراق ئېگىرىلىدۇ. ئۈرۈش ـ ئارقاق يىپلارنىڭ دىئامېتىرى بىر مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. يۇڭ چەكمەن سىڭار قات يىپتىن پىششىق توقۇلىدۇ. ئېنى 18~20 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 12 غۇلاچ (16~18 مېتىر) بولىدۇ. بۇ، بىر كىيىملىك رەخت ھېسابلىنىدۇ.

يۇڭ چەكمەن ئاق، بوز، مەللە رەڭلەردە بولىدۇ. ئۈرۈش ـ ئارقاقلارغا پەتلە سىلىنماي سىدام توقۇلىدۇ. توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېھتىياجغا ئاساسەن تەبىئىي ياكى سۈنئىي بوياقلاردا بوياپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

يۇڭ چەكمەن چىداملىق، ئىسسىق بولىدۇ، يامغۇر ئۆتمەيدۇ. شۇڭا، ھۆل ـ يېغىن كۆپ، ھاۋاسى تولا ئۆزگىرىدىغان تاغلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. كۆپ قىسمى ئۆز جايىدا ئىشلىتىلىدۇ. يۇڭ چەكمەندىن تون، چاپان، يەكتەك، ئىشتان، قالپاق قاتارلىقلار تىكىلىدۇ.

پايىتما: بۇ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشتان پۇچقىقى سىرتىغا ئورىۋالدىغان يۇڭ توقۇلما رەخت بولۇپ، تېرە چورۇق بىلەن بىر يۈرۈش قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىپى ئۆلچىمى رەڭ ئالاھىدىلىكى ۋە توقۇلۇش ئۇسۇلى يۇڭ چەكمەننىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. پەرقى: ئېنى تاختا، ئادەتتە 15 سانتىمېتىر بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقىغا قارىتا مۇقىم ئۆلچەم يوق، چەكمەنگە ئوخشاش ئۇزۇن توقۇلۇپ، ئېھتىياجغا قاراپ كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ.

جاۋا: جاۋا بەزى شېۋىلەردە «گىلەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا قوي، تۆگە يۇڭلىرى، ئۆچكە چۈپۈرى ۋە قوتازنىڭ يۇلۇچ يۇڭىدىن ئېگىرىلگەن يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېنى 20~30 مېتىرغىچە بولىدۇ، كېسىپ ئەنلەپ ئىشلىتىلىدۇ. جاۋىنىڭ سىدام توقۇلىدىغانلىرى كەم ئۇچرايدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسمى تەبىئىي رەڭلىك يىپ ياكى بويالغان يىپتىن گۈللۈك توقۇلىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى بىر قەدەر ئاددىي، ئۈرۈشكە پەتلە سىلىش ئارقىلىق گۈل چىقىرىلىدۇ. ئارقاققا پەتلە چۈشمەيدۇ. ئاساسەن گېئومېترىيەلىك شەكىللەردىكى گۈللەر چىقىرىلىدۇ.

جاۋا يىپ ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقغا ئاساسەن «يۇڭ گىلىمى» ۋە «يەر گىلىمى» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

يۇڭ گىلىمىنىڭ ئۇرۇش ـ ئارقاقلىرى سىڭارقات سېلىنىدۇ، دىئامېتىرى بىر ـ ئىككى مىللىمېتىر بولىدۇ. ئۇرۇش پەتلىسى كۆپىنچە قىزىل، يېشىل، شاپتۇل چېچەكى، سېرىق رەڭلەردە بويالغان يىپلاردىن يول چىقىرىپ سېلىنىدۇ. جاۋا يۈزىدە ئۈچ ـ تۆت خىل رەڭدار يىپ يوللىرى بىر گۇرۇپپا پەتلە ھاسىل قىلىدۇ ۋە دەۋرىي ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەر بىر رەڭدار يول بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ.

يەر گىلىمىنىڭ ئۇرۇش ـ ئارقاقلىرى كۆپىنچە سىڭارقات يىپتىن، قىسمەن ھاللاردا ئۇرۇش جۈپلەپ تاللانغان يىپتىن سېلىنىدۇ. دىئامېتىرى ئىككى ـ ئۈچ مىللىمېتىر بولىدۇ. ئۇرۇش پەتلىسى ئاساسەن ئاق ۋە قارا يىپلاردىن يول چىقىرىپ سېلىنىدۇ. جاۋا يۈزىدە ئاق يىپ تەگلىك قىلىنىدۇ. قارا يىپتىن گۈل نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ. بىر ئەن يەر گىلىمى يۈزىدە 3～4 كىچە پەتلە بولىدۇ. ھەر بىر پەتلە 5～3 قاتار قارا يولدىن تەركىب تاپىدۇ ھەمدە ئاق تەگ يوللار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. رەڭدار يوللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يول كەڭرەك (تۆت ـ بەش سانتىمېتىر) بولۇپ، «تاختا» دەپ ئاتىلىدۇ. تاختىنىڭ ئىككى چېتىدىكى رەڭدار يوللار تارراق (بىر ئىككى سانتىمېتىر) بولۇپ، «سۇلاغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇڭ گىلىمى بىلەن يەر گىلىمىنىڭ يۈزىدە رەڭدار يوللۇق گۈللەر بولغاندىن باشقا توچكا ياكى كاتەكچە گۈللەرمۇ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق گۈللەر شەكىل پەرقىگە ئاساسەن «قوي كۆزى نۇسخىسى»، «موزاي چىشى نۇسخىسى»، «چۈكە نۇسخىسى» دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ خىل گۈللەر ئاساسەن تەبىئىي رەڭدار يوللۇق گىلەملەرنىڭ سۇلاغ يولىدىن چىقىرىلىدۇ، يەنى تاختا يولىنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇلاغ يولىغا ئاق ۋە قارا ئۇرۇش «ABAB» تەرتىپى بويىچە يەتتە نەختىن سېلىنسا رەخت يۈزىدە تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.5×2 سانتىمېتىر بولغان قارا پاراللېل تۆت تەرەپلىك گۈل قاتارى ھاسىل بولىدۇ. بۇ نۇسخا «موزاي چىشى نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۇلاغ يولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارا ۋە ئاق ئۆرۈش «AABAA» تەرتىپىدە بىر قانچە نەختىن سىبلىنسا، سولاغ يولىدا ئاق ۋە قارا توچكىلار ھاسىل بولىدۇ. بۇ نۇسخا «قوي كۆزى نۇسخىسى» دېيىلىدۇ.

يۇڭ گىلەمى نېپىزرەك، تالا گۈللىرى زىچ، رېڭى شوخ، كۆركەم بولىدۇ. ئەدىيال، كارىۋات ئايىغى، داستىخان، سۇپرا، ئاسما سومكا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. يەر گىلەمى يۇڭ گىلەمگە قارىغاندا قېلىنراق، گۈللىرى شالاڭ، رېڭى ئاددىي بولىدۇ. تاغار، جاۋا گىلەم (پالاس)، توۋرا تىكىشكە، توقۇم يۈزلۈكى قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. جاۋىدىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىكىشتە ئىككى قىرغىقى يۆمەپ تىكىپ ئەنلىنىدۇ. ئىككى بوي بېشىغا ئىزما تىكىلىدۇ.

يۇڭ چەكمەن ۋە جاۋا توقۇمىچىلىقى ھەم ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھازىر زور دەرىجىدە ئازايدى، پەقەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاندا ـ مۇندا ئۇچرايدۇ.

2) يۇڭ توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا ئۇن، تۈز قاتارلىق ماتېرىيال؛ خىپچە، قازان، توقۇمىچىلىق دۈكىنى قاتارلىق دۈكان ـ سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇن، تۈز: بولار يۇڭ پوتا ۋە يۇڭ چەكمەن ئۆرۈشلىرىنى پاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. 20 جىڭ سۇغا ئىككى ـ ئۈچ سەر ئاق ئۇن ياكى تېرىق ئۇنى، بىر ـ ئىككى سەر تۈز سېلىنىدۇ. ئۇن ئورنىغا كېپەك ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مىقدار سەل كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

خىپچە: بۇ، بامبۇك ياكى يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسىلىدىغان چوكا بولۇپ، دىئامېتىرى ئىككى ـ ئۈچ مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40~20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىككى بېشى ئۇچلۇق بولىدۇ. ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قازان: ئادەتتىكى چۆيۈن قازان بولۇپ، ئۆرۈش پاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

دۈكان: يۇڭ پوتا 4~2 تەپكىلىك بۆزچىلىك دۈكىنى ئارقىلىق توقۇلىدۇ. يۇڭ چەكمەن، پايتىما ۋە يۇڭ جاۋا توقۇشتا يۇڭ چەكمەن توقۇمىچىلىق دۈكىنى ئىشلىتىلىدۇ. يۇڭ چەكمەن دۈكىنى گەرچە دۈكان دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن مۇقىم دۈكان ئۆيى ۋە قوزغالماس قۇ-

رۆلمىلار بولمايدۇ. ئادەتتە چوۋۇپ بوغۇپ قويۇلۇپ، ئىشلىتىش ۋاقتىدا دالاغا قوراشتۇرۇلىدۇ. چەكمەن توقۇش دۈكىنى قوش قوزۇق، ياقا قوزۇق، چىۋىلداق قوزۇق، كۆزۈك قوزۇقى، كىندىك قوزۇقى، ئۈچ پاچاق ئاچا، قىلىچ، گىرە تاختىسى، باسقۇ، تارتقۇ، ئارغامچا، پىلتىكۆچ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

**قوش قوزۇق، ياقا قوزۇق:** بۇلار دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىرلىق ياغاچتىن ئۈچلاپ ياسىلىدۇ. چەكمەن ياكى جاۋا ئۇرۇشنى تارتىشتا ئاساسلىق مۇقىملاشتۇرغۇچى قوزۇق قىلىنىدۇ.

**چىۋىلداق قوزۇقى:** دىئامېتىرى بىر-ئىككى سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر جۈپ قوزۇق بولۇپ، كۆزۈك تانىبىنى باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆزۈك قوزۇقى:** بۇ، ئۆلچىمى چىۋىلداق قوزۇقى بىلەن ئوخشاش بولغان ياغاچ قوزۇق بولۇپ، دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇشلەرنى ئەركەك يىپ ۋە چىشى يىپقا ئايرىش، چىشى ئۇرۇشلەرنى كۆزۈك ھالقىسىغا ئىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىندىك قوزۇق:** ئۆلچىمى چىۋىلداق قوزۇقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قوش قوزۇقنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىدىن تارتىلغان ئۇرۇشلەرنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۈچ پاچاق ئاچا:** بۇ، دىئامېتىرى ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.50 مېتىر ئەتراپىدىكى ئۈچ تال تاياقنىڭ بىر ئۇچىنى باغلاپ ياسالغان ئۈچ پاچاقلىق ئاچا بولۇپ، كۆزۈك تايىقىنىڭ يىپىنى ئېسىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قىلىچ: بۇ، شەكلى قىلىچقا ئوخشاش سايمان بولۇپ، چىلان ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. دەستە ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، تىغ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، چۈلدا توملۇقى ئىككى سانتىمېتىر بولىدۇ. تىغ چۈلدىسىنىڭ قارشى تەرىپى نېپىز قىرلىق بولىدۇ. تىغ گەۋدىسىنىڭ دەستە قارشىسىدىكى بۆلۈكنى قىيپاش كېسىلىدۇ ۋە «بارماقلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. قىلىچ ئۇرۇش گىرەسى ئارىسىغا سېلىنغان ئارقاقنى ئۇرۇپ چىڭداشقا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



گىرە تاختىسى: بۇ، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىرلىق ئىككى پارچە تاختاينى ئىككى بېشىدىن پاچاق ئارقىلىق چېتىپ ياسالغان پاراللېل تۆت تەرەپلىك سايمان بولۇپ، ئىككى تاختاي ئارىسى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. گىرە تاختىسى دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇشتىن چىشى گىرە ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

باسقۇ: بۇ، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىرلىق ياغاچ تاختاي بولۇپ، ئۇرۇشلەردىن ئەركەك گىرە ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تارتقۇ: بۇ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر بولغان نوغۇچ شەكىللىك تاياق بولۇپ، ئۇرۇش ھالقىسىغا ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇشنى چىڭىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارغامچا: بۇ، ئادەتتىكى ئارغامچا بولۇپ، تارتقۇنىڭ ئىككى بېشىغا باغلاپ، قوش قوزۇققا تارتىپ ئۇرۇشنى چىڭىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

پىلتىكۈچ: ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر بولغان ياغاچ تاياقچە بولۇپ، ئارقاق يۈگەشكە ئىشلىتىلىدۇ، يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا موكا رولىنى ئۆتەيدۇ.

### 3) يۇڭ توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتى

ئوخشاش بولمىغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئوخشاش بولمىغان دۇكان ـ سايمانلار ئارقىلىق توقۇلىدۇ.

(1) خىپچە توقۇلمىلىرىنى توقۇش: خىپچە توقۇلمىلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي كىيىم تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىپتىدائىي كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە تاياقتا شوينا تالاش ۋە قولچاقتا يىپ ئېگىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغلاردا يۇڭ يىپلاردىن ئايرىم تاسما توقۇپ، ئاندىن ئۇلارنى چېتىپ كىيىم تىككەن، ئەمما بۇنىڭ تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس.

خىپچە توقۇلمىلىرى تەييارلىق باسقۇچى ۋە توقۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا، توقۇلماقچى بولغان بۇيۇمنىڭ تۈرى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ تۈرى بېكىتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن يىپ تەييارلىنىدۇ. جۇپلەشكە تېگىشلىك يىپلار جۇپلىنىدۇ. جۇپلەپ تالاشقا تېگىشلىك يىپلار يىكچاق ياكى قولچاقتا جۇپلەپ تالىنىدۇ. ئاقارتىشقا تېگىشلىك يىپلار پاتلاپ ياكى كىر سوپۇندا يۇيۇلۇپ كىر، داغلار تازىلاپ ئاقارتىلىدۇ. بوياشقا تېگىشلىك يىپلار تەپلىمە ياكى كالۋۇ قوزۇقىدا كالۋۇ قىلىنىپ، ئاندىن قايناتما بوياقتا بويىلىدۇ. تەييارلانغان يىپلار يۆگەپ كاللەكلىنىدۇ.

**توقۇش باسقۇچى:** ھازىر قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىقىمىزدا يۇڭ يىپتىن ھەر خىل توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

**باشلاش ئۇسۇلى:** باشلاش خىپچە توقۇلمىلىرىنى توقۇشتىكى تۈنجى ئىش ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە ئوڭ ھالقىلاپ باشلاش، ئوڭ ـ تەتۈر ھالقىلاپ باشلاش، تاق ھالقىلاپ باشلاش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا سانائەت ئىلمە توقۇمىچىقىدىكى ئارتۇقچىلىقلار قوبۇل قىلىنىپ، نۇرغۇن يېڭى باشلاش ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلدى. باشلاش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى مەھسۇلاتنىڭ گىرۋەك كۆرۈنۈشى ۋە ئېلاستىكىلىقىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ھەر خىل ئۇسۇلدا باشلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ گىرۋەك كۆرۈنۈشى پەرقلىق بولىدۇ. سوزۇلۇشچانلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلاتلار ئىستېمال تەلىپى بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار تاللىنىپ باشلىنىدۇ.

**توقۇش، گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى:** خىپچە توقۇلمىلارنىڭ بەت كۆرۈنۈشى، ئېلاستىكىلىقى ۋە گۈل نۇسخىلىرىغا بولغان تەلەپ ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى توقۇشتا كۆپىنچە ئوڭ ھالقىلاش، ئوڭ ـ تەتۈر ئارىلاش ھالقىلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئوڭ ھالقىلاش دېگەنلىك بارلىق ھالقىلاردىن يېڭى ھالقا ئېلىپ چىقىرىشتا، بىر خىل يۆنىلىشتە ھالقا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تۈز بەتلىك شەكىل ھاسىل بولىدۇ. ئوڭ ـ تەتۈر ئارىلاش ھالقىلاش يېڭى ھالقا چىقىرىشتا نەخ ئارىلاپ ياكى بىر قانچە نەخ ئارىلاپ ئوڭ ھال-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلاشقا قارشى يۆنىلىشلىك ھالقا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا توقۇلغان بۇيۇم يۈزىدە يىپ قىرلىرى ۋە يىپ ئىزىقلىرىدىن تۈزۈلگەن گارمون قاتلىقى ھاسىل بولىدۇ. يەڭ ئۇچى، ئېتەك گىرۋىكى قاتارلىقلار كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇلدا توقۇلۇپ، يۇقىرى ئېلاستىكىلىقىقا ئىگە قىلىنىدۇ.

خىپچە توقۇلمىلارغا گۈل چىقىرىش مەشغۇلاتى ھالقىلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، نەخ كۆپەيتىش، نەخ يېدۈرۈش، يىپ يەڭگۈشلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

**هالقىلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش:** بۇ، ئوڭ ھالقىلاش، تەتۈر ھالقىلاش، تاق ھالقىلاش، جۈپ ھالقىلاش ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق گېئومېترىيەلىك شەكىل ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ گۈل چىقىرىلىدۇ.

**نەخ كۆپەيتىش:** بۇ، ئاستىنقى رەتتىكى ھالقىلاردىن ئۈستۈنكى رەتتىكى ھالقىلارنى چىقىرىشتا بىر ھالقىدىن ئۇدا ئىككى ھالقا ئېلىپ چىقىرىپ، توقۇلۇۋاتقان بۇيۇمنىڭ نەخ سانىنى (ھالقا سانىنى) كۆپەيتىشنى كۆرسىتىدۇ. نەخ كۆپەيتىش ئارقىلىق توقۇلمىنىڭ يۈزىنى كېڭەيتىپ ياكى كۆپتۈرۈپ ئىستېمال ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. نەخنى ھەر بىر ھالقىلاردىن كۆپەيتىشكىمۇ، نەخ ئاتلاپ كۆپەيتىشكىمۇ، گىرۋەكتىن كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ، ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىگىلىنىدۇ.

**نەخ يېگۈزۈش:** بۇ، نەخ ئازايتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئاستىنقى رەتتىكى ھالقىلاردىن ئۈستۈنكى رەتتىكى ھالقىلارنى چىقىرىشتا ئىككى ھالقا ئىچىدىن بىر نەخ يىپ ئۆتكۈزۈپ بىر ھالقا ئېلىپ چىقىرىش ئارقىلىق بىر نەخ ئازايتىلىدۇ. نەخ ئازايتىش ئارقىلىق توقۇلۇۋاتقان بۇيۇم يۈزىنى تارايتىپ، بۇيۇم ئۆلچىمىنى ئىستېمال تەلىپىگە لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

نەخ كۆپەيتىش ياكى نەخ ئازايتىش ئارقىلىق توقۇلۇۋاتقان بۇيۇم ئۆلچىمىنى تەڭشەشتىن ئۆزگە، يىپ ھالقىلىرىنىڭ (شۇنىڭ بىلەن بىللە يىپ قىرلىرى، يىپ ئىزىقلىرى ۋە ھالقا تۆشۈكلىرىنىڭ) يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئۆرنەكلىك گۈللەر ۋە گېئومېترىيەلىك

شەكىللەردىكى گۈللەر ھاسىل قىلىنىدۇ.

يىپ يەڭگۈشلەش: بۇ، ھەر خىل رەڭدار يىپلاردىن گۈل چىقىرىلىدىغان بۇيۇملارنى توقۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، مەلۇم بىر خىل رەڭدە توقۇلىدىغان گۈل پۈتكەندە (گۈلنىڭ ھەر بىر قۇرىنى تەشكىل قىلىدىغان ھالقىلار گىرۋەككە يەتكەندە)، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە باشقا بىر خىل رەڭلىك يىپ يەڭگۈشلەپ ئىشلىتىلىدۇ. يىپ يەڭگۈشلەشتە ھەر خىل رەڭلىك يىپلارنى ئۈزۈپ ئۇلاپ ئىشلىتىشكىمۇ، ۋاقىتىنچە رولى بولمىغان يىپنى ئۈزمەي توختىتىپ قويۇپ، باشقا رەڭلىك يىپ يەڭگۈشلەپ داۋاملاشتۇرۇپ توقۇشقا، مۇشۇ رەۋىشتە ھەممىسىنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ھالقىلاپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

يۇقىرىقى توقۇش ئۇسۇللىرىدىن ئايرىم قوللىنىلىدىغىنى ئاز ئۇچرايدۇ، يەنى سىدام توقۇلىدىغان پوتا، شارپا قاتارلىق ئاز ساندىكى بۇيۇملارنىلا بىر خىل ئۇسۇلدا توقۇپ چىققىلى بولىدۇ. كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلارنى بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىقلا توقۇپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ھەر خىل توقۇش ئۇسۇللىرى ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئىككى-ئۈچ قات يىپنى بىر جۈپلەپ توقۇش ئارقىلىق چىپار توچكا گۈللەر چىقىرىلىدۇ. تەكشى بەتلىك بۇيۇملار يۈزىدە ئوخشاشمىغان بىر نەچچە خىل يىپنى يەڭگۈشلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق رەڭدار بالداق گۈللەر چىقىرىلىدۇ. سىلىدىنىر شەكىللىك بۇيۇملار يۈزىدە بىر نەچچە خىل يىپنى يەڭگۈشلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق پورشىن شەكىللىك رەڭدار ئايلانما گۈللەر چىقىرىلىدۇ. نەخ كۆپەيتىش، نەخ يىگۈزۈش، ھالقىلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، توقۇلما يۈزىدە تىك رومبا تىزما، قىيپاش رومبا تىزما، تىك غازاڭ تىزما، قىيپاش غازاڭ تىزما شەكىللىرى چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە رەڭدار يىپلارنى يەڭگۈشلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئارىلاش رەڭلىك تىزما گۈللەر چىقىرىلىدۇ.

خىيچە توقۇلمىلارنىڭ بەت شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى مەھسۇلاتلار بىراقلا توقۇپ پۈتكۈزۈلىدۇ، بەزىلىرى بۆلەكلەر بويىچە توقۇلۇپ، بىر نەچچە باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق پۈتكۈزۈلىدۇ. قول ھۈنەر خىيچە توقۇمىچىلىقىمىزدا كۆپ ئۇچراي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ـدىغان پۇتكۈزۈش ئۇسۇلى بىراقلا پۇتكۈزۈش، بۆلۈپ پۇتكۈزۈش ۋە چېتىپ پۇتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىراقلا پۇتكۈزۈش. بۇنىڭدا توقۇلىدىغان بويۇم بىر باشتىن باشـلىنىپ بىراقلا پۇتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئۇسۇل قۇرۇلمىسى ئاددىي، تۈز بەتلىك ياكى سىلىندىر، كونۇس شەكىللىك بۇيۇملارنى، يەنى شارپا، تاغلىق، تۈز پوتا، خالتا پوتا، پوسما قاتارلىقلارنى توقۇشقا باب كېـلىدۇ. بۇيۇمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 5~2 تالىغىچە خىپـچە ئىشلىتىلىدۇ.

بۆلۈپ پۇتكۈزۈش. بۇنىڭدا توقۇلىدىغان بۇيۇملارنىڭ مەلۇم قىسـمى ئاۋۋال پۇتكۈزۈلۈپ، ئاندىن قالغان قىسمى پۇتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئۇـسۇل ئاچا شەكىللىك قۇرۇلمىسى بولغان بۇيۇملارنى، مەسىلەن تور ئىشتان، تور مايكا قاتارلىقلارنى توقۇشقا باب كېلىدۇ. بۇنداق بۇـيۇملار ئاۋۋال پۇتۇن تەرىپىدىن باشلاپ توقۇلىدۇ. ئىشتان ئىبغى، مايـكا كۆكسى قاتارلىق ئاچا ئايرىلىش نۇقتىسىغا كەلگەندە، بىر تەرەپـتىكى ئاچا قىسمى توختىتىلىپ، يىپ ھالقىلىرى خىپچە ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلۇپ، يەنە بىر ئاچا قىسمى توقۇپ پۇتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توختىتىپ قويۇلغان قىسمى پۇتكۈزۈلىدۇ.

چېتىپ پۇتكۈزۈش. بۇنىڭدا توقۇلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى ئايرىم ئايرىم توقۇلۇپ پۇتكۈزۈلگەندىن كېيىن چېتىپ پۇتۇنلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولغان پوپايكا، ئۇـزۇن يەڭ كۆڭلەك قاتارلىق بۇيۇملارنى توقۇشقا باب كېلىدۇ. بۇنداق بۇيۇملارنىڭ گەۋدە قىسمى بۆلۈپ پۇتكۈزۈش ئۇسۇلىدا توقۇلىدۇ. ئىككى يېڭى ئايرىم ئايرىم توقۇلىدۇ، ئاندىن گەۋدىسى بىلەن يېڭى يىپتا، خىپچىلاپ چېتىپ پۇتكۈزۈلىدۇ. ھازىر بۇنداق بۇيۇملارنى بۆلۈپ پۇتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق توقۇشقىمۇ ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدا توقۇش مەشغۇلاتى كېيىمنىڭ ياقىسىدىن باشلىنىدۇ. ياقا ۋە بويۇن قىسمى توقۇلۇپ بولغاندا، تۆت تەرەپكە قارىتىپ نەخ كۆپەيـتىلىپ، مۇرە قىسمى شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. يەڭ چېكى خىپچىدا مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، گەۋدىسى پۇتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئىككى يېڭى ئايـرىم ئايرىم توقۇپ پۇتكۈزۈلىدۇ.

خىپچە توقۇلمىلارنى توقۇشتا، بۇرۇن تور كۆڭلەك قاتارلىق قۇ ـ رۇلمىسى مۇرەككەپرەك بولغان مەھسۇلاتلار ئارقا بوي، ئوڭ پەش، سول پەش، يەڭ قاتارلىقلارنى ئايرىم ـ ئايرىم توقۇپ، ئاندىن چېتىپ پۈتۈنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ھازىر بۇ ئۇسۇل ئەمەلدىن قالدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر خىپچە توقۇمىچىلىق مەھسۇلات ـ لىرىنىڭ تۈرى، گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ خىللىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، باشلاش، توقۇش، گۈل چىقىرىش ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(2) موكا توقۇلمىلىرىنى توقۇش: بۇ، بۆزچىلىك دۇكىنىدا يۇڭ رەختلەرنى توقۇشنى، يەنى يېقىنقى زامانغىچە ساقلىنىپ كەلگەن يۇڭ پوتا توقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

يۇڭ پوتا توقۇشتا ئىككى تەپكىلىك ۋە تۆت تەپكىلىك بۆزچىلىك دۇكىنى ئىشلىتىلىدۇ.

يۇڭ پوتا توقۇش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، ئۇرۇش يۇگۇ ـ رۇش باسقۇچى، توقۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى ئىش تەرتىپلىرى ۋە مەش ـ غۇلات قائىدىلىرى بۆز توقۇلمىلارنى توقۇشنىڭكىگە ئوخشاش. پەر ـ قى: يۇڭ يىپ تومراق بولغاچقا، ئومۇمىي ئۇرۇش سانى ئازراق بولى ـ دۇ، يەنى ھەر 16 نەخ يىپ بىر لۈت قىلىنىپ 25~20 لۈت ئۇرۇش يۈگۈرۈلىدۇ. ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان پوتىلارغا سۈرە تارانلىق بۆز پوتا ياكى ياندۇرما تارانلىق بۆز پوتا گۈللىرىگە ئوخ ـ شاش گۈللەر چىقىرىلىدۇ.

يۇڭ پوتا قايسى خىل دۇكاندا، قايسى نۇسخىدا توقۇلسۇن، بىر ـ دەك ئىككى بېشىدا ئۇزۇنراق چۇچا قالدۇرۇلىدۇ. بىر نەچچە تال چۇچا يىلتىزى بىر قىلىپ چىگىلىدۇ.

(3) پىلتىكۈچ توقۇلمىلىرىنى توقۇش: يۇڭ چەكمەن، پايتىما، جاۋا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى توقۇشتا پىلتىكۈچ ئارقىلىق ئارقاق سېلىنىدىغان مەخسۇس دۇكان ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇش ـ ئارقاق تەي ـ يارلاش ۋە توقۇش مەشغۇلاتى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، تەييارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باسقۇچى، ئۇرۇش يۇگۇرۇش باسقۇچى، توقۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

① تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا ئۇرۇش پاتلاش، يىپ بوياش، ئارقاق يۆگەش، دۇكان قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار قىلىنىدۇ.

**ئۇرۇش پاتلاش:** قازانغا ئۆلچەم بويىچە سۈزۈك سۇ قۇيۇپ ئوت يېقىلىدۇ. سۇ قاينىغاندا ئۇن ۋە توز سېلىپ قوچۇلىدۇ، ئاندىن ئېبگىرىپ تەييارلانغان چەكمەن، پاتما ئۇرۇش (جاۋا ئۇرۇشى پاتلانمىسىمۇ بولىدۇ) كاللەكلىرى سېلىنىدۇ ھەمدە توختاۋسىز قوچۇپ بېرىلىدۇ. 15مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىلغاندىن كېيىن، يىپ كاللەكلىرى ئارىسىغا سۇ ئۆتۈپ قازان تېگىگە چۆكىدۇ. بۇ، ئۇرۇشنىڭ پاتلىنىپ پىشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يىپ كاللەكلىرى دەرھال سۈزۈۋېلىنىپ سۇيى ساقىتىلىدۇ. چەكمەن ئۇرۇشىنى پاتلاش ئارقىلىق يىپنىڭ پىششاقلىقى تۆۋەنلىتىلىپ، توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا يىپ ئۈزۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، چەكمەن سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**يىپ بوياش:** يۇڭ گىلەمنىڭ رەڭدار يوللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇش يىپلار تەلەپ بويىچە كالۋۇ قىلىنىپ، قايناتما بوياقتا بويىلىدۇ.

**ئارقاق يۆگەش:** چەكمەن، پاتما ۋە جاۋىنىڭ ئارقاق يىپلىرى پىلتىكۇچنىڭ گەۋدىسىگە ئىككى بېشىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىسىدىن گىرە كەلتۈرۈلۈپ «8» رەقىمى شەكلىدە يۆگىلىدۇ. يىپ يۆگىمى بەك توم بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**دۇكان قۇراشتۇرۇش:** يۇڭ چەكمەن توقۇش دۇكىنىنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر ئەتراپىدا بولغان تۈز يەر تاللىنىپ پاكىزلىنىدۇ، ئاندىن يەرنىڭ بىر بېشىغا قوش قوزۇق ئوڭ ـ سولغا بۆلۈپ قېقىلىدۇ. بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئوڭ قوزۇق»، «سول قوزۇق» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، دەل ئوتتۇرىسىغا كىندىك قوزۇق قېقىلىدۇ. مەيداننىڭ يەنە بىر بېشىغا كىندىك قوزۇققا ئۇدۇللاپ ياقا قوزۇق قېقىلىدۇ. سول قوزۇقنىڭ ئالدىدىن 30 سانتىمېتىر كېلىدى-

غان جايغا كۆزۈك قوزۇقى قېقىلىدۇ. كۆزۈك قوزۇقىنىڭ سىرتقى يان تەرىپىدىن 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان جايغا چىۋىلداق قوزۇقى قېقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇكان قۇراشتۇرۇلۇپ بولىدۇ.

② **ئۇرۇش يۇگۇرۇش باسقۇچى:** تەييارلانغان ئۇرۇش يىپ ئۇچى كىندىك قوزۇق تۇۋىگە باغلىنىپ، يىپ قۇيرۇقى ئوڭ قوزۇق سىرتى، ياقا قوزۇق سىرتى، كۆزۈك قوزۇق ئىچى، سول قوزۇق سىرتىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ كىندىك قوزۇققا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇرۇش يىپ كىندىك قوزۇق گەۋدىسىگە يېرىم يۆگىلىپ كەينىگە قايتۇرۇلۇپ، سول قوزۇق سىرتى، كۆزۈك قوزۇق سىرتى (كۆزۈك قوزۇق بىلەن چىۋىلداق قوزۇقى ئارىسى) دىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن ياقا قوزۇق ۋە ئوڭ قوزۇق سىرتىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ كىندىك قوزۇق گەۋدىسىگە يېرىم يۆگىلىپ كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. دېمەك، دۇكانغا تارتىلغان ئۇرۇش يىپلىرى قوش قوزۇق ۋە ياقا قوزۇقلارنىڭ سىرتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئوڭدىن سولغا ئايلاندۇرۇلۇپ كېلىنگەن بارلىق ئۇرۇشلەر كۆزۈك قوزۇق ئىچىدىن، سولدىن ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ تارتىلغان بارلىق ئۇرۇشلەر كۆزۈك قوزۇق سىرتىدىن ئۆتىدۇ.

ئۇرۇش تارتىش داۋامىدا كۆزۈك تانىبىنىڭ بىر ئۇچى چىۋىلداق قوزۇقنىڭ تۇۋىگە باغلىنىدۇ، يەنە بىر ئۇچى كۆزۈك قوزۇقنىڭ سىرتىدىن ئۆتكەن ئۇرۇشنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ كۆزۈك قوزۇقنىڭ سىرتىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆزۈك قوزۇق سىرتىدىن ئۆتكەن ئۇرۇش ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن سول چىۋالداق قوزۇقى سىرتىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ ئوڭ چىۋىلداق قوزۇقى گەۋدىسىگە بىر يۆگىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. دېمەك، ئۇرۇش يۇگۇرۇش داۋامىدا كۆزۈك تانىبى كۆزۈك قوزۇقى سىرتىدىن ئۆتكەن بارلىق ئۇرۇشلەرنى بىر بىرلەپ كۆزۈك ھالقىسىغا ئالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ھالقىغا ئېلىنغان ئۇرۇشلەر «چىشى ئۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆزۈك قوزۇق ئىچىدىن ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بارلىق ئۆرۈشلەر ھالقا سىرتىدا قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئۆرۈشلەر «ئەركەك ئۆرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆرۈش يىپى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تارتىلىپ، كۈزۈك تانىبى باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۈزۈك قوزۇق يۆلۈپ تاشلىنىدۇ. كىندىك قوزۇقى يۆلۈپ چىقىرىلىپ قوش قوزۇق سىرتىغا توغرا قويۇلىدۇ. چۈشلىداق قوزۇقىمۇ يۆلۈپ ئېلىنىپ ئۆرۈش ئۈستىگە توغرا قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا ياقا قوزۇق يۆلۈپ ئېلىنىپ بىر مېتىر ئەتراپىدا كەينىگە يۆتكەپ قېقىلىدۇ، ئاندىن كىندىك قوزۇقتىكى ئۆرۈش ھالقىسىغا تارتقۇ ئۆتكۈزۈلۈپ، تارتقۇنىڭ ئىككى بېشى ئارغامچىدا باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىندىك قوزۇق قوش قوزۇق سىرتىدىن قوش قوزۇق ئىچىگە ئېلىنىپ، تارتقۇ باغلانغان ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى ئوڭ ـ سول قوزۇقلارغا چىڭ تارتىپ باغلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇكانغا تارتىلغان ئۆرۈشلەر ياقا قوزۇق تەرەپتە تىك ھالقا، قوش قوزۇق تەرەپتە كۈندىلەڭ ھالقا ھاسىل قىلىپ يەر يۈزىدىن 20~15 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە مۇئەللەق تارتىلىپ تۇرغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۈچ پاچاق ئاچا تارتقۇ ئالدىدىكى 60 سانتىمېتىرلىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چۈشلىداقنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلانغان ئاسما يىپ ھالقىسى ئۈچ پاچاق ئاچىنىڭ چوققا ئاچىسىغا ئىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇڭ چەكمەن توقۇش ھازىرلىقى پۈتىدۇ.

③ توقۇش باسقۇچى: ئاسما يىپ ئۈچ پاچاق ئاچىغا ئىلىنغاندىن كېيىن، كۈزۈك ھالقىلىرىنىڭ ئۈستىگە تارتىلىشى نەتىجىسىدە، تارتقۇ ياغىچىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن بىر تاختا ئۆرۈشتىكى بارلىق چىشى ئۆرۈشلەر ئۈستىگە 10~8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تارتىلىدۇ. ئەركەك ئۆرۈشلەر ئەسلىي تەكشىلىكتە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا گىرە ئېچىلىدۇ. بۇ چاغدا كۈزۈك ئالدىدىكى گىرە ئارىسىغا قىلىچ ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەركەك ئۆرۈشلەر چىشى ئۆرۈشلەرنىڭ ئۈستىگە تارتىلىپ، كۈزۈك كەينىدە ئەركەك ئۆرۈشلەرنىڭ ئاستى ۋە چىشى ئۆرۈشلەرنىڭ ئۈستىدىن

گىرە تاختىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. گىرە تاختىسى ئۈستىدىن ئۆتكەن ئۇرۇشلەر ئۈستىگە باسقۇ تاختىيى ئورنىتىلىدۇ، ئاندىن قىلىچ ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مۇشۇ تەرتىپلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن توقۇش مەشغۇلاتىنى باشلاشقا بولىدۇ.

چەكمەن، پايتىما (جاۋا) توقۇشتا، خالۋاپ تارتقۇ ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولىدا گىرە تاختىسىنى ئالدىغا تارتىپ كۆزۈك هالقىسىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە چىشى ئۇرۇشلەر يۇقىرىلاپ، ئەركەك ئۇرۇشلەر تۆۋەنلەپ چىشى گىرە ئېچىلىدۇ. خالۋاپ كۆزۈك ئالدىدىكى چىشى گىرەگە قىلىچ ئۆتكۈزۈپ تىغىنى ئاستىن، چۈلدىسىنى ئۈستۈن قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، گىرە ئارىسىدىن ئوڭدىن سولغا پىلتىكۈچ ئۆتكۈزۈپ ئارقاق سالىدۇ. ئارقىدىن بىر قولىدا قىلىچ دەستىسىنى، بىر قولىدا بارماقلىقىنى تۇتۇپ، قىلىچ تىغىدا ئەمدىلا گىرەگە ئۆتكۈزۈلگەن ئارقاقنى ئۇرۇپ چىڭدايدۇ، ئاندىن قىلىچنى سۇغۇرىپ تاشلاپ، سول قولىدا گىرە تاختىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ باسقۇچنى كۈچەپ باسىدۇ. بۇ چاغدا ئەركەك ئۇرۇشلەر ئۈستىگە تارتىلىپ، چىشى ئۇرۇشلەر تۆۋەنلەپ ئەركەك گىرە ئېچىلىدۇ. خالۋاپ ئوڭ قولىدا كۆزۈك ئالدىدا گىرە ئارىسىغا قىلىچ ئۆتكۈزۈپ، ئارقاق سالىدۇ ۋە قىلىچ ئارقىلىق ئۇرۇپ چىڭدايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشغۇلات يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

چەكمەن، پايتىما ياكى جاۋا توقۇلۇپ مەلۇم ئارىلىققا يەتكەندە ئۈچ پاچاق ئاچا ياقا قوزۇق تەرەپكە سۈرۈلۈپ، توقۇش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ پاچاق ئاچا ياقا قوزۇققا يېقىنلاپ، گىرەنى ئېچىش قىيىنلىشىپ قالغاندا، تارتقۇ باغلاقچىسى توشتىلىپ، رەختنىڭ توقۇلۇپ بولغان قىسمى تارتقۇدىن ئاستىغا ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزۈلۈپ، تېخى توقۇلمىغان ئۇرۇشلەر يۈرۈشتۇرۇلۇپ ئۈستىگە چىقىرىلىدۇ ۋە توقۇش مەشغۇلاتى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. توقۇلمىغان ئۇرۇش بىر مېتىرچە قالغاندا (گىرە ئېچىش مۇمكىن بولمىغاندا) توقۇش توختىتىلىپ رەخت كېسىۋېلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پىلتىكۈچلۈك دۇكاندا توقۇلىدىغان يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم نۇقتىنى ئېگىلەش كە دىققەت قىلىش لازىم: بىرىنچىدىن، ئۆرۈش ـ ئارقاق يىپلارنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكىنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۆرۈش يۈگۈرۈشتە رەڭدار ئۆرۈشلەرنى ئاـ رىلاش تارتىشقا توغرا كەلسە، ئۇلاق تۆگۈنچىسى چوقۇم كىنىدىك قوزۇق ئەتراپىغا كەلتۈرۈلۈشى لازىم، بولمىسا، رەخت گۈللىرىنىڭ رېتىمى بۇزۇلۇپ كېتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئۈـ چىنچىدىن، توقۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا قىلىچ ھەرىكىتى، گىرە تاختىسى ھەرىكىتى، باسقۇ ھەرىكىتى، ئۈچ پاچاق ئاچا ھەرىكىتى، پىلتىكۈچ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بەش يۈرۈش ھەرىكەت بولۇپ، بۇـ نىڭ ئىچىدە قىلىچ ھەرىكىتى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، قىلىچ ھەرىكىتىنىڭ ئوخشاش بېسىم بىلەن تەكشى داۋاملاشتۇرۇـ لۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بولمىسا، ئارقاق بەزىدە زىچ، بەـ زىدە شالاڭ چۈشۈپ قېلىپ مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

يۇڭ چەكمەن، پايىتىما ۋە جاۋا توقۇش مەشغۇلاتىدا قول ـ پۇتلارـ نىڭ ئىش تەقسىماتى ئەتلەس ۋە بۆز توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتىدىكىـ دەك بولمايدۇ. بارلىق مەشغۇلاتلار دېگۈدەك قول ھەرىكىتى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇ ھال ئىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن، چەكمەن توقۇش دۇكىنىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەۋزەللىكىمۇ بار. بىرىنچىدىن، بۇ خىل دۇكانلار تاغلىق، چارۋىچىـ لىق رايونلىرىنىڭ شارائىتىغا ماسلاشقان. كىچىككىنە تۈز يەر بولـ سىلا دۇكان قۇرۇپ مەشغۇلات قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆچمەن چارۋىچىلىق ياكى يۆتكىلىپ يۈرۈپ مال بېقىش داۋامىدا مەلۇم ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۆتكـ لىشكە توغرا كەلسە، تېخى توقۇلۇپ بولمىغان ئۆرۈشنى قاتلاپ ـ يۆگەپ ئېلىپ كېتىشكە ۋە يېڭى بارغان جايدا قايتىدىن دۇكان قۇـ رۇپ داۋاملاشتۇرۇپ توقۇشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، چەكمەن دۇكىـ نىدا قوزغالماس ئېغىر قۇرۇلمىلار ياكى مۇرەككەپ تۈزۈلۈشلۈك قۇرۇلمىلار بولمايدۇ.

# §7. بوياقچىلىق ۋە بۆزگۈللۈك بوياملار①

## 1. بۆز گۈللۈك بوياما ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

بۆز رەخت بوياقچىلىقىدىكى بۆز گۈللۈك بوياملار ھەر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇللاردا رەخت يۈزىگە گۈل چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. بۆز گۈللۈك مەھسۇلاتلارنىڭ گۈل جەگىلىرى ۋە گۈل شەكلى باسما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. رەخت تېگى ۋە بەزى گۈللەرنىڭ جەگىسى ھەر خىل ئۇسۇللاردا بويىلىدۇ. بۆز گۈللۈك مەھسۇلاتلارنى گۈل چىقىرىش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ: چىغرىق باسما بوياملار، قېلىپ باسما بوياملار ۋە تامغا باسما بوياملار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**1) چىغرىق باسما گۈللۈك بوياملار**

چىغرىق باسما گۈللۈك بوياملار سىرتقى دىۋارىغا ھەر خىل گۈل شەكلى ئويۇلغان باسما چىغرىقى ئارقىلىق يۈزىگە گۈل بېسىپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، گۈل شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ شاتىۋار ۋە شەتلەڭگىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**(1) شاتىۋار:** باسما چىغرىقىدا ماتا ياكى داكىغا گۈل بېسىلغان گۈللۈك رەخت بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈل، غۇنچە، پېلەك جەگىسىنىڭ ئىچى ۋە تەگلىك رېڭىنى بوياش ئۇسۇلى ئىككى خىل. تەبىئىي بوياقتا بوياش ئۇسۇلى قوللىنىلسا تەگلىك بوياشقا ئوردان ئىشلىتىلىدۇ، پۈتكەن مەھسۇلات قارا جەگە، قىزىلگۈل، قىزىل تەگلىك بولىدۇ. سا-

① ئۇيغۇر قول ھەنەر - سەنئىتىدە ھەرخىل بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەرخىل ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى، مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى، ياسالما بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سانائەت بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۇلارنى تەڭشەش ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ يىپ - توقۇلمىلار، يۇڭ يىپ- توقۇلمىلارنى بوياش ئۇسۇللىرى قولىمىزدىكى بۇ كىتابلارنىڭ 4-تومىدىكى «خوتەن يىپەكچىلىكى»، «خوتەن گىلەمچىلىكى» ناملىق مەزمۇنلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولغاچقا، تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە بۆز يىپ ۋە بۆز توقۇلمىلارنى بوياش ئۇسۇللىرىلا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



نائەت بويىقى ئىشلىتىلسە جەگە سىزىقلىرى قارا، گۈل ۋە تەگلىك رېڭى قانداق رەڭ ئىشلىتىلسە شۇ رەڭدە بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئەنئەنىۋى بوياش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىمىز.

شاتىۋار گۈللىرى ئومۇمەن گۈل ـ گىياھ شەكىللىرى، گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر ۋە باشقا شەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ. گۈل ـ گىياھ نۇسخىلىرى شاخ، پىلەك، چېچەك، غۇنچە، غازاڭ، گىجەك (تال يىپىغا ئوخشاش شەكىل) قاتارلىق تەبىئىي نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرى تەسەۋۋۇر ۋە فانتازىيە كۈچى ئارقىلىق مۇبالىغە قىلىش، شاخلىتىش ئۇسۇللىرىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق تەبىئىي نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىنغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ھەر بىرى يەنە نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن: چېچەك ـ گۈللەر ئۈچ بەرگ، تۆت بەرگ، بەش بەرگ، سەككىز بەرگ، 10 بەرگ، 11 بەرگ، 16 بەرگ چېچەك شەكىللىرىگە؛ شاخ ـ پىلەكلەر تاق پىلەك، قوش پىلەك، تۈز پىلەك، ئەگرى پىلەك، قايچىلاشما ئەگرى پىلەك قاتارلىق شەكىللەرگە؛ غۇنچىلەر تاق غۇنچە، قوش غۇنچە، تۈز غۇنچە، ئەگرى غۇنچە، تۈز سىزىق غۇنچە، كىرپىكلىك غۇنچە دېگەندەك شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ.

گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەردىكى گۈل نۇسخىلىرى سىزىق، چېلەك (+)، چەمبەر، ھالقا، مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك، غەيرىي مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەر بىر خىلى يەنە نۇرغۇن جانلىق شەكىللەرگە ئىگە. مەسىلەن: سىزىق شەكلى تاق سىزىق، قوش سىزىق، كۆپ قەۋەت قاتار سىزىق، كەكلىك قېشى سىزىق قاتارلىقلارغا؛ چېكىت شەكلى چوڭ چېكىت، ئارا چېكىت، كىچىك چېكىت، ئۇرۇنما چېكىت، ئۈچ ئۇرۇنما چېكىت قاتارلىق شەكىللەرگە؛ چەمبەر شەكلى تاق چەمبەر، قوش ھالقا چەمبەر، كۆپ ھالقا چەمبەر، ئۇرۇنما چەمبەر، كېسىشمە چەمبەر، مۇرەككەپ كېسىشمە چەمبەر، تۇتاش ياي چەمبەر قاتارلىق شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ. باشقا بۇيۇملارنىڭ شەكلى: يېنىشۋاتقان شام شەكلى، يىپ تۈرۈلگەن

قومۇش شەكلى، تۇمارچە (تىلتۇمار) شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئەمما بۇنداق شەكىلدىكى گۈللەر ئانچە كۆپ ئەمەس).

شاتىۋار يۈزىدىكى گۈللەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرىقى گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ مۇۋاپىق گۇرۇپپىلىنىشىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: جۈپ ھالقىنىڭ ئۈچ چېلەك شەكىللىك گۈل چاغىسىنى ھالقىغا ئېلىشى، تاق ياپراقلىق سەككىز شوئار شەكىللىك گۈل چاغىسىنىڭ جۈپ ھالقىسىنى ھالقىغا ئېلىشى ئارقىسىدا 16 بەرگىلىك مۇرەككەپ گۈل گۇرۇپپىسى ھاسىل بولىدۇ. كەكلىك قېشى سىزىقلىق تۆت دانە رومبىنىڭ تۆت قۇلاقلىق بىر گۈلنى قاتمۇ قات ھالقىغا ئېلىشى ئارقىسىدا مۇرەككەپ كەكلىك قېشى سىزىقلىق رومبا گۈل گۇرۇپپىسى ھاسىل بولىدۇ. قوش سىزىقلىق مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىكنىڭ تۆت دانە ئالتە بەرگىلىك چېچەكنى ھالقىغا ئېلىشى، قوش تۇمارچە سىزىقلىق مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىكنىڭ قوش سىزىقلىق مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىكنى ھالقىغا ئېلىشى، تاق سىزىقلىق مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىكنىڭ قوش تۇمارچە سىزىقلىق مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىكنى ھالقىغا ئېلىشى ئارقىلىق مۇرەككەپ مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك گۈل گۇرۇپپىسى ھاسىل بولىدۇ.

يۇقىرىقى يەككە گۈل شەكىللىرى ياكى گۈل گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەكشى بەتكە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق شاتىۋار گۈل نۇسخىلىرى ھاسىل بولىدۇ. گۈل نۇسخىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ يەككە ياكى مۇرەككەپ بولۇشىغا قاراپ، شاتىۋار گۈل نۇسخىلىرىنى ئاددىي گۈللۈك شاتىۋار ۋە مۇرەككەپ گۈللۈك شاتىۋار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. شاتىۋارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇرەككەپ گۈللۈك بولىدۇ.

مەيلى قانداق گۈللۈك شاتىۋار بولسۇن، گۈللىرى يەككە ياكى مۇرەككەپ گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە تىزىملىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. تىزىلىش شەكلى كۆپىنچە: تۈز سىزىقلىق تىزما، تىك سىزىقلىق تىزما، قىيپاش تىزما، قايچىلاشما تىزما، تەڭ بۆلۈنمە تىزما، تەڭسىز بۆلۈنمە تىزما، چاچما تىزما دېگەندەك شەكىللەردە بولىدۇ. گۈل گۇرۇپپىلىرى ياكى گۈل تىزمىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



ئارىسىدىكى بوشلۇقلار كىچىك ۋە ئاددىي گۈل شەكىللىرى ئارقىلىق تولدۇرۇلىدۇ.

شاتىۋارنىڭ نامى كۆپىنچە گۈل گۇرۇپپىلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان گۈل ئېلېمېنتىنىڭ نامى، قىسمەن ھاللاردا گۈل تىز ـ مىسىنىڭ شەكىل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، چىچەك نۇسخا، بۆلۈنمە نۇسخا، غازاڭ نۇسخا، ئۈۋاق نۇسخا، بۇغدىيەك نۇسخا، تەڭگە نۇسخا، شاخچە نۇسخا، رومبا، ئاسما نۇسخا دېگەنگە ئوخشاش.

شاتىۋار گۈل نۇسخىلىرى 50 خىلغا يېقىنلىشىدۇ، گۈل نۇسخى ـ لىرىنى ھاسىل قىلغۇچى گۈل ئېلېمېنتلىرى ۋە ئۇلاردىكى ئۆزگى ـ رىشلەر نەچچە يۈز خىلغا يېتىدۇ.

شاتىۋارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ خېلى كەڭ، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىشكە ئىشلىتىلگەندىن سىرت زەدىۋال، يوتقان ـ كۆرپە تېشى، ياغلىق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەي ـ يارلاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**(2) شەتلەڭگە:** شەتلەڭگە كاتەكچە گۈللۈك رەخت بولۇپ، ھەر قاندىقىنىڭ گۈللىرى رەختنىڭ بويى ۋە توغرىسىغا يۆنەلگەن رەڭدار سىزىقلارنىڭ كېسىشىپ ئۆتۈشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق گۈللەر ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە «دەرەۋزۈن گۈل» دەپ ئاتىلىدۇ. دە ـ رەۋزۈن پەنجىرە ـــ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ياغاچ توقۇلما نەقىش، رامكا گۈل ماھىيەتتە ئۇيغۇر ياغاچچىلىقىنىڭ نا ـ دىر مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولغان دەرەۋزۈن شەكلىنىڭ بوياقچى ـ لىقتا تەقلىد قىلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

شەتلەڭگىنى رەخت يۈزىدىكى گۈللەرنى تەشكىل قىلغۇچى گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ پەرقىگە قاراپ ئاددىي شەتلەڭگە ۋە گۈللۈك شەتلەڭگە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئاددىي شەتلەڭگە گۈل ئېلېمېنتلىرى دەرەۋزۈن گۈللۈك ئاددىي سىزىقلاردىن تەركىب تا ـ پىدۇ. گۈللۈك شەتلەڭگىنىڭ گۈللىرى بولسا دەرەۋزۈن گۈل سى ـ زىقلىرىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىلىرى ۋە سىزىقلار ئارىسىدىكى كا ـ تەكچىلەرگە ھەر خىل گۈل ئېلېمېنتلىرى شەكلىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتلىك پەرق نۇقتىسىدىن

ئېيتقاندا، گۈللۈك شەتلەڭگە گۈللۈك رەخت، ئاددىي شەتلەڭگە بول-
سا رەڭدار يوللۇق بوياق رەخت ھېسابلىنىدۇ. گۈللۈك شەتلەڭگە
گۈللىرى بىر ياكى بىر قانچە يانداش تۈز سىزىقلارنىڭ تىك، توغرا،
قىيپاش ياكى مۇرەككەپ يۆنىلىشتە سوزۇلۇپ، ئۆز ئارا كېسىشىپ
ئۆتۈشى ئارقىلىق چوڭ چاقماق، كىچىك چاقماق، بۆلۈنمە چاقماق،
رومبا، مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك، غەيرىي مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك،
كۆپ قەۋەتلىك قايچىلاشما چاقماق، تىركەلمە چاقماق قاتارلىق شە-
كىللەردىكى كۈنگۈرىلەرنى ھاسىل قىلىشىدىن بەرپا بولىدۇ. ھەر
بىر يولدىكى يانداش تۈز سىزىقلار سانى كۆپ بولغاندا بەشكە يېتى-
دۇ. ھەر خىل شەكىللىك كۈنگۈرىلەر رەخت يۈزىدە تۈز تىزما، تىك
تىزما، قىيپاش تىزما، تىركەلمە تىزما، ئۇرۇنما تىزما قاتارلىق شە-
كىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ. كۈنگۈرىلەرگە ياكى سىزىقلارنىڭ كې-
سىشكەن نۇقتىلىرىغا بىر بىرلەپ ياكى بىر يول ئاتلاپ ۋە ياكى بىر
نەچچە يول تاقلاپ ھەر خىل گۈل ـ چېچەك شەكلى نەقىشلىنىدۇ.
بۇنداق چېچەك نەقىشلىرى خەنجەر ئۇچلۇق تۆت قۇلاق، تۆت گى-
جەكلىك تۆت قۇلاق، تۆت چېكىتلىك تۆت قۇلاق، بۆرەك ئۇچلۇق
تۆت قۇلاق، يەتتە چەمبىرەك چېچەك، سەككىز بەرگىلىك چېچەك،
كىچىك تەڭگە چېكىت، تىركەلمە ئۇچلۇق تۆت رومبا، قوشقۇلاق قا-
تارلىق كىچىك گۈل ئېلېمېنتلىرىنى يەككە ئىشلىتىشتىن ھاسىل
بولىدۇ. گۈللۈك شەتلەڭگە نۇسخىلىرى 10 خىلدىن ئاشىدۇ ۋە ئاي-
رىم خاس ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

گۈللۈك شەتلەڭگە ھەر خىل ئايالچە كىيىملەرنى، كۆرپە، ياستۇق
قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

2) قېلىپ باسما گۈللۈك مەھسۇلات ـــ ھەمزەك

قېلىپ باسما بوياقچىلىقى قاڭالتىردىن ياسالغان قېلىپ يۈزىدىن
ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى گۈل ئورنىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، شۇ
ئورۇندىن رەخت يۈزىگە رەڭلىنىشنى چەكلىگۈچى بوياق بېرىش ئار-
قىلىق گۈللۈك رەخت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان باسما تېخنىكىسىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا قېلىپ باسمىسى
ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتتىن ھازىر بىزگە مەلۇم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بولغىنى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار «ھەمزەك رەخت» ۋە «ھەمزەك
زەدىۋال» دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ھەمزەك رەخت ئادەتتە «ھەمـ
زەك» دەپلا ئاتىلىدۇ.

ھەمزەك قىلىپ باسمىسى ئارقىلىق گۈل بېسىلىدىغان، چىلىما
بوياق ئارقىلىق تەگلىكى بويىلىدىغان گۈللۈك رەخت بولۇپ، ئۇنىڭ
تېگى نىل كۆك (زۆتىنە)، ھاۋا رەڭ ياكى ئاچ ھاۋا رەڭ، گۈللىرى
بىردەك ئاق بولىدۇ. ھەمزەك ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدىكى
ئەڭ قەدىمىي گۈللۈك رەخت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىنىڭ ئالدى
ـ كەينىدىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى نىيا خارابىسى ۋە سامـ
پۇل قەبرىستانلىقىدىن ھەمزەك پارچىلىرى تېپىلغانلىقىغا ئاساسـ
لىنىپ، ئۇيغۇر بۆز بوياقچىلىقىدا ھەمزەك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىكـ
كى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

ھەمزەك گۈل نۇسخىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك ئېـ
لېمېنىت شاتىۋار گۈل ئېلېمېنىتلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا گۈل ـ
گىياھ شەكىللىرى، گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر ۋە بەزى تۇرمۇش
بۇيۇملىرى شەكىللىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما، بۇلار ئىچىدە گۈل
ـ گىياھ شەكىللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گېئومېتىرىيىلىك
شەكىللەر بىر قەدەر ئاز بولۇپ، پەقەت ئاز ساندىكى چەمبەر، چاقماق
شەكىللىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. پۈتۈن رەخت يۈزىدە بويىغا توغرا
يۆنىلىشلىك ياكى رەخت ئېنىگە تىك، قىيپاش يۆنىلىشلىك بۆلۈنمە
سىزىقلار بولمايدۇ. ھەر خىل يەككە گۈل ئېلېمېنىتلىرى مەلۇم قاـ
ئىدە بويىچە تىزىلىپ، گۈل گۇرۇپپىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈل
گۇرۇپپىلىرىنىڭ رەخت يۈزىدە تۈز بەتلىك داۋام قىلىشى ياكى دەۋـ
رىيلىك تەكرارلىنىشى ئارقىلىق گۈل نۇسخىلىرى ھاسىل بولىدۇ.

ھەمزەك گۈل نۇسخىلىرى رەخت يۈزىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرـ
غۇچى گۈل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن: ئالما گۈل نۇسخا، تەڭگە گۈل
نۇسخا، شاخ نۇسخا، غۇنچە نۇسخا، بادام نۇسخا، چۆگۈن نۇسخا، ئانار
نۇسخا، ئاپتاپپەرەس نۇسخا، چاچما نۇسخا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈـ
نىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى نۇسخىلار ئاساسىي گۈلنىڭ شەكلى پەرقىـ
گە ئاساسەن يەنە بىر قانچەخىلغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، شاخ نۇسخا،

يىلان باغرى شاخ نۇسخا، تاق چېچەك شاخ نۇسخا، قوش چېچەك شاخ نۇسخا، شاخ بۆلۈنمە نۇسخا دېگەندەك. بەزى نۇسخىلار گۈللەرنىڭ رەخت يۈزىدە ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ تەڭداشلىق ياكى چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقىگەئاساسەن بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، تەڭ چاچما نۇسخا ھەمزەك يۈزىدىكى گۈللەر تەڭداش مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىپ داۋاملىشىدۇ. ئارىلاش چاچما نۇسخا ھەمزەكتە بولسا بىر چوڭ ئايگۈل (مەركىزىي گۈل) ئەتراپىغا يۈلتۈزدەك چېچىلغان بىر قانچە كىچىك گۈللەر قوشۇلۇپ دەۋرىي رەۋىشتە داۋام قىلىدۇ.

ھەمزەك گۈل نۇسخىلىرى 30~20 خىلغا بارىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا گۈللەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شاتىۋار بىلەن شەتلەڭگىگە قارىغاندا شالاڭراق بولۇپ، كىشىگە ئازادىلىك، جىمجىتلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. ھەمزەك ھەر خىل ئايالچە كىيىملەرنى تىكىشكە ۋە بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھەمزەكنىڭ ئاق تەگلىك، نىل كۆك گۈللۈك تۈرىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم.

ھەمزەك زەدىۋال: ھەمزەك رەخت بېسىش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان زەدىۋال بولۇپ، گۈل بېسىش، بوياش ئۇسۇلى ھەمزەك رەخت ئىشلەپچىقىرىشنىڭكىگە؛ زەي، كانارا، مېھراب تۈزۈلۈشى بولسا تامغا باسما بوياق زەدىۋالنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ (شۇڭا تەپسىلىي بايان قىلىنمايدۇ)، ئەمما گۈل تۈزۈلۈشى ئاددىيراق بولۇپ، ھەمزەك گۈللىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، گۈلى ئاق، تېگى نىل كۆك رەڭدە بولىدۇ. ھەمزەك زەدىۋال گۈل نۇسخىسى 20 خىلغا بارىدۇ.

**3) تامغا باسما گۈللۈك مەھسۇلاتلار**

تامغا باسما بوياقچىلىقى بىر يۈزىگە گۈل ئويۇلغان ياغاچ تامغىدا رەخت يۈزىگە گۈل بېسىپ، ئاندىن باشقا قوشۇمچە ۋاسىتىلەردە ھەر خىل گۈللۈك ياكى رەڭدار يوللۇق رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تېخنىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر قول ھۈنەر بوياقچىلىقىدا تامغا باسما بوياقچىلىقى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. سەرگەز، زەدىۋال، داستىخان، جايناماز، ياغلىق، بەلياغلىق قاتارلىق گۈللۈك مەھسۇلاتلار ۋە تېرىكە قاتارلىق رەڭدار يوللۇق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بۇ تۈرگە كىرىدۇ. تامغا باسما بوياقچىلىقنىڭ كەسىپلىشىشىمۇ بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قەدەر ئىنچىكە بولغان. مەخسۇس سەرگەزچىلىك، داستىخانچىلىق، بەلياغلىق باسمىچىلىقى، تېرىكە باسمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار بارلىققا كەلگەن، بەزى مەھسۇلاتلار سىرتقى جايلار بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن.

(1)سەرگەز: سەرگەز ماتا رەختكە ئويما تامغىدا گۈل بېسىپ، ئاندىن قايناتما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق بويىلىدىغان گۈللۈك بۆز رەخت بولۇپ، گۈل جەگىلىرى قارا، جەگە ئىچى قىزىل، تېگى ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ.

سەرگەز گۈللىرىدە گۈل ـ گىياھلارغا تەقلىد قىلىنغان گۈل ـ چېچەك، غۇنچە، شاخ، يىلەك قاتارلىق شەكىللەر؛ چەمبەر، چېكىت، مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك، مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك قاتارلىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر گۈل ياسىغۇچى ئېلېمېنت قىلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن گۈل ـ نەقىش گۇرۇپپىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ.

سەرگەزدە جىيەك، كانارا بولمايدۇ. يەككە گۈل ئېلېمېنتلىرى ياكى گۈل گۇرۇپپىلىرى سەرگەز بوي يۆنىلىشى بويىچە تىزما نەقىش ھاسىل قىلىدۇ. بەزى گۈل ئېلېمېنتلىرى شاخ ياكى يىلەككە مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە تىزىلىپ، بەزى نەقىش ئېلېمېنتلىرى چېشلەشمە شەكىل ياكى مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك قاتارلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ سەرگەز بوي يۆنىلىشى بويىچە قاتار ھاسىل قىلىدۇ.

سەرگەز گۈللىرىدە ئادەتتە مەلۇم بىر خىل گۈل ئېلېمېنتى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇلار تۈز سىزىق بويلاپ بىۋاسىتە تىزىلىش ئارقىلىق بىر قەدەر رىتىملىق گېئومېتىرىيىلىك تىزما شەكىل ھاسىل قىلىدۇ. گۈللىرى بىر قەدەر كىچىك، زىچ بولۇپ، رەخت بويى ئۇزۇن قاتار، رەخت ئېنى تىك ياكى قىيپاش قاتارلاردىن تەشكىللىنىدۇ. شاخ ـ يىلەك تىزما گۈللۈك قىسمەن نۇسخىلىرىدا ئاساسىي گۈل ۋە قوشۇمچە گۈل ئايرىمىسى بولىدۇ. شاخ، يىلەك، چېچەك، غۇنچە، يوپۇرماقلار ئاساسىي گۈل ئومۇرتقىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكى بوشلۇقلار رىتىملىق تىزىلغان كىچىك چېكىت گۈللەر ئارقىلىق تولدۇرۇلىدۇ. ئاساسىي گۈللەر رەخت يۈزىدە بىر نەچچە قاتار ھاسىل قىلىپ، چېكىت گۈللەر ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ،

كىشىگە چەكسىزلىك، ئازادلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ھەر خىل گۈللەر سەرگەزلەر رەخت يۈزىدىكى گۈل ئېلېمېنتىدىنىڭ (ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتىنىڭ) ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. سەرگەز نۇسخىلىرى: قوچقىراق نۇسخا، بۇغدىيەك نۇسخا، چايچى نۇسخا، يىلان باغرى نۇسخا، چېلەك گۈل نۇسخا، ئۈچ چىش نۇسخا، چارچىن نۇسخا، ئۇۋاق نۇسخا، شاخچە نۇسخا قاتارلىق 30~20 خىلغا بارىدۇ.

سەرگەز تەگلىك رەڭ پەرقىگە قاراپ ئاق تەگلىك سەرگەز ۋە قىزىل تەگلىك سەرگەز دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تەگلىك بوياققا تەبىئىي بوياق ئىشلىتىلگەن ياكى سانائەت بويىقى ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ تەبىئىي بوياق سەرگەز ۋە سۈنئىي بوياق سەرگەز (بۇلار خەلق ئارىسىدا جىڭ سەرگەز ۋە جا سەرگەز دەپ ئاتىلىدۇ) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

سەرگەز پاختىلىق كىيىملەر ۋە يوتقان ـ كۆرپىگە ئەستەر قىلىشقا، زەدىۋال قىلىشقا، قىسمەن ھاللاردا داستىخان قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) زەدىۋال: زەدىۋال تامغا تۇتۇلىدىغان گۈللۈك بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە سەنئەت بۇيۇمىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 توم، 517 ـ بېتىدە («گرام» دېگەن سۆزلەمگە: «تامغا تارتىلىدىغان گۈللۈك چارشاپ» دەپ، «تام گېرمى» دېگەن مىسالغا: «تام چارشىپى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تامغا تارتىلىدىغان گۈللۈك چارشاپ» نى دەل ھازىرقى زەدىۋال ياكى ئۇنىڭ باشقا بىر تۈرى بولۇپ، مەلۇماتقا ئاساسەن خەلقىمىزنىڭ زەدىۋال ئىشلىتىشى كەم دېگەندە مىڭ نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ ئېيتالايمىز.

زەدىۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي تۇتۇش، ئۆي بېزەشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئادەتتە مېھمانخانا ۋە ياتاق ئۆيلەرنىڭ سۇپا ياكى كارىۋات تام تەرەپ گىرۋىكىدىن باشلاپ تام دىۋارىغا تۇتۇلىدۇ، پاكىزلىقنى ساقلاش ۋە ئۆي زىننەتلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى تامغا زەدىۋال تۇتۇلسا ئۆي بىساتلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تامغا سۈركىلىپ كىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سۇپا ياكى كارىۋاتقا سېلىنغان گۈللۈك كىگىز، گىلەم، تامغا تۇتۇلـ
غان زەدىۋال ۋە تام گىلىمى، شۇنىڭدەك تورۇس نەقىشلىرى قوشۇ ـ
لۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل
شەكىل ۋە ھەر خىل نۇقتىلاردىكى بۇ گۈل ـ نەقىشلەر ئۆرگانىك
ستېرېئولۇق كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىنى رەڭگارەڭ گۈل ـ
لەر ئېچىلغان باغدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. كۆڭۈلگە
ئازادىلىك، دىلئارامىلىق، خۇشخۇيلۇق بېغىشلايدۇ.

زەدىۋالنى تەگلىك ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ: رەخت باسما زەدىۋال،
قەغەز باسما زەدىۋال، بورا بوياق زەدىۋال دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بو ـ
لىدۇ. بۇنىڭ كېيىنكى ئىككى تۈرىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەردىن ئىزى
ئۆچكەن. باسما بوياق زەدىۋال پۈتۈن خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان
بولۇپ، بۆز رەختكە گۈل بېسىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

زەدىۋال قول ھۈنەر بوياقچىلىق مەھسۇلاتلىرىمىز ئىچىدە گۈلى
ئەڭ كۆپ بولغان بىر تۈر بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرىنى ھاسىل قىلـ
غۇچى ئېلېمېنتلار ۋە گېئومېترىيەلىك ئېلېمېنتلار دەپ ئىككى
تۈپكە بۆلۈنىدۇ.

ئۆرنەكلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى ھەر خىل رېئال نەرسىلەرنىڭ
شەكلىنى ئۆرنەك قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ،
ھازىرغىچە ئۇلارنى قىزىلگۈل، تولدۇرما گۈل، ئانارگۈلى، ئالما چېـ
چىكى، شاپتۇل چېچىكى، ھەشقىپېچەك قاتارلىقلارنىڭ گۈل ـ چېـ
چەك شەكىللىرى؛ كېۋەز، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارنىڭ شاخ ـ يو ـ
پۇرماقلىرى، ئانار، بادام قاتارلىق دەرەخ شەكىللىرى؛ ئاپتۇۋا، چۆ ـ
گۈن، چەينەك، لوڭقا، تەشتەك، پىيالە، چىنە، شام، شىرە، گۈل
سېۋەتى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ شەكىللىرى؛ چاقپەلەك،
كىرىشمە چىشلىق چاق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ
شەكىللىرى؛ مېھراب، قوقتا، قۇببە، كۈنگۈرە قاتارلىق ئىمارەت بۆ ـ
لەكلىرىنىڭ شەكىللىرى؛ ھەر خىل نەقىشلىك، ھەر خىل چوڭلۇق ـ
تىكى تەڭگە (پۇل) نىڭ شەكىللىرى؛ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت
قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى شەكىللىرى ۋە پىلە قۇرتى شەكلىدىن
ئىبارەت 10 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنداق شەكىللەرنى ئۆرنەك

قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن گۈل ئېلېمېنتلىرى ئۆز تۈرىدە يەنە نۇرغۇن كىچىك بىرلىككىلەرگە، مەسىلەن، چېچەك شەكلى ئىككى ياپراقتىن تارتىپ 20 نەچچە ياپراقچە بولغان ھەر خىل گۈل شەكىللىرىگە؛ چۆگۈن شەكلى چوڭ، ئوتتۇرا ھال، كىچىك، چوڭ چەپچەكلىك، كىچىك چەپچەكلىك، ئۇزۇن جوغىلىق، قىسقا جوغىلىق چۆگۈن شەكىللىرىگە؛ تەڭگە شەكىللىرى تۆشۈك تەڭگە، تۆشۈكسىز تەڭگە، چوڭ تەڭگە، كىچىك تەڭگە، ھەر خىل نەقىشلىك تەڭگە شەكىللىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

گېئومېترىيەلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى بولسا، يەككە سىزىق، جۈپ سىزىق، كىرپىكلىك سىزىق، قوش كىرپىكلىك سىزىق، كەكلىك قېشى سىزىق، ھەرە چىشى سىزىق، دولقۇنسىمان سىزىق، زەنجىر سىزىق، ياي سىزىق، مۇنتىزىم ۋە غەيرىي مۇنتىزىم شەكىلدىكى، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ئۈچ بۇلۇڭ، تۆت تەرەپلىك، بەش تەرەپلىك، ئالتە تەرەپلىك، سەككىز تەرەپلىك شەكىل، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى چەمبەر، رومبا، سېكتور قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنداق گۈل گۇرۇپپىلىرىنى زەدىۋال يۈزىگە مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كەم دېگەندە 60 خىل زەدىۋال نۇسخىسى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. زەدىۋالنىڭ گۈل جەگىسى بىردەك قارا بولىدۇ. لېكىن، زەدىۋال تېگى ۋە گۈل چاغىسى بوشلۇقىنى خالىغان رەڭدە بوياش مۇمكىن. گۈل نۇسخىسى بىلەن رەڭ تۈرى بىردەك ھېسابقا ئېلىنسا، زەدىۋال نۇسخىسى بىر نەچچە يۈز رەڭ تۈرىگە بارىدۇ.

باسما زەدىۋال يۈزىدىكى گۈللەر رەخت ئېنىگە زەي، كانارا، مېھرابتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

زەدىۋاللار مېھرابتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغۇچى گۈل نۇسخىسىغا ئاساسەن: ئاپتۇۋا نۇسخا، چەينەك نۇسخا، چۆگۈن نۇسخا، لوڭقا نۇسخا، تەڭگە نۇسخا، شاخ نۇسخا دېگەندەك خاس ناملار بىلەن ئاتىلىپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

زەدىۋالنىڭ يۇقىرىدىكى ئاساسىي نۇسخىلىرىدىن باشقا چاچما نۇسخا، قۇرت نۇسخا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل ئالاھىدىرەك نۇسخىلىرىمۇ بار.

قۇرت نۇسخا زەدىۋال تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۈستى تەرىپىدە زەي بىلەن بوي كانارىلا بولىدۇ. ئاستىدىكى ئاساسىي قىسمىدا بۆلۈنمە كانارا ۋە مېھراب بولمايدۇ. گۈل ـ نەقىشلىرى تۈز بەتلىك داۋام قىلىدۇ، يەنى زەدىۋال ئېنىگە قارىمۇ قارشى قىيپاش يۆنىلىشتە قاتار تىزىلغان پىلە قۇرت شەكىللىرى ئۇزۇن سىزىقلارنى ھاسىل قىلىپ بىر ـ بىرىنى كېسىشىپ ئۆتۈپ، تەقرىبىي مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك شەكىلنى ھاسىل قىلىدۇ. قۇرت شەكىللىرىنىڭ تۇتاشقان جايىغا يوپۇرماق شەكلى، تۆت تەرەپلىك مەركىزىگە تولدۇرما گۈل شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. ھەر بىر تۆت تەرەپلىك سەككىز دانە پىلە قۇرت شەكلىدىن تۈزۈلگەن. قۇرت تېنى سەل ئېگىلگەن، ئۈستىگە 10~13 داندىن كىچىك قارا چېكىت چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر بەئەينى زوق شوخ بىلەن يوپۇرماق يەۋاتقان پىلە قۇرتلارنى ئەسلىتىدۇ.

پىلە قۇرتى نۇسخىلىق نەقىشنىڭ ئۇزاق زامان ساقلىنىپ قېلىشى پىلە ـ ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(3) داستىخان: بۇ يەردە تامغا باسما ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان داستىخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئاقارتىپ ئۇشتە قىلىنغان تالما ياكى ماتاغا بېسىلىدۇ. تامغا باسما داستىخاندا ئەنلەپ تەييارلانغان رەختكە تامغا بېسىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قارىتا مۇقىم ئۆلچەم يوق. ئېھتىياجغا ئاساسەن خالىغان چوڭلۇقتا بېسىپ چىقىلىدۇ. ئادەتتە ئەڭ چوڭلىرى 1.80~4.00 مېتىرغا يېتىپ بارىدۇ.

تامغا باسما داستىخان گۈللىرى كانارا ۋە ئىچ گۈلدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش گۈل ـ نەقىش سىستېمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ.

كانارا سىزىقلىرى، گۈل جەگە سىزىقلىرى قارا، گۈل چاغىسى، گۈل رامكىسى بوشلۇقلىرى قىزىل، تېگى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ.

باسما بوياق داستىخان توقۇلما داستىخانغا سېلىشتۇرغاندا روشەن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، تۆت تەرەپكە كانارا چىقىرىلىدۇ. كانارا گۈللىرى كىچىك ۋە زىچ، ئايگۈل چوڭ، قوشۇمچە گۈللەر كىـ-

چىك ۋە شالاڭ، جايلىشىشى سىممېترىك بولۇپ، گۈللەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك، زىچ ـ شالاڭلىق پەرقى روشەن گەۋدىلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، توقۇلما داستىخاندا پەقەت گېئومېترىيەلىك گۈللەرلا بولىدۇ. باسما بوياق داستىخاندا بولسا ھەم گېئومېترىيەلىك، ھەم گۈل ـ گىياھ ئۆرنەك قىلىنغان مۇرەككەپ گۈللەر بولىدۇ. گۈللەرنىڭ شەكىل ۋە رەڭ پەرقى روشەن گەۋدىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، باسما بوياق داستىخان ئەنلەپ تەييارلانغان رەختكە بېسىلىدىغان بولغاچقا، چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمىنى ئېھتىياجغا قاراپ جانلىق ئىگىلەشكە بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇتلەق كۆپ قىسىم قول ھۈنەر بوياقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ ئىزى ئۆچكەن بۈگۈنكى كۈندە، باسما بوياق داستىخان مەلۇم ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

(4)جايناماز: ناماز ئۆتەشتە يەرگە سېلىنىدىغان بۇيۇم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق پاكىز بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئۆي تېگىگە سېلىنىدىغان كىگىز ـ گىلەملەر ياكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى بىۋاسىتە جايناماز قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن جايناماز مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لازىم ۋاقىتتا ئىشلىتىلىپ، باشقا ۋاقىتتا قاتلاپ ئايرىم ساقلىنىدۇ.

جاينامازنى ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: بۆز بوياق جايناماز، گىلەم جايناماز، كىگىز جايناماز ۋە بورا جاينامازدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بۆز بوياق جايناماز ماتا قاتارلىق يېڭى بۆز رەختكە گۈل بېسىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۆز باسما جاينامازنىڭ كەڭلىكى 50~60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 0.80~1.00 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. جايناماز يۈزىدە كانارا ۋە مېھراپ گۈللىرىلا بولۇپ، زەي گۈللىرى بولمايدۇ. كانارا گۈللىرى ئىككى يان ۋە مېھراب چوققىسى تەرەپكە ئىككى ياكى ئۈچ رەت چۈشىدۇ. مېھراب ئاستى بىر تال سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. كانارا قورشاۋىغا مېھراب چىقىرىلىدۇ. مېھراب مۇنتىزىم مېھراب شەكلىدە، تۇتاش ياي شەكلى ياكى پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللەردە بولىدۇ. كانارا گۈللىرى ۋە مېھراب گۈللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنتلار ۋە ئۇلارنى گۈرۈپپىلاپ قوللىنىش ئۇسۇللىرى زەدىۋال گۈل ـ لىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت ھايۋان، ئۇچار قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى چىقارماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. جايناما زنىڭ گۈل نۇسخا تۈرى ئالتە خىلغا بارىدۇ.

**(5) ياغلىق، بەلياغلىق، بوغجۇما:** بۇلار بىر دەك ئېنى ۋە بويى 1.00 ~0.80 مېترلىق كۋادرات شەكىللىك داكا رەختكە گۈل بېسىش ئار ـ قىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بوغجۇما قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ قىممەت با ـ ھالىق كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئوراپ، قاچىلاپ ساقلايدىغان بۇيۇم بولۇپ، شەكىل پەرقىگە ئاساسەن جىلتا بوغجۇما ۋە ياغلىق بوغجۇما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. جىلتا بوغجۇما ھەر خىل يىد ـ پەك ۋە بۆز رەختلەردىن مۇنتىزىم تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىلدە بىر تەرەپتىن ياپقۇچ چىقىرىپ تىكىلىدۇ. ياغلىق بوغجۇما بولسا، بوغجۇما ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى يىپەك ياكى بۆز ياغلىقنى كۆرسىتىدۇ.

گۈللۈك بۆز ياغلىق داكا رەختكە ئويما تامغا ئارقىلىق گۈل بې ـ سىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئويما تامغا بىلەن گۈل بېسىلىدى ـ غان بۆز ياغلىق گۈللىرى گۈل ـ چېچەك، غۇنچە، غازاڭ، تەڭگە قا ـ تارلىق گۈل ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. دەرەخ، زىرائەت، ئى ـ مارەت ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ئېلېمېنتلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. گۈل شەكىللىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە كۆپىنچە كانارىسىز، زەيىسىز بولىدۇ. قىسمەن ھاللاردا بىر سىزىقلىق زەي ياكى بىر رەت تار كانارا چىقىرىلىدۇ. گۈل ئېلېمېنتلىرى ياغلىقنىڭ پۈتۈن يۈزى ـ گە ھەر خىل تىزما ياكى چاچما ھالەتتە چۈشۈرۈلىدۇ. گۈللۈك بۆز ياغلىق باش كىيىمى ياكى بوغجۇما قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**(6) يوللۇق بويالمىلار:** مەلۇم ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاق رەختكە رەڭدار يوللۇق سىزىق بېسىلغان بۇيۇملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يوللۇق بويالمىلار رەڭدار يوللىرىنىڭ بىر يۆنىلىشلىك ياكى ئىككى يۆ ـ نىلىشلىك بولۇشىغا قاراپ شەتلەڭگە ۋە تېرىكە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي شەتلەڭگە: بۇ، يۇزىگە توغرا، تىك ياكى قىيپاش يۆنىلىشلىك رەڭلىك سىزىقلار بېسىلغان كاتەكچە رەخت بولۇپ، رەڭدار يوللىرىنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلارنىڭ رەخت يۈزىگە ئورۇنلاشتۇ ـ

رۇلۇشى گۇللۇك شەتلەڭگىنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ئەمما، رەڭدار يوللار ـ نىڭ كېيىشكەن نۇقتىلىرىدا ۋە رەڭدار يوللار ئارىسىدا ھاسىل بولغان كۇنگۇرە بوشلۇقلىرىدا گۈل ـ چېچەك نەقىشلىرى بولمايدۇ.

ئاددىي شەتلەڭگە باسما چىغىرىقتا بېسىش ۋە باسما تامغىدا بې ـ سىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**تېرىكە:** بۇ، رەخت يۈزىگە بوي يۆنىلىشى بويىچە رەڭدار سىزىق بېسىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەڭدار يوللۇق رەختنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، باسما چىغىرىقى ئارقىلىق بېسىش ۋە باسما تامغا ئارقىلىق بېسىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلەپ ـ چىقىرىلىدۇ. تېرىكىنىڭ رەڭدار يوللىرى ئىككى خىل رەڭدىن تەر ـ كىب تاپىدۇ. بۇنىڭ بىرسى چوقۇم قارا بولىدۇ؛ يەنە بىرسى ئېھتى ـ ياجغا قاراپ تاللىنىدۇ. قارا يول ئاساس قىلىنىپ ئاۋۋال بېسىلىدۇ. بۇ چاغدا قارا ـ ئاق ئارىلاش يوللۇق يېرىم تەييار مەھسۇلات بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق يول قىزىل ياكى سېرىق قاتارلىق خالىغان رەڭدە بويىلىدۇ.

تېرىكە رەڭدار يوللىرىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ئوخشاش بولماسلى ـ قىغا قاراپ: كەڭ يوللۇق تېرىكە (بۇ خىل تېرىكە «مەنپەزە تېرىكە» ياكى «مەنپەزە» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئارىلاش يوللۇق تېرىكە، چىغ يوللۇق تېرىكە دېگەندەك تۆرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**مەنپەزە:** مەنپەزىنىڭ رەڭدار يوللىرى بىر جۈپتىن دەۋرىيلىنى ـ دۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسى قارا، يەنە بىرسى خالىغان رەڭدە بولىدۇ. ھەر بىر رەڭدار يولنىڭ كەڭلىكى بىرـئىككى سانتىمېتىر بولىدۇ. ئىككى خىل رەڭ يولىنىڭ كەڭلىكى ئوخشاش بولۇشىمۇ، پەرقلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئارىلاش يوللۇق تېرىكە:** بۇ خىل تېرىكىنىڭ رەڭدار يوللىرى ھەر تۆت يول بىر گۇرۇپپا بولۇپ دەۋرىيلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىككىسى قارا، ئىككىسى خالىغان بىر خىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ بىر گۇرۇپپىدىكى تۆت يولنىڭ كەڭ ـ تارلىقىمۇ تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆز رېتى بويىچە «D ،C ،B ،A» بىلەن ئىپادىلىسەك، رەڭ تەكرارلىقى «A» بىلەن «C» قارا، «B» بىلەن «D» خالىغان بىر خىل رەڭ (مە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



سىلەن قىزىل) دە بولىدۇ. يول كەڭلىكى بولسا «A»بىلەن «B» 0.5 سانتىمېتىر، «C» يول 0.2 سانتىمېتىر، «D» يول 0.1 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ ۋە شۇ تەرتىپتە دەۋر قىلىدۇ.

**چىغ يوللۇق تېرىكە:** بۇ خىل تېرىكىنىڭ ھەر ئىككى يولى بىر گۇرۇپپا بولۇپ دەۋرىيلىدۇ. ئەمما، يول كەڭلىكى تار. ئىككى يولنى «A» ۋە «B» بىلەن ئىپادىلىسەك «A» يول كەڭلىكى 0.3 سانتىمېتىر، «B» يول كەڭلىكى 0.1 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، شۇنداقلا «A» يوللار قارا، «B» يوللار خالىغان باشقا بىر خىل رەڭدە بولىدۇ.

**(7) سىدام بويالمىلار:** قول ھۈنەر بوياقلىقىمىزدا سىدام بۆز بويالمىلارنىڭ تۈرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە بۆز چەكمەن بوياش ۋە ماتا بوياش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۆز چەكمەن كۆپىنچە قارا، ماش رەڭ، جىگەر رەڭدە بويىلىدۇ. رەڭ نامى قوشۇلۇپ «قارا بۆز چەكمەن»، «جىگەر رەڭ بۆز چەكمەن»، «ماش رەڭ بۆز چەكمەن» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ماتا كۆك، قارا، ماش رەڭ، جىگەر رەڭلەردە بويىلىدۇ ۋە رەڭ نامى قوشۇلۇپ ئاتىلىدۇ. ئوخشاش رەڭدىكى چەكمەن بىلەن ماتانى بوياش ئۇسۇلى ئوخشاش.

سىدام بوياق بۆز توقۇلمىلار بوياش مەشغۇلاتى ئاددىيراق، باھاسى ئەرزان، ئىجتىمائىي ئىستېمال مىقدارى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## 2. چىغرىق باسما بوياقچىلىقى

### 1) چىغرىق باسما بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

شاتىۋار، شەتلەڭگە، تېرىكە قاتارلىق چىغرىق باسما بويالمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا كاتاپ، داۋا، ئانارخەمىكى، ئوردان يىلتىزى، زەمچە قاتارلىق ماتېرىياللار؛ باسما چىغرىقى، قازان، سوقا، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق ئۈسكۈنە ـ سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**باسما چىغرىقى:** بۇ، چىغرىق باسما بوياقچىلىقىدا رەختكە گۈل بېسىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغۇچى مۇھىم قورۇلما بولۇپ، تەگلىك چاچۇپ، باسما ئوقى، تەڭنە، يۈگەم ئوقى قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ.

تەگلىك چاچۇپ، دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدىكى ئىككى تال ئىغىر چاسا ياغاچنى ئىككى تال چىرتىق ياغاچ ئارقىلىق بىر مېتىر كەڭلىكتە چېتىپ ياسىلىدىغان پاراللېل تۆت تەرەپلىك ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، ئالدى ـ كەينى تەرەپتىكى تىزلىق ياغاچلار ئارقىلىق چىغرىقنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

باسما ئوقى: بۇ گۈل بېسىش مەشغۇلاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ھالقىلىق بۆلەك بولۇپ، ئاساسىي ئوق ۋە قوشۇمچە ئوقتىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش ئوقتىن تۈزۈلىدۇ. ئوقلار ئەلا سۈپەتلىك، تولۇق قۇرۇغان ئامۇت ياكى قاپاق تېرەك ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى سىلىندىر شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئاساسىي ئوق: سىرتقى دىۋارىغا گۈل ـ نەقىشلەر ئويۇلغان ئوق، «گۈل ئوقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۈل ئوقىنىڭ سىرتقى يۈزىگە شاتىۋار، شەتلەڭگە، تېرىكە قاتارلىق گۈللۈك ياكى يوللۇق رەختلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىدۇ، يەنى گۈل ـ نەقىش ۋە سىزىق ئورنى قالدۇرۇلۇپ، گۈل ـ نەقىشلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقلار، كۈنگۈرىلەر ۋە ئاق يول ئورنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بىر تال گۈل ئوقىدا بىر خىل رەختنىڭ بىرلا خىل نۇسخىسىنى بېسىشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن باسما چىغرىقىقا ھەر خىل رەختلەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىدىكى گۈللىرى ئويۇلغان ئون نەچچە ياكى بىر قانچە ئون گۈل ئوقى سەپلىنىدۇ.

قوشۇمچە ئوق: بۇ، گۈل ئوقىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتى ئارقىلىق سۈركىلىش تەسىرىدە پاسسىپ ئەگەشمە ھەرىكەت قىلىدىغان ئوق بولۇپ، بىر چىغرىق ئۈچۈن بىر نەچچە تاللا قوشۇمچە ئوق سەپلەنسە كۇپايە. قوشۇمچە ئوقنىڭ سىرتقى دىۋارىغا بىر-ئىككى قات سۈپەتلىك ماتا چاپلىنىدۇ. ھەر ئىككى يۈرۈش ئوقنىڭ ئىككى بېشىدا سىلىندىر شەكىللىك ئەركەك تۇرۇم (ئوق بېشى) چىقىرىلىدۇ. تەگلىك چاچۇپنىڭ ئالدى بېشىغا بىر تالدىن تىزلىق پاچاق چىقىرىلىدۇ. پاچاق ئېگىزلىكى بىر مېتىر ياكى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوقلارنىڭ ئەركەك تۇرۇملىرى تىزلىق تۆشۈكىگە سېلىنىپ

www.uyghurkitap.com



مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. گۈل ئوقى ئاستىغا، قوشۇمچە ئوق ئۇستىگە چۈشىدۇ. گۈل ئوقىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئەركەك تۇرۇمىنىڭ تىزلىق سىرتىدىكى قىسمىغا بىر ئەگمىلىك جەينەك قۇلاق بېكىتىلىدۇ.

يۆگەم ئوقى: گۈل بېسىلماقچى بولغان رەختنى يۆگەشكە ئىشلەتىلىدىغان سەپلىمە بۆلەك بولۇپ، تەگلىك چاچۇپىنىڭ كەينى بېشىدىكى تىزلىققا بېكىتىلىدۇ. قۇرۇق تېرەك ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇق ۋە توملۇق ئۆلچىمى گۈل ئوقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئوڭ تەرەپ تىزلىق سىرتىدا جەينەكلىك قۇلىقى بولىدۇ. چىغرىق مەشغۇلات ھالىتىدە تۇرغاندا يۆگەم ئوقى ۋە باسما ئوقلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئالدى - كەينى تىزلىق پاچاقلار بىلەن تەگلىك چاچۇپ بوي ياغىچى ئارىسىغا تىرەكلەر ئورنىتىلىدۇ.

ئوقلار ئىشلىتىلمىگەن ۋاقىتتا سۇرۇن ۋە قۇرغاق جايدا ساقلىنىدۇ.

تەڭنە: بۇ، ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بۆلەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى گۈل ئوقى بىلەن ئوخشاش، ئەمما دىئامېتىرى ئوق دىئامېتىرىدىن بىر ھەسسە دېگۈدەك چوڭ بولىدۇ. تەڭنىگە بوياق سۇيۇقلۇقى قاچىلىنىدۇ ۋە گۈل ئوقى دىۋارىغا بوياق بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، گۈل ئوقىنىڭ دەل ئاستى تەرىپىگە بېكىتىلىدۇ ۋە گۈل ئوقىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن بەش سانتىمېتىر قىسمى تەڭنىدىكى بوياق سۇيۇقلۇقىغا چۆكۈپ تۇرغۇدەك ھالەتتە تەڭشىلىدۇ.

قازان: ئادەتتىكى چوڭ چويۇن قازان بولۇپ، رەختكە گۈل بېسىش ئالدىدا رەخت داۋلاشقا، گۈل بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن تەگلىكنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سوقا: شال ئاقارتىدىغان قول سوقىسىغا ئوخشاش بولۇپ، يەرلىك بوياق ماتېرىياللىرىنى سوقۇپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

لەڭگەر چۆپ: 1.50 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى ئىككى تال پاچاققا بېكىتىلگەن ئۇزۇن، سىلىق توغرا ياغاچ بولۇپ، بويالغان رەختلەرنى يېيىپ قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

### 2) چىغرىق باسما بوياق مەشغۇلاتى

چىغرىق باسما بوياق مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، داۋلاش باسقۇچى، گۈل بېسىش باسقۇچى، چايقاش باسقۇچى، تەگلىك بوياش

باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا گۈل بېسىلىدىغان رەخت تەييارلىنىدۇ. ئەگەر ئۇشتە قىلىنمىغان بولسا، ئاۋۋال ئۇشتە قىلىنىدۇ. چىغرىق باسما بوياقچىلىقى ئادەم كۈچى بىلەن مېخانىكىلىق ھەرىكەت بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىش ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى مەشغۇلات بولۇپ، بىر قېتىمدا نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز پارچە رەختكە گۈل بېسىلىدۇ. شۇڭا، مەشغۇلاتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن رەخت، بوياق قاتارلىق ماتېرىياللار كۆپرەك تەييارلىنىدۇ. بېسىلىدىغان گۈل نۇسخىسى بېكىتىلىپ، مۇناسىپ گۈل ئوقى تاللىنىپ چىغرىققا سەپلىنىدۇ. چىغرىقنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى تەكشۈرۈلۈپ، ياغلاشقا تېگىشلىك جايلار ياغلىنىدۇ. گۈل ئوقىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى پانا چىڭىتىلىپ، گۈل ئوقى بىلەن قوشۇمچە ئوق جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ. قۇلاقنى ئايلاندۇرغاندا ئوقلار خام قەغەزنى چىشلەپ ئالالىغۇدەك ھالەتكە كەلسە مۇۋاپىق تەڭشەلگەن بولىدۇ.

**(2) داۋىلاش باسقۇچى:** داۋىلاش گۈل بېسىلماقچى بولغان رەختنى داۋىغا سېلىپ بوياش دېگەنلىكتۇر. داۋىلاشتا قارا گۈل بېسىلىدىغان رەختكە تەگلىك رەڭ بېرىلىدۇ (چۈنكى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بوياقچىلىقىدا، بولۇپمۇ تەبىئىي بوياقتا رەخت بوياشتا، رەختنى بىراقلا قارا رەڭگە كىرگۈزۈشكە ئامال يوق. پەقەت داۋا بىلەن تەگلىك رەڭ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتاپ سۈيۈقلۇقى ئارقىلىق گۈل باسقاندىلا، قارا گۈل ھاسىل بولىدۇ. داۋا بوياقچىلىقتا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تەگلىك بوياق بولۇپ، رەختكە قارا گۈل چىقىرىلىدىغانلا بولسا چوقۇم داۋىلاش باسقۇچىدىن ئۆتىدۇ). لېكىن، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ داۋا تەييارلاش خۇرۇچلىرى دېگەندەك بىرلىككە كەلمىگەن: بەزىلىرى يۇلغۇن داۋىسى، چىمان، ئانار پوستى، ئانار خەمىكى قاتارلىقلارنى خۇرۇچ قىلسا، بەزىسى ھېلىلىنى، بەزىسى مازىنى، بەزىسى كەمىكنى خۇرۇچ قىلىدۇ. خۇرۇچنىڭ مىقدارىمۇ بىر خىل بولۇپ كەتمەيدۇ. قاينىتىش ۋاقتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا، داۋىلاش ئۇسۇللىرى ۋە داۋا سۈيۈقلۇقى تەييارلاشنىڭ خۇرۇچ نىسبەتلىرى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن رېتسېپ يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىغرىق باسما بوياقچىلىقىدا داۋا سۈيۈقلۇقى ئۈچ خىل ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ. بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا سۇ ۋە يۇلغۇن داۋىسى 100:15 نىسبەتتە تەييارلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا سۇ، داۋا، شۇنداقلا ئانار پوستى (ئانار خەمىكى100:10:5 نىسبەتتە 100 جىڭ سۇ، 10 جىڭ داۋا، بەش جىڭ ئانار پوستى ياكى خەمىكى) تەييارلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلدا سۇ بىلەن كەمەك 20:1 نىسبەت بويىچە تەييارلىنىدۇ. داۋا، ئانار پوستى كەمەك قاتارلىقلار سوقىدا ئاز ـ پاز سوقۇلۇپ قازاندا قاينىتىلىدۇ. قازاندىكى سۇنىڭ 3/2 قىسمى قالغۇچە (ئىككى سائەت ئەتراپىدا) قاينىتىلغاندىن كېيىن، سۇ بوز رەڭگە كىرىدۇ. بۇ داۋا سۈيۈقلۇقىنىڭ قىيام بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بۇ چاغدا ئوت توختىتىلىپ، داۋا سۈيۈقلۇقى سەل تىندۇرۇلىدۇ. تىنغان ئېرىتمىنىڭ سۈزۈك قىسمى باشقا قازان ياكى ئۇلاققا ئېلىنىدۇ، تەييارلانغان رەخت داۋىغا بېسىلىپ 10 مىنۇتچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن سىقىپ لەڭگەر چۆپكە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ (ئانار پوستى قوشۇلمىغان بولسا، بىرىنچى قېتىم داۋلاپ بولغاندىن كېيىن سىقىپ، سەل تۇرغۇزۇپ يەنە بىر قېتىم داۋىغا بېسىلىدۇ). بۇ چاغدا رەخت سۇس سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋلاش باسقۇچى ئاخىرلىشىدۇ.

(3) گۈل بېسىش باسقۇچى: داۋلاپ قۇرۇتۇلغان ماتا ياكى باشقا بوز رەختلەر بوي ئۈچى سىپتا تىكىپ چىتىلىدۇ، ئاندىن يۆگەم ئوققا سىلىندىر شەكلىدە يۆگىلىدۇ. كاتاب تەگنىسىگە كاتاپ سۈيۈقلۇقى قاچىلىنىدۇ. گۈل ئوقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پاكىز تەگلىك رەخت ياكى بورا تەگلىك سېلىنىدۇ. بۇ تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، يۆگەم ئوقىدىكى رەخت ئۈچى چىقىرىلىپ، گۈل ئوقى بىلەن قوشۇمچە ئوق ئارىسىغا چىشلىتىلىدۇ. بىر ئادەم گۈل ئوقىنىڭ قۇلىقىنى چۆرۈيدۇ، يەنە بىر ئادەم يۆگەم ئوقىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ، گۈل ئوقىنىڭ ئايلىنىشى بىلەن قوشۇمچە ئوقمۇ ئايلىنىپ رەختنى قىسىپ يۈرۈشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گۈل ئوقىنىڭ كاتاپقا چىلىشىپ تۇرغان قىسمى يۇقىرىلاپ رەخت يۈزىگە بېسىلىدۇ. كاتاپ سۈيۈقلۇقىنىڭ تەگلىك رەڭ بىلەن (رەخت يۈزىدىكى داۋا بىلەن) ئۇچراشقان قىسمى

دەرھال قارىداپ رەخت يۈزىدە قارا گۈل ـ سىزىقلار ھاسىل بولىدۇ. رەختنىڭ كاتاب بىلەن ئۇچراشمىغان قىسىملىرى، يەنى رەختنىڭ گۈل ئوقىدىكى ئويۇۋېتىلگەن جايلىرىغا ئۇدۇل تۇرغان قىسىملىرى ئەسلىي رېڭىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئوق ئارىسىدىن گۈل بېسىلىپ چىققان رەخت ئوق كەينىدىكى تەگلىككە چۈشىدۇ.

گۈل بېسىش باسقۇچىدا ئىككى مۇھىم نۇقتا بار. بىرى، تەگنىدىكى كاتاپ سۇيۇقلۇقى پات ـ پات تولۇقلاپ تۇرۇلۇشى، لېكىن بىراقلا كۆپ قۇيۇلماسلىقى كېرەك. يەنە بىرى، ئوقنى بەك تېز ئايلاندۇرماسلىق، تەكشى ئايلاندۇرۇش لازىم، بولمىسا رەخت گۈللىرى چاپاق بولۇپ قېلىپ، تەكشى بويالماسلىقى مۇمكىن.

**(4) چايقاش باسقۇچى:** گۈل بېسىش مەشغۇلاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەخت ئۇچىدىكى تىكىشلەر سۆكۈلۈپ، لەگەن چۆپكە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن پاكىز سۇزۇك سۇدا قايتا ـ قايتا چايقاپ، رەختنىڭ گۈل بېسىلمىغان جايلىرىدىكى داۋا قالدۇرقلىرى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر رەخت تېگى باشقا رەڭدە بويالماقچى بولسا، يەنە بىر ئىش تەرتىپىنى ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ.

**(5) تەگلىك بوياش باسقۇچى:** ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ئاق تەگ، قارا گۈللۈك قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان رەختلەرنىڭ تېگىنى باشقىچە رەڭدە بوياشقا توغرا كەلسە، تەگلىك بوياش مەشغۇلاتىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بويالماقچى بولغان تەگلىك رەڭنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا بويىلىدۇ.

**قىزىل تەگ بوياش:** ئالدى بىلەن زەمچە سۇزۇك سۇدا 50:1 نىسبەتتە ئېرىتىلىدۇ. بۇ ئېرىتمىگە ئاق تەگ، قار گۈللۈك رەخت بىر ئاز ۋاقىت چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن ئوبدان سىقىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇپ بولغاندا سۇزۇك سۇدا يۇيۇپ ـ چايقىلىدۇ. ئاخىرىدا 10:1 نىسبەتتە (10 جىڭ سۇ، بىر جىڭ ئوردان يىلتىزى پاراشوكى) قاينىتىلىپ تەييارلانغان ئوردان سۇيىگە سېلىنىپ يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە قاينىتىلسا، رەخت تېگى قىزىل بويىلىپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا سۇزۇك سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**جىگەر رەڭ بوياش:** رەخت تېگىنى جىگەر رەڭ بوياشقا توغرا كەلسە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سە، تەگلىكى يۇقىرىقى ئۇسۇلدا قىزىل بويالغان رەخت يەنە ئىككى قېتىم داۋىغا سېلىنىدۇ. چايقاپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن 6:1 نىسبەتتە ئېرىتىلگەن زاك ئېرىتمىسىگە چىلىنىپ 10~15 مىنۇت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سىقىۋېتىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىگەر رەڭ تەگ، قارا گۈللۈك شاتىۋار (سەرگەز، تېرىكە) تەييار بولىدۇ.

**نىل كۆك بوياش:** ئالدىنقى تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلاتتا تەييارلانغان ئاق تەگ، قارا گۈللۈك رەخت تېگىنى نىل كۆك (شوخ كۆك) بوياشقا توغرا كەلسە، زەمچىگە سالماي بىۋاستە نىل ئېرىتمىسىگە سېلىپ 15 سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلسا نىل كۆك تەگ، قارا گۈللۈك رەخت بولۇپ چىقىدۇ.

**ھاۋا رەڭ بوياش:** يۇقىرىقى ئۇسۇلدا نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنغان رەخت نىل ئېرىتمىسىدە ئالتە سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلسا رەخت تېگى ھاۋا رەڭ بويىلىدۇ.

**ئاچ ھاۋا رەڭ بوياش:** يۇقىرىقى ئۇسۇلدا نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنغان رەخت نىل ئېرىتمىسىدە تېخىمۇ ئاز ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا، رەخت تېگى ئاچ ھاۋا رەڭ بويىلىدۇ.

**سېرىق بوياش:** ئالدىنقى تۆت باسقۇچلۇق مەشغۇلاتتا ئاق تەگ، قارا گۈللۈك بويالغان رەختنىڭ تېگىنى سېرىق بوياشقا توغرا كەلسە، تۇخۇمەك رەڭگە سېلىنىدۇ، يەنى بەش جىڭ تۇخۇمەك چېچەكى ئازراق سوقۇلۇپ 150 جىڭ سۇغا سېلىنىپ بىر سائەت قاينىتىلىدۇ، ئاندىن بىر-ئىككى جىڭ توغرىغا سېلىنىپ بىر ئۆرلىتىلگەندىن كېيىن، ئوت توختىتىلىپ، تۇخۇمەك ۋە توغرىغا تىرىپلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بويالماقچى بولغان رەخت ئېرىتمىگە سېلىنىپ 10~15 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئېرىتمىدىن ئېلىپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېرىق تەگ، قارا گۈللۈك رەخت تەييار بولىدۇ.

**يېشىل، توق مايسىرەڭ، ئاچ مايسىرەڭ بوياش:** يۇقىرىقى ئۇسۇلدا سېرىق تەگ بويالغان رەخت نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنسا، ئېرىتمىدە تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا (كونكرېت ۋاقىت سانى ئېنىق ئەمەس) قاراپ رەخت تېگى يېشىل، توق مايسىرەڭ ياكى ئاچ مايسىرەڭ بويىلىپ چىقىدۇ.

دىمەك، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بوياقچىلىقىمىزدا قارا رەڭ گۈل بېسىش ۋە ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. قارا رەڭ مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن رەخت تېگىنى ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل رەڭلەردە بوياش مۇمكىن.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى ئەسىردىن بۇيان، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قارا رەڭ گۈل ياكى سىزىقلار بېسىلىپ بولغان رەختلەرنىڭ تېگىنى سانائەت بوياقلىرىدا بوياش ئۇسۇلىمۇ بارلىققا كەلگەن. سانائەت بوياقلىرىنىڭ رەڭ تۈرى كۆپ، بوياش مەشغۇلاتى ئاسان، ۋاقىت تېجەشلىك بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بار. لېكىن، يەرلىك ئۇسۇلدا بويالسا، رەڭ تۇتۇش ئىقتدارى ناچارلىشىپ ئاسان ئۆڭىدۇ، ئاسان رەڭ تارايدۇ، شۇڭا خەلق ئارىسىدا بۇنداق ئارىلاش بويالغان رەختلەر «يالغان شاتىۋار»، «يالغان شەتلەڭگە» دەپ ئاتالغان. بۇ، ساپ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بولمىغاچقا تەپسىلىي بايان قىلمايمىز.

## 3. قېلىپ باسما بوياقچىلىقى

### 1) قېلىپ باسما بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

قېلىپ باسما بويالمىسى بولغان ھەمزەكنى ئىشلەپچىقىرىشتا ماتا بىلەن تالما خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئاق تاش، خام ھاك، گەج، نىل ئېرىتمىسى قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى؛ ئويما قېلىپ، چوتكا، چۈشەك تاختاي، چۈشەك كىگىز، ئىدىش، جاۋۇر، ئەلگەك، قارماق، لەڭگەر چۆپ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئويما قېلىپ ــ قاڭالتىردىن ياسىلىدىغان، ھەمزەكنىڭ گۈل ئورنىنىڭ رەڭلىنىشىنى چەكلىگۈچى بوياق بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان، ئويما قېلىپ تەگلىك ۋە تۇتقۇچتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەمزەكنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن قېلىپنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلىرى ماتا رەختىنىڭ ئېنىگە ماس كېلىدۇ. بەزىلىرى ماتا

www.uyghurkitap.com



ئېنىنىڭ 2/1، 3/1، 4/1 قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندە يوپۇرماق نۇسخا ھەمزەك قېلىپىنىڭ تۈزۈلۈشىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

قاڭالتىردىن ياسالغان قېلىپ تەگلىكى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تۆت تەرىپىگە ئېگىزلىكى 2.5 سانتىمېتىرلىق گىرۋەك چىقىرىلىدۇ، گىرۋەك رەختكە رەڭ بېرىشتە رەڭ تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. تۇتقۇچ ياپىلاق تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، تەقرىبىي ياي شەكلىدە بولىدۇ، تۇتقۇچنىڭ ئىككى ئۇچى كامالەك دەستىسى شەكلىنىڭ ئاچا ھالەتتە تەگلىك گىرۋىكىگە مىخلاپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تۇتقۇچنىڭ تىك ئېگىزلىكى 19 سانتىمېتىر، ياي ئۇزۇنلۇقى 54 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

قېلىپ تەگلىكىنىڭ ئىچكى يۈزى بويىغا تۆت قاتار، توغرىسىغا تۆت قاتار تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ 16 چاقماق ھاسىل قىلىدۇ. ھەر بىر چاقماقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن چوڭ يوپۇرماق نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ (ئويۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ). تەرەپ سىزىقلىرىنىڭ كېسىشكەن جايىغا كىچىك يوپۇرماق نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ. چوڭ يوپۇرماق گۈللىرى ئارىلىقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىردىن دۈگىلەك چېكىت گۈل چىقىرىلىدۇ. دېمەك يۈزى 24×24 سانتىمېتىر بولغان يوپۇرماق نۇسخا ھەمزەك قېلىپىغا 16 دانە چوڭ يوپۇرماق، 16 دانە كىچىك يوپۇرماق، 32 دانە چېكىت گۈل ئويۇپ چىقىرىلىدۇ.

يوپۇرماق گۈللەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، چەمبەر پېرىمېتىرىنى بويلاپ ھەرە چىشى شەكلىدە سىرتقا يۆنىلگەن نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. بۇلار قوشۇلۇپ چىشلىق چاق شەكلىدىكى يوپۇرماق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. چوڭ يوپۇرماق گۈللىرىدە 17 دىن، كىچىك يوپۇرماق گۈللىرىدە 11 دىن چىش بولىدۇ. چوڭ يوپۇرماق گۈلنىڭ ئىچكى (چەمبەر سىزىقى) دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر، تاشقى (چىش ئۇچىدىن قارشى تەرەپ چىش ئۇچىغا قەدەر بولغان تاشقى چەمبەر سىزىقى) دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، كىچىك يوپۇرماق گۈللىرىنىڭ ئىچكى دىئامېتىرى بىر

سانتىمېتىر، تاشقى دىئامېتىرى 1.7 سانتىمېتىر بولىدۇ. چېكىت گۈللەرنىڭ دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر بولىدۇ.

**چوتكا:** ئات يايلى، قۇيرۇق قىللىرىنى تىزىپ يار يېلىم بىلەن چاپلاش ياكى بوغۇش ئارقىلىق ياغاچ تۇتقۇچقا ئېلىنغان سايمان بولۇپ، قېلىپ گۈللىرى ئورنىدىن رەخت يۈزىگە چەكلىگۈچى بوياق بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**چۈشەك تاختاي:** ھەمزەككە قېلىپ ئۈستىدىن چەكلىگۈچى بوياق بېرىشتە تەگلىك قىلىنىدىغان تاختاي بولۇپ، تەكشى رەندىلەنگەن قېلىن تاختايلاردىن ياپسالاپ ياسىلىدۇ، ئۆلچىمى 0.90~2.00 مېتىر بولىدۇ، پاچاق ئارقىلىق يەردىن 20 سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئاستى تەرىپىگە مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئورەك ئويۇلىدۇ. بۇ ئورەك «پاچال» (پۇت قويىدىغان ئورەك) دەپ ئاتىلىدۇ. پاچال مەشغۇلات ۋاقتىدا كاسىپنىڭ پۇتىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

**ئىدىش:** ساپال ئىدىش بولۇپ، چەكلىگۈچى بوياق قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چۈشەك كىگىز:** چۈشەك تاختاي ئۈستىگە سېلىنىدىغان ئۈچ قات كىگىز تەگلىكنى كۆرسىتىدۇ.

**جاۋۇر:** ساپال ياكى ياغاچ تاۋاق بولۇپ، چەكلىگۈچى بوياقنى بۆلۈپ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەلگەك:** ئادەتتىكى ئەلگەك، خام ئەشيا تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قارماق:** ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن مېتال ئىلمەك، بىر ساپقا تۆت تال ئىلمەك بېكىتىلىدۇ. ھەمزەككە تەگلىك بوياق بېرىشتە، ھەمزەك ئېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بوياقخانىدا بىر قانچە ئون يۈرۈش قارماق زاپاس تەييارلىنىدۇ.

**لەڭگەرچۆپ:** بويىلىپ بولغان رەختنى يېيىپ قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىرغۇ:** پىچاققا ئوخشاش سايمان بولۇپ، تىغى ئانچە ئۆتكۈر ئەمەس، مەھسۇلات سورتلاش باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاق تاش، خام ھاك، گەج:** بۇلار چەكلىگۈچى بوياق تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



**نىل ئېرىتمىسى:** ھەمزەككە تەگلىك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**2) قېلىپ باسما بوياقچىلىق مەشغۇلاتى**

قېلىپ باسما بوياقچىلىق مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، چەكلىگۈچى بوياق بېرىش باسقۇچى، تەگلىك بوياش باسقۇچى ۋە مەھسۇلات سورتلاش باسقۇچى قاتارلىق تۆت باسقۇچلۇق ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا بويالماقچى بولغان ماتا ـ تالما تەييارلىنىدۇ، يەنى ئاقارتىپ ئۈشتە قىلىنىدۇ. بېسىلىدىغان گۈل نۇسخىسى تاللاپ بېكىتىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا باسما قېلىپ تازىلاپ تەقلىنىدۇ. بارلىق سايمان ـ ئۈسكۈنىلەر تازىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. چوڭ ئېغىزلىق كۈپ ياكى ئىدىشتا نىل ئېرىتمىسى تەييارلىنىدۇ، چەكلىگۈچى بوياق ياسىلىدۇ. چەكلىگۈچى بوياق ياساش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ.

**ئاق تاش ئېرىتمىسى ياساش:** ئاق تاش بىر ئۈلۈش، خام ھاك (ئۇركۇتۇلمىگەن ھاك) ئىككى ئۈلۈش تەييارلىنىدۇ. ئاق تاش ۋە خام ھاك ئايرىم ئايرىم سوقۇپ تالقانلىنىدۇ، ئاندىن ئەلگەكتە تاسقاپ يۇمشاق قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ. ئىدىشقا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قاچىلاپ ئاق تاش پاراشوكى سېلىنىپ قوچۇلىدۇ، ئاندىن خام ھاك سېلىپ ئۇركۇتۇلىدۇ. ئېرىتمە قويۇقلۇقى سۈيۈق دوغاپ ھالىتىدە بولسا بولىدۇ.

**گەج، ھاك ئېرىتمىسى تەييارلاش:** گەج بىر ئۈلۈش، خام ھاك بىر ئۈلۈش تەييارلىنىدۇ. پىشۇرۇلغان گەج بىلەن ھاك ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇپ تالقانلىنىدۇ. ئەلگەكتە تاسقىغاندىن كېيىن يۇمشاق قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئىدىشقا يېتەرلىك مىقداردا سۇ قۇيۇپ گەج پاراشوكى سېلىنىپ قوچۇلىدۇ. ئارقىدىن خام ھاك پاراشوكى سېلىنىپ ئۇركۇتۇلىدۇ. ئېرىتمە قويۇقلۇقى ئاق تاش ئېرىتمىسىنىڭكىدەك بولىدۇ.

**(1) چەكلىگۈچى بوياق بېرىش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ھەمزەكنىڭ گۈل ئورنىغا چەكلىگۈچى بوياق بېرىلىدۇ. ئاۋۋال بويالماقچى بولغان رەخت چۈشەك كىگىز ئۈستىگە تەكشى يېيىلىدۇ. ھەمزەك قېلىپى

رەختنىڭ بىر چېتىگە قويۇلىدۇ. چوتكا جاۋۇردىكى ئاق تاش (گەج ـ هاك) ئېرىتمىسىگە بوشراق چۆكۈرۈلۈپ، قېلىپتىكى ئويما گۈللەر ئۈستىگە سۈركىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گۈل ئورنى بىر قەۋەت نېپىز بوياق (ئاق بوياق) بىلەن بويىلىدۇ، ئاندىن قېلىپ پەم بىلەن ئېلىنىپ، هازىرلا گۈل بېسىلغان قېلىپ ئورنىنىڭ ئۇ چېتىگە قويۇلۇپ يۇقىرىقى مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر كىچىك قېلىپ ئىشلىتىلگەن بولسا، چۇشەككە سېلىنغان رەختنىڭ ئۇزۇن بوي قىرغىقىنى بويلاپ بىرىنچى رەت گۈل بېسىلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى رەت گۈللەر تەرتىپ بويىچە بېسىلىدۇ. رەختنىڭ چۇشەك ئۈستىدىكى قىسمىغا گۈل بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر بۆلىكى چۇشەك ئۈستىگە سېلىنىپ گۈل بېسىش مەشغۇلاتى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

گۈل بېسىپ بولۇنغان رەختلەر ئۇدۇللۇق لەڭگەر چۆپكە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا گۈل بېسىلغان رەخت يېرىم تەييار مەھسۇلات بولۇپ، چەكلىگۈچى بوياق ئېرىتمىسى گۈل ئورنىدا قېتىشىپ بىر قەۋەت نېپىز پەردە هاسىل قىلىدۇ. دىققەت بىلەن قارىمىسا، رەخت يۇزىدە گۈل بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

(2) تەگلىك بوياش باسقۇچى:بۇ باسقۇچتا نىل ئېرىتمىسى قاچىلانغان چوڭ ئىدىشلارنىڭ ئۈستىگە قارماقلار ئېسىلىدۇ. يېرىم تەييار مەھسۇلات (ماتا، تالىما) نىڭ هەر بىرسى بىر نەچچە قاتلىنىپ بىر بېشىدىن قارماققا ئىلىنىپ (بىر قارماقتا تۆت ئىلمەك بولىدۇ) بوياققا سېلىنىدۇ. رەخت يۇزىگە بېرىلگەن چەكلىگۈچى بوياقنىڭ خام ئەشياسى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، رەختنىڭ نىل ئېرىتمىسىدە تۇرغۇزۇلۇش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

گۈل ئورنىغا گەج ـ هاك ئېرىتمىسى بېرىلگەن بولسا قارماققا ئىلىنغان رەخت قارماق شوينىسىنى بوشىتىش ئارقىلىق نىل ئېرىتمىسىگە چۆكۈرۈپ ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن شوينا چىڭ تارتىلىپ رەخت ئىدىشتىن چىقىرىلىپ ئىدىش ئۈستىگە بىر نەچچە مىنۇت ئېسىپ قويۇلىدۇ. بوياق سۈيى ساقىپ رەخت سەل ـ پەل قۇرۇغاندىن كېيىن شوينا بوشىتىلىپ، ئىككىنچى قېتىم بوياققا سېلىنىپ، يەنە ئۈچ مىنۇت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ.

مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۈچ قېتىم بوياقتا سىلىنغاندىن كېيىن رەخت بوياقتىن چىقىرىلىپ ئېسىپ سۈيى ساقىتىلىدۇ. گۈل ئورنىغا ئاق تاش ئېرىتمىسى بېرىلگەن بولسا رەخت قارماققا ئىلىنىپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە بوياققا سېلىنىدۇ. ئەمما، بوياقتا تۇرغۇزۇش ۋاقتى سەل ئۇزاقراق بولىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئاق تاش ئېرىتمىسىنىڭ بوياق چەكلەش ئۈنۈمىنىڭ گەج ـ ھاك ئېرىتمىسىنىڭكىدىن ياخشى بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. قالغان ئىش تەرتىپلىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(3) مەھسۇلات سورتلاش باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا بوياپ قۇرۇتۇلغان ھەمزەك ۋە ھەمزەك زەدىۋاللار قىرغۇدا قىرىلىپ گۈل ئورنىدىكى گەج ـ ھاك ياكى ئاق تاش ئېرىتمىسىنىڭ قېتىشمىسى قىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن پاكىز سۈزۈك سۇغا چىلاپ يۇيۇپ، چايقاپ پاكىزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك ھەمزەك پۈتكەن بولىدۇ. ئاخىرىدا قايتا يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن قاتلاپ قاچىلىنىدۇ.

ھەمزەك ئىشلەپچىقىرىشتا مۇنداق بىر قانچە ھالقىنى ئوبدان ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ:

① چەكلىگۈچى بوياق بىرىشتە قېلىپ تۈز سىزىق بويىچە چەك باسۇرۇپ قويۇلۇشى كېرەك؛ ② چەكلىگۈچى بوياق ئېرىتمىسى بەك سۇيۇق بولۇپ قالماسلىقى لازىم. بولمىسا رەڭ چەكلەش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ؛ ③ چەكلىگۈچى بوياق بېرىلگەن يېرىم تەييار مەھسۇلات بەك چىڭ بېسىپ قاتلانماسلىقى لازىم، بولمىسا چەكلەگۈچى بوياق سۇيۇلۇپ كېتىپ، بوياق سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ؛ ④ نىل بوياققا چىلاشتا، چوقۇم چىلىما بوياق (سوغۇق بوياق) ئۇسۇلىنى قوللىنىش، رەختنى كۆچەپ ئۆرۈمەسلىك، بوياقتا تۇرغۇزۇش ۋاقتى زىيادە ئۇزاق بولۇپ قالماسلىقى لازىم؛ ⑤ قىرغۇ تىغى بەك ئۆتكۈر بولماسلىقى، قىرىش مەشغۇلاتى يېنىك ئېلىپ بېرىلشى زۆرۈر. بۇ تەلەپلەرنىڭ قايسىبىرىسىگە سەل قارالسا، بويالما سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

يۇقىرىقى نىل ئېرىتمىسىدە سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا رەخت تېگىنى ئۈچ خىل رەڭدە بوياشقا بولىدۇ. چەكلىگۈچى بوياق بېرىش

مەشغۇلاتى قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاق تاش ئېرىت- مىسى ئىشلىتىلسە رەختنى نىل ئېرىتمىسىدە ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ قېنىق نىل كۆك رەڭدە بويىغىلى بولىدۇ. نىل ئېرىتمىسىدە تۇرغۇ- زۇش ۋاقتى قىسقا بولسا ئاچ ھاۋا رەڭ، ئوتتۇرا ھال تۇرغۇزۇلسا ھاۋا رەڭ بويىغىلى بولىدۇ.

دېمەك، باسما قېلىپتا چەكلىگۈچى رەڭ بېرىپ، نىل ئېرىتمە- سىدە سوغۇق بوياش تېخنىكىسى ئارقىلىق ھەمزەك رەخت، ھەمزەك زەدىۋالدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ئۈچ خىل رەڭ ۋە 50 خىل گۈل نۇسخىسىدا بوياپ، جەمئىي 150 خىل رەڭ تۈرىدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

## 4. تامغا باسما بوياقچىلىقى

تامغا باسما بوياقچىلىق مەھسۇلاتى بىر قەدەر كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۈرى كۆپىنچە كەسپلەشكەن ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىش- لەپچىقىرىلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى، سايمان ۋە ئىش- لەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، تامغا باسما بوياقچىلىقىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق مەھسۇلاتنى ئىشلەپچى- قىرىش ئۇسۇلى ئايرىم ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

**1) سەرگەزچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

سەرگەز بېسىشتا ئاساسەن ئۇشتە قىلىنمىغان ماتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. كاتاپ، موزا ئېرىتمىسى (داۋا ئېرىتمىسى ياكى ھېلىلە ئېرىتمىسى)، ئوردان يىلتىزى، قوناق ئۇنى، توز، زەمچە، جىگدە يې- لىمى قاتارلىق ماتېرىياللار؛ قازان، كۇدۇك، پەردازگاھ، پەشكوپ، يىكچۆپ، يام، جاۋۇر، چۇشەك تاختاي، چۇشەك كىگىز، پۇچ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ئويما تامغا گۈل بېسىش ۋاستىسى قىلىنىدۇ.

**2) سەرگەزچىلىك مەشغۇلاتى**

سەرگەز تەگلىك بوياق پەرقىگە قاراپ ئاق سەرگەز، قىزىل سەر- گەز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

قىزىل سەرگەز تەييارلىق باسقۇچى، داۋىلاش باسقۇچى، گۈل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بېسىش باسقۇچى، قايناتما بوياق باسقۇچى ۋە سورتلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچلۇق؛ ئاق سەرگەز بولسا، سورتلاش باسقۇچىنىڭ ئالدىدا ئاقارتىش باسقۇچى بىلەن قوشۇلۇپ ئالتە باسقۇچلۇق ئىش تەرتىپى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

(1) تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا بارلىق سايمان، ئۈسكۈنىلەر تەكشۈرۈپ تەقلىنىدۇ. بېسىلىدىغان گۈل نۇسخىسى بېكىتىلىپ مۇناسىپ تامغىلار تازىلاپ تەييارلىنىدۇ. ماتا ـ تالىملار ئوبدان ئاقارتىلمىغان ياكى كىرلىشىپ كەتكەن بولسا قايتا ئاقارتىلىدۇ. ئېھتىياجلىق بوياق ئېرىتمىلىرى تەييارلىنىدۇ.

بويالمىلارنى ئاقارتىش: قازانغا قۇيۇلغان سۇغا 52:1 نىسبەتتە قوناق ئۈنى (تۈز) سېلىنىدۇ. ئازراق تۈز قۇيۇپ 15~10 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈپ سىقىلىدۇ ۋە پاكىز سوغۇق سۇدا چايقاپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

داۋا ئېرىتمىسى تەييارلاش: چىغرىق باسما بوياقچىلىقىدىكى ئۇسۇل بويىچە تەييارلىنىدۇ.

موزا كۈملىچى تەييارلاش: موزا يارغۇنچاقتا تارتىپ تالقانلىنىدۇ، ئاندىن ئىسسىق سۇدا خېمىر قىلىپ، كىچىك ـ كىچىك زوۋۇلا قىلىپ يۆگەپ قويۇلىدۇ.

ھىلىلە كۈملىچى تەييارلاش: بۇنىڭ جەريانى موزا كۈملىچى تەييارلاشنىڭكىگە ئوخشاش. بۇ باسقۇچتا يەنە ئەركەك تامغىدا قارا بېسىش ئۈچۈن كاتاپ بوياق (بۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق)، چىشى تامغىدا زەمچە بېسىش ئۈچۈن زەمچە ئېرىتمىسى تەييارلىنىدۇ.

زەمچە ئېرىتمىسى تەييارلاش ئۇسۇلى: سۈزۈك سۇغا 50:1 نىسبەتتە زەمچە سېلىپ قوچۇپ ئېرىتىلىدۇ. بەزى كاسىپلار بۇ ئېرىتمىگە تۇخۇمەك چېچىكى قوشۇپ تەييارلايدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋال سۈزۈك سۇغا 50:1 نىسبەتتە تۇخۇمەك چېچىكى سېلىنىپ يېرىم سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئوت توختىتىلىپ ئېرىتمە سەل تىندۇرۇلىدۇ. تۇخۇمەك چېچىكى تىرىپلىرى سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىقى نىسبەتتە زەمچە سېلىپ ئېرىتىلىدۇ (ئېرىتمىگە

تۇخۇمەك قوشۇشتىن مەقسەت ئوردان سەرپىياتىنى ئازايتىش ئۈچۈندۇر). زەمچە ئېرىتمىسىنى ئىشلىتىش ۋاقتىدا 30:1 نىسبەت بويىچە جىگدە يېلىمى قوشۇلىدۇ، يەنى جىگدە يېلىمى سوقۇپ پاراشوك قىلىنىپ خالتىغا قاچىلىنىدۇ ۋە زەمچە ئېرىتمىسىگە بىردەم چىلاپ قويۇلىدۇ. يېلىم پاراشوكى ئوبدان يۇمشىغاندا خالتا مۇجۇپ سىقىلىدۇ، يېلىم تېتىقى زەمچە ئېرىتمىسىگە چىقىرىلىدۇ (بەزى كاسىپلار كاتاپ بوياققىمۇ مۇشۇ نىسبەتتە جىگدە يېلىمى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ).

(2) **داۋىلاش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا بويالماقچى بولغان رەخت ئۈچ خىل ئۇسۇلدا داۋىلىنىدۇ. ئىمكانىيەتكە قاراپ ئۇنىڭ قايسىبىرىنى قوللانسا بولۇۋېرىدۇ.

**يۇلغۇن داۋىسى بىلەن داۋىلاش:** قىزىق سۇغا 100:0.8 نىسبەتتە موزا كۆمىلچى سېلىپ ئېرىتىلىدۇ. بويالماقچى بولغان رەخت موزا ئېرىتمىسىگە سېلىپ 10~5 مىنۇت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سىقىپ، يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئادەتتە ئىككى جىڭ ئېرىتمىدە بىر كىيىملىك ماتا داۋىلاشقا بولىدۇ.

**ھېلىلە ئېرىتمىسى بىلەن داۋىلاش:** قىزىق سۇغا 100:1 نىسبەتتە ھېلىلە كۆمىلچى سېلىپ قوچۇپ ئېرىتىلىدۇ، ئاندىن بويالما ئېرىتمىگە سېلىنىپ 10 مىنۇت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سىقىپ يېيىلىدۇ.

مەيلى قايسى خىل داۋا سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىلسۇن، رەخت داۋىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتىلىدۇ. قۇرۇغان ماتا سەككىز قات قاتلىنىدۇ. ھەر تۆت پارچە ماتا بىر دەستە قىلىنىپ (32 قات قاتلىنىپ) كۆدۈك ئۈستىگە قويۇلىدۇ، بىر ئادەم پەردازگاھ بىلەن، يەنە بىر ئادەم پەشكوپ بىلەن رەختنى بىر باشتىن كۆچەپ سوقۇپ چىقىدۇ (سەرچۆپتە سوقسىمۇ بولىدۇ، ئەمما قاتلاق سانى ئازراق بولىدۇ). سوقۇش ئارقىلىق رەختنىڭ قورۇقلىرى تۈزلىنىپ، يۈزى سىلىقلىنىپ گۈل بېسىشقا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

(3) **گۈل بېسىش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئاۋۋال ئەركەك تامغىدا كاتاپ بوياق، ئاندىن چىشى تامغىدا زەمچە ئېرىتمىسى بېسىلىدۇ.

**ئەركەك تامغا بېسىش:** سوقۇپ تەييارلانغان رەخت بىر باشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈۋۈلۈپ چۈشەك تاختاي ئۈستىگە يېيىلىدۇ. تۈز تەگلىك جاۋۇرغا ئىككى-ئۈچ قات كىگىز چۈشەك سېلىنىپ، ئۈستىگە ماتا پارچىسى سېلىنغاندىن كېيىن، بىر ئاز كاتاپ قويۇلىدۇ (كاتاپ مىقدارى كىگىز چۈشەك ئوبدان نەمدەلگۈدەك بولسا بولىدۇ). ئەركەك تامغا كاتاپقا مىلەنگەن كىگىز چۈشەككە بېسىلىپ گۈل نۇسخىلىرى كاتاپ بىلەن ھۆللەنگەندىن كېيىن، تەييارلانغان رەختنىڭ بىر بېشىدىن ئاخىرىغا قاراپ بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رەخت بويىنى بويلاپ يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە بىرىنچى قۇر تامغا بېسىلىدۇ. بىرىنچى قۇر تامغا بېسىلىپ چۈشەك ئاخىرىغا يەتكەندە ئىككىنچى قۇر، ئاندىن ئۈچىنچى قۇر... تامغا بېسىلىدۇ، رەختنىڭ چۈشەك تاختاي ئۈستىدىكى قىسمىغا ئەركەك تامغا بېسىلىپ بولغاندا رەخت يۆرۈشتۈرۈلۈپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا داۋاملاشتۇرۇپ بېسىلىدۇ.

رەختنىڭ ئەركەك تامغىدا كاتاپ بېسىلغان جايلىرى ئۇدۇللۇق قارىغا ئۆزگىرىدۇ.

چىشى تامغا بېسىش: ئەركەك تامغا بېسىلىپ بولغان رەخت قايتىدىن چۈشەك تاختىغا سېلىنىپ يېيىلىدۇ. كىگىز چۈشەك سېلىنغان باشقا بىر جاۋۇرغا زەمچە ئېرىتمىسى قويۇلىدۇ، ئاندىن زەمچىگە مىلەنگەن چىشى تامغا ئەركەك تامغا ئىزىغا دەلمۇدەل كەلتۈرۈپ بېسىلىدۇ. باشقا ئىش تەرتىپلىرى ئەركەك تامغا بېسىش ئىش تەرتىپىگە ئوخشىشىدۇ.

چىشى تامغا بېسىلغاندىن كېيىن ئەركەك تامغا بېسىلغان قارا جەگلەردىكى گۈل غۇنچىسى (چاغىسى) قاتارلىق جايلار سارغۇچ رەڭگە كىرىدۇ.

(4) قايناتما بوياق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا چىشى تامغا بېسىلىپ بولغان يېرىم تەييار بويالما سۈزۈك قاينىتىلىدۇ، ئاندىن يېرىم تەييار بويالما قازانغا سېلىنىپ (ئادەتتە ئىككى جىڭ سۇغا بىر دانە ماتا سېلىنىدۇ) داۋاملىق بىر سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. يىكچۆپتە پات – پات ئۆرۈپ بېرىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا سۇزۇۋېلىنىپ يىكچۆپ ئۆتكۈزۈپ تولغاپ سىقىلىدۇ، بۇ چاغدا بويالما يۈزىدە قارا جەگلەرنىڭ ئىچى قىزىل، رەخت تېگى ئىنتايىن سۇس قىزىل رەڭ پەيدا

بولىدۇ. قارا جەگە ئورنى رەڭ ئالمايدۇ. مانا بۇ قىزىل سەرگەزدۇر. بۇ ئۇسۇلدا يەنە سۇ مىقدارىنى ياكى ئوردان مىقدارىنى ۋە قاينىتىش ۋاقتىنى ئازايتىش ئارقىلىق ئاچ قىزىل سەرگەز، سۇ مىقدارىنى ئازايتىش ياكى ئوردان مىقدارىنى كۆپەيتىش، قاينىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق گۆش رەڭ سەرگەز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**ئاقارتىش باسقۇچى:** ئەگەر ئاق سەرگەز ئىشلەپچىقىرىلماقچى بولسا، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلانغان سەرگەز سۇ تولدۇرۇلغان يامغا سېلىنىپ، ھۆل كالا تېزىكى بىلەن قوشۇپ مىجىپ يۇيۇلىدۇ، ئاندىن كۆك چۆپلۈككە تەتۈر يېيىپ بىر سوتكا تۇرغۇزۇلىدۇ. بىر - ئىككى سائەتتە بىر قېتىم سۇ چېچىلىدۇ. ئاخىرىدا پاكىز يۇيۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەرگەزنىڭ تەگلىك قىسمىدىكى سۇس قىزىل رەڭ چىقىپ كېتىدۇ.

يېقىنقى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، سانائەت بوياقلىرىنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا سەرگەز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئوردان رەڭدە بوياش. بۇ بىر خىل تەييار ئوردان رېڭى بولۇپ، ئوردان يىلتىزى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، يەنى يېرىم تەييار سەرگەزنى بوياققا سېلىشتا ئوردان رېڭى ئىشلىتىلىدۇ، قاينىتىش ۋاقتى يېرىم سائەت بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە سەرگەز سۈپىتى تەبىئىي ئوردان ئىشلىتىلگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.

**سانائەت رەڭلىرىدە بوياش:** بۇ ئۇسۇلدا سەرگەزگە كاتاپ بېسىلغاندىن كېيىن، زەمچە سېلىنماي قىزىل ياكى جىگەر رەڭ بوياققا بىۋاستە سېلىپ قاينىتىپ بويىلىدۇ، نەتىجىدە سەرگەزنىڭ كاتاپ ئىزىدىن ئۆزگە جايلىرى ئوخشاش بويىلىپ چىقىدۇ. ئەنئەنىۋى سەرگەزگە سېلىشتۇرغاندا، رەخت يۈزىدە بىر خىل رەڭ ئاز بولىدۇ.

**چىشى تامغىدا رەڭ بېسىش:** بۇ ئۇسۇلدا سەرگەزگە چىشى تامغا بېسىشتا زەمچە ئىشلىتىلمەي، قىزىل ياكى جىگەر رەڭ بوياق قايناقسۇدا ئېرىتىلىپ تامغا ئارقىلىق بېسىلىدۇ.

كېيىنكى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سەرگەز بېسىشتا ئىش ھالقىسى ئاز، تېجەشلىك بولسىمۇ، بىراق رەڭ تۇتۇشى ياخشى بولمايدۇ. يۇ-

يۇلسا رەڭ تاراپ كېتىدۇ، ئاسان ئۆڭىدۇ. شۇڭا، خەلق ئىچىدە بۇنداق سەرگەزلەر «جاسەرگەز» دەپ ئاتالغان.

زەدىۋال ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار: بۇنىڭدا سەرگەز ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەشغۇلات تەرتىپلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئوخشاش. شۇڭا، بۇ يەردە پەقەت پەرقلىق تەرەپلىرىلا بايان قىلىنىدۇ.

ماتېرىيال: زەدىۋالنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 60~80 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا توقۇلغان ماتا، تالىمىنىڭ كەڭلىكى بۇنىڭغا چىقىش قىلمايدۇ، شۇڭا تەييارلىق باسقۇچىدا گۈل نۇسخا ئۆلچىمىگە ئاساسەن زادىۋاللىق رەخت يېتەرلىك كەڭلىكتە ئەنلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

باسما تامغا: زەدىۋالنىڭ زەيي، مېھراب گۈللىرى ئايرىم ـ ئايرىم مەخسۇس تامغىدا بېسىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئەركەك ـ چىشى بىر يۈرۈش بولىدۇ. شۇڭا، زەدىۋال گۈل نۇسخىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا مۇناسىپ تامغىلار تەقلىنىدۇ.

گۈل بېسىش باسقۇچى: رەخت يۈزىگە ئاۋۋال زەيي، ئاندىن بوي كانارا بېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆلۈنمە كانارا، مېھراب بۆلۈنمە تامغىلىرى، ئاخىرىدا مېھراب ئايگۈل تامغىلىرى بېسىلىدۇ. بۇ تەرتىپلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن يەنە يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە چىشى تامغىلاردا زەمچە بېسىلىدۇ.

باشقا ئىش تەرتىپلىرى سەرگەز بېسىش، بوياشنىڭكى بىلەن ئوخشاش. دېمەك، زەدىۋال باسما بوياقچىلىقىدا 60 خىل گۈل نۇسخىسىدا ئۈچ خىلدىن تەگلىك رەڭدە بوياپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

(5) سورتلاش باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا، يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان سەرگەز يۇيۇپ يېيىلىدۇ، 90% قۇرۇغاندا يىغىۋېلىنىپ ھەر بىر پارچە سەرگەز 16 قات قاتلىنىپ، ھەر ئىككى دانىسى بىر دەستە قىلىنىپ، كۇدۇڭدا سوقۇپ سۆپەتلىنىدۇ. ئاخىرىدا ھەر بىر پارچە سەرگەز سەككىز قات قىلىپ قاتلىنىپ، ھەر

10~5 دانىسى بىر توپ قىلىپ ئۇراپ قاچىلىنىدۇ.

ئاق سەرگەز رەڭ پەرقى ئېنىق، رەڭلىرى ئوچۇق، شوخ بولۇپ، قىزىل سەرگەزدىن خېرىدارلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى سەرگەز باسمىچىلىقى — بوياقچىلىقىدا 25 خىل نۇسخىدىكى سەرگەزنى تۆت خىل رەڭدە بوياپ 100 خىل رەڭ ـ دىكى سەرگەز ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**3) داستىخان بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

داستىخان باسما بوياقچىلىقىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات قائىدىلىرى سەرگەز ئىشلەپچىقىرىش قائىدىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىسـ ـمەن جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ.

**(1) سايمان پەرقلىرى.** داستىخان بېسىلىدىغان رەخت تاش ئۈستىدە سوقۇلىدۇ. بۇ، دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تەكشى يۈزلۈك تەبىئىي تاش ياكى تۈگمەن تېشىنىڭ پارچىسى بولۇپ، «تاشچۆپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

دۇمبال: داستىخان ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان رەختنى سوقۇشقا توقماق ئىشلىتىلمەستىن، «دۇمبال» ئىشلىتىلىدۇ. دۇمـ ـبال ئۇزۇنلۇقى 1.00 مېتىر، كىچىك باش دىئامېتىرى بەش سانتىـ ـمېتىر، چوڭ باش دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان كالتەك بولۇپ، ئۆرۈك ياكى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بۇ كالتەك كەسىپ تىلىدا «دۇمبال» دەپ ئاتىلىدۇ. رەخت سوقۇش ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «دۇمباللاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورتاق تىلىمىزدىكى «دۇمبالاش»، «دۇمبالىماق» دېگەن ھەرىكەتنامىلىرى ئېھتىمال مۇشۇ مەنبەدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

پىلتىكۈچ: ياغاچ چوكا ئۇچىغا پاختا ئوراپ ياسالغان سايمان، داستىخان تەگلىكىگە تۇخۇمەك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**(2) ماتېرىيال پەرقلىرى.** داستىخانلىق رەخت: ئەڭ چوڭ داستىـ ـخانلارنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى 4.00~1.80 مېتىرغا بارىدۇ. شۇڭا، داستىخانلىق رەخت مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئەنلەپ تەييارلىنىدۇ.

داۋا بويىقى: داستىخانلىق رەختنى داۋىلاشتا ھېلىلە ئېرىتمىسى

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىلىدۇ (تەييارلاش ئۇسۇلى سەرگەزچىلىكتە سۆزلەندى).

**زەمچە ئېرىتمىسى:** داستىخانغا چىشى تامغا بېسىشتا تۇخۇمەك چېچەكلى قوشۇلغان زەمچە ئېرىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ (تەييارلاش ئۇسۇلى سەرگەزچىلىكتە سۆزلەندى)، كەسىپ تىلىدا بۇ خىل ئېرىتمە «تۇخۇمەك رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇخۇمەك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان چىشى تامغىلار «سېرىق تامغا» دېيىلىدۇ.

**(3) مەشغۇلات پەرقلىرى.** داستىخان گۈللىرىنى بېسىشتا ئاۋۋال تۆت تەرەپ كانارلىرى ئەركەك تامغىدا بېسىلىدۇ، ئاندىن ئىچ گۈل قىسمىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بېكىتىلىپ ئايگۈل بېسىلىدۇ. تۆت بۇرجەككە بۇرجەك تامغا بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئايگۈللەر ۋە قوشۇمچە گۈللەرنىڭ ئورنى بېكىتىلىپ ئەركەك تامغا بېسىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە قارا تامغا بېسىلىپ بولغاندا كانارا ۋە ئىچ گۈللەرنىڭ قىزىل بويىلىدىغان جايلىرىغا سېرىق تامغا ئارقىلىق زەمچە بېسىلىدۇ، قوشۇمچە گۈللەرنىڭ قىزىل بويىلىدىغان جايلىرىغا پىلتىكۇچتە زەمچە بېرىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق كاتاپ ۋە زەمچە بېسىلىپ، قائىدە بويىچە بويالسا قارا جەگە، قىزىلگۈل، ئاق تەگ داستىخان ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر قارا تامغا بېسىلغاندىن كېيىن، داستىخان زەمچە ئېرىتمىسىگە سېلىنىپ ياكى قارا، سېرىق تامغا بېسىلغاندىن كېيىن، تەگلىك قىسمىغا پىلتىكۇچتە زەمچە بېرىلىپ، ئاندىن ئۇرداندا بويالسا، قارا جەگە، قىزىلگۈل، قىزىل تەگلىك داستىخان ھاسىل بولىدۇ. ئۇردان مىقدارى ۋە ۋاقتىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق قىزىل، جىگەر رەڭ (گۆش رەڭ)، ئاچ قىزىل تەگلىك داستىخان بوياپ چىققىلى بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەڭداش چاچما ۋە بىر مەركەزلىك چاچمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل نۇسخىدىكى داستىخاننى تۆت خىل رەڭدە بوياپ، سەككىز خىل رەڭ نۇسخىدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**(4) جايناماز، ياغلىق، بەلباغلىق بوياقچىلىقى:** بوياش ئۇسۇلى

سەرگەز، زەدىۋال، داستىخان قاتارلىق تامغا باسما گۈللۈك مەھ-
سۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قائىدىلىرىگە ئوخشاش، بوياق ماتېرى-
ياللىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە، ساي-
مانلارمۇ ئاساسەن ئوخشىشىدۇ.

ئومۇمەن، بويالماقچى بولغان بۇيۇم قائىدە بويىچە تەييارلانغاندىن
كېيىن بىرىنچى قەدەمدە يۇلغۇن داۋىسى، موزا، ھېلىلە قاتارلىقلار-
نىڭ بىرىدىن تەييارلانغان داۋا قايناتمىسىغا سېلىپ قاينىتىش ئار-
قىلىق داۋىلاپ بوياق تۇتقۇچى رەڭ بېرىلىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە،
زەيلىك تامغىسى، كانارا تامغىسى ياكى بۇرجەك كانارا تامغىلىرى
ئارقىلىق كاتاپ بوياق بېرىپ زەي، كانارا قاتارلىق بۆلەكلەرنىڭ
چېگرا سىزىقلىرى قارا رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە،
ئاۋۋال مەركىزىي گۈللەرنىڭ، ئاندىن قوشۇمچە گۈللەرنىڭ ئەركەك
تامغىسى ئارقىلىق كاتاپ بوياق بېرىپ، ھەر خىل گۈل، نەقىشلەر-
نىڭ قارا جەگە سىزىقى شەكىللەندۈرۈلىدۇ؛ تۆتىنچى قەدەمدە چىشى
تامغىلار ئارقىلىق كانارا گۈللىرى، بۇرجەك كانارا گۈللىرى، مەر-
كىزىي گۈل ۋە قوشۇمچە گۈللەرنىڭ قىزىل (سۇس قىزىل، جىگەر
رەڭ، پور رەڭ) بويىلىدىغان جايلىرىغا تۇخۇمەك رەڭ بېرىلىدۇ؛ بە-
شىنچى قەدەمدە قايناتما بوياق ئۇسۇلىدا ئوردانىدا بوياپ، گۈل ـ نە-
قىشلەرنىڭ تېگىشلىك جايلىرى قىزىل (سۇس قىزىل، جىگەر رەڭ،
گۆش رەڭ) قاتارلىق ئالدىن نىشانلانغان رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئا-
خىرىدا يۇيۇپ چايقاپ قۇرۇتۇلىدۇ.

مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالتە خىل نۇسخىدىكى جايىنامازنى تۆت
خىل رەڭدە بوياپ 24 خىل رەڭ نۇسخىدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچى-
قارغىلى، بەش خىل گۈل نۇسخىسىدىكى ياغلىقنى 10 خىل رەڭدە
بوياپ 50 خىل مەھسۇلات، تۆت خىل گۈل نۇسخىدىكى بەلياغلىقنى
بەش خىل رەڭدە بوياپ 20 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولى-
دۇ.

يۇقىرىقى ھەر خىل تور، نۇسخىدىكى گۈللۈك ۋە رەڭدار يوللۇق
مەھسۇلاتلارغا قارا رەڭ بېرىلگەندىن كېيىن، قالغان قىسمىنى سانا-
ئەت بوياقلىرىدا، قايناتما بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ رەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خىللىرىدا بوياش مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭدا رەخت يۈزىدە پەقەت ئىككى خىللا رەڭ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى بوياقچىلىقتا بولسا، رەخت يۈزىدە ئۈچ خىل رەڭ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

## 5. سىدام رەخت بوياقچىلىقى

سىدام رەخت بوياقچىلىقى ئاق رەختلەرنى بىرلا خىل رەڭدە بوياش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. سىدام رەخت بوياقچىلىقىدا بۆز چەكمەن ۋە ماتا بوياش ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، تالىما ئاز مىقداردا ياكى بۇيرۇتما بولغاندا بويىلىدۇ. بۇ خىل بوياقچىلىقتا بوياش قائىدە ـ ئۇسۇللىرى ئوخشىشىدۇ. بوياش مەشغۇلاتىدا ئادەتتىكى بوياقچىلىق ماتېرىيال ـ سايمانلىرى ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا پەقەت بوياش ئۇسۇلىلا بايان قىلىنىدۇ.

**قارا بوياش:** قازانغا سۇ قۇيۇپ 100:40 نىسبەتتە داۋا (يۇلغۇن داۋىسى) سېلىپ بىر ـ ئىككى سائەت قاينىتىلىدۇ. داۋا تىرىپلىرى سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىپ بويىلىدىغان رەخت داۋا ئېرىتمىسىگە بېسىلىپ 10 مىنۇتچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن سىقىپ يېيىلىدۇ. چالا قۇرۇغاندا يەنە 10 مىنۇت داۋىغا بېسىلىدۇ، داۋلاش مەشغۇلاتى مۇشۇ تەرتىپتە ئۇدا بەش قېتىم تەكرارلىنىدۇ (داۋا ئېرىتمىسى قىزىق ھالەتتە بولىدۇ). ئاخىرىدا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن 6:1 نىسبەتتە تەييارلانغان زاك ئېرىتمىسىگە چىلاپ 15~10 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەختنىڭ رەڭگى قارىغا ئۆزگىرىدۇ. چايقاپ يېيىپ ئاساسەن قۇرۇغاندا كۈدۈك ياكى سەرچۈپتە قويۇپ سوقۇپ پەردازلىنىدۇ. بەزى كاسىپلار بىر قېتىم داۋلاپ بىر قېتىم زاكقا بېسىش تەرتىپى بويىچە تەكرار بويايدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا زاك ئېرىتمىسىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنرەك تەڭشىلىدۇ. قارا بوياشتا داۋلاش قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، بويالمىدىكى رەڭنىڭ قېنىقلىق دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**كۆك بوياش:** داۋا ئېرىتمىسىگە ئازراق نىل قوشۇپ بىر قانچە قېتىم داۋلىنىدۇ، ئاندىن زاك ئېرىتمىسىگە سېلىنىدۇ ياكى بىر قانچە قېتىم يۇلغۇن داۋىسىدا داۋلىغاندىن كېيىن، نىل ئېرىتمىـ

سىگە بىردەم چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاخىرىدا يېيىپ قۇرۇتۇپ سوقۇپ
پەردازلىنىدۇ.
قىزىل، جىگەر رەڭ، ھاۋا رەڭ، ئاچ ھاۋا رەڭ، سېرىق، يېشىل،
مايسىرەڭ ۋە ئاچ مايسىرەڭدە بوياش ئۇسۇللىرى شاتىۋارنىڭ تەگلە-
كىنى بوياش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا، سىدام بويىـ-
لىدىغان رەختلەر ئۇجمە پورىدىن پايدىلىنىپ پور رەڭ، قوڭۇر رەڭ-
لەردە، جىگدە قوۋزىقى، كېۋەز شاكىلى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ
ئەت رەڭدە بويىلىدىغانلىقى مەلۇم.
(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## §8. تىكىمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى

### 1. تەلپەكسازلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى[①]

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش
تارىخي بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە
چېتىلىدۇ. كىروران گۈزىلىنىڭ بېشىدىكى كىگىز قالپاق بىلەن
پۈتىدىكى ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغقا تەتبىقلاپ مۇھاكىمە
قىلساق شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىمى
ئەڭ بۇرۇن مالخاي شەكلىدە تىكىلگەن بولۇپ، كېيىن ئۇ كۇلا شەك-
لىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئاخىرىدا تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ يا-
شاۋاتقان ئەجدادلىرىمىز قوينىڭ ئاشلانغان تېرىسىدىن تىكىلىدىغان
تەلپەك (تۇماق) نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەتراپتىكى قوۋملارغا
كەڭ دائىرىدە تارقاتقان. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرىدىن
تەلپەك بىلەن تۇماق ئۇزاق تارىخي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن.
تەلپەك مۇئەييەن دەرىجىدە يۇرت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.
تەلپەكنىڭ شەكلى بىلەن ئايرىم ئورۇنلاردىكى ئاتىلىشى ئوخشاش
ئەمەس، يەنى خوتەنلىكلەر تېرە بىلەن كۆرپىدە تىكىلگەن باش كىـ-

① بۇ تېما «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ تەلپەكسازلىق، تۇماقچىلىق»
(تۈزگۈچى: مەتسېلىم مەتقاسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 11-ئاي 1-نەش-
رى) ناملىق كىتابچە ئاساسىدا تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىمنى «تەلپەك» دەپ ئاتىسا، باشقا ئورۇنلاردا ئۇنى تۈرلۈك قامىدا قاتۇرۇپ تىكىلگەن باش كىيىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «تۇماق» دەپ ئاتايدۇ. تەلپەك ئاتالغۇسى تىلىمىزغا قەدىمكى تۈرك تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇ «تېرىدىن تىكىلگەن بۆك» سۆزىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ھاسىل بولغان. بەزىلەر تەلپەكنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئىسپاتى، دەپ قارايدۇ.

تەلپەك ئىستېمالچىلارنىڭ يۇرت ئايرىمىسى ۋەتەلپەكنىڭ شەكلى تىكىلىش ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: سالۋا تەلپەك، كۆرپە تەلپەك، قاما تەلپەك، تۈلكە تەلپەك، پىپى تەلپەك، كۇلا تەلپەك، سەللە تەلپەك قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىل تۈرلەرنىڭ ئىچىدە سالۋا تەلپەك، بەگ تەلپىكى، دېھقان تەلپىكى، كۆرپە تەلپەك، پىپى تەلپەك، سەللە تەلپەك ئاساسلىق تۈر ھېسابلىنىدۇ. قالغانلىرى ئۆزگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قوشۇمچە تۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سالۋا تەلپەكنىڭ تارىخي ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە سالۋا تەلپەكنى كىيگەن. سالۋا تەلپەكنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن كىيگەن باش كىيىم بولۇشى ئۇنىڭ ماتېرىيال ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىم ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىشتىن، مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېستېتىك قارىشىنىڭ بارلىقىغا كېلمۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. قاما تەلپەك بىلەن سەللە تەلپەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تارىخي شارائىت، دىنىي شەرىئەت ئېھتىياجى ۋە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېستېتىك ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، باشقا سەللە ئوراش تەلپىي ئاساس قىلىنغان.

ھازىر ئەرەنچە يازلىق، قىشلىق، كۈزلۈك باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى 20 خىلدىن، ئۇسخىسى 50 خىلدىن؛ ئايالچە قىشلىق، يازلىق باش كىيىمىنىڭ تۈرى 50 خىلدىن، شەكلى 100 خىلدىن ئاشىدۇ، باللارنىڭ باش كىيىمىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىقىلاردىن ھەرگىزمۇ قېلىشمايدۇ. ئوخشاشلا خوتەنلىكلەرنىڭ باش كىيىملىرىمۇ پەسىل ئالاھىدىلىكى بويىچە يازلىق، قىشلىق، كۈزلۈك قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. پەسىلگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تىكىلىدىغان يۇقىرىقى ئۈچ

خىل باش كىيىمنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزگىچە تىكىلىش ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، قىشلىق تۇماق ۋە تەلپەك قوينىڭ ئاشلانغان تېرىسى، تۇغۇلغىنىغا يىگىرمە كۈنچە بولغان قوزىنىڭ كۆرپىسى ھەم تۈرلۈك قاما، سەرگەز، ساقالۇت، شەيتان تېرىسى، سىلىك، دۇخاۋا، مەخمەل قاتارلىق ماتېرىياللاردىن تىكىلگەن.

قوينىڭ تېرىسى ۋە قوزىنىڭ كۆرپىسىدىن تىكىلىدىغان تەلپەكنىڭ تارىخىي تۇماقتىن بۇرۇن بولۇپ، شەكلى كۆپ خىل ئەنئەنىۋى باش كىيىمدۇر.

**1) تەلپەك تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق، قوشۇمچە ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى**

**(1) ئاساسلىق ماتېرىياللار:** تەلپەكنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى قوي تېرىسى ۋە تۇغۇلغىلى بىر نەچچە كۈن بولغان، تەپسىلىي ئېيتقاندا 4 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە تۇغۇلغان (تۇغۇلغان ۋاقتى كۆپ بولغاندا بىر ئايدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك) قىسقا يۇڭلۇق قوزىنىڭ تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، سۇنئىي قاما قاتارلىقلاردۇر. قوزا تېرىسىنىڭ يۇڭى قانچە قىسقا ھەم بۇدۇر بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. رەڭگى قارا، ئاق، قارامتۇل بوز دەپ ئۈچ خىل رەڭلىك بولىدۇ. كۆرپە كۇچا، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، كېرىيە، چىرا، قاراقاش، گۇما، نىيا، لوپ قاتارلىق جايلاردا بېقىلىدىغان يەرلىك قويلارنىڭ قوزىلىرىدىن ئېلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاشتا مۇھىم بولغىنى كۆرپە تەييارلاش بولۇپ، كۆرپىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقىنى تەلپەكنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، تەلپەك تىكىشتە ئەڭ ئاۋۋال سۈپەتلىك كۆرپىنى تاللاش مۇھىمدۇر. كۆرپىنى تاللاشتا ئۇنىڭ رەڭگى بىلەن يۇڭىنىڭ گۈلىگە قارايمىز. ئادەتتە كۆرپىنىڭ قارا رەڭلىكى ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنە كۆرپىنىڭ يۇڭى قانچە قىسقا، پارقىراق ھەم بۇدۇر بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر كۈزدە تۇغۇلغان قوزىنىڭ كۆرپىسى چىدامىلىق ھەم سۈپەتلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. كۆرپىنى ئاشلاپ، ئەيلەپ سۈپەتكە كەلتۈرۈشمۇ كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. كۆرپە تەلپەكنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تاشلاشتا خاڭجۇنىڭ قارا رەڭلىك دۇخاۋىسى ئىشلىتىلىدۇ.

**قوشۇمچە ماتېرىياللار:** يۇڭلۇق تېرە، كىرپىك (تەلپەك تىكىشكە كېتىدىغان قوشۇمچە نازۇك ماتېرىيال)، تاش (تاشلىق) قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت.

**2) تەلپەك تىكىشتە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار**

**(1) قايچا ۋە چىزا (سىزغۇچ).** چىزا ئادەتتە (بەزى ئورۇنلاردا مىسقال چىزا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى كونا ئاتالغۇ ۋە كونا ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئاتىلىپ قوللىنىلغان، يەنى ئۇ ئىلگىرى ئوتتۇز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچتىن ھەم تۆچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى «سەر» دەپ ئاتال-غان، يەنى ئۇستىلار كۆرپىنى ئۆلچەپ ئەندىزىگە باسقاندا، ئۇنى «سانتىمېتىر» دېمەي، «سەر» دەپ ئاتىغان. ئادەتتە بىر سەر دېگىنى ئۈچ يېرىم سانتىمېتىرغا تەڭ بولغان. نۆۋەتتە يۇقىرىقى بىرلىك بىر قىسىم ئورۇنلاردا يېڭى ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە، يەنى سانتىمېتىر ئۆلچىمى بويىچە، يەنە بىر قىسىم ئورۇنلاردا كونا ئۇسۇل بويىچە قوللىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاتاشتا يەنە سەر بىرلىكى ئىشلىتىلىدۇ. يەنى تىكىلىدىغان تەلپەك (تۇماق) نىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئۆلچىمى ــ كىشىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بويىچە ئۆلچەنگەن تەلپەك (تۇماق) كىيىمچىلىكى، چىزىدىن ئايرىلالمايدۇ.

**(2) قېلىپ:** تەلپەك تىكىمچىلىكىدە،جۇملىدىن تەلپەكنى سۈپەت-لەشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قېلىپ ئادەتتە ياغاچتىن، جام - چۆچەك قىرىمچىلىق قائىدىسى بويىچە، كىشىلەرنىڭ بېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بېشىغا تەقلىد قېلىپ ياسىلىدۇ. تەلپەك تىكىش مەشغۇلاتى باشتىن ـ ئاخىرغىچە قېلىپتىن ئايرىلالمايدۇ.

**(3) ئەندىزە:** تەلپەك تىكىمچىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى يەنەبىر نامايەندىسىدۇر. ئەجدادلى-رىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپتە تۈرلۈك باش كىيىملىرىنى بارلىققا كەل-تۈرگەندە، كىشىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باشنى

قىياسەن تەسەۋۋۇر قىلىپ، باش كىيىمنىڭ تەكشىلىكتىكى خەرد-
تىسى بىلەن ئۇنىڭ تۇرلۇك زىننەت ۋە نۇسخىلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى
تۇراقلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئەندىزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەن-
دىزە تەلپەك ــ تۇماق تىكىمچىلىكىدە قېلىپ، چىزا قاتارلىق ساي-
مانلارغا ئوخشاش ئۆلچەم، يەنى تەلپەكنىڭ قاسقان ئۆلچىمى، تەك-
شىلىكتىكى يېيىلمىسى، تۆپىلىكنىڭ تۆت تالا ئۆلچىمى ۋە تۆت
پارچىگە بۆلۈنگەندىكى يېيىلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەندىزە قارىماققا
تەلپەك تىكىمچىلىكىنىڭ ئۆلچىمىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ
شەكىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەندىزە بەئەينى قېلىپقا ئوخشاش كى-
شىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئۆز ئارا ئوخشىماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-
سەن كۆپ خىل كېسىلىدۇ، يەنى ئۇ تەلپەكنىڭ سىلىندىر ۋە كې-
سىك كونۇس شەكىللىك ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان
ئالاھىدە شەكىللىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەندىزە ئادەتتە چىدام-
چانلىقى يۇقىرى بولغان قېلىن قەغەزلەردىن، يەنى مايلىق قەغەز-
لەردىن ئويۇلىدۇ. ئەندىزە يۇقىرىقى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بى-
لەن يىراق دەۋرلەردىن بۇيان تەلپەك ــ تۇماق تىكىمچىلىكىنىڭ
بىردىنبىر ئۆلچەم بىرلىكى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن
بولسىمۇ، ئۇنى دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشكە بو-
لىدۇ. مەسىلەن، يېقىندىن بارلىققا كېلىۋاتقان بىر قىسىم باش كى-
يىملىرىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئەندىزىسى بار بولۇپ، ئۇستىلار ئۇنى
نۆۋەتتىكى باش كىيىمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېقىندىن ئويۇپ
تەييارلىغان.

(4) يىپ ـ يىڭنە: تەلپەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە چوڭ ـ
كىچىك، ئىنچىكە، توم دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇ تەلپەكنىڭ ئوخشاش بول-
مىغان قىسمىغا ماس كەلتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تۆپىلىك
تىكىشكە توم، ئۇزۇن يىڭنە ئىشلىتىلسە؛ زەيلەش بىلەن پۈكۈشكە
ئىنچىكە يىڭنە ئىشلىتىلىدۇ. تەلپەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان يىپ
ئەڭ ياخشىسى يەرلىكتە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپ بولغىنى ياخ-
شى، چۈنكى يەرلىكتە پاختىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپنىڭ
چىدامچانلىقى ۋە چىرىشقا قارشى كۈچى ئادەتتە زاۋۇتتا ئىگىرىلگەن

www.uyghurkitap.com



يىپتىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، تەلپەكنىڭ تىكىلىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ مەخسۇس يىپ - يىڭنە بىلەن تىكىلىدىغان، يەنە كېلىپ يىپ - يىڭنە بىلەن سەنئەتلىك تۇسكە كىرىدىغان باش كىيىمى بولغاچقا، ئۇنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان يىپ چوقۇم مۇستەھكەم، سۈپەتلىك، چىدامچانلىقى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. تەلپەكنىڭ چىدامچانلىقى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن يىپ تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ.

**(5) تەلپەكنى سۈپەتلەش خۇرۇچى:** تەلپەكنى سۈپەتلەش خۇرۇچى ئادەتتە قازان قارىسى، ئۆرۈك يېلىمى، سۇ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ خىل خۇرۇچلارنى ئەجدادلىرىمىز يىراق تارىختىن باشلاپ تەلپەكنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ شۇ تەركىپ بويىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. تەلپەكنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۆرۈك يېلىمى كۆرپىنى پارقىرىتىشتىن سىرت، مۇھىمى ئۇ كۆرپىنى تۈرلۈك زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلايدۇ، ھەمدە كۆرپە يۇڭىنىڭ تەگ قىسمىدىن ئاجراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تەلپەكنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قازان قارىسى ئادەتتە بوياق سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى قازان قارىسى بىلەن ئۆرۈك يېلىمىغا سۇ قوشۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ پارقىراق ھالغا كېلىپ، كۆرپىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى تۇم قارا ۋە پارقىراق ھالغا كەلتۈرىدۇ. تەلپەك تىكىش مەشغۇلاتىدا تەلپەكنى سۈپەتلەش خۇرۇچىنىڭ رولى خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، تەلپەكنى تىكىپ پۈتتۈرۈش بىرىنچى ئۆتكەل بولسا، سۈپەتلەش باسقۇچى تەلپەك تىكىش مەشغۇلاتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا تەلپەك تىكىلگەندىن كېيىن سۈپەتلەنمىسە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ كىيىشىگە ئەرزىمەيدۇ.

**(6) ئۇستىرا:** تەلپەك تىكىشتە قايچىغا ئوخشاش ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇستىرا تەلپەك تىكىش مەشغۇلاتىنىڭ كېسىمچىلىك قىسمىدا يەنى قايچا ئىشلىتىشكە قولايسىز جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇستىرا تىغى ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىش-

لىتىلىدىغان پىچاقنىڭ تىغىدىن سەل ئىتتىكرەك بولىدۇ.

(7) مويىنكەش: تەلپەكنى سۇپەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى تەلپەك تىكىلىپ پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن، قېلىپقا تارتىلىپ سۇپەتلىنىدۇ، مويىنكەش ئادەتتە تۆمۈر ۋە تۇچتىن ياسىلىدۇ، قارىماققا ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋىلكىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تۇتقۇچى ۋە تارغاققا ئوخشاش بىر نەچچە تال چىشى بار بولۇپ، مەخسۇس تەلپەكنى سۇپەتلەشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمەلىي مەشغۇلاتتا مويىنكەش تەلپەككە سۇپەتلەش خۇرۇچى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆرپىنىڭ تۇرۇلۇۋالغان يۈگىنى كۆپتۈرۈش ۋە كۆرپە يۈزىنى تاراپ تەكشىلەش ئۈچۈن، مۇنداقچە ئېيتقاندا كۆرپە يۈزىنىڭ گۈللۈك ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مويىنكەش چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى ۋىلكا شەكىللىك بولۇپ تۆت ياكى بەش چىشلىق بولىدۇ.

(8) ئويماق: تەلپەك تىكىمچىلىكىدىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، يەنە يىپ - يىڭنە بىلەن ئىشلىنىدىغان بارلىق قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك كەسىپلىرىدە ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي ئەسۋاب بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكى بويىچە بارماقنى قوغداپ يىڭنىنى ئىتتىرىش رولىنى ئوينايدۇ، ئويماق ئاساسەن تۆمۈردىن ياكى كۆندىن ئۈزۈككە ئوخشاش شەكىلدە ياسىلىدۇ. ئويماقنىڭ سىرتقى يۈزىدە كىچىك ئويۇقچىلار بولۇپ، ئۇ يىڭنىنى ئىتتىرىشتە تىرەك رولىنى ئويناپ، بارماقنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئويماقنى قايسى بارماققا سېلىش، يىپ - يىڭنە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ.

(9) ئورغاق: ئاشلانغان تېرىلەرنىڭ يۈزىدىكى بىر قەۋەت نېپىز پەردىنى قىرىپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3) تەلپەك تىكىش ئۇسۇللىرى

تۆۋەندە تەلپەكلەرنىڭ ئاساسلىق تۈرىنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

(1) سالۋا تەلپەك ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى. سالۋا تەلپەك ئەجداد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇن كىيگەن ھەمدە كۆلادىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرگەن باش كىيىمى بولۇپ، ئۇ نۇسخا ۋە تۈر جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. سالۋا تەلپەكنىڭ ماتېرىيالى ۋە تىكىلىشى ئاددىي، ئۇنىڭغا باشقا تەلپەك تۈرلىرىدەك ئىنچىكە تەلەپلەر قويۇلمايدۇ. سالۋا تەلپەك ئادەتتە قوينىڭ ئۇزۇن، قىسقا يۇڭلۇق ئاشلانغان تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، ئۇ قارىماققا پىپى تەلپەككىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ، بىراق ئېغىزىغا ھېچقانداق جىيەك تۇتۇلمايدۇ. سالۋا تەلپەكنىڭ قاسقىنى بىلەن تۆپىلىكىنى بىر خىل رەڭلىك تېرىدىن تىكىشكە بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا تاشلانمايدۇ، ئۇ كەڭ قاسقانلىق ۋە تار قاسقانلىق دەپ ئىككى خىل نۇسخىدا بولىدۇ. سالۋا تەلپەك تېپىك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. ئاساسلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ناھىيەلىرىدىكى كىشىلەر كىيىپ كېلىۋاتقان تار قاسقانلىق سالۋا تەلپەك ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، رەڭ جەھەتتىن قارا رەڭلىك، ئاق رەڭلىك، بوز رەڭلىك سالۋا تەلپەك ۋە قارا بىلەن بوز رەڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سالۋا تەلپەك قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بەزىلەر يۇڭلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان سالۋا تەلپەكنى كىيسە، بەزىلەر نۆۋەتتە بارلىققا كېلىۋاتقان خوتەن نۇسخىسىنى كىيىشكە ئادەتلىنىپ، ئەنئەنىۋى سالۋا تەلپەك ئىستېمالىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، بارا ـ بارا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

سالۋا تەلپەكنى تىكىش ئۈچۈن ئاۋۋال قوينىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ، ئەيلەپ، چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمىدە كۆپ ھاللاردا، تەلپەكنى كىيگۈچىنىڭ بېشىنى ئاساس قىلىپ بىۋاسىتە ئۆلچىسە، بەزى ئۇستىلار ئەندىزە بويىچە ئۆلچەيدۇ. ئالدى بىلەن بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە ئەندىزە ئارقىلىق قاسقان كېسىۋېلىپ، يىپ ـ يىڭنە ئارقىلىق ئىككى بېشى چېتىلىپ ئۇنىڭ چەمبەرسىمان ھالىتى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، قاسقان تەييار بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان تېرىدىن تالا ياكى تۆت تالا بويىچە ئەندىزىگە بېسىلىپ تۆپىلىك كېسىلىپ، يىپ ـ يىڭنە بىلەن ئۆز ئارا ئۆلچەملىك چېتىلىپ تەييارلىنىدۇ. سالۋا تەلپەككە ئادەتتە ئاددىي كىرپىك تۇتۇلۇپ زەيلە-

نىدۇ، بەزىدە سالۋا تەلپەكنى قاسقان بىلەن تۆپىلىكنى ئايرىم كېسىۋېلىپ، تىكىپ تەييارلىماستىن، بەلكى بىرلەشتۈرۈپ بىراقلا كېسىپ تىكىشكىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل سالۋا تەلپەك تىكىمچىلىكىدە ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا تەلپەك ئانچە سىپتا، چىرايلىق چىقمايدۇ. قارىماققا ئۇ كولاغا ئوخشاپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ خىل ئۇسۇل بارا ـ بارا قوللىنىلىشتىن قالدى.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى تونۇشتۇرۇش زۆرۈركى، نۆۋەتتە خوتەن سالۋا تەكپىكىنىڭ يېڭىچە نۇسخىسىنى كىيىش خوتەن رايونىدا مودا بولماقتا. بولۇپمۇ ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، زىيالىيلار قىش كۈنلىرى خوتەن سالۋا تەلپىكىنىڭ يېڭىچە نۇسخىسىنى كىيىشنى كۆلەملەشتۈرۈۋاتىدۇ. خوتەن سالۋا تەلپىكىنىڭ يېڭى نۇسخىسى دېگەندە، بۇ خىل سالۋا تەلپىكىنىڭ شەكلى بىلەن رەڭگىگە قارىتىلغان، يەنى ئۇ شەكىل جەھەتتىن ئىلگىرىكى خوتەن سالۋا تەلپىكىدىن كىچىك، يۇمىلاق (قاسقان، تۆپىلىكلىرى قاتۇرۇلۇپ تىكىلىدىغان تۇماققا ئوخشاش) قاسقان بىلەن تۆپىلىك بىر تەكشىلىكتە بولۇپ سېلىندىر شەكلىدە. ئومۇمىي ئېگىزلىكى 20سانتىمېتىر دىن 35سانتىمېتىر گىچە، رەڭگى كۆپىنچە قارامتۇل بوز (كافېي رەڭگە مايىل) بولۇپ، ئاق رەڭلىك قوي تېرىسىدىنلا تىكىلىدۇ، تىكىلىش ئۇسۇلى خوتەن كۆرپە تەلپىكنى تىكىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

(2) **كۆرپە تەلپەك ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى.** كۆرپە تەلپەك تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان (ئادەتتە بىر ھەپتىدىن ئىككى ھەپتىگىچە بولغانلىرى ئۆلچەملىك ھېسابلىنىدۇ) قىسقا يۇڭلۇق قوزا كۆرپىسىدىن سىپتا ھەم كۆركەم تىكىلىدىغان ئەتىۋارلىق باش كىيىمى بولۇپ، تىكىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: خوتەن كۆرپە تەلپىكى، كېرىيە كۆرپە تەلپىكى، چىرا كۆرپە تەلپىكى قاتارلىق تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قاسقانغا ئىشلىتىلگەن كۆرپە بىلەن تۆپىلىككە ئىشلىتىلگەن يۇڭلۇق تېرىنىڭ قېلىن ۋە سىپتىلىقىغا قاراپ: يازلىق كۆرپە تەلپەك ھەم قىشلىق كۆرپە تەلپەك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، يەنى يازلىق كۆرپە تەكپەكنىڭ قاسقانغا ئىشلىتىلگەن كۆرپە بىلەن تۆپىلىككە ئىشلىتىلگەن يۇڭلۇق تېرە قىشلىق كۆرپە تەلپىكى-

www.uyghurkitap.com



نىڭكىگە قارىغاندا نېپىزرەك بولىدۇ. كۆرپە تەلپەكنىڭ نۆۋەتتە كۆپ
ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك: رەڭ ئايرىمىسى جە-
ھەتتىن قارا رەڭلىك كۆرپە تەلپەك، قارامتۇل بوز رەڭلىك كۆرپە
تەلپەك ۋە بوز بىلەن قارا ئارىلاشتۇرۇپ تىكىلگەن كۆرپە تەلپەك قا-
تارلىق ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. كۆرپە تەلپەك يەنە چوڭ - كىچىكلىك
ھەم نۇسخا جەھەتتىن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى خىلى: قاسقان (تاش كۆرپە) نىڭ كەڭلىكى سانتىمې-
تىر20 ~ 40 سانتىمېتىرگىچە بولىدۇ. بۇ خىلدىكى تەلپەكنىڭ
ئاستى ئايلانمىسى 50 ~ 60 سانتىمېتىرغىچە، ئۈستىنىڭ ئايلان-
مىسى سانتىمېتىر35 ~45 سانتىمېتىرگىچە بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى: قاسقان (تاش كۆرپە) نىڭ كەڭلىكى سانتىمې-
تىر20 ~ 30 گىچە، ئېگىزلىكى سانتىمېتىر30 ~ 40 گىچە بو-
لىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرلىك ئاتالغۇ بويىچە كۆرپە تەلپەكنىڭ
كەڭ ئۈچ سەر، ئىككى سەر، ئىككى يېرىم سەر دېگەنگە ئوخشاش تۈر-
لىرىمۇ بار. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، كۆرپە تەل-
پەكنىڭ نۇسخىسى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر يۇرت بى-
لەن يەنە بىر يۇرتنىڭ نۇسخىسىدا مۇئەييەن پەرق بار. مەسىلەن، خو-
تەنلىكلەرنىڭ كۆرپە تەلپىكى بىلەن يېڭىسار ۋە يەكەنلىكلەرنىڭ
كۆرپە تەلپىكىنىڭ پەرقى خېلىلا زور بولۇپ، بىر بىرىدىن ئالاھىدە
پەرقلىنىدۇ، يەنى يېڭىسار بىلەن يەكەنلىكلەرنىڭ كۆرپە تەلپىكى خو-
تەنلىكلەرنىڭ كۆرپە تەلپىكىدىن 10سانتىمېتىردىن 20 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا ئېگىز، ئۈستى ئايلانمىسى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كىچىك
بولىدۇ، يەنە كېرىيە بىلەن قاراقاش، گۇما ناھىيەلىرىدىكى كىشىلەر
كىيىدىغان كۆرپە تەلپەكتىمۇ مۇئەييەن پەرقلەر بار.

**4) كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىنىڭ تەرتىپى**

**(1) قاسقان تەييارلاش.** قاسقان ئادەتتە كۆرپە تەلپەكنىڭ ئاسا-
سلىق سىرتقى بوي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. كۆرپە تەلپەكنىڭ نۇسخىسى
بويىچە ئالدى بىلەن كۆرپىنى ئۆلچەملىك ئەندىزىگە بېسىپ، كۆرپە
تەلپەكنىڭ قاسقانلىق قىسمىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى باش
قىسمىنى ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، جىپسىلاشتۇرۇپ يىپ - يىڭنە بىلەن

ناھايىتى سىپتا، چانمىغۇدەك قىلىپ چاتىمىز. چاتقاندىن كېيىن سىرتقى تەرەپتىن قاسقاننى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، يىپ ـ يىڭنە بىلەن تىكىلگەن ئورۇن ھەرگىزمۇ چېنىپ قالماسلىقى كېرەك.

(2) **تۆپىلىك تەييارلاش.** تۆپىلىك تەييارلاشمۇ كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىدە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مەشغۇلاتتۇر. تۆپىلىك تىكىشتە ئالدى بىلەن تېرىنىڭ سۇپىتىنى كۆرپىنىڭ سۇپىتىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. يەنى تېرىنىڭ يۇڭ قىسمى بىلەن تېرە قىسمىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دەسلەپتە تۆپىلىكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمىنى قاسقاننىڭ ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرۇپ، تەييارلىنىۋالغان تېرىنى تۆت تالالىق ئەندىزىگە بېسىپ، تۆت پارچە تۆپىلىكلىك تالا كېسىۋالىمىز، بەزى ئۇستىلار تۆپىلىك تەييارلاشتا يۇقىرىقىدەك تۆت تالالىق ئەندىزىنى ئىشلەتمەي، ئۈچ تالالىق ئەندىزىنى ئىشلىتىدۇ، بۇ خىلدىكى ئەندىزە ئادەتتە ئاز ئىشلىتىلىدۇ. تۆت تالالىق ئەندىزىگە بېسىلىپ كېسىلگەن تۆپىلىكنىڭ سۇپىتى ئۈچ تالالىق ئەندىزىگە بېسىلىپ تىكىلگەن تۆپىلىكنىڭ سۇپىتىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، تۆپىلىكنىڭ تۆت تالاسى ئۆلچەم بويىچە كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن تالالارنى يىپ ـ يىڭنە بىلەن ئۆز ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ چاتىمىز، چېتىشتا قويۇلىدىغان تەلەپ خۇددى قاسقاننى چېتىشتا قويۇلىدىغان تەلەپكە ئوخشاش بولغاندىن باشقا، تۆپىلىكنىڭ يۇمىلاق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە تۆپىلىك تېرىسىنىڭ قېلىن ھەم سىپتىلىقى تىكمەكچى بولغان كۆرپە تەلپەكنىڭ يازلىق ياكى قىشلىق ئايرىمىسىغا ئاساسەن تاللىنىدۇ. ئادەتتە يۇڭلىرى زىچ، پارقىراق ھەم يۇمشاق بولغانلىرى ياخشى.

(3) **كىرپىك تۇتۇش.** كىرپىك تۇتۇش دېگىنىمىز، كۆرپە تەلپەكنىڭ ئېغىز تەرەپ گىرۋىكىگە ياخشى ھەم سۇپەتلىك بولغان كۆرپىدىن ئىنچىكە جىيەك تۇتۇش بولۇپ، كىرپىك تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆرپىنىڭ يۇڭى كۆرپە تەلپەكنىڭ قاسقىنىغا ئىشلىتىلگەن كۆرپىنىڭ يۇڭىدىن سەل ئۇزۇن بولۇشى، يەنى كۆرپە تەلپەكنىڭ ئېغىز تەرەپ گىرۋىكىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇشى لازىم. كۆرپە تەل-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پەككە كىرپىك تۇتۇشتا ئالدى بىلەن يۇڭى ئۇزۇنراق، پارقىراق ھەم قاسقانغا ئىشلىتىلگەن كۆرپىدىن بىر قەدەر نېپىزرەك كۆرپىنى تاللاپ، ئۇنىڭدىن بىر سانتىمېتىردىن ئىككى سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولغان كىرپىكلىك كېسىۋالىمىز. كىرپىكلىكنى كېسىشتە چوقۇم ئۇنىڭ تەكشىلىكىگە، ئۆلچەملىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كىرپىكلىك كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىپ ـ يىڭنە بىلەن قاسقاننىڭ ئاستى ئېغىز تەرەپنى بويلىتىپ، كۆرپىنىڭ مويلۇق يۈزى بىلەن ماس كەلتۈرۈپ تىكىپ، كىرپىكنى مۇقىملايمىز. قاسقانغا كىرپىكنى تىكىپ مۇقىمداش كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىدە يەنە بىر مۇھىم تېخنىكىلىق مەشغۇلات بولۇپ، ئۇ ئۇستىلاردىن يۇقىرى تىكىمچىلىك ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، كۆرپە تەلپەككە كىرپىك تۇتۇش ماھىيەت جەھەتتىن كۆرپە تەلپەكنى ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەتلەش بولۇپ، مۇبادا بۇ مەشغۇلاتتا سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، كۆرپە تەلپەكنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، يەنى ئالدى بىلەن كىرپىككە ئىشلىتىلىدىغان كۆرپىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى تەلەپ بىلەن تاللاش لازىم، يەنە بىر تەرەپتىن كىرپىكنى قاسقاننىڭ ئاستى تەرەپ ئېغىزىغا يىپ ـ يىڭنە بىلەن مۇقىمداشتا، قاسقاننىڭ يۇڭ يۈزى بىلەن كىرپىكنىڭ يۇڭ يۈزىنىڭ تەكشىلىكى ۋە جىپسىلىشىشى چوقۇم تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

(4) **زەيلەش ئۇسۇلى.** كۆرپە تەلپەكنى زەيلەش دېگىنىمىز، قاسقاننىڭ ئۈستى تەرەپ ئايلانمىسىنىڭ گىرۋىكىنى يىپ ـ يىڭنە بىلەن پۇكۇش (گىرۋەكنى ئىچكى تەرەپكە قايرىپ تىكىش) دېگەنلىكتۇر. بۇ قارىماققا ئاددىي مەشغۇلاتتەك كۆرۈنسىمۇ، تەلپەك تىكىمچىلىكىدە تەلپەكنى سۈپەتلەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

(5) **قاسقاننى تۆپىلىككە ئېلىش ئۇسۇلى.** قاسقاننى تۆپىلىككە ئېلىش كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىدە تەييار بولغان ماتېرىياللار ئارقىلىق كۆرپە تەلپەكنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇش مەشغۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرپە تەلپەكنى تۆپىلىككە ئېلىش ــ تېخنىكا جەھەتتىن كۆرپە تەلپەكنىڭ ئايرىم ماتېرىياللىرىنى ئۆز

ئارا قۇراشتۇرۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، قۇراشتۇرۇلغان ماتېرىياللار-
نىڭ مەشغۇلاتى ئىلگىرىكى تېخنىكا ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىدۇ، يەنى بۇ ئالاھىدە قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى بولماستىن، پەقەت
جىپسىلاشتۇرۇش، ئەندىزە ۋە ئۆلچەملەرنى بىر ـبىرىگە ماس ۋە ئۇ-
دۇل كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تىكىش ئۇسۇلىغا
ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بار: بىرى، كۆرپە
تەلپەكنىڭ قاسقىنى بىلەن تۆپىلىكىنى ئۆز ئارا چاتىدىغان يىپ
كۆرپە تەلپەكنىڭ باشقا قىسىملىرىنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان
يىپتىن بىر قەدەر تومراق، پىششىقراق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، قاس-
قاننى تۆپىلىككە ئېلىپ ئۆز ئارا چاتقاندا، تۆپىلىكنىڭ ئېغىز تەرد-
پىدىكى كىرپىكلەرنىڭ ئىچى تەرەپكە قاتلىشىپ، تۆپىلىكنىڭ
گىرۋىكى بىلەن بىللە تىكىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇ
كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىدە بىر قەدەر قىيىن ھەم ئىنچىكە مەش-
غۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى
تەلەپتىكى قاسقاننى تۆپىلىككە چېتىشتا ئىشلىتىلىدىغان يىپ بىر
قەدەر توم بولۇپ قالسا، قاسقاننىڭ گىرۋىكى بىلەن تۆپىلىكنىڭ
گىرۋىكىنى جىپسىلاشتۇرۇپ تىكىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ، دېمەك،
قاسقاننى تۆپىلىككە ئېلىش كۆرپە تەلپەك تىكىمچىلىكىدە ئاساس-
لىق مەشغۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**(6) كۆرپە تەلپەكنى قېلىپقا تارتىش ئۇسۇلى.** كۆرپە تەلپەكنى قې-
لىپقا تارتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشىغا سۇ پۈركۈپ، تې-
رە تېگىنىڭ ئېلاستىكلىقى ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، كۆرپە
تىكىلىپ تەييار بولۇش جەريانىدا شامالداپ قۇرۇپ، بىر قەدەر چۇ-
رۇك ھالغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ ھالدا ئۇنى قېلىپقا تارتقاندا تۆپىلىك
بىلەن قاسقاننىڭ كىرپىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ چېتىلغان ئاس-
تىنقى ئايلانمىسىدا ئاسانلا يېرىلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.
شۇڭا، تۆپىلىك بىلەن قاسقاننى سۇ پۈركۈپ نەمدەش بىلەن بىللە،
قولدا بىردەم كېرىپ، تېرىنى مۇۋاپىق ھالدا بوشىتىپ، ئۇنىڭ قې-
لىپتا سۈرۈلۈپ مېڭىشى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ.

**(7) كۆرپە تەلپەكنى تاشلاش ئۇسۇلى.** كۆرپە تەلپەكنىڭ ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماس كەلگەن تېشى بەئەينى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك، كۆرپە تەلپەكنىڭ سۈپىتىنى بىر نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تاشنى تەييار قىلىشتا كۆرپە تەلپەكنىڭ ئاساسلىق تاش رەختى بولۇپ كەلگەن قارا رەڭلىك دۇخاۋنىڭ سۈپىتىنى تاللاش، بولۇپمۇ خاڭجۇنىڭ قارا رەڭلىك ئالىي سۈپەتلىك دۇخاۋىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. تاشنىڭ تاللىرىنى كېسىشتە، كۆرپە تەلپەكنىڭ نۇسخا ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئالغاندىن سىرت، مۇھىمى كۆرپە تەلپەكنىڭ تۆپىلىكىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ، تاشنىڭ تالاسىنى ئەندىزە بويىچە كېسىۋېلىش كېرەك. ئىلگىرى تاش تالاسى يىپ ـ يىڭنە بىلەن تىكىلىپ چېتىلاتتى، كېيىن تەرەققىياتقا ماس ھالدا تىكىمچىلىك ماشىنىسىدا چېتىلىدىغان بولدى. مەلۇمكى، كۆرپە تەلپەكنىڭ تۆپىلىك قىسمى ئۈنىڭ قاسقىنى بىلەن ئاساسەن بىر تەكشىلىكتە بولۇپ، ئۇ سالۋا تەلپەكتىن مۇشۇ جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. تاشنى قاسقانغا مۇقىمداشتا ئىشلىتىلىدىغان يىپ چوقۇم ھەم ئىنچىكە، ھەم پىششىق، سىلىق بولۇشى كېرەك.

(8) كۆرپە تەلپەكنى ئاسراش ۋە قايتا سۈپەتلەش ئۇسۇلى. ئادەتتە ياخشى تىكىلگەن بىر كۆرپە تەلپەكنى بازاردا يۇقىرىسى 500 يۈەندىن تۆۋىنى 200 يۈەن ئەتراپىدا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، كۆرپە تەلپەكنى ئاسراش ۋە قايتا سۈپەتلەشمۇ كۆرپە تەلپەك تىكمىچىلىكىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئادەتتە كۆرپە تەلپەك تىكىلىپ باشقا كىيىلگەندىن كېيىن بىر يىلغىچە سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆرپە يۇڭلىرى پارقىراقلىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كۆرپە يۇڭلىرى تۇگۇنچەكلىشىپ، كۆرپىنىڭ تېگىگە چاپلىشىپ گۈلى قالمايدۇ. كۆيە ئادەتتە ياز كۈنلىرى، بولۇپمۇ تومۇزدا كۆپىيىپ، يۇڭ ۋە تېرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇرلۇك بۇيۇملارغا زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇبادا دىققەت قىلىنمىسا، ئۇ بىر نەچچە كۈنچ ئىچىدىلا بىر كۆرپە تەلپەكنىڭ يۇڭىنى قىرقىۋېتىدۇ. شۇڭا كۆرپە تەلپەكنى كىيمىگەن ۋاقىتتا، تۆپىلىكىنىڭ ئارىسىغا، تۆپىلىكىنىڭ ئىچىگە، قاسقاننىڭ يۇڭىنىڭ ئىچىگە كۆيە دورىسى سې-

لىپ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇش لازىم. ئەجدادلىرىمىز
كۆرپە تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ۋە قاسقىنىنىڭ ئىچىگە ياڭاق يوپۇرمى-
قى، بۇيا قاتارلىقلارنى سېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كۈيىنىڭ زى-
يىنىدىن ساقلانغان. كۆرپە تەلپەكنى ۋاقتى - قەرەلىدە سىرتتا شا-
مالدىتىش، قېقىپ تۇرۇش ئارقىلىقمۇ كۈيىنىڭ ئاپىتىدىن ساقلانغىلى
بولىدۇ. كۆرپە تەلپەكنى قايتا سۈپەتلەشتە مۇنداق ئىككى خىل ئۇ-
سۇل قوللىنىلىدۇ: بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا، كۆرپە تەلپەكنى سۈپەت-
لەش خۇرۇچى ئىشلىتىلمەي، قاسقانغا بىر ئاز سۇ پۈركۈپ، موينى-
كەش بىلەن تارىلىدۇ. بۇ ئاددىي ھەم سۈپەتلەش ۋاقتى قىسقا ئۇسۇل
بولۇپ،بۇ خىل ئۇسۇل كۆرپە تەلپەكنىڭ قاسقىنىدىكى يۇمران يۇڭ
ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆرپە تېگىگە بېسىلىپ، ئەسلىدىكى تۇ-
گۈنچەك (گۈللۈك) شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن كۆرپە تەلپەكلەرگە
ماس كېلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرپە تەلپەكنى قايتا سۈپەتلى-
گەندە، ئالدى بىلەن يۇڭ قىسمىغا بىر ئاز سۇ پۈركۈپ يۇڭنىڭ
ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، موي-
نىكەش بىلەن تارايمىز، ئاندىن چۆپىق بىلەن ساۋىداپ يۇڭنى مەلۇم
نىسبەتتە كۆپتۈرىمىز. ئىككىنچى خىلى، كۆرپە تەلپەكنى سۈپەتلەش
خۇرۇچىنى ئىشلىتىپ قايتا سۈپەتلەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل ئۇ-
سۇل بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. سۈپەتلەش خۇرۇچىنى ئىشلىتىش-
تە ئالدى بىلەن كۆرپە تەلپەكنىڭ قاسقىنىغا بىر ئاز سۇ پۈركۈپ
موينىكەش بىلەن تارىغاندىن كېيىن سۈپەتلەش خۇرۇچىنى پۈركەي-
مىز، بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، كۆرپە تەلپەككە
سۈپەتلەش خۇرۇچىنى پۈركىگەندىن كېيىن ئۇنى ئاپتاپتا تولۇق قۇ-
رۇتمىغۇچە موينىكەش بىلەن تارىماسلىق كېرەك. مۇبادا دىققەتسىز-
لىكتىن كۆرپە يۇڭلىرى قۇرۇتۇلماي تۇرۇپ موينىكەش بىلەن تارال-
سا، كۆرپە تەلپەكنىڭ جۇلالىق سۈپەتلىنىشىگە نۇقسان يېتىدۇ.

## 5) يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تەلپەكلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇللىرى

يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تەلپەكلەر: خوتەن كۆرپە تەلپىكى، خو-
تەن سالۋا تەلپىكى، كېرىيە كۆرپە تەلپىكى، چىرا كۆرپە تەلپىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى قاتارلىقلاردۇر. دەرۋەقە، يىراق تارىختىن باشلاپ، ئەجدادلىرىمىز باش كىيىملەرگە يەرلىك ئالاھىدە-لىكلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھالدا، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، نۇسخا ۋە تۈر جەھەتتىن كۆپ خىللاشتۇر-غان. يەنە بىر جەھەتتىن، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تەلپەكلەرنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالغان ھالدا، يەرلىك مۇھىت، كىلىمات ۋە جۇغراپىيىلىك خاسلىقنى چىقىش قىلىپ، ئېھ-تىياج ۋە تەلەپكە ئاساسەن قىسمەن ھالدا شەكىل ئۆزگەرتكەن.

**(1) خوتەن كۆرپە تەلپىكى ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى.** خوتەن كۆرپە تەلپىكى باش كىيىملىرىمىز ئىچىدە تارىخىي ئۇزۇن، نۇسخىسى ئۆزگىچە، يارىشىملىق تەلپەك بولۇپ، ئۇ يېڭىسار، كېرىيە، چىرا كۆرپە تەلپەكلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا ئىشلىتىل-دىغان كۆرپە ئوخشىمايدۇ، يەنى خوتەن كۆرپە تەلپىكىگە تۆكى بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولغان كۆرپە ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەل-پەكنىڭ شەكلى ئوخشىمايدۇ، يەنى خوتەن كۆرپە تەلپىكى، يېڭىسار كۆرپە تەلپىكىدەك كېسىك كونۇس شەكلىدە ياكى كېرىيە كۆرپە تەلپىكىدەك سىلىندىر شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئۈستى كەڭ، ئاستى تەرىپى تار بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، خوتەن كۆرپە تەلپىكى، قارا رەڭ-لىك كۆرپىدىنلا ئەمەس، قارامتۇل بوز رەڭلىك كۆرپە بىلەن قارا رەڭلىك كۆرپە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تىكىلىدۇ. خوتەن كۆرپە تەلپىكى كەڭ قاسقانلىق كۆرپە تەلپەك، تار قاسقانلىق كۆرپە تەلپەك، باللار كۆرپە تەلپىكى قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆرپە تەلپەك ھەم شەكىل جەھەتتىن، ھەم ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال جەھەتتىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. كەڭ قاسقانلىق كۆرپە تەلپەكنىڭ قاسقىنىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 30سانتىمېتىر دىن 50-سانتىمېتىر غىچە بولىدۇ. تار قاسقانلىق كۆرپە تەلپەكنىڭ قاسقى-نىنىڭ كەڭلىكى بولسا 25سانتىمېتىر دىن 35سانتىمېتىر غىچە بولىدۇ. خوتەن كۆرپە تەلپىكىنىڭ ئېغىز گىرۋىكىگە كېرىيە، چىرا كۆرپە تەلپىكىگە ئوخشاش ئۆلچەملىك كىرپىك تۇتۇلمايدۇ. يەنە تۆ-پىلىكىنىڭ ئۈستىنى تاشلىمىسىمۇ، تاشلىمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

خوتەن كۆرپە تەلپىكىنى تىكىش ئۇسۇلى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقا تۇردىكى كۆرپە تەلپەكلەرنى تىكىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

**(2) خوتەن سالۋا تەلپىكى ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى.** خوتەن سالۋا تەلپىكى باش كىيىملىرىمىز ئىچىدە ئەڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. خوتەن سالۋا تەلپىكى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، باشقا تۇردىكى بىر قىسىم تەلپەكلەر مۇشۇ ئاساستا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن. خوتەن سالۋا تەلپىكى ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ھالىتىنى تولۇق ساقلاپ قالالماي، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەكىل ۋە تۈر جەھەتتىن، شۇنداقلا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ھازىر خوتەن سالۋا تەلپىكىنىڭ دەسلەپكى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ھالىتىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق. ئىلگىرى خوتەن سالۋا تەلپىكى يۈگىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 30 سانتىمېتىرغىچە بولغان، قويۇق يۈگلۈق تېرىدىن تىكىلەتتى. بىز بۇ خىلدىكى تەلپەكلەرنى پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارتىلغان بىر قىسىم تارىخىي سۈرەتلەردىلا كۆرەلەيمىز. خوتەن سالۋا تەلپىكى باش كىيىملىرىمىزنىڭ ئىچىدە زامان ھەم دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن شەكىل ئۆزگەرتكەن بىردىنبىر باش كىيىمدۇر.

نۆۋەتتە خوتەن سالۋا تەلپىكى يۈگى ھەم قويۇق، ھەم ئۇزۇن بولغان قوي تېرىسىدىن ئوتتۇرا قاسقانلىق (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20سانتىمېتىر كەڭلىكتە) تىكىلىشتىن، كەڭ قاسقانلىق (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىر غىچە) تىكىلىشكە ئۆزگەردى. يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن سالۋا تەلپىكى ئىلگىرىكى ئاق رەڭلىك تېرىدە تىكىلىشتىن قارا ھەم قارامتۇل بوز رەڭلىك، ئاق ـقارا رەڭلىك، قارا بىلەن بوز ئارىلاش رەڭلىك تېرىلەردىن تىكىلىشكە يۈزلەندى. ھازىر خوتەن سالۋا تەلپىكىنىڭ رەڭ جەھەتتىن ئۈچ خىل، شەكىل جەھەتتىن ئۈچ خىل تۈرى بار. خوتەن سالۋا تەلپىكىنىڭ شەكلى ۋە رېڭىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، ئىلگىرى تەرەققىياتنىڭ شاللىنىشىغا دۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن بۇ خىل باش كىيىمنىڭ شەكلى بىردىنلا ئۆزگەرتىلىپ ياش-لىرىمىز ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئاساسەن ئوتتۇرا قاسقان بولۇپ، ئۇ تۆپىلىك بىلەن بىر تەكشىلىكتە ھەم 30سانتىمېتىر ئې-گىزلىكتە تىكىلىپ بازارغا سېلىندى. رەڭ جەھەتتىن ئاساسەن كا-فىي رەڭ (تەبىئىي قارامتۇل بوز رەڭلىك تېرىنى خىمىيىلىك ئۇ-سۇلدا بوياپ ھاسىل قىلىنغان رەڭ) ۋە ئاق رەڭلىك، يۇڭلىرى ئۈچ سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرغىچە بولغان قوي تېرىسىدىن تى-كىلىدۇ. بۇ تۇردىكى سالۋا تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ئۇزۇن كېسىلىپ، يىپ- يىڭنە بىلەن تىكىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، يەنى سالۋا تەلپەك-نىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30سانتىمېتىر بولماقچى بولسا، ئۇنىڭ تۆ-پىلىكىنى كېسىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ قاتلىنىپ ھاسىل قىلىنىدىغان قاسقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولغان 20 سانتىمېتىرغا قوشۇلۇپ جەمئىي 50سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قاسقان كېسىلىدۇ، كېيىنكە تۇرۇلۇپ ھا-سىل قىلىنغان قاسقان يىپ ـ يىڭنە بىلەن تۆپىلىككە تىكىلىپ مۇ-قىملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنى ئالاھىدە سۆپەتلىمىسىمۇ بولىدۇ.

(3) كىرىيە كۆرپە تەلپىكى ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى. كىرىيە كۆر-پە تەلپىكى بارلىققا كېلىش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ئەرلەرگە ئالاھىدە سالاپەت قوشىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى تىكىشكە قويۇلى-دىغان تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. كې-رىيىلىك قىز ـ يىگىتلەر توي قىلغاندا قىز تەرەپ يىگىتكە ئەڭ كۆركەم كۆرپە تەلپەك سوۋغا قىلىدۇ. باللار ئاتىلىرى ھايات ۋاقتىدا كىيگەن كۆرپە تەلپەكنى ئەتىۋارلىق تەۋەررۈك ھېسابىدا قەدىرلەپ ساقلايدۇ.

كىرىيە كۆرپە تەلپىكى بىر خىللا رەڭدە، يەنى قارا رەڭلىك كۆر-پىدە ناھايىتى سىپتا تىكىلىدۇ. كۆرپىنىڭ تۈكىنىڭ قىسقا ھەم تەكشى، سىلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ باشقا تەلپەكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئېغىز گىرۋىكىگە كىرپىك قو-يۇلىدۇ. تۆپىلىكىنىڭ ئۈستى كۆركەم تاشلىنىدۇ، ئېگىزلىكى 30ساذ-

تىمېتىردىن 45سانتىمېتىر غىچە، ئاساسەن سىلىندىر شەكلىدە (بەزىسى كېسىك كونۇس شەكلىدە تىكلىنىدۇ) بولۇپ، تۆپىلىك بىلەن قاسقان بىر تەكشىلىكتە بولىدۇ، كېرىيە كۆرپە تەلپىكىنىڭ ئايال-چە، ئەرەنچە يازلىق، قىشلىق؛ ئېگىز قاسقانلىق، ئوتتۇرا قاسقانلىق قاتارلىق تۈرلىرى بار. كەڭ ئومۇملاشقىنى ئېگىز قاسقانلىق ئەرەنچە كۆرپە تەلپەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز تىكىلگەنلىرى يېگىسار تەل-پىكى بىلەن تەڭشىلىپ قالىدۇ. مەزكۇر تەلپەك ئاساسەن كېسىك كونۇس شەكلىدە، ئاستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 60سانتىمېتىردىن 50 سانتىمېتىر، ئۈستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 35 سانتىمېتىردىن 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

كېرىيە كۆرپە تەلپىكىنى تىكىش ئۈچۈن كۆرپە تاللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كۆرپىنىڭ يۇڭى قانچە بۇدرە ھەم قويۇق بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

**(4) كىچىك تەلپەك ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى.** كېرىيە، چىرا، نىيا، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاياللارنىڭ كىچىك تەلپىكى ئاق ياغلىق ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويۇلىدىغان، كىشىلەر تەرىپىدىن «دۇۋەت تەل-پەك» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىملىق باش كىيىم بولۇپ، مۇئەييەن سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شەكىل جەھەتتىن كېسىك كونۇس شەكلىدىكى كىچىك تەلپەك بولۇپ، نۇسخا جەھەتتىن ئاساسەن ئوخ-شاش بولىدۇ، يەنى ئۈستىنىڭ دىئامېتىرى 4سانتىمېتىردىن 5 سان-تىمېتىرغىچە، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى8 سانتىمېتىردىن 9 سانتىمې-تىرغىچە، ئېگىزلىكى 7سانتىمېتىردىن 8سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ قاسقان قىسمى بىردەك قارا رەڭدە بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن تاش-لىق، تۆپىلىك، ئىچلىك قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئالدى بىلەن كىچىك تەلپەك تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاساس-لىق ماتېرىياللارنى تەل قىلىمىز، يەنى قوزا (ئۆچكىنىڭ بولسىمۇ بولىدۇ) تېرىسىنىڭ يۇڭىنى قىرقىۋېتىپ ئاشلاپ، ئەيلەپ تەييارلاي-مىز، كېيىن ئۇنىڭدىن ئەندىزە بويىچە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك تۆت پارچە كېسىۋېلىپ، ئۇلارنى يىپ ـ يىڭنە بىلەن ئۆز ئارا جىپ-سىلاشتۇرۇپ تىكىمىز، كېيىن سارۇشكا (ئاق خەسە بولسىمۇ بولى-

www.uyghurkitap.com



دۇ) دا يەنە شۇ تۆپىلىكنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆلچەم قىلىپ رەختتىن تۆپىلىك تەييارلاپ ئۇنى ئاق ئۇندا ئېتىلگەن شىلىم بىلەن شىلىملاپ، تېرە تۆپىلىكنىڭ ئۇستىگە كىيگۈزىمىز ۋە تۆپىلىكنىڭ ئىچكى لەۋ قىسمىغا يەنە شۇ سارۇشكىدىن بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە بويلىتىپ، چەمبەرسىمان لەۋلىك تۇتىمىز. ئاخىرىدا ئۇنى قېلىپقا تارتىمىز ۋە ئۈچ كۈن ئەتراپىدا ئاپتاپتا قويۇپ قورۇتىمىز، بۇنىڭ بىلەن كىچىك تەلپەكنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى، يەنى تۆپىلىك قىسمى تەييار بولغان بولىدۇ. بۇ تۆپىلىك قىسىم ئىچلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتا قارا رەڭلىك (ئىمكانىيەت يار بەرسە قارا رەڭلىك پاختا رەخت بولغىنى ياخشى) رەختكە قارا يۇڭ يىپتا كۆپتۈرمە توقۇما (بۇ ئادەتتە سۈنئىي كۆرپە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قارىماققا يۇڭى ئىنتايىن قىسقا بولغان كۆرپىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ)، يەنى بىر قەدەر تومراق قارا رەڭلىك يۇڭ يىپتا،قارا رەڭلىك رەختكە خۇددي كەشتە توقۇغاندەك كۆپتۈرمە قىلىپ ياكى قارا رەڭلىك رەختنى بامبۇك كەرگۈدە كېرىپ، قارا يۇڭ يىپ بىلەن كۆپتۈرمە قىلىپ توقۇپ تەييارلايمىز، كېيىن بۇنىڭدىن ئەندىزە بويىچە كىچىك تەلپەكنىڭ تاش قاسقان قىسمىنى كېسىپ يىپ ـ يىڭنە بىلەن چېتىپ تەييارلايمىز. بۇ ئادەتتە توقۇما ياكى قاسقانلىق دەپ ئاتىلىدۇ (نۆۋەتتە توقۇمىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەنلىرى بار)، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئىچلىك ۋە قاسقانلىق قاتارلىق ئاساسلىق قىسىملارنى تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، قاسقانلىقنى تۆپىلىك ئۇستىگە كىيگۈزۈپ ئاستى تەرەپنى ئىنچىكە كىرپىك بىلەن قوشۇپ ئۆز ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ تىكىمىز، بۇنىڭ بىلەن كىچىك تەلپەكنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى تەييار بولغان بولىدۇ.

ئاخىرىدا يېشىل، كۆك، ئاق، سېرىق، سىدام گۈللۈك رەختلەردىن (كۆپ ھاللاردا سىدام خاڭدەن ئىشلىتىلىدۇ) ئەندىزە بويىچە تۆت پارچە تاشلىق تالا كېسىۋېلىپ، ئۇلارنى يىپ ـ يىڭنە بىلەن ئۆز ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ تىكىپ، تاشلىق تەييارلاپ، كىچىك تەلپەكنىڭ ئۇستىگە كىيگۈزۈپ، يىپ بىلەن ناھايىتى سىپتا تىكىمىز، بۇنىڭ

بىلەن كېرىيە ئايالىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كىچىك تەلپىكى تەييار بولغان بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كىچىك تەلپەكنى قېلىپقا سېلىپ سوپەتلەيمىز. سوپەتلەشتە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئاستى ئېغىزىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يۇڭ پەۋازنى موينىكەش بىلەن تاراپ كۆپتۈرۈپ، قاسقاننىڭ يۈزىنى چوتكىلاپ جۇلالاندۇرىمىز. تۆپىلىكىنىڭ گىرۋىكىنى بىگىز ئارقىلىق قاسقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ، تاشلىقىنىڭ يۈزىنى تەكشىلەيمىز.

**(5) چىرا كۆرپە تەلپىكى ـــ قارا بوز تەلپەك ۋە ئۇنى تىكىش ئۇسۇلى.** چىرا كۆرپە تەلپىكىنى كېرىيەنىڭ شەنبە بازىرىدىن باشلاپ چىرىدىكى ھەممە ئەرلەر كىيىۋالىدۇ. چىرا كۆرپە تەلپىكىگە بوز ياكى قارامتۇل بوز (كافىي رەڭگە مايىل) رەڭلىك كۆرپىنى تاللاش ۋە ئۇنى ئالدىن پىششىقلاپ ئىشلەش مەركۈز تەلپەكنى تىكىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بىر قىسىم كۆرپىلەر بوز ۋە قارا بوز بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كۆرپىلەر بۇ جەھەتتىكى شەرتىمىزگە تولۇق چۈشمەيدۇ، پەقەت شۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كۆرپىنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئاشلاپ ئەيلىگەندىن سىرت، خېنە، جىگدە قوۋزىقى ۋە باشقا شۇنىڭغا مايىل يەرلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق كۆرپىنى بوياپمىز. كۆرپىنىڭ رەڭگى تۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئەندىزە بويىچە سىلىندىر شەكلىدە قاسقانلىق كېسىۋېلىپ، يىپ ـ يىڭنە بىلەن تىكىپ مۇقىملاشتۇرىمىز. ئىككىنچى باسقۇچتا سوپەتلىك قوي تېرىسىدىن تۆپىلىك تەييارلايمىز.

**(6) تۇماق ۋە تۇماقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى.** تۇماق بارلىققا كەلگەندىن ھازىرغىچە، ئۇ شەكىل، سوپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تەرەققىياتى باشقا تۇرلۇك باش كىيىملىرىگە قارىغاندا ناھايىتى تېز بولدى. تۇماق ئەڭ دەسلەپتە قوزىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلىپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۇرلۇك قاملاردا ـــ يەنى بۆلغۈن قامىسى، كەمچەت قامىسى، سىم قامىسى، داۋغان قامىسى، سۆسەر قامىسى، قۇندۇز قامىسى، سۇلەيسۇن قامىسى، تىيىن قامىسى ۋە سۇنئىي قاما قاتارلىق ئون نەچچە خىل قامىدا تىكىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى تۇماقچى ئۇس-

www.uyghurkitap.com



تىلار تۇماقنىڭ ئاران ئىككى خىلىنىلا، يەنى قوزىنىڭ كۆرپىسىدە تىكىلگەن كۆرپە تۇماق بىلەن سۇ قامىسىدا تىكىلگەن قاما تۇماقنىلا بازارغا سالغان بولسا، ھازىر ئۇلار بۇ ئىككى خىلدىن باشقا يەنە بۇلغۇن قامىسى، كەمچەت قامىسى، سىم قامىسى (سۇ كالىسىدىن ئېلىنىدۇ)، داۋغان قامىسى، تىيىن قامىسى، سۇئىتي قاما قاتارلىق ئون نەچچە خىل قامىدا كەڭ قاسقانلىق تۇماق، تار قاسقانلىق تۇماق، شەپكە تۇماق، ئايالچە تۇماق، باللار تۇمىقى قاتارلىق تۇماقلارنى تىكىپ بازارغا سالدى.

## 2. موزدوزلۇق ھۈنەر ـ سەنئىتى①

خوتەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ موزدوزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر- كەسپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە موزدوزلۇق «موزدوزغا پادىشاھ قىزىنى بېرىدۇ» غان ئەتىۋارلىق كەسپ قاتارىدا دەۋر سۈرگەن. «موزدوز» سۆزى ئىران تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇ «موزا-ئۆتۈك»، «دوز-تىكمەك» دىگەن ئىككى سۆزدىن تەشكىل تاپقان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆتۈكچى» دېيىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا موزدوزلۇق كەسپىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ سانى يۈزگە يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم. ئادەتتە قول ھۈنەر-سەنئىتى كۆپرەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما موزدوزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى يېزا-قىشلاقلارغىچە كەڭ تارقالغان.

### 1) موزدوزلۇق لازىمەتلىكلىرى ۋە سايمانلىرى

**موزدوزلۇق قوراللىرى:**

**(1) ئاياغ تىكىش يىپى** — ئەنئەنىۋى موزدوزلۇقتا، يىپ پاختىدىن ئېگىرىلىدۇ. ئېغىزدا چايناپ پىشۇرۇلۇپ، تىرناقتا سىيىرىپ قۇرۇتۇلۇپ، ئۈچ چىقىرىپ مومىلىنىپ، پىسىلكە ئارقىلىق يىگنىگە ئۆتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بىخى، چەم، رۇپچەك ئۈچۈن ئايرىم يىپ ئىشلىلىدۇ.

تىكىش يىپى ئاياغنىڭ مۇھىم ياردەمچى ماتېرىيالى. تىكىش يىپى باشلىق بۆلەكلىرىنى چېتىش، شەكىلگە كەلتۈرۈش ۋە ئاياغنى

① بۇ تېما «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى — موزدوزلۇق» (تۈزگۈچى: پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 11-ئاي 1-نەشرى) ناملىق كىتابچە ئاساسىدا تەييارلاندى.

بېزەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىكىش يىپىنىڭ سۈپىتى، ئىقتىدارى ۋە تىكىلىدىغان ماتېرىيالنى سەپلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئاياغنىڭ سۈپىتى، كۆركەملىكى، ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**تارتما ئامبۇر** ــــ ئاياغ باشلىقىنى قېلىپقا تارتىش (يەنى ئىش تارتىش) تا ئىشلىتىلىدۇ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

**كەسمە ئامبۇر** (پاقمىۋاش ئامبۇر) ــــ مىخ يۇلۇش، چەم كېسىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**بولقا** ــــ مىخ قېقىش، چەملەرنى ئۇرۇپ تەكشىلەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ، بېشى تۆمۈردىن سوقۇلىدۇ، سېپى ياغاچتىن قىلىنىسىمۇ، تۆمۈردىن قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.

**بۇرەندە** (بۇراندا) ــــ كۆن-خۇرۇم، چەملەرنى كېسىدىغان، تىغى ئاي شەكىللىك، ئەگرى ساپلىق ئەسۋاب.

**بەلچە** ـ ئاياغ كىيىمىنىڭ پاشنا ۋە چەم چۆرىسىنى تۈزلەپ سىيلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق تۆمۈر ئەسۋاب. تۇتقۇچى ياغاچتىن ياسالسىمۇ، تۆمۈردىن ياسالسىمۇ بولىدۇ. بەزىدە چەم كېسىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**پەرداز كالتىكى** ــــ موزدۇزلۇقتا ئاياغ كىيىمىنى پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قىسقا، سىلىق ياغاچ كالتەك، «بالا بۇشتەك» مۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

**قومۇش قەلەم** (چۆرە ياغاچ) ــــ ياغاچتىن ياسالغان، چەم كىرپىكىنى پاقىرتىشقا، چەمنى كەسكەندە خۇرۇمنىڭ زەخىمە يەپ قېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، بەلچە تىغىغا تىرىلىدىغان ئەسۋاب.

**كوۋا** ـ موزدۇزلارنىڭ ئاياغ كىيىمىنىڭ رەختىنى تۈزلەش، چىڭداش، پاشنا قاتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياغاچ ئەسۋاب.

**كىرپىكچە** ــــ چەم كىرپىكى (گىرۋىكى) نى قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈردىن سوقۇلىدىغان تىغلىق ئەسۋاب.

**يىڭنە** ـ يىڭنە سىلىق يىڭنە، چەم يىڭنىسى، ئەگرى (رۇپچەك)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



يىڭنە، تۈز يىڭنە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سىلىق يىڭنە باشلىققا بېخىر سالغاندا ئىشلىتىلىدۇ؛ چەم يىڭنىسى چەم تىككەندە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگرى (رۈپچەك) يىڭنە رۈپچەك يۆمىگەندە ئىشلىتىلىدۇ. موزدۇزلۇقتا يىڭنە جۈپ بولىدۇ. پەقەت رۈپچەك يۆمەيدىغان يىڭنىلا يالغۇز ئىشلىتىلىدۇ (بۇ ھۈنەر مەشغۇلاتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن شۇنداق بولغان)؛ تۈز يىڭنە ئۆتۈك قونچىنىڭ ئارقا چېكىنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

دۇرەپشە (دىرەپشە، بىگىز) ـــ تاش چەم بىلەن تاسمىنى قوشۇپ تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۈچلۇق تىغلىق، ساپىقى ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋاب. ئۇ ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ سىلىق دۇرەپشە، چەم دۇرەپشىسى، رۈپچەك دۇرەپشە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

سىلىق دۇرەپشە ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا بېخى سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆتۈكنىڭ باشلىقىنى قول بېخىي قىلىپ تىكسە ناھايىتى پۇختا ھەم چىرايلىق بولىدۇ.

رۈپچەك دۇرەپشە ئۆتۈكنى قېلىپقا تارتقاندىن كېيىن رۈپچەك يۆمىلىدۇ. رۈپچەك ئۆتۈكنىڭ باشلىقى بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرىدىغان چەم تاسمىسىدۇر. رۈپچەك دۇرەپشىنىڭ ئەگرى ئۇچى بىلەن ئۆتۈكنىڭ پېتىكى، باشلىقىنىڭ چۆرىسى، رۈپچىكى تېشىلىپ ئۇچى بىر قىلىنىپ يۆمەپ تىكىلىدۇ.

چەم دۇرەپشىسى چەمنى رۈپچەك بىلەن قوشۇپ تىككەندە چەم دۇرەپشىسى بىلەن، قوش يىپلىق چەم يىڭنىسى ئۈچۈن تۆشۈك تېشىلىدۇ.

موم ـــ ئاياغ تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان يىپنى سىلىقلاش بېرىش، يىپنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل يۇمشاق ماددا بولۇپ، ئاق موم، قارا موم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

خام ـــ پەرداز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قارا گۈل ـــ قارا گۈل پەرداز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە قارا رەڭمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

قېلىپ تارتىش ئىلمىكى ـــ ئاياغ پۈتكەندىن كېيىن، ئاياغ ئىچىدىكى قېلىپنى تارتىپ چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۆمۈردىن

ئىلمەك قىلىپ سوقۇلىدۇ يەنە بىر ئۇچىغا ئارغامچا چىگىلىدۇ. قىر-لىپنى تارتقاندا، ئىلمەكنى قىلىپنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئىككى قولدا ئاياغنى چىڭ تۇتۇپ، ئارغامچىنى پۇتقا كىرگۈزىۋېلىپ قىلىپ تارتىلىدۇ.

دەزگىل ــ خۇرۇم تاسمىدىن تىكىلگەن ھالقىسمان بويۇم. ئەنئە-نىۋى موزدۇزلۇقتا دەزگىلنىڭ بىر تەرىپىنى پۇت بىلەن دەسسىۋې-لىپ، يەنە بىر تەرىپىنى تىزغا كىيدۈرۈپ، باشلىقنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى بىر بىرىگە چىپتىشتا ئىشلىتىلىدۇ، چىپتىلىدىغان ئىككى قىسىمنى تىزغا كىيدۈرۈلگەن تاسمىنىڭ ئاستىغا چىڭ بې-سىپ تۇرۇپ تىكىش مەشغۇلاتى قىلىنىدۇ.

دۈپىي ــ موزدۇزلۇقتا ئاياغنى چەملەش، مىخلاش، مىخ ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، شەكلى پۇتقا ئوخشايدىغان تۆمۈردىن يا-سالغان ئەسۋاب، تەگلىكى كۆتەك ياكى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، يەرگە سانجىپ قويىسمۇ بولىدۇ.

پومۇلا ــ ئۆتۈكنى پەدازلىغاندا ئاق مونى سۇرۇپ، ئۈستىدىن پومۇلانى قىزىتىپ موم تۆپىسىدىن يەڭگىل يېقىپ، مومنى خۇرۇمغا سىڭدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

رىنتا ــ چەم چۆرىسىگە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

پوزا ــ ئۆتۈك پۇتكەندىن كېيىن قېلىپتىن چىقارماي تۇرۇپ، باشلىق ۋە قونچىغا سۈركەپ پارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كۇرس ــ موزدۇز ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئورۇندۇق، يا-غاچتىن تۆت تەرەپلىك قىلىپ ئىككى دانە رامكا ياسىلىپ، بىر بى-رىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرىسىدىن ئوق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئولتۇرىدى-غان تەرىپىگە كاناپ ياكى قېلىن رەختتىن تاسما تىلىپ، ئىككى چەتكە مىخلىنىدۇ، يىغىپ-ئېچىشقا، كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئەپلىك، ئولتۇرسا ھاررغىنلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئادەتتە تۆت پۇتلۇق قى-لىپمۇ ياسىلىدۇ.

دۇكان تاختىسى (پەشتاختا) ــ موزدۇزلۇق كارخانىلىرىدىكى ئۈس-تىلار خىزمەت قىلىدىغان ئىش ئۈستىلى. يۇزى ياغاچتىن ياكى قە-لەي، تۇنىكدىن ياسىلىدۇ، ياغاچتىن بىر-ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



تۆت پۈت بېكىتىلىدۇ.
پوركاپ ـــ ئۈتۈكنىڭ قونچىدىن كىرگۈزۈپ، باشلىق قېلىپنى ئۈستىگە قويۇپ، باشنى چىڭدايدىغان ياغاچ ئەسۋاب.
قېلىپ ـــ موزدۇزلۇقتىكى ئەڭ مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى. بۇ ئاياغ كىيىمنىڭ قېلىپى بولۇپ، يازلىق ئاياغنىڭ ئايرىم، قىشلىق ئاياغنىڭ ئايرىم، ئەر-ئاياللارنىڭ ئايرىم بولىدۇ. بۇرۇن ئاياغنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن ياڭاق ياغىچى ياكى تال يىلتىزىدىن چېپىپ ياسىلاتتى. ئۇ قېلىپ گەۋدىسى، تىگەن ۋە قېلىپ پۇشتىكى دەپ ئايرىلىدۇ. ئاياغنى قېلىپتىن چىقارغاندا ئاۋال قېلىپ پۇشتىكى، ئاندىن گەۋدىسى تارتىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا پۇتكەن ئاياغنىڭ قېلىپ تارتىش جەريانىدا بەك كۆچەش سەۋەبىدىن شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى باشقا كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.
تىگەن ـــ قېلىپ بىلەن پۇشتەك ئارىلىقىغا قىقىلىپ، ئاياغ كىيىمنىڭ پۇت دۈمبىسى قىستايدىغان كەمچىلىكنى تۈگىتىش رولىنى ئوينايدۇ.
شاڭ قېلىپ ـــ ئۈتۈكنىڭ قونچىغا خاس قېلىپ بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۈتۈكنىڭ قونچىنى كېڭەيتىش، پەردازلاش، كەينى چاكنىڭ ئېۋىنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىدۇ. ئۇ ئالدى شاڭ، ئارقا شاڭ ۋە ئارا شاڭ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.
پانا ـــ ئالدى ۋە ئارا شاڭ ئارىلىقىغا قىقىلىدىغان بويۇم.
زىغزىق ـــ ئۈتۈك قونچىنى تىككەندە، ئىككى پارچە خۇرۇمنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىدىغان خۇرۇم تاسما، ئادەتتە چوڭلار، ياشانغانلارنىڭ ئۈتۈكنىڭ چىكىنى تىكىشتە ئىشلىتىلىدۇ.
قايچا ـــ ئاياغ رەختىنى، ئەستەرلىكلەرنى كېسىشتە ئىشلىتىلىدۇ.
بىلەي ـــ موزدۇزلۇق ئەسۋابلىرى گاللىشىپ قالغاندا ئىتتىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش. بۇ سىلىق بىلەي، يىرىك بىلەي دەپ ئايرىلىدۇ.
2) ئاياغ تىكىش ھۈنەر-سەنئىتى
(1) ئاياغ ماتېرىياللىرى. ئاياغ تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرى-

ياللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قانداق ماتېرىيال ئىشلىتىش ئاساسەن
ئاياغنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاساس-
لىقى باشلىق ماتېرىياللىرى، چەملىك ماتېرىياللىرى، پېتەكلىك ۋە
ئىستەلكىلىك ماتېرىياللار، يىپلىم ۋە شىلىملەر، قوشۇمچە ماتېرى-
ياللار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاياغ رەختىنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ۋە نەملىك سۈمۈرۈش-
چانلىقى يۇقىرى بولسا، پۇتنى تەرلەتمەيدۇ. ئاياغ رەختىنىڭ سوزۇ-
لۇشچانلىقى ياخشى، ئەمما شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولىشى؛
چوقۇم سۇغا، ئىسسىققا، ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا، سوغۇققا چىدامچان
بۇلىشى؛ كۆركەم، چىرايلىق، رەڭلىرى ئېنىق ۋە تەكشى، يۈزى سى-
لىق بولۇشى؛ سۈركىلىشكە چىداملىق ، كۆپ قېتىم ئېگىلىش ۋە
شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشكە چىدايدىغان بولۇشى كېرەك.

**(2) ئاياغ تىكىش مەشغۇلات تەرتىپى.** ئاياغ تىكىش ھۈنەر-سەن-
ئىتى بىر خىل مۇرەككەپ تېخنىكا بولۇپ، ئۇ باشلىق تىكىش ھۈ-
نەر-سەنئىتى، باشلىق بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرۇش ھۈنەر-سەنئىتى
ۋە ھۈنەر-سەنئەت لايىھىسى قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

باشلىق تىكىش: خام ماتېرىيالنى ئەندىزىنىڭ تەلىپى بويىچە، باش-
لىق ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك پارچە بۆلەكلەر بويىچە كېسىش،
ئاندىن تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، شەكىلگە كەلتۈرۈش،
پارچە بۆلەكلەرنى چېتىپ بىر پۈتۈن ئاياغ باشلىقىنى پۈتتۈرۈپ
چىقىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

باشلىق بىلەن چەمنى تۇتاشتۇرۇش ـــ ھۈنەر-سەنئەت لايىھىسى ۋە
تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە، ھۈنەر-ماھارەت ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللار-
نىڭ ياردىمى ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان ئاياغ باشلىقى بىلەن ئاياغ-
نىڭ چەم قىسمىنى ۋە قوشۇمچە بۆلەكلىرىنى بىرىكتۈرۈپ مۇكەم-
مەل ئاياغ ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەشغۇلات
تەرتىپى مۇنداق ئورۇنلىنىدۇ:

گىرۋەك شىلىش. ئاياغ باشلىقىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنىڭ
چېتىلىدىغان گىرۋەكلىرىنى يانتۇ ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، نېپىزلى-
تىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە قۇلاي-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى



لىق، ئاياغ كۆركەم زاھەت بولىدۇ.

باشلىق بۆلەكلىرىنى چىتىش. كېسىپ تەييارلانغان ھەر قايسى باشلىق بۆلەكلىرىگە ئەستەر چاپلىنىدۇ، ئاندىن قول ئارقىلىق بىر-بىرىگە چىتىلىدۇ.

ئاياغ قېلىپىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كېسىپ تەييار قىلىنغان ئىستەلكە مىخلىنىدۇ.

تۇمشۇق قاتۇرما ۋە ئاپقۇت قاتۇرما سېلىپ تەييارلانغان ئاياق باشلىقى تارتما ئامبۇر بىلەن قېلىپقا تارتىلىدۇ.

ئاياغ پېتىكى بىلەن باشلىق چۆرىسىگە يېلىم سۈركىلىپ، تارتما ئامبۇر ئارقىلىق ئىستەلكىگە مۇقىملىنىدۇ ۋە ئىستەلكىگە قېقىلغان مىخ يۇلۇۋېتىلىدۇ.

باشلىق چۆرىسى بىلەن تاشقى چەم چاپلىنىدىغان قىسمىنىڭ يۈزى ئالدى بىلەن قۇم چاقچا سېلىپ يىرىكلىتىلىدۇ. ئاندىن ئاياغ رەختى، تاشقى چەم ماتېرىيالىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن دورا سۈيۈق-لۇقى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم يې-لىم سۈركىلىدۇ ۋە قاقلاپ ياكى سالقىن جايدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. يېلىم سۈركىگەندە تەكشى، پاكىز بولۇشقا دىققەت قىلىنىدۇ، ئاياغ رەختى ياكى ئاياغ چەمىنى بۇلغاپ قويۇشقا بولمايدۇ. قۇرىغاندىن كېيىن چاپلىنىدۇ.

قېلىپتىن چىقىرىش. پۈتكەن ئاياغ سالقىن جايدا تۇرغۇزۇلۇپ قۇرۇ-تۇلغاندىن كېيىن قېلىپ تارتىش ئىلمىكى ئارقىلىق، قېلىپ ئاياغ-تىن تارتىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ.

ئاياغ قېلىپتىن ئاجرىتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاياغنىڭ ئىچى-سىرتى تازىلىنىدۇ، پەردازلىنىدۇ، ئىچىگە پېتەك چاپلىنىدۇ. بوغ-قۇچلۇق ئاياغ بولسا بوغقۇچى چىگىلىدۇ. ئىچىگە قەغەز كاللىكى تىقىلىدۇ، ئاندىن چىرايلىق كورۇپكىغا سېلىنىدۇ.

3) ياماقچىلىق

ياماقچىلىقمۇ ئەنئەنىۋى موزدۇزلۇقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئاياغ كىيىمنىڭ يىرتىلغان، بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلىش، ئوڭشاش، تۈرلۈك ئاياغلارنىڭ چەملىرىنى ئالماشتۇرۇش، پاشنىسى-

نى ئېگىزلىتىش ۋە پەسلىتىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان.

ياماقچىلىقتا ئاياغ تىكىش سايمانلىرىدىن بىگىز، ئىلمەك بىگىز، بەلچە، قايچا، كەسمە ئامبۇر، بولقا، تۆمۈر مىخ، ياغاچ مىخ، يىپ قاتارلىق قورال-سايمانلاردىن باشقا يەنە ئاياغ تىكىش ماشىنىسى، چەملىك، نال، ھەرە، موزدۇز قېلىپى، پىستان، سىيرىتما، سۇمبە، چوپۇسا، شىلىم قاتارلىق قورال-سايمانلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ياماقچىلىقتا ئاياغنىڭ باشلىق خۇرۇمى يىرتىلغان ـ يېرىلغان بولسا، ئاياغنىڭ ئىچىدىن ياماق سېلىپ، سىرتىدىن سىپتا قىلىپ تىكىلىدۇ. ئاياغنىڭ چەمى يىرتىلغان-تېشىلگەن بولسا، تەييار چەملىكتىن كالتە چەملىك كېسىپ، شىلىم بىلەن چاپلاپ، ئاندىن قىسقا مىخ بىلەن مىخلىنىدۇ، مىخنىڭ ئۇچى دۇپپىي ئارقىلىق يازدۇرۇلىدۇ. ئاياغنىڭ باشلىقىنىڭ چەمى ياكى پاشنا تۇتاشقان جايىدىكى باشلىق خۇرۇمى ئاجراپ كەتكەن بولسا، بەلچە بىلەن چەمنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن جاي ياكى پاشنىنىڭ يان تەرىپىنى ئاجرالغان ئۇزۇنلۇققا قاراپ كېسىپ، ئاندىن ئىلمەك بىگىز ۋە پاختا يىپ ئارقىلىق باشلىق چەمگە قايتا تىكىلىدۇ، يىپ مومغا سۇركىلىدۇ، تىكىلگەن يىپ كېسىلگەن يېرىقتا كىرگۈزىۋېتىلىدۇ. ئاياغ باشلىقىنىڭ چەم تۇتاشقان جايىدىكى خۇرۇمى يىرتىلغان بولسا، ئالدى بىلەن يىرتىلغان جايغا ئاياغنىڭ ئىچىدىن ياماق سېلىنىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سېلىنغان ياماق چەمگە قايتىدىن تىكىلىدۇ.

## 3. كەشتىچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى①

### 1) كەشتىچىلىك ماتېرىياللىرى ۋە قوراللىرى

كەشتىچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ۋە قوراللار كەشتە ئىشلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە كەشتىچىلىككە يىپ، رەخت قاتارلىق ماتېرىياللار، يىڭنە، بىگىز، تۆمۈنە، كەرگە، قايچا ۋە ئويماق قاتارلىق ھۈنەر-جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بۇ ما-

① بۇ تېما «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى — كەشتىچىلىك» (تۈزگۈچى: ئەكبەر داۋۇت تەنھايى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 8-ئاي 1-نەشرى) ئاساسىدا تەييارلاندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تېرىيال ۋە قورال ئۇسكۈنىلەر ئۆزئارا ئارىلاش ئىشلىتىلىدۇ.

**(1) كەشتە يىپى ۋە كەشتە رەختى.** كەشتە يىپىغا ئادەتتە مەشۇت يىپ، پاختا يىپ ۋە كانۋا يىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەشۇت يىپنىڭ تالاسى ئىنچىكە، رەڭ ئېچىشى ياخشى، پارقىراقلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن بىر قانچە قات قىلىپ ئىشلەتكىلى، سىپتا ۋە ئىنچىكە گۈل سىزىقچىلىرىنى تىككىلى ۋە نەپىس شەكىللەرنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، كەشتىچىلىكتە ئىشلىتىلىۋاتقان رەختلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان پاختا رەختلەردىن: خەسە، دۇخاۋا، مەخمەل، پوپلىن، گەزلىمە ماتا، تىرىكە، شەتلەڭگە، چىبەرقۇت، پارقىراق يىپەك رەخت، دونگرى، پادىچىلار رەختى، گۈل بېسىلغان تور قاتارلىقلار؛ يۇڭ توقۇلمىلاردىن: سوكنا، كاۋبوي رەخت، فلانېل قاتارلىقلار؛ يىپەك رەختلەردىن: پاڭچۇ، گىرىپ، تاۋار، يىپەك رەخت، دۇخاۋا، بەرقۇت قاتارلىقلار؛ ئۈنىڭدىن باشقا يەنە كاناپ، تاففانا، دىلۇڭ، نىلون، يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار، خىمىيىۋى تالالىق رەختلەرمۇ بار.

**(2) كەشتىچىلىك قوراللىرى.** يىڭنە ـ بىر بېشىدا يىپ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكى، بىر بېشىدا سانجىلىدىغان ئۆتكۈر ئۇچى بولغان، يىپ ئۆتكۈزۈپ رەختكە تىكىش ئارقىلىق رەخت بىلەن بولىدىغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە شۇ بۇيۇملارنىڭ كەشتىسىنى ئىشلەپ چىققىلى بولىدىغان پولاتتىن ياسالغان قورال.

كەشتە يىڭنىسى ــ ئىشلىتىلىدىغان كەشتە يىپىنىڭ ئىنچىكە ـ توملۇقىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ. ئىنچىكە يىپقا ئىنچىكە يىڭنە، نىخى توم يىپقا بولسا ماس ھالدا يوغان يىڭنە ئىشلىتىلىدۇ.

تۆشۈكلۈك كەشتە يىڭنىسى ــ مەخسۇس تىۋىتلىق (مەخمەل) گۈل ئىشلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە بولۇپ، خۇددى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان (شپرىس) ئوكۇل يىڭنىسىگە ئوخشايدۇ (ھازىر نۇرغۇن كەشتىچىلەر شپرىسنىڭ ئۇچىغا تۆشۈك تېشىپ، كەشتە يىڭنىسى ياسىۋالىدۇ).

كانۋا رەختى ــ كەشتە ئىشلىنىدىغان، توقۇلۇشى ئالاھىدە، يىپ ئا-

رىلىقى شالاڭ قالدۇرۇلۇپ كاتەكچە چىقىرىلغان رەخت ـــ كانۋا رەخت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى كانۋا رەختى يىپ رەختنىڭ قۇرىنى ساناپ قول بىلەن يىپنى سۇغۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. ھازىرقى كانۋا رەختى رەختنىڭ كاتەكچىلىرىنى شەكىللەندۇرگەن سانىسىزلىغان تۆ-شۈكچىلەر كانۋا كەشتىنىڭ تىكىش ئۇسۇلىغا بەكلا ماس كېلىدىغان قىلىپ، زاۋۇتتا تەييار توقۇلغان مەخسۇس رەختنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلمەكلىك بىگىز ـــ كەشتە ئىشلىنىدىغان رەختكە سانجىلىپ كەشتە يىپىنى رەختنىڭ كەينىدىن ئالدىغا ئېلىپ تارتىپ چىقىپ، تارتىپ چىققان يىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن نۇسخان سىزىقىنى بويلاپ سەل ئالدىدىن ئىلمەك بىگىزنى قايتا سانجىپ، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تەكرار تارتىپ ئىلمەك سېلىپ، رەختنىڭ ئالدى-كەينىگە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق سىزىلغان نۇسخا بويىچە كەشتە ئىشلەيدىغان قورال ـــ ئىلمەكلىك بىگىز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلمەكلىك بىگىز كەشتە ئىشلىنىدىغان بۇيۇمنىڭ ئوخشىماس-لىقىغا قاراپ ئىككى خىل بولىدۇ ھەمدە ئىلمەك بار ئۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

تۆمۈنە ـــ ئىلمەكلىك بىگىزدىن تومراق ياكى ئاساسەن ئوخشاي-دىغان كەشتىچىلىك قورالى بولۇپ، قات سېلىنغان ياكى بىر قەدەر قېلىنراق كەشتە رەختلىرى ياكى ئاياغ كىيىم ۋە ئۇلاغ هارۋىلاردا ئىشلىتىلىدىغان كۆن، تېرىگە ئوخشاش ماتېرىياللارغا تۆشۈك ئې-چىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما كېيىنكى كەشتە ئىشلەش مەشغۇلاتى يە-نىلا كەشتە يىڭنىسى ياكى ئىلمەكلىك بىگىز ئارقىلىق ئېلىپ بې-رىلىدۇ. دېمەك، تۆمۈنە ئۇچى سىلىق ۋە ئۆتكۈر بولغان كەشتە يىڭ-نىسى ياكى ئىلمەكلىك بىگىزگە يانداشتۇرۇپ، توقۇلۇشى زىچ، قات سېلىنىپ ئەستەرلەنگەن، قېلىن كەشتە رەختلىرىگە ياكى كەشتە يىپى بەكلا توم ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدىغان قورال.

كەرگە ـــ كەشتە ئىشلەشتە كەشتە رەختنى چىڭ ۋە تەكشى تار-تىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق بولۇپ، كەرگىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەكىللىرى ئادەتتە يۇمىلاق، كۇۋادىرات ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ ۋە ئېللىپىس شەكىللىرىدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايچا ــ كەشتىچىلىكتە مۇمكىن بولسا ئىككى قايچا ئېھتىياجغا مۇۋاپىق. بىرى، رەخت ۋە كەشتە يىپىنى كېسىش، شۇنداقلا تۈۋتىلىق (مەخمەل) گۈللىنىڭ ئۇچىنى قىرقىپ تەكشىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىرى، سەل كىچىكرەك، تۇتقۇشقا ئەپلىك بولۇپ، ئالدىن تەييارلانغان قەغەز ئەندىزە نۇسخىسىنى كېسىش ۋە پەر كۆزى قىلىپ ئىشلىنىدىغان كەشتە گۈللىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

يىپ قۇتىسى (خالتىسى) ــ كەشتىچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان يىپ تاختىسى ۋە يىپ غالتىكى، يىپ-يىڭنە، قايچا، ئىلمەكلىك بىگىز، تۆمۈنە، ئۈنچە-مارجان، پارقىراق ياپراقچە (پىستان) قاتارلىقلارنى ساقلايدىغان قۇتا ياكى خالتىنى كۆرسىتىدۇ.

يىپ تارىشىسى (غالتەك) ــ قەغەزدىن قاتلىنىپ چوڭ-كىچىك ياسىلىدىغان، ھەر خىل رەڭلىك يىپلارنى ئۆز تۈرى بويىچە يۆگەپ قويىدىغان تارشىسمان جابدۇق. كەشتە يىپلىرى كۆپىنچە ھاللاردا يىپ ئېگىرىش زاۋۇتلىرىدا گىرە (پىلتا) ھالىتىدە بازارغا سېلىنغاچقا، كەشتىچىلەر ئىشلەتكەندە قولايلىق ۋە يىغىنچاق بولۇشى ئۈچۈن يىپنى قايتا يۇقىرىقىدەك قەغەز تارىشا ياكى چوڭ-كىچىك ياغاچ غالتەكلەرگە يۆگەپ رەتلەپ چىقىدۇ.

ئويماق ــ يىڭنىنى كەشتە رەختكە سانجىش ۋە تارتىشتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بارماققا كىيدۈرۈۋالىدىغان ھالقىسىمان جابدۇق. ئادەتتە، ئويماقنى كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئايلانمىسىغا دەل كېلىدىغان، قېلىنراق رەخت پارچىسىدىن قاتلاپ، شىرىپ تىكىۋالسىمۇ بولىدۇ، بەزىدە ئويماق خۇرۇمدىنمۇ تىكىلىدۇ، بازاردا ئاليۇمىندىن ياسالغانلىرىمۇ سېتىلىدۇ. ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىمىز بىلەن يىڭنىنى سانجىش ئۈچۈن ئىتتىرگەندە، يىڭنە قۇيرۇقىنىڭ بارمىقىمىزغا سانجىلىپ كېتىشىنىڭ ۋە يىڭنىنى تارتقاندا بارماقلىرىمىز تېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە.

2) كەشتە تىكىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

(1) رەخت، يىپ ۋە رەڭ تاللاش. بۇ باسقۇچ كەشتە ئىشلەش مۇددىئايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ، كەشتە ئىشلەنمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن

رەخت، يىپ ۋە رەڭنى تاللايمىز.

كىيىم-كېچەك كەشتىچىلىكىدە ئەلۋەتتە كىيىمنىڭ ئالاھىدىلىكى، كەشتە ئىشلىنىدىغان ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقى، ئايالچە ياكى ئەرەنچە بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ماس ھالدىكى رەختنى تاللىۋالساق بولىدۇ.

مەيلى كىيىم-كېچەكلەرگە كەشتە ئىشلەشتە بولسۇن، ياكى ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىغا كەشتە ئىشلەشتە بولسۇن، تاللىغان رەختىمىزگە ئەگەر رېشىلىيە ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قالساق، مۇۋاپىق كەلگەن جايلاردىكى گۈل، يوپۇرماق ۋە شاخچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق قايچا بىلەن ئويۇپ ئېلىۋېتىلىپ، گۈل ۋە يوپۇرماقلار خۇددى بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغاندەك تەبىئىي نەپىسلىك شەكىللەندۈرۈلسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل پەر كۆزى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلاغ، هارۋا كەشتىچىلىكىدە ئاساسەن چاپلىما ياكى جۇلا شەكلىدىكى بىرقەدەر ئاددىي نەقىشلەر ئىشلىنىدىغان بولغاچقا، چىدامىلىق ۋە ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدىغان رەختلەرنى، پاختا يىپ، چىگە يىپ ۋە رەڭلىك تانىلارنى تاللاش مۇۋاپىق. ئۇ ئاساسەن ئات-ئۇلاغلارنىڭ يوگەن-چۇلۋۇر، ئېگەر-توقۇم (مۆلە) لىرىغا، هارۋىلارنىڭ بوغا، لىڭگىرچاق، قۇشقۇنلىرىغا ئىشلىنىدۇ.

كەشتە رەختىنىڭ رەڭگىنى تاللاشتا ئالدى بىلەن رەڭلەرنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن:

قارا رەڭلىك كەشتە رەختى چىن، سۈلكەتلىك، كىر كۆتۈرۈشچان كېلىدۇ. شۇڭا كىيىم-كېچەكلەردىن دوپپا، كانۋا كۆينەك، كوپتا-يوپكا، ئىشتانپايپاق ۋە ئاياغ كىيىملەرگە؛ ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىدىن يوتقان-كۆرپە، ياستۇق بېشى، بېزەك لۆڭگە، بۆشۈك بۇيۇملىرى ۋە بېزەك گىلەم، جايىنامازلار ماس كېلىدۇ.

ئاق رەڭلىك كەشتە رەختى پاكىز، ئازادە-يورۇق، جەلپ قىلارلىق كېلىدۇ. شۇڭا ئوخشاشلا كانۋا كۆينەك، كوپتا-يوپكا، كۆڭلەك، ئىچ كىيىملەرگە، ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىدىن ھەر خىل پەردە، ياپقۇچلار، يوتقان-كۆرپە تاشلىقى ۋە بېزەك لۆڭگە قاتارلىقلارغا ماس كېلىدۇ.

قىزىل رەڭلىك كەشتە رەختى شوخ، جۇلالىق، يارقىن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



قولياغلىق، ئىچ كىيىم، تېشىغا كىيىدىغان كىيىملەر، پەردىگە ئوخشاش ھەر خىل بۇيۇملارغا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ.

**(2) كەشتە نۇسخىسىنى سىزىش.** ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكتە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۇرلۇك شەكىللەر، گۈل-گىياھ ۋە نەقىش ئۆرنەكلىرى بىلەن زىننەتلەش ئادەتكە ئايلانغان. كەشتە نۇسخىلىرىدىكى بۇ خىل گۈل، يوپۇرماق، نەقىش ۋە ھەر خىل شەكىل ئۆرنەكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كەشتە نۇسخىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. كەشتە نۇسخىلىرى تەبىئەتتىن ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئۆزىمىزگە ئەڭ تونۇش شەيئىلەردىن ئۆرنەك ئېلىنىدۇ. تارىخىي جەريانلاردىن ئايان بولدىكى، كەشتە نۇسخىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندىكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، دىنىي مۇھىت ھەتتا، سىياسىي كەيپىياتمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-، 70- يىللىرىدا ماۋزېدۇڭ قاتارلىق بەزى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ، لېي فېڭغا ئوخشاش نەمۇنىلىك شەخسلەرنىڭ باش سۈرىتى، تيەنئەنمېنگە ئوخشاش ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلارنى كەشتە ئۆرنىكى قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.

كەشتە نۇسخىلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىۋاستە تەقلىد قىلىپ سىزىشقا، تەييار نۇسخىلارنى ئىزنالاش ئارقىلىق سىزىشقا ياكى ئىجادىي سىزىشقىمۇ بولىدۇ. ھالبۇكى، يىڭنە، ئىلمەكلىك بىگىز ۋە رېشىلىيە بىلەن كەشتىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق زىننەتلىنىدىغان بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ شەكلىنى ئالدى بىلەن قەغەز ياكى رەختكە سىزىۋېلىش ۋە سىزىشنى ئۆگىنىش، ھەتتا بەزىلىرىنى قايچا بىلەن قىيىش ۋە ئويۇشنى ئۆگىنىش، كەشتىچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كەشتە نۇسخىسى شەكلىنى سىزىۋېلىش، مەيلى ئىلمەكلىك بىگىز بىلەن ئىشلىنىدىغان كەشتىلەردە بولسۇن ياكى كەشتە يىڭنىلىرى بىلەن ئىشلىنىدىغان كەشتىلەردە بولسۇن ۋە ياكى رېشىلىيە قىلىنىدىغان كەشتىلەردە بولسۇن، ئىشلەنگەن كەشتىنىڭ كۆركەم، جانلىق، پىلانلىق، گۈللىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا ماس كەلگەن ھالدا سۈپەتلىك

چىقىشىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈش كېرەك بولغان مۇھىم شەرت.

3) كەشتىچىلىكتىكى ئۈچ مۇھىم ئۇسۇل

كەشتىچىلىكتە مەيلى كىيىم-كېچەك كەشتىچىلىكى، مەيلى ئۆي ئىچى بويۇملىرى كەشتىچىلىكى، مەيلى ئۇلاغ-ھارۋا بويۇملىرى كەشتىچىلىكى بولسۇن، قانداق ئۇسلۇبتا، قانداق شەكىلدە كەشتە ئىشلەشتىن قەتئىينەزەر كەشتىلەش ئۇسۇلى يىڭنە كەشتە، ئىلمە كەشتە ۋە رېشىلىيە كەشتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇلدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

(1) يىڭنە كەشتە. قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋردە ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز يىڭنىنى ھايۋاناتلارنىڭ ئىنچىكە ۋە مۇستەھكەم سۆڭەكلىرىدىن، جىغان، يۇلغۇنغا ئوخشاش ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچلۇق تىكەن ۋە ياغاچلىرىدىن ياسايتتى، ياسىلىشىمۇ قوپال، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، تىكىلگەن كەشتىلەرمۇ بىر قەدەر يىرىك بولاتتى. تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تۆمۈرنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي رولىنى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىنسانلار قاچانكى يىڭنىنى ئىجاد قىلىپ تۇرمۇشىدا ئىشلىتىشكە باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى.

يىڭنىدە كەشتە ئىشلەش ئۇسۇلىنى كەشتىچىلىكنىڭ ئانىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىلمە كەشتە، رېشىلىيە كەشتە قاتارلىق كەشتىچىلىكنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى يىڭنە كەشتىچىلىكتىن كۆپ كېيىن تۇرىدۇ. ئۇ يەنە چىۋەر قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ئەمگەكچان، سەۋرچان، ئاددىي-سادda، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، تارىخىي نۇقتىدىن ئېتنوگرافىيەلىك مەنىگە ئىگە.

يىڭنە كەشتە ــــ كەشتە نۇسخىسىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە يىڭنىگە رەڭدار يىپلارنى ئۆتكۈزۈپ، كەشتە سىزىقچىلىرىنى بويلاپ نۇسخا بۆلەكلىرىنى تىكىپ تولدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



يىڭنە كەشتە تىكىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يۆمەپ تىكىش، قايچىلاشتۇرۇپ تىكىش، ئۈنچە ـ مارجان، زەر ۋە پارقىراق ئۆتكۈزۈپ تىكىش، كانۋا (كرېست شەكىللىك) تىكىش، تۆشۈكلۈك يىڭنىدە تىكىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

(2) **ئىلمە كەشتە.** تەييارلانغان كەشتە نۇسخىسى بويىچە تومراق ئىلمەك بىگىزدە يىپنى، كەرگىگە چىڭ ۋە تەكشى تارتىلغان كەشتە رەختىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۆتكۈزۈپ ئىلمەك سېلىپ توقۇش ئۇسۇلى ـــ ئىلمە كەشتە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلمە كەشتە توقۇش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىققا قاراپ: تۈز توقۇش، كىرىشتۈرۈپ توقۇش، ئۆمۈچۈك تورسىمان توقۇش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

كەشتىلەشتە ئالدى بىلەن كەشتە نۇسخىسىنىڭ رامكىسى ياكى گىرۋىكىنى ئېلىپ، ئاساسىي شەكلىنى توقۇپ چىقىمىز.

ئېلىپ توقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن، يىپنىڭ ئۇچىغا تۈگۈچ (كىلەك) سالىمىز. مەقسەت يىپنىڭ ئېلىپ تارتىش جەريانىدا سۇرۇشۇپ كېتىپ كەشتىمىزنىڭ سۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۈگۈچ كەشتە رەختىنىڭ كەينى تەرىپىدە بولۇشى كېرەك.

بىرلا خىل رەڭلىك يىپ سېلىنىدىغان مەلۇم بىر بۆلەكنى توقۇش جەريانىدا ياكى ئاخىرلاشتۇرغاندا، يىپ يۆتكەشكە ياكى رەڭ ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، كەشتىنىڭ سۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يىپنىڭ ئۇچىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

مەشغۇلاتتىكى تەلەپ: كەرگىنىڭ كەينى تەرىپىدىن يىپنى كونترول قىلىۋاتقان قولىمىز بىلەن كەرگىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىلمەك تۇتقان قولىمىز ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇشى، بارماقلىرىمىز چاققان، ئىنكاسىمىز تېز بولۇشى كېرەك.

ئىلمە كەشتە ئاساسەن ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىدىن: ئىشىك، دېرىزە، ئويۇق پەردىسى، كىيىم ياپقۇچ، كارىۋات ياپقۇچ، ساندۇق ياپقۇچ، بېزەك گىلەم، بېزەك لۆڭگە قاتارلىقلارنىڭ يۈزىگە ئىشلىتىلىدۇ.

(3) **رېشلىيە كەشتە.** بۇ خىل كەشتىلەش ئۇسۇلى زامانىۋى كەشتىچىلىك بولۇپ، پۈتۈنلەي تىكىش ماشىنىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4) كىيىم ـ كېچەك، باشكىيىم، ئاياغ كىيىم كەشتىچىلىكى
كىيىم ـ كېچەك كەشتىچىلىكى باشكىيىمدىن تاكى ئاياغ كىيىم ـ
گىچە بولغان بارلىق كىيىملەرنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا كەشتە نۇس ـ
خىلىرىنى يىپ ـ يىڭنە، كەرگىگە ئوخشاش قورال ـ سايمانلار بىلەن
ئوبرازلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار كىيىم ـ كېچەك تۈرىگە ئاساسەن،
تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) دوپپا كەشتىسى. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قىز ـ ئاياللى ـ
رىمىزنىڭ قولى گۈل. ئۇلار يىڭنە بىلەن يىپنى قولىغا ئالغاندا، ھەقد ـ
قەتەن ھەر بىر بارمىقىدىن خىلمۇخىل گۈل ئۈنۈپ، دوپپا ئۈستىدە
چېچەكلەپ ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوق ـ شوقىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

دوپپا گۈل نۇسخىلىرى كۆپ خىل، تىكىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ،
تولىمۇ ئازادە. ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېگەندەك
پەرقلەرگە قاراپ نۇسخا، گۈل چەكمە ۋە رەڭلەردە ئالاھىدە پەرقلىد ـ
نىدۇ. دوپپىلارنىڭ كەشتە نۇسخىلىرىدا تەبىئەت گۈزەللىكى ئە ـ
كىس ئېتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر بادامدوپپىسىنىڭ يۇمىلاقلىقى يەر
شارى، شەھەر، قەلئەلەرگە تەقلىد قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئاق مە ـ
شۇتتىن كەشتىلەنگەبادامگۈلى ئايغا، كېزەك گۈللىرى يۇلتۇزلارغا
تەقلىد قىلىنغان. يەنە چىمەندۇپپىغا كەشتىلەنگەن چىمەنگۈللەر تە ـ
بىئەت ھۆسنىگە تەقلىد قىلىنغان. دوپپىلارغا ئېچىلىۋاتقان گۈل
كەشتىلەنگەن، قىسقىسى، كەشتە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى سىمو ـ
ۋۇللۇق مەنىگە ئىگە.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى تىكىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا: مەنفۇدوپ ـ
پا، تۈگۈچ مەنفۇدوپپا، ئۈنچە دوپپا، گىلەمدوپپا (تاشكەنت دوپپا)،
چىمەندوپپا، كالوتون دوپپا، ئىلمە گۈللۈك دوپپا، چەكمە گۈللەك
دوپپا شۇنىڭدەك ئىلمە ۋە چەكمە گۈللۈك ئۈنچە ھەم كالوتون بېسىل ـ
غان دوپپا قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوپپىلارنىڭ كۆ ـ
پىنچىسى نەپىس گۈل تىكىلگەن تۆت تالا كېزەكلىرى ئۆزئارا چېتىد ـ
لىپ، قارا دۇخاۋا جىيەك (توقۇش) توقۇلغاندىن كېيىن قېلىپقا سې ـ
لىنىدۇ، ئاندىن ساقلاش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن
تۆت قاتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە شاپاق بۆكى ۋە ئاز ساندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قەدىمكى نۇسخىدا بەش تالا كېزەكلىك قىلىپ تىكىلگەن دوپپىلار ۋە سىدام ئىلمە گۈللۈك شاپاق دوپپىلارمۇ ئۇچرايدۇ. دوپپىلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرى خىلمۇخىل، ئاجايىپ چىرايلىق گۈل-سىزىقلار تۆت تالا كېزەكنىڭ ئۆز ئارا چىتىلىشى بىلەن بىر-بىرىگە مۇناسىپ ھالدا ئىرماش-چىرماش قوشۇلۇپ، ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن بىر گۇرۇپپا گۈل شەكلىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈل شەكىللىرىنى ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن يىغىنچاقلىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزئارا ماسلاشقان گۈللۈك، چەكمە مەنۋۇ گۈللۈك، ئۈنچە-مارجان گۈللۈك، ھەر بىر تالا كېزەككە ئۈچ بۆلۈكلۈق قىلىپ تىكىلگەن بىر گۈللۈك ياكى ئىككى گۈللۈك ۋە كېزەك گۈللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدىغان بىر گۇرۇپپا گۈللۈك شەكىللەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرى ئاددىي ئەمما ناھايىتى رەتلىك تۈتاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

(2) تون كەشتىسى. يىڭنە كەشتىچىلىكىگە تەۋە بولۇپ، تىكىش ۋە چاپلاش شەكلىدە كەشتە نۇسخىسى تۇننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە بېقىپ بىر قەدەر ئەركىن ئىلىنغان ھالدا تۇننىڭ ياقىسى، يېڭى ۋە ئالدى-كەينى ئېتەك، پەشلىرىگە زەر يىپلاردىن كالوتون بېزەك نەقىشلەر كەشتىلىنىدۇ. قوشقاراق (ئەگمەچ) شەكلىدە ئىلىنغان توم نەقىشلەر، يۇلتۇز ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر ماس ھالدا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۈنچە-مارجان، كۆزلەر تۇتۇلۇپ، كىيىمگە شاھانە سالاپەت ۋە ھەيۋەت-لىك تۈس بېرىلىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردە تون گەرچە ئىجتىمائىي تۇر-مۇش ئىستېمالىدىن قالغان بولسىمۇ، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىز-نىڭ قىممەتلىك مىراسلىرى سۈپىتىدە سەھنىلەردە، ئوپېرا-تىيا-تىرلاردا كىيىلىپ، ئۆزىنىڭ لاتاپىتىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

(3) قولياغلىق كەشتىسى. كەشتە قولياغلىقتا رەختنىڭ ئوتتۇرى-سى ياكى بىر بۇرجىكىگە يىڭنە بىلەن بىر جۈپ شاخلاپ تۇرغان ئەترەگۈلنىڭ ياكى جۈپ يۈرەكنىڭ شەكلى يىڭنە بىلەن يۇمەپ تىد-كىش ياكى كىرىستىمان تىكىش ئۇسۇلىدا ئىشلىنىدۇ.

ئىلمە قولياغلىقتا تەييارلانغان رەختىنىڭ چۆرىسى (گىرۋىكى-گە چۆچا (جىيەك) شەكلىدە، قولياغلىق رەختىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئىلمەك بىگىز بىلەن ئىنچىكە ئاق يىپتا يۇرەك، يۇپۇرماق ۋە توگ-

ـىگۈللەر ياكى گىئومېتىرىك شەكىللەر كۆپتۈرمە ھالەتتە ئىلىپ كەشتىلىنىدۇ.

ئالاھىدىلىكى: تاللانغان رەخت ۋە كەشتىلەنگەن نۇسخا مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، گۈل ۋە شەكىلگە قاراپ ئىشلەتكۈچىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقى، مۇھەببەتلەشكەن ياكى مۇھەببەتلەشمىگەنلىكى، توي قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(4) ياقلىق كەشتىسى. ياقلىق 20ـ ئەسىرنىڭ 50ـ يىللىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تىك ياقلىق كىيىملەرگە چېۋەر قىزـ ئاياللىرىمىز ئىلمە كەشتە ئىشلەپ، چاپان، كۆڭلەكلەرنىڭ ياـ قىسىنىڭ كىر بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ياقىـ سىغا تۇتۇپ قويىدىغان ياقىلىقنى كۆرسىتىدۇ.

(5) كانۋا كۆينەك كەشتىسى. ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى كانۋا كۆينەك كەشتىسىدە ئاۋال ئىشلىمەكچى بولغان كەشتىنىڭ ھەجىمىگە ماس ھالدا ئاق رەختنىڭ يىپى ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ كاتەكچە چىقىرىلىپ تەكشى سۇغۇرىلىدۇ، ئاندىن كۆڭلەكنىڭ كەشتە ئىشلىمەكچى بولغان ئورنىغا يىپ بىلەن تىكىلىپ، ئۈستىگە تۆشۈك ساناپ، باشتىنـ ئاـ خىر ئوخشاش ئارىلىقتا يىڭنە ئارقىلىق كرېست شەكىللىك تىكىش ئۇسۇلىدا كەشتە نۇسخىسى چۈشۈرۈلىدۇ. كەشتە پۈتكەندىن كېيىن قالدۇق يىپلار پۈتۈنلەي سۇغۇرۇپ تاشلىنىدۇ.

(6) جىلىتكە كەشتىسى. جىلىتكە كۆينەكنىڭ ئۈستىگە، چاپاننىڭ ئىچىگە ياكى نېپىز تاۋار كۆڭلەكلەرنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان يەڭسىز، قىسقا كىيىم بولۇپ، تىكىلىشى ۋە كەشتىلىنىشى جەھەتتە ئەرەنچە ۋە ئايالچە دەپ ئايرىلىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىملىرىمىزنىڭ بىرى. جىلىتكە كەشتىسى كۆپىنچە ئاياللار ۋە باللار جىلىتكىسىگە، ئۇسسۇلچىلارنىڭ بولسا ئەرـ ئايال ھەممىسىگە ئورتاق ئىشلىنىدۇ.

(7) مەنفۇ كۆينەك كەشتىسى. مەنفۇ كۆينەك كەشتىسى ئىشلەش قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىپ كەلگەن. چۈنكى، مەنفۇ كۆينەكنىڭ كەشتە ئەندىزىلىرىدىكى گۈل، نەقىش، قۇش، ھاشارات قاتارلىق ئارىلاش نۇسخىلارنىڭ مۇرەككەپلىكى، رەڭدار، نەپىسلىكى، كۆركەم ۋە ئېـ

www.uyghurkitap.com



سىل بۇلۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىشلەشكە بولغان تېخنىكىلىق تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كەشتىچىلىكتىكى گۈلتاجىلىق ئورنى-نى ساقلاپ قالغان.

**(8) پۈتۈن كۆينەك كەشتىسى.** كۆينەكنىڭ ياقىسى، كۆكرەك ۋە ئېتەكلىرىگە ئىشلىنىدىغان كەشتە نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كۆينەكلەر قايرىما ياقىلىق، كۆكرەك، بەللىرى سىپتا كەل-گەن، ئېتەكلىرى كەڭ (ئالتە ياكى سەككىز كۇلۇچ) تىكىلىدۇ.

تىكىش ئۇسۇلى: ياقا ۋە كۆكرەك قىسمىغا، ئېتەكنىڭ ھەر بىر كۇلۇچىغا ئۈزۈم، مودەنگۈل، يوپۇرماق ۋە غۇنچىلار ئىشلىنىدۇ. يېڭىدە تىكىپ كەشتىلەش، كانۋا ئىشلەش، ئىلمە كەشتە ئۇسۇل-لىرى ئارىلاش قوللىنىلىپ، ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان رەڭ ۋە نۇسخىلار چۈشۈرۈلىدۇ.

**(9) پوتا كەشتىسى.** ئىشلەتكۈچىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە، كې-يىدىغان كىيىمىگە قاراپ ئىشلىنىدۇ. رەڭگى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە كەشتە نۇسقىسىمۇ ھەم شۇنىڭغا ماس ھالدا تىكىلىدۇ. پوتا كەشتى-سىدىكى نۇسقىلارمۇ مەلۇم مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، پوتىنىڭ ئۈچ بۇرجەك يېرىگە بىر جۈپ گۈل كەشتىلەنسە، پوتا باغلىغۇچىنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى، سىدام ئېلىنسا بويتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، باللارنىڭ ھەم باللارغا خاس نۇسقىلار چۈ-شۈرۈلگەن ھالدا بولىدۇ.

**(10) ئىشتانپايپاق كەشتىسى.** ئىشتانپايپاق بوۋاق باللار ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلىدىغان ئالاھىدە كىيىم بولۇپ، ئادەتتە قىش كۈنلىرى كىيدۈرۈش ئۈچۈن پاختىلىق تىكىلىدۇ. ئىسمىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپ-تۇكى، بۇ خىل كىيىم پايپاق ۋە ئىشتان ھەتتا جىلىتكە شەكلىدىكى يەڭسىز كىيىم بىرلەشتۈرۈلگەن. مۈرىدىن ئارتىلىپ ئالدى ۋە كەينى تۈگمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدىغان؛ كىيدۈرۈش، سالدۇرۇش ئاسان ۋە راھەت بولغان باللار كىيىمىدۇر. ئىشتانپايپاق كەشتىسى ئىشتاننىڭ ئاياق تەرىپىگە، يەنى پۇتىنىڭ يۈزىدىن پاچاق ھەتتا تىزغىچە دائىرىدە پايپاق شەكلىدە ئىشلىنىدىغان كەشتىنى كۆرسىتىدۇ.

**(11) ئىچ كىيىملەر كەشتىسى.** ئاساسەن قىز-ئاياللارنىڭ ئىچ كۆينەك

(رۇباشكا) ۋە ئۇخلاش كىيىمى قاتارلىقلارنىڭ كۆكرەك، ئېتەك قىسىملىرىغا نەپىس گۈل نۇسخىلىرى سىپتا قىلىپ يىپتا ئىشلىنىدۇ.

**(12) ئاياغ كىيىم كەشتىسى.** رەخت ۋە يىپ-يىڭنە ئارقىلىق ئەرەنچە-ئايالچە يۇمشاق ۋە راھەت بولغان ئۆي ئىچى ئاياغ كىيىملىرىدىن ئۆتۈك، پوپۈچ، مەسە قاتارلىقلارغا ئىشلىنىدىغان كەشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كەشتە ئېھتىياجغا قارىتا يىڭنە بىلەن كانۋا (كرېست شەكىللىك تىكىش) ئۇسۇلىدا ياكى ئىلمەكلىك بىگىز بىلەن ئىلمە قىلىش ئۇسۇلىدا ئىشلەنسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

**5) ئۆي ئىچى بويۇملىرى كەشتىچىلىكى**

ئۆي ئىچىدىكى رەختتىن تەييارلىنىدىغان بۇيۇملارغا يىڭنە، ئىلمەك بىگىز، رېشىلىيە ئىشلەش ماشىنىسى قاتارلىقلار بىلەن ھەر خىل نۇسخىلارنى كەشتىلەش، ئۆي ئىچى بۇيۇملىرى كەشتىچىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**(1) پەردە كەشتىسى.** پەردىنىڭ خىلى كۆپ ۋە ئۆي بېزەكچىلىكىدە بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. پەردە كەشتىچىلىكى كۆپىنچە ھاللاردا رېشىلىيە ئىشلەشنى ئاساس قىلىپ، پەر كۆزى قىلىنىدۇ (گۈل، يوپۇرماقلارنىڭ ئوتتۇرىسى ئويما قىلىنىدۇ). گۈل نۇسخىلىرى ئاددىي بولۇپ، چېچەك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. كانارلىرى (گىرۋىكى) يېرىم ياي شەكلىدە كەشتىلىنىدۇ. بەزىدە يېرىم ياي كىچىك چېچەكنىڭ بىر بەرگى قىلىپمۇ كەشتىلىنىدۇ. كەشتىلەش ئۇسۇلىدا يىڭنىدە كەشتىلەش ۋە ئىلمەك بىگىزدە كەشتىلەش شەكىللىرى ئارىلاش قوللىنىلىدۇ.

**(2) ياپقۇچلار كەشتىسى.** بۇ — كىيىم ياپقۇچ، لىمتاق(مېھراب) ياپقۇچ، ساندۇق ياپقۇچ، ساپا ياپقۇچ، ئېلېكتىر سايمانلىرى ياپقۇچلىرى كەشتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**(3) بېزەك لۆڭگە كەشتىسى.**

**(4) يوتقان-كۆرپە كەشتىسى.** يوتقان تېشىنىڭ رەڭگى ۋە كەشتە نۇسقىسى يوتقان ئىشلەتكۈچىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللىنىدۇ. بالىلارغا نىسبەتەن رەڭ تونۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىشلەتكەن رەڭلىك يىپلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. يىگىت-قىزلارغا بولسا

شوخ، مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان گۈل، قۇشلارنىڭ نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. ياشانغانلارغا ئاددىي گۈل-چېچەكلەر ۋە دىنىي تۇس ئالغان كەشتە نۇسخىلىرى كۆپرەك كەشتىلىنىدۇ. مېھمانغا سېلىنىدىغان يوتقان-كۆرپىلەرگە بىر قەدەر ئېسىل كەشتىلەر ئىشلىنىپ، شاھانە تۈس بېرىلىدۇ. بۇ مېھمانغا بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. يوتقاننىڭ باش تەرىپىگە چىرايلىق كەشتە ئىشلەش ئارقىلىق، باش تەرەپ بىلەن ئاياغ تەرەپنى پەرق ئېتىش، ئۇخلاش جەريانىدا پۇت تەرەپ كەلگەن جايغا باشنىڭ كېلىپ قالماسلىقىنى مەقسەت قىلغان. ھالبۇكى، پۇت تەرەپ باش تەرەپكە كېلىپ قالسا، پۇتتىن يوتقانغا سىڭىپ قالغان مىكروب ۋە پۇراقلار ئادەمنىڭ نەپەس يوللىرىغا كىرىپ ھەر خىل كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، شۇڭا ئەجدادلىرىمىز يوتقان بېشىغا كەشتە ئىشلەش ئارقىلىق سالامەتلىكنى ئاسراش مەقسىتىگىمۇ يەتكەن. يەنە بىر نۇقتىدىن يوتقان بېشىغا چىرايلىق گۈل ۋە توتېم قىلىنغان دەرەخ، گۈل-چېچەك، ھايۋان، قۇشلار كەشتىلىنىپ، ئۇخلىغاندىمۇ ئاللاغا سېغىنىشتەك دىنىي ئېتىقاد قارىشى ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(5) ياستۇق كەشتىسى. تەكىي، تۇلۇق ياستۇق، پەر ياستۇق، تىكلىمە ياستۇق ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكىدە بىر قەدەر كۈچلۈك ئېتنىك خاراكتېرگە ۋە رايون خاسلىقىغا ئىگە. روشەنكى، ياستۇق، تەكىي ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان باشقا قويۇلىدىغانلىقىدەك ئورنى بىلەن تۇرمۇشتىمۇ ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان بويۇمغا ئايلانغان. كىشىلەر ئۇخلاپ ئويغانغان چاغدىكى جىسمانىي ھالىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، ھەتتا يامان چۈشلەرنىڭ تەسىرىدىن روھىي كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىمۇ تەكىي ۋە ياستۇققا مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇراپىي ۋە ئىلاھىي قاراشلىرىنى تەكىي، ياستۇق بىلەن باغلاپ تەپەككۇر قىلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە خىل تەكىي ۋە ياستۇق شەكىللىرىدىن بەدەن بىلەن تەكىي، ياستۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى تېپىشىمۇ مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك تەكىي، ياستۇققا كەشتە ئىشلەشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىش خەلقىمىزنىڭ مۇھىم تۇرمۇش ئادىتى-

نىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئىشلەش ئۇسۇلى: تەكچي، ياستۇق كەشتىسىدە كەشتىلەش، كانۋا ئىشلەش، ئۈنچە-مارجان ۋە زەر بېسىش، ئىلمە كەشتە ئىشلەش، رېشىلىيە ئىشلەش ئۇسۇللىرىنى ئايرىم ياكى ئارىلاش قوللىنىشقا بولىۋېرىدۇ.

**(6) داستىخان كەشتىسى.** داستىخان — شىرە ياپقۇچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. داستىخان كەشتىچىلىكىنى خەلقىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەكنى قەدىرلەش قارىشىنىڭ ئەكس ئېتىش شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. داستىخان كۆپىنچە ھاللاردا ئاق رەختكە رەڭدار يىپلاردىن چىرايلىق گۈل، نەقىشلەر ۋە مېۋىلەرنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ كەشتىلىنىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ئېھتىياجغا لايىق چوڭلۇقتىكى يۇمشاق ئاق رەختكە نۇسخىسى سىزىۋېلىنىدۇ. كەشتىلەشتە رەڭدار يىپلاردا يىڭنىدە گۈل تىكىش، كانۋا ئىشلەش ياكى ئىلمەك بىگىزدە ئىلمە قىلىش ئۇسۇللىرى ئارىلاش قوللىنىپ ئىشلىنىدۇ.

**(7) چەينەك كۇلاھسى (چەينەك ياپقۇچ) كەشتىسى.** چەينەك ياپقۇچ كەشتىلەش قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئومۇملاشقان كەشتە تۈرلىرىدىنىڭ بىرى. خەلقىمىز دەملەنگەن چاينىڭ ئىسسىق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چەينەككە دەل كېلىدىغان «كۇلاھ» كىيدۈرگەن. ئۇنىڭ شەكلى باشكىيىمگە ئوخشىغاچقا ئۇنى «چەينەك كۇلاھسى» دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا، ئۇنى كەشتە نۇسخىلىرى بىلەن بېزەپ، داستىخىنىمىزغا يەنە بىر ھۆسن قوشقان.

ئىشلەش ئۇسۇلى: كەشتە رەختىگە كۇلاھقا مۇۋاپىق چوڭلۇقتا نۇسخا سىزىلىپ ياكى ئەندىزە چۈشۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. كەشتىلەشنى يىڭنە كەشتە، ئۈنچە-مارجان كەشتە ۋە باسما كەشتە قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. كۇلاھنىڭ گۈلى ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش كەشتىلىنىدىغان بولغاچقا، گۈل نۇسخىلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولىدۇ. ئادەتتە، چېچەك يوپۇرماق، لوڭقا قاتارلىقلار كەشتىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مېھمان ئۇلۇغلىنىدىغان ھەر خىل ھېكمەتلىك سۆزلەرمۇ ئەھمىيەتلىك ۋاقىت ياكى ئىسىملارمۇ كەشتىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(8) سومكا ـ خالتا كەشتىسى. سومكا، ھەر خىل خالتىلارغا كەشتە ئىشلەش ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تىنىم تاپماس قىز ـ ئاياللىرىمىز سومكا، خالتىلاردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرگە باي روھىنى نامايەن قىلغان. ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك تۆت بۇرجەك، يۇمىلاق شەكىلدىكى سومكىلارنى قولدا ئىشلەپ يۈرۈش ـ تۇرۇشقا زىننەت قىلغان بولسا، ئائىلىسىدە قازان بېشى، ئىشكىنىڭ كەينىگە ئوخشاش قولاي جايلارغا كەشتىلەنگەن رەتلىك خالتىلارنى ئېسىپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئەمما خالىغان يەرگە قويۇشقا بولمايدىغان يىپ ـ يىڭنە، دورا ـ دەرمەك، چاي، توپچە (تۈگمە)، ئىلغۇچ، قايچا، بىگىز دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ، تۇرمۇشقا تەرتىپ ۋە قولايلىق ئېلىپ كەلگەن. قىز ـ چوكانلار چىرايلىق كەشتىلەنگەن تاماكا خالتىلىرىنى تىكىپ قىممەتلىك بۇيۇم قاتارىدا كۆڭلىدىكى ئادەملىرىگە سوۋغا قىلىشقان.

ئالاھىدىلىكى: كەشتە رەختىنىڭ رەڭگىگە قارا، قىزىل ۋە بىر قەدەر كىر كۆتۈرۈشچان، پىششىق توقۇلغان رەختلەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىككىلا تەرەپتىكى كەشتە نۇسخىسى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. يىڭنە كەشتە، ئىلمە كەشتە، كانۋا ئىشلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ.

(9) جايناماز كەشتىسى. مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى توقۇلىشى زىچ قارا رەختكە كەشتە نۇسخىسى سىزىپ ياكى كۆچۈرۈپ چۈشۈرۈلىدۇ. ئاساسەن كەركىگە تارتىلىپ، ئىلمەك بىگىزدە ئىلمە كەشتە قىلىنىدۇ. تۆت تەرىپى تانا (توسما) تىكىش بىلەن رامكىلىنىپ بىر ياكى بىر قانچە رەت قوچقىراق، كىرپىك، سانا يۇپۇرمىقى شەكىللىك نەقىش كەشتىلىنىدۇ.

(10) بۆشۈك بۇيۇملىرى كەشتىچىلىكى. ئىشلىتىلىدىغان، كەشتە ئىشلەشكە بولىدىغان بارلىق بۇيۇملارنى، بۆشۈك كۆرپىسىنى ئىشلەش ئۇسۇلى كۆرپە ئىشلەشكە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بېزىنىدە (قولتارتقۇ، پۇتتارتقۇ) كەستىسىنى ئىشلەشتە، بۆشۈكنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يان تەرىپىنىڭ ئايلانمىسىغا تەڭ رەختتىن 51 سانتىمېتىر كەڭلىكتە تەييارلاپ، يىلان باغرى شاخلارغا مودەنگۈل، نىلۇپەر،

ياڭاق مېغىزى نۇسخىلىرىنى ۋە ياندىشقان يۇپۇرماق، غانجۇغا نۇسخىلىرىنى سىزىۋېلىپ، كەرگىگە تارتىپ ئىلمەك بىگىزدە ئىلمە كەشتە قىلىپ ئىشلەپ چىقىمىز.

6) ئۇلاغ-ھارۋا كەشتىچىلىكى

ئۇلاغ-ھارۋا كېشتىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات مەدەنىيىتى ۋە ھارۋىنى كەشىپ قىلىشتەك سەمەرىلىك تارىخىي ئىسپاتلىرىنىڭ بىرى. خەلقىمىز ئۆز تارىخىي بىلەن چىڭ باغلانغان بۇ ئىپتىدائىي قوراللارنى ھېلىھەم قەدىرلەپ ئىشلىتىدۇ، ياسايدۇ ھەم زىيپەن قويۇپ بېزەيدۇ. ھەتتا، زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغىمۇ سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار، ھارۋا كەشتىسى ــ ئېگەر ياپقۇچ، چۇلۋۇر (يۈگەن)، توقۇم قاتارلىقلارغا باسما كەشتىنى ئاساس قىلغان كەشتىچىلىكنى كۆرسىتىدۇ.

(1) ئېگەر ياپقۇچ كەشتىسى. ئاساسلىق ئېگەر ۋە توقۇملارغا باسما كەشتە ئىشلەش ئارقىلىق ئات-ئۇلاغنى كۆچلۈك، جانلىق كۆرسىتىش ۋە ھارۋا ئىگىسىنىڭ پاكىز، ئىشچان ۋە قورال-سايمانلارنى ئاسرايدىغان ئادەملىكىنى نامايەن قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئاۋۋال پىششىق توقۇلغان قېلىنراق كۆك ۋە قىزىل رەخت ئىشلىمەكچى بولغان بۇيۇمغا لايىق پىچىلىدۇ. رەختكە ئۆزى خالىغان شەكىل، نەقىشلەر (ئاساسەن يۆگىمەچ شەكىل) سىزىلىپ، شۇ شەكىل بويىچە باشقا رەڭدىكى رەخت تەكشى كەڭلىكتە كېسىپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن نەقىش بويىچە كېسىلگەن رەختنىڭ ئەتراپىغا ئاچىدىغان يەنە بىر خىل رەختتىن ئىنچىكە گىرۋەك تىكىلىدۇ. شۇ خىل ئۇسۇلدا بىر قانچە خىل رەختنى نەقىش، نۇسخىلار بويىچە تەرتىپلىك چاپلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئېگەر-توقۇم ياپقۇچلىرى ئادەتتە بىربىرىدىن پەرقلىنىدىغان چوڭلۇقتا بىر قانچە قات تەييارلىنىپ، ئۇلاغ ئۈستىگە يېپىلىدۇ.

(2) چۇلۋۇر (يۈگەن) كەشتىسى. بۇ چۇلۋۇرنىڭ ئۇلاغنىڭ پېشانىسى ۋە تۇمشۇق تەرىپىگە توغرا كەلگەن قىسمىغا ئىشلىنىدىغان جۇلاسىمان كەشتىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# §9. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى

خوتەنلىكلەر چارۋا مال مەھسۇلاتلىرىدىن خىلمۇ خىل يېمەك ـ لىكلەرنى تەييارلاپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەندىن سىرت، يۇڭ ـ چۇپۇرلىرىدىن گىلەم، كىگىز، جاۋا، ئارغامچا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى؛ چەكمەن، تور كۆڭلەك، تور ئىشتان قاتارلىق رەخت ۋە كىيىم ـ كې ـ چەكلەرنى؛ يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق يېپىنچا ـ سېلىنچىلارنى؛ كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىق باشقا خام ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىپ پايدىلانغان، ھەتتا چارۋامال ئۈچەيىدىن چالغۇ ئەسۋابلىرىغا تار، مۈڭگۈزىدىن دۆۋەت ياساپ ئىشلەتكەن. سۆڭەكلىرىنى نەپىس نەققاشلىق ماتېرى ـ يالى قىلغان. بۇ ھال چارۋىچىلىق خوتەنلىكلەرنىڭ پۈتكۈل ئىجتى ـ مائىي ئىگىلىكىدە ئايرىلماس تەركىب بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىك ـ تىكى مۇھىم ئورنىنى بەلگىلىگەن. چارۋىچىلىق بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتىـ ـ دۇ. گەرچە، ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە دائىر بىر قىسىم قول ھۈنەر تۈرلىرى ۋە ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلىرى رولىنى يوقىتىپ، ئىزى ئۆچكەن بولسىمۇ، يەنە بەزى قول ھۈنەر تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

### 1. كىگىزچىلىك

#### 1) يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئاتالغۇلار

تۆۋەندە «يۇڭ پىششۇرما مەھسۇلات» دېگەندەك ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. ئورتاق تىلىمىزدا يۇڭ خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەتكەن مەھسۇلاتلارنى تۈرگە ئايرىش، ئاتالغۇلىرىنى بېكىتىش ۋە ئۇلارغا ئېنىقلىما بې ـ رىشتە ھەقىقەتەن بەزى ئېنىقسىزلىق، مۈجمەللىكلەر مەۋجۇت. يۇڭ

مەھسۇلاتلىرىغا ئائىت ماقالىلەردە، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، بايقاشلارغا ئائىت ماقالىلەردە كىگىز ئېتىش — «كىگىز بېسىش» دەپ، يۇڭدىن توقۇلغان ھەرقانداق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى «يۇڭ توقۇلما مەھسۇلات» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. «كىگىز بېسىش» دېيىلسە، يۇڭدىن كىگىز پىشۇرۇش دېيىلىۋاتقىنى ياكى كىگىزگە تامغىدا گۈل بېسىش دېيىلىۋاتقىنى ئېنىق بولمايدۇ. كىگىز پىشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ دېگەندىمۇ، شۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزىدە لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلىدۇ. كىگىز ئېتىش ئۈچۈن يۇڭ مەلۇم ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق پىشۇرۇلۇپ كىگىزگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. تەييار كىگىزنى يەنە بېسىپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. سىدام كىگىزگە گۈل چىقىرىشقا توغرا كەلسە، ئويما تامغىدا گۈل بېسىلىدۇ. بۇ، «كىگىز بېسىش» دېيىلمەي، «كىگىزگە گۈل بېسىش» دېيىلىدۇ. دېمەك، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا «كىگىز بېسىش» دېگەن سۆزنى قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس.

«يۇڭ توقۇلما مەھسۇلات» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، بۇ، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاھالەنكى، قەدىمكى زامان خوتەن يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا يۇڭ يىپتىن خىپچىدا توقۇلغان مەھسۇلاتلارمۇ، توقۇمىچىلىق دۇكىنىدا توقۇلغان مەھسۇلاتلارمۇ بولغان. دۇكاندا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە يەنە تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان مەھسۇلاتلارمۇ، تەپكىسىز دۇكاندا توقۇلغان مەھسۇلاتلارمۇ بولغان. بۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسى، سۈپىتى ئوخشاشمايلا قالماستىن، بارلىققا كەلگەن دەۋرلىرىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، يۇڭ - چۇپۇرلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى خام ئەشيا پەرقىگە قاراپ: بىرلەمچى يۇڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىككىلەمچى يۇڭ مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار يۇڭ-چۇپۇردىن بىۋاستە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئۇلارنى: يۇڭ ئېگىرمە مەھسۇلاتلار، يۇڭ تالىما مەھسۇلاتلار، يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلار دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار بىرلەمچى يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قى-

www.uyghurkitap.com



لىپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئۇلارنى: يۇڭ تو-
قۇلما مەھسۇلاتلار ۋە يۇڭ ئۆرۈمە مەھسۇلاتلار دەپ ئىككى خىلغا بۆ-
لۈشكە بولىدۇ.

**(1) بىرلەمچى يۇڭ مەھسۇلاتلىرى.** يۇڭ ئىگىرمە مەھسۇلاتلار:
ئېگىرىش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئې-
گىرىش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: قولچاق مەھسۇلات-
لىرى ۋە يىكچاق مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.
قولچاق مەھسۇلاتلىرى قوللاق يىپ، چەكمەن يىپى، جاۋا يىپى قا-
تارلىق؛ يىكچاق مەھسۇلاتلىرى پوتا يىپى، ياغلىق يىپى، زىلچا ـ
گىلەم يىپى قاتارلىق يۇڭ يىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇڭ تالىما مەھسۇلاتلار: بۇ، تالاش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدى-
غان مەھسۇلاتلار بولۇپ، تالاش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا
قاراپ، تالىغۇچ مەھسۇلاتلىرى ۋە دۇكان مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى
خىلغا بۆلۈنىدۇ. تالىغۇچ مەھسۇلاتلىرى يۇڭ شوينا، تاران قاتار-
لىقلارنى؛ دۇكان مەھسۇلاتلىرى دۇكان شوينىسى ۋە ھەر خىل ئار-
غامچىلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

**يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلار.** بۇ، يۇڭنى يېپىشتۇرۇش — پىشۇرۇش
ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىرىلىدىغان كىگىز، پايپاق، كېپىنەك، قالپاق،
پىيما قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئىشلەپچىقىرىش ئۇ-
سۇلى جەھەتتىكى پەرقلەر سەۋەبلىك ئالدىنقى تۆت خىل مەھسۇلات
كىگىزچىلەر تەرىپىدىن، پىيما بولسا مەخسۇسلاشقان پىيمىچىلار تە-
رىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇڭا يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلارنى مەخ-
سۇسلىشىش پەرقىگە قاراپ كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە پىيمى-
چىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**(2) ئىككىلەمچى يۇڭ مەھسۇلاتلىرى.** يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلار:
بۇ، يۇڭ يىپنى خام ئەشيا قىلىپ توقۇش ئۇسۇلىدا ئىشەپچىقىرىلى-
دىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، توقۇش ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا
قاراپ خىپچا توقۇلما مەھسۇلاتلار ۋە دۇكان توقۇلما مەھسۇلاتلار دەپ
ئىككى خىلغا بۆلىمىز، خىپچا توقۇلما مەھسۇلاتلار ھەر خىل تور
كۆڭلەك، تور ئىشتان قاتارلىقلارنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇرۇش ـ

ئارقاق ئايرىمىسى بولمىغان مەھسۇلاتلارنى؛ دۇكان توقۇلما مەھ-سۇلاتلىرى بولسا يۇڭ پوتا، يۇڭ ياغلىق، چەكمەن، جاۋا قاتارلىقلارنى، يەنى ئۇرۇش ـ ئارقاقلىق توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمدى دۇكان توقۇلما مەھسۇلاتلىرى يەنە دۇكان قۇرۇلمىسىنىڭ پەرقىگە قاراپ، تەپكىلىك دۇكام مەھسۇلاتلىرى ۋە تەپكىسىز دۇكان مەھ-سۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تەپكىلىك دۇكاندا تەپكە دەسسەپ گىرە ئېچىلىدۇ، موكا ئېتىپ ئارقاق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تەپكىسىز دۇكاندا بارلىق مەشغۇلات قولدا ئورۇندىلىپ، پىلتىكۈچ ئارقىلىق ئارقاق ئۆتكۈزۈلىدۇ. تەپكىلىك دۇكاندا پوتا، ياغلىق (قە-دىمكى دەۋرلەردە يۇڭ رەختمۇ توقۇلغان) توقۇلىدۇ. تەپكىسىز دۇ-كاندا چەكمەن، جاۋا قاتارلىقلار توقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەشغۇلات جەريانى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ موكا توقۇلما مەھسۇلاتلار ۋە پىلتىكۈچ توقۇلما مەھ-سۇلاتلار دەپ ئاتاش مۇۋاپىق.

**ئۆرۈمە مەھسۇلاتلار:** بۇ يۇڭ يىپنى خام ئەشيا قىلىپ قولدا ئۆ-رۈش ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئارقاق-سىز ئۆرۈمە مەھسۇلاتلار ۋە ئارقاقلىق ئۆرۈمە مەھسۇلاتلاردىن ئىبا-رەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ (بۇ بىر تۈر كېيىن بايان قىلىنىدۇ).

**2) كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى**

كىگىز قوي يۇڭىدا مەخسۇس كىگىزچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ياكى ئېنىقلاشقا بولىدىغان كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەكلى ۋە ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ: كىگىز، جايناماز، پايپاق، كې-پىنەك ۋە قالپاقتىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**(1) كىگىزنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى.** ئۇيغۇر قول ھۈنەر كى-گىزچىلىكىدە ئىشلەپچىقىلىدىغان كىگىزنىڭ تۈرى خېلى كۆپ، يۇڭدىن بىۋاستە ياسىلىدىغانلىقى ياكى ۋاستىلىك ياسىلىدىغانلى-قىغا قاراپ بىرلەمچى كىگىز ۋە ئىككىلەمچى كىگىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

كىگىزنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىگىزنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەر ھەققىدە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

كىگىزلەر تىك بۆلەكلەر ۋە توغرا بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. تىك بۆلەكلەر چىغ يۈز، قات يۈز ۋە ئۈست يۈزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.يەنى ھەرقانداق كىگىزنى ئېتىشتە تەييارلانغان يۇڭ كەم دېگەندە ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ، ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا چىغ يۈزگە بىۋاسىتە سېلىنغان يۇڭ قەۋىتى «چىغ يۈز» دېيىلىدۇ. كىگىز پۈتكەندە، چىغ يۈز كىگىزنىڭ ئەڭ يۈزى بولۇپ چىقىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا چىغ يۈز ئۈستىگە سېلىنغان يۇڭ قەۋىتى «قات يۈز» ياكى «ئارش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارش يۈز كىگىزنىڭ سىرتقا كۆرۈنمەيدىغان ئوتتۇرا قەۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا ئارش يۈز ئۈستىگە سېلىنغان يۇڭ قەۋىتى «ئۈست يۈز» دەپ ئاتىلىدۇ. كىگىز پۈتكەندە ئۈست يۈز كىگىزنىڭ تەتۈر يۈزى بولۇپ چىقىدۇ. گۈللۈك كىگىزلەردە بىر قەۋەت ئارتۇق بولۇپ، ئۇ كىگىز گۈللىرىنى ھاسىل قىلىدىغان قىيىقچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنداق قىيىقچىلار «تۈنەكە قىيىقچە» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈللۈك كىگىز ئېتىشتە تۈنىكە قىيىقچىلار چىغ يۈزگە ھەممىدىن بۇرۇن تىزىپ سېلىنىدۇ.

توغرا بۆلەكلەر كىگىزنىڭ ئوڭ يۈزىدە كىگىز قىرغىقىدىن مەركىزىگە يۆنەلگەن بۆلەكلەر بولۇپ، چۆچا، ئاقلىق، كانارا، ئىچ گۈلدىن ئىبارەت تۆت قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئەمما، بۇ مۇتلەق ئەمەس. كىگىز تۈرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، توغرا بۆلەكلەر سانىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بەزى كىگىزلەر بىرلا بۆلەكتىن تەركىب تاپسا، بەزى كىگىزلەر تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

چۆچا: بۇ كىگىز گىرۋەكلىرىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان يۇڭ ئۇچلىرى بولۇپ،كىگىز ئېتىش ۋاقتىدا ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، توملۇقى كىچىك بارماقچىلىك كېلىدىغان يۇڭ پىلتىلىرىنىڭ يىلتىز تەرىپى كىگىز قات ئارىسىغا قىستۇرۇپ پىشۇرۇۋېتىلىدۇ. يۇڭ ئۇچلىرى كىگىز سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە كىگىز رەڭگى بىلەن چۆچا رەڭگى ماس بولىدۇ. يەنى قارا كىگىزگە قارا، ئاق كىگىزگە ئاق، گۈللۈك كىگىز ۋە تەگلىماتقا كىگىز يۈزىدە ئىشلىتىلگەن

رەڭلەرگە ماس بولغان رەڭلىك چۈچىلار چىقىرىلىدۇ. بويالما كىگىز ـ لەرنىڭ چۈچىلىرى، كىگىز قانداق بويالسا شۇ رەڭدە بولىدۇ. چۈچا كىگىز گىرۋەكلىرىنى زىننەتلەش، كىگىزگە ھۆسن قوشۇش رولىنى ئوينايدۇ. چېدىر ئۆي ياساش، مۆلە ـ توقۇم تىكىش ئۈچۈن ياسىلە ـ دىغان تەبىئىي رەڭلىك كىگىزلەرگە چۈچا چىقىرىلمايدۇ.

ئاقلىق: بۇ، تۈنىكە گۈللۈك كىگىز، تەڭلىمات ۋە نۇقتاكىگىز ـ لەرنىڭ قىرغىقىدىن كانارا سىزىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۈل ـ نەقىش چىقىرىلمايدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاقلىق» دېگەندىكى «ئاق» سۆزى مۇتلەق مەنىدىكى ئاق رەڭنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى كىگىزنىڭ كانارا سىرتىدىكى سىدام قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئاق گۈللۈك كىگىزنىڭ ئاقلىقى ئاق رەڭدە، قارا گۈللۈك كىگىزنىڭ ئاقلىقى قارا رەڭدە بولىدۇ. دېمەك، گۈللۈك كىگىزنىڭ ئاقلىقى تەگلىك يۈڭ قانداق رەڭدە بولسا شۇ رەڭدە بولىدۇ.

كانارا: بۇ، گۈللۈك كىگىزنىڭ ئاقلىقى بىلەن ئىچ گۈل قىسمى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى چېتى رەڭدار سىزىقلار بىلەن رامكىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا گۈل ـ نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدىغان قىسـ ـمىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كانارا ئىچ گۈللەر بىلەن ئاقلىقنى ئايرىپ تۇرغۇچى نەقىشلىك رامكىدۇر.

ئىچ گۈل: بۇ، گۈللۈك كىگىزنىڭ كانارا قورشاۋىدىكى مەركىزىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. كىگىزدىكى ئاساسىي گۈللەر مۇشۇ بۆلەككە چۈ ـ شىدىغان بولغاچقا، «ئىچ گۈل» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقانداق گۈللۈك كىگىز ـ نىڭ گۈل نۇسخا نامى ئىچ گۈل قىسمىدىكى ئاساسىي گۈلنىڭ نامى ياكى ئىچ گۈل قىسمىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

(2) بىرلەمچى كىگىزلەر. بىرلەمچى كىگىزلەر يۈڭدىن بىۋاسىتە پىشۇرۇلىدىغان كىگىزلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىرلەمچى كىگىزلەر رەڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەبىئىي رەڭلىك سىدام كىگىز (بۇ، تەبىئىي يۇڭ رەڭ خىللىرى بويىچە ئايرىلىپ پىشۇرۇلىدىغان كىگىز بولۇپ، كىگىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. خەلق تىلىدا كۆ ـ پىنچە «سىدام كىگىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق كىگىزنىڭ يۈزىدە گۈل نەقىشلەر بولمايدۇ. ئىشلىتىلگەن تەبىئىي يۇڭ رەڭگىگە ئاساسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتاش
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



«ئاق كىگىز»، «قارا كىگىز»، «بوزكىگىز» دېگەندەك ناملار بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق كىگىزلەر پىشۇرۇش ئوڭاي، كۆرۈنۈشى ئاددىي كېلىدۇ. ئۆي بىساتى قىلىنىشتىن تاشقىرى، چېدىر، كەپە، يامغۇرلۇق قالپاق، مۆلە ـ توقۇم قاتارلىقلارنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ).

نۇقتا كىگىز: (بۇ، ئاقلىقى قارا يۇڭدا، گۈل ئورنى بويالما يۇڭدا پىشۇرۇلىدىغان كىگىز بولۇپ، ئاق يۇڭ تەگلىك قىلىنىدۇ. قىزىل، شاپتۇل چېچىكى، كاۋا چېچىكى، يولغۇن چېچىكى قاتارلىق رەڭلەرنىڭ بىر تۈرىدە بويالغان يۇڭ ئىچ گۈل ئورنىغا چۇشىدۇ، ئەمما گۈل نەقىش چىقىرىلمايدۇ). ئاقلىقا سېلىنغان قارا يۇڭ ئىچ گۈل ئورنىغا سېلىنغان رەڭدار يۇڭنى خۇددى ئاتنىڭ بېشىغا نۇقتا سالغاندەك رامكىغا ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «نۇقتا كىگىز» دەپ ئاتىلىدۇ. رەڭ تۈرىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە «قىزىل نۇقتا كىگىز» «كاۋا چېچىكى نۇقتا كىگىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كىگىزلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

نوقۇت كىگىز: بۇ ھەر ئىككى يۈزى بويالما يۇڭدا پىشۇرۇلىدىغان كىگىز بولۇپ، قات ئارىسىغا قارا يۇڭ سېلىنىدۇ. چىغ يۈزى بىلەن ئۈستى يۈزىگە قارا يۇڭ بىلەن قىزىل بويالغان يۇڭ ياكى قارا يۇڭ بىلەن كاۋا چېچىكى بويالغان يۇڭ ئارىلاش سېلىنىدۇ. كىگىز يۈزى خۇددى نوقۇت دۆۋىسىدىكى نوقۇت مەگزى بىر خىل، تۇمشۇقى بىر خىل رەڭدە توچكا چىپار كۆرۈنگەندەك قىزىل ـ قارا ياكى سېرىق ـ قارا جۇلالىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق كىگىزلەر «نوقۇت كىگىز» دەپ ئاتىلىدۇ. نوقۇت كىگىزنىڭ بۇ ئىككى خىل نۇسخىسى «قىزىل نوقۇت كىگىز» ۋە «كاۋا چېچىكى نوقۇت كىگىز» دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

تەبىئىي رەڭلىك گۈللۈك كىگىز: بۇ مەلۇم بىر خىل تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ تەگلىك، يەنە بىر خىل تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ گۈل رىڭى قىلىپ پىشۇرۇلىدىغان گۈللۈك كىگىزنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئاق گۈللۈك كىگىز ۋە قارا گۈللۈك كىگىز دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاق گۈللۈك كىگىزدە تەبىئىي ئاق يۇڭ تەگلىك قىلىنىدۇ. قارايۇڭ تۈنىكىدىن قىيىقچە كېسىپ گۈل چىقىرىلىدۇ. قارا گۈل-

لۈك كىگىزدە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە قارا يۇڭ تەگلىك قىلىنىپ، ئاق يۇڭ تۆنىكىدىن قىيىقچە كېسىپ گۈل چىقىرىلىدۇ. تەبىئىي يۇڭنىڭ رەڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كىگىز يۈزىدە رەڭ تۈرى ئاز، كۆرۈنۈشى ئاددىي بولىدۇ. گۈل ـ نۇسخا شەكىللىرى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلى تۆنىكە گۈللۈك كىگىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**بويالما تۆنىكە گۈللۈك كىگىز:** (بۇنداق كىگىزلەردە بىردەك ئاق ياكى قارا رەڭلىك تەبىئىي يۇڭ تەگلىك قىلىنىدۇ. ئاق يۇڭدىن ھەر خىل بويالما تۆنىكە تەييارلىنىپ گۈل قويۇلىدۇ. كىگىز نامى تەگلىك يۇڭ رەڭگىگە ئاساسەن «ئاق تۆنىكە گۈللۈك كىگىز» ياكى «قارا تۆنىكە گۈللۈك كىگىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «ئاق»، «قارا» دېگەن سۆزلەر كىگىزنىڭ گۈل رەڭگىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى تەگلىك رەڭگىنى كۆرسىتىدۇ).

**تەڭلىمات:** بۇ، گۈللۈك كىگىزنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئاقلىق قىسمىدىكى رەڭ پەرقىگە قاراپ نوقۇت تەڭلىمات ۋە ياپمىلىق تەڭلىمات دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ياپمىلىق تەڭلىمات: بۇ، ئاق ياكى قارا بويالما تۆنىكە كىگىزنىڭ كانارا ۋە ئىچ گۈل قىسمىدىكى گۈل چىقىرىلمايدىغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم بىر خىل رەڭدە بويالغان ياپمىلىق يۇڭ سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان كىگىزنى كۆرسىتىدۇ، يەنى بۇ خىل كىگىزلەرنىڭ ئاقلىق قىسمىدىلا تەگلىك رەڭ كۆرۈنىدۇ. كانارا ۋە ئىچ گۈل قىسمىدا ياپمىلىق رەڭگى تەگلىك يۇڭ رەڭگىنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەڭلىمات كىگىزلەرنىڭ تەگلىك يۇڭى قارا يۇڭ بولسا «قارا تەڭلىمات»، ئاق يۇڭ بولسا «بىجىنە تەڭلىمات» دەپ ئاتىلىدۇ.

**نوقۇت تەڭلىمات:** بۇ كانارا بىلەن ئىچ گۈل قىسمى ياپمىلىق تەڭلىماتتا، ئاقلىق قىسمى بىلەن كەينى يۈزى نوقۇت كىگىزگە ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان كىگىز بولۇپ، نەپىسلىكى، كۆركەملىكى ۋە چىدامچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە كىگىزنىڭ سەر خىلى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى كىگىز تۈرىدە سىدام كىگىز، نۇقتا كىگىز ۋە نوقۇت كىگىزلەر بولۇپ، پۈتۈنلەي تەبىئىي رەڭلىك يۇڭدىن ياكى تەبىئىي رەڭلىك يۇڭ بىلەن بىر-ئىككى خىل بويالما يۇڭدىن پىشۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كىگىز يۈزىدىكى رەڭ تۈرى كۆپ بولغاندا ئىككى خىلدىن ئاشمايدۇ. دائىم ئۇچرايدىغان رەڭ نۇسخىلىرى تەبىئىي رەڭلىك سىدام كىگىزنىڭ ئۈچ خىل، نۇقتا كىگىزنىڭ بەش خىل، نوقۇت كىگىزنىڭ ئىككى خىل بولۇپ، جەمئىي 10 خىلغا بارىدۇ. بۇ خىل كىگىزلەر كۆپىنچە گۈللۈك كىگىز ۋە گىلەم ئاستىغا تەگلىك قىلىپ سېلىنىدۇ. پىشۇرۇش ئوڭاي، ئەرزان بولۇش ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. سەنئەت قىممىتى گەۋدىلىك بولمايدۇ.

تەبىئىي رەڭلىك گۈللۈك كىگىز، بويالما تۈنىكە گۈللۈك كىگىز ۋە تەڭلىماتلارنىڭ ھەممىسى گۈل ـ نەقىش چىقىرىپ پىشۇرۇلىدۇ. گۈللۈك كىگىزلەردە كانارا ۋە ئىچ گۈلدىن ئىبارەت ئىكى يۈرۈش گۈل ـ نەقىش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇلار تەبىئىي نەرسىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، گۈل ئېلېمېنتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، گېئومېترىيەلىك شەكىللەردىن گۈل ئېلېمېنتى گۇرۇپپىلىرىنى ھاسىل قىلىش، ئاخىرىدا ھەرخىل نەقىش گۇرۇپپىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، نەقىش سىستېمىسى تۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

گۈللۈك كىگىزلەردە كۆپرەك ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

**گۈل ـ گىياھ ئۆرنەك قىلغان گۈل ئېلېمېنتلىرى:** تۆتقۇلاق گۈل، ئاپتاپپەرەس چېچىكى، تولداما گۈل، ئۈچقۇلاق غازاڭ، قامچا گۈل قاتارلىقلار؛

**ھايۋان ئەزالىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ئېلېمېنتلىرى:** ئۆردەك بېشى شەكلى، تۆگە تاپىنى شەكلى، كەكلىك قېشى شەكلى، قۇش تاجىسى شەكلى، مۈڭگۈز شەكلى (قوچقىراق) قاتارلىقلار؛

**تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ئېلېمېنتلىرى:** چىنار، شاخ قاتارلىقلار؛

**كۆپ ئۇچرايدىغان گېئومېترىيەلىك ئېلېمېنتلار:** تاق سىزىق، قوش سىزىق، ياي سىزىق، تاق تۇمارچە سىزىق، قوش تۇمارچە سىزىق، رومبا، چەمبەر، ئېللىپىس چەمبەر قاتارلىقلار.

گۈل ـ نەقىش سىستېمىلىرىنى ھاسىل قىلىشتا، يۇقىرىقى گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ بەزىلىرى مۇستەقىل رول ئوينايدۇ. بەزد-

لىرى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈلۈپ گۈل گۇرۇپپىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۈچ بۆلۈك شەكلى ئايرىم تۇرغاندا «كىچىك تۇمارچە» دېيىلىدۇ. كىچىك تۇمارچە شەكىللىرىنىڭ ئاساسلىرى بىر سىزىقتا كەلتۈرۈلۈپ چوققىلىرى سىرتقا قارىتىپ تىزىلسا «كىرپىك» دېيىلىدۇ. چوڭراق ئۈچ بۆلۈك شەكلى ئايرىم ھالەتتە «چوڭ تۇمارچە» دېيىلىدۇ. چوڭ تۇمارچەشەكلى ئىچىگە كىچىك تۇمارچە شەكلى چۈشۈرۈلسە «قوش تۇمارچە»؛ تۇمارچە شەكلى قاتار تىزىلسا «تۇمارچە كانارا»؛ قوش تۇمارچە شەكىللىرى قاتار تىزىلسا «قوش تۇمارچە كانارا»؛ ئۆردەك شەكىللىك گۈل ئايرىم تۇرغاندا «ئۆردەك بېشى»؛ قاتار تىزىلسا «ئۆردەك بېشى كىرپىك» دېيىلىدۇ.

بويالما تۇنىكە گۈللۈك كىگىز ۋە تەگلىمات كىگىزلەرنىڭ يەنەبىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل كىگىزلەردە رەڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. يەنى كانارا ۋە ئىچ گۈللەردىكى ئوخشاش بولمىغان گۈل ئېلېمېنتلىرىنىڭ جەگە سىزىقىنى ھاسىل قىلىدىغان تۇنىكە ۋە جەگە سىزىقلارنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا چۈشىدىغان ياپىلىق يۇڭلار قىزىل، سېرىق، شاپتۇل چېچىكى، ھاۋارەڭ، زۆتىنە، يېشىل، جىگەر رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بوياپ سېلىنىدۇ. تەبىئىي يۇڭ رەڭگى ياكى نوقۇت رەڭگىنى قوشقاندا بۇ خىل كىگىزلەرنىڭ يۈزىدە يەتتە ـ سەككىز خىل رەڭ ھاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە كىگىز يۈزىدىكى گۈل ئېلېمېنتلىرى پەرقى، بەت نۇسخا پەرقى ۋە رەڭ پەرقى قوشۇلۇپ كىگىزنى تېخىمۇ چىرايلىق، كۆركەم تۇسكە كىرگۈزىدۇ.

**(3) ئىككىلەمچى كىگىزلەر:** ئىككىلەمچى كىگىز بىرلەمچى كىگىزلەر پىشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر تۇرلۈك مەشغۇلات ئارقىلىق كىگىز يۈزىگە رەڭ بېرىپ ياكى گۈل بېسىپ تەييارلىنىدىغان كىگىزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىلەمچى كىگىزلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**سىدام بويالما رەڭدار كىگىز:** بۇ، گۈلسىز بويالما كىگىز بولۇپ، تەبىئىي رەڭلىك ئاق كىگىز ياكى بوز كىگىزنى قايناتما بوياش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. رەڭگى كاۋا چېچىكى، قىزىل، يۇلغۇن چېچىكى، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. بۇنداق كىگىزلەر كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پىنچە يىكەنداز قىلىنىدۇ، يەنى تامبويىلىتىپ گىلەم ياكى گۈللۈك كىگىز قىرغاقلىرى ئۈستىگە سېلىنىدۇ. ئۆيگە ھۆسن قوشۇش بىلەن بىللە، گىلەم ۋە گۈللۈك كىگىزلەرنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ.

**بويالما گۈللۈك كىگىز:** بۇ، تەبىئىي رەڭلىك ئاق گۈللۈك (ئاق ياكى بوز يۇڭ تەگلىك، قارا يۇڭ تۈنىكە گۈل ماتېرىيالى قىلىپ يا ـ سالغان كىگىز)، قايناتما بوياق ئۇسۇلىدا تەييارلانغان رەڭدار بويالما تەگلىك، قارا گۈللۈك كىگىزنى كۆرسىتىدۇ. تەگلىك قىسمى كۆ ـ پىنچە قىزىل، كاۋا چېچەكى قاتارلىق رەڭلەرنىڭ بىرىدە بويىلىدۇ.

**تامغا باسما گۈللۈك كىگىز:** بۇ، ئاق سىدام كىگىزگە گۈل بېسىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كىگىزنى كۆرسىتىدۇ. تامغا باسما گۈللۈك كىگىزلەر تۈنىكە گۈللۈك كىگىزلەردىن ئىككى جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. بىرى، تۈنىكە گۈللۈك كىگىز ئېتىشتە ئاۋۋال گۈل شەكلى تەييارلىنىپ، ئاندىن تەگلىك يۇڭ سېلىنىپ پىشۇرۇ ـ لىدۇ. يەنى ئاۋۋال گۈل، ئاندىن كىگىز ياسىلىدۇ. باسما گۈللۈك كىگىزدە بولسا، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاۋۋال سىدام كىگىز تەييار ـ لىنىپ، ئاندىن گۈل بېسىلىدۇ. يەنە بىرى، تامغا باسما گۈللۈك كى ـ گىز يۈزىدە كانارا بىلەن ئىچ گۈللەرلا بولىدۇ. ئاقلىق بولمايدۇ. يەنى كانارا گۈللىرى كىگىز گىرۋىكىدىن باشلاپ بېسىلىدۇ.

باسما گۈللۈك كىگىزلەرنىڭ گۈللىرىنى بېسىشقا ياغاچ ئويما تامغا ئىشلىتىلىدۇ. تامغا ياغاچلىرىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىك ـ لىكى ھەر خىل بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاسا ـ سەن بەلگىلىنىدۇ.

باسما گۈللۈك كىگىز تامغىلىرى، كانارا تامغىلىرى ۋە ئىچ گۈل تامغىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش بولىدۇ. گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە كۆپىنچىسى تۈنىكە گۈللۈك كىگىز گۈل نۇسخىلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزىلىرى پەرقلىنىدۇ.

**كانارا تامغىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىسى:** تاق سىزىق، قوش سىزىق، كىرپىك، قوش كىرپىك، تاسمىلىق قامچىگۈل، رومبا، چېچەك، غازاڭ، قوچقىراق، قىزىلگۈل، چاغىگۈل قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ.

ئىچ گۈل تامغىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىسى: قوش ئەگمە كىرپىك، ئات تۇيىقى، مىختاجى، قامچىگۈل، دەرەۋزۈن، كۈنگۈرە، چاغىگۈل، تولدۇرمىگۈل، شاخچىگۈل، تاپان، غازاڭ، چەينەكگۈل قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا بارىدۇ.

كانارا تامغىلىرىنى ئىشلىتىلىشىدە مۇقىم ماسلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، لېكىن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ، يەنى ھەرقانداق نۇسخىدىكى باسما گۈللۈك كىگىز كانارىسىغا چوقۇم تاق سىزىق، قوش سىزىق تامغىلىرى بېسىلىپ، كانارا چېگرىسى بەلگىلىنىدۇ. كانارا سىزىقلىرى ئىچىگە بولسا، كانارا تامغىلىرىنى خالىغانچە گۈ- رۇپپىلاپ دەۋرىي ھالدا بېسىشقا ياكى بىر خىل تامغىنى تەكرار بې- سىشقا بولىدۇ.

ئىچ گۈل تامغىلىرى ئومۇمەن بېقىندىلىق ۋە ماسلىق مۇناسى- ۋەتتە بولىدۇ، يەنى مەلۇم بىر خىل تامغا گۈل نۇسخىسى ئاساس قىلىنىدۇ. باسما گۈللۈك كىگىزلەر ئىچ گۈلدىكى ئاساسىي گۈل نا- مى ياكى بەت شەكلى نامىدا ئاتىلىدۇ. بۇ ناملار ئەمەلىيەتتە باسما گۈللۈك كىگىزنىڭ نۇسخا نامى ھېسابلىنىدۇ. باسما گۈللۈك كى- گىزنىڭ گۈل نۇسخىلىرى: كەلكۈن نۇسخا، پەتنۇس نۇسخا، تۆگە تا- پىنى نۇسخا، قامچىگۈل نۇسخا، قوچقىراق نۇسخا، مىختاجى نۇسخا، تولدۇرما نۇسخا، چەينەك نۇسخا قاتارلىق 20~15 خىلغا بارىدۇ. ئەمەلىي مەشغۇلات داۋامىدا بىر قىسىم كانارا تامغىلىرىنى ئىچ گۈللەرنى بېسىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**3) كىگىزچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

كىگىز ئېتىشتە قوي يۇڭى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. تۇنىكە، ياپما- لىق يۇڭ بوياش ۋە رەڭدار كىگىز، تامغا باسما گۈللۈك كىگىزلەرنى ئېتىشتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئۇردان يىلتىزى، تۇخۇمەك چېچىكى، ياڭاق پورى، ئۇجمە پورى، نىل ئېرىتمىسى، زەمچە قاتارلىق بوياق ما- تېرىياللىرى ئىشلىتىلەتتى. يېقىنقى دەۋرلەردە سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاتقۇچىلىق دۇكىنى، چىغ دۇكان، رىزەندە، قازان، قايچا، كەكە، دۆشە، شەپشەك، ئارغامچا، گەز، ياغاچ ئويما تامغا، جاۋۇر، چوتكا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاتقۇچلىق دۇكىنى (ياتاك): شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى پاختا ئېتىش دۇكىنىغا ئوخشىشىدۇ. يۇڭ بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوي يۇڭىنى ئېتىپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

چىغ دۇكان: چىغ (بىر خىل ئۆسۈملۈك) نىڭ غولىنى يىلتىز تەرىپىنى سىرتقا، ئۇچ تەرىپىنى ئىچ تەرەپكە قارىتىپ ياندىش تىزىپ تاناپ ياكى شوينىدا ئالماپ چېتىپ توقۇلىدىغان بورا شەكىللىك بۇيۇم بولۇپ، ئىككى بوي قىرغىقىدىن يۆگەپ - تۈرمەللەپ كىگىز پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېنى ۋە ئۇزۇنلۇقى 2.30~6.00 مېتىر كېلىدۇ.

رىزەندە: ئارا شەكىللىك، كالتە دەستىلىك سايمان. تىغ ۋە كەرگىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ماتېرىيالدىن ياسىلىدۇ. تىغ ئىنچىكە يۇلغۇن شاخلىرىدىن قىرىپ تەييارلىنىدۇ. دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.10 مېتىر كېلىدۇ. كەرگە نېپىز ياغاچ تاختاي بولۇپ، قېلىنلىقى، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى $0.5\times3\times35$ سانتىمېتىر كېلىدۇ. كەڭلىك يۈزى ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئۆزئارا ئارىلىقى ئۈچ سانتىمېتىرلىق تىغ تۆشۈكلىرى تېشىلىدۇ. ئاندىن ئېگىپ ياي ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ياساش ۋاقتىدا 10 تال تىغنىڭ چوڭ ئۇچى بىر قىلىنىپ، 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جايى مەھكەم بوغۇپ دەستە قىلىنىدۇ. تىغ ئۇچلىرى كەرگە تۆشۈكلىرىدىن بىر بىرلەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. كەرگە تىغنىڭ دەستە تەرىپىدىن 70 سانتىمېتىرلىق جايىغا ياي ئۇچلىرى دەستە تەرەپكە قارىتىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

رىزەندە ئېتىپ تەييارلانغان يۇڭنى چىغ ئۈستىگە تەكشىلەپ سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قازان (چوڭ چۆيۈن قازان): يۇڭ، تۇنكە ۋە كىگىز بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قايچا: تۇنكىدىن گۈل قىيىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كەكە: يۇڭ چاناشقا ئىشلىتىلىدۇ.

دۈشە (ياغاچ كۆتەك): يۇڭ چاناشقا تەگلىك قىلىنىدۇ.

شەپشەك: چىغ قۇيرۇقلىرىنى باغلاپ ياسالغان سايمان، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شەكلى قازان سۈپۈرگىسىگە ئوخشى-

شىدۇ. چىغ ئۈستىگە سېلىنغان يۇڭغا سۇ سېپىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئارغامچا (ئادەتتىكى ئارغامچا):** كىگىز پىشۇرۇش ۋاقتىدا چىغ تۇرمىلىنى ئايلاندۇرۇپ باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**گەز (كونىچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەش سايمىنى):** چىغ ئۈستىگە يۇڭ سېلىشتا، ئېنى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلگەن. ھازىر گەز ئورنىغا مېتىر ئىشلىتىلىدۇ.

**جاۋۇر:** ياغاچ تاۋاق، بوياق سۇيۇقلۇقى قاچىلىنىدۇ.

**چوتكا ياكى پىلتىكۈچ:** بۇلار باسما گۈللۈك كىگىزنىڭ قولدا بېۋاستە بوياق بېرىشكە تېگىشلىك جايلىرىغا بوياق بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ياغاچ ئويما تامغا:** بۇ، تامغا باسما گۈللۈك كىگىزگە گۈل بېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ. سۆپەتلىك، قۇرۇق تېرەك ياكى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بىر يۈزىگە گۈل نۇسخىلىرى ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. تامغىلار كانارا تامغىلىرى ۋە ئىچ گۈل تامغىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھەم كانارىغا گۈل بېسىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك تامغىلارنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ.

ھەر بىر تامغا ئۈزىگە ئويۇلغان گۈل نۇسخا نامى قوشۇلۇپ: ئۈچ سىزىق تامغا، قوقتا تامغا، يانتاجى تامغا، بويتاجى تامغا، چاچقۇن نۇسخا تامغا دېگەندەك خاس ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەركەك تامغىلا بولۇپ، چىشى تامغا بولماسلىق كىگىز تامغىلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەركەك تامغا بېسىلغاندىن كېيىن، گۈللەرنىڭ ئىچكى بوشلۇقلىرى ۋە ئاق قالغان تەگلىككە چوتكا ياكى پىلتىكۈچتە بوياق بېرىلىدۇ.

**ئۇلۇگە:** رەخت ياكى چىداملىق قەغەزدىن كېسىلگەن ئەندىزە. ئىككى قات يۇڭ سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان كېپىنەك، قالپاق قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ قات ئارىسىغا سېلىنىدۇ. ئىككى قات يۇڭنىڭ خامداش، پىشۇرۇش داۋامىدا تۇتىشىپ قېلىشىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**تۇز چۆپ:** ئۆلچىمى بىر كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تۇز تاختاي. قالماقچە قالپاق پىشۇرۇشتا مەشغۇلات سۇپىسى قىلىنىدۇ.

تۆشۈك چۆپ: چوڭلۇقى تۇز چۆپكە ئوخشاش تاختاي بولۇپ، ئۇ-نىڭ مەركىزىدىن دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان چەمبەرسىمان تۆشۈك ئويۇلىدۇ. سايىۋەنلىك قالپاق ئېتىشتە مەش-غۇلات سۈپىسى قىلىنىدۇ. تۆشۈك گىرۋەكلىرى قالپاق كېرىكىنى، تۆشۈك سىرتىدىكى تاختاي قىسمى قالپاق سايىۋەنلىكىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

4) كىگىزچىلىك مەشغۇلاتى

(1) كىگىز ئېتىش. تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا يۇڭ تا-زىلاش، چۇچا خىللاش، يۇڭ ئېتىش، تونكە ياساش، ياپمىلىق ۋە چۇچا بوياش، گۇل قىيىش قاتارلىق ئىش تەرتىپلىرى ئورۇندىلىدۇ.

يۇڭ تازىلاش، چۇچا خىللاش: كىگىز ئېتىشكە تەييارلانغان يۇڭ ئاۋۋال قول ئىشى ئارقىلىق خىللىنىدۇ. ئەخلەت، ماياقلار ئايرىپ تاشلىنىدۇ. تۇتەكلىنىپ قالغان جايلىرى تىتىپ چۇۋۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مويلىرى ئۇزۇن، پىلتىسى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن، چۇچا قىلىشقا يارايدىغان يۇڭلار ئايرىۋېلىنىدۇ.

يۇڭ ئېتىش: يۇڭنىڭ سۈپىتى قىرقىلغان ۋاقتى بىلەن زىچ مۇ-ناسىۋەتلىك بولۇپ، كۈزەك يۇڭ ئەڭ ياخشى، چىللە يۇڭ (ئەتىيازدا قىرقىلغان يۇڭ) ئىككىنچى دەرىجىدە، يازغى يۇڭ ئۈچىنچى دەرى-جىدە بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل يۇڭ ئايرىلىدۇ. يازغى يۇڭنىڭ يېپىشقاق-لىقى يۇقىرى، ئېلاستىكىلىقى ناچار بولغاچقا، موي ئۇزۇنلۇقى چوڭراق بولغان يازغى يۇڭنى بىۋاستە ئېتىش قىيىن بولىدۇ. شۇ-ڭا، بىلەك تومۇلۇقىدا تۇتەكلىنىپ كەكىدە تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇن-لۇقتا چانىلىپ ئېتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈچ خىل يۇڭ ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا ئايرىم ئايرىم ئېتىپ يۇمشىتىلىدۇ (ئېتىش ئۇسۇلى پاختا ئېتىشقا ئوخشاش).

تونكە تەييارلاش: تونكە دېگىنىمىز گۈللۈك كىگىز كانارا سى-زىقلىرى، نەقىش سىزىقلىرى ۋە گۇل جەگىلىرىنى قىيىۋېلىش ئۈچۈن بوشراق خامداپ تەييارلانغان نېپىز كىگىز بولۇپ، ئۇنى تەي-يارلاشتا ئالدى بىلەن ئېتىپ تەييارلانغان يۇڭ چىغ ئۈستىگە 1.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تەكشى سېلىنىدۇ. ئۈستىگە 1:1.2 نىسبەت-

تە (بىر جىڭ يۇڭغا 1.2 جىڭ) سۇ پۈركۈلىدۇ (بۇ ئۆلچەم ھەرقانداق كىگىز ياساش ئۇچۇن ئوخشاش)، ئاندىن چىغنىڭ بىر چېتىدىن باشلاپ ئىچىگە قاتلىنىپ يۇڭ بىلەن بىللە يۆگىلىدۇ. چىغ يۆگىمى ئۈستىدىن ئارغامچىدا مەھكەم تېڭىلىدۇ ۋە خامدىلىدۇ. بىر سائەت خامدالغاندىن كېيىن چىغ ئارىسىدىكى يۇڭ بوشراق چىڭدىلىپ كى-رىشىپ 1.5 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى خام كىگىزگە ئايلىنىدۇ، ئاندىن چىغدىن چىقىرىپ، تۆت قاتلاپ يەنە بىر ئاز خامدىلىدۇ. خام كىگىز تېخىمۇ كىرىشىپ نېپىزلەپ قېلىنلىقى بىر مىللىمېتىرغا كېلىدۇ. مانا بۇ نېپىز كىگىز «تۇنكە» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇنكە تەي-يارلانغاندىن كېيىن قايناتما بوياقتا بىر سائەت قايىنىتىپ بويىلىدۇ. بۇ، «بويالما تۇنكە» دەپ ئاتىلىدۇ. رەڭ خىلى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كۆپىنچە قىزىل، كاۋا چېچىكى، نىل، ھاۋا رەڭ، يې-شىل، سېرىق بويىلىدۇ.

ياپمىلىق بوياق: گۈللۈك كىگىز گۈللىرىنىڭ ھەممىسى بويالما تۇنكىدىن ئىشلەنمەيدۇ، پەقەت كانارا سىزىقلىرى، گۈل ـ نەقىش گىرۋەك سىزىقلىرى ۋە گۈل جەگىلىرىلا بويالما تۇنكىدىن قىيى-ۋېلىنىدۇ. گۈل ياپراقلىرى، نەقىش سىزىقلىرى ئىچى، تەڭلىمات كىگىزلەرنىڭ تەگلىك قىسمى قاتارلىق سېلىنىشتۇرما رەڭ بېرىشكە تېگىشلىك جايلارغا تۇنكە قىيىقچىلىرى سېلىنماستىن، ئېھتى-ياجلىق رەڭدە بويالغان يۇڭ بىۋاسىتە سېلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق جايلارغا سېلىنىدىغان بوياق يۇڭ «ياپمىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ياپمىلىق يۇڭ ياخشى ئېتىلغاندىن كېيىن قايناتما بوياقتا ئايرىم ئايرىم بىر سائەت قايىنىتىلىپ ھەر خىل رەڭلەردە بويىلىدۇ.

چۇچا بوياش: خىللاپ تەييارلانغان چۇچىلىق يۇڭ پىلتىلىرىنىڭ يىلتىزى بىر تەرەپكە كەلتۈرۈلۈپ، يىلتىز يۇزى تەكشى قىلىنىدۇ. بىر تۇتام چۇچا گەۋدە قىسمىدىن سول قولدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇپ يىلتىز يۇزىگە ئازراق سۇ پۈركۈلىدۇ. ئاندىن ئوڭ قول ئالقىنىدا يىلتىز يۇزى ئۇۋۇلىنىپ پىشىلدۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا ئېھتىياجغا ئاساسەن ئايرىم ئايرىم ھالدا قايناتما بوياقتا ھەر خىل رەڭلەردە بو-يىلىدۇ. كىگىزگە چۇچا سېلىشتا چۇچا تۇتاملىرى پىلتىلارغا ئاج-

www.uyghurkitap.com



ـرىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**گۈل قېيىش:** ئالدىن پىلانلانغان گۈللۈك كىگىز گۈل نۇسخىغا ئاساسەن، قايچىدا بويالما تۇنىكىدىن قىيىقچىلار كېسىلىدۇ. بۇ قىيىقچىلارنىڭ تۈز سىزىق شەكلىدىكىلىرى «تاناپ» ياكى «تاسما»، ھەرەچىشى شەكلىدىكىلىرى «كىرپىك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە كانارىغا ئىشلىتىلىدىغان تاناپلار سەل كەڭرەك بولۇپ، 1.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، ئىچ گۈل تاناپلىرى 1~1.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە كېسىلىدۇ. كىرپىكلەردىكى ھەر چىشى شەكىللىرىنىڭ ئېگىزلىكى 4~6 سانتىمېتىر، ئاساسلىرى بىر بىرىگە تۇتاش كېسىلىدۇ. كىرپىك (ھەرە چىشى) چوققىلىرىنىڭ ئارىلىقى 3~4 سانتىمېتىر بولىدۇ. باشقا گۈل شەكىللىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا كېسىپ تەييارلىنىدۇ.

(2) **يۇڭ سېلىش باسقۇچى:** چىغ دۇكان تەكشى تۈزلەپ قاتۇرۇلغان سەينا ياكى سۇپىدىكى بورا ئۈستىگە يېيىپ سېلىنىدۇ. سىدام كىگىز ئېتىشتە، تاييارلانغان يۇڭ چىغ يۈز ← ئارىش ← ئۈست يۈز تەرتىپى بويىچە چىغ ئۈستىگە ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ سېلىنىدۇ. گۈللۈك كىگىز ئېتىشتە، ئەڭ ئاۋۋال تۇنىكە گۈللەر سېلىنىدۇ.

پىلانلانغان كىگىز گۈل نۇسخىسىغا ئاساسەن، كىگىزنىڭ ئاقلىق، كانارا، ئىچ گۈل ئورنى بېكىتىلىدۇ ۋە كانارا سىزىقلىرى ئورنىغا تۇنىكە تاناپ سېلىنىدۇ. كانارا سىزىقلىرى ئىچىگە كانارا گۈل جەگە تاناپلىرى ۋە گېئومېتىرىيەلىك شەكىل تانابلىرى پىلانلانغان رەڭ تەلىپى بويىچە تىزىپ سېلىنىدۇ. ئاندىن ئىچ گۈل ئورنىغا بۆلۇنمە كانارا تاناپلىرى (ئەگەر شۇنداق زۆرۈرىيەت بولسا)، گۈل جەگە تاناپلىرى سېلىنىدۇ. ئاخىرىدا گۈل چاغىسى ۋە تەگلىكتىكى ياپمىلىق يۇڭ سېلىشقا تېگىشلىك جايلارغا ھەر خىل رەڭدىكى بويالما يۇڭدىن ياپمىلىق سېلىنىدۇ.

پىلانلانغان كىگىز گۈل نۇسخىسىغا ئاساسەن، كىگىزنىڭ ئاقلىق، كانارا، ئىچ گۈل ئورنى بېكىتىلىدۇ ۋە كانارا سىزىقلىرى ئورنىغا تۇنىكە تاناپ سېلىنىدۇ. كانارا سىزىقلىرى ئىچىگە كانارا گۈل جەگە تاناپلىرى ۋە گېئومېتىرىيەلىك شەكىل تاناپلىرى پىلانلانغان رەڭ تەلىپى بويىچە تىزىپ سېلىنىدۇ. ئاندىن ئىچ گۈل ئورنىغا بۆ-

لۇنمە كانارا تاناپلىرى (ئەگەر شۇنداق زۆرۈرىيەت بولسا)، گۈل جەگە تاناپلىرى سېلىنىدۇ. ئاخىرىدا گۈل چاغىسى ۋە تەگلىكتىكى ياپمىلىق يۇڭ سېلىشقا تېگىشلىك جايلارغا ھەر خىل رەڭدىكى بويالما يۇڭدىن ياپمىلىق سېلىنىدۇ. بۇ تەرتىپلەر ئورۇندالغاندا گۈللۈك كىگىزنىڭ گۈل نۇسخىسى شەكىللىنىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىپ تەييارلانغان 1 ـ دەرىجىلىك يۇڭ رىزەندە ئارقىلىق گۈللۈك يۇڭ تاناپلىرى ئۈستىگە تەكشى سېلىنىدۇ. مانا بۇ يۇڭ قاتلىمى «چىغ يۈز» دېيىلىدۇ.

چىغ يۈزلۈك يۇڭ تولۇق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يۇڭ چەتلىرى قولدا ئۈستىگە ياندۇرۇپ قاتلىنىپ، كىگىز گىرۋىكى تۈز سىزىققا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا تەييارلاپ قويۇلغان چۇچا پىلتىلىرى 3~1 سانتىمېتىر ئارلىق تاشلىنىپ، كىگىز گىرۋىكىگە قاتار تىزىپ سېلىنىدۇ. چۇچا پىلتىزلىرى كىگىز گىرۋىكى ئىچىگە 4~3 سانتىمېتىر كىرگۈزۈلىدۇ. چۇچا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن 3 ـ دەرىجىلىك يۇڭ چىغ يۈز سالغاندەك سېلىنىدۇ. بۇ سېلىنغان يۇڭ قاتلىمى «ئارىش» دېيىلىدۇ. ئارىش ئۈستىگە 2 ـ دەرىجىلىك يۇڭ سېلىنىدۇ. بۇ «ئۈست يۈز» دېيىلىدۇ.

ئۈست يۈز سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يۇڭنىڭ قىرغاق چەتلىرى قولدا ئاستىغا قاتلىنىپ، چىغ يۈزنىڭ گىرۋىكى بىلەن بىر تۈز سىزىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

تەييارلانغان يۇڭنىڭ كىگىزنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە ئىشلىتىلىشى تەخمىنەن 15:3:1.1 نىسبەتتە بولىدۇ، يەنى 10 كىلوگرام يۇڭدا گۈللۈك كىگىز ئېتىلمەكچى بولسا، تۇنىكە ئېتىشكە 1.5 كىلوگرام، ياپمىلىققا 0.5 كىلوگرام، چۇچىغا 0.5 كىلوگرام يۇڭ ئىشلىتىلىدۇ. قالغان 7.5 كىلوگرام يۇڭ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈپ سېلىنىدۇ. نوقۇت كىگىزدە قارا يۇڭ بىلەن بويالما يۇڭنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 10:1 ئەتراپىدا بولىدۇ.

يۇڭ سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يۇڭ ئۈستىگە شەپشەكتە ئۆچلەم بويىچە تەكشى سۇ چېچىلىدۇ ۋە رىزەندە پەنجىسىدە يۇڭ تەكشى بېسىلىپ جىمىقتۇرۇلىدۇ، ئاندىن چىغ دۇكاننىڭ بىر بېشى ئۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىگە قايرىلىپ، يۇڭ قىرغىقىغا تۈز قويۇپ تاكى چىغ ئاخىرىغىچە چىڭ يۆگەپ سىلىندىر ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. سىلىندىر سىرتى ئارغامچىدا پورشىن شەكلىدە تەكرار يۆگەپ تېڭىلىدۇ. چىغ تېڭىلىپ بولغاندا سەينا ياكى سۇپىنىڭ بىر بېشىغا قويۇپ، ئىككى ـ ئۈچ ئادەم پۇتىدا خامدايدۇ، يەنى ھەر بىر ئادەم سىڭارتاپىنىدا چىغ سىلىندىرى ئۈستىگە ئوتتۇرا ھال كۈچ بىلەن دەسسەپ چىغنى ئالغا ئىتتىرىدۇ. پۇتنىڭ سوزۇلۇشى چېكىگە يەتكەندە چىغ ئۈستىدىكى پۇت كۆتۈرۈلۈپ، يەنە دەرھال تۆۋەنگە قايتۇرۇلۇپ، چىغ ئۈستىگە كۈچ بىلەن دەسسىلىپ، دوملاشتىن توختىتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەردىكى پۇت ئالدى تەرەپكە بىر قەدەم يۆتكىلىدۇ ـ دە، يەنە ئاۋۋالقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چىغ تەدرىجىي ئىلگىرىلىتىلىپ مەيداننىڭ قارشى تەرىپىگە يەتكەندە، كىگىزچىلەر چىغنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى ھەرىكەتنى تەكرارلاش ئارقىلىق قارشى يۆنىلىشكە دوملىتىلىدۇ. مانا بۇ ھەرىكەت «كىگىز خامداش» دېيىلىدۇ. كىگىز خامداش داۋامىدا، چىغ ئۈستىدىكى پۇت پات ـ پات ئوڭ ـ سولغا يۆتكەپ تۇرۇلىدۇ. خامداش بىر سائەت داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن كىگىز خامدىلىپ بولىدۇ. گۈللۈك كىگىز خامداش داۋامىدا چىغ ئارىسىدىكى خام كىگىز بىر ئۆرۈپ سېلىنىپ، ھەر ئىككى يۈزىدىن خامدىلىدۇ.

(3) پىشۇرۇش باسقۇچى: خامداش تاماملانغاندىن كېيىن چىغ ئېچىلىپ خامدالغان كىگىز چىقىرىۋېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كىگىز پاتسىز، زىچلىقى تۆۋەن، سوزۇلۇشقا چىدامسىز بولىدۇ. شۇڭا، ئالقان ۋە بىلەكتە پىشۇرۇلىدۇ. يەنى كىگىز چىغ ئۈستىگە قويۇلۇپ، بىر باشتىن ئازراق يۆگەپ تۈرمەللىنىدۇ. ئالقان يۆگەم ئۈستىگە قويۇلۇپ، ئالغا ئىتتىرىلىدۇ. كىگىز يۆگىمى كەينىگە دوملىتىلىپ ئاۋۋالقى ئورۇنغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ، ئاندىن ئاۋۋالقى ھەرىكەت تەكرارلىنىدۇ. مۇشۇ تەرتىپكە مەلۇم ۋاقىت پىشۇرۇلغاندىن كېيىن كىگىزنىڭ قالغان قىسمى يەنە بىر ئاز يۆگىلىپ يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە داۋاملىق پىشۇرۇلىدۇ. بىر يۈزى پىشۇرۇلۇپ بولغاندا ئۆرۈلۈپ ئىككىنچى يۈزى پىشۇرۇلىدۇ. پىشۇرۇش داۋامىدا بىلەك ئورنى

پات پات ئۇرۇپ سولغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. كىگىز پىشۇرۇش ئومۇمەن ئىككى يېرىم سائەت داۋاملىشىدۇ. لېكىن بۇ، مۇتلەق ئەمەس. كىگىزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، ۋاقىت سەرپىياتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. كىگىز يۇزى يول يول قۇرۇقلىشىپ، قوناق دانلىرىدەك مۇدۇر ـ چوقۇرلار پەيدا بولۇپ قاتقاندا پىشقان ھېسابلىنىدۇ.

سىدام كىگىز ئېتىشتە، تۇنكە، ياپمىلىق تەييارلاش، گۇل تىزىش مەشغۇلاتلىرى بولمايدۇ. يۇڭ سېلىش، خامداش، پىشۇرۇش ئۇسۇل ـ تەرتىپلىرى گۇللۇك كىگىز ئېتىشنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. كىگىز پىشۇرۇشتا قايسى قىرغاق، قايسى جاي بەك پىشۇرۇلسا، شۇ جاي قىلىنلاپ قىرغاق كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا، پىشۇرۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا ھەممە قىرغاق، ھەممە جاينى ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش كۈچ بىلەن پىشۇرۇشقا دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ (بولمىسا مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ). بۇ، بارلىق يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئورتاق مەشغۇلات قائىدىسىدۇر.

(4) بوياش باسقۇچى: بوياش ياكى گۇل بېسىش دېگەنلىك بىرلەمچى كىگىزگە بوياق بېرىپ باشقا رەڭگە كىرگۈزۈش ياكى گۇل چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى كىگىزنى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە قىلىش جەريانىدۇر.

سىدام كىگىز بوياش: بۇ، ئاق ياكى بوز كىگىزلەرنى ئېھتىياجغا ئاساسەن بوياققا سېلىپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىدام كىگىز بوياشتا تەبىئىي بوياقتا بوياش ۋە سانائەت بوياقلىرىدا بوياش دەپ ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

تەبىئىي بوياقتا بوياش ئۇسۇللىرى قىزىل بوياشقا ئوردان يىلتىزى؛ سېرىق بوياشقا تۇخۇمەك چېچىكى؛ توق سېرىق، كاۋا چېچىكى بوياشقا ياڭاق ياكى ئۇجمە پورى قاتارلىقلار بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئوردان، تۇخۇمەك چېچىكى، ياڭاق، ئۇجمە پورى قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش ئارقىلىق ئاچ ـ قېنىقلىقى ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردە بويىغىلى بولىدۇ. شوخ كۆك، ھاۋا رەڭ، بىنەپشە رەڭ بوياشتا، بويالما نىل ئېرىتمىسىگە سېلىنىپ سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. ئېرىتمە قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش،

www.uyghurkitap.com



بويالمىنى ئېرىتمىدە تۇرغۇزۇش ۋاقتىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان رەڭلەرگە كىرگۈزۈش مۇمكىن.

سانائەت بوياقلىرىدا بوياشتا، تەييار سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بىردەك قايناتما بوياق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

گۈللۈك كىگىزگە ئىشلىتىلىدىغان تۈنكە ۋە ياپمىلىق يۇڭمۇ كىگىز بوياشقا ئوخشاش بويىلىدۇ. تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدا كىگىزچىلىق ماتېرىيالى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بويايدىغان ئىش ئۆتكەن ئەسىردىلا يوقىلىشقا باشلىغان، نۇرغۇن تەپسىلاتلىرى ئېنىق ئەمەس. ھازىر بىردەك سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

(5) **كىگىزگە گۈل بېسىش باسقۇچى:** بۇ، ئاق كىگىزگە ئويما تامغىدا بوياق بېرىپ گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. تامغا باسما گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىشتا بۇرۇن تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ زەمچىلىك ئېرىتمە تەييارلاپ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس. ھازىر بىردەك سانائەت بوياقلىرىدىن ئېرىتمە تەييارلاپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

ئويما تامغىدا گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىق باسقۇچى، تامغا بېسىش باسقۇچى، قوشۇمچە رەڭ بېرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئالدى بىلەن قايسى نۇسخىدا گۈل بېسىلىدىغانلىقى بېكىتىلىپ، مۇناسىپ گۈل تامغىلىرى تازىلاپ تەقلىنىدۇ. گۈل بېسىلىدىغان ئاق كىگىز تەكشى ۋە قاتتىق سۇپىدىكى بورا ئاستىغا سېلىنىپ، كانارا ۋە ئىچ گۈل ئورنى بېكىتىلىدۇ. گۈل نۇسخا تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر خىل بوياقلاردىن زەمچىلىك ئېرىتمە تەييارلىنىدۇ، يەنى جاۋۇرغا بوياق بىلەن زەمچە سېلىنىپ ئۈستىگە قايناقسۇ قۇيۇپ قوچۇپ تەكشى ئېرىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ نىسبىتى 5:1 (15 جىڭ سۇغا 1.5 سەر بوياق، بىر سەر زەمچە سېلىنىدۇ) بولىدۇ.

**گۈل بېسىش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئالدى بىلەن كىگىز گىرۋەكىدىن باشلاپ كانارا سىزىق تامغىلىرى، ئىچ گۈل بۆلۈنمە سىزىق تامغىلىرى بېسىلىدۇ، ئاندىن كانارا گۈل تامغىلىرى ۋە ئىچ گۈل

تامغىلىرى بېسىلىدۇ. بۇنىڭ سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر خىل رەڭلەرنى ئايرىم ئايرىم تامغىدا بېسىش، تامغىنى ئېرىتـ ـمىگە بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا چۆكۈرۈپ تولۇق رەڭ تارتقۇزۇش ۋە كىگىز ئۈستىگە كۆچەپ بېسىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بوياق ئېرىتمىسى كىچىك قازاندا تەييارلىنىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ساقلانسا، بوياق سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**قوشۇمچە رەڭ بېرىش باسقۇچى:** تامغا بېسىش مەشغۇلاتى ئا ـ خىرلاشقاندىن كېيىن، كانارا ۋە ئىچ گۈللەرنىڭ جەگە سىزىقلىرى ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاق قالغان تەگلىك ئورۇنغا چوتكا ياكى پىلـ ـتىكۆچتە بوياق بېرىلىدۇ. قوشۇمچە بوياق تۇنىكە گۈللۈك كىگىز ـ نىڭ بەزى جايلىرىغا ياپىلىق يۇڭ ئىشلىتىلگەنگە ئوخشاش كىگىز ـ نىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى مەشغۇلات تەرتىپلىرى ئورۇندالغاندىن كېيىن كىگىز سالقىن، سايە يەرگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**5) يۇڭدا ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر قانچە مەھسۇلاتلار**

**(1) جايناماز ئېتىش:** جايناماز — دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن ياسىلـ ـدىغان بىر خىل كىگىز بولۇپ، كۆپىنچە تەبىئىي ئاق، قارا ياكى بوز يۇڭدىن پىشۇرۇلىدۇ. بىر ياكى بىر نەچچە كىشىلىك بولىدۇ. ئاقلىقى ئىچىگە تەبىئىي يۇڭ تۇنىكە ياكى بوياق تۇنىكىدىن جاينامازنىڭ بىر ئۇزۇن بوي تەرىپى ۋە ئىككى يان تەرىپىگە تاق ياكى قوش سىزىقلىق كانارا چىقىرىلىدۇ. كۆپ كىشىلىك جاينامازلارنىڭ ئىچ گۈل قىسمى بىر نەچچە تەڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، تاق سىزىقلىق تىك بۆلۈنمە كانارا ۋە ھەر بىر بۆلەككە مېھراپ سىزىقى چىقىرىلىدۇ. مېھراپ چوققىسى ئۈستۈنكى بوي سىزىق كانارىسىغا تىرىلىدۇ. بوي كانارا، بۆلۈنمە كا ـ نارا ۋە مېھراپ سىزىقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇققا ئاددىي نەقىش ـ گۈللەر چىقىرىلىدۇ. ئاستى تەرەپتە كانارا سىزىقى ۋە مېھراپ ئىـ ـچىدە نەقىش ـ گۈللەر بولمايدۇ. جايناماز خامدىلىپ بولغاندىن كېـ ـيىن، سۈزۈك سۇدا پاكىز يۇيۇلۇپ، ئاندىن پىشۇرۇلىدۇ. بەزى ھۈنەر ـ ۋەنلەر يۇڭنى يۇيۇپ، ئاندىن جايناماز ئېتىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىـ ـدۇ. لېكىن، بۇ ئۇسۇلدا ئېتىلگەن جايناماز ياخشى پىشمايدۇ.

(2) كىگىز پايپاق ئېتىش: كىگىز پايپاق ئايرىم ئايرىم ھالدا ئاق، بوز، قارا يۇڭلاردىن پىشۇرۇلىدۇ. قېلىنلىقى 5.0 سانتىمېتىر، بەت يۈز كەڭلىكى 35~45 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا سىزىق ئۇزۇنلۇقى 1.00~1.50 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇزۇن بوينىنىڭ ئىككى بېشىدىكى 25 سانتىمېتىر قىسمىنىڭ ئىككى گىرۋىكى مەركەزگە قاراپ ئېگىد-لىپ، ئوتتۇرا سىزىق ئۇچىدا تۇتىشىپ مېھراپ شەكلىنى ھاسىل قى-لىدۇ. ئىشلەتكەندە ئۇزۇن بوي ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىدا كېسىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا سىزىق بويلاپ قاتلىنىپ، مېھراپ گىرۋەك سىزىقلىرى ئۈستىمۇ ئۈست چۈشۈرۈلىدۇ. مېھراپ ئۇچىدىن باشلاپ ئالماپ تىكىپ، پاچاق ئوتتۇرىسىدا چەك تىكىش ئا-خىرلىشىدۇ. ئۇ يۇمشاق، ئىسسىق بولۇپ، سوغۇق پەسىللەردە ئۆتۈك ئىچىگە كىيىشكە باب كېلىدۇ. كىگىز پايپاق سىدام بولىدۇ. «يۇڭ پاي-پاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى ھاللاردا شاخ ئۇچىغا قۇراق كەشتە ياكى تور كەشتە تىكىلىدۇ. كىگىز پايپاق ھازىر ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

كىگىز پايپاق ئېتىشتىكى يۇڭ سېلىش، خامداش، پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى سىدام كىگىز ئېتىش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەقەت يۇڭ سېلىش شەكلىلا ئوخشاشمايدۇ. يەنى كىگىز پايپاقنىڭ ئىككى ئۇچىغا مېھراپ چوققا ئەگمىسى شەكلىدە يۇڭ سېلىنىدۇ.

(3) كېپىنەك ئېتىش: كېپىنەك تەبىئىي رەڭلىك يۇڭلاردىن ئىشلەپ-چىقىرىلىدىغان بىر خىل يامغۇرلۇقتىن ئىبارەت. ئۇ توغرۇلۇق «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «تيبتج ‹yaptaq› — كېپە-نەك تون، پادىچىلار قار – يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالى-دىغان يەڭسىز تون» (3- توم، 50-بەت) «جيتدم ‹qaydam› — كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز» (3-توم، 243 – بەت). بۇ بايانلار بىزگە كېپىنەكنىڭ ئۆز دەۋرىدە يۇڭدىن پىشۇرۇلۇش ۋە كىگىزدىن تىكىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇ-سۇلدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى، يەڭسىز ۋە يەڭلىك ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. كېپىنەكنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى يۇڭ پىشۇرما يەڭلىك شەكىلدىن ئىبارەت. بۇنداق كېپىنەكلەر تونچە ياقا شەكىللىك، ئالدى چاكلىق بولىدۇ. ئىككى يېڭى بىلەن گەۋدىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر تۈتاش پىشۇرۇلىدۇ، تىكىلمەيدۇ.

كېپىنەك شەكىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۇزۇن كېپىنەك ۋە كالتە كېپىنەك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.كالتە كېپىنەك يېقىنقى زاماندا «كاستۇم كېپىنەك» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا كېپەنەكنىڭ يانچۇقلۇق نۇسخىلىرىمۇ بولغان. كېپىنەك تۇجۇپىلەپ ئىشلىنىپ، چىڭ، پۇختا پىشۇرۇلىدۇ. سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. يامغۇردىن ساقلاش ئىقتىدارى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوغۇقتىن ساقلاش ئىقتىدارىمۇ خېلى يۇقىرى، ھاۋاسى تولا ئۆزگىرىدىغان يامغۇر يېشىن كۆپ بولىدىغان تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلاردا يامغۇرلۇق كىيىم قىلىنىدۇ.

كېپىنەكنىڭ رولى ۋە تىلىمىزدىكى «جۇلدۇر كېپەن»، «مۈت كېپەن» دېگەندەك بەزى سۆزلەرنىڭ ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇمىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، كېپىنەك ئېھتىمال بۆز، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما كىيىملەردىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن قىشلىق كىيىم بولۇشى، كېيىن باشقا كىيىم تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا ئىستېمال دائىرىسى تارىيىپ، يامغۇرلۇق كىيىمگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

كىگىز كېپىنەك ئىشلەپچىقىرىش ھازىر يوقالغان تۈر ھېسابلىنىدۇ.

كېپىنەك ئېتىشنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى سىدام كىگىز ئېتىشنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن يۇڭ سېلىش، خامداش، پىشۇرۇش باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە بەزى پەرقلەر بولىدۇ.

**يۇڭ سېلىش:** كېپىنەك ئېتىشكە بىردەك كۈزگى يۇڭ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇزۇن كېپىنەككە ئىككى-ئۈچ كىلوگرام، كاستۇم كېپىنەككە 1.125كىلوگرام ئەتراپىدا يۇڭ تەييارلىنىدۇ. يۇڭ ئېتىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، كېپىنەكنىڭ ھەممە قىسىملىرى چىغ دۇكاننىڭ ئۇزۇن بويىغا، پەش قىرغاقلىرى چىغنىڭ ئىككى بېشىغا سېلىنىپ، بويىنىڭ مۇرە تىكىش ئورنى بىر بىرىگە تۇتاش ھالدا چىغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئىككى يەڭنىڭ تاشقى قاتلاق سىزىقى مۇرە تىكىش سىزىقىغا ئۇدۇللىنىپ چىغنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىغ ئۈستىگە سېلىنغان يۇڭ تەقرىبىي چىلەك (+) شەكلىنى ھاسىل قىلى-

www.uyghurkitap.com



دۇ. يۇڭ سېلىش ئۆلچىمى 3:1 نىسبەت بويىچە ئېگىلىنىدۇ. يەنى كېپىنەك ئالدى ـ ئارقا بويىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر پۈتۈپ چىقماقچى بولسا، تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، يېڭى 60 سانتىمېتىر پۈتۈپ چىقماقچى بولسا 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇڭ سېلىنىدۇ. مۈرە كەڭلىكى، پەش كەڭلىكى، يەڭ كەڭلىكى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ نىسبەت بويىچە ئېگىلىنىدۇ. يۇڭ ئالدى ـ ئارقا بويىنىڭ يان قىرغاقلىرى ۋە ئىككى يەڭنىڭ يان قىرغاقلىرىغا نېپىزرەك، باشقا جايلارغا، بولۇپمۇ ئومۇرتقا قىسمىغا قېلىنراق سېلىنىدۇ. ئەمما، كېپىنەكنىڭ ياقا ئويدىمىسى ۋە ئالدى چېكىگە (ئىچ پەش ۋە تاش پەشنىڭ قىرغاق ئورنىغا) يۇڭ سېلىشتا، «ئالدى چاكسىز يۇڭ سېلىش» ۋە «ئالدى چاكلىق يۇڭ سېلىش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

كىگىز بۇيۇملار ئادەتتە قايسى تەرەپتىن كۆپرەك پىشۇرۇلسا شۇ تەرىپى قىسقىرىپ قېلىنلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، كېپىنەكنى پىشۇرۇش داۋامىدا ياقا، پەش، يەڭ ئۇچى، ئالدى چاك گىرۋىكى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىن تەكشى پىشۇرۇلىدۇ. بىر ئورۇننى بەك ئۇزاق پىشۇرماسلىق، قولنى پات پات يۆتكەپ تۇرۇش، شۇنداقلا يان چاك قاتلىمى ۋە يەڭ قاتلىقى ئورنىنى ياخشى پىشۇرۇش ئارقىلىق، قاتلاق ئورنىنىڭ تولۇق ۋە تەكشى تۇتىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

**(4) كىگىز قالپاق ئېتىش:** كىگىز قالپاقمۇ خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمىي كىيىملىرىنىڭ بىر خىلى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كىگىز قالپاق ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «قىزما بۆك ــ قايرىما بۆك، ئالدى ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق» (3-توم، 638-بەت)، «يىنكلدرق ــ يامغۇرلۇق بۆك، يامغۇردىن ۋە شىۋىرغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يامغۇرلۇققا تىكىپ قويۇلغان كىگىز قالپاق» (3-توم، 530- بەت). بۇ بايانلار بىزگە كىگىز قالپاقنىڭ رولى، خام ئەشياسى ۋە ئۆز دەۋرىدە كىگىز قالپاقنىڭ ئايرىم ياسالغان شەكلىدىن باشقا، يامغۇرلۇققا تىكىپ بىر تۇتاش ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن شەكلىنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كىگىز قالپاقلار «تۈز بەتلىك يۇڭ سېلىش، پىشۇرۇش داۋامىدا شەكىلگە كەلتۈرۈش» ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئەمما، قالماقچە قالپاق بىلەن

سايىۋەنلىك قالپاقنى ئېتىش ئۇسۇلى يەنە مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ.

**(5) سايىۋەنلىك قالپاق ئېتىش:** سايىۋەنلىك قالپاق ئېتىشتە «تاق پوشكاللىق يۇڭ سېلىش» ۋە «جۈپ پوشكاللىق يۇڭ سېلىش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقىسىغا 0.5 جىڭ، كېيىنكىسىگە بىر جىڭ يۇڭ كېتىدۇ.

تاق پوشكاللىق يۇڭ سېلىشتا ئېتىپ تەييارلانغان يۇڭ چىغ ئۈستىگە چەمبىرەك شەكلىدە سېلىنىدۇ (مۇشۇنداق سېلىنغان يۇڭ چەمبىرىكى «پوشكال» دەپ ئاتىلىدۇ). چەمبەر دىئامېتىرى 65 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، چەمبەر مەركىزى قېلىنراق، گىرۋەكلىرى نېپىزرەك بولىدۇ. ئاندىن چىغقا يۆگەپ خامدىلىدۇ. جۈپ پوشكاللىق يۇڭ سېلىشتا، بىر جىڭ يۇڭـ نىڭ تېگىدىن كۆپرەكىدە چوڭ پوشكال، تېگىدىن ئازراقىدا كىچىك پوشـ كال سېلىنىدۇ. چوڭ پوشكال دىئامېتىرى 70~65 سانتىمېتىر، كىچىك پوشكال دىئامېتىرى 60~55 سانتىمېتىر بولىدۇ. پوشكال ئۈستىگە سۇ سېپىلگەندىن كېيىن چىغقا يۆگەپ بوشراق (تۆت ئۆلۈش ئەتراپىدا) خامـ دىلىدۇ. ئاندىن چىغ ئېچىلىپ چوڭ پوشكال ئۈستىگە دىئامېتىرى پوشـ كال دىئامېتىرىدىن بەش سانتىمېتىر كىچىك بولغان ئۆلۈگە سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك پوشكال سېلىنىدۇ. كىچىك پوشكالنىڭ گىرـ ۋەكلىرىگە ناھايىتى نېپىز بىر قات يۇڭ سېلىنىپ چوڭ پوشكال گىرـ ۋەكلىرىنىڭ ئۆلۈگە سىرتىدا قالغان قىسمى ئۈستىگە قايرىپ قاتلىنىپ، كىچىك پوشكال گىرۋىكى ئۈستىگە ياتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن قايتىدىن چىغقا يۆگەپ يەنە ئۈچ ئۆلۈش ئەتراپىدا خامدىلىپ چىغدىن چىقىرىلىدۇ.

تاق پوشكاللىق ياكى جۈپ پوشكاللىق قالپاق يۇقىرىقى ئۇسۇلدا چالا خامدالغاندىن كېيىن تۆشۈك چۆپ ئۈستىگە قويۇلۇپ، بىر قولدا پوشكال گىرۋىكىنى مۇجۇپ ئۇۋۇلاپ پىشۇرغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. يەنە بىر قولدا پوشكالنىڭ تۆشۈك چۆپ تۆشۈكى ئۇدۇلىدىكى مەركىزىي قىسمى بېسىلىپ تۆشۈك گىرۋەكلىرىگە نىقتاپ پىشۇرغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ مەشغۇلاتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىنىشى نەتىجىسىدە پوشكال چەمبىرىـ كىنىڭ گىرۋەكلىرى قورۇلۇپ كىچىكلەيدۇ. مەركىزىي قىسمى تۆۋەنگە بېسىلىپ بۆك شەكىللىك كېرەك ئۆيمانچىسى ھاسىل قىلىنىدۇ.

قالپاق ئاساسەن شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ بولغاندا، تۆشۈك چۆپتىن

www.uyghurkitap.com



چىقىرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاق پوشكاللىق قالپاق دۇم قىلىنىپ كېزەك چوققىسى ئۈۋۈلاپ پىشۇرۇلىدۇ. سايىۋەنلىك گىرۋىكى ئۈستىگە قاتلاپ پىشۇرۇلىدۇ. جۈپ پوشكاللىق قالپاق تۆشۈك چۆپتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال قالپاق گىرۋىكى پوشكال چەمبىرەك سىزىقىنى بويلاپ كېسىلىپ ئىككى قات پوشكال ئاجرىتىلىپ ئۇلۇگە چىقىرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن تاق پوشكاللىق قالپاقنى پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا ئاخىرقى قېتىم پىشۇرۇپ شەكلى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

تاق پوشكاللىق يۇڭ سىلىش ئۇسۇلىدا بىر قېتىمدا بىرلا قالپاق ئەتكىلى بولىدۇ. ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك، ئەمما قالپاق گىرۋىكىدە قايچا ئىزى بولمىغاچقا مەھسۇلات سۈپەتلىك، كۆركەم چىقىدۇ. جۈپ پوشكاللىق يۇڭ سىلىش ئۇسۇلىدا، بىر قېتىمدا ئىككى قالپاق پۈتىدۇ. گەرچە ئىش ئۈنۈمى يۇقىرىراق بولسىمۇ، ئەمما قالپاق گىرۋىكىدىكى قايچا ئىزىنى تولۇق يوقاتقىلى بولمىغاچقا، مەھسۇلات سۈپىتىگە مەلۇم تەسىر يېتىدۇ.

(6) **قالماقچە قالپاق ئېتىش:** قالماقچە قالپاق ئېتىشتە بىردەك جۈپ پوشكاللىق يۇڭ سىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يۇڭ سىلىشتىن خامداشقىچە بولغان ئىش تەرتىپى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جۈپ پوشكاللىق سايىۋەنلىك قالپاق ئېتىش تەرتىپىگە ئوخشىشىدۇ. چالا خامدالغاندىن كېيىنكى پىشۇرۇش، شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى پەرقلىق بولىدۇ، يەنى چالا خامدالغان پوشكال چىغ دۇكان ياكى تۈز چۆپ ئۈستىدە قويۇپ بىر تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قورۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاساسەن پىشىپ بولغاندا پوشكال چەمبىرىكى دىئامېتىر سىزىقىدىن كېسىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ ۋە ئۇلۇگە ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنداق كېسىلگەن قالپاق يېرىم چەمبەر شەكلىدە، قېتى ئېچىلسا تەقرىبىي يېرىم شار شەكلىدە بولىدۇ.

قېتى ئېچىلىپ يېرىم شار شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن خام قالپاق ئاۋۋال ھەر خىل يۆنىلىشتە جۈپلەپ قاتلىنىپ پىشۇرغاچ ئەسلىدىكى گىرۋەك قاتلاق ئىزى يوقىتىلىدۇ، ئاندىن گىرۋەكلىرى ئۈستىگە قاتلىنىپ پىشۇرغاچ سايىۋەنلىك چىقىرىلىدۇ ۋە گىرۋەكتىكى قايچا ئىزى ئىمكانقەدەر يوقىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل قالپاقنى سېلىشتۇرغاندا سايىۋەنلىك قالپاقنىڭ كېزىكى بىلەن سايىۋەنلىك تاختىسى ۋە سايىۋەنلىك تاختىسى بىلەن گىرۋىكى ئوتتۇرىسىدا روشەن سۇنغان بۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ. كېزەك قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشى روشەن، ئادەم يېشىنىڭ شەكلىگە ماس بولۇپ، سۇپىتى ۋە كۆركەملىكى جەھەتتە قالماقچە قالپاقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قالماقچە قالپاقنىڭ سىرتقى دىۋارىدا بىرلا سۇنغان بۇلۇڭ چىقىدۇ. كېزەك كۆرۈنۈشى روشەن بولمايدۇ. ئادەم بېشىنىڭ شەكلىگە تازا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا سۇپىتى ۋە كۆركەملىكى سايىۋەنلىك قالپاقنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

ھەر ئىككى خىل قالپاقنى ئېتىشتە پوشكالنى ئىمكانقەدەر نېپىزرەك، چوڭراق سېلىش، پىشۇرۇش ۋاقتى ئۇزاقراق بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىشۇرۇش داۋامىدا پات پات قايناقسۇغا چۆكۈرۈپ تۇرۇش لازىم. شۇنىڭدا قالپاق تېخىمۇ پىششىق، چىداملىق، كۆركەم بولىدۇ.

كېپىنەك ۋە قالپاقلارنى قورال ـ سايمانغا تايىنىپلا ئەتكىلى بولمايدۇ. چىغدا خامدالغان يېرىم تەييار مەھسۇلاتنى ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مول تەجرىبىنى ئاساس قىلغان قول ئىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مەھسۇلاتلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىمۇ مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان. سانائەت تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كىگىز پىشۇرما كېپىنەك بىلەن كىگىز پىشۇرما قالپاق ئىستېمالدىن قالدى.

ھازىر كىگىزچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە تۈرى ئازىيىپ بېرىۋاتىدۇ، يەنى كېپىنەك ۋە قالپاق ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بولدى. كىگىز پايپاق، جايناماز ۋە تامغا باسما گۈللۈك كىگىزلەر ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ. ھەر خىل سىدام كىگىزلەر بىلەن گۈللۈك كىگىزلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا مۇئەييەن كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىپ، بازارغا سېلىنىۋاتىدۇ. ھالا ئەمدى كىگىزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە كىيىم ـ كېچەك خام ئەشياسى بولۇش رولى ئاساسەن ئەمەلدىن قالدى. ئەمما، تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇش رولى تېخى يوقالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2. پىيمىچىلىق

پىيما بىر تۈرلۈك يۇڭ پىشۇرما مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن مەخسۇس پىيمىچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. پىيما ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەشغۇلات قائىدىلىرى كىگىزچىلىك مەشغۇلات قائىدىلىرى بىلەن بەزى جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە. شۇڭا، ئادەتتىكى كىگىزچى ئۇستىلار پىيما ئىشلەپچىقىرالمايدۇ.

### 1) پىيما مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

پىيما ئىشلەپچىقىرىشقا تەبىئىي يۇڭ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. شەكىل پەرقى ۋە ئىستېمال پەرقىگە قاراپ ئەرەنچە پىيما، ئاياللچە پىيما ۋە بالا پىيمىسى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بالا پىيمىسى كەسىپ تىلىدا «باچكىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ساخ شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىگىز قونچلۇق پىيما ۋە كالتە قونچلۇق پىيما دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ (بۇلار بەزى شېۋىلەردە «ئېگىز ساخ پىيما» ۋە «كالتە ساخ پىيما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇنىڭدىن باشقا مەسە پىيمىسى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل پىيما بولۇپ، ئۇزۇن ساخلىق، نېپىزرەك بولىدۇ. مەسە پىيمىسى دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولۇپ، مەسە پىيمىسى سىرتىغا كالاچ كىيىلىدۇ. مەسە پىيمىسى بەزى شېۋىلەردە «جۇسۇنكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

پىيما خام ئەشيا قىلىنغان تەبىئىي يۇڭنىڭ رەڭ پەرقىگە قاراپ ئاق پىيما، قارا پىيما ۋە بوز پىيمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭدە بولىدۇ.

پىيما باشقا ئاياغ كىيىملىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان بەزى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بىرىنچىدىن، قېلىن ۋە ئىسسىق بولىدۇ. نۆلدىن تۆۋەن 20℃ ~ 30℃ لۇق قاتتىق سوغۇقتىنمۇ پۇتقا سوغۇق ئۆتمەيدۇ. شۇڭا، قىش كۈنلىرى ئات ـ ئۇلاغلىق سەپەر قىلغاندا ياكى قار ـ شىۋىرغانلىق كۈنلەردە دالىدا مەشغۇلات قىلغاندا كىيىشكە تازا باب كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پىيمىنىڭ چەم، باشلىق، ساخ قىسىملىرى بىر پۈتۈن ياسىلىدۇ. ھېچقانداق تىكىشى بولمايدۇ. شۇڭا، پىيما كىيگەندە تىكىشى سۆكۈلۈپ كېتىش، چەمى ئاجراپ

كېتىش، بوغقۇچ ئۈزۈلۈپ كېتىش قاتارلىق باشقا ئاياغ كېيىملىرىدە دائىم يۈز بېرىدىغان ئاۋارىچىلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. پىيمىنىڭ ھەر ئىككى پېيى ئوخشاش قېلىپتا ياسىلىدۇ. ئوڭ ـ چەپ ئايرىمىسى بولمايدۇ. ئىككى پايىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ كىيىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، چىدامچانلىقى يۇقىرى، تاپىنىغا كۆندىن چەم قويۇلسا 8 ـــ 10 يىل كىيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پىيمىنىڭ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. بىرىنچىدىن، گۈل ـ نەقىشلەر بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئالاھىدە قاتتىق بولىدۇ. يول يۈرگەندە پىيما گېلى ئاسانلىقچە ئېگىلىپ قاتلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سونجاق قىسمىدا پاشنىسى بولمايدۇ. شۇڭا، پىيما كىيىپ يول يۈرۈشكە كۆنۈش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كۈيگە چىدامسىز بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

2) پىيمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

پىيما ئېتىشتە بىردەك ياخشى سۈپەتلىك كۈزەك قوي يۇڭى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. كىسلاتا، كۈنجۈرە، سىرىچ، يار يىلىم قاتارلىق ماتېرىياللار،بىريۇرۇش كىگىزچىلىك سايمانلىرى، يەنە تەگلىك رەخت، قاقما سوغا، ۋالىك، زىخچە، چوماق، ئۇلۇگە، قېلىپ، تەگلىك تاختاي، يۇبول، كاتىۋاش، سونجاق چۆپ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

كىسلاتا (سۇلفات كىسلاتاسى بولۇپ، 1000:3 نىسبەتتە ئېرىتمە تەييارلاپ، خامدالغان پىيمىنى چىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. پىيمىنى قاتۇرۇش، كۈيىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. پىيمىچىلىقتا كىسلاتا ئىشلىتىش يېقىنقى دەۋردە باشلانغان، تارىخىي بىر ـ ئىككى ئەسىردىن ئاشمايدۇ).

كۈنجۈرە (جۇۋازنىڭ زاغۇن ياكى زىغىر كۈنجۈرىسى. پىيما قاتلىرىغا سىلىشقا ياكى ئېرىتىپ خامدالغان پىيمىنى چىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ).

سىرىچ (بۇ بىر خىل يىلىم بولۇپ، پىيما قاتلىرىغا سىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، قاتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ).

يار يىلىم (پىيما سىرتىغا پۈركۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. پىيمىنى قا-

www.uyghurkitap.com



تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ).

كۈنجۈرە، سىرىچ، يار يىلىم قاتارلىقلار پىيمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى خۇرۇچلار بولۇپ، كىسلاتا ئىشلىتىش بارلىققا كەلمىگەن زامانلاردا ئىشلىتىلگەن. ئۇلارنىڭ رولى ئوخشاش. قايسىبىرىنى ئىشلەتسە بولىدۇ، پىيمىنى قاتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

تەگلىك رەخت (كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 1.30~1.60 مېتىر كېلىدىغان پىششىق بۆز رەخت، پىيما قاتلاش ۋە خامداشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ رولى چىغ دۇكاننىڭكى بىلەن ئوخشاش. بەزى ھۈنەرۋەنلەر تەگلىك رەخت ئىشلەتمەي، چىغ دۇكان ئىشلىتىدۇ).

قاقما سوغا (ياغاچ تاختىلارنى رەندىلەپ ياپسا كەلتۈرۈپ سىرتىغا تۆمۈر چەمبەر، ئاستىغا تۆۋرۈك سىلىپ ياسىلىدىغان كېسەك كۆنۈس شەكىللىك چوڭ سوغا. كىسلاتا ئېرىتمىسى قاچىلاپ، پىيما چىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ).

ۋالىك (چۆيۈن قۇيما سايمان. شەكلى چىشلىق كىر تاختىسىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بىر بېشىغا تۇتقۇچ، ئۈستى يۈزىگە ۋالىك، بويىغا توغرا يۆنىلىشلىك قىرچىشلار چىقىرىلىدۇ. توغرا كەسمە يۈزى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولىدۇ. چىش ئېگىزلىكى بىر سانتىمېتىر، چىش چوققا قىرلىرىنىڭ ئارىلىقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ۋالىك پىيما ئىچى ـ سىرتىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ).

زىخچە (چاسا قىرلىق تۆمۈر نوكچا. ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، تەرەپ كەڭلىكى ئوخشاشلا بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ. پىيما پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ).

چوماق (بىر بېشىدا ئەگمىسى بولغان ھاسا شەكىللىك تاياق بولۇپ، دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. پىيما پىشۇرۇش، تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ).

ئۇلۇگە (پىيما ئېتىشتە پىيما قارنى ۋە قونچ ئارىسىغا سېلىنىدىغان رەخت ئەندىزە بولۇپ، خامداش داۋامىدا پىيما ئىچكى يۈزلىرىنىڭ بىر بىرىگە تۇتىشىپ كېتىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ).

قېلىپ (پىيمىنى شەكىلگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئا-ساسلىق سايمان بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. باش ۋە شاخدىن ئىبا-رەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. باش — پىيما قارنى ئىچىگە چۈشىدىغان قىسمى. چوڭ ئەرەنچە پىيما قېلىپ بېشىنىڭ سونجاق-تىن تۈمشۇققىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، تۈمشۇق ئې-گىزلىكى 2.5 سانتىمېتىر، تۈمشۇق كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر بو-لىدۇ. سونجاق ئارقا يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. شاڭ ئۈچ پارچە ياغاچتىن تەركىب تاپىدۇ. پىيما قونچىنىڭ ئالدى قىسمىغا چۈشىدىغىنى «ئالدى شاڭ»، كەينى قىسمىغا چۈشىدىغىنى «كەينى شاڭ»، ئوتتۇرىسىغا چۈشىدىغان بىر پارچىسى «ئوتتۇرىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. شاخنىڭ ئاستىنقى ئومۇمىي كەڭلىكى 1.45 سانتىمېتىر، ئۈستۈنكى كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 46 سانتىمېتىر، تومۇلۇقى 4.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئالدى، ئارقا شاخنىڭ توغرا كەسمە يۈزى تاقا شەكىلدە، ئوتتۇرىلى-قىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى پاراللېل تۆت تەرەپلىك، ستېرېئولۇق ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تراپېتسىيە شەكىلدە بولىدۇ).

تەگلىك تاختاي (كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 1.20~1.50 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ تاختاي بولۇپ، پىيما قاتلاش ۋە پىشۇرۇشتا مەش-غۇلات سۇپىسى قىلىنىدۇ).

قازان (ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن قازان. تەگلىك تاختىنىڭ ئاستى-غا ئورنىتىلىدۇ. پىيما پىشۇرۇش ۋاقتىدا كۈنجۈرە قاينىتىش، پىيما يۇسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ).

يۇبول (كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى20 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرلىق ياغاچ كۆتەك. ئۆرۈك، چىلان قاتارلىق قات-تىق ياغاچلاردىن يونۇپ ـ رەندىلەپ ياسىلىدۇ. ئۈستۈنكى يۈزىگە ۋالىك چىشلىرىغا ئوخشاش چىش چىقىرىلىدۇ. پىيما ئاساسەن پۈتۈپ قېلىپقا سېلىنغاندا، چوڭ بولۇپ قالغانلىقى سېزىلسە پىيما سىرتى-دىن سۈركەپ كىچىكلىتىش، ئۆلچەمگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ).

كاتنۇاش (چوڭ بېشى يانتۇ سىرتىلىق غالتەككە، تۈمشۇق بېشى يىپ تۇرۇلگەن قومۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغاچ سايمان. چىلان

www.uyghurkitap.com



ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 ~18 سانتىمېتىر، ئەڭ چوڭ دىئامېتىرى 4~6 سانتىمېتىر، كاتىۋاش سۆڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، تومشۇق ئۇچى دىئامېتىرى1.5 ~2سانتىمېتىر كېلىدۇ).

كاتىۋاش پىيمىنىڭ ئىچىگە سېلىپ پىيما پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. بېشى پىيما سونجىقىنى، گەۋدە قىسمى پىيما تاپىنىنى، تومشۇق ئۇچى پىيما تومشۇقىنى ئىچىدىن پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كاتىۋاش ھەر خىل ئۆلچەمدە بولىدۇ. ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پىيمىلارنى پىشۇرۇشتا مۇۋاپىق كېلىدىغان كاتىۋاش تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سونجاق چۆپ (ئۇزۇنلۇقى60~70 سانتىمېتىر، چوڭ باش دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر، كىچىك باش دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان كېسەك كۇنۇس شەكىللىك كالتەك. چىلان، ئۆرۈك ياكى ئۈجمە ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ. پىيما ئىچىگە سېلىپ قونچىنى پىشۇرۇش، پىيما شاخ ئاغزىدىن سونجاققا قارىتىپ سوقۇپ سونجاقنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ).

3) پىيما ئېتىش مەشغۇلاتى

پىيما ئېتىشتە، بەزى ئۇستىلار چىغ دۇكان، بەزى ئۇستىلار تەگلىك رەخت ئىشلىتىدۇ. بەزى ئۇستىلار يۇڭنى بىراقلا سېلىپ خامدايدۇ. يەنە بەزى ئۇستىلارنىڭ ھەربىر پايىنى ئىككىگە بۆلۈپ چالا خامداپ، ئاندىن تۇتاشتۇرۇپ پىشۇرىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ يەردە تەگلىك رەختكە بىراقلا يۇڭ سېلىپ پىيما ئېتىش ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ.

پىيما تەييارلىق باسقۇچى، پىيما قاتلاش باسقۇچى، خامداش باسقۇچى، پىشۇرۇش باسقۇچى، پەردازلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچلۇق مەشغۇلات ئارقىلىق تەييار بولىدۇ.

(1) تەييارلىق باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا يۇڭ خىللاش، پوشكال ياساش، قوشۇمچە خورۇچلارنى تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىدۇ.

يۇڭ خىللاش: پىيما ئېتىلىدىغان يۇڭ تەبىئىي رەڭگى بويىچە ئايرىم ئايرىم خىللىنىدۇ. ئەخلەت، ماياق قاتارلىق نەرسىلەر تازىلاپ چىقىرىلىدۇ.

پوشكال ياساش: پىيما ئېتىشتە، پىيما ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش-

ماسلىقىغا قاراپ، بىر كىشىلىك پىيمىغا 5 ~ 2 جىڭغىچە يۇڭ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ يۇڭنىڭ ھەممىسى كىگىز ئەتكەندەك بىراقلا تەگلىك (چىغ) ئۈستىگە سېلىنمايدۇ. بەلكى ئالدى بىلەن تەگلىك يۇڭ (بۇ، پىيمىنىڭ گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغۇچى يۇڭ بولۇپ، كەسىپ تىلىدا «قونچلۇق يۇڭ» دېيىلىدۇ. قونچلۇق يۇڭ سېلىش ھەرىكىتى قونچ سېلىش، تەگلىك ئۈستىگە سېلىنىپ بولغان قونچلۇق يۇڭ بولسا «قونچ» دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە پوشكاللىق يۇڭدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. قونچلۇق يۇڭ بىلەن پوشكاللىق يۇڭنىڭ نىسبىتى ( 5.1:4.9قونچلۇق يۇڭ 5.1 ئۈلۈش) بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىلىك ئەرەنچە پىيما ئېتىشكە 2.250 كىلوگرام يۇڭ ئىشلەتمەكچى بولسا، بۇنىڭدىن 1.150كىلوگرام قونچلۇققا قالدۇرۇلىدۇ. قالغان 1.100 كىلوگرامى پوشكاللىققا قالدۇرۇلۇپ يۇمشاق ئېتىپ تارازىدا ئۆلچەپ تەڭ ئالتە بۆلەككە ئايرىلىدۇ. بۇلاردىن ئىككى بۆلەك يۇڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىغ ياكى ئايرىم بىر پارچە رەخت ئۈستىگە دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چەمبىرەك شەكلىدە سېلىنىدۇ. قالغان تۆت بۆلەك يۇڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شاپاق بۆك تالاسى ( △) شەكلىدە چىغ ياكى رەخت ئۈستىگە سېلىنىدۇ.ئاساسىي ۋە ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاندىن بۇ يۇڭ بۆلەكلىرى ئالقاندا بېسىپ چىڭدىلىدۇ. ئالقانغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە چېچىلىپ كەتمىگۈدەك ھالەتكە كەلگەندە مۇۋاپىق بولغان ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق تەييارلانغان يۇڭ پارچىسى «پوشكال» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالتە پارچە پوشكال پىيمىغا قونچ سېلىنىپ بولغاندا، قونچ ئۈستىگە سېلىنىدۇ، يەنى چەمبەر شەكىللىك پوشكالنىڭ ھەربىرسى بىر پاي پىيمىنىڭ چەم ئوتتۇرىسىغا سېلىنىدۇ.بۇ «چەم پوشكال» دەپ ئاتىلىدۇ. بۆك تالاسى شەكىللىك پوشكالنىڭ ئىككىسى ئايرىم ئايرىم ھالدا ئىككى پاي پىيمىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىگە سېلىنىدۇ. بۇ «ئالدى پوشكال» دېيىلىدۇ. يەنە ئىككىسى ئايرىم ئايرىم ھالدا ئىككى پاي پىيمىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىگە سېلىنىدۇ. بۇ «ئالدى پوشكال» دېيىلىدۇ. يەنە ئىككىسى ئايرىم ئايرىم ھالدا ئىككى پاي پىيمىنىڭ سونجاق تەرىپىگە سېلىنىدۇ. بۇلار «ئارقا پوش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كال» دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشۇمچە خۇرۇچ تەييارلاش. كىسلاتا ئېرىتمىسى تەييارلاش: قاقما سوغىغا سۈزۈك سۇ توشتۇرۇپ، ئۈستىگە 1000:3 نىسبەتتە سۇلفات كىسلاتاسى قائىدە بويىچە قويۇپ قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

كۈنجۈرە تەييارلاش: زىغىر ياكى زاغۇنىنىڭ جۇۋاز كۈنجۈرىسى يۇمشاق سوقۇپ غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىر كىشىلىك چوڭ پىيە-مىگا بىر جىڭ كۈنجۈرە ھېسابلاپ تەييارلىنىدۇ.

كۈنجۈرە قايناتمىسى تەييارلاش: بىر كىشىلىك پىيمىغا بىر كى-لوگرامدىن ھېسابلاپ زىغىر ياكى زاغۇن كۈنجۈرىسى قازاندا قايند-تىلىدۇ. سۇ پىيما چۆككۈدەك بولسا بولىدۇ.

سىرىچ تەييارلاش: قاتتىق سىرىچ يارغۇنچاقتا تارتىپ ياكى سو-قۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ. بىر كىشىلىك پىيمىغا ئالتە سەر ھېسابلاپ تەييارلىنىدۇ.

يار يىلىم ئېرىتمىسى تەييارلاش: بىركىشىلىك پىيما ئۈچۈن تۆت سەر يار يىلىم بىر كىلوگرام سۇغا سېلىپ ئاستا ئوتتۇرا بىر سائەت قايىنتىپ قىيام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق ھالەتتە ساقلىنىدۇ.

يۇقىرىقى خۇرۇچلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاش شەرت ئەمەس. كىسلاتا بولسا، باشقا خۇرۇچلار ئىشلىتىلمەيدۇ ياكى كۈنجۈرە قاي-ناتمىسىلا ئىشلىتىلىدۇ. كىسلاتا بولمىسا قالغان خۇرۇچلارنىڭ بىرسى تەييارلانسا بولىدۇ.

(2) پىيما قاتلاش باسقۇچى: تەگلىك رەخت تەگلىك تاختىغا يېيىپ سېلىنىدۇ. ئۈستىگە پىيمىنىڭ قونچلۇقى ئۈچۈن ئېتىپ تەييارلاد-غان يۇڭنىڭ يېرىمى (قالغان يېرىمى يەنە بىر پاي پىيمىغا قالىدۇ) رىزەندىدە تەكشىلەپ سېلىنىدۇ. سېلىنغان بۇ يۇڭ تراپېتسىيە شەك-لىدە بولۇپ، بويى ئۇزۇنلۇق 1.00 مېتىر، ساخ تەرەپ ئاساسىي 0.90 مېتىر، تاپانلىق تەرەپ ئاساسىي 1.10 مېتىر بولىدۇ (بۇ ئۆلچەملەر چوڭ ئەرەنچە پىيمىغا خاس). مۇشۇنداق سېلىنغان يۇڭ «قونچ» دېيد-لىدۇ. كىسلاتا يوق شارائىتتا قونچلۇق يۇڭ ئارىسىغا كۈنجۈرە تالقد-نى ياكى سىرىچ ئۇنى ئۆلچەم بويىچە سېپىپ سېلىنىدۇ.

قونچ سېلىنىپ بولغاندا ئۈستىگە ئۆلچەم بويىچە سۇ سېپىپ نەمدەلىدۇ. ئاندىن قونچ ئۈستىگە قونچىنىڭ ئىككى ئاساسىنى تۇتاشتۇرغۇچى مەركىزىي سىزىقنى بويلاپ ئۇلۇگە (ئەندىزە) سېلىنىدۇ. ئۇلۇگە تۇمشۇقى سىرتقى يان تەرەپكە قارىتىلىدۇ. ئارقا بوي گىرۋىكى قونچ مەركىزىي سىزىقىغا ئۈستمۇ ئۈست چۈشۈرۈلىدۇ. قونچ تاپان سىزىقىدىن ئۇلۇگە تاپان سىزىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 سانتىمېتىر بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلۇگە سېلىنىپ بولغاندا، قونچىنىڭ بوي مەركىزىي سىزىقىنىڭ تاپانلىق تەرىپىدىن 10 سانتىمېتىر قىسمى يىرتىلىدۇ. ئاندىن ئۇلۇگە تاپان سىزىقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان قونچ يۇقىرىغا قايرىلىپ، ئۇلۇگە ئۈستىگە قاتلىنىدۇ. ئۇلۇگە تۇمشۇقىنىڭ ئۇدۇلى ۋە ئۈستىدىكى زىيادە قونچمۇ ئۇلۇگە ئۈستىگە قاتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدى پوشكال تۇمشۇق تەرەپكە، ئارقا پوشكال سونجاق تەرەپكە ئۇدۇللىنىپ، ئاساسلىرى پاراللېل، تۇمشۇق ئۇچى سىرتقا قارىتىلىپ، تەڭ يېرىمى قونچىنىڭ تۇمشۇق ۋە سونجاق تەرەپتىكى 1/3 قىسمىنىڭ ئاستىغا سېلىنىدۇ. قالغان يېرىمى ئۇلۇگە ئۈستىگە قاتلىنىدۇ. چەم پوشكالنىڭ يېرىمى قونچ ئاستىغا كىرگۈزۈلۈپ، قالغان يېرىمى ئۇلۇگە ئۈستىگە قاتلىنىدۇ.

ئاخىرىدا قونچىنىڭ ئەمدىلا قاتلانغان يېرىمى تەگلىك رەخت ۋە ياپما رەخت بىلەن بىللە تېخى قاتلانمىغان يېرىمى ئۈستىگە قاتلىنىدۇ ـ دە، ئارىلىقتىكى ياپما رەخت پەم بىلەن چىقىرىۋېلىنىدۇ. قونچىنىڭ تېخى قاتلانمىغان يېرىمىنىڭ سىرتىغا ئاشقان قىسىملىرى يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە قونچىنىڭ ئۈستىگە قاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەگلىك يۇڭ پايپاق شەكلىگە كېلىدۇ (بەزى ھاللاردا قونچىنىڭ يېرىمى قاتلىنىپ بولغاندا ئالدى پوشكال بىلەن چەم پوشكال سېلىنىپ، تولۇق قاتلىنىپ بولغاندا سونجاق پوشكال سېلىنىدۇ. مۇشۇ تەرتىپلەر ئورۇندالغاندا پىيما قاتلاش باسقۇچى تاماملىنىدۇ).

**(3) پىيما خامداش باسقۇچى:** تەگلىك يۇڭ قاتلىنىپ پايپاق شەكىلگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تەگلىك رەخت ئۈستىگە قاتلىنىپ، پىيما تاپىنى تەرەپتىن ساخ ئۇچىغا قارىتىپ يۆگەپ تېڭىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالقان ۋە بىلەكتە ئالدى ـ كەينىگە دومىلىتىلىپ يېرىم سائەت خامدىلىدۇ. ئاندىن تېڭىق يېشىلىپ، چالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خامدالغان پىيما ئىچىدىكى ئۇلۇگە ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ساخنىڭ ئال ـ دى قىرى ئارقا قىرى ئۈستىگە دەلمۇ دەل چۈشۈرۈپ قاتلىنىدۇ. تۇمشۇق ئۈستى قىرى ساخ ئالدى قىرى ئۈستىگە ئۇدۇللاپ قاتلىـ ـنىدۇ. تەگلىك رەخت بىلەن قوشۇپ، پىيمىنىڭ سونجاق تەرەپتىن ساخ ئۇچىغا قارىتىپ يۆگەپ تېڭىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئۇسۇلدا يەنە يېرىم سائەت خامدىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تېڭىق يېشىلىپ پىيما قارنى ۋە سونجىقى، ساخ دىۋارى تولۇق تەكشۈرۈلىدۇ. تەلەپكە ئاسا ـ سەن ئۆلچەپ كۆرۈلىدۇ. ئاچ، كەمتۈك چىقىپ قالغان جايلار سو ـ زۇش، سوقۇش ئارقىلىق تولدۇرۇلىدۇ. چاپلىشىپ قالغان جايلار ئاجرىتىلىدۇ، قېلىن چىقىپ قالغان جايلار سوزۇش، سوقۇش، قار ـ شى تەرەپتىن پىشۇرۇش ئارقىلىق ئۆلچەمگە كەلتۈرۈلىدۇ.

(4) **پىيما پىشۇرۇش باسقۇچى:** خامداپ دەسلەپكى شەكىلگە كىر ـ گۈزۈلگەن پىيمىنىڭ ساخ ئالدى قىرى كەينى قىرى ئۈستىگە، تۇمـ ـشۇق قىرى ساخ ئالدى قىرىغا ياتقۇزۇپ قاتلىنىپ بوغۇلىدۇ. ھەمدە كۈپكە قاچىلانغان كىسلاتا ئېرىتمىسىگە 21~6 سائەت چىلاپ قويۇ ـ لىدۇ (ئەگەر قونچقا كۈنجۈرە ياكى سىرىچ ئارىلاش سېلىنغان بولسا، كىسلاتاغا چىلانمىسىمۇ بولىدۇ). ۋاقىت توشقاندا پىيما كىسلاتا ئې ـ رىتمىسىدىن چىقىرىلىپ، بوغماقلىرى يېشىلىپ، قازاندىكى قىزىق سۇغا چىلىنىدۇ (كۈنجۈرە قايناتمىسى بولسا تېخىمۇ ياخشى)، ئاندىن قازان ئۈستىگە ئورنىتىلغان تەگلىك تاختاي ئۈستىگە قويۇپ قاتلىـ ـنىپ، قاتلاق ئارىسىغا زىخچە، قاتلاق ئۈستىگە ۋالىك قويۇپ پىشۇرۇ ـ لىدۇ، يەنى ۋالىك چىشلىرىنىڭ سىلجىما ھەرىكىتى ۋە زىچىنىڭ دو ـ مىلىما ھەرىكىتى ئارقىسىدا پىيما دۇمىلىغانسېرى پىشىپ بارىدۇ. پىيما پىشۇرۇش داۋامىدا، مەشغۇلات تاختىسى ئاستىدىكى قازان تې ـ گىگە ئوت قالىنىپ، سۇ قىزىق ھالەتتە ساقلىنىدۇ. پىشۇرۇلۇۋاتقان پىيما ھەر 15~10 مىنۇتتا بىر قېتىم قىزىق سۇغا چۆكۈرۈپ ئېلىـ ـنىدۇ ھەمدە قازاندىكى سۇ تەدرىجىي قايناتىلىپ، پىشۇرۇلۇۋاتقان پىيما ئاستى تەرەپتىن بۇسلاپ تۇرۇلىدۇ.

پىيما پىشۇرۇش داۋامىدا، تەكشى پىشۇرۇش ۋە ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

تەكشى پىشۇرۇش دېگىنىمىزدە، كىگىز بۇيۇملارنىڭ قايسى تەرەپتىن بەكرەك پىشۇرۇلسا، شۇ تەرىپى قېلىنلاپ، كىچىكلەپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پىيمىنىڭ پىشۇرۇلۇش نۇقتىسى ۋە يۆنىلىشى پات پات ئۆزگەرتىلىپ، ھەر خىل نۇقتا ۋە يۆنىلىشتە قايتا ـ قايتا پىشۇرۇلىدۇ. شەكىلگە كەلتۈرۈش دېگىنىمىزدە، پىيمىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە سونجاق ۋە تاپان مەڭزى قىسىملىرى سەل ئېگىزرەك بولىدۇ. سونجاق قىسمى بىلەن تاپان مەڭزى ئارىسىدىكى جايدا تاپان ئويمانچىسى چىقىرىلىدۇ. تاپان مەڭزىدىن پىيما تۇمشۇقىغىچە بولغان ئارىلىق تەدرىجىي يۇقىرىغا ئېگىلىپ، ياي شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. پىيمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سونجاق ۋە تاپان مەڭزى قىسمى سەل چوڭقۇرراق، تاپان ئويمانچىسى سەل ئېگىزرەك بولىدۇ ھەمدە نىسپىي تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىيمىنىڭ شەكلى ئادەم پۇتىنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈش ھالىتىگە لايىقلىشىپ، يول يۈرۈشكە قۇلايلىشىدۇ. شۇڭا پىشۇرۇش داۋامىدا پىيما سىرتقى تەرەپتىن ۋالىك ۋە زىخچە ياردىمىدە پىشۇرۇلىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن قارىنىغا كاتىۋاش سېلىنىپ، سىرتىدىن قولدا ئۇۋۇلاپ ۋە دومىلىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. سونجاق قىسمى سونجاق چۆپتە پات پات سوقۇلىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتلەر پات پات ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلىدۇ.

(5) **پەردازلاش باسقۇچى:** پىيما پىشقاندا قېلىپ باشلىقى پىيما قارنىغا سېلىنىدۇ. قونچىغا شاڭ قېقىلىدۇ. چوماقتا سىرتىغا ئۇرۇلۇپ پىيما شەكلى ئاخىرقى قېتىم ئۆلچەمگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مۆلچەرلەنگەن قېلىپ بىلەن شاڭ پىيما قارنى ـ قونچىغا چوڭ كېلىپ قالسا، ئاستا ئاستا ئۇرۇپ كىرگۈزۈلىدۇ؛ بوش كېلىپ قالسا، پىيمىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا پىيما قېلىپ ۋە شاڭ بىلەن بىللە يۇبول چىش يۈزىگە ھەر خىل نۇقتا ۋە يۆنىلىشتىن سۈركىلىدۇ. ئۈستىدىن پات پات چوماقلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت تاكى پىيما قورۇلۇپ قېلىپ بىلەن شاڭغا چىڭ چىپسىلاشقۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. پىيما پىشىپ ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلگەندە قۇرۇتۇلىدۇ.

قۇرۇتۇشتا پىيمىنىڭ شاڭ ئۇچى تۆۋەنگە، تاپان يۈزى يۇقىرىغا قىلىپ سايە يەرگە تىكلەپ قويۇلىدۇ. ئەگەر پىيما ئېتىش داۋامىدا ھېچقانداق قوشۇمچە خۇرۇچ ئىشلىتىلمىگەن بولسا تەييارلانغان يار

www.uyghurkitap.com



يېلىم ئېرىتمىسى پىيما سىرتقى يۈزىگە تەكشى پۈركىلىپ ئاندىن يېپىلىدۇ. ئۈچ سوتكا يېپىلغاندىن كېيىن، پىيما قۇرۇپ شەكلى مۇقىملىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پىيما سىرتقى يۈزىگە سۈرتاش ياكى سۈپەتلىك پىششىق خىش سۈركەپ قىل - چاڭلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. چوتكا سېلىنىپ ئىسكەت كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن شاڭ بىلەن قېلىپ بېشى ئاۋايلاپ چىقىرىۋېلىنىپ، ساخ ئۈچى ئۆلچەملىك كېسىلىدۇ.

هازىر نەپىس، كۆركەم ئاياغ كىيىملىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئەمگەك ۋە قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، ئالاھىدە مەشغۇلات تۈرى ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش — بىخەتەرلىك كىيىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا، پىيمىغا بولغان ئېھتىياج يوقالماقتا. پىيمىچىلىق كەسپىمۇ يوقالماقتا. هازىر، پىيما ئالاھىدە بۇيرۇتما بولمىسا ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان، بازارغا سېلىنمايدىغان بولدى.

## 3. كۆنچىلىك

كۆنچىلىك هايۋان تېرىسىنى يۇڭ - مويلاردىن تازىلاپ ۋە ئاشلاپ هەر خىل بۇيۇملارنى ئىشلەشكە لايىقلاشتۇرىدىغان قول هۈنەر كەسپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر قول هۈنەر كۆنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەهسۇلاتلار كۆن بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەمما، كۆن كۆنچىلىكتىكى ئاساسلىق مەهسۇلات هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كەسىپ «كۆنچىلىك»، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپ «كۆنچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلگىرى خوتەنلىكلەر ئاياغ كىيىملىرى ۋە ئات - ئۇلاغ جابدۇقلىرىنى تىكىشتە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇملارنى ئىشلىتەتتى. كۆن - خۇرۇم مەهسۇلاتلىرىغا بولغان ئىستېمال تەلىپى يۇقىرى بولغاچقا، كۆنچىلىك ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇهىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «تاككا - تۇككاڭ تۆمۈرچى، پۇلنى ئۇسار كۆنچى، — خىنىكىگىچە[1] ئورا كولاپ، جان تالىشار بۆزچى» دېگەن

① خىنەك — (يەرلىك شېۋە) گال، بوغۇز.

قوشاق ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كۆنچىلىكنىڭ ئەينى زاماندا ناھايىتى ئەتىۋارلىق كەسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىر، سانائەتتە ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇم، رېزىنكە ۋە سۈنئىي خۇرۇمدىن تەييارلانغان بۇيۇملار كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، يەرلىك كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئازايدى. كۆنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كۆلىمى تارىيىپ يوقىلىشقا يۈزلەندى. شۇنداقتىمۇ، بىر قىسىم كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ھېلىھەم ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ ۋە بازارغا سېلىنىۋاتىدۇ.

**1) كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى**

كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرى چەم، كۆن، خۇرۇم، مىشە، ياتا، ياغ تاسما، ئاق لەيكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېرىلىرى، شۇنىڭدەك بىرقىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ.

**كۆن:** ئات، كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىق چوڭ ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. ئۆتۈك، بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرى، ئات - ھارۋا جابدۇقلىرى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. قاتتىق - يۇمشاقلىقى ئوتتۇرا ھال، چىدامىلىق كېلىدۇ. تەييار مەھسۇلات ئاچ كاۋا چېچىكى رەڭدە بولۇپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ھەر خىل رەڭدە بوياپ ئىشلىتىلىدۇ.

**چەم:** قوتاز - تۆگە، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. ئاياغ كىيىملەرگە چەم قىلىنىدۇ. قاتتىق، سۈركىلىشكە ئالاھىدە چىدامىلىق كېلىدۇ.

**خۇرۇم:** قوي، ئۆچكە، كېيىك ۋەموزاي تېرىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يۇمشاق ئەۋرىشىملىكى ياخشى بولۇپ، ھەر خىل ئاياغ كىيىملىرىگە باشلىق ۋە قونچ قىلىنىدۇ (بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىنقى دەۋرلەردە كۆنچىلىكىمىزدە يېڭىچە خۇرۇم ئىشلەش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن، خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشتا ئات، كالا تېرىلىرىمۇ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا خۇرۇم ئىشلەشتىكىدىن ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ. لېكىن ئۇ، ھازىرقى زامان سانائىتىگە مەنسۇپ بولغاچقا، بۇ يەردە پەقەت ئەن-

www.uyghurkitap.com



ئەنئۈۋى خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىلا بايان قىلىنىدۇ).

بىشۇ (مشه): سۈپىتى ناچارراق بولغان قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. رەڭ بېرىلمەيدۇ. يۇمشاق، ئەۋرىشىم كېلىدۇ، چىدامسىزراق بولۇپ، ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىغا ئىشلىتىشكە ياربمايدۇ. ئەستەرلىك قىلىنىدۇ.

ئاق لەيكە: قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. بوياق بېرىلمەيدۇ، يۇمشاق، لېكىن چىدامسىز، ئەستەرلىك قىلىنىدۇ.

ياتا: چوڭ ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. بوياق بېرىلمەيدۇ، قاتتىق، لېكىن ئەۋرىشىم كېلىدۇ. ئات، ھارۋا جابدۇقلىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاق تاسما: چوڭ ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىشلىنىدۇ. ئىسلانمايدۇ، بوياق بېرىلمەيدۇ. لېكىن، قىزىق ياغ بېرىلىدۇ. يۇمشاقلىقى مايىل، ناھايىتى چىداملىق كېلىدۇ. ئات، ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

مۇقاۋىلىق كۆن ـ خۇرۇم: بۇ، چاپلىغەرلىك كەسپىدە كىتاب مۇقاۋىلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كۆنچىلىك مەھسۇلاتى بولۇپ، پەقەت ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ماللارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

2) كۆنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار

كۆن ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەشتە ھاك، شور، تۇز، يەرلىك تەبىئىي بوياق، قومۇش پاسىرى ياكى چىغ قاتارلىق ماتېرىياللار؛ ئىس ئوچىقى، يەر سوغىسى، قازان، ئۇلاق، كۈپ، ئورغاق، چاڭ كەكسى، تارچۆپ، پەشكال، سوقا قاتارلىق دۇكان ـ سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

ھاك: ھاك ئېرىتمىسى تەييارلىنىپ، تېرە داسلاشقا، يەنى تېرىنى يۇمشىتىپ، تۈك ـ موي‌لىرىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

شور: بۇ مەخسۇس شورلۇق، سازلىقلاردىكى داشلاردىن ئېلىنىدىغان شور بولۇپ، ئاق شور، كولىما شور دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ «كۆنچى شورى» دېيىلىدۇ. كۆنچىلىكتە ئىككى خىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ. بىرى، شور ـ تۇز ئېرىتمىسى تەييارلاپ، داسلانغان تېرىلەرنى ھاكسىزلاندۇرۇشقا، يەنە بىرى، شور ئېرىتمىسى تەييارلاپ تېرە شورلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تۇز: ئادەتتىكى ئاش تۇزى بولۇپ، سوقىدا سوقۇپ يۇمشىتىلى-

دۇ، چەم ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يەرلىك تەبىئىي بوياق ماتېرىيالى:** كۆنچىلىكتە ئىككى خىل يەرلىك بوياق ماتېرىيالى ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆرۈك يىلتىزىنىڭ قوۋزىقى:** پىششىقلاپ تەييارلانغان كۆن ـ خۇرۇملارغا تەگلىك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئانار پوستى:** تەگلىك رەڭ ئۈستىگە رەڭ ئېلىشنى كۈچەيتكۈچى ۋاستىچى بوياق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**قومۇش پاسرى ياكى چىغ:** ئىس ئوچىقىغا يېقىلغۇ قىلىپ، تېرە ئىسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىس ئوچىقى:** شورلاپ قىرىلغان تېرىلەرنى ئىسلاپ پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىس ئوچىقى شور ياكى پىششىق خىشتا ياسىلىدىغان، ئاستى تونۇر، ئۈستى مورا شەكىللىك ئوچاق بولۇپ، ئوچاق سۇپىسى، ئوچاق گەۋدىسى، ئوچاق نەيزىسى قاتارلىق ئاساسىي بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئوچاق سۇپىسى ئوچاق گەۋدىسى ئەتراپىغا ياسىلىدىغان سۇپا بولۇپ،ئوچاق گەۋدىسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ ھەم كۆنچىنىڭ مەشغۇلات مەيدانى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى جەھەتتە مۇقىم ئۆلچەم يوق، ئېگىزلىكى ئوچاق گەۋدىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئوچاق سۇپىسى پۈتۈنلەي يەر ئۈستىگە ياسىلىشىمۇ، يېرىمى يەر ئاستىغا، يېرىمى يەر ئۈستىگە ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. ئوچاق گەۋدىسى ئىس ئوچىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدۇر. شور ياكى پىششىق خىشتا كېسىك كۇنۇس شەكلىدە ياسىلىدۇ. كۇنۇس ئاساسىنىڭ دىئامېتىرى 1.40 مېتىر كېلىدۇ. ئۈستى تەرىپى ئوچاق نەيزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئوچاق گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.30 مېتىر كېلىدۇ. ئوچاق گەۋدىسىنىڭ ئاستىنقى يان تەرىپىدىن ئوچاق سۇپىسى سىرتىغا تۇتىشىدىغان سىلىندىر شەكىللىك داپخۇن چىقىرىلىدۇ. داپخۇن ۋە ئوچاق گەۋدىسى ئاستىنقى بوشلۇقى ئوچاق نەيزىسىگە ھاۋا يۈرۈشتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئوچاق تېگىدىكى كۈل داپخۇن ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئوچاق نەيزىسى ئوچاق گەۋدىسىنىڭ ئوچاق سۇپىسى ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدىغان قىسمى بولۇپ، كېسىك كۇنۇس شەكلىدە بولىدۇ. ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، ئۈستۈنكى ئېغىز دىئامېتىرى

15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئوچاق نەيزىسى يېقىلغۇ قاچىلاپ ئىس چىقىرىشقا ۋە تېرە ئىسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**يەر سوغىسى:** بۇ، يەرنى 1.50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇمىلاق ياكى تۆت چاسا ئويۇپ، تېگى ۋە دېۋارىنى سامانلىق سېغىز، چوققا لايدا ياخشى سۇۋاپ ياسىلىدىغان ئورەك بولۇپ، دىئامېتىرى 1.20 مېتىر كېلىدۇ، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، تېرە چىلاپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قازان:** ئادەتتىكى چوڭ چۆيۈن قازان. شور ئېرىتمىسى تەييارلاش، بوياق ماتېرىياللىرىنى قاينىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇلاق:** داسلانغان تېرىلەرنى ھاكسىزلاش، ئىسلانغان تېرىلەرنى شورسىزلاش ۋە پىششىقلانغان كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چىلاپ تەگلىك رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورغاق:** بۇ تەقرىبىي ھىلال ئاي شەكىللىك تۆمۈر سايمان بولۇپ، ياي ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىچكى ئەگمە قىرىدىن بىس چىقىرىلىدۇ. ئەمما، بىسى ئانچە ئۆتكۈر بولمايدۇ. تېرە قىرىش ۋە داسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاڭ كەكسى:** بۇ، بەلچە شەكىللىك تۆمۈر سايمان بولۇپ، سىرتقى ياي قىرىدىن ئۆتكۈر بىس چىقىرىلىدۇ. ياي ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىچكى ياي ئوتتۇرىسىدىن 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا دەستىلىك چىقىرىلىدۇ ۋە ياي شەكىللىك ياغاچ دەستە ئورنىتىلىدۇ. تېرىنىڭ ئىچ يۈزىنى قىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تار چۆپ:** ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچقا تاپانلىق ئورنىتىپ ياسالغان سايمان بولۇپ، شەكلى پەغەز (T)گە ئوخشاش. تېرە قىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پەشكال:** پەلتەڭ شەكىللىك سايمان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، پاچىقىنىڭ ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر بولىدۇ. گەۋدە ياغىچىنىڭ بىر بېشى سىلىندىر شەكلىدە، بىر بېشى پاراللېلېپىپېد ياكى سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ. پىشۇرۇلغان تېرىنى تارتىپ سوزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**سوقا:** ئۆرۈك، چىلان ياغاچلىرىدىن ياسىلىدىغان ھاۋانچا شەكىللىك سايمان بولۇپ، ئاستى تەرىپى يەرگە كۆمۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. تۈزۈلۈشى شال ئاقارتىدىغان قول سوقىسىغا ئوخشىشىدۇ. توق-

ماق بېشى ۋە دەستىدىن تۈزۈلىدۇ. توقماق بېشى 50 سانتىمېتىر، دەستىسى 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ. توقماق بېشىنىڭ تۇمشۇق ئۇچى ئۇزۇن، چۈلدىسى قىسقا بولىدۇ. سوقا تۇز ۋە بوياق ماتېرىياللىرىنى سوقۇپ يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چوتكا:** تېرىگە سۇ يېغى سۈركەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**مۈرگۈي:** بۇ ياغاچ سايمان بولۇپ، چىلان ياغىچىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ.

**سۈرتاش:** ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمې-
تىر ئەتراپىدىكى ياپىلاق كاۋاش تاش بولۇپ، يۈزى تەكشى، سىلىق
بولىدۇ. مۈرگۈي بىلەن سۈرتاش كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۈزد-
نى سۈركەشكە، پەردازلاپ سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئور-
نىغا تۆگىنىڭ پەي - سىڭىرلىرى پاكىز تازىلانغان پاچاق سۆڭىكىد-
نى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**3) كۆنچىلىك مەشغۇلاتى**

تېرىدىن كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش مەش-
غۇلاتى، تەييارلىق باسقۇچى، پىششىقلاش باسقۇچى، پەردازلاش باس-
قۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى.** ھاك ئېرىتمىسى تەييارلاش: كۈپكە بەش
ئۈلۈش سۈزۈك سۇ توشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئۇركۇتۇلگەن ھاك دو-
غىپىدىن بىر ئۈلۈش قويۇلۇپ، قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**شور - تۇز ئېرىتمىسى تەييارلاش:** چوڭ ئۇلاققا 100 ئۈلۈش سۇ، 0.9 ئۈلۈش شور ۋە 0.1 ئۈلۈش تۇز سېلىنىپ قوچۇپ ئېرىتمىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**شور ئېرىتمىسى تەييارلاش:** ئۈچ ئۈلۈش شور، يەتتە ئۈلۈش سۇدا قاينىتىپ ئېرىتمە قىلىنىدۇ.

**شاكىراپ تەييارلاش:** بۇ، تۇزنى سۇدا ئېرىتىش ئارقىلىق تەييار-
لىنىدىغان ئېرىتمە بولۇپ، قويۇقلۇقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇش تە-
لەپ قىلىنىدۇ.

**بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلاش:** ئۆرۈك يىلتىزىنىڭ قوۋزىقى سو-
قىدا سوقۇلۇپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. سۇ
بىلەن قوۋزاقنىڭ نىسبىتى 30:1 بولىدۇ. قوۋزاق ئۇۋاقلىرى ئوبدان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇمشاپ ئېزىلگەندە بوياق تەييار بولغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلاقتا قۇ-يۇلىدۇ؛ ئانار مېۋىسىنىڭ پوستى سوقىدا سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. نىسبىتى 10:1 ئۇلۇش بولىدۇ.

(2) پىششىقلاپ ئىشلەش باسقۇچى. كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئىشى تېرە تازىلاش، داسلاش، ھاكسىزلاش، شورلاش، ئىسلاپ پىشۇرۇش، شورسىزلاش، رەڭ بېرىش قاتارلىق ئىش ھالقى-لىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

تېرە تازىلاش: پىششىقلىنىدىغان تېرىلەر سۈزۈك سۇ قاچىلانغان يەر سوغىسىغا بىر كۈندىن بىر ھەپتىگىچە چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ (ھۆل تېرىلەر بىر كۈن ئەتراپىدا، قۇرۇق تېرىلەر بىر ھەپتىگىچە چىلىنىدۇ). تېرە چالا يۇمشىغان ۋاقىتتا سوغىدىن چىقىرىلىپ، تار چۆپكە ئارتىلىپ، تەتۈر يۈزى ئورغاقتا قىرىلىپ گۆش ـ ياغ قال-دۇقلىرى، قان داغلىرى ۋە توپا يۇقۇندىلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن يەر سوغىسىغا داۋاملىق چىلاپ قويۇلۇپ، تولۇق يۇمشىغاندا سۈزۈپ ئېلىپ سۈيى ساقىتىلىدۇ.

داسلاش: تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى قىل ـ يۇڭلارنى تازىلاشنى كۆر-سىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇمشىتىپ تازىلانغان تېرىلەرنىڭ تەتۈر يۈزىگە ھال ئېرىتمىسى سۈۋىلىپ، قاتلىنىپ 12~10 سائەت دۈملەپ قويۇلى-دۇ، ئاندىن كۆپتىكى ھال ئېرىتمىسىگە 20~15 كۈن چىلاپ قويۇلى-دۇ ۋە پات ـ پات ئۆرۈپ تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. تېرىنىڭ قولتۇق موي-لىرى ئاسانلا يۇلۇنغۇدەك ھالەتكە كەلگەندە كۆپتىن چىقىرىپ، تار چۆپكە ئارتىپ يۇڭ ـ تۈكلىرى ئورغاقتا قىرىپ داسلىنىدۇ.

ھاكسىزلاش: داسلىنىپ بولغان تېرىلەر ئۇلاقتا قويۇلغان شور ـ تۇز ئېرىتمىسىگە چىلاپ ئىككى سائەت دەسسەپ چەيلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرە ھاكسىزلىنىدۇ.

شورلاش: ھاكسىزلانغان تېرىلەر ئۇلاقتىن چىقىرىلىپ، شور قا-زىنىدىكى شور ئېرىتمىسىگە چىلىنىپ شورلاندۇرۇلىدۇ. ئېرىتمە تېمپېراتۇرىسى 30℃ ئەتراپىدا ساقلىنىدۇ. چىلانغان تېرىلەر ھەر 15 مىنۇتتا بىرقېتىم سۈزۈۋېلىنىپ، شور قازىنى گىرۋىكىگە يانتۇ قويۇلغان ئۇلاق تېگىگە قويۇلۇپ سۈيى ساقىتىلىدۇ. ساقىغان شور

ئېرىتمىسى ئۇلاق ئارقىلىق قازانغا قايتىدۇ (تېرىلەر كېچىسى ئۇلاققا سۈزۈپ قويۇلىدۇ). يۇقىرىقى مەشغۇلات ئىككى كۈن تەكرارلانغاندا تېرە شورلىنىپ بولىدۇ.

**ئىسلاپ پىشۇرۇش:** شورلانغان تېرىلەر تار چۆپكە ئارتىلىپ، تەتۈر يۈزى ئورغاقتا قىرىلىپ، قالدۇق گۆش - سىڭىرلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىس ئوچىقىنىڭ نەيزە ئىچىگە قومۇش، چىغ قاتارلىق يېقىلغۇ كەپلەپ سېلىنىپ ئوت يېقىلىدۇ. شەرت شۇكى، يېقىلغۇ تازا چىڭداپ سېلىنىشى، يالقۇن چىقىرىپ كۆيمەستىن، بەلكى ئىس ئۆرلەپ تۇرۇشى كېرەك. ئوچاققا ئىس قويۇلغاندىن كېيىن، شورلاپ تازىلانغان تېرىلەر ئوچاق نەيزىسى ئۈستىگە ئارتىلىپ ئىسلىنىدۇ. ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېرىلەر پات پات نەيزە ئۈستىدىن ئېلىنىپ يېيىپ تۇرۇلىدۇ. ئىسلاش داۋامىدا تېرە يۈزىنىڭ قۇرۇغان جايلىرىغا دەرھال شاكىراپ چېچىپ ھۆللەپ تۇرۇلىدۇ. بۇ مەشغۇلات 24 سائەت داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن سايە جايغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**كۆن كەكلەش:** ئىسلاپ قۇرۇتۇلغان تېرىلەر پەشكال ئۈستىگە ئارتىلىپ، تەتۈر يۈزى ئۈستىگە قىلىنىپ، قىرىپ تۈزلىنىدۇ. يەنى تېرىنىڭ بويۇن، غول، ساغرا قىسىملىرىدىكى ئالاھىدە قېلىن جايلىرى چاڭ كەكىسىدە تەتۈر يۈزى تەرەپتىن ئېھتىيات بىلەن قىرىپ - شىلىنىپ تېرىنىڭ قېلىنلىقى ئاساسەن تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئىشلەشكە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**شورسىزلاش:** كەكلەپ بولۇنغان تېرىلەر پاكىز ئىسسىق سۇ تولدۇرۇلغان ئۇلاققا چىلاپ چەيلىنىدۇ. ئۈچ-تۆت قېتىم پاكىز سۇ يەڭگۈشلەش ۋە ھەرقېتىمدا چەيلەپ چايقاش نەتىجىسىدە، تېرە شورسىزلىنىدۇ ۋە ئىس قايتىدۇ.

**رەڭ بېرىش:** شورسىزلاندۇرۇلغان تېرىلەر ئۆرۈك يىلتىزىنىڭ قوۋزاق قايناتمىسى قويۇلغان ئۇلاغقا يېرىم سائەت چىلىنىدۇ. ئاندىن بوياقتىن چىقىرىلىپ، سايە يەرگە يېيىلىدۇ ۋە پات پات قېقىپ، ئورۇن يۆتكەپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ ئاخىرقى مەشغۇلات ئارقىلىق تېرىلەر تەگلىك رەڭگە — ئاچ كاۋا چېچەكى ياكى مېغىز رەڭگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكەتلىكى www.uyghurkitap.com


(3) پەردازلاش باسقۇچى. ۋاستىچى بوياق بېرىش ۋە پارقىرىتىش مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

ۋاستىچى بوياق بېرىش: ئانار پوستى قايناتمىسى چوتكا ياكى پىلتىكۈچتە تەگلىك رەڭ بېرىلگەن تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىگە تەكشى سۈركىلىدۇ. بۇنداق ۋاستىچى بوياق بېرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋاستىچى بوياق بېرىلگەن تېرىنى ئىنچىكە پىششىقلىغاندا (مەسىلەن، قارا، خورما رەڭلەرگە كىرگۈزۈشكە توغرا كەلگەندە) بوياقنى ياخشى ئالىدۇ. رەڭ تولۇق ياخشى بولىدۇ. ۋاستىچى بوياق بېرىلمىسە ئىككىلەمچى بوياقنى ئالمايدۇ ياكى تولۇق ۋە تەكشى ئالمايدۇ، ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدۇ.

پارقىرىتىش: بۇ، كۆنچىلىكتىكى ئاخىرقى مەشغۇلات بولۇپ، ئاۋۋال سۇ يېغى چۈچۈتۈلۈپ، تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىگە چوتكىدا سۈركىلىدۇ، تەتۈر يۈزىگە پۈركۈپ چېچىلىدۇ. ياغ تېرىگە بىر ئاز سىڭگەندىن كېيىن تېرە پەشكال ئۈستىگە قويۇلۇپ، مۇرگۇي ياكى سۇر تاشتا كۆچەپ سۇرۇپ سىلىقلىنىدۇ. ھەر ئىككى يۈزى تولۇق ۋە تەكشى سۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، تېرە چىڭدىلىدۇ. يۈزىدىكى مۇدۇر ـ چوقۇرلار تۈزلىنىپ پارقىرايدۇ، ئاندىن قاتلاپ ياكى كېسىپ قاچىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بويىچە پىششىقلانغان تېرىلەردىن چوڭ ھايۋان تېرىلىرى كۆن، قوي ـ ئۆچكە تېرىلىرى خۇرۇم بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشتىكى ئومۇمىي مەشغۇلات قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ پىششىقلىنىش ئۇسۇلىدىمۇ بۇ ئومۇمىي قائىدىگە چۈشمەيدىغان تەرەپلەر بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى ھۈنەرۋەنلەر كۆنچىلىك مەشغۇلاتىدا، پىششىقلىنىۋاتقان تېرىلەرنى ھاكسىزلاپ بولغاندىن كېيىن شورلاش ئالدىدا كەپتەر مايىقى سۈيىگە چىلايدۇ. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: سۈزۈك سۇغا 10:1 نىسبەتتە پاكىز ئادالانغان كەپتەر مايىقى سېلىنىپ، 70℃ ئەتراپىدا قىزىتىلىدۇ. ئاندىن شۇ كەپتەر مايىقى بىلەن بىللە كۆپكە قويۇلۇپ، ئۈستىگە پىششىقلىنىدىغان تېرىلەر سېلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. تېرە بۇنداق سۇيۇقلۇقتا بىر سوتكا چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈۋېلىنىپ، تار چۆپكە ئارتىلىپ،

ئورغاقتا يەنە بىر قېتىم قىرىپ پاكىزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن
ئۆرۈك يىلتىزى قوۋزىقىنىڭ قايناتمىسىغا ئىككى سائەت چىلاپ قو-
يۇلىدۇ. قوۋزاق سۈيىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن چايقاپ شور قازىنىغا
سېلىنىپ شورلىنىدۇ.

**چەم ياساش:** چەم ياساشقا ھەم سېمىز قوتاز، تۆگە، كالا تېرىلى-
رى ئىشلىتىلىدۇ. ھاكىسىزلاشقۇچە بولغان مەشغۇلات قائىدىسى كۆن
ياساشنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ھاكىسىزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تې-
رىلەر شورلانماستىن تېرە يۈزىگە سوقۇپ تەييارلانغان تاشتۇز سې-
پىلىدۇ. ئاندىن تېرە ئىس ئۇچىقىغا ئارتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئىسلى-
نىش داۋامىدا تېرىنىڭ قۇرۇغان جايلىرىغا شاكىراپ چېچىپ تۇرۇ-
لىدۇ. قايتا قايتا ئىسلاش ۋە قايتا قايتا شاكىراپ چېچىش ئارقىلىق
تېرە تەدرىجىي قۇرۇپ قاتىدۇ ۋە ئېلاستىك ھالەتكە كېلىدۇ. تېرە
يۈزى بىر ئاز سارغىيىپ پىشىدۇ. ئاندىن ئۆرۈك يىلتىزى قوۋزىقى-
نىڭ قايناتمىسىغا بىر سائەت ئەتراپىدا چىلاپ چەيلىنىدۇ. چىلاپ
چەيلىنىش داۋامىدا،بىر تەرەپتىن تېرىنىڭ تۈزى يانىدۇ،بىر تەرەپ-
تىن تەگلىك رەڭ ئېلىپ، ئاچ كاۋا چېچىكى رەڭگە كىرىدۇ. قوۋزاق
سۈيىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاخىرىدا قۇرۇپ
قاتقان تېرە يۈزىگە ھاۋا سېلىپ دۈملەپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە پەشكالغا
ئارتىپ چاڭ كەكىسى سېلىپ ھەمدە قول ئىشى ئارقىلىق ھەممە تە-
رەپتىن كۈچەپ سوزۇپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاساسەن قۇ-
رۇغاندا كېسىپ قاچىلىنىدۇ.

**خۇرۇم:** قوي، ئۆچكە تېرىلىرى ئومۇمىي قائىدە بويىچە پىش-
شىقلانغاندىن كېيىن، تەگلىك رەڭ بېرىش باسقۇچىغا كەلگەندە،
ئۇدا ئۈچ قېتىم تەگلىك رەڭگە (قوۋزاق سۈيىگە) سېلىنىدۇ. شۇڭا،
تەگلىك رېڭى توق، تېرىسى يۇمشاق، يۈزى گۈللۈك، پارقىراقلىقى
يۇقىرى بولىدۇ.

**ياتا:** ئىسلانمايدۇ، تەگلىك بوياققا سېلىنمايدۇ، شورلىنىپ بول-
غاندىن كېيىن سۈيى بىر ئاز قاچۇرۇلۇپ قازاندا ئىسسىتىلغان سۇ
يېغىغا چىلىنىدۇ. ياغنى سۈمۈرۈپ بولغاندا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

مىشە، ئاق لەيكە پىششىقلاش ئۇسۇلى كۆن پىششىقلاشنىڭكىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاش، ئەمما تەگلىك بوياقتا سىلىنمايدۇ. تەييار مەھسۇلات ئاق ياكى ئاچ كۆككە مايىل ئاق بولىدۇ.

مۇقاۋىلىق كۆن ـ خۇرۇمنىڭ مۇتلەق پاكىز بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، تېرە تازىلاشتا يەر سوغىسىغا چىلانماي، ئارغامچىدا باغلىنىپ، ئېقىن سۇغا بىر نەچچە كۈن چىلىنىپ تازىلىنىدۇ. پىششىقلاش داۋامىدا باشقا تېرىلەر (بولۇپمۇ گۆشى ھارام ھېسابلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى بىلەن) ئارىلاشتۇرماي ئايرىم پىششىقلىنىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەشنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ.

## 4. تېرە ئاشلاش ۋە ئەيلەش

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالىدا يۇڭلۇق ھايۋان تېرىلىرىدىن تۇماق، تەلپەك، قولاقچا، جۇۋا، تېرە جىلىتكە، تېرە ئىشتان، پەلەي قاتارلىق كىيىملەر تىكىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا تېرە يوتقان، تېرە كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان.

ۋاھالەنكى، تەبىئىي قۇرۇتۇلغان تېرىلەرنىڭ يۈزى تارشىدەك قاتتىق بولىدۇ. قاتلانسا سۇنۇپ كېتىدۇ. كۈچەپ تارتىلسا يىرتىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تەبىئىي تېرىلەردىن يۇڭلۇق كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەك تىكىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تېرە ئاشلاش ۋە ئەيلەش دەل مۇشۇنداق ئېھتىياج ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن قول ھۈنەر تۈرىدۇر.

تېرە ئاشلاش ۋە ئەيلەشتە مەلۇم ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق تېرىنىڭ يۈزىنى يۇمشىتىپ، ئېلاستىك ھالەتكە كەلتۈرۈش ۋە ئاقارتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاشلاش بىلەن ئاقارتىش بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تېرىلەر ئاشلىنىش ئارقىلىق ئەيلەشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىدۇ. ئەيلەش ئارقىلىق يۈزىدىكى گۆش ـ سىڭىر قالدۇقلىرى تازىلىنىپ ئاقارتىلىدۇ ۋە ئەۋرىشىملىككە ئىگە قىلىنىدۇ.

ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي، ئۆچكە، توشقان، ئىت قاتارلىق

ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، تۈلكە، قاما، سۇ ـ يەلسۈن، سۇغۇر، قۇندۇز، بۇلغۇن، سۆسەر، كېيىك، ياۋا توشقان قا ـ تارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئاشلىنىپ ئېيلىنىدۇ. بۇلاردىن قوي تېرىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ھەر خىل باش كىيىملىرى، جۇۋا، ئىشتان، يوتقان ـ كۆرپە تىكىلىدۇ. بۆرە، تۈلكە، ئىت تېرىلىرىدىن جۇۋا تىكىلىدۇ. قاما، سۇلەيسۇن، سۇغۇر، قۇندۇز، يۇلغۇن، سۆسەر، تۈلكە، توشقان تېرىلىرىدىن باش كىيىم ـ لىرى تىكىلىدۇ، تېرە ياقا ئىشلىنىدۇ. كېيىك تېرىسىدىن جاينا ـ ماز، كۆرپە تىكىلىدۇ. ئۆچكە تېرىسىدىن يوتقان ـ كۆرپە تىكىلىدۇ.

تېرىلەر ئاشلىنىپ ئېيلەنگەندىن كېيىن، يۇزى يۇمشاپ، ئېلاس ـ تىكلىقى ئاشىدۇ، ئاقىرىدۇ. قاتلاشقا، تارتىشقا چىداملىق بولىدۇ. تۈك مويلار ۋە كىر ـ داغلاردىن پاكلىنىپ، تال تال چېچىلىپ، كۆر ـ كەملىكى ئاشىدۇ.

1) تېرە ئاشلاش، ئەيلەش سايمانلىرى

تېرە ئاشلاش، ئەيلەشتە دۇشاپ، كۈپ ۋە ئورغاق قاتارلىق ماتې ـ رىيال ـ سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

دۇشاپ: بۇ، تېرە ئاشلاشقا ئىشلىتىلىدىغان دوغاپ بولۇپ، تۇز بىلەن ئاق ئۇن سۇزۇك سۇغا چىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتى: سۇ 10 كىلوگرام، ئۇن بىر كىلوگرام، تۇز 0.5 كى ـ لوگرام. قىسمەن ھاللاردا ئاق ئۇن ئورنىغا تۇز ئىشلىتىلىسمۇ بولى ـ دۇ. دۇشاپ تەييارلاشتا سۇ تولدۇرۇلغان كۈپكە تۇز قويۇلۇپ، ئاندىن ئۇن چىلىنىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دۇشاپنى تەكرار ئىشلىتىش ـ كە بولىدۇ. لېكىن، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، تېرىگە سېسىق پۇراق ئورناپ قالىدۇ.

ئورغاق: ئورغاق ئاشلانغان تېرىنى ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، تىغ ۋە دەستىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. تىغ تۆمۈردىن ياسالغان ياي شەكىللىك دېتال بولۇپ، سىرتقى ياي ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، ئىككى بېشىنىڭ كەڭلىكى تۆت سا ـ تىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر، يايخوردا ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىچكى ياي قىرىدىن بىس چىقىرىلىدۇ. بىسنىڭ بەك ئۆتكۈر ياكى بەك گال بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئورغاق دەستىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قۇيرۇق تەرىپىنى 3/1 قىسمى بىر تەرەپكە ئېگىلگەن، ئىككى بېشى ئىنچىكىرەك، ئوتتۇردىسى تومراق بولىدۇ. دەستە قۇيرۇق ئۇچىنىڭ ئەگمە ئىچكى تەرىپىدىن دەستە ئوتتۇرا قىسمىغا قارىتىپ ئېرىقچە ئويۇلىدۇ. ئېرىقچە دەستە ئوتتۇرىسىنىڭ سىرتقى يۈزىگە تۇتىشىدۇ. تىغ مۇشۇ ئېرىقچىگە چۈشۈرۈلۈپ، دەستىگە مىخلىنىدۇ. دەستە بېشىغا تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىپ، ئۇنىڭغا تانا ياكى چىگىدىن تاپانلىق ھالقا چىقىرىلىدۇ.

**2) تېرە ئاشلاش، ئەيلەش مەشغۇلاتى**

تېرە ئاشلاش ۋە ئەيلەش مەشغۇلاتى ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) ئاشلاش باسقۇچى:** ئاشلىنىدىغان خام تېرىلەر ئاۋۋال پاكىز سۈزۈك سۇغا چىلىنىپ يۇمشىتىلىدۇ. تەكرار چايقاش ئارقىلىق قان داغلىرى ۋە كىر - توپىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن كۈپتىكى دۇشاپقا سېلىنىدۇ. دۇشاپ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 20℃ تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ھاۋا سوغۇق پەسىللەردە تېرە ئاشلىنىدىغان ئۆيگە مەش قويۇلىدۇ. دۇشاپقا سېلىنغان تېرىلەر ھەر كۈنى بىر نۆۋەت ئۆرۈپ تۇرۇلىدۇ. ئۆرۈش داۋامىدا تېرىنىڭ قاتلاق، قورۇق جايلىرى سوزۇپ تەكشىلەپ تۇرۇلىدۇ.

تېرە ئاشلاشنىڭ مۇقىم ۋاقىت چېكى يوق، ئاش يېيىش (ئاشقا تويۇنۇش) ۋاقتى تېرە خىلى ۋە دۇشاپ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك پەرقلىق بولىدۇ. ئومۇمەن، تېرىنىڭ قولتۇق قىسمىدىكى تۈكلەر ئاسانلا يۇلۇنۇپ چىقسا ياكى بارماقنى سۈركىگەندە نېپىز تۈك تېرىسى سويۇلۇپ چىقسا ئاش يېگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تېرىنىڭ ئاش يېگەن - يېمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئاش ئۆتۈپ كەتسە تېرە يۈزىدىكى بارلىق تۈكلەر ياكى بىر قىسىم تۈكلەر چۈشۈپ كېتىپ تېرە كېرەكتىن چىقىدۇ. ئاش كەم قالسا ئەيلەش قىيىن بولىدۇ. تېرە قاتتىق ۋە ئەۋرىشىملىكى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ، تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

مۇۋاپىق چەكتە ئاش يېگەن تېرە دۈشاپتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، پاكىز قۇمغا تەتۈر يۈزى تۆۋەن قىلىنىپ يېيىلىدۇ. ئۈستىدىن پاكىز قۇمدا كۆمۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلۇپ، سۇيى تارتىلىپ بولغاندا قۇمدىن چىقىرىپ قېقىۋېتىپ يەنە قۇمغا كۆمۈلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن تېرە قۇم ۋە دۈشاپ قالدۇقىدىن پاكىزلىنىپ يېرىم قۇرۇق ھالەتكە كېلىدۇ. ئاندىن سايە يەرگە يېيىپ تولۇق قۇرۇتۇلىدۇ. ئاشلانغان تېرىلەر سالقىن، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يەردە ساقلىنىدۇ. تېرە ئارىلىقلىرىغا ھۆل ياڭاق غازىڭى سېلىپ قويۇلسا، كۈيە چۈشۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**(2) ئەيلەش باسقۇچى:** تېرە ئەيلەش دېگەنلىك ئاشلانغان تېرە يۈزىنى قىرىپ ئاقارتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئالدى بىلەن ئاشلىنىپ قۇرۇتۇلغان تېرىلەرنىڭ چەم يۈزى سۇ پۈركۈپ ياكى سۇدا چوتكىلاپ نەمدىلىدۇ. بۇ، «ھاۋا سېلىش» دېيىلىدۇ. ھاۋا سېلىنغان تېرىلەر بىر دەم قويۇلۇپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، غول سىزىقى ئاساس قىلىنىپ، تەتۈر يۈزىگە قاتلىنىپ، نەم يەردە ئۈستىدىن تاختاي ياكى كۆتەكتە باسۇرۇپ قويۇلىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن تېرە ھاۋىسى كېلىشىپ يۇمشايدۇ، يەنى تېرىنىڭ تەتۈر يۈزى ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇراھال كۈچ بىلەن تارتىلغاندا ئاسانلا سوزۇلۇپ كېرىلىدۇ. بۇ، ھاۋىسى كېلىشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. سوزۇلمىسا ياكى ئوبدان سوزۇلمىسا قايتا ھاۋا بېرىلىدۇ.

تېرە ئەيلىگەندە ئاۋۋال تۆت تەرەپكە تارتىپ سوزۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەت «كېرىچلاش» دېيىلىدۇ. كېرىچلانغاندىن كېيىن تەتۈر يۈزى قولدا مۇجۇپ ـ ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە غول سىزىقى ئاساس قىلىنىپ، تەتۈر يۈزى سىرتقا قىلىنىپ قاتلىنىپ، بويۇن قىسمىدىن چىگىدە باغلاپ تۇرۇستىكى قارماققا ئىلىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولدا ئورغاق چوققىسىنى تۇتۇپ، سول قولدا تېرىنىڭ تەتۈر يۈزىنى قورۇپ تۇتۇپ قىرغاق چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئورغاق بېسى تېرە قىرغاق يۈزىگە قويۇلۇپ، دەستىنىڭ تاپانلىق ھالقىسىغا پۇتتا دەسسەپ ئورغاق تۆۋەنگە بېسىلىدۇ. مۇشۇ تەكرار ھەرىكەت ئارقىلىق تېرە تەتۈر يۈزىدىكى گۆش، سىڭىر قالدۇقلىرى قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

چىقىرىپ تاشلانغان نەرسىلەر «قىرىندى» دېيىلىدۇ. تېرىنىڭ تەتۈر يۈزى ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ تولۇق قىرىلىدۇ. بويۇن ئاستى قىسمى قىرىلىپ بولغاندا چىگمەكتىن بوشىتىلىپ، قۇيرۇق قىسمىدىن باغلاپ ئېسىش ئارقىلىق بويۇن قىسمى قىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ تەتۈر يۈزىمۇ ئوبدان ئاقىرىدۇ. ئېلاستىكىلىقى ئاشىدۇ، قاتلاشقا، سوزۇشقا چىداملىق بولىدۇ.

## 5. يارىيىلىمچىلىق

يار يېلىم يېپىشقاقلىقى يۇقىرى، چاك تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر خىل يېلىم بولۇپ، بەزى ھايۋانلارنىڭ تېرە پاچاقلىرىنى قاينىتىپ قىيام قىلىپ قاتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تەييار مەھسۇلات قاتتىق ھالەتتە بولۇپ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئېرىمەيدۇ. سارغۇچ، سۇزۇك رەڭدە بولغىنى سۈپەتلىك، قارا، دوغ بولغىنى سۈپەتسىز كېلىدۇ. ئىشلىتىش ۋاقتىدا سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېرىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

يار يېلىم ياغاچچىلىق كەسپىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. يار يېلىم ئارقىلىق پارچە تاختايلارنى بىر بىرىگە يەملەپ بىر پۈتۈن تاختايغا ئايلاندۇرغىلى، تۇرۇم ـتۆشۈكلەرنى تۇتاشتۇرۇپ ياغاچ بۇيۇملارنىڭ كۆركەملىكى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سىرچىلىقتا سىرلىنىدىغان بۇيۇمغا سىر تەگلىكى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سىر تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. قومچاقتا قومباغلاشتا يېپىشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. قول ھۈنەر ئارقىلىق يار يېلىم ياساش ئىشى ھازىر ئاساسەن يوقالدى.

**1) يار يېلىم ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

يار يېلىم ياساشتا ئات ـ تۆگە، كالا تېرىلىرى ۋە پاچاقلىرى، قوي، ئۆچكە تېرىلىرى، جۇۋىچىلىق، تۇماقچىلىق داۋامىدا مۇشۇ خىل تېرىلەردىن چىقىرۋېتىلگەن پورۇچلار خام ئەشيا قىلىنىدۇ. قايچا، پىچاق، قازان ـ چۆمۈچ، گۇرجەك، غەلۋىر، كاسا، ئات قىلى، بورا قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

**قايچا-پىچاق:** خام ئەشيانى قىرىپ داسلاش، پاكىزلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**گۈرجەك** (ياغاچ گۈرجەك): قىيام قوچۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**غەلۋىر** (سىم غەلۋىر): قىيام تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. سىم غەلۋىر بولمىغان ئەھۋالدا، ئىنچىكە تالدىن پۇختا توقۇلغان سېۋەت ئىشلىتىلىدۇ.

**كاسا**: قىيام ئۇيۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**بورا (قومۇشتىن توقۇلغان بورا)**: يىلىم يېيىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئات قىلى**: بۇ، ئات يايلى ياكى قۇيرۇقىدىن ئېلىنغان ئۇزۇن قىل بولۇپ، قىيام ئۇيۇتمىسىنى تىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 2) يار يىلىم ياساش مەشغۇلاتى

يار يىلىم ياساش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، قىيام قىلىش باسقۇچى، كېسىپ قۇرۇتۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى**: بۇ باسقۇچتا خام ئەشيانىڭ يۇڭ ـ تۈكلىرى قىرقىپ تاشلىنىدۇ. تېرىنىڭ تەتۈر يۈزى ۋە پاچاقلاردىكى قان، توپا داغلىرى، تېزەك ـ ماياق قالدۇقلىرى قىرىپ ئادالىنىدۇ. پۈتۈن تېرىلەر كېسىپ پۇرۇچقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. قازان يۇيۇپ تازىلىنىدۇ.

**(2) قىيام قىلىش باسقۇچى**: قازانغا سۇ قۇيۇپ قايىنىتىلغاندىن كېيىن، تەييارلانغان پۇرۇچ، پاچاقلار قازانغا سېلىنىپ ئۇلۇغ ئوتتا قايىنىتىلىدۇ. خام ئەشيانىڭ قازان تېگىگە چۆكۈۋېلىپ كۆيۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۈرجەكتە توختىماي قوچۇپ بېرىلىدۇ. پۇرۇچ تولۇق يۇمشاپ ئېزىلىپ بولغىچە ئارىلىقتا قازانغا سۇ تولۇقلاپ تۇرۇلىدۇ. 10 سائەت ئەتراپىدا قايىنىتىلغاندىن كېيىن، تېرە ـ پاچاقلارنىڭ ئەت ـ سىڭىرلىرى پۈتۈنلەي ئېزىلىپ، سۇغا تەكشى تاراپ قىيام بولىدۇ. قىيامنىڭ ساپ قىسمى كاسىغا ئېقىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. غەلۋىردە سۈزۈلۈپ قالغان سۆڭەك، تۈك قاتارلىق سۈزۈندىلەر سىقىلغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدۇ. كاسىدىكى ساپ قىيام كىچىك تەڭنە، جاۋۇر ياكى كىچىك قازانلارغا قۇيۇلۇپ، سۆرۈن سايە يەرگە قويۇلىدۇ.

**(3) كېسىپ قۇرۇتۇش باسقۇچى**: جاۋۇرغا ئېلىنغان يار يىلىم قىيامى سۆرۈن جايدا 12 سائەت قويۇلغاندىن كېيىن ئۇيۇپ، ئاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەڭپۈڭ ھالىتىگە كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا يىلىم ئۇيۇتمىسى ئۆتكۈر پىچاقتا بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە كېسىلىپ، ئېھتىيات بىلەن جاۋۇردىن چىقىرىلىپ، ئۈستى يۈزى ئاستىغا قارىتىلىپ تاختاي ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئاندىن ئات قىلىدا ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر ئۆلچەمدە تىلىنىدۇ ۋە سالقىن، سايە جايغا سېلىنغان پاكىز بورا ئۈستىگە بېسىپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن تىلىملارنىڭ ئاستى يۈزى ئۈستىگە ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن تىلىملار يېرىم قۇرۇق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا بىر بېشىدىن ئىنچىكە يۇلغۇن زىخچە ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر 20 دانىسى بىر زىخ قىلىنىپ، تاقاقتا ئېلىپ شامالغا سېلىنىدۇ. 10 كۈندىن كېيىن تولۇق قۇرۇپ بولىدۇ ۋە يىغىۋېلىنىپ ئوراپ قاچىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلدا يار يىلىم ياساشتا خام ئەشيانى تاللاش، تازىلاش ۋە ۋاقىتنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئۈچ ھالقا يىلىم سۈپىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئات، تۆگە قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ پاچىقىنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان يىلىمنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. قوي تېرىسىدە ياسالغىنى ئىككىنچى ئورۇندا، باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە ياسالغىنى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتىكى ئۇخشاش بولمىغان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللار ئايرىم تاللاپ يىلىم قايىنىتىلىدۇ.

خام ئەشيانى تازىلاشتا، تېرىلەرنى ياخشى داسلاش، قىيامغا سىڭىپ كەتكەن قاننىڭ كىر ـ توپىلارنى يۇيۇپ چىقىرۋېتىش، قىيام قايىنىتىش داۋامىدا ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي خام ئەشيانى توختاۋسىز قوچۇپ، قىيامنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. خام ئەشيا ياخشى تازىلانسا ۋە كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنسا، ياسالغان يىلىم سارغۇچ سۈزۈك، سۈپىتى، ياخشى بولۇپلا قالماستىن، مەھسۇلات مىقدارىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يىلىمنىڭ رەڭگى قارا، يېپىشقاقلىقى تۆۋەن بولۇپلا قالماي،

مەھسۇلات مىقدارىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.
بۇ ئۇسۇلدا يار يىلىم ياساش مەشغۇلاتى تەبىئىي مۇھىت شارائى-
تىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تە-
سىرى زور بولىدۇ. شۇڭا، پەقەت 3 ـ ۋە 9 ـ ئايلاردىلا يىلىم ئىش-
لەپچىقىرىشقا بولىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغان مەزگىلدە قاينى-
تىلغان قىيام قېتىشمايدۇ. تمپېراتۇرا بەك تۆۋەن چاغلاردا قاينى-
تىلغان قىيام قۇرۇتۇش داۋامىدا توڭلاپ قالسا، شىرنىسى يوقىلىپ،
يېپىشتۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

## 6. زەيچىلىك

زەي تېرىنى تىلىپ تالاپ ياسىلىدىغان ئىنچىكە شوينا بو-
لۇپ،دىئامېتىرى ئۈچ مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. زەينىڭ سوزۇ-
لۇشقا بولغان چىدامچانلىقى خېلىلا يۇقىرى، شۇڭا ئۇ ئاتقۇچىلىق
دۇكىنىنىڭ پاختا ۋە يۇڭ ئاتىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيالى قىلىنى-
دۇ. مۇشتا زەربىسىدە زەي قاتتىق تىترەپ ـ سىلكىنىپ يۇڭ، پاخ-
تا، ماز تالالىرىنى سىلكىپ ـ تىتىپ يۇمشىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا
ئۈۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قىسماقلارغا تور① بەرگۈچى ئا-
ساسىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ. زەي نەملىكتىن قورقىدۇ. نەملىشىپ
قالسا تەيسىرەپ قالىدۇ (سوزۇلۇپ كېتىپ، كۈچسىز بولۇپ قالى-
دۇ). ھەرىكەت ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، زەينى ھەر-
گىز نەم تارتقۇزۇپ قويماسلىق لازىم.

**1) زەي ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار**

زەي ياساشتا تېرە خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئورغاق، قايچا، تالام
ياغچى قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.
تېرە: زەي ياساشقا چوڭ ئۆچكە، كىيىك تېرىسى خام ئەشيا قى-
لىنىدۇ. زەينىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سېمىز،
ساغلام ماللارنىڭ تېرىسىنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
يىلىم: ئۆرۈك دەرىخىنىڭ تەبىئىي يىلىمى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن
يۇمشاق سوقۇپ تالقانلىنىدۇ. زەي تالاش ۋاقتىدا تېرە تىلمىلىرى يە-

①تور بېرىش ـــ تولغانما ھەرىكەت ھاسىل قىلغۇچى كۈچ بېرىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىم پاراشوكىغا مىلىنىپ قات ئارىسىغا ئېلىنىدۇ. يىلىم زەي قاتلى-
رىنىڭ يېپىشقاقلىقى، چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**قازان ياكى ئۇلاق:** زەي ياسىلىدىغان تېرىنى سۇغا چىلاپ يۇمـ-
شىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورغاق:** كۆنچى ئورغىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تېرىنىڭ تۈك-
لىرىنى ۋە تەتۈر يۈزىنى قىرىپ داسلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قوزۇق** (ئىنچىكە ياغاچ قوزۇق): تېرە كېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**قايچا** (ئادەتتىكى قايچا): تېرىدىن قىيىقچە كېسىشكە ئىشلىتى-
لىدۇ.

**تالام ياغىچى** (ئىنچىكە تاياق): زەي تالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**تېرەك** (بىر ئۇچىدا ئاچىسى بولغان ياغاچ تاياق): تارتىلغان زەي-
گە تېرەك قىلىنىدۇ.

**2) زەي ياساش مەشغۇلاتى**

زەي ياساش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، قىيىقچە تىلىش
باسقۇچى، تالاش باسقۇچى، قۇرۇتۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆت
باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ.

**(1) تەييارلىق باسقۇچى:** ئۆچكە، كىيىك تېرىلىرى سۈزۈك سۇغا
بىر سوتكا چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ. تېرىنىڭ تەتۈر يۈزىدىكى قان، توپا
يۇقۇندىلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن بوينى تەرەپتىن ياغاچ
ئېسىپ، ئورغاقتا يۇڭلىرى قىرىپ پاكىز داسلىنىدۇ.

**(2) قىيىقچە تىلىش باسقۇچى:** داسلاپ تەييارلانغان تېرە ئەتراپىغا
كىچىك قوزۇقلار قېقىلىپ تۈز يەرگە كېرىپ قويۇلىدۇ. تېرىنى
كېرىش ئارقىلىق ئىككى يان تەرىپىگە كۆچەپ سوزۇپ ۋە بويۇن،
قۇيرۇق، پاچاق تەرەپلىرىدىكى ئارتۇقچە قىسىملىرىنى كېسىپ چىـ-
قىرىۋېتىپ تېرە يۈزى ئاساسەن چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. قو-
زۇق قېقىپ تېرىنى كەرگەندە، تېرە يۈزىنىڭ يەرگە تېگىپ قېلىپ
بۇلغىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، قۇرۇتۇش داۋامىدا تېرە چەتلى-
رىنىڭ قورۇلۇپ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن، قوزۇقنى كۆپرەك ئىشلىتىش (ئادەتتە بىر پارچە تېرىنى
كېرىش ئۈچۈن 50~40 تال قوزۇق ئىشلىتىلسە بولىدۇ) لازىم.

كېرىپ قويۇلغان تېرە شامالداپ تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قوزۇقتىن چىقىرىپ قايچىدا قىيىقچە تىلىنىدۇ، يەنى چەمبەر چېتىدىن چەمبەر مەركىزىگە قارىتىپ ئايلانما سىزىق بويلاپ تىلىنىدۇ. قىيىقچە كەڭلىكى تېرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن 6~7 مىللىمېتىر بولىدۇ. زەي سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،قىيىقچە كەڭلىكىنىڭ باشتىن ئاخىرى ئوخشاش بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**(3) زەي تالاش باسقۇچى:** تېرە قىيىقچە سۈزۈك سۇغا بىر سائەت ئەتراپىدا چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ. تېرە ئىچكى قىسمىغا سۇ سىڭىپ تولۇق يۇمشاپ بولغاندا سۈزۈۋېلىنىپ، سۈيى سارقىتىلىدۇ. ئاندىن ھەر تۆت تال قىيىقچە بىر قىلىپ جۈپلىنىپ، ئۆرۈك يېلىمى پاراشوكىغا مىلەنگەندىن كېيىن، تالام ياغىچىدا ئوتتۇراھال پىششىقلىقتا تالاپ تور يېگۈزۈلىدۇ.

**(4) زەي قۇرۇتۇش باسقۇچى:** زەي تالىنىپ بولغاندىن كېيىن، تالام ياغىچىدىن چۇۋۇپ چىقىرىلىپ، بارماقتا بىر باشتىن قاتتىق قىسىپ سىيرىپ، سۈيى سارقىتىلىدۇ ۋە ئىككى ئۇچى ئىلمەككە چىڭ تارتىپ باغلىنىدۇ. زەينىڭ ئېغىرلىق تەسىرىدە سوزۇلۇپ، ئالاڭغۇ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاچا ياغاچتا ھەر ئىككى-ئۈچ مېتىر ئارىلىقتا بىردىن تىرەك قويۇلىدۇ. قىيىقچىلارنىڭ تەكشى كېسىلمەسلىكى، ئەسلى تېرە قېلىنلىقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زەينىڭ توم بولۇپ قالغان جايلىرىغا ئاسما تاش ئېسىپ قويۇلىدۇ. تىرەكلەر بىلەن ئاسما تاش ئورنىنى ھەر ۋاقىت يۆتكەپ تۇرۇش ئارقىلىق زەي تومۇلۇقىنىڭ بىر خىل بولۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. زەي 90% قۇرۇپ بولغاندا باغلاقتىن يېشىلىپ، ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئېلىپىس شەكلىدە يۆگەپ كاللەكلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە بىر پارچە چوڭ ئۆچكە تېرىسىدىن تۆت كاللەك زەي پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولىدۇ.

زەي ھازىرمۇ ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلماقتا ۋە بازارغا سېلىنماقتا.

**( مۇھەممەتئېمىن سابىر )**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەشىنچى باب

# كۆكۈل ئېچىش سايمانلىرى ياساش ھۈنەر ـــ سەنئىتى

خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىلىق تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا، كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى تۈرلۈك ئويۇنلار، تەنتەربىيە ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ماس بولغان ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

## §1. يەللىك چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى

يەللىك چالغۇلار دېگىنىمىز ـــ پۈۋلەش ئارقىلىق چېلىنىدىغان، ئاۋاز كۈچى ۋە ساداسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئاھاڭ ھاسىل قىلىشى قاتارلىقلار ئېغىزىمىزدىن چىقىۋاتقان ھاۋا ئېقىمى، لەۋلەر شەكلى، شۇنداقلا بارماقلارنىڭ كونترول قىلىشىدا نامايان بولىدىغان چالغۇ سايمانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ يەللىك چالغۇلىرى بالىمان، نەي، بۇرغا، كاناي، سۇنايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى يىراق قەدىمىي زامانلارغا تۇتىشىدۇ.

### 1. بالىمان

بالىمان خوتەن رايونىدا بىرقەدەر ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغان، دائىملاشقان، تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان، ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىل بىر خىل چالغۇ بولۇپ، ئاۋاز دائىرىسى F2-C1 بولىدۇ. «ئۇن

ئىككى مۇقام» ۋە باشقا كىلاسسىك ياكى سالماق تىپتىكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئورۇنداشقا باب كېلىدۇ. قۇرۇلمىسى نەيگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مۇزىكا سايمىنى قۇرغاق يەردە ئۆسكەن قومۇشتىن 30~28 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىۋېلىپ، قومۇشنىڭ پۈۋلەيدى-غان بىر ئۇچىنى مىجىپ ياپىلاقلاپ، توغرىسىغا ياغاچ قىستۇرۇلى-دۇ. بۇ ياپىلاقلاپ ياپراقچە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن جاي پۈۋلەش ئې-غىزى بولۇپ، سادا ھاسىل قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ ساي-ماننىڭ گەۋدىسى تۈز بولۇپ، ئۇنىڭغا بارماقتا بېسىپ ئاھاڭ كەل-تۈرۈش مەقسىتىدە سەككىز تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بالىمان ئادەتتىكى قومۇشتىن باشقا، يەنە ياغاچ نەيچە ياكى بامبۇكتىنمۇ ياسىلىدۇ. ئە-گەر ياغاچ نەيچە ياكى بامبۇكتىن ياساشقا توغرا كەلگەندە، نەيچىنىڭ پۈۋلەش ئېغىزىغا چوقۇم ئادەتتىكى قومۇشتىن مىجىپ تەييارلانغان لىپىر (ئاۋاز ياپراقچىسى) بېكىتىلىدۇ.

بۇ چالغۇ ھازىرمۇ مەشرەپ ـ بەزمىلەردە، سەھنە سەنئەتلىرىدە يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە.

## 2. نەي

نەي توغرىسىغا تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان (تۈز تۇتۇپ، بىر ئۇچىدىن پۈۋلەپ چېلىنىدىغىنىمۇ بار، لېكىن توغرىسىغا تۇتۇپ چېلىنىدىغىنى كەڭرەك ئومۇملاشقان)، ئەڭ قەدىمكى ساز قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قومۇشتىن (گاھى مېتال نەيچە ياكى سۆڭەك، ياغاچ نەيچىدىن) ياسىلىدۇ. ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ماتېرىيال ئاساسىغا قاراپ 20 سانتىمېتىردىن 50~40 سانتىمېتىرغىچە ئېشلىنىدۇ. شەكلى تۈز بولۇپ، بىر پۈۋلەش تۆشۈكى ۋە سەككىز ئاۋاز تەڭشەش (ئاھاڭغا كەلتۈرۈش) تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ ۋە نەي ئۇچىنىڭ پۈۋلەش ئېغىزى يېنىدىكى تەرىپى ئېتىلىپ، يەنە بىر تەرىپى (ئۇچى) ئوچۇق قويۇلىدۇ. چېلىش جەريانىدا، پۈۋلەشكە ماس ھالدا ئاۋاز تەڭشەش تۆشۈكچىلىرىنى بارماقلار بىلەن پۈتۈن ياكى يېرىم ئېتىش ـ ئېچىش ئارقىلىق ئاھاڭ ھاسىل قىلىنىدۇ ۋە ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئۆزگەرتىپ تۇرۇلىدۇ. نەينىڭ ئاۋاز دائىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەڭ، ساداسى يۇقىرى، تۇسى مۇڭلۇق بولۇپ، يالغۇز ئورۇنلاشقىمۇ، ئوركېستىرغا تەڭكەش قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئوركېستىرغا تەڭكەش قىلغاندا، ئۇنىڭ ساداسى ئۆزگىچە رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز دائىرىسى d1 دىن d3 گىچە ئىككى ئوكتاۋا بولۇپ، ئاۋاز تۇسى d1 دىن b1 گىچە توم، سىلىق، c2 دىن g2 گىچە ياڭراق، b2 دىن 3d كىچە ئىنچىكە، سۈزۈك بولىدۇ.

### 3. بۇرغا

بۇرغا كالا ـ قوتاز، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزىدە ئىشلىنىدىغان، پۈۋلىمە چالغۇلار ئىچىدە ئاۋازى ئەڭ كۈچلۈك (ئاۋاز دائىرىسى ئادەتتە بەش گىرادۇس ئەتراپىدا) بولغان ئەڭ قەدىمىي چالغۇلارنىڭ بىرى. مۈڭگۈزنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى بويىچە ئەگرى ئىشلەنگەن بۇ چالغۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىنچىكە ئۇچىغا بىر پۈۋلەش تۆشۈكى ئېچىلىپ، يوغان ئۇچى كاناي شەكلىدە ئوچۇق قويۇلىدۇ. ئىچى ئويۇلۇپ، ئاۋاز تەڭشەش تۆشۈكچىلىرى قويۇلمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى مەلۇم بىر كۈي ـــ ئاھاڭغا كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. پۈۋلەش تۆشۈكىدىن تېپىلگەن كۈچلۈك ھاۋا بېسىمى ئۇنىڭدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەڭ ياڭراق تېپىلما سادا پەيدا قىلىدۇ.

بۇرغا گەرچە يۇقىرى سادالىق پۈۋلىمە چالغۇ بولسىمۇ، ئوركېستىرغا تەڭكەش قىلغىلى بولمايدۇ، بەزمە ـ مەشرەپلەردىمۇ چېلىنمايدۇ. ئۇ قەدىمكى ئۇرۇش ـ جەڭلەردە جەڭگە قوماندانلىق قىلىشنىڭ بىر خىل قورالى بولغان. كېيىنكى چاغلاردا يەرلىك تۆگمەنلەردە ئۇگۇت چاقىرىشتا رول ئوينىغان. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

### 4. كاناي

بۇرغىنىڭ ياڭراق ساداسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان قەدىمىي پۈۋلىمە چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ياغاچ ياكى مىستىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز تەڭشەش تۆشۈكچىلىرى بولمايدۇ، ئىنچىكە ئۇچىدا پۈۋلەش تۆشۈكى، يوغان ئۇچىدا سادا چىقىرىش تۆشۈكى بولىدۇ. ئىچى

كاۋاك، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېتىرگىچە بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە تەبىئىي ئاۋازنى چىقىرىشقىلا بولىدۇ. ئاۋازى ئاسا-سەن بوم (گاھى سەل ئىنچىكىرەك) بولۇپ، ئاۋازىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئەسلىدە تۇزلا ياسى-لىپ، بۇرۇنقى زامانلاردا بەزى ئاممىۋى پائالىيەت ياكى دىنىي خاراك-تېرلىك مۇراسىملاردا قوللىنىلغانىدى. كېيىن ئەگرى (يۆگەلمە) شەكىللىك زامانىۋى كانايلار ياسىلىپ ئوركېستىرلاردا مۇزىكا تۈر-كۈمىگە قوشۇلۇپ، ئەسلىدىكى تۇز ۋە ئۇزۇن كاناي ئەپسىزلىك ۋە قوپاللىق سەۋەبىدىن تەدرىجىي ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

## 5. سۇناي

سۇناي شەكىل جەھەتتىن تۇز كانايغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، تۇز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىرخىل چالغۇ بولۇپ، ئاۋاز دائىد-رىسى e1 دىن g2 غىچە بولىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا چىدامچاد-لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ چىلان ياغىچىدىن ياسىلاتتى. ھازىر تۈچ ياكى مىستىن ياسالغان سۇنايلارمۇ بارلىققا كەلدى (ياغاچتىن ياسالغان سۇنايلار بىر قەدەر كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا سۆڭەك ياكى سۇلياۋدىن نەقىش قويۇلۇپ چىرايلىق ئىشلىنىدۇ). سۇناينىڭ بىر ئۇچى كىچىك، يەنە بىر ئۇچى كانايسىمان چوڭ بولۇپ، كىچىك ئۇ-چىدا ئاۋاز ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ۋە خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان قومۇش «پىپى» بولىدۇ. سۇناينىڭ ئۇزۇن-لۇقى ئادەتتە 50~40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇستۇنكى تە-رىپىدە بارماق ياردىمىدە ئاھاڭ ھاسىل قىلىدىغان يەتتە، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر تۆشۈكى بولىدۇ. ئالاھىدە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە چال-غۇچىلار ئۇستۇنكى ئاۋاز تەڭشەش تۆشۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپلا قالماي، ئاستىنقى تۆشۈك ئارقىلىق ھەر خىل تېمپلما ئاھاڭلارنى ھاسىل قىلالايدۇ.

سۇناي ساداسى زىل ھەم ياڭراق بولغاچقا، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇ ناغرا - دۇمباق ساداسىغا سادا قوشۇپ، ھەربىي ئىشلاردىمۇ قوللىنىل-غان. ھازىر بولسا، تۈرلۈك مۇراسىم، ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەمدە سەھنە ئىشلىرىدا ناغرا بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

يەللىك چالغۇلار تۈركۈمىدە، يەنە ئۆسمۈر بالىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ئەمكى ئۈچۈن ياساپ ئوينايدىغان، ئەمما بەلگىلىك بىرەر ئاھاڭنى ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك مەشرەپ - بەزمىلەردە قوللىنىلمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ساز قۇراللىرىمۇ بار.

## 6. قوۋزاق نەي

بالىمانغا ئوخشاش تۈز تۈتۈپ چېلىنىدىغان بۇ سايماننى چوكازتال مەزگىلىدە بالىلار يېڭى ياشارغان سۆگەت شېخىدىن ياساپ چېلىپ ئوينايدۇ. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى مۇنداق: ئۇششاق پۈتاق چىقىرىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن ياش سۆگەت شېخىدىن نەي ياساشقا مۇۋاپىق دەپ قارالغان باش بارماق توملۇقىدىكى قىسمى تاللىۋېلىنىپ، ئىككى ئۈچى تەكشى كېسىلگەندىن كېيىن، ياغاچ ئۈستىدە قويۇپ پىچاق سېپى بىلەن باشتىن بوي يەڭگىل ئۇرۇلسا، سۆگەتنىڭ قوۋزىقى ئىچىدىكى ياغاچتىن ئاجرايدۇ (ئۇرغاندا، چوقۇم قوۋزاقنىڭ يېرىلىپ كەتمەسلىكى ياكى زېدە بولماسلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك). قوۋزاق تولۇق ئاجراپ بولغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ياغاچ پەم بىلەن سۇغۇرۇۋېلىنىپ، ياغاچنىڭ توم قىسمى تەخمىنەن ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىۋېلىنىپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن باشتىن بويىغا يوناپ يۇزلۇك ئېچىلىدۇ ۋە قوۋزاق ئىچىگە قايتا سېلىپ، يۇزلۇك ئېچىلغان تەرەپكە قوۋزاقتىن كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ. قوۋزاق (نەي) نىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ئۆز ئىچىدىن چىققان ياغاچنى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىپ كەپلەپ، پۈتەي ھالەتتە ئېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەي پۈتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغاچتىن يۇزلۇك ئېچىلغان تەرىپى پۈۋلەش ئېغىزى بولۇپ، ئۇ يەردىن پۈۋلەنگەن يەل نەينىڭ يۇزلۇك ئېچىلغان تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى كىچىك تۆشۈكتە سادا پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل نەينىڭ قومۇش نەي ياكى بالىمانغا ئوخشاش بىر نەچچە پەدە تۆشۈكچىلىرى بولمايدۇ. نەينىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە توم - ئىنچىكىلىكى تەييارلانغان سۆگەت شېخىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ.

## 7. بوت بوت

بۇمۇ باللارنىڭ سۆگەت شېخىدىن تەييارلاپ ياساپ، بالىمانغا
ئوخشاش تۈز تۈتۈپ چېلىپ ئوينايدىغان سايمىنى بولۇپ، ياسىلىشى
ئىنتايىن ئاددىي. ئۇ ئىنچىكىرەك شاختىن 15~10 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا كېسىۋېلىنىپ، ئىچىدىكى ياغىچى پەم بىلەن سۇغۇرۇۋې-
تىلگەندىن كېيىن، كىچىك ئۇچى يانچىلىپ ياپراقچە ھالەتكە كەل-
تۈرۈش بىلەنلا پۈتىدۇ. بۇنىڭمۇ ئوخشاشلا پەدە تۆشۈكچىلىرى بول-
مايدۇ؛ ياغاچ ئىشلىتىلمەي، پەقەت قوۋزاقتىنلا ياسىلىدۇ. يانچىلىپ
ياپراقچە ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن تەرەپتىن پۈۋلىسە، «بوت... بوت...»
قىلىغان سوزۇق سادا پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ نامى
ساداسىغا ئاساسەن «بوتبوت» ئاتالغان.

قوۋزاق نەي ۋە بوتبوتنىڭ ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، قۇ-
رۇغان ياكى يېرىلغان ھامان ئۆمرى تۈگەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇرۇپ
قالماسلىقى ئۈچۈن، باللار پۈۋلەپ چېلىپ ئوينايدۇ. لېكىن سۇغا
چىلاپ ھەرقانچە ئاسرالىسىمۇ، بۇ چالغۇلار ئۈچ - تۆت كۈندە كې-
رەكتىن چىقىدۇ.

## 8. يالغۇزەك

مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى قاتتىق ھەم پاكىز سېغىزنى يو-
ناپ، قۇش ياكى ساپال چىراغ شەكلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىچى
پەم بىلەن ئويۇلۇپ، ، ئىككى تەرەپتىن كىچىك تۆشۈك قويۇپ ياسى-
لىدۇ. «قۇش» نىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن پۈۋلىسە، تۇمشۇق تەرىپىدىكى
تۆشۈكتىن ئىنچىكە سادا چىقىدۇ. ئەينى چاغلاردا بۇ سايمان توغرى-
سىدا: «ئۇنىڭ ساداسى شۇملۇق چىللايدۇ، بۇنى تولا چالسا، ئاتا -
ئانىسىدىن، قەۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالىدۇ.
شۇڭا ئۇنىڭ ‹يالغۇزەك› دېگەن نامى بار»، دېگەندەك قاراشلار بولغان.
ئادەتتە بۇ سازنىڭمۇ پەدە تۆشۈكچىلىرى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



## §2. سوقما چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى

خوتەن رايونىدا كۆپرەك ياسالغان، قوللىنىلغان ۋە بىر قەدەر ئومۇملاشقان سوقما چالغۇلار دېگىنىمىزدە، ناغرا، قوشۇق، تاش، ساپايى، داپ قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىمىز.

### 1. ناغرا

ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن خوتەنلىكلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان دۇمباق تىپىدىكى ئۇرغۇلۇق (سوقما) قەدىمىي چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ سېلىندىرسىمان ئويما ياغاچقا ھايۋانات تېرد-
سىنى كېرىپ چېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئومۇملىشىشقا باشلىغان ۋە قەدىمكى زامانلاردا تۈرلۈك مۇراسىم پائالىيەتلىرى ھەمدە جەڭ-
گاھلاردا ئىشلىتىلىپ داغدۇغا پەيدا قىلىش رولىنى ئوينىغان. كې-
يىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ قېپى مىس ياكى چۆيۈندىن قۇيۇلۇپ، ئۈستى تەرىپىگە تېرە كېرىپ چېلىشقا تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى كۈندىمۇ ھېيت ـ بايرام، مۇراسىم، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، يەرمەنكە، توي ـ تۆكۈن، ھەتتا سەھنىلەردە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈ-
چىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ چالغۇ ئۈستى تەرىپى كەڭ، ئاستى تە-
رىپى تار ھالەتتە قۇيۇلغان سېلىندىرسىمان، تېگى پۈتەي قاپىنىڭ ئۈستىگە كالا، ئېشەك تېرىسىنى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ناغرا ئادەتتە ئاۋازىنىڭ بوم، زىل بولۇش ۋە كىرىشتۈرۈلمە سادا چىقىرىش-
قا ماس ھالدا چوڭ ـ كىچىك ياسىلىدۇ. ناغرىچى قولىدىكى جۈپ تا-
ياقتا چوڭ ـ كىچىك ناغرىغا رېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق، بوم ۋە زىل ئاۋازنى كىرىشتۈرۈپ سادا چىقىرىدۇ. ئادەتتە ناغرىلارنىڭ بويى ۋە ئېنى ھەر خىل بولىسىمۇ، ئەمما بويى (ئېگىزلىكى35 ~ 20 ) سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 40~25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئۇ، سۇناي ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ، سورۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. قوشۇق

قوشۇق ئادەتتە ئاش - غىزالارنى يېيىش - ئىچىش ئۈچۈن يا-غاچتىن ياسالغان چۆمۈچسىمان بىر خىل سايمان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خوتەنلىكلەرنىڭ مەشرەپ - بەزمىلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپمۇ كەلگەن. مەلۇ-ماتلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىچى ئويۇپ ياسالغان، ئەمما قوشۇققا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان ھەمدە باشقا چالغۇلارغا تەڭشەش قىلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ بار ئىكەن. كېيىنچە بۇ خىل چالغۇ ياسالمىغانلىقتىن، كىشىلەر قوشۇقنى ئاشۇ سايماننىڭ ئور-نىدا چالغۇلار تۈركۈمىگە قوشقان. ھازىر سەھنىلەردە، مەشرەپ سو-رۇنلىرىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇ چالغۇ، تاماق يەيدىغان قو-شۇققا ئوخشاشلا ياغاچتىن ياسىلىدۇ. شەكلى ئادەتتىكى قوشۇققا ئوخشايدۇ (بېشى ئويمان، سېپى ئىنچىكە بولىدۇ). ئەمما، چىدامچاnـلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئويمان قىسىممۇ كۆرۈنەرلىك قېلىن ئىش-لىنىدۇ. ئۇ، بەلگىلىك بىرەر ئاھاڭ كەلتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولمىسىمۇ، جۈپ قوشۇقنىڭ دۈمبىسىنى بىر بىرىگە توغرىلاپ، بارماق بىلەن ئۇنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوركېستىرغا ماس ھالدا ئالقان، مۈرە، تىز قاتارلىقلارغا ئۇرۇپ چالغاندا، ئۆزگىچە سادا چىـ-قىرىپ كۆيگە كۆي قوشىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى ئادەتتىكى قوشۇقنىڭ-كىدىن سەل چوڭراق، ئەمما سېپى بەك ئۇزۇن بولمايدۇ.

## 3. تاش

خوتەنلىكلەر سەھنە ياكى مەشرەپ سورۇنلىرىدا سوقما چالغۇ تەركىبىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان تاش — ياپىلاق ئېلىپسىمان تاشتۇر. بۇرۇن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا تەبىئىي تاش مۇزىكا سايمىنى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش تا-رىخىمۇ ئۇزۇن بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قولايلىق بولۇش نە-زەردە تۇتۇلۇپ، پاناس ياكى چۆيۈندىن ياسىلىدىغان بولدى. ئۇ ئادەت-تە چۆيۈن ياكى پاناسنى ئېرىتىپ، ئۆلچەملىك قېلىپكە قۇيۇش ئار-

www.uyghurkitap.com



قىلىق ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانـ
تىمېتىر، قېلىنلىقى بىر يېرىم سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. مۇـ
زىكىغا تەڭكەش قىلىشتا، ھەر بىرقولدا بىر جۈپتىن تۇتۇپ، بارـ
ماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولنى سىلكىش، تىترىتىش قاتارلىق ئۇـ
سۇللار ئارقىلىق چېلىپ سادا چىقىرىلىدۇ.

### 4. ساپايى

ساپايى خوتەنلىكلەرنىڭ بەلگىلىك ئۆلچەمدىكى قۇرۇق ياغاچ ياـ
كى مۈڭگۈزدىن قىلىنغان دەستىگە چوڭ ـ كىچىك مېتال ھالقىلارنى
بېكىتىپ، قول بىلەن سىلكىپ شاقىلدىتىپ چالىدىغان بىر خىل
چالغۇسى بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇ ياۋا ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى
ساپ قىلىپ ياسىلاتتى، ھازىرقى كۈندە مۈڭگۈزدىمۇ، ياغاچتىمۇ
ئوخشاشلا ياسىلىدىغان بولدى. ساپايى ئادەتتە مۈڭگۈز ياكى قىسقا
ئىككى تال ياغاچ كالتەكنى بىر بىرىگە جۈپلەپ چېتىپ ساپ ياـ
سىۋالغاندىن كېيىن، ساپنىڭ ئۈستۈنرەك قىسمىغا ئىككى تال چوڭ
تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىپ، ھەر بىر ھالقىغا بىر نەچچە تال ئۇششاق
تۆمۈر ھالقا ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. ساپايى سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
ئادەتتە 45~50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. سىلكىپ چېلىنىدـ
ىغان بۇ چالغۇ سايمىنىنىڭ دەستىسى تېز ئوپراپ كاردىن چىقـ
ماسلىقى ھەمدە ھالقىلار تېگىش جەريانىدا ياڭراق سادا چىقىرىش
ئۈچۈن، چالغاندا ھالقىلار تېگىشىدىغان ئورۇنغا قەلەي ئورۇنلاشتۇـ
رۇلىدۇ. ھالقىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ.
لېكىن ھەددىدىن زىيادە چوڭ ياكى ھەددىدىن زىيادە كىچىك بولـ
ماستىن، چوڭ ھالقىنىڭ دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىردىن ئېشىپ
كەتمەي، شۇ ئۆپچۆرىدە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇششاق ھالقىلارنىڭ
ئاز ـ كۆپلۈكىمۇ مۇۋاپىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### 5. داپ

داپ ـــ قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان دومباق تىپىدىكى يۈزـ
لۈك سوقما چالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا كەم بولسا بولمايـ

دىغان، ئاۋازى جۇشقۇن، ئۆزى يەڭگىل، چېلىشقا ئەپلىك، «داپ، بارلىق سازلارنىڭ ئەيىبىنى ياپ» دەپ تەرىپلىنىدىغان «قوماندان» مۇزىكا ئەسۋابى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بارلىق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئۇدارى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. بەزى ھاللاردا ئايرىم مەشرەپ ياكى ئۇسسۇل خاس داپنىڭ ساداسى بىلەنلا ئورۇنلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. داپنىڭ گەردىشى تولاراق ئۈجمە ياغىچىدىن تەييارلىنىپ، ئىچىگە تۆچ داچەن ياكى شۇ ھەجىمدىكى يۇمىلاق كىچىك قەلەيلەر مىخلىنىدۇ ياكى ئۇششاق ھالقىلار ئورنىتىلىدۇ. گەردىشنىڭ چۆرىسىگە سۆڭەك ياكى قاتتىق سۇلياۋدىن نەقىش قويۇلىدۇ. گەردىشنىڭ يۈزلۈكى ئەسلىدە ئات، ئېشەك ياكى ئۆچكە تېرىسىدىن كېرىلەتتى. ھازىر يىلان تېرىسى ئىشلىتىشمۇ بارلىققا كەلدى. داپ ئادەتتە ئىشلىتىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك ياسىلىدۇ. چوڭ داپ ئومۇمەن سەھنە سەنئىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، گەردىشنىڭ كەڭلىكى بەش يېرىم سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. داپنىڭ «نەغمە دېپى» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىكرەك بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ خىل داپ مۇقام ۋە سەھنە سەنئىتىدە، شۇنداقلا مەھەللىۋى مەشرەپ ـ نەغمىلەردە ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ.

## §3. تارلىق ۋە قىللىق چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر-سەنئىتى

تارلىق ۋە قىللىق چالغۇلار دېگىنىمىزدە، خوتەنلىكلەر تۈرلۈك بەزمە ـ مەشرەپ سورۇنلىرىدا دائىم دېگۈدەك سازلاپ چېلىپ كەلگەن غېجەك، ساتار، خۇشتار قاتارلىق مۇزىكا قوراللىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىللىققا ئىگە بولغان بولسا، بەزىلىرى گاھى بىرمەزگىل ئىشلىتىلىشتىن قېلىپ، كېيىن قايتا ئىسلاھ قىلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش مەنزىلىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ئەسۋابلار ئومۇمەن كامانچىنىڭ ياردىمىدە چېلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



كامانچە دېگىنىمىز ـــ ئىككى بېشى ئەگرى ۋە شۇ ئەگرى باش (ئۈچ) لىرىدىن ئۇزۇن بىر تۇتام قىل تارتىلغان سايماندىن ئىبارەت. كامانچىنىڭ شەكلى ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئادەتتە چىنە قاداقچىلار ئۆز كەسپىگە خاس ئىشلىتىدىغان بىر خىل كامانچە بولۇپ، ئۇ يېرىم ئايسىمان تاياقچىغا مەزمۇت شوينا بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (يەنە قىرمىچىلىق، ئويمىچىلىق ھۈنەر كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ كامانچە سايمىنى بولىدۇ). ئەمما، مۇزىكا چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كامانچە ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ تاياقچىسى تۈز، ئىككى ئۈچى ئەگرى بولىدۇ. مۇشۇ ئىككى ئۈچقا ئاتنىڭ يايلى ياكى قۇيرۇق قىلى ياپىلاقراق ھالەتتە تارتىلىپ ياسىلىدۇ (ئادەتتە قىل يىرىك بولغاچقا، تارغا سۈركىلىپ سادا پەيدا قىلالايدۇ). ئۇزۇنلۇقى 55~60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

## 1. غىجەك

غىجەك خوتەنلىكلەرنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بېشى توغراق، يۇلغۇن ياغىچىدىن يېرىم شار ياكى ياپىلاق شەكىلدە ئويۇش، ياكى بولمىسا يۇپقا تۆمۈر، سەل قېلىن قەلەيدىن سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىپ، ئات، ئېشەك، قوي تېرىلىرىدىن يۈزلۈك سېلىناتتى. دەستىسى ئۆرۈك ياكى ياڭاق ياغىچىدىن ئىشلەنگەن بۇ خىل غىجەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن 110سانتىمېتىرغىچە بولاتتى. ئۇنىڭغا سۈركەپ چالىدىغان ئادەتتىكى سىم تاردىن باشقا، يەنە رېزونانس پەيدا قىلىدىغان بىر قانچە سىملار تارتىلاتتى.

غىجەك 20ـئەسىرنىڭ 50ـيىللىرىدا ئىسلاھ قىلىنىپ ھازىرقى شەكلىگە كەلگەن. ئۇنىڭ بېشى جىگدە ياغىچىدىن (گاھى ئويۇلما، گاھى يەلىمە ھالەتتە) تاۋۇز شەكلىدە ئىشلىنىپ، سېپى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. سېپى ئادەتتە ئىسكرىپكىنىڭ سېپىدىن ئۇزۇنراق، ئۇچىدا قىرىپ ياسالغان قوبىسى بولىدۇ. باش قىسمىنىڭ

يۈزلىكىگە يىلان تېرىسى كېرىلىدۇ. دەستە ۋە باش قىسمىغا سۆڭەك ياكى سۇلياۋدىن رەڭدار نەقىش قويۇلىدۇ. دەستە ئۈچىنىڭ ئۇڭ، سول تەرەپلىرىدە ئىككىدىن تۆت قۇلاق بولۇپ، تۆت تار سېلىنىدۇ. باش قىسمىنىڭ ئاستىدا ئوقفا بېكىتىلگەن يېرىم ئايسىمان دىيەك بولۇپ، تېزدا قويۇپ چېلىشقا ئەپلىك، بۇ ساز ئوڭ قولدا كامانچە سىيرىپ، سول قول بارماقلىرىدا تارنى بېسىش (ئەگەر سازەندە سولغاي بولسا، غېجەكنىڭ تارلىرىنى شۇنىڭغا ماس سالغاندىن كېيىن، سول قولدا كامانچە سىيرىپ، ئوڭ قول بارماقلىرىدا تارنى بېسىش) ئارقىلىق چېلىنىدۇ. غىجەك ئادەتتە يۇقىرى ئاۋازلىق، تۆۋەن ئاۋازلىق دەپ ئىككى خىل ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ياسىلىش شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرى ئاۋازلىق غىجەكنىڭ ھەجمى كىچىك، تۆۋەن ئاۋازلىق غىجەكنىڭ ھەجمى چوڭ بولىدۇ (شۇڭا، تۆۋەن ئاۋازلىق غىجەك يەرگە قويۇپ چېلىنىدۇ). غىجەك تارلىرى g, d, a, e لاردا سازلىنىدۇ.

## 2. ساتار

ساتار — باشلامچى چالغۇ دېگەن مەنىدىكى بىر خىل قەدىمىي مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇنقى چاغلاردا ھەم قول بارماقلىرى بىلەن چېكىپ چېلىنىدىغان، ھەم كامانچە بىلەن سىيرىپ چېلىنىدىغان «قوش ماكانلىق» چالغۇ ئىدى. كېيىنچە مەخسۇس كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان بولغان.

ساتار شەكىل جەھەتتىن تەمبۇرغا ئوخشايدىغان، يەتتىدىن 13 گىچە تار سېلىنىدىغان، ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق، يۇمشاق، مۇڭلۇق چالغۇ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 سانتىمېتىردىن 168 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. قارنى ئۈجمە ياغىچىدىن چۆمۈچ شەكلىدە ئىچى ئويۇپ ياسىلىپ، نېپىز تىلىنغان ئۈجمە شېلىدىن يۈزلۈك چاپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۈزلۈكىنىڭ مەركىزىدىن ئىككى تەرەپكە ئىككى دانە ھىلال ئاي شەكىللىك ئاۋاز تۆشۈكى ئېچىلىدۇ. يۈزلۈكتىن ئۆزگە جايلىرىغا گۈللۈك نەقىش قويۇلىدۇ. ساتار دەستىسىگە 18 پەدە باغلىنىپ، قارنىنىڭ يۈزلۈكىگە بەش دانە ياغاچ، سۆڭەك ياكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سۇلياۋ پەدە چاپلىنىدۇ. دەستىنىڭ ئۈستى تەرەپ يۈزى ۋە (ئوڭ ياكى سول) يان تەرىپىگە تۆشۈك ئېچىلىپ قۇلاق بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاساسلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان ھەم ئورتاق ئاۋاز چىقىرىدىغان تارلار تارتىلىدۇ. خەرەكنىڭ ئوڭ (ياكى سول) تەرىپى ئېگىزرەك بولىدۇ. ساتارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى تۆۋەن ئاۋاز رايونى، ئوتتۇرا ئاۋاز رايونى، يۇقىرى ئاۋاز رايونى دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ؛ تۆۋەن ئاۋاز رايونى c دىن b گىچە، ئوتتۇرا ئاۋاز رايونى c1 دىن b1 گىچە، يۇقىرى ئاۋاز رايونى c2 دىن g2 ياكى a2 گىچە، ئورتاق ئاۋاز چىقارغۇچى (سادا قايتۇرغۇچى) تارلار بەش تاۋۇشلۇق ئاۋاز شەكلى رېتى بويىچە سازلىنىپ، ئاساسلىق تارمەركىزى c1 ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ (ياكى ئاساسلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان تار d ياكى c ياكى f ئاۋازغا تەڭشىلىپ، ئورتاق ئاۋاز چىقىرىدىغان تارلار چالغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا، سورۇنغا، كۈيگە قاراپ ھەر خىل تەڭشىلىدۇ).

## 3. خۇشتار

خۇشتار خوتەن رايونىغا نىسبەتەن خېلى قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، خوتەن ۋە لوپ ناھىيەلىرىدىن قەدىمىي غىجەك ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ۋە تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غىجەك خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئوخشاشمىغان نۇسخىدىكى ئىككى خىل خۇشتار تېپىلغان بولۇپ، بۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ خۇشتارنى ھەر خىل سورۇنلاردا چېلىپ، كېيىن تەدرىجىي ئىشلەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىر چېلىنىۋاتقان خۇشتار قايتا ئىسلاھ قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمى تەمبۇرنىڭ بېشىغا قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن دەستىسى تەمبۇرنىڭكىدەك ئۇزۇن بولماستىن، غىجەكنىڭكىگە ئوخشاش قىسقا بولىدۇ. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، باش قىسمىنىڭ ئويۇلمىسى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. يۈزلۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئويمانچە بولىدۇ. دەستىنىڭ ئۇچىغا غىجەكنىڭكىگە ئوخشاش قۇبا ئەمەس،

بەلكى قوشنىڭ شەكلى ئويما قىلىپ ئورنىلاشتۇرۇلغانلىقتىن، بۇ چالغۇ «قوشتار» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «خوشتار» دەپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان، ياغاچتىن ياسىلىدىغان بۇ چالغۇدا 11 تار بولۇپ، تۆتى مېلودىيەلىك (غىجەككە ئوخشاش تۈزۈلىدىغان) تار، قالغان يەتتىسى رېزونانس تار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە دىلتار، زىلتار، مۇڭتار دەيدىغان ئۇنۋېرساللىقا ئىگە چالغۇ ئەسۋابلىرىمىز يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار تەتقىق قىلىنىش ۋە ئومۇملىشىش ئالدىدا.

## §4. چەكمە چالغۇلارنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى

چەكمە چالغۇلار دېگىنىمىز — ناخۇن، زەخمەك، بارماقلار بىلەن چېكىش ياكى چوكا بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق چېلىنىدىغان قالۇن، چاڭ، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خوتەنلىكلەر ئارىسىدا بۇ چالغۇلارنىڭ بەزىلىرى تار، كۆپىنچىلىرى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ.

### 1. قالۇن

قالۇن — ئۈجمە ياغىچىدىن ئىچى كاۋاك (ساندۇقسىمان) ياسالغان، بارماق بىلەن ئېلىپ چېلىنىدىغان قەدىمىي چېرتمە چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئالدى تەرىپى كەڭ، كەينى تەرىپى تار، ئوڭ تەرىپى ئەگرى، سول تەرىپى تۈز ھەمدە (ئاۋاز ساندۇقى) قىيپاش تەكشى پەلەمپەي شەكلىدە ياسىلىدۇ. ئاۋاز ساندۇقىنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى قاتار قىرلىق ياغاچ ئوق ئورنىتىلىدۇ. يۈزلۈكىنىڭ سول تەرىپىگە بىر قاتار دىيەك ۋە ئۇنىڭ (دىيەكنىڭ) ئوڭ تەرىپىگە ئۇزۇنچاق مۇقىم خەرەك بېكىتىلىپ، 16 جۈپتىن 18 جۈپكە قەدەر (ئىككىسى بىر گۇرۇپپا بولىدىغان) پولات تار قالۇننىڭ ئوقىدىن دىيەككە ئۆتكۈزۈلۈپ، خەرەك ئارقىلىق ئاۋاز ساندۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېكىتىلىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com



تارىلار ھەر خىل مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنىڭ تەبىئىي گاماسى بويىچە (ھەر بىر جۈپ تار بىر ئاھاڭغا) تەڭشىلىپ، ئوڭ قولىنىڭ باش كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن تارنى ئېلىش، سول قولدا پەدە باسقۇچ ئارقىلىق تارنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بويىچە چېلىنىدۇ.

قالۇننىڭ ساداسى يېقىملىق، لەرزان، تېيىلما ۋە تەۋرەنمە ئاھاڭ چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، مۇقام ئورۇنلاشقا تولىمۇ باب كەلگەنلىكتىن، خوتەن رايونىدا تارىختىن بۇيان قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنلىغۇچىلار ئۈزۈلمەي ئۆلىشىپ كەلگەن. بۇلار ئىچىدىن يېقىندىقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ھاجىئاخۇن قالۇنچى ( 1795 ـــ 1865)، مەتنىياز ئاخۇن مۇقامچى (19ـ ئەسىر)، مەتقارى ئاخۇن مۇقامچى (19ـ ئەسىر)، ھەبىبۇللائاخۇن مۇقامچى(19ـ ئەسىر)، ئىسمائىل موللا (19ـ ئەسىر)، مۇھەممەدشاھ قالۇنچى (19ـ ئەسىر)، ئېلى ئاخۇن مۇقامچى (1850ـــ 1933)، ئەسمەتۇللا قالۇنچى (1873 ـــ 1953)، بۇلبۇل ئاخۇن (1859 ـــ 1939)، سۇلايمان ئاخۇن قالۇن (1891 ـــ 1963) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## 2. چاڭ

چاڭ ئۈجمە ياغىچىدىن ئىچى كاۋاك ياسالغان،بىر جۈپ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان قەدىمىي چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇ، قالۇن ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولغاچقا، شەكىل جەھەتتىن قالۇنغا بىرقەدەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇمۇ ئوخشاشلا كەڭ، ياپىلاق، ئالدى تەرىپى (چالغۇچى تەرىپى) كەڭ،كەينى تەرىپى تارراق، ئىككى يان تەرىپى قىيپاش تۈز ياسىلىدۇ. ئوڭ تەرەپ ئۈستىدە قىرلىق قۇلاقچىلار بولۇپ، ئۇ تارلارنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ئۈچتىن تۆتكە قەدەر پولات تار بىر گۈرۈپپا بولغان ھالدا 13 گۈرۈپپىدىن 18 گۈرۈپپىغا قەدەر پولات تار سېلىنىپ، ھەربىر گۈرۈپپا بىر خىل ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ (بۇرۇن چاڭ تارلىرىنىڭ سەككىزدىن 10 گۈرۈپپىغا قەدەر ئاۋازلىق شەكىللىرى بار ئىدى. كېيىن ئىسلاھ قىلىنىپ ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلدى). ئۇنى چالىدىغان

چوكىمۇ بىر ئۇچى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا توم قالدۇرۇلۇپ،
قالغان قىسمى نېپىزلەشتۈرۈلگەن بامبۇك چوكىسى بولۇپ، توم
قالدۇرۇلغان ئۇچىغا (بۇ ئۇچ تاماق يېيىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئوت-
تۇراھال ھەجىمدىكى چوكىنىڭ تومۇلۇقى بىلەن ئوخشاش بولسا بو-
لىدۇ) رېزىنكە ئورنىتىلىپ ياسىلىدۇ. چاڭ مۇقام، ئەلنەغمە -
مەشرەپ ۋە سەھنە سەنئىتىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

### 3. تەمبۇر

تەمبۇر — ئۇجمە ياغىچىدىن ياسىلىپ، ناخۇن (پولات سىمىدىن
تەييارلىنىپ، كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ باش بوغۇمى ئالدىغا يېپىتا چې-
گىلگەندىن كېيىن، تىرناقنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان
سايمان) ئارقىلىق چېكىپ چېلىنىدىغان تارلىق چىرتىمە چالغۇ بو-
لۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن 140 سانتىمېتىرغىچە كې-
لىدۇ. بېشى (ئاۋاز ساندۇقى) يېرىم نەشپۈتسىمان تەييارلىنىۋالغان يا-
غاچنى ئويۇش (بەزىدە مەخسۇس تەييارلانغان قېلىپلىنىراق ئەگرى شال-
چىلارنى يانمۇ يان يەملەش)، نېپىز تىلىنغان ئۇجمە شېلىدىن يۈزلۈك
قويۇش، يېرىم تۈۋرۈكسىمان (ئالدى تەرىپى تۈز، كەينى تەرىپى دوم-
باق) دەستىنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. يۈزلۈكنىڭ مەركىزى-
دىن ئىككى تەرەپكە خۇددى ساتارنىڭكىگە ئوخشاشلا ھىلال ئاي شە-
كىللىك ئىككى ئاۋاز تۆشۈكى ئېچىلىدۇ. دەستىگە 26 پەدە باغلى-
نىپ، يۈزلۈكنىڭ دەستە تەرەپ قىسمىغا ياغاچتىن بەش پەدە چاپلى-
نىدۇ (يېقىنقى يىللار مابەينىدە پەدىلەر بۇرۇنقىدەك ئۇچەي تاردا
باغلانماستىن، دەستىنىڭ ئالدى تەرىپىگە سۆڭەك ياكى قاتتىق سۆل-
ياۋ پەدىلەر چاپلىنىدىغان بولدى، يۈزلۈك قىسمىغىمۇ شۇنداق)،
دەستىنىڭ ئۇچ تەرەپ ئالدى ۋە يېنىغا ياغاچتىن بەش قۇلاق بېكىتى-
لىپ، يۈزلۈك ئۈستىدىكى خەرەكنى باستۇرغان ھالدا باشتىن - بوي
بەش سىم (پولات) تار سېلىنىدۇ. بۇ تارلار ئادەتتە gg d1 gg ياكى gg
gg c غا تەڭشىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى سىملىرى ئاساسىي مېلو-
دىيە ئورۇندايدۇ. تەمبۇر بېشىنىڭ دۈمبىسى ۋە دەستىنىڭ ئالدى -
ئارقىسىغا سۆڭەك ياكى سۆلياۋ نەقىش قويۇلىدۇ (ياسىغۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تېخنىكا ئالاھىدىلىكى ۋە شارائىتىغا ئاساسەن، نەقىش قويۇلماي يا ـ سىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ). تەمبۇرنىڭ ئاۋاز دائىرىسى ئۈچ ئوكتىۋا، ئۇنىڭ سىرتقى (بىرىنچى، ئىككىنچى) تارلىرى ئاساسلىق تار، قال ـ غانلىرى تەڭكەش تار ھېسابلىنىدۇ.

## 4. دۇتار

دۇتار ـــ «ئىككى تار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان، بارماقلار بىلەن ئېلىپ ياكى سوقۇپ چېلىنىدىغان تارلىق چىرتمە چالغۇ بو ـ لۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 125 سانتىمېتىردىن 140 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكا سايمانلىرى ئىچىدە ئوت ـ تۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان شەكلىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتقان بۇ بىر ـ دىنبىر چالغۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى قۇرۇق ئۈجمە ياغىچى بولۇپ، بېشى (ئاۋاز ساندۇقى) چوڭ، دەستىسى يېرىم تۇۋرۇكسىمان ئىنچىكە بولىدۇ. بېشىنىڭ كەينى دۈۋارى مەخسۇس تەييارلانغان نې ـ پىز ئۈجمە ياغىچى تالالىرىنى يانمۇ يان چاپلاپ، بويىغا كېسىلگەن قاپاقنىڭ يېرىمى شەكلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بويۇن قىسمىغا دەستىسىنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ۋە قارىنىغا نېپىز ئۈجمە شىلىدىن يۈزلۈك چاپلىنىدۇ. بېشىنىڭ ئارقا دۈۋارى ۋە دەستىسى ـ نىڭ ئالدى ـ كەينىگە سۆڭەك ياكى سۇلياۋدىن گۈلدار نەقىش قو ـ يۇلىدۇ. ئىلگىرى دۇتار بېشى كەينى دۈۋارىدىكى يانمۇ يان چاپلانغان شاللارنىڭ تۇتاشتۇرۇلغان يېرىقلىرى ئۈستىگە چىغ ياكى ئىنچىكە، نېپىز ياغاچتىن چەسمەك قويۇلاتتى. ھازىر نەقىش ئارقىلىق زىند ـ نەتلىنىدىغان بولدى. ئادەتتە دۇتارغا 17 پەدە باغلىنىدۇ. دەستىنىڭ ئۈچ تەرەپ ئالدى ۋە يان تەرىپىگە ياغاچتىن ئىككى قولاق بېكىتىـ لىپ، ئۈچەي ياكى مەشۇت (يىپەك) تىن ئېشىلگەن بىر جۈپ تار يۈزلۈكتىكى خەرەكنى باستۇرغان ھالدا باشتىن ـ بوي تارتىلىدۇ. بۇ بىر جۈپ تارنىڭ بىرى زىل،بىرى بوم تار دەپ ئاتىلىپ، (a d1) ياكى (g d1) گە تەڭشىلىدۇ. دۇتارنىڭ ساداسى مۇڭلۇق، يېقىملىق بولۇپ، ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئايرىم چېلىنىشقىمۇ، باشقا چىرتمە مۇزىكا سايمانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چېلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

## 5. راۋاب

راۋاب — زەخمەك (ياغاچ، مۈڭگۈز ياكى سۆلياۋدىن ياسالغان تىلسىمان كىچىك سايمان) بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇ «قەشقەر راۋابى»، «قويچى راۋابى» (ياكى ئاللىچە راۋاب، بەزىلەر تاغ راۋابى دەپمۇ ئاتايدۇ)، «چاپلىما راۋاب» قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەيلى قايسى خىل راۋاب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

خوتەنلىكلەر ياساپ چالىدىغان قەشقەر راۋابىنىڭ بېشى ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغاچقا، «ئويما راۋاب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىردىن 120 سانتىمېتىرغىچە ئارىلىقتا بولىدىغان بۇ خىل چالغۇنىڭ ئويۇلغان يېرىم شار ھالىتىدىكى باش قىسمىغا قوي، ئېشەك ياكى يىلان تېرىسىدىن يۈزلۈك قويۇلىدۇ. دەستىسى بىلەن بېشى (ئاۋاز ساندۇقى) تۇتىشىدىغان جاينىڭ ئىككى تەرىپىگە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قوشقار مۈڭگۈز شەكلى ئورنىتىلىدۇ. يېرىم تۇۋرۈكسىمان دەستىگە ئېشىلگەن ئۈچەيدىن 20 دەك پەدە باغلىنىدۇ. دەستىنىڭ ئۈچى كەينى تەرەپكە ئەگرى بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە بەشتىن يەتتىگىچە قۇلاق بېكىتىلىپ، پولات تار سېلىنىدۇ (بۇرۇنقى راۋاپ ئۈچ قۇلاقلىق بولۇپ، بىرىنچى تارى d1، ئىككىنچى تارى a ياكى g، ئۈچىنچى تارى d ئاھاڭغا تەڭشىلىدىغان ئۈچ تار سېلىناتتى. كېيىنكى دەۋردە ھازىرقىدەك ئۆزگەردى). راۋاب بېشىنىڭ كەينى دىۋارىغا، دەستىنىڭ ئالدى ـ كەينى، يان تەرەپلىرىگە، دەستىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى مۈڭگۈزسىمان ئەگمىسى ۋە دەستە بىلەن باش قىسمى تۇتاشقان جايدىكى مۈڭگۈز شەكىللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نەقىش قويۇلىدۇ. بۇ خىل راۋابنىڭ ئاۋاز دائىرىسى gd3 كە قەدەر بولۇپ، تارلىرى EAdgc1 (BF″) گە تەڭشىلىدۇ.

1) قويچى راۋابى: ئادەتتە «ئاللىچە راۋاب» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ خىل راۋاب شەكىل ۋە ياسىلىش جەھەتتىن قەشقەر راۋابىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما بېشى قەشقەر راۋابىدىن چوڭ، دەستىسى

www.uyghurkitap.com



قىسقا (ئادەتتە 60~80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا) بولىدۇ. دەستە ئۇچى گاھى تۈز، گاھى كەينىگە ئەگرى ياسىلىدۇ. قارنىغا ئوخشاشلا ھايۋانات تېرىسىدىن يۈزلۈك قويۇلىدۇ. دەستىنىڭ ئۈچ تەرىپى نىسبەتەن تار، باش قىسمىغا تۇتىشىدىغان تەرىپى تومراق بولىدۇ. ئۈچ ياكى بەش قۇلاق بېكىتىلىپ، كۆپىنچە ئۈچەي تار (يەرلىكلەر «پەي تارى» دەپ ئاتايدۇ) ياكى مەشۇت تار سىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئۇچىنچى تارلىرى قوش، ئىككىنچى تار تاق بولىدۇ. دەستىگە پەدە باغلانمىغانلىقتىن، «پەدىسىز راۋاب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل راۋابنى كۆپىنچە چالغۇچىلار ئۆزلىرى ياسىۋالىدىغان بولغاچقا، نەقىش قويۇلمايدۇ. نۆۋەتتە كارخانا ياكى مەخسۇس ياسىغۇچىلارمۇ ئاندا ـ ساندا ياساپمۇ قويغاچقا، ئۇلارغا نەقىش قويۇلىدۇ.

«2000ـيىل 12ـئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش خادىملىرى چىرا ناھىيە چاقار يېزا قىزىل كۆتىكى كەنتىدىكى دېھقان ئابدۇللا مەڭلىك ئۆزى ساقلاپ كەلگەن ئىنتايىن قەدىمىي بىر راۋابنى خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيغا تاپشۇرغان.

ئۇ راۋابنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئۈجمە ياغىچىدىن بىر پۈتۈن ئويۇپ ياسالغان، راۋابنىڭ قارنى يۈزىگە ھايۋانات تېرىسى (ئېھتىمال ئېشەك تېرىسى بولۇشى مۇمكىن) تۇتۇلۇپ، يەرلىك قالپاقلىق تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلانغان ۋە يېلىم بىلەن چاپلانغان. راۋاب قارنىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى نەقىشسىز جايلار (تۆۋەن تەرىپى) نىسپىي يېرىم شار شەكىللىك دۇمباق بولۇپ، ئۈستى يېرىمى تۈز ھالەتتىكى ئىككى چاتما نەقىش بۆلىكىگە ئايرىلغان. تۈزلەنگەن بۇ ئىككى بۆلەك جايغا نىلۇپەر گۈلى، بادام ۋە يوپۇرماق نەقىشلىرى كۆپتۈرمە قىلىپ ئويۇپ چىقىرىلغان. بۇ ئىككى بۆلەك نەقىشلەر توپى يەنە ئوتتۇرىدىكى ئېگىز قىر ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا تۇتاشتۇرۇلۇپ گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. راۋابنىڭ دەستە قىسمىنىڭ تۆۋىنىگىرەك پەغەز شەكىللىك مۇڭگۈز ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئالدى ۋە كەينى تەرەپى ھەر خىل گېئومېترىيەلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. مۇڭگۈز قىسمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يەنە ئويما چېكىتلەر بىلەن (ئالدى

ۋە كەينىگە) ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدىكى نەقىش چىقىرىلغان، راۋاب
دەستىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى يانتۇلۇقتا نىلۇپەر گۈل غۇنچىسى-
نىڭ شەكلى چىقىرىلغان. دەستىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يانتۇلۇقتا
يەتتە دانە (دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر، ھەر تۆشۈك ئارىلىقى تۆت
سانتىمېتىر) قولاق تۆشۈكى ئېچىلغان. راۋابنىڭ بېشى قوش بېشى
شەكلىدە بولۇپ، كەينىگە ئېگىلگەن باشنىڭ ئارىلىقىغا بىر سانتى-
مېتىر كەڭلىكتە يېرىقچە ئويۇلغان. بەش دانە قولاق تۆشۈكى ئې-
چىلغان. راۋابنى يانتۇ قىلىپ قارىساق، راۋاب دەستىسىنىڭ ئەگمە
بېشى ياۋا غازنىڭ بېشىغا، قولاق تۆشۈكلىرى غازنىڭ كۆز، ئېغىز-
لىرىغا، دەستە تۆۋەن قىسمىدىكى پەغەز شەكىللىك مۈڭگۈزى غازنىڭ
بىر جۈپ قانىتىغا، راۋاب قارنى قورساق قىسمى غازنىڭ پوكان،
قورسىقىغا ئوخشايدۇ. راۋابنىڭ بۇ خىل ھالىتى غازنىڭ سۇ ئۈس-
تىدىكى غاقىلداپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ راۋاب مەنبە جەھەتتىن دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىدا ئىشلىتى-
لىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي راۋابلار بىلەن ھەم قويچى راۋابى بىلەن
بىر بولۇپ، خوتەننىڭ ھەر قايسى تاغلىق ۋادىلىرىدا، يىراق كەنت-
لەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقلىرىمىزنىڭ قولىدا
ساقلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول
ئويناپ كەلگەن.

خوتەننىڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابىنىڭ بىرى بولغان قويچى راۋابى
قەدىمدىن بېرى خوتەنلىكلەرنىڭ مۇقام، مەشرەپ سورۇنلىرىدا چېلى-
نىپ كەلگەن. خوتەن خەلق سەنئىتى پېشىۋالىرىدىن داڭلىق ئەلنەغ-
مىچى شاھمۇھەممەت 80 نەچچە يىللىق ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىدا خو-
تەن قويچى راۋابىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئەلنەغمە ئورۇنلىغان (جۇمە-
نىياز تۇرسۇن «خوتەن تاغ راۋابى» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ سەنئىتى» 2003 - يىل 3 -
سان 31 - 32 - بەتكە قاراڭ).

2) چاپلىما راۋاب: كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلاھ قىلىنىپ ياسال-
غان بۇ خىل راۋابنىڭ بېشى دۇتارنىڭكىگە ئوخشاش ياغاچ تاللىرى-
دىن چاپلاپ ئىشلەنگەچكە، «چاپلىما راۋاب» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭغى-
مۇ ئوخشاشلا ھايۋانات تېرىسىدىن يۈزلۈك تارتىلىدۇ. دەستىگە مې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



تال، سۆڭەك ياكى سۆلياۋ پەدىلەر بېكىتىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى تارلىرى d1 ئاھاڭىغا، ئۈچىنچى، تۆتىنچى تارلىرى a ئاھاڭىغا، تومراق بەشىنچى تارى d ئاھاڭىغا تەڭشىلىدۇ، بەش تار سىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خوتەنلىكلەر يەنە 13 تىن 18 گىچە تارلىرى بولغان پەدىلىك راۋابنىمۇ ياساپ چېلىپ كەلگەن. يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە تەدرىجىي ئازىيىپ، ئىستېمالدىن قالدى.

(مۇھەممەتتوختى ئەھمەت)

## 5§.قەدىمكى ئۇدۇن چالغۇلىرى

### 1. بۇرغا (角)

ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، يەللىك چالغۇغا تەۋە، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە كالا ۋە ئۆچكە مۈڭگۈزىدىن ياسالغان. قەدىمكى زاماندا ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان «بەش خۇ» ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىدىقۇت سازلىرى ئىچىدە شەكلى كالا مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان «مىس بورغا» بارلىقى قەيت قىلىنغان.

1976 ـ يىلى خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن بىر دانە ساپال بورغا تېپىلغان. سىغىز لايدا پىشۇرۇپ ياسالغان بۇ ساپال بورغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.95 سانتىمېتىر، ئۈستى تەرىپى ئادەم بېشى شەكلىدە، تۆۋىنى كالا بېشى شەكلىدە ياسالغان. ئىچى كاۋاك، ئادەم بېشىغا يۈگەلمە شەكلىدە ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق، بۇرۇت ـ ساقال قويۇلغان. كالا ئېغىزىدىن پۈۋلەش ئېغىزى ياسالغان. ھازىرمۇ پۈۋلەپ ئاۋاز چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ بورغا ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. دەۋرى مىلادى 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

### 2. دۇدۇك (贝)

يەللىك چالغۇ، قۇلۇلە قېپىدىن ياكى ئىچى ئويۇلغان دۈگلەك

ياغاچتىن ياسىلىپ، پۈۋلەپ چېلىنىدۇ. خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا بۇ خىل چالغۇنىڭ رايونىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

1995 ـ يىلى قاراقاش ناھىيە قومرابات بۇددا خارابىسىدىن ساپالدىن ياسالغان بىر دانە دۇدۇك (ساپال پۈشتەك) تېپىلغان. ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ، كۆك ساپالدىن پىشۇرۇپ ياسالغان. ئوتتۇرىسى كاۋاك، ئادەم قىياپەتلىك بولۇپ، سول ۋە ئوڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى دانە تۆشۈكى بار. تۆۋەن تەرىپىدە (ئۇزۇن بويىدا) پۈۋلەيدىغان بىر ئېغىزلىق بار، ئۇنىڭ ئاستىراق قىسمىدا شامال چىقىدىغان ئېغىزى بار، بۇ چالغۇنى ھازىرمۇ پۈۋلەپ مۇزىكا ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. دەۋرى مىلادى 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

### 3. چوراڭ

بۇ چالغۇ ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ بەلكى دۇدۇك (贝) نىڭ بىر خىل شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

1906 ـ يىلى ئاۋرىل ستەيىن (A. Stein) خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ بىر دانە قۇش شەكلىدىكى چوراڭ تاپقان. بۇ چالغۇنىڭ ئېگىزلىكى 10.8 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10.5 سانتىمېتىر، قۇش شەكلىدە ساپال لېيىدىن پىشۇرۇلغان. قۇشنىڭ تاجىسى ئېگىز، ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق، گەۋدىلىك، قوشقۇلاق، تاجا ۋە قورسىقىنىڭ شەكلى ئاساسەن نىلۇپەر گۈلىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى؛ پوكان، بەدەن بويۇنلىرىنىڭ تۈكلىرى تىرناق ئىزى شەكلىدە چىقىرىلغان. ئىپادىلىنىشى، ياسىلىشى ناھايىتى سۈپەتلىك. قۇشنىڭ تۇمشۇقىدىن پۈۋلەش ئېغىزى چىقىرىلغان. دۈمبە قىسمىدىن ھاۋا چىقىش ئېغىزى قويۇلغان. بۇ پۈۋلەپ ئاۋاز چىقىرىشى مۇمكىن بولغان شەكىلدە لايىھىلىنىپ، چىرايلىق قۇشقا سىمۋول قىلىپ تەييارلانغان چالغۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ چالغۇ ھازىر ئەنگلىيە لوندون مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، دەۋرى مىلادى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

www.uyghurkitap.com



### 4. بەرباب (琵琶)

قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق چالغۇلىرىنىڭ بىرى دەسلەپ ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇ ئىدى.

بەرباب ــ قەدىمكى دەۋردە ئۈچ تارلىق، تۆت تارلىق ۋە بەش تارلىق شەكىللەردە؛ كەڭ يۈزلۈك ۋە كىچىك يۈزلۈك، دەستىسى ئۇزۇن ۋە قىسقا شەكىللەردە بولغان، تىك ھالەتتە ۋە يانتۇ ھالەتتە چېلىنغان

ستەيىن نىيا خارابىسىدا قېزىش ئېلىپ بارغاندا بىر دانە بەرباب تاپقان بولۇپ، ئۇ «قەدىمكى خوتەن» (2001 ـ يىلى تايلاند ئېنگلىزچە نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 336 ـ بېتىدە: «دەستى قىسمى مۇكەممەل ساقلانغان چالغۇ N.xii.219 ـ نومۇرلۇق)، ئۇزۇنلۇقى 16 ئىنچ (63 سانتىمېتىر)، بۇ راۋابقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆت تارلىق، ئۈچ دانە قۇلىقى ساق ھالەتتە، بىر قۇلىقى يوق، قۇلىقى ناھايىتى قاتتىق ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىپ قۇلاق ئورنىغا كىرگۈزۈلگەن، بىر قۇلىقى كېيىن ياساپ سېلىپ قويۇلغان، ئەسلىدىكى ئىككى قۇلاققا ئوخشىمايدۇ»، دەپ مەلۇمات بەرگەن ھەمدە چالغۇنىڭ رەسىمىنى بىرگە قوشۇپ بەرگەن. ئۇ بەربابنىڭ قارنى (ئاۋاز ساندۇقى قىسمى) يوق، دەستە قىسمى مۇكەممەل ساقلانغان.

1992 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدىكى (92B8) N4 ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىدىن بىر دانە بەرباب تاپقان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، بۇ بەربابمۇ ستەيىن تاپقان بەربابقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈچ تارلىق (قۇلاق ئۈچ دانە) بولۇپ، مىلادى 3 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى چاغلارغا مەنسۇپ. بۇ بەرباب ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى بەرباب ھېسابلىنىدۇ.

ئېكسپېدىتسىيەچى سېۋېن ھېدىن خوتەننىڭ قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن كىچىك بىر ساپالدىن ياسالغان بەرباب چېلىۋاتقان ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكانتىنىڭ ھەيكىلىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ چالغۇ تۇتقان قىياپىتى تاڭ شائىرى بەي جۈيىنىڭ «پىپاشىڭ»

(琵琶行) دېگەن نەزمىسىدىكى «يۈزىنى قىيپاش تۇتۇپ گەر كۆكسىگە پىپا قويۇپ چالسا، مىڭلاپ ئۈن ـ سادا شۇنداق راۋان بولۇپ ياڭرىغاي» دېگەن مىسرالىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئۇدۇن چالغۇچى ھەيكىلىدە ئىپادىلەنگەن بەربابنىڭ ئۈچ تارىسى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا ئۇدۇن چالغۇلىرى ئىچىدە بەرباب (پىپا) ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن ۋە مەشھۇر بولغان.

### 5. غوڭقا (箜篌)

كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ. ئۇنىڭ ئۆرەغۇن (竖箜篌) ۋە يانتۇغۇن (卧箜篌) دەپ ئاتىلىدىغان شەكىللىرى بار. «غوڭقا» ئاتالغۇسى غوڭۇلدىغان ئاۋازدىن ئېلىنغان. مىلادى 7 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دا «غوڭقاۋ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

غوڭقا شەرقىي خەن دەۋرىدە كۇچادىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن.

1996 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىكى خادىملار سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە چالغۇ تاپتى. بۇ چالغۇنىڭ دەستە قىسمى سۇنغان، پەقەت ئاۋاز ساندۇقى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. قالدۇق چالغۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 48 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئاۋاز ساندۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەككىز سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئاۋاز ساندۇقى ئۈستىگە ئەسلىدە تېرە چاپلانغان بولۇپ، ھازىر پەقەت تېرە چاپلانغان گىرۋەك ئىزىنى، چاپلاشتا ئىشلىتىلگەن يېلىم ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چالغۇنىڭ دەستە قىسمى ساقلانمىغاچقا تارا بېكىتىش ئورۇنلىرىنى بىلگىلى بولمىدى. ئەمما، ئاۋاز ساندۇقىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئويمان گىرەلىك ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى تۆشۈك ئېچىلغان. ئۇنىڭ 15 سانتىمېتىر ئۈستىدىكى ئاۋاز ساندۇقى قىسمىدا پەدە باغلاشتا ئىشلىتىلگەن باغلانچى ئىزى ساقلىنىپ قالغان. بۇ چالغۇنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن قا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىغاندا غوڭقا بولۇشى مۇمكىن، بۇ كېيىنكى تەتقىقاتلار داۋامىدا تې-خىمۇ چوڭقۇرلاشقۇسى.
ستەيىن دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدا قىزىش ئېلىپ بېرىپ، غوڭ-قا چېلىنغاتقان سازەندە رەسىمىنى بايقىغان. يوتقان خارابىسىدىن غوڭقا چېلىنغاتقان سازەندە ئوبرازىدىكى لاي قونچاق تېپىلغان. سا-زەندە غوڭقىنى سول يېنىغا قويۇپ ئوڭ قولى بىلەن تارا چېكىنغاتقان ھالەتتە جانلىق ئىپادىلەنگەن. سامپۇلدىن تېپىلغان غوڭقا بىلەن يوتقاندىن تېپىلغان سازەندە قولىدىكى غوڭقىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چالغۇلارنىڭ دەۋرى مىلادى 1 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

## 6. بورىيا (生)

يەللىك چالغۇ، بىر نەچچە تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسىلىپ، تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ.
خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن بىر دانە بورىيا چېلىنغاتقان سەنئەتكار ھەيكىلى تېپىلغان بولۇپ، ، ھەيكەل ساپال لايدىن پىشۇ-رۇلغان، ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتىر، مۇزىكانت ھەيكەلنىڭ بېشى يوق، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن بورىيانى ئېغىزىغا يېقىن تۇتۇپ ئىشتىياق بىلەن مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان كۆرۈنۈشى ئى-پادىلەنگەن.
يوتقان خارابىسىدىن يەنە بىر دانە بورىيا چېلىنغاتقان سازەندە مايمۇن ئوبرازى ئىشلەنگەن كىچىك ساپال ھەيكەل تېپىلغان. ئې-گىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، خېلى مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇنىڭدا كىچىك بىر مايمۇننىڭ قولىدا بورىيانى تۇتۇپ، ئېغىزىغا يېقىن ھا-لەتتە مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن.
بورىيا چېلىنغاتقان ساپال ھەيكەللەر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. دەۋرى مىلادى 3ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

## 7. نەي(笛)

يەللىك چالغۇ، سۆڭەك ياكى قومۇشتىن ياسىلىپ، يانتۇ تۇتۇپ

پۈۋلەپ چېلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 4~3 مىڭ يىل ئىلگىرى قاراقۇرۇم (كوئېنلۇن) تېغىدا (خوتەن رايونىدا) ياشايدىغان ئۇماي ئانا (西王母)ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جوموۋاڭغا سوۋغا قىلغان بۈيۈملار ئىچىدە ئۈچ دانە قاشتېشىدىن ياسالغان نەيمۇ بار ئىكەن.

مىلادى 827- 840 - يىللىرى ياشىغان خوتەنلىك ۋېيسارا چاڭ (尉迟璋) نەي ماھىرى بولۇپ، چاڭئەندىكى سەنئەت ئوقۇتۇش يۇر-تىدا نەي ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئەمەلدار بولغان.

1906 - يىلى ئەنگلىيەلىك ستەيىن خوتەن ناھىيە يوتقان خارا-بىسىدىن مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان چالغۇچىلار ئوبرازى كىرىشتۈرۈلگەن ساپال پارچىسى تاپقان. ئۇ ساپال پارچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىككى يەلپۈگۈچ شەكىللىك تەكچە ئىچىدە ئوخشىمىغان ئەسۋاب تۇتقان مۇزىكانتلار (نەي ۋە جاللا تۇتقان) ئوبرازى ئىشلەنگەن. نەي چېلىۋاتقان مۇزىكانتنىڭ نەينى يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ، بىر قولى بىلەن ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى بېسىپ، ئىشتىياق بىلەن مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن.

## 8. جاللا (铜钹)

خەلق ئارىسىدا «جاڭ-جاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. جاللا قەدىمدىن تارتىپ مىس ياكى تۇچتىن، ئوتتۇرىسى يېرىم شار شەكلىدە كۆپتۈرۈلۈپ، چۆرىسى دۈگىلەك تەخسىسىمان ھالدا ياسالغان. ئۇ ئىككى جاللا بىر جۈپ ھالدا ئىككى قول بىلەن، تومپىيىپ چىقىرىلغان قىسمىنىڭ ئۈچىغا بېكىتىلگەن لاتا ياكى شوينا تۇتقۇچىدىن تۇتۇلۇپ، سىلىق يۈزى تەرىپىنى بىر بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ چېلىنىدۇ.

«جاللا» دەسلەپتە غەربىي دىياردا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (386— 420) ئىچكىرىگە تارقالغان.

ستەيىن خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن تاپقان مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان چالغۇچىلار ئوبراز كىرىشتۈرۈلگەن ساپال پارچىسىدا جاللا ئورۇنداۋاتقان (چېلىۋاتقان) مۇزىكانت ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ئىككى قولىدا بىر دانىدىن جاللانى تۇتقان، ئوڭ قولىدىكى جاللانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ سول قولىدىكى جاللانى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ سول قولىدىكى جاللاغا ئۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈش ناھايىتى سىپتا، قايىل قىلارلىق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن.

جاللا ۋە نەي چېلىۋاتقان مۇزىكانتلار ئوبرازى كىرىشتۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرى ھازىر ئەنگلىيە لوندون مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ ساپال بۇيۇمنىڭ دەۋرى مىلادى 2 — 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

### 9. بالىمان (筚篥)

تۈز تۈتۈپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابى، قومۇشتىن ياسىلىدۇ. 7 — 8 تۆشۈكلۈك بولۇپ، خوتەن رايونىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

بالىمان خوتەندىكى ئەڭ قەدىمىي، كەڭ ئومۇملاشقان چالغۇنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا خوتەندىن مەشھۇر بالىمان ماھىرلىرى چىققان. خوتەن خان جەمەتى پۇشتىدىن بولغان ۋايساراچىن (尉迟青) دىزۇڭ خان (780 — 805) تەرىپىدىن سانغۇنلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئاق يىغىن قوڭغۇرىقى» قاتارلىق بالىمان مۇزىكىلىرى ئوردا مۇزىكىسىغا تاللانغان ھەمدە ئۇ چاڭئەنلىكلەر چوقۇنىدىغان بالىمان ماھىرى بولۇپ قالغان، كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيىلىگەن.

خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن بالىمان چېلىۋاتقان مۇزىكانتلار ئوبرازى ئىشلەنگەن كىچىك ساپال ھەيكەللەر تېپىلدى. ھازىر ئەنگلىيە لوندون مۇزېيى، خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بالىمان خوتەن رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، پادىچىلار، خەلق سەنئەتكارلىرى بالىمان مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ كەلمەكتە. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئەھتام مازىرى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «پىرە ئويۇنى» بەشتىن ئوشۇق بالىمان بىلەن ئورۇندىلىپ كەلمەكتە.

### 10. تەبىلۋاز (腰鼓)

سوقما چالغۇ، بەزىلىرىنىڭ بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كى-

چىك ياسىلىپ، چوڭ تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىككىلا تەرىپى چوڭ، ئوتتۇرىسى ئىنچىكىرەك ياسىلىپ، ئىككى تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ ھەمدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۈستىگە يانتۇ قويۇپ، ئىككى تەرىپىدىن قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ.

بۇ چالغۇنىڭ غەربىي دىيار چالغۇسى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار خېلى كۆپ.

خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن تەبلىۋاز چېلىۋاتقان مۇزدكانت ھەيكىلى تېپىلدى. مۇزىكانتنىڭ بېشى يوق، ئوڭ قولى يوق، ئېگىزلىكى ئىككى سانتىمېتىر، قالغان قىسمى مۇكەممەل ساقلانغان، مۇزىكانت يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇچىقىغا تەبلىۋاز قويۇپ ئوڭ - سول قولى بىلەن ئۇرۇپ چېلىپ مۇزىكا ئورۇنداۋاتقان كۆرۈنۈش ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ھەيكەل ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھەيكەللەردىن ستەيىن بىر نەچچىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. دەۋرى مىلادى 2 — 3 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

## 11. بەشتار (五弦)

بەش تارلىق چەكمە چالغۇ، بېشى كىچىك دۈگىلەك، دەستىسى قىسقا، يانتۇ تۇتۇپ ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن تارا چېكىپ چېلىنىدۇ. بۇ چالغۇ ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، پەقەت غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇسى ئىكەنلىكى ھەققىدە تارىخنامىلاردا مەلۇمات ئۇچرايدۇ. مۇزىكانت، چالغۇچى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل چالغۇنى راۋاب بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا.

خوتەن يېزىلىرىدا بۇ خىل چالغۇغا ئوخشاپراق كېتىدىغان قويچى راۋابى (يەرلىك خەلق بەزىدە »ئاللىچى راۋابى» دەپ ئاتايدۇ). ساقلانماقتا. بۇ خىل راۋابنىڭ بېشى كىچىك، تېرە تۇتۇلغان، بەش تال تارىسى بار، مۇڭگۇزلۇك يوق، دەستىسى قىسقا، پەدە باغلانمايدۇ، چالغۇچى ئۆزىنىڭ سېزىمىغا تايىنىپ پەدە بېسىپ مۇزىكا ئورۇندايدۇ.

خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىن پادىچى راۋابى چېلىۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى كىچىك ساپال ھەيكەللەر تېپىلدى. قىزىل مىڭ ئۆي-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نىڭ 14 ـ، 38 ـ، 98 ـ غارلىرىدا بۇ خىل راۋابقا ئوخشاش چالغۇ تۇتقان مۈزىكانتلار رەسىمى سىزىلغان. يەنە ھونلارغا تەۋە قولون تاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ بۇ خىل راۋابقا ئوخشاش مۈزىكا چالغۇلىرى رەسىملىرى سىزىلغان. قويچى راۋابىنىڭ خەلق ئىچىدە «ئالىلچى راۋابى» دەپ ئاتىلىشىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشاش راۋاب رەسىمىنىڭ ئالچى تاغ قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇچرىشىدىن قارىغاندا بۇ قويچى راۋابى چارۋىچى ھونلارنىڭ چالغۇسى بولۇشى مۇمكىن.

## 12.ئۆرۈكچە پۇشتەك (杏核哨)

نىيا خارابىسىدا تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بىر نەچچە دانە ئۆرۈك ئۇكچىسىدىن ياسالغان پۇشتەك تېپىلغان. پۇشتەكنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك، ئۈستى تەرىپىدە پۈۋلەش ئېغىزى بار، ئىككى يېنىدا ئويما سىزىقچە بار. بۇ پۇشتەكتە ھازىرغا قەدەر بىكىتىلمىگەن يۇقىرى ئاۋازنى پۈۋلەپ چىقارغىلى بولىدۇ. دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

خوتەن ناھىيە يوتقان خارابىسىدىنمۇ بىر دانە ساپال مايمۇن ھەيكىلى تېپىلغان. ئۇ مايمۇن ئېغىزىغا ئۆرۈكچە پۇشتەكنى ئۇدۇللاپ، ئوڭ قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن. بۇ پۇشتەكچى ساپال مايمۇن خوتەن مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. دەۋرى مىلادى 2 ـــ 3 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

ئۆرۈكچە پۇشتەك خوتەندە قەدىمدىن بېرى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىر خوتەندىكى كىچىك بالىلار ئۇكچىلەرنى تاشقا سۈركەپ ئۆپۈرىتىپ، تۆشۈك ئېچىپ، مېغىزىنى چىقىرىۋېتىپ پۇشتەك ياساپ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئوينايدۇ.

جۇڭگو تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ تەزكىرە تارىخنامىلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىلا «ئۇدۇن نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئورۇندالغان، ئۇنى ئورۇنداشتا ئىشلىتىلگەن چالغۇ ئەسۋابلار بىزگە ئايدىڭ ئەمەس، ئەمـ

ما يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئارىسىدىكى چالغۇ ـ ئەسۋابلار ۋە چالغۇ ئەسۋاب تەسۋىرىدىن قارىغاندا ئۇدۇندا 40 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋاب ئىشلىتىلگەن. يۇقىرىدىكى چالغۇ ئەسۋابلاردىن باشقا يوتقان خارابىسى، قۇمرابات خارابىسى، دەندانئۆيلۈك تام رەسىملىرى قاتارلىقلار ئارىسىدا ئۇچرايدىغان چالغۇلاردىن يالغۇزەك (萧)، سىبىزغۇ (横笛)، باربىت، ئۇچتار (三弦)، دومباق، داپ، يان دومباق قاتارلىق چالغۇلار بار. خوتەنلىك ۋايىساراكانىنىڭ غوڭقا، نەي، قالۇن، چاڭ قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ خىل چالغۇلارمۇ خوتەندە كەڭ تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان خوتەنلىك مۇزىكىشۇناس، تارىخشۇناس، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە: «يەكەن ۋە خوتەن خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى خەرىزە تۈرك دېگەن كىشىنىڭ تەمبۇر، بەربەت (باربىت) ۋە ئود قاتارلىق چالغۇلارنى ياساپ چېلىشنى كەشىپ قىلىپ ئالەم خەلقىگە ئۆگەتكەنلىكى» ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا قاراقاش ناھىيەسىدىن تېپىلغان يوغان بىر قوڭغۇراق (钟) كۆرگەزمىگە قويۇلغان. قوڭغۇراق چۆيۈندىن ياسالغان. ئۈستىدە ئاسىدىغان يېرى بار. قوڭغۇراق ئۈستىدە ئىپتىدائىي شەكىلدىكى بەلگە، نەقىشلەر قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان، قوڭغۇراق سوقما چالغۇغا تەۋە بولۇپ، كىچىك بولقا بىلەن ئۇرۇپ چېلىناتتى.

(ۋارىس تېكىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئالتىنچى باب

# زىننەت بۇيۇملىرى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى

## §1. زەرگەرلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى①

### 1. زەرگەرلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرتىپلىرى

زەرگەرلىك ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن، شۇندقلا مۇئەييەن ئالتۇن زاپىسىغا ئىگە خوتەن رايوندىمۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان نازۇك ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنىڭ بىرى. زەرگەرچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بەزى باسقۇچلىرى قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا خىمىيەلىك، فىزىكىلىق بىلىملەر مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ساپ بولمىغان ئالتۇنلارنى تاۋلاپ، مۇۋاپىق مىتال خورۇچ قوشۇپ ئېرىتىپ، ئەستەر سوقۇش (ئالتۇننى نېپىز ياپراقچە شەكىلگە كەلتۈرۈش)، سىم تارتىش، كۆپتۈرۈش ـ مانىكاللاش، سوقۇپ نېپىزلەنگەن ئالتۇننى قېلىپ بويىچە كۆپتۈرمە شەكىلدە گۈل چىقىرىش)، قېلىپقا قېقىپ ھەرخىل گۈللەر ـ

① بۇ تېما «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ زەرگەرلىك» (تۈزگۈچى: ئەركىن كېرىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى) ئاساسىدا تەييارلاندى.

نى چىقىرىش، توم-ئىنچىكىلىكى ئوخشاش بولمىغان سىملاردىن ھەر خىل ھالقىلارنى ياساش، ھەر خىل گۈللەرنى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ گەۋدىسىگە تۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەپشەرلەش، دانىكا داشقاللىرىنى تازىلاش، پەردازلاش زەرگەرچىلىكتىكى ئاساسىي ئىش ھالقىلىرىدۇر.

زەرگەر زىننەت بۇيۇمىغا ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇننى ئالدى بىلەن ئېرىتىپ شۇ خىل زىننەت بۇيۇمىغا ماسلىشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

خېرىدارنىڭ ئېھتىياجى ۋە شۇ خىل زىننەت بۇيۇمىنىڭ چىدامچانلىقى چىقىش قىلىنغان ھالدا نەگە (مېتال خۇرۇچ) قوشۇپ ئېرىتىدۇ. ئالتۇنغا نەگە قوشۇشتىكى مەقسەت، بىرىنچىدىن، ئالتۇن بۇيۇمنىڭ پىرسەنتىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق زىبۇزىننەت بۇيۇمىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش؛ يەنە بىرى قاتتىقلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاسان ئۇپراپ كېتىش ۋە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئېگىلىپ قاتلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

نەگە قوشۇشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ شۇكى، قوشۇلىدىغان نەگە كۇمۇش ياكى مىستىن تەركىب تاپقان بولۇشى لازىم. كۇمۇشنىڭ رولى —— ئالتۇننىڭ يۇمشاقلىقى ۋە چۈرۈكلۈكىنى كېمەيتىپ، يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. مىسنىڭ رولى —— كۇمۇشنىڭ قوشۇلىشىدىن رەڭگى سۇسلىشىپ كەتكەن ئالتۇننىڭ رەڭگىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت. ئەگەر قوشۇلىدىغان كۇمۇش كۆپ بولۇپ كەتسە، تەييارلانغان ئالتۇن بويۇمىنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق بولۇپ قالىدۇ. مىس كۆپ بولۇپ كەتسە، رەڭگى ياخشىلانسىمۇ ئالتۇن چۈرۈكلىشىپ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

كەپشەر دورىسى ۋە پەرداز دورىسىنى تەڭشەش زەرگەرلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ.

**1) ئالتۇن، كۇمۇش زىبۇزىننەتلىرىنى ياساش ئەسۋابلىرى**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



(1) ئوچاق: زەرگەرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە ئوچاق، ئالتۇننى ئېرىتىش ۋە كەپشەرلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان زەرگەرلەر ئوچاققا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. ئىلگىرى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن ئوچاقلار ئاساسەن ئوتقا چىداملىق ساپال توپىسىدىن ياسىلىپ، ئۆي ئىچىدە مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىقلاشتۇرۇلغان. جىدغان، ئارچا، جىگدە قاتارلىقلاردىن چالا كۆيدۈرۈپ تەييارلانغان ئىسسىز كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىپ، ئوتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كورەك (ياغاچ ساندۇقلۇق شامالدۇرغۇچ) سەپلىگەن.

(2) بوتا (چاناق): يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا نىسبەتەن چىداملىقلىقى كۈچلۈك ئالتۇن ئېرىتىش قاچىسى.

(3) مانكال: تۆچ ياكى پولاتتىن ياسالغان كۆپ شەكىللىك قېلىپ بولۇپ، ئالتە تەرىپىنىڭ ھەممە يۈزىدە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى چوڭ-كىچىك ئويمانچاقلار ۋە تۆشۈكچىلەر بار. ئۇنىڭ يەنە، ئۈچى يۇمىلاقلاشتۇرۇلغان، تۆشۈكلەرگە دەل كېلىدىغان قەلەملىرىمۇ بار. مانكال ئاساسەن گۈل ھالقىلارنىڭ كۆپتۈرمىسى ۋە قوڭغۇراق (شارچە) ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(4) كىلە: سەل قېلىنراق پولات تاختىدىن ياسالغان، يۈزىگە چوڭ-كىچىك يۇمىلاق تۆشۈكچىلەر ئويۇلغان، مەخسۇس ئالتۇن سىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. كىلە زەرگەرلىكتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئالتۇندىن توم ھەمدە چاچنىڭ نىخىدەك ئىنچىكە سىم تارتقىلى، يەنى توم-ئىنچىكىلىكىنى زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئېغىرلىقىغا ماسلاشتۇرۇپ تارتقىلى بولىدۇ.

(5) كىتىلەك: پولاتتىن ياسالغان پاراللېلېپىپېد شەكىللىك سايمان بولۇپ، مەشغۇلاتتا، سەل يېسسىلىنىپ تەييار قىلىنغان ئالتۇننى كىتىلەك ئۈستىدىكى مۇۋاپىق ئېرىقچىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،

بولقا بىلەن بوش ئۇرسا، ئالتۇن ئىرىقچىغا پىتىپ، بىر تەرىپى سەل قاپىرىپ چىقىدۇ. بۇ ئاساسلىقى، سىدام بىلەزۈك، ئۈزۈكلەرنى ياساشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، تار يۈزىگە قويۇپ قاپارتىلسا، قاپارتىلغان يۈزىگە قىلىپتىكى گۈل نۇسخىسى ئويۇلۇپ، گۈللۈك بىلەزۈك ياكى ئۈزۈكنىڭ ئاساسىي ھالىتى تەييار بولىدۇ.

**(6) جۈپتەك (قىسقۇچ):** زەرگەرلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغانلىرىمۇ، پولات-تۆمۈردىن ياسالغانلىرىمۇ بار.

مەشغۇلاتتا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قول بىلەن تۇتۇپ ئىشلىگىلى بولمايدىغان نازۇك بۆلەكلىرى جۈپتەكتە قىسىلىپ، مەقسەتتىكى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. كىسلاتالىق ئىرىتمىلەرنى ئىشلىتىپ مەشغۇلات قىلغاندا، ياغاچتىن ياسالغان جۈپتەك ئىشلىتىلىدۇ.

**(7) ئىكەك:** زىننەت بۇيۇمنى بىر ۋاراق قەغەز ئۈستىگە توغرىلاپ ئىكەك سىلىپ زىننەت بۇيۇمنىڭ يىرىك يەرلىرى سىلىقلىنىدۇ.

**(8) رىجە:** ئىككىلىسى ئالتۇننى ئىرىتىپ قاتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۈستىدىكىسى تاختا رىجە، ئاستىدىكىسى سىم رىجە بولۇپ، ئالتۇننى ياسىماقچى بولغان زىننەت بۇيۇمنىڭ ئىنچىكە-تومۇلۇقىغا ئاساسەن تار-كەڭرى ئىرىقچىلارغا قۇيۇلىدۇ.

**(9) قول گىرەسى:** ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ھەم نازۇك ياسىلىدىغان بولغاچقا، قول بىلەن تۇتۇپ مەشغۇلات قىلىشقا باب كېلىشمەيدۇ. بەزىدە قول بىلەن تۇتقان ھالەتتىمۇ كۈچ يېتىشمەي، زىننەت بۇيۇمنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا، قول گىرەسىگە قىستۇرۇپ مەشغۇلات قىلغاندا، زىننەت بۇيۇمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**(10) سەندەل:** تۆمۈردىن قۇيۇپ ياسالغان، ئاساسىي مەشغۇلات

www.uyghurkitap.com



يۈزى تەكشى، پاراللېل تۆت تەرەپلىك ئەسۋاب بولۇپ، ئاساسىي گەۋدىسىگە ئىككى قوزۇق ئورنىتىلىدۇ. بۇ قوزۇقلارنىڭ بىرىدە ئايلانما شەكىل ھاسىل قىلىنسا، بىرىدە يېسسىلاش ياكى ئىنچىكىلىتىش مەشغۇلاتلىرى ئىشلىنىدۇ.

(11)بولقا، ئامبۇر، شىرە سەندىلى، قايچا.

(12) ئەستەر يايغۇچ (چىغىرىق): پولات-تۆمۈردىن ياسالغان چىشلىق چاق، تولۇق قاتارلىقلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان. مەشغۇلاتتا، زىننەت بۇيۇمىغا لايىقلاشتۇرۇلغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش قىزىتىلىپ، يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، تولۇق ئارىسىغا ئېلىنىپ، ئىككى تولۇق ئارىسىدا قىسىپ ئايلاندۇرۇپ نېپىزلىتىلىدۇ. يېيىلغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش زەرگەرلىكتە «ئەستەر» دېيىلىدۇ. ئەستەر يايغۇچتا ئالتۇن ياكى كۈمۈش قىيىلىپ ياكى كۆپتۈرۈلۈپ، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرى ياسالغاندىن سىرت يەنە، تومراق ئالتۇن ياكى كۈمۈش سىمنى تارتقىلىمۇ بولىدۇ.

(13) باغلىق: پولاتتىن قىرىپ ياسالغانلىرىمۇ، ئۈجمە ياغىچىدىن قىرىپ ياسالغانلىرىمۇ بار. ئاساسلىقى ئۈزۈك ئايلانمىسىنى يۇملاقلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قول بارمىقىغا لايىقلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(14)ئالتۇن قىرغۇچ: بۇ ئېلېكتىر توكى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان، توك سەرپىياتى تۆۋەن ئەسۋاب بولۇپ، ئىشلىتىش پىرىنسىپى ئىستانوكقا ئوخشايدۇ.

(15)قەلەم ۋە نۇسخا پىچىقى: قەلەم پولات-تۆمۈردىن ياسالغان، بىر ئۇچى يېسسىلىنىپ ئۆتكۈرلەشتۈرۈلگەن تىغلىق ئاددىي ئەسۋاب بولۇپ، ئامبۇر، قايچا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئالتۇن زىخچىلارنى كېسىپ پارچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. نۇسخا پىچىقىمۇ پولات-تۆمۈردىن ياسالغان. يېسسىلانغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئۈس-

تىگە نۇسخا پىچىقىنى قويۇپ، بولقا بىلەن ئۇرغاندا، پىچاقتىكى نۇسخا يېپىسلانغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ يۈزىگە ھاسىل بولىدۇ.

**(16) قېلىپلار:** ئۈزۈم ياكى گىلاس نۇسخىلىق قوشغوراق ھالقا قېلىپى پولات ياكى تۈچ تاختا ئۈستىگە ئۈزۈم ۋە گىلاس نۇسخىلىرىنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، مەشغۇلاتتا، يېپىسلانغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قېلىپ ئۈستىگە قويۇپ، بولقا بىلەن ئۇرسا، ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ قېلىپقا تېگىشكەن يۈزىدە قېلىپتىكى نۇسخا ھاسىل بولىدۇ.

بىلەزۈك، ئۈزۈك قېلىپلىرى — پاراللېلېپىپېد شەكلىدىكى پولات-تۆمۈرلەرنىڭ بىر يۈزىگە كەڭ-تارلىقى ئوخشاش بولمىغان ئېرىقچە، ئېرىقچىنىڭ يۈزىگە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. مەشغۇلاتتا، تومراق يېپىسلانغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى ئېرىقچە ئۈستىگە قويۇپ بولقا بىلەن ئۇرۇپ تىندۇرغاندىن كېيىن چىقىرىۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئالتۇن ياكى كۈمۈش زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئاساسىي ھالىتى شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئاساسىي ھالىتى شەكىللەنگەن بىلەزۈك ياكى ئۈزۈك چەمبەر ھالىتىگە كەلتۈرىدىغان قېلىپقا يۆگەلسە، بىلەزۈكنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى شەكىللىنىدۇ.

ئالتۇن بۆك قېلىپى كۆپرەك تۆچتىن ياسىلىدۇ. ئانار ۋە ئانار گۈلى نۇسخىلىقلىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

گەج قېلىپ زەرگەرلىك ھۈنەر كەسپىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان، گەج ۋە يېلىمدىن قاتۇرۇپ ياسالغان، بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ.

## 2. بىر قىسىم زەرگەرچىلىك مەھسۇلاتلىرى

### 1) ھالقىلار

ياقۇت. ياقۇتلارنىڭ تۈرى ھەم رەڭلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، زىبۇزىننەتلەرنى كۆركەملەشتۈرۈش، نازۇكلاشتۇرۇش ۋە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زەرگەرلىكتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىي ياقۇتلارنىڭ ئاق، قىزىل، كۆكۈچ رەڭلىكلىرى كۆپرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچرايدۇ. باشقا رەڭلىكلىرى كەم تېپىلىدىغان بولغاچقا، كېيىنكى چاغلاردا تەبىئىي ياقۇتقا يۇقىرى سۈپەتلىك ئەينەك ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىلىپ، رەڭلىرى كۆپەيدى.

مەرۋايىت قەدىمدىن تارتىپلا زىبۇزىننەت بۇيۇمى قىلىپ ئىشلە- تىپ كېلىنگەن. ھازىر ئىچكىرى رايونلاردا مەخسۇس مەرۋايىت قۇ- لۇلىسى باقمىچىلىق كەسپى تەرەققى قىلىپ، مەرۋايىتنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. مەرۋايىت ئەسلىي ھالىتىدە يۇمىلاق ياكى سەل سوزۇنچاقراق كېلىدۇ. بويۇنغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمىغا ئوتتۇرا قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، يىپقا بىر قاتار ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلە- نىدۇ. ھالقا ياكى ئۈزۈكلەرگە سەل چوڭراق، يۇمىلاق ھەم پارقىراق بولغانلىرى كۆز قىلىنىدۇ.

ھالقىلارنىڭ كۆچا زىرىسى، شىلدىرما ھالقا، پاقا ھالقا، كېپە- نەك ئاي سۆكە، ئاي سۆكە، يىگنە سىرغا، گىتار ھالقا، نوغاي ھالقا، ئاسما ئاي خاڭزا، گىلاس ھالقا، مانتا زىرە، كېپىنەك زىرە، بادام ھالقا، پانۇس ھالقا، مەرۋايىت ھالقا، ئالتۇن مۇنچاق قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بار.

2) بىلەزۈكلەر

سىيرىتما بىلەزۈك، چاتما بىلەزۈك، بىلىق بىلەزۈك، يۇلتۇز بى- لەزۈك، كۈمۈش بىلەزۈك، قوڭغۇراق بىلەزۈك، ئەشمە كۈمۈش بىلە- زۈك، زۇننار بىلەزۈك، گىرەلىك قۇيما بىلەزۈك، سىم بىلەزۈك، قوش گىلاسلىق سىدام بىلەزۈك قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بار.

3) زەنجىر ۋە يۈرەك شەكىللىك بۇلاپكا

بۇلاپكىلىق زەنجىر، جىگدە ئۇرۇقى زەنجىر، يۈرەك زەنجىر، زۇن- نار، تىللار زەنجىر، ئەشمە زەنجىر، گەج قېلىپ زەنجىرلىرى، گەج قېلىپ بۇلاپكىلىرى، چاچتەڭگە قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بار.

4) ئۈزۈكلەر

كېپىنەك ئۈزۈك، پەتنۇس نۇسخىلىق ئۈزۈك، مەنچىزە ئۈزۈك،

قوچقوراق كۆزلۈك ئۈزۈك، گۈل ئۈزۈك، سىدام ئۈزۈك، تىللا ئۈزۈك، يەر شارى ئۈزۈك، مەرۋايىت ئۈزۈك، ھەر خىل قۇيما ئۈزۈكلەر... قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بار.

5) سۆكە

بۇ زەرگەرچىلىك مەھسۇلاتى ھالقىلار تۈرىدە نامى ئاتىلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، خوتەن رايونىدا قىدىمدىن بۇيان بىر قەدەر كەڭرەك ئومۇملاشقان زىننەت بۇيۇمى بولغاچقا، ئۇنىڭ ياسىلىشى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ:

سۆكە ياسىلىش جەھەتتىن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى خان سۆكىسى، بۇ پەقەت قول بىلەن پارچە-پارچە ئىشلىنىپ قوراشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىرى يېڭى زامان سۆكىسى بۇ پەقەت ھازىرقى قېلىپ بىلەن قۇيۇلۇپ قوراشتۇرۇلىدۇ.

كېرىيە قاتارلىق شەرقىي ناھىيەلەردە ئومۇملاشقىنى خان سۆكىسى بولۇپ ئۈستى تەرىپى ئىككى قەۋەت، ئاستى تەرىپى ئىككى قاتار ئالتىدىن يەتتىگىچە بېلىق شەكلىدە ياسىلىدۇ. ئىككى تەرىپىگە ئىككى دانە يۇپۇرماق ئېسىلىدۇ. كېرىيە سۆكىسى يوقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

خان سۆكىسىنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، مېھراب شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ. ئاستى تەرىپىگە ساڭگىلاپ تۇرغان بېلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن تەبىئەتتىن ئۆلگە ئالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ھەمدە بېلىق كۆرۈنۈشى پاكلىققا سىمۋۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۆزگىچە گۈزەللىكنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. خان سۆكىسى قولدا ئىشلىنىدىغان بولغاچقا، ياسىلىشى ئىنتايىن نازۇك، بىر زەرگەر ئۇستام بىر ھەپتە ئەتراپىدا تۈجۈپىلەپ ئىشلىگەندە بىر كىشىلىك سۆكە پۈتۈپ چىقىدۇ. خان سۆكىسىنى ئەڭ ياخشى ياسىيالايدىغان شاگىرتلار پىشىپ يېتىلگەن زەرگەر ھېسابلىنىپ، دۇكان ئايرىپ بېرىلىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پايدىلانمىلار

1) مەھمۇد كـاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشـرى-ياتى 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى .
2) خې شىڭلياڭ: « شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى »، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى
3) دىڭ گولىڭ: « جۇڭگو ئۆرپ ـ ئادەتلىرى » مەجمۇئەسى ‹ئۆرپ ـ ئادەتلەر› تومى، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 2005 ـ يىلى12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى .
4) ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
5) «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
6) مۇھەممەتئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
7) ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت تۈزگەن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالە-سى ـــ سىپۇەتچىلىك، بورىچىلىق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
8) مەتتۇرسۇن ھەسەن تۈزگەن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
9) مەتسېلىم مەتقاسىم تۈزگەن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالە-سى ـــ تەلپەكسازلىق، تۇماقچىلىق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
10) پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت تۈزگەن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ موزدۇزلۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
11) ئەركىن كېرىمى تۈزگەن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىسى ـــ زەرگەرلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
12) « خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ، تۈزۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田. 和田维吾尔族民间手工艺：维吾尔文 / 阿布都拉·苏莱曼编著. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.8
ISBN 978-7-5469-1700-9

Ⅰ. ①天… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①和田地区-概况-维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族-民间工艺-概况-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K924.52②J528

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第166154号

---

| | |
|---|---|
| **丛 书 名** | 天下只有一个和田 |
| **书　　名** | 和田维吾尔族民间手工艺 |
| **编　　者** | 阿布都拉·苏莱曼 |
| **责任编辑** | 艾尼瓦·库迪力克 |
| **责任校对** | 努尔阿利亚·阿布都克里木 |
| **特约校对** | 克尤木·吐尔逊 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **出　　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| **邮　　编** | 830000 |
| **发　　行** | 新疆新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐市科恒彩印有限公司 |
| **开　　本** | 880 ×1230mm　1/32 |
| **印　　张** | 18 |
| **版　　次** | 2011年8月第1版 |
| **印　　次** | 2011年8月第1次印刷 |
| **书　　号** | ISBN 978-7-5469-1700-9 |
| **定　　价** | 55.00 元 |

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）